ئەختەم ئۆمەر

# غېرىب-سەنەم



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئەختەم ئۆمەر ئەسەرلىرى

غېرىب ـ سەنەم (1)

غېرىب ـ سەنەم (2)

باياۋاننىڭ سىرى

چۈمبەللىك ساھىبجامال

دىلغۇللۇقتىكى سۆيگۈ

ئاھ، رەھىمسىز دەريا

قۇملۇق تىترەۋاتىدۇ

يېگانە ئارال

ISBN 978-7-228-11824-3

9 787228 118243 >

总定价: (上, 下) 90.00 元

ئەختەم ئۆمەر

# غېرىب-سەنەم

(رومان)

1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

艾里甫与赛乃姆：维吾尔文/ 艾合塔木·吾买尔著．— 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2009.8
ISBN 978—7—228—11824—3

Ⅰ.艾… Ⅱ.艾… Ⅲ. 长篇小说 — 中国 — 当代 — 维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第063780号

**责任编辑** 巴力江·孜帕尔
**责任校对** 热娜古丽·阿不力米提，阿孜古丽·克力木
**封面绘画** 哈孜·艾合买提
**封面设计** 艾克拜尔·沙力
**出版发行** 新疆人民出版社
**地　　址** 乌鲁木齐市解放南路348号
**电　　话** 0991-2827472
**邮　　编** 830001
**经　　销** 新疆维吾尔自治区新华书店
**印　　刷** 新疆新华印刷厂
**开　　本** 880×1230毫米 1/32
**印　　张** 36.625
**版　　次** 2009年8月第1版
**印　　次** 2009年8月第1次印刷
**印　　数** 1 — 5000册
**定　　价** （上、下）90.00 元

www.uyghurkitap.com
كىتاب تورى ئۇيغۇر كىتابلىرىنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇھەررىردىن

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ، 90 ـ يىللىرىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قوشۇنىدا ئىزدىنىش روھىغا باي بىر تۈركۈم ياش يازغۇچىلار يېتىشىپ چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەزمۇن، بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتە ئالاھىدە خاراكتېرلىنىپ تۇرىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى بېيىتتى، ئۇنىڭغا ھۆسن قوشتى. ئەختەم ئۆمەر بۇ سەپتە سالماقلىق ئورۇن تۇتىدىغان تونۇلغان يازغۇچىلارنىڭ بىرىدۇر.

يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر 1962 ـ يىلى دولان دىيارى — مەكىتتە تۇغۇلغان. 1981 — 1983 ـ يىللىرى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ مەكىت شۆبىسىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئىلگىرى ـ ئاخىر مەكىت، قەشقەرلەردە ئوقۇتقۇچى، ئىتتىپاق كومىتېتى كادىرى، دىكتور بولۇپ ئىشلىگەن. 1990 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، تەڭرىتاغ كىنو ئىستۇدىيىسىدە سىنارىست بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر شىنجاڭ ئوپېرا ـ تىياتىرىدا سىنارىستلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1980 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە باشلانغان بولۇپ، «توغاچ»، «كىنوخانا ئىشىكىدە» قاتارلىق ھېكايىلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزلۇكسىز پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «قېرى قىز»، «سېغىنىش كۈيى»، «ئاق جۇۋان»، «ئاھ، رەھىمسىز دەريا»، «ئاھ، مېنىڭ كىندىك قېنىم»، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ھېكايە ـ پوۋېستلارنى ئوقۇرمەنلەر ھوزۇرىغا سۇنغان. 1990 ـ يىللاردا

www.uyghurkitap.com

رومان ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ «يېگانە ئارال»، «باياۋاننىڭ سىرى» قاتارلىق رومانلارنى ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ھېكايە ـ پوۋېست، رومانلىرى نەشرىياتىمىزنىڭ بۇگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مۇنەۋۋەر يازغۇچىلارنىڭ تىپىك ئەسەرلىرىنى سىستېمىلىق نەشر قىلىش پىلانى ئاساسىدا 2008 ـ ۋە 2009 ـ يىلى نەشر قىلىندى.

ئەختەم ئۆمەر رېئالىستىك ئەدەبىي ئۇسلۇبنى ئاساس قىلغان يازغۇچى. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئۆزى كۆرگەن، ئاڭلىغان رېئال نەرسىلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئادەتلەنگەن. شۇڭا، ئەسەرلىرىدە دادىل، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈپ باشقىلار يارىتىپ باقمىغان يېڭى ئوبراز، يېڭى پېرسوناژ ۋە يېڭى ئۇسلۇبلار ئارقىلىق باشقىلار تېخى دېمىگەن ئەھمىيەتلىك، يېڭى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئەسەرلىرىدە ئاساسلىق تەكلىماكان ۋادىسىدىكى دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى، مەنىۋى دۇنياسىنى، ئاق كۆڭۈل، باتۇر، چىدامچانلىقتىن ئىبارەت پىسخىك ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت، تىل جەھەتتىكى خاسلىقلىرىنى روشەن نامايەن قىلىپ بەرگەن. بىر قىسىم ئەسەرلىرىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرى ــ ئائىلە، نىكاھ، مۇھەببەت، كىشىلىك مۇناسىۋەت، خىزمەت ـ كەسىپ دېگەندەك تۈرلۈك تېمىلار جانلىق، تەسىرلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«غېرىب ـ سەنەم» ئەختەم ئۆمەر ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ يىرىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئاپتور مەزكۇر ئەسەردە ئۇيغۇر كلاسسىك داستانى «غېرىب ـ سەنەم»نى ئاساسىي سۇژىت قىلغان ھالدا مول بەدىئىي تەپەككۇر، جىددىي، قىزىقارلىق ۋەقە ـ تەپسىلاتلار ئارقىلىق غېرىب ـ سەنەمدىن ئىبارەت بىر جۈپ ياشنىڭ ئەگرى ـ توقاي مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىنى سۈرەتلەپ بەرگەن.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، شاۋاز باشچىلىقىدىكى نەپسانىيەتچى، قارا نىيەت، ھىيلە ـ مىكىرچىلەرنىڭ قاراخانىيلار ئېلىنى ھالاكەت يولىغا باشلاشتەك رەزىل ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ بەرگەن. پۈتكۈل ئەسەرنىڭ جەريانىدىن چىنلىق بىلەن ساختىلىق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن سەتلىك ۋە ئالىيجانابلىق بىلەن رەزىللىكنىڭ ئۆتكۈر كۆرۈشى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى چوڭقۇر، بەلگىلىك تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە..

شۇنى ئالاھىدە ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە تېگىشلىككى، مەزكۇر ئەسەرنىڭ «غېرىب ـ سەنەم» دېگەن تېمىسىغا مۇۋاپىق ھالدا كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا جامائەت ئەربابى، ئاتاقلىق رەسسام غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ تىپىك ئەسەرلىرىنىڭ بىرى بولغان «غېرىب ـ سەنەم» ناملىق ئەسىرى ئىشلىتىلدى. بۇ رەسىم رەسسام غازى ئەھمەد تەرىپىدىن 1962 ـ يىلى سىزىلغان بولۇپ، ئەينى چاغدىكى «سولچىل» خاتا لۇشيەننىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئۈرۈمچىدە ئاشكارا ھالدا كۆيدۈرۈلۈپ، مەنئى قىلىنغان. ئېلىمىزدە ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ باھارى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، غازى ئەھمەد ئەپەندى مەزكۇر رەسىمنى ئۆزى ساقلاپ قالغان فوتو نۇسخىسى ئاساسىدا قايتا سىزىپ چىققان ھەمدە 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا جامائەتچىلىك بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشتۈرگەن. كېيىن بۇ رەسىم خەلقئارادىكى پارىژ، توكيو، موسكۋا قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە كۆرگەزمىلەرگە قويۇلغان... بۇ رەسىمنىڭ «غېرىب ـ سەنەم» رومانىغا ئىشلىتىلىشى رومانىنىڭ جەلبكارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغۇسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكلىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغقى تادرىسى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ........................................ 1
ئىككىنچى باب ........................................ 35
ئۈچىنچى باب ........................................ 63
تۆتىنچى باب ........................................ 91
بەشىنچى باب ........................................ 123
ئالتىنچى باب ........................................ 162
يەتتىنچى باب ........................................ 199
سەككىزىنچى باب ........................................ 233
توققۇزىنچى باب ........................................ 273
ئونىنچى باب ........................................ 309
ئون بىرىنچى باب ........................................ 343
ئون ئىككىنچى باب ........................................ 376
ئون ئۈچىنچى باب ........................................ 410
ئون تۆتىنچى باب ........................................ 444
ئون بەشىنچى باب ........................................ 478
ئون ئالتىنچى باب ........................................ 512
ئون يەتتىنچى باب ........................................ 539
ئون سەككىزىنچى باب ........................................ 567
ئون توققۇزىنچى باب ........................................ 597
يىگىرمىنچى باب ........................................ 629
يىگىرمە بىرىنچى باب ........................................ 661
يىگىرمە ئىككىنچى باب ........................................ 693
يىگىرمە ئۈچىنچى باب ........................................ 724

يىگىرمە تۆتىنچى باب ........................................758
يىگىرمە بەشىنچى باب ........................................792
يىگىرمە ئالتىنچى باب ........................................827
يىگىرمە يەتتىنچى باب ........................................862
يىگىرمە سەككىزىنچى باب ........................................895
يىگىرمە توققۇزىنچى باب ........................................929
ئوتتۇزىنچى باب ........................................961
ئوتتۇز بىرىنچى باب ........................................993
ئوتتۇز ئىككىنچى باب ........................................1028
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب ........................................1064
ئوتتۇز تۆتىنچى باب ........................................1098
ئوتتۇز بەشىنچى باب........................................1128

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

# بىرىنچى باب

تومۇز يېقىنلاپ كەلگەن ھامان ئىسسىقكۆل ئەتراپىدا پەيدا بولىدىغان چىدىغۇسىز ئىسسىق ئادەمنى قاسقاندا ھوردىغاندەك چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمدۈرۈۋېتىدۇ. كۆل ئەتراپىدىكى ئاتنىڭ قارنىغا كەلگۈدەك ئۆسكەن خىلمۇخىل ئوت ـ چۆپلەر، كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگۈدەك چىرايلىق چېچەكلىگەن بولۇپ، ھەسەل ھەرىلىرى، رەڭدار كېپىنەكلەر نازۇك چېچەكلەرنى سۆيۈپ، پۇراپ، سەيلە قىلماقتا ئىدى. چۆپلەر ئارىسىغا چۆككەن، باشلىرى ئاندا ـ ساندا كۆرۈنۈپ قالىدىغان قويلار سېمىزلىكتىن ئۆزلىرىنى تارتالماي، شوخ سەكرەپ قېچىپ يۈرۈۋاتقان قوزىلىرىنى چاقىرىپ سوزۇپ مەرىشەتتى. ساغلىقلارنىڭ يېلىنلىرى ئېسىلىپ، سۈت تامچىپ كەتكەندى. قوزىلار بولسا ئانىنىڭ ئەنسىز مەرەشلىرىگە پىسەنت قىلماستىن گۈللەر ئارىسىدا ئېگىز ـ پەس ئۇچۇشۇپ يۈرگەن رەڭدار كېپىنەكلەر، بال ھەرىلىرىنى قوغلاپ ئېگىز ـ پەس سەكرىشىپ شوخلۇق قىلىشاتتى. بۇ ۋاقىتتا پادىچىلار ئىنەكلەرنى، بايتاللارنى، تۆگىلەرنى سېغىپ سۈتلەرنى يىغىشتۇرۇپ بولالماي قالاتتى، بەزىدە قوي ـ ئۆچكىلەرنى سېغىشقا ۋاقتى يەتمەيتتى. پۈتۈن ئىسسىقكۆل بويلىرى، بۈركۈت تېغى يايلىقى، تالاس ۋادىسى، پەرغانە ۋادىسىدىكى يايلاقلار گۈلگە تولغانىدى. يايلاقلاردىن سۈتلەر، سېرىقمايلار، ھەسەللەر قاراخانىيلارنىڭ يازلىق پايتەختى بولغان بالاساغۇن شەھىرىگە توشۇلاتتى. ئەڭ ئېسىللىرى خان جەمەتىگە، ۋەزىرلەرگە، سەردار ـ سەركەردە، سەرۋازلارغا يەتكۈزۈلەتتى، ئۇلاردىن ئاشقىنىلا بازار ـ رەستىلەرگە چىقاتتى. بۇنداق چاغدا پايتەخت بالاساغۇن

شەھىرىنىڭ قىبتىق ـ قايماق بازىرىنىلا ئەمەس، پۈتۈن شەھەرنى سۈت ـ قىبتىق، قىمىز، ئايرانىنىڭ پۇرىقى قاپلايتتى. شۇنداق بىر مەمۇرچىلىق پەيتىدە بالاساغۇن ئەتراپىدا ئەل ئارىسىدا ئىچ سۈرۈش كېسىلى ئەۋج ئالدى. بۇنىڭدىن ئۇردا ئەھلى چۆچۈدى. بىر قىسىم «ئۆلىما ـ ئالىم»لار كېسەلنىڭ سەۋەبى مۇھىتنىڭ بۇلغانغانلىقىدىندۇر؛ بۇنىڭ تەدبىرى مەھەللە، ھويلا ـ ئاراملارغا دەرەخ ئەھيا قىلماقلىقتۇر، دەپ پەتىۋا چىقاردى. شۇڭا قاراخانىيلارنىڭ سەپرا، مىجەزى چۇس خاقانى شاھى ئاباس ئۆيى ئەتراپىغا سۆگەت، جىگدە، تېرەك تىكمىگەن، ھويلىسىغا رەيھان، سەبدەر گۈل، نامازشامگۈل ئۆستۈرمىگەن پۇقرانى تۇتۇپ ۋاسىچ قەلئەسىگە بىر يىللىق خەندەك كولاش، سېپىل سوقۇش ھاشىرىغا ياكى قىشلىق ئوردا قەشقەرگە سېپىل سوقۇش ھاشىرىغا پالاشنى ياساق قىلغانىدى. ھەممە ئادەم خاننىڭ ھاشىرىغا تۇتۇلۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەپ، باغۇارانلىرى، مەھەللىسىگە سۆگەت، جىگدە، تېرەك سېلىشتىن، رەيھانگۈل تېرىشتىن قالمايتتى. شۇڭا، ئەتراپى سۈت ـ قېتىقلىق يايلاق بىلەن ئورالغان بالاساغۇن شەھىرى رەيھان پۇرايتتى. بالاساغۇن شەھىرىنى يات ئەللىكلەر رەيھان پۇرايدىغان شەھەر دەپمۇ ئاتايتتى. بوۋاي ـ مومايلارمۇ بۇ شەھەرنىڭ شەنىگە ئاتاپ قوشاق ـ بېيىتلار قاتاتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، شاھى ئاباسنىڭ تومۇز ئىسسىقى قىستاپ كەلگەندە شىكار خۇمارى تۇتتى. ئەلمىساقتىن تارتىپ خانىشنىڭ كۆزى يورۇشقا قىرىق كۈن قالغاندا خاقانلارنىڭ شىكارغا چىقىش نامى بىلەن ئىستىراھەت قىلىش ئۈچۈن تاغ ئارىسىغا كېتىش ئادىتى بار ئىدى. شاھى ئاباس دانا ۋەزىرى ھەسەن بۇيرۇق بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، پايتەخت بالاساغۇن شەھىرىدىن ئاتلىنىپ، قويۇق قارىغاي، ئارچا، قېيىن بىلەن قاپلانغان، ئاق قار، كۆك مۇزلۇق بوركۇت داۋىنىدىن ئارتىلىپ ئۆتۈپ، نارىن دەرياسى بويىدا شىكار قىلىپ ئۇچرىشىدىغانغا كېلىشتى. شاھى ئاباس

باقاۋۇل قوشۇنىدىن تارتىپ تاكى ئوۋ ئىتلىرى، بۈركۈت ـ قارچىغا، ئامراق مۈشۈكلىرىگىچە ئېلىپ ئۆدۈل بۈركۈت تېغىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا بوشىنىشقا قىرىق كۈن قالغان خانىش مېھرىبانۇ بىلەن دۇئا قىلىشىپ خوشلاشتى. ھەسەن ۋەزىر بۆيرۈق تېكىن ئوخشاشلا ھامىلىدار ئاغىچىسى نىگار ئايىم بىلەن دۇئا بېرىپ خوشلاشتى ـ دە، سەردار ـ سەركەردە، بەگ، نۆكەرلىرى بىلەن بىللە بۈركۈت، قارچىغا، شۇڭقار، ئوۋ ئىتلىرىنى ئېلىپ، ئۆدۈل نارىن دەرياسى بويىغا قاراپ يولغا چىقتى.

خان ۋە ھەسەن بۆيرۈق تېكىنگە ۋاكالىتەن ئوردىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىغا ئىشىك ئاغىسى شاۋاز ۋاقىتلىق نائىپ (خانغا ۋاكالىتەن ۋاقىتلىق ئىش بېجىرگۈچى) لىققا تەيىنلىنىپ قېلىپ قالدى. شاھنىڭ شىكارغا ئاچىققان ئادىمى ئەڭ يېقىن ئادىمى ئىدى. شاھنىڭ ھەسەن ۋەزىرنى ئەتىۋارلىشى ئىشىك ئاغىسى شاۋازغا ھار كەلدى. ئۇ بۇ ئىشلارغا قاراپ، قارا كۆڭلىنىڭ سايىسىغا مۈپتىلا بوپتىمەن، دەپ ئويلىدى. بۇنى پۈتۈنلەي ئوڭ قول ۋەزىر ھەسەن بۆيرۈقتىن بولغان، دەپ تونۇغان شاۋاز دەسلەپتە ئاچچىق، ئەتىسى ئوغا يۇتۇپ، ئۆگۈنى ئىچىگە پاتۇرالمىغان بۇ زەھەر تۈپەيلى ھەسەن ۋەزىرنى كۆزدىن يوقىتىش رەزىل نىيىتىگە كەلدى.

ئەمدى گەپنى شاھى ئابباسقا يۆتكەيلى. شاھى ئابباس يارەنلىرى بىلەن بۈركۈت داۋىنىدىن ئۆتۈپ، دەريا بويىغا چۈشتى. بۈك ـ باراقسان ئورمان بىلەن قاپلانغان، سۈيى سۈزۈك، ئەلۋەك نارىن دەرياسى بويىغا شاھانە چېدىر تىكىلگەنىدى. شاھ چېدىرىنىڭ ئەتراپىغا بىرقانچە ئۇششاق چېدىرلار تىكىلگەن بولۇپ، چېدىرلار ئەتراپىدا قىلىچ ـ نەيزە، ئوقيا، پالتا بىلەن قوراللانغان سەپراس قاراۋۇللار قېتىپ تۇرۇشاتتى. ئوردا مۇلازىملىرى ئالدىراش مال سويۇپ، داش قازانلاردا گۆش قايىنىتىۋاتاتتى، ئاشپەز ـ ھۆپىگەرلەر كاۋاپ

پىشۇرماقتا. مانتىپەزلەر مانتا، سامسا، پولۇ پىشۇرماقتا. كېنىزەكلەر شاھانە چېدىردىكى شاھانە داستىخانغا ھەر خىل ھۆل - قۇرۇق مېۋە، يېمەك - ئىچمەكلەرنى تىزىش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

تۇران ئىسمىلىك بىر ئاتلىق چاپارمەن تاغدىن ئېقىپ چۈشكەن شارقىراتما ئالدىدىن جىلغا سۈيىنى كېچىپ ئۆتتى - دە، ئاتنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ چېدىرغا قاراپ كېلىۋاتقاچ توۋلىدى:

— شاھ ئالىيلىرى شىكاردىن ياندى ! شاھىنشاھ شىكاردىن ياندى !

تاغنىڭ ئېگىز چوققىسىدا ئاتلىق بۇرغىچى بۇرغا چالدى. چېدىر ئەتراپىدىكى مۇلازىم، چاكار، دېدەكلەر تېخىمۇ پايپېتەك بولۇشۇپ، ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈشتى. چاكارلار شاھ چېدىرىنىڭ ئالدىغا ئالدىراش پاياندار سالدى. سازەندە - مۇقامچىلار سازلىرىنى تەڭكەش قىلىپ ناخشا توۋلاشقا باشلىدى. ئۇسسۇلچى قىزلار پاياندار ئەتراپىدا ئۇسسۇلغا چۈشتى. ھەيۋەتلىك ئاتلىق شىكارچىلار سېپىنىڭ ئالدىدا شاھى ئاباس ۋە ئۇنىڭ ئوردا ئەركانلىرىدىن جالالىدىن شەيخ، ھەربىي ۋەزىر قاسىم پالۋان، تۆھپىكار ئالىي سەركەردە سالاھىدىن ئەتتارى قاتارلىقلار كەلمەكتە. ئۇلارغا ئەگەشكەن ئوردا نۆكەر - ياساۋۇللىرى تېز - تېز مېڭىپ، ئۇسسۇلچى، كېنىزەكلەر قورشاپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان پاياندار چۆرىسىگە كەلدى. شاھ پەرىزاتتەك ئۇسسۇلچى قىزلارغا ھەۋەس بىلەن قارىدى. سازەندىلەر بولسا سازلىرىنى زوق بىلەن چېلىپ، ناخشا ئېيتماقتا ئىدى.

كۆڭۈل ئۇچقۇنلىرى پەرۋاز ئۇرار ئۇچماققا ئاسمانە،
بەلەن ئۇچقان بىلەن زاغۇ زەغەم ئەلەمدە بار ئول ناز.
سەۋەبسىز، تىكەنسىز، مۇشەققەتسىز گۈلزار بولماس،
رىيازەت چەكمىگۈنچە يار ۋەسلىگە يېتىپ بولماس.

...

شاھى ئاباس ئارام ئېلىۋاتقان شۇ پەيتتە ئىشىك ئاغىسى شاۋاز «مۇھىم ئىش توغرۇلۇق شاھتىن يوليورۇق سوراش» باھانىسىدە ئون ئىككى ئاتلىق نۆكەرنىڭ ھىمايىسىدە بۇيەرگە يېتىپ كەلدى.

ھەشەمەتلىك شاھ ئوردىسى. ئېغىر ئاياغ خانىش مېھرىبانۇنىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ قالغان بولۇپ، ھۇجرىسىدا بىلىگە تايىنىپ، پۇتىنى تەستە يۆتكەپ، دېدەكلەرنىڭ ياردىمىدە ئاستا مېڭىۋاتاتتى. پاكىز قېرىغان تۇغۇت ئانىسى مەريەم بۇۋى كىرىپ ئۇنىڭغا تەزىم قىلدى. تۇغۇت ئانىسى بىلەن بىللە كىرگەن دېدەكلەر غوجىدارى ئايشە پەرۋاز دېدى:

— ئالتۇن بويلىرى ئامان بولغاي، مېھرىبانۇ خانىش ئايىم! يەتتە ئىقلىم بويىچە ئايىغى يارىشىملىق، قولى ساقىيقۇشتەك يەڭگىل، توققۇز تۇمەن بوۋاقنى ساق - سالامەت تۇغدۇرۇپ، شاھىنشاھنىڭ مۆتىۋەر بۇۋىم دېگەن ئالتۇن دەستەك ئىنئامىغا سازاۋەر بولغان تۇغۇت ئانىسى مەريەم بۇۋى ئانا ئۆزلىرىنىڭ ئاياغلىرىدا ھازىر بولدى.

مەريەم بۇۋى مېھرىبانۇ خانىشنىڭ قولىنى سۆيۈپ تەزىم قىلدى.

— ئالتۇن تەنلىرى ساق، تۇغۇتلىرى ئاق بولغاي، خانىش ئايىم.

— تۇغۇتۇمدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، بۇۋى ئانا، — دېدى خانىش.

— كۆڭۈللىرىنى توق، ئۆزلىرىنى شوخ تۇتسىلا خانىش ئايىم. ئۇستىخانلىرىغا قارىسام بالا ئوڭ تۇرىدۇ. بالىسى قورساقتا تەتۈر تۇرۇۋالغان قانچىلىغان ئانىلارنى ساق - سالامەت تەۋەللۇت قىلدۇرغانمەن. ئاللا خالىسا سىلىنىمۇ ئاقيوللۇق قىلىپ ئالتۇن مەلىكەمنىمۇ قۇچاقلىرىغا ساق - سالامەت سالىمەن، — دېدى بۇۋى ئانا. چىرايىدىن تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان مېھرىبانۇ خانىش بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قاپاقلىرى تۈرۈلدى.



www.uyghurkitap.com

— نېمە، نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىدىلا بۇۋى ئانا؟ پاقىلانىدەك شاھزادە دېمەي، نېمە مەلىكە دەپ جۆيلۈيدىلا؟ ئاغزىلىرىغا تاش - تۇپراق، — دېدى خانىش.

مەريەم بۇۋى دەرھال تىزلىنىپ، خانىشتىن ئەپۇ سورىدى.

— ئەپۇ قىلسىلا، خانىش ئايىم، بىر قوشۇق قېنىمىدىن كەچسىلە، مەن ناماقۇل.

— مەريەم بۇۋى، ئاغزىلىرىنى چايقاپ گەپ قىلسىلا، نېمىدەپ خانىش ئايىمنى خاپا قىلىدىلا؟ مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈندىمۇ خانىش ئايىمنىڭ دىلىغا ئازار بېرەمدىلا؟ ھەتتا شاھ ئالىيلىرىمۇ خانىش ئايىمنىڭ كۆڭلىنى ئايايدىغان تۇرسا، — دېدى ئايشە.

مەريەم بۇۋى ئۆزىنى كاچاتلاپ دېدى:

— مەن ئۆلۈمگە لايىق، خانىش ئايىم، مىڭ ئۆلسەممۇ ئازلىق قىلىدۇ.

— بولدى، ئۆزلىرىنى ئۇرمىسىلا. شاھ ئالىيلىرى بىلەن ئىككىمىز بوينىمىزغا قىل ئارغامچا سېلىپ قىرىق كېچە - كۈندۈز ئىبتىكاپتا ئولتۇرۇپ ئاللادىن ئوغۇل بالا تىلەپ، ئون يەتتە يەرگە مەسچىت، يۈز يەرگە كۆۋرۈك، ئالتە ئايلىق كارۋان يولى، قىرىق توققۇز يەرگە ئۆتەڭ - ساراي، يەتمىش ئىككى يەرگە ھامام - سەرراپ سالدۇردۇق. بارلىق يېتىم بالىلارنى مەدرىسىگە ئوقۇشقا ئېلىپ بېشىنى سىلىدۇق. يالغۇز ئوغۇلنى لەشكەرلىككە تۇتۇشتىن ئازاد قىلدۇق. يەتتە يىل بولغاندا ئاللاغا زارىمىز يېتىپ ئاران قورساق كۆتۈردۇم، تەختكە ۋارىسلىق قىلىدىغان بىر شاھزادىگە زارمىز.

مېھرىبانۇ خانىش شۇنداق دەپ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكتى.

— قورساقتىكى بالىنىڭ قىز ياكى ئوغۇللۇقىنى بىر ئاللادىن باشقا ئىنس - جىن بىلمەيدۇ، نېمىدەپ بۇنداق جۆيلۈيدىلا؟ — دېدى ئايشە.

— مېنى ئەپۇ قىلسىلا، ئالىيلىرى، — دېدى مەريەم بۇۋى.

— ئېيتسىلا، نېمىشقا شۇنداق دەيدىلا، بۇۋى ئانا؟ — سورىدى مېھرىبانۇ خانىش ئۆزىنى بېسىۋېلىپ.

— بىز توققۇز ئەۋلاد تۇغۇت ئانىسى. بۇ ھۈنەر ماڭا ئانامدىن قالغان. شۇڭا ئېغىر بوي ئاياللارغا بىر قارىساملا...

— بولدى، سۆزلىمىسىلە، چىقىپ كەتسىلە.

خانىش مەريەم بۇۋىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، قولىنى سىلكىپ تەتۈر قارىۋالدى. ئايشە چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى. مەريەم بۇۋى تەزىم قىلغىنىچە كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

— ئايشە، مەن تەشۋىشلىنىۋاتىمەن، شاھ ئالىيلىرىغا خەۋەر بەرسەك، شاھىم شىكاردىن قايتىپ كەلسە بولماسمۇ؟ — دېدى خانىش.

— بولماسمىكىن، خانىش ئايىم، ئاتام زامانىدىن تارتىپ خانىش يەڭگىپ قىرىقى توشمىغۇچە پادىشاھ شىكاردىن قايتىپ كەلسە بولمايدۇ. بۇ پادىشاھلىقنىڭ قانۇنى، بۇنى ھېچكىم بۇزالمايدۇ، — ئايشەنىڭ چىرايى سۇرلۇك تۇس ئالدى.

— شاھى ئاباس بۇزسا بولمامدۇ؟

— شاھىمىز ئۇنداق قىلسا ئوردا ئىچىدە پىتنە - پاسات تېرىلىپ، پادىشاھلىقتا ئىسيان كۆتۈرۈلىدۇ، خانىش ئايىم ...

— ئۇھ، نېمىدېگەن پۇتىقى تولا قائىدە بۇ؟ قورسىقىم نېمانداق يوغان؟

— قوشكېزەك تۇغامدىلا تېخى خانىش ئايىم، بىرى ئالتۇندەك شاھزادە، بىرى ئايدەك مەلىكە.

— ئاغزىڭغا ناۋات. ئىنىكئانىلار تەييار بولدىمۇ؟

— پۈتكۈل پادىشاھلىقتىن توققۇز ئايال ئىنىكئانىلىققا تاللاندى. ئۇلارغا ساغلاملىق، پاكىزلىق، چىراي، بوي، ئەقىل - پاراسەتتىن ئىمتىھان قىلىندى. ھازىر ئۆزلىرىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشلىرىنى كۈتۈۋاتىدۇ، — دېدى ئايشە.

— ئۇلارنىڭ سۈتلىرى بوۋاقلىرىغا خىل كېلىۋاتامدۇ؟ — سورىدى خانىش.

— خاتىرجەم بولسىلا، خانىش ئايىم. ئۇلار قاتتىق تاللاشتىن ئۆتكەنلەر، — دەپ جاۋاب بەردى ئايشە.

— ئۇلارنىڭ تېگىنى سۈرۈشتۈرۈش مۇھىم، تېگى پەسلەردىن بولۇپ قالمىسۇن، — دېدى خانىش.

— بىزدە توقسان توققۇز تۈرلۈك شەرت بار، خانىش ئايىم، — دېدى ئايشە.

— بوپتۇ بىر - بىرلەپ كىرسۇن، مەن ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ باقاي.

— خوپ، خانىش ئايىم!

جىلغىدىكى شاھ چېدىرىدا شاھى ئاباس ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى— ۋەزىر - ۋۇزرالىرى شاھانە داستىخاندىكى نېمەتلەرگە ئېغىز تەگكەچ قىزغىن سۆھبەتلىشىۋاتاتتى، كېنىزەكلەر شاھنى يەلپۈش، مۇلازىملار چاي، مەي - شاراب قۇيۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

— بۈگۈنكى شىكاردىن قۇرۇق قول يېنىپ ھاردۇق چىقمىدى، — دېدى شاھى ئاباس ئەپسۇس بىلەن.

— پۈتۈن بىر كۈنلۈك شىكاردا پەقەت بىرلا كېيىك ئۇچرىۋىدى، ئاتمىدىلا ئالىيلىرى، — دېدى قاسىم ۋەزىر.

— ئاتقۇم كەلمىدى.

— كىشىنىڭ كۆڭلى تارتمىسا...

قاسىم ۋەزىر شۇنداق دېيىشىگە جالالىدىن شەيخ سۆز ئالدى:

— ۋەزىرئەزەم، بۇ رەھىمدىللىكنىڭ ئالامىتى، رەھىمدىللىك ياخشىلىقتىن بېشارەت بېرىدۇ.

شۇ چاغدا بۈك - باراقسان ئورمان بىلەن قاپلانغان تاغ ئارىسىدا چىرايلىق بىر بوغاز كېيىك ئوتلاپ يۈرەتتى. ھەسەن ۋەزىر كېيىكنى كۆرۈپ نۆكەرلىرىگە توختاشقا بۇيرۇق قىلدى - دە، ئات ئۈستىدە تۇرۇپلا ئوقيانى كېيىككە توغرىلىدى. ئۇ كىرىپچىنى تازا تارتىپ قويۇۋېتەي دېگەندە كۆزى بىردىنلا كېيىكنىڭ يوغان قورسىقى ھەم ئېسىلىپ يوغىنىغان يېلىنىغا

www.uyghurkitap.com

چۈشتى. شۇئان كۆزىگە ئېغىربوي ئايالى نىگارئايىمنىڭ تومپايغان قورسىقىنى سىلاپ كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان، ئۆزى ئۆز ئايالىغا ئوقيا ئاتماق بولغان كۆرۈنۈش كۆرۈنۈپ، چۆچۈپ بېشىنى سىلكىندى ـ دە، ئوقيانى ئاتماي قوللىرىنى چۈشۈردى. بۇنىڭدىن يېنىدىكى نۆكەر ھەيران بولۇپ سورىدى:

— ۋەزىرئەزەم، ئاران ئۇچرىغان كېيىكنى نېمىشقا ئاتمايدىلا؟

— قولۇم بارمىدى، — دېدى ھەسەن ۋەزىر.

— ئەمسە مەن ئاتاي، ئالىيلىرى.

نۆكەر شۇنداق دەپ دەرھال كېيىكنى قارىغا ئالدى.

ھەسەن ۋەزىر ئۇنىڭ قولىنى قېقىۋەتتى، ئوق ئاسمانغا ئېتىلىپ كەتتى. كېيىك بۇنى سېزىپ قېلىپ قېچىپ ئورمان ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

نۆكەر ئەمدى گەپ قىلاي دېيىشىگە ھەسەن ۋەزىر دېدى:

— ئۇۋچىلىق رىسالىسىدىكى بوغاز جانلىقلارنى ئوۋلىماسلىق توغرىسىدىكى بايانلارنى ئوقۇمىغانمىدىڭ؟

نۆكەر باش ئېگىپ قولىنى كۆكسىگە قويدى.

— بوغازمىكەن؟ كەچۈرسىلە، ئالىيلىرى ! كور ئىكەنمەن، بىلمەپتىمەن.

— بولدى. شاھ ئالىيلىرى بۇ چاغقىچە تۇرالغۇغا يەتتى. قېنى بىزمۇ قايتايلى، — دېدى ھەسەن ۋەزىر.

ھەممىسى ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ تۇرالغۇغا قاراپ يول ئالدى.

مېھرىبانۇ خانىش خاس ھۇجرىسىدا تولغاق ئازابىدا قىينىلىپ ياتاتتى. تۇغۇت ئانىسى مەريەم بۇۋى چۆرە ـ دېدەكلەر بىلەن پايپېتەك بولۇپ، بوي سىلىپ، ئىسىرىقداپ خانىشقا مەدەت بېرەتتى.

بىر چاغدا سىرتتىن بىر دېدەك كىرىپ كەلدى ـ دە، مەريەم بۇۋىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. مەريەم بۇۋى چۆچۈپ دېدەككە

قارىدى. ئاندىن ئۇنى باشلاپ تاشقىرى ھۇجرىغا چىقىپ دېدى:
— ھە نېمە دېدىڭ، يەنە بىر دېگىنە؟
— ھەسەن ۋەزىرئەزەمنىڭ خانىمى نىگارئايىممۇ تولغىقى تۇتۇپ چاپارمەن ئەۋەتىپتۇ ، — دېدى دېدەك.
— ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتتى دېگەن شۇ - دە. شاھ ئالىيلىرى بىلەن ۋەزىرئەزەم پەرزەنت يۈزى كۆرسەك تەڭ كۆرەيلى دەپ پۈتۈشكەن بولغىيمىدى؟ — دېدى مەريەم بۇۋى.
— چاپارمەنگە نېمە دەيمەن؟ — سورىدى دېدەك.
— دەپ قوي، مېنىڭ شاگىرتىم ھۆرىيەت قۇشناچىم بارسۇن. بىرگە بۆلەيمۇ جانىمنى، ئىككىگە بۆلەيمۇ جانىمنى؟ — دېدى مەريەم بۇۋى.
دېدەك «خوپ» دېگىنىچە كەينىگە ياندى. ئىچكىرىدىن خانىشنىڭ داد - پەريادى ئاڭلاندى. مەريەم بۇۋى چۆچۈپ ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى.
شىكارگاھتىكى شاھانە چېدىر. مەي بىلەن ئۇسسۇل بەزمىسىنىڭ قىزىقىدا خۇش كەيپ بولغان شاھى ئاباسنىڭ ھۇزۇرىغا ئىشىك باقار كىرىپ مەلۇم قىلدى:
— شاھ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، ۋەزىرئەزەم ھەسەن بۇيرۇق قۇتتىبكىن كەلدى.
— كىرسۇن ! — دەپ ئىجازەت بەردى شاھ.
— شاھ ئالىيلىرىدىن ئىجازەت، ۋەزىرئەزەم ھەسەن بۇيرۇق قۇتتىبكىن ھەمراھلىرى بىلەن شاھ ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا مەرھەمەت قىلغاي ! — توۋلىدى ئىشىك باقار.
شۇئان ھەسەن ۋەزىر ۋە ئىككى نۆكىرى ئوڭ قولىنى سول كۆكسىگە قويۇپ تەزىم بىلەن چېدىرغا كىردى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم شاھ ئالىيلىرى، كەمىنە خىزمەتكارلىرى شىكاردىن قايتىپ كەلدى.
— ئىجازەت، ئىجازەت. ۋەزىرئەزەم، ناماز خۇپتەنگە

قالغانلىرىغا قارىغاندا ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولالماي قالدىلىمۇ نېمە؟ — خۇشخۇي ھالدا سورىدى شاھى ئابباس.
— شاھ ئالىيلىرى، بۈگۈن يېڭى ئوۋ گۆشلىرىگە ئېغىز تېگەلمەي كۆڭلىمىز غەش بولغانىدى، — دېدى شاۋاز.
— ھەسەن ۋەزىر شىكاردىن قۇرۇق قول يانغان ئەمەس، — دېدى قاسىم ۋەزىرمۇ.
— كەچۈرگەيلا ئالىيلىرى، مىلىڭ ئەپسۇس ۋەزىر جانابلار. بۈگۈنكى شىكاردا توشقان چاغلىق نەرسە ئۇچرىماي قۇرۇق قول ياندۇق، — دېدى ھەسەن ۋەزىر ئورۇن ئېلىۋېتىپ.
— ناماز شامغا يېقىن بىر بوغاز كېيىك ئۇچرىغانىدى، ۋەزىرئەزەم ئۇنى قويۇۋەتتى، — دېدى نۆكەر.
— نېمە؟ — شاھى ئابباس ئەجەبلەندى.
ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ بىر - بىرىگە قاراشتى.
— يائاللا، ياپاناھ، بۇنداقمۇ ئوخشاشلىق بولامدۇ؟ — دېدى شاھى ئابباس.
— شاھ ئالىيلىرىغىمۇ بىر بوغاز كېيىك ئۇچرىغانىدى، شاھ ئالىيلىرىمۇ ئاتماي قويۇۋەتتى، — دېدى قاسىم ۋەزىر.
— بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئىنايىتى. شاھ ئالىيلىرى بىلەن ۋەزىرئەزەمنىڭ نىيەتلىرىنىڭ بىر يەردىن چىققىنى خانىدانلىقىمىزنىڭ روناق تېپىپ، ئالەمشۇمۇل قۇدرەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، — دېدى شەيخ جالالىدىن.
— بەرھەق، بۇ يەنە خانىش ئايىم بىلەن نىگار ئايىمنىڭ ساق - سالامەت يەڭگىيدىغانلىقىغا دالالەتتۇر، — دېدى قاسىم ۋەزىرمۇ.
— قايسى كۈنى مەن بىر چۈش كۆردۈم، — دېدى شاھى ئاببىاس.
— قۇياشنى كۆرگەنلا، شاھ ئالىيلىرى، — دېدى شاۋاز خۇشامەت بىلەن.
— ياق، مەن چۈشۈمدە بىر بۇلبۇلنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنى قەپەسكە سولاپ تۇرسام، — دەپ گەپ باشلىدى شاھى ئاببىاس، —

ئۇنىڭ جۇپتى كېلىپ قەپەسكە قونۇپ سايراپ كەتتى. ئۇنىمۇ تۇتۇۋېلىپ قەپەسكە سالاي، تايىنلىق بىر جۇپ بۇلبۇلۇم بولسۇن دېسەم، ئۇنى زادىلا تۇتالمىدىم. بۇنىڭ تەبىرى نېمىدۇر، ئەي مۇنەججىم شەيخ جالالىدىن؟

— بۇ خاسىيەتلىك چۈشنىڭ تەبىرى شۇكى شاھىم، قۇش سائادەتنىڭ بېشارىتىدۇر. ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ مۇبارەك بېشىغا يەنە دۆلەت قۇشى قونغۇسى، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— ئىنشائاللا، ئارزۇ دەرياسىدىن مۇراد - مەقسەت تەشنالىقى قانغاي.

قاسىم ۋەزىرگە ئەگىشىپ ھەممەيلەن:

— ئىنشائاللا، دېگەنلىرى كەلگەي، — دېيىشتى.

— مېنىڭ قىياسىمچە، بىر جۇپ بۇلبۇل بىر جۇپ بالىغا ئىشارەتتۇر. قەپەسكە سولانغىنى قىزدىن بېشارەتتۇر. شاھىمىز دەرگاھىدا ئىككى پەرزەنت دۇنياغا كەلگەي، بىرىنى مەلىكە، بىرىنى شاھزادە دەپ بىلگەيمىز، — دېدى قاسىم ۋەزىر.

— ھا... ھا... ھا... — شاھى ئابباس زوق بىلەن كۈلدى.

— ئۇلۇغ شاھىم ئوغۇل يۈزى كۆرىدۇ. ئەبەدىلئەبەد سەلتەنەت سۈرىدۇ، — دېدى شاۋاز.

— ئىنشائاللا، — دېيىشتى ھەممەيلەن.

— پەرزەنتلەرنىڭ تىنچ - ئامان دۇنياغا كۆز ئېچىشى ئۈچۈن دۇئا قىلايلى، ئامىن.

ھەسەن ۋەزىرگە ئەگىشىپ ھەممەيلەن دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

— مۇشۇ دۇئا بەرىكاتىدىن ئۇلۇغ تەڭرىم دىلىمغا بىر ئىشنى سالدى. مۇبادا بىر جۇپ پەرزەنتىمىزنىڭ بىرى ئوغۇل، بىرى قىز بولسا، مەن دانا ۋەزىرىم ھەسەن بۇيرۇق قۇتتېكىن بىلەن قۇدىلاشقايمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرلا ئەھدى تۈزۈشەيلى، — دېدى شاھى ئابباس ھاياجان بىلەن.

ھەسەن ۋەزىر ئورنىدىن تۇردى - دە، قولىنى كۆكسىگە قويۇپ

تەزىم قىلىپ، تەشەككۈر بىلدۈردى.

— ئۇلۇغ شاھەنشاھىمىنىڭ پېقىرنى ئۆزىگە قۇدىلىققا لايىق كۆرگىنى ئۈچۈن بېشىم كۆككە تاقاشقاندەك بولدى.

— ئىلتىپاتلىرىغا ھەشقاللا، ئالىيلىرى، — ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ شاھقا تەزىم قىلىپ، رەھمەت ئېيتىشتى.

شاۋاز چىرايى تاتارغان، چىشلىرى كىرىشكەن، ساقاللىرى تىترىگەن ھالدا دېدى:

— بىراق ئالىيلىرى، ئالدىراپ چىقىرىلغان قارار كۆپ ھاللاردا پۇشايمانغا سەۋەب بولغۇسىدۇر. كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس دەپتىكەن، تېخى بۇ دۇنياغا كۆز ئاچمىغان باللار ئۈچۈن...

— قېنى مىرزابەگ، ئەھدىنامە ياز! ھەسەن ۋەزىرمۇ مۆھرىنى باسسۇن، — دېدى شاھى ئاببas ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن.

— ئەھدى دېگەننىڭ شەرت - پەيمانى توشۇشى لازىمدۇر، — دېدى شاۋاز ناقايىل ھالدا.

— ئەلۋەتتە، — دېدى شاھى ئابباس.

— مۇبادا ھەر ئىككىسى ئوغۇل تۇغۇلسىچۇ؟ — سورىدى شاۋاز.

— ئاغا - ئىنى بولۇپ، بىرى ئەلەمدە، بىرى قەلەمدە كامالەت تېپىپ بىز ئاتىلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، خانىدانلىقىمىزنىڭ شانۇشەۋكىتى ئۈچۈن جان پىدا قىلغاي! — دېدى شاھى ئابباس.

— ھەر ئىككىسى قىز تۇغۇلسىچۇ؟ — سورىدى قاسىم ۋەزىر.

— ھەمشىرە، ھەمدەم بولۇپ ئۆتكەي، — دېدى شاھى ئابباس.

— شاھىمىز پارس شاھى نۇشىرۋان ئادىلدىنمۇ ئادالەتلىكتۇر، — دېدى قاسىم ۋەزىر.

شاۋاز روھى چۈشكەن ھالدا ئېغىز ئاچتى:

— پەزىلەت بابىدا نۇشىرۋان ئادىلمۇ شاھىمىزنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

— شاھمىرزىنىڭ قارارى تولىمۇ يوللۇقتۇر. بۇ ئەھدۇپەيمانىنى پۈتۈن مەملىكەتكە جاكارلىغايمىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ شاھمىرزا بىلەن ھەسەن بۇيرۇق قۇتتىبكىن ۋەزىرئەزەمنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار دەپ يىتىنە - پاسات تېرىپ يۈرگەن شەيتانلارنىڭ تاۋىقى چىقىلغاي! ئۇلۇغ شاھمىرزا بىلەن ۋەزىرئەزەمنىڭ ئۇيۇل تاشتەك ئىناقلىقىدىن پۈتۈن قەبىلە، ئۇرۇقلار دىلىغۇللۇق، چىچىلاڭغۇلۇق، شەپقەتسىزلىك ئازابىدىن قۇتۇلۇپ، ئۇلۇغ شاھمىرزىنىڭ تۇغى ئاستىغا تەڭرى تاغلىرىدەك ئۇيۇشۇپ، يۈلتۇز - كۆنەس يايلاقلىرىدەك كۆكلىگەي، ئامىن.

ھەممەيلەن شەيخ جالالىدىنغا ئەگىشىپ ئامىن ئېيتىشتى. شۇ ئارىدا مىرزا بەگ ئەھدىنامىنى تەييار قىلدى. شاھى ئاباس بىلەن ھەسەن ۋەزىر ئەھدىنامىگە نۆۋەت بىلەن مۆھرىنى باستى.

— چال سازەندە سازىڭنى، ساقىي قۇي شارابىڭنى. پۈتۈن مەملىكەتكە تىللا چاچقۇ قىلىنىپ، ئۈچ كۈن تويى بېرىلسۇن! — دېدى شاھى ئاباس.

سازەندىلەر سازلىرىنى مۇقام مەشرەپلىرىگە چالدى.

سەھرا يۈزى كۆكەرمەس تا ياز بولماغۇنچە،
بۇلبۇل تەرەننۇم ئەتمەس تا غۇنچە كۈلمەگۈنچە.
كۆزدىن چۈنان سۇۋ تۆكغىل، ئىمانىڭ بەھرە ئالسۇن،
باغۇچىمەن كۆكەرمەس يامغۇر قۇيۇلماغۇنچە.
يۈز يىل تىرىك يۈرۈسەڭ، ئاخىر بىر كۈن ئۆلۈرسەن،
ئەپسۇس بىلەن كېتۇرسەن، تا ۋاسىل ئولماگۇنچە.
ئەي ئىنسانى بەگ - قەلەندەر، ياخشىغا بەندە بولغىل،
ھەلۋا ئەتكىلى بولماس شەككەر قوشۇلماغۇنچە.

مەشرەپ تازا قىزىپ ھەممە خۇش كەيپ بولغان چاغدا ناخۇشلۇق ئىلكىدە چوغدا ئولتۇرغاندەك ئولتۇرغان شاۋاز چاندۇرماي سورۇندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. باشقىلار

دىققەت قىلمىدى. پەقەت شەيخ جالالىدىن سېزىپ شاۋازىنىڭ كەينىدىن ساقىلىنى سىلاپ قاراپ قالدى.

كەيپىلىك قىيامىغا ئاز قالغان شاھى ئابباس ئىككى جام شاراب ئېلىپ، بىرىنى ھەسەن ۋەزىرگە تۇتۇپ دېدى:

— مەن شائىر بولمىسامىمۇ خۇشلۇقۇم تۇتقاندا سۆزلىرىمنى شائىرانە، ۋەزىنلىك قىلىپ سۆزلەشكە ئامراق.

مېنىڭ ئامراق، دانا ۋەزىرىم ھەسەن،
تۇتتۇم ساڭا مەي، قولۇڭغا ئال قەدەھ،
بۇ ئەھدىمگە كىمدەكىم بولسا بىۋاپا،
ۋە ياكى خۇسۇمەت بىلەن چىقارسا غوۋغا،
خەلقىئالەم ئالدىدا بولغاي رەسۋا.

— مەنمۇ شاھ ئالىيلىرىغا مۇشائىرە ئېيتاي، — دەپ سۆز باشلىدى شەيخ جالالىدىن:

ئاساندۇر ـ ئاسان ئات ئۈستىدە شەھەر ئالماق،
لېكىن مۇشكۇل ئاتتىن چۈشۈپ شەھەر سورىماق.

ھەسەن ۋەزىرمۇ ئېيتتى:
دۆلىتىم ئاتىسى، ئاستانەم تۈۋرۈكى
شاھ بولغاچ بۇ خەلقىم بەخت ئىگىسى.
ئەھدىمىز، تەختىمىز، لەۋزىمىز ئىگىسى
شاھىمىز باشپاناھ، دۆلەت ئىگىسى.

شاھ:
ھەسەن بۇيرۇق قۇتتىپكىن سىز دىلكىشىم،
ياۋلارنى يېڭىشتە ئۆتكۈر شەمشىرىم.
ئادالەت ئورنىتىپ ئەلگە نەپ بەرگەن،
يۇرت سوراپ ئازمىغان ئالتۇن كەمىرىم.



www.uyghurkitap.com

شاھ بىلەن ھەسەن ۋەزىر جاملارنى سوقۇشتۇرۇپ شارابنى ئىچىپ، ئەھدىنامىنى ئالماشتۇردى. ھەممەيلەن ئۇلارغا تەڭ باركاللا ئېيتىشتى:

— باركاللا، قۇتلۇق، باركاللا. ھەممىمىزگە ئىناقلىق، ھەمدەملىك مەڭگۈ يار بولغاي !

شۇ چاغدا شاھ چېدىرى سىرتىدا شاۋاز غەزەپتىن تىترىگەن ھالدا: «ئەجەبمۇ نەس كۈن بولدى بۈگۈن !»دەپ يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قاراپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىمەكتە ئىدى.

ئاستانە. ئادەملەر سىغمىشماي قالغان بازاردا جاكارچى لەشكەرلەرنىڭ ھىمايىسىدە دۇمباق ئۇرۇپ جاكارلىدى:

— ئەيىۇھەنناس، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، خالايىق ! شاھ ئالىيلىرى ئابباس قۇتلۇق بۇغرا ھەزرەتلىرى بىلەن ۋەزىرئەزەم ھەسەن بۇيرۇق قۇتتېكىن يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىش ئالدىدا تۇرغان پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئەھدىنامە تۈزدى !

نىگارئايىم ھۇجرىسىدا تولغاق ئازابىدىن قىينىلىپ چىرقىرىدى. بوۋاقنىڭ قىرقىرىغان ئاۋازى بىلەن تەڭ تۇغۇت ئانىسى گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا پاقلاندەك بىر ئوغۇل بوۋاقنى كۆتۈردى. ھالسىز نىگارئايىم ئوغلىغا قاراپ تەبەسسۇم بىلەن كۆزىنى يۇمدى.

كۈندۈزدەك يورۇتۇلغان مېھرىبانۇ خانىشنىڭ ھۇجرىسى. مەريەم بۇۋى يىغلاۋاتقان بوۋاقنى تەقەززالىق بىلەن ھالسىز ياتقان خانىشقا تەڭلىدى.

— ئوغۇلدۇ - ھە؟ — سورىدى خانىش.

— ھە... ساق - سالامەت يەڭگىدىلە، خانىش ئايىم، ئايدەك چىرايلىق قىز ئىكەن، — دېدى مەريەم بۇۋى.

خانىش تەتۈر قارىۋالدى.

ئوردا ئالدى بايرام شادلىقىغا چۆمگەنىدى. ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان كەڭ سەينادا ناغرا - سۇناي چېلىنماقتا ئىدى. ئوردا مۇلازىملىرى يوغان كۈمۈش لېگەنلەردە خالايىققا تىللا چاچماقتا.

www.uyghurkitap.com

ئـادەملـەر ئېـغـىـشـىـپ تـىـلـلا تېـرىـشتى. نـامـراتلارغا پـولـۇ، سـامـسـا، گـۆش ـ كـاۋاپلار تـارقـىـتـىـلـماقـتـا. داستـىخـانلاردا مـويـسـپـىـتـلار ئـولـتـۇرۇشـتى. مـەيداندا ئـادەملـەر سـاماغا دەسسـىدى.

مـەشـرەپ نـەزمـىسى:

شـەھدۇ شـەكـەردىن ئارتۇغۇم، ئارامى جانىم كەلدىلەر،
كۆڭـۈل ئۆيىنى كـۆرگـىلى روھى رەۋانىم كـەلـدىلەر.
كـېتـىـپ ئـىدى ئـەقلۇ ھوشۇم، بىلىپ تۇرارلار خاھىشىم،
يوقـتۇر ئـۇلاردەك ھـېچ كـىشىم، شـېرىن زەبانىم كـەلـدىلـەر.
ساقـىي، مـاڭا سـۇنغىل قـەدەھ، سـۇلـتـان ئـىـدىم مـەن ئـىشقىدە،
شـەھـرى ۋۇجـۇدۇم تـەخـتـىگـە شاھـى جاھانـىم كـەلـدىلـەر.
ياد ئـەيلـەر ئـېـردىم گـاھ ـ گـاھ، كـەلـگـەيمۇ دەپ ئـول پـادىشاھ،
بولـدى يـۈزۈم نـۇر ئـىچرە ماھ، ئـول يارى جانىم كـەلـدىلـەر.

بۇ چـاغـدا شاھـى ئـابباس تاغـىـنـىڭ كـۇنـگـەي تەرىپـىـدىكى كـەڭ كـەتـكـەن جـىلـغـىـدا يارانـلـىـرى بـىـلـەن ئـاتـلـىق ئـوۋ قـوغـلـىماقـتـا ئـىـدى. يـىـراقـتـىـن قـوپـۇنـدەك يـېـتـىـپ كـەلگەن چـاپارمەن ئـاتـتـىن سـەكـرەپ چۈشتى ـ دە، شاھـىـنـىڭ ئـالـدىدا تـىـزلىنىپ مـەلـۇمات يـەتكـۈزدى:

ـــ ئـوردىـدىـن خـۇش خـەۋەر، شاھ ئـالـىـيـلـىـرى، سـۆيـۈنـچـە، سـۆيـۈنـچـە...

شاھ ئـىشارەت قـىلـدى، مـۇلازىم ئـىككى تـىللا بـەردى.

شاھ ئاۋاز ئـۆزىـنـىڭ خـاس چـېدىرىدا قـارا تـەرگـە چـۆمـگـەن نـۆكـىـرى ئـەبـەي قـۇلغا ئـاچـچـىق بـىـلـەن چـەكـچـىـيـىـپ دېـدى:

ـــ نـېـمـە؟ شاھـىـنـىـڭ قـىـز، ھـەسـەنـنـىـڭ ئـوغـۇل دېـدىـڭـمـا؟

ـــ شـۇنـداق بـېـگـىـم... ـــ دېـدى ئـەبـەي قـۇل دۇدۇقـلاپ.

ـــ دېـمـەك، ھـەسـەن ئـوغـلـىغا شاھـىـنـىـڭ قـىـزىـنـى ئـېـلـىـپ بـېـرىـپ، شاھ بـىـلـەن قـۇدا بولـىـدۇ. شـۇنـىـڭ بـىـلـەن ئـۇنـىـڭ ۋەزىـرلـىـك ئـورنـى تـېـخـىمۇ چـىـڭـىـيـىـپ، شاھـىـنـىـڭ كـۈيـئـوغـلـى بـولـمـىـش ئـوغـلـى كـەلـگـۈسـىـدە ھـەتـتـا... بـۇنـداق... پـەلـەك چـاقـى بـۇنـداق چـۆرگـىـلـەۋەرسـە... مـەن

شاۋاز ياشامدىمەن، يوق؟ مەن ھەسەننىڭ دەستىدىن كۆكلىيەلمەي، ئەۋلادىم ئۈنىڭ ئەۋلادىنىڭ ئايىغىدا...

شاۋاز غەزىپىنى باسالماي ئالدىدىكى چىراغپايىنى تەپتى. چىراغ ئۈچۈپ چېدىر ئىچىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. ئەبەي قۇل شىۋىرلاپ دېدى:

— ئالىيلىرى، ئاچچىقلىرىغا هاي بەرسىلە، سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ دەيدىغان گەپ بار. داۋاسى تېپىلمايدىغان كېسەل يوق.

شاۋاز سەل ـ پەل پەسكويىغا چۈشۈپ، ئەبەي قۇلنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى.

قاتمۇقات قۇرۇق تاغ ئارىسىدىكى جىلغىدا ھەسەن ۋەزىر بىلەن يارانلىرى بىر توپ كېيىكنى سۈرەن ـ چۇقان سېلىپ قوغلاۋاتاتتى. ھەسەن ۋەزىر قولىدىكى بۈركۈتنى قويۇۋەتتى. بۈركۈت ئۈچۈپ بېرىپ كېيىكنى قاماللاپ باستى. دەل شۇ چاغدا قارا تەرگە چۆمگەن بىر ئاتلىق چاپارمەن ھەسەن ۋەزىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە:

— ۋەزىرئەزەم سۆيۈنچە، ۋەزىر ئەزەم سۆيۈنچە ! نىگارئايىمدىن خۇش خەۋەر، نىگارئايىم پاقالاندەك ئوغۇل تۇغدى ! — دېدى.

ھەممەيلەن خۇشال بولۇشۇپ قۇتلۇقلاشتى.

— ماشائاللا... پاقالاندەك ئوغۇل، سۆيۈنچە سەندىن ئايلانسۇن !

ھەسەن ۋەزىر ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ چاپارمەننى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ پەرمان قىلدى:

— خۇش خەۋەر يەتكۈزگەن بۇ چاپارمەنگە بەقەسەم تون ـ سەرپاي كىيدۈرۈپ، بەش تىللا سۆيۈنچە بېرىلسۇن ! مەن بىلەن شىكار قىلىشۋاتقان يارانلىرىمغۇ بىردىن تون ـ سەرپاي، ئىككى تىللادىن ئىنئام بېرىلسۇن !

ئۇزاق ئۆتمەي، ھەسەن ۋەزىر ھەمراھلىرى بىلەن ئات چاپتۇرۇپ، خۇشال قايتىشتى. بۇ چاغدا، تاغ تۆپىسىدە نىقابلانغان ئۈچ ئاتلىق ئۇلارنى يوشۇرۇن كۆزەتمەكتە ئىدى.

www.uyghurkitap.com

شاھى ئاbباس توغراقلىق دالىغا تىكىلگەن شىكار چېدىرىدا ھەمراھلىرى بىلەن خۇشال ـ خۇرام سۆھبەتلىشىۋاتاتتى:

ـــ تەڭرىگە قىلغان دۇئايىمىز مەقبۇل بوپتۇ، خۇددى ئويلىغاندەك بىرى قىز، بىرى ئوغۇل. ھېلى شاۋاز مېنىڭكىنى ئوغۇل دېدىما؟

ـــ بەزى سۆزمەنلەر خۇشامەت قىلىمەن دەپ ئەقىل ـ ھوشىدىن كېتىپ، ئاغزىدىن نېمە چىقىپ كەتكىنىنى بىلەلمەيدۇ، شاھى جاھان، ـــ دېدى شەيخ جالالىدىن.

ھەممەيلەن پاراقلاپ كۈلدى. شاۋاز كۈلگەنگىمۇ، يىغلىغانغىمۇ ئوخشايدىغان بىر خىل ئوڭايسىز ھالەتتە تۇرۇپ كېتىپ ئۆز ـ ئۆزىگە دېدى: «چۈجىنى كۈزدە سانايمىز، ئاخىردا كىم كۈلۈپ، كىم يىغلايدۇ كۆرىمىز تېخى.»

ـــ تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىغا مىڭ قەتلە شۈكۈر. ھەي شاۋاز، پۈتۈن ئەل ـ جاھانغا قىرىق بىر كېچە ـ كۈندۈز توي بېرىلسۇن! مىڭ توقسان توققۇز قۇل ئازاد قىلىنسۇن! توققۇز يىلدىن ئارتۇق زىنداندا ياتقان مەھبۇسلار ئازاد قىلىنسۇن! قوشنا ئەل، خانلىقلارغا ئېسىل سوۋغاتلار بىلەن ئەلچىلەر ماڭدۇرۇلسۇن. ھەرقايسى ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنىڭ تۈتۈن بېجى كەچۈرۈم قىلىنسۇن! ـــ دەپ پەرمان چۈشۈردى شاھى ئاbباس.

ـــ بىزمۇ قىلايلى نەغمە، ئوينايلى مەشرەپ، ـــ دېدى قاسىم ۋەزىر.

مەشرەپ نەغمىسى:

باغ ئىچىدە ساڭا ساچتى گۈل ئاقۇ يېشىل ياپراق،
شاھ باشىغا ئانداقكىم، ئەل ئاقۇ سېرىق ياماق.

نى يارلىغ ئولغايكى ھەر كېچە تاڭ ئاتقۇچە
سەن ئىشرەتۇ، راھەتتە، مەن رەنج بىلەن ئۇيغاق.

سېنىڭ جانىڭ، مېنىڭ جانىم بىر جان ئەمەسمۇ،
سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جانىم قۇربان ئەمەسمۇ؟

ئاتلار ئورۇق، يوللار يىراق، بۇ مېنىڭ بەختىم،
سەن يارىمنىڭ دەردلىرىگە قۇل بولۇپ باقتىم.

سېنىڭ تۇلكەڭ، مېنىڭ تۇلكەم سايىنىڭ تۇلكەسى،
ئۆلتۇرەمدۇ، كۆيدۇرەمدۇ يارىنىڭ كۇلكەسى؟

ئىقابلانغان ئۈچ ئاتلىق كىشى شاھ چېدىرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، قاچانلاردىدۇر سىرتقا چىقىۋالغان شاۋازنىڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈپ تىزلاندى. ئاندىن بىرى كېلىپ شاۋازنىڭ قولىقىغا پىچىرلىۋىدى، شاۋاز باش لىڭشىتتى.

ئېگىز تاغ ئارىسىدىكى سۇلۇق جىلغىغا سىلىنغان ئاسما كۆۋرۈكتە ئىقابلانغان بىر ئاتلىق كىشى پەيدا بولدى ـ دە، ئاتتىن چۈشۈپ، قىلىچ بىلەن كۆۋرۈكنىڭ ئارقىنىنى غىرداپ، ئۆزىنى ئاران كۆتۈرۈپ تۇرغۇدەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. قۇياش كۆتۈرۈلگەن چاغ، قۇياش نۇرى جىلغىدا شارقىراپ ئېقىۋاتقان كۆچلۈك سۇ دولقۇنىدا ئەكس ئېتەتتى. ھەسەن ۋەزىر بىر توپ ئاتلىق ھەمراھلىرى بىلەن ئاسما كۆۋرۈككە چىقتى. كۆۋرۈك ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، ئارقان ئۈزۈلۈپ چوڭقۇر جىلغا ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئارقىدا قالغان ھەمراھلىرى قېچىپ قۇتۇلدى، چۈشۈپ كەتكەنلەرنى سۇ ئېقىتىپ كەتتى. ئاتلىق ھەمراھلار جىلغا سۈيىنى بويلاپ ئاختۇردى. ئاخىر دەريانىڭ سۇ ئاستا ئاقىدىغان يېرىدىن ئىمجان بولۇپ قالغان ھەسەن ۋەزىرنى سۈزۈپ قىرغاققا چىقىرىپ، بېشىدىن يۆلىدى. ھەسەن ۋەزىر ئاستا بوغۇق ئاۋازدا دېدى:

— ئىسىت، يېگى تۇغۇلغان ئوغلۇم... غېرىب بولىدىغان بولدى... ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرەلمەي...

www.uyghurkitap.com

ھەسەن ۋەزىر گەپنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەستىن جان ئۈزدى.

مېھرىبانۇ خانىشنىڭ كاتتا ھۇجرىسى بايرام تۈسىگە كىرگەندى. مېھرىبانۇ شاھانە تۆشەكتە ياتاتتى. جاكارچى سىرتتىن ۋارقىراپ مەلۇم قىلدى:

— خان ئالىيلىرى قەدەم تەشرىپ قىلدى!

كېنىزەكلەر تۆشەك چىمىلدىقلىرىنى چۈشۈردى. شاھ شەيخ جالالىدىن، قاسىم ۋەزىر، شاۋاز قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا كىردى. ئايشە، مەريەم بۇۋى ۋە دېدەكلەر شاھقا تەزىم بەجا كەلتۈردى.

— بالا مېھرىنىڭ تەشنالىقى ھەم ئۆز پۇشتۇمغا ئۆزۈم ئىسىم قويۇش ئارزۇيۇم بىلەن قائىدىنى بۇزۇپ بالىنىڭ قىرىقى توشماستىن شىكاردىن بالدۇر ياندىم، پەرۋەردىگار كەچۈرەر، — دېدى شاھ.

— ئۇلۇغ نىيەتلەر بەرىكەت تاپقاي، ئالىيلىرى، — دېدى ئايشە.

مېھرىبانۇ چىمىلدىق ئىچىدە ئېغىز ئاچتى:

— شاھ ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك قەدەملىرىدىن بېشىم كۆككە يەتكەندەك بولدى. پەرزەنتتەك قىزلىرىنى قۇتلۇقلايمەن. ئالدىلىرىغا چىقىپ، ئاياغلىرىغا باش قويالمىغانلىقىمنى كەچۈرگەيلا ئالىيلىرى.

— ئۆزۈم بۇزغان قائىدىنىڭ جاۋابكارلىقى ئۆزۈمدە، خانىش ئايىم، قورۇنماي يېتىۋېرىڭ.

شاھ سۆزلىگەچ بېرىپ چىمىلدىقنى قايرىدى. ئايشە زاكىدىكى بوۋاقنى تەزىم بىلەن شاھقا سۇندى. شاھ بوۋاققا چوڭقۇر ئاتىلىق مېھرى بىلەن تويماي قارىدى، كۆزلىرىدىن ھاياجان ياشلىرى تامچىدى. خانىشمۇ كۆزىگە ياش ئالدى.

ھەممەيلەن شاھ ئالىيلىرىنى مۇبارەكلەشتى.

— ئۇزاق يىل تەلمۈرۈپ، ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇپ، خۇدادىن تىلەپ ئېرىشكەن پەرزەنتىم. ئاللانىڭ تىلىكىمنى ئىجابەت قىلىپ

بەرگىنىڭگە يۈز مىڭ قەتلە شۈكۈر، — دېدى شاھ سۆيۈنگەن ھالدا.

— قۇتلۇق... يۈز مىڭ شۈكۈر، — دېيىشتى ھەممەيلەن.

— پەرزەنتىمىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن، قايسى قوۋم، قايسى ئۇرۇقنىڭ مەسچىتى بولمىسا، شۇلارغا ئوردا خەزىنىسىدىن چىقىرىپ مەسچىت سېلىپ بېرىلسۇن ! يەنە مىڭ قۇل ئازاد قىلىنسۇن ! — پەرمان قىلدى شاھ.

— خوپ، ئالىيلىرى ! — دېدى مىرزا بەگ.

— شەيخ جالالىدىن، ئۇزاق باش قاتۇرۇپ بالامغا ئىسىم ئويلىدىم، ئويلىسام ھەۋەس ـ ئىشتىياقىمىنىڭ يۈكسەكرەكى شىكار بىلەن ناخشا ـ ئۇسسۇل ئىكەن. ئۇسسۇللار ئىچىدە سەنەملەرگە ئەڭ ئامراقمەن. شۇڭا، قىزىمىنىڭ ئىسمى سەنەم بولسۇن، — دېدى شاھ.

— پەرزەنتكە ئاتا ـ ئانىغا ياقىدىغان، ئۇز ئىسىم قويماق سۈننەتتۇر، ئالىيلىرى. بۇ چىرايلىق ئىسىمغا مۇبارەك بولغاي ! — دېدى شەيخ جالالىدىن خۇشاللىق بىلەن.

— بارىكاللا، چىرايلىق ئىسىم ئىكەن، ئۇز ئىسىم ئىكەن، — ھەممەيلەن تەڭلا مەدھىيە ئوقۇشتى.

— قېنى شەيخ جالالىدىن تەكبىر ئېيتقايلا، — دېدى شاھ.

— ئالالاھۇ ئەكبەر، ئالالاھۇ ئەكبەر ... — تەكبىر باشلىدى شەيخ جالالىدىن.

بۇ چاغدا ھەسەن ۋەزىرنىڭ رەپىقىسى نىگارئايىمنىڭ ھۇجرىسىغا چاپارمەن شەمشى ئالدىراش كىرىپ كەلدى ـ دە، دېدى:

— خانىم، شوم خەۋەر... ۋەزىرئەزەم قازا قىلدى...

— نېمە؟ نېمە دېدىڭ؟ ۋاي تۇغۇلۇپلا غېرىب بولغان ئوغلۇم...

نىگارئايىم شۇنداق دەپلا ھوشىدىن كەتتى، بوۋاق قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

شۇ پەيتتە خانىش ھۇجرىسى خۇشاللىقتا چۆمگەن بولۇپ، ھەممەيلەن ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي بوۋاقنى قۇتلۇقلىشىۋاتاتتى:

ــ مۇبارەك بولغاي، سەنەم ئاتلىق پەرىزاتتەك قىزغا مۇبارەك بولغاي !

شاھ زاكىدا خاتىرجەم ياتقان بوۋاقنى سۆيدى، بوۋاق شۇئان يىغلىدى، شاھ قاقاقلاپ كۈلۈپ بوۋاقنى ئايشەگە بېرىپ، نەزم قاتتى:

كۆرۈندى كۆز قاراسىغە مەگەر خەيلى پەرىزادى،
شادلىق تۇتتى جاھاننى، كەلدى يا بىر قەددى شەمشادى.
گۈلىستان بولدى دۇنيا، كۆتكەن تىلەك كەلدى يارىم،
باياۋان بولدى باغۇ بوستانى خۇررەم ئابادى.
باھارىستان بولدى، رەڭمۇرەڭ گۈللەر بولۇپ پەيدا،
خەزان ئەتمەك ئۈچۈن دوستلار، ئىلاھا كەلمەگەي بادى.
نەچچە يىللار ياتىپتىمەن قارا يامغۇر ئاستىدا دائىم،
پەرىزادىم، مەلىكەم كەلدى مانا ئەمدى يادى.

شاھنىڭ خاس نۆكىرى ئالدىراش كىرىپ خۇشال ئولتۇرغان شاھنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. شۇ ھامان شاھنىڭ چىرايىدىكى كۈلكىسى ئۆچۈپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى. شۇ تاپتا شاھنىڭ قەدىناس دوستى، سادىق ھەمدەمچىسى ھەسەن ۋەزىرنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتاتتى.

ــ نېمە؟! ھەسەن ۋەزىر قازا قىپتۇ؟ ــ شاھ جىددىي تەرزدە سورىدى.

ھەممەيلەن ھەيرانلىقتا بىر ـ بىرىگە جىممىدە چەكچىيىشىپ قاراشتى.

ــ قانداق بولۇپ؟ ــ قايتا سورىدى شاھ.

ــ قارا بۇغرا جىلغىسىدىكى ئاسما كۆۋرۈكتە ئارقان ئۈزۈلۈپ

كېتىپ جىلغىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، — دېدى نۆكەر ئايانچلىق هالدا.

— تېخى يېقىندىلا سالغان كۆۋرۈكنىڭ ئارقىنى قانداق بولۇپ ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ؟ — شۈبهە ئىلكىدە سورىدى شاه.

— ئالدىنقى كۈنلەردە بىز ساق - سالامەت ئۆتكەن، — دېدى شەيخ جالالىدىنمۇ هەيرانلىقىنى يوشۇرالماي.

— ئارقان نامەلۇم دۈشمەنلەر تەرىپىدىن كېسىلگەندەك تۇرىدۇ، ئالىيلىرى، — دېدى نۆكەر.

— يا پاناه، دۈشمەن يېنىمىزدا باركەن - دە، — دېدى شاه خورسىنىپ. شاۋاز تەسەللى بەرگەن بولۇپ ئېغىز ئاچتى:

— ئەلهۆكمىلىللا، قازاغا رىزا دېمەي ئامال يوق، ئالىيلىرى.

— بۇ ئىش يامانلىقنىڭ بېشارىتىدۇر. شۇڭا، ۋەزىرئەزەم ئۆلۈمىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاپ هەقىقىي قاتىلنى تېپىپ چىقىش لازىمدۇر، شاه ئالىيلىرى، — دېدى قاسىم ۋەزىر جىددىي تەرزدە، — هەسەن ۋەزىردەك خاندانىمىز تۈۋرۈكىنىڭ يىقىتىلىشى خانلىققا قىلىنغان زور زىيانكەشلىك. بۇ زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش، بۇنداق تۈۋرۈكتىن يەنە بىرنى تىكلەش تەستۇر.

— هەسەن ۋەزىر پەرۋەردىگارنىڭ خاندانلىقىمىغا بەرگەن كاتتا بايلىقى ئىدى. ئەمدى بۇ ئۆمرۈمدە بۇنداق دانا ۋەزىرنى ئىككىنچى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم، — شاه ئېچىنىش بىلەن ئېيتتى.

— دەرۋەقە ئېسىل زات ئىدى، — شەيخ جالالىدىن شاهنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى.

— مەرهۇمنىڭ تاۋۇتى كاتتا جابدۇلۇپ، پادىشاه جەمەتى قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنسۇن. قەبرە بېشىدا قارىي، شەيخلەر قىرىق كېچە - كۈندۈز خەتمىقۇرئان قىلسۇن ! مەرهۇمنىڭ هەققىدە مەسچىتلەرگە بەش يۈز پاتمان ئېكىنزار يەر ۋەخپە قىلىنسۇن ! پۈتۈن دۆلەتتە قىرىق كۈن ماتەم تۇتۇلسۇن !

مەرھۇمنىڭ قازا قىلغانلىق خەۋىرى پۈتۈن قوشنا خانىدانلىقلارغا چاپارمەن ئارقىلىق ئۇقتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ تەزىيىسى قوبۇل قىلىنسۇن ! — دەپ پەرمان چۈشۈردى شاھ شەيخ جالالىدىنىنىڭ سۆزىدىن كېيىن.

— شاھ پەرمانى ئىجرا قىلىنسۇن ! — ۋارقىرىدى جاكارچى.

— پەرمان بەردارمىز، ئۇلۇغ شاھ ئالىيلىرى، — دېيىشتى ھەممەيلەن.

ھەيۋەتلىك مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا سان - ساناقسىز ئەل - جامائەت يىغا - زار بىلەن ھەسەن ۋەزىرنىڭ تاۋۇتىنى تالىشىپ كۆتۈرۈشتى. قىيامەت قايىم بولغاندەك يىغا - زار بىلەن ئۆزلىرىنى كاچاتلاپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ، يۈزلىرىنى تاتىلاپ تاۋۇتقا ئىنتىلىۋاتقان كىشىلەر دولقۇنىنى ياساۋۇللار ئاران - ئاران توسۇپ تۇراتتى. تاۋۇتنىڭ ئالدىدا شاھ باشچىلىقىدىكى ئوردىنىڭ قەلەمدار، ئەلەمدارلىرى، ۋەزىر - ۋۇزرا، سەركەردە - سەرۋازلىرى ماڭغانىدى. شاھنىڭ كۆزلىرىدە ياش، شاۋاز ھەممىدىن بەك داد - پەرياد بىلەن يىغلاپ ماڭماقتا ئىدى.

ھەسەن ۋەزىرنىڭ قەسىرىدىكى ھەممەيلەن قارىلىق تۇتقانىدى. شاھنىڭ خەۋەرچىسى سىرتتىن ۋارقىرىدى.

— شاھ ئالىيلىرى كەلدى !

بارلىق ھازىدارلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ شاھقا باش ئېگىپ تۇردى. شاھ شەيخ جالالىدىن، قاسىم ۋەزىر، شاۋازلارنىڭ ھەمراھلىقىدا كىرىپ تۆردىن ئورۇن ئالدى، شەيخ جالالىدىن پاتىھە ئوقۇدى، پاتىھەدىن كېيىن شاھ سورىدى:

— مەرھۇم ۋەزىرئەزەمنىڭ ۋارىسىغا قايسى مۇبارەك ئىسمىنى قويدۇڭلار؟

— ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، مەرھۇم جان ئۈزۈش ئالدىدا ئوغلۇم غېرىب بولۇپ قالىدىغان بولدى دېگەن بىر ئېغىز سۆزنى قىلغانىكەن. مەرھۇمنىڭ ئاخىرقى شۇ سۆزىنى ئوغلىمىزغا ئاتىسىدىن قالغان تەۋەررۈك ئىسىم قىلىپ قويدۇق، — دېدى

نىگارئايىم.

— بۇ ... بۇ ئىسىم ... ئەستاغپۇرۇللا... بوپتۇ، مەرھۇمنىڭ لەۋزىنى يەردە قويمايلى، مەنمۇ بوپتۇ دەي. ئەمما، شەيخ جالالىدىن، قاسىم ۋەزىر، ئىشىك ئاغىسى شاۋاز، قۇلىقىڭلاردا بولسۇن! مەرھۇم ۋەزىرئەزەمنىڭ ئوغلى ھەم مېنىڭ ئوغلۇم، ئۇ قىزىم سەنەمگە ئوخشاشلا ئوردا تەربىيىسىگە ئېلىنسۇن. قىزىم سەنەم بىلەن مەرھۇم ھەسەن ۋەزىرنىڭ ئوغلى غېرىبنىڭ تەربىيىلىنىش ئىشلىرى ھەم ئۆسۈپ يېتىلىشىگە دۆلەت ئۇستازى شەيخ جالالىدىن مەسئۇل بولسۇن، — دېدى شاھ تەمكىنلىك بىلەن.

— باش ئۇستىگە، ئالىيلىرى، ھىممەتلىرىگە ھەشقاللا، — دەپ رازىمەنلىك بىلدۈردى شەيخ جالالىدىن.

— چەكسىز ئىلتىپاتلىرىغا مىڭ ھەشقاللا، ئالىيلىرى. ئەمما، مەرھۇمدىن تەۋەررۇك قالغان بىر تال ئوغلۇمنى مەندىن ئايرىمىغايلا. سىلىدىن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى بولاي...

نىگارئايىم شۇنداق دەپ شاھنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى.

— ھە... بۇنىڭ چارىسى...

— نىگارئايىمنىڭ قولىغا خانلىق دەستەك پۇتۇپ بەرسەك، نىگارئايىم قاچان ئوردىغا كەلسە، ئىشىك ئۇنىڭغا ئوچۇق بولغاي! — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— ياكى بولمىسا مەرھۇم دوستۇمنىڭ بالا - چاقىسىنىڭ يېتىمسىرەپ قالماسلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىنى تۇتۇپ، نىگارئايىمنى خانىشلار قاتارىدا پاناھىمغا ئالساممۇ بولىدۇ، — دېدى شاھ پەس ئاۋازدا.

ھەممەيلەن بىر - بىرىگە قاراشتى، شاۋازنىڭ يۈزى تارتىشىپ كەتتى.

— ئالەم پاناھ، خانلىق دەستەكلىرىنىڭ ئۆزى مەن ئۈچۈن ئەڭ زور مۇكاپات، — دېدى نىگارئايىم مەرھۇم ھەسەن بۇيرۇق قۇتتېكىنىنىڭ نامىنى شىپى كەلتۈرۈپ، — بۇ ئالەمدىن ئۇ

ئالەمگە يۈزۈم يورۇق بىرىشىمغا ئىجازەت بەرگەيلا...

— ۋەزىرئەزەمگە بىرىلىدىغان تەمىنات مەرھۇم ھايات چاغدىكىگە ئوخشاشلا ئۇنىڭ ئائىلىسىگە دۆلەت خەزىنىسىدىن مەڭگۈ بىرىلسۇن! — دىدى شاھ پەرمان قىلىپ.

— خوپ، ئالىيلىرى، — ۋەدە بەردى قاسىم ۋەزىر.

— ئالەم پاناھ، مەرھۇمنىڭ ئۆلۈمىنى تەقدىردىن كۆرە سۈيىقەست دەپ بىلىمەن، — دەپ ئىغىز ئاچتى نىگارئايىم، — مەرھۇمنىڭ ھەق - ھۆرمىتى، گۆرىدە خاتىرجەم يېتىشى ئۈچۈن ئۇنى قەستلىگەن بەتنىيەتلەرنى تىپىپ، خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلىپ، قان قىساسىنى ئىلىپ بەرگەيلا.

— بەرھەق، شۇنداق قىلىمىز. شاۋاز باشلىق خانلىق مۇپەتتىش مەھكىمىسى بۇ ئىشنى جىددىي سۈرۈشتە قىلىۋاتىدۇ، — دىدى شاھ.

— خۇدا نىسىپ قىلسا، پات ئارىدىلا بۇ قارا يۈزلەر خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا بولغاي، ئۇلارنى تاش - بوران قىلىپ قىساس ئالغايمىز، — شاۋاز ياسالمىلىق بىلەن ۋەدە بەردى.

شۇنىڭدىن كىيىن شاھ نىگارئايىمغا تەسەللى ئىيتىپ، ئوردىغا قايتتى.

شاۋاز قەسىر دەرۋازىسىدىن ھارغىن ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىغا تال چىۋىقنى ئات قىلىپ مىنىپ ئويناۋاتقان بەش ياشلىق ئوغلى ئابدۇللا يۈگۈرۈپ كەلدى. شاۋاز ئوغلىنى قۇچىقىغا ئىلىپ پىشانىسىگە سۆيدى.

— ئوغلۇم، نىمە قىلىۋاتىسەن؟

— ئات چاپتۇرۇۋاتىمەن.

ئابدۇللانىڭ ئۇستازى، ئىنىكئانىسى، شاۋازنىڭ خوتۇنى قاراكۆزئايىم شاۋازنىڭ ئالدىغا چىقىپ تەزىم قىلدى.

— قايتىپ كەپتىلا، ۋەزىرئەزەم، — دىدى ھەممەيلەن تەڭلا.

شاۋاز ئاچچىقلىنىپ شالىنى چاپتى:

— كىم سىلەرنى مىنى ۋەزىرئەزەم دەڭلار دىدى؟ مەن ھەسەن



www.uyghurkitap.com

ۋەزىرىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىۋاتقان بولسامۇ، شاھ تېخى مېنى ۋەزىر دەپ رەسمىي جاكارلىمىدى. يەنىلا ئىشىكئاغىسى دەۋاتىدۇ. قاچان ئېتىراپ قىلاركىنتاڭ؟

— كەچۈرسىلە... ۋەز... بېگىم...

— ئوغلۇم ئابدۇللا، دادىڭىز بەك چارچاپ كېتىپتۇ، چۈشۈڭ، — دېدى قاراكۆزئايىم دادىسىنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋالغان ئوغلىغا شەرەتلەپ. بالا ئۈنىمىدى.

— بۈگۈن ئۇستازىڭ نېمە ئۆگەتتى؟ — سورىدى شاۋاز.

— ئات مىنىشنى، — دەپ جاۋاب بەردى ئابدۇللا.

— چوڭ بولساڭ نېمە بولىسەن؟

— كەپتەرۋاز بولىمەن، دادا.

شاۋاز غەزەپ بىلەن ئوغلىنى يەردە قويۇپ، مەڭزىگە بىر كاچات سالدى.

— پادىشاھ بولىمەن دە، پادىشاھ، ھۇ كالۋا...

ئابدۇللا يىغلاپ تۇرۇپ:

— ماقۇل دادا، پادىشاھ بولىمەن، — دېدى.

— دامولla ئابدۇلغەپۇر... بالىنى قانداق تەربىيىلەۋاتىسىز؟... ئوقۇتىسىڭىز تۈزۈك ئوقۇتۇڭ، بولمىسا ئۆزىڭىزنى بۇ كاتتا قەسىردە ئەمەس، زىنداندا كۆرىسىز، — دېدى شاۋاز تەھدىت بىلەن.

ئابدۇلغەپۇر داموللا ئېگىلىپ ئەپۇ سورىدى:

— ھەزرەتلىرى، مەن ئېزىپتىمەن، پېقىرنى كەچۈرسىلە.

شاۋاز گەپ قىلماستىن پەرىجىسىنى سېلىپ خوتۇنىغا تۇتقۇزدى - دە، خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ھۇجرىسىدا ئىچ كىيىم بىلەن ھالسىز ئولتۇرغان شاۋازنىڭ مۈرە - قوللىرىنى ئىككى دېدەك تۇتتى. ئىسسىق سۇغا چىلانغان پۇتلىرىنى ئىككى دېدەك يۇدى. ھۇجرىغا ئوردا ھەرەمخانىسىنىڭ باش غوجىدارى ئايشە كىرىپ تەزىم قىلغىنىچە دېدى:

— ئىشىكئاغىسى ھەزرەتلىرى، مەن كەلدىم.

شاۋاز كۆزىنى يۇمۇپ سورىدى:

— ئورىدا نېمە يېڭىلىقلار بار؟

— نەمەنگاندىن كەلگەنلەر ئۆزلىرى تەلەپ قىلغان سۈرەتتەك قىزدىن بىرنى ئەكەپتۇ، — دېدى ئايشە.

— ئوبدان بوپتۇ. ئۇ قىز شاھنىڭ يەنە يېڭى توقال سېغىنىپ قالغان چېغىدا تازا ئۇسسىغان يېرىگە بارىدىغان بولدى، — دېدى شاۋاز گۇلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا.

— يامان دوقمۇشتا شاھنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالىدىغان بولدىلا، ھەزرەتلىرى. شاھ بۇ قىزنى كۆرسە ئۆزلىرىنى ھەسەن ۋەزىرنىڭ ئورنىغا تەيىنلىمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، — دەپ ھەييارلىق بىلەن كۈلدى ئايشە.

— ئىمادىدىن قەشقەرىنىڭ چىنار قوۋزىقىدىن ياسىغان تۇغماسلىق دورىسىنى ئۇ قىزغا تازا ئىچۈرۈپ تەييارلاڭلا. ئەمدى ھېچقانداق خانىش ياكى توقال - دېدەكنىڭ شاھتىن باللىق بولۇشىغا رۇخسەت يوق، — دېدى شاۋاز تەرىنى تۈرۈپ.

— خوپ، ئالىيلىرى... ئەمما ئۈچىنچى خانىش سەئىدە ھامىلدار بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى ئايشە قورۇنۇپراق.

— نېمە؟ — دېگىنىچە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكەن شاۋاز دېدەكلەرنى سىلكىپ چىقىرىۋېتىپ سورىدى، — قانداق بىلدىڭ؟

— سەپسالسام، قىلىقلىرىدىن سېزىكلىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرىدۇ.

— دورا ئىچۈرمىگەنمىدىڭ؟ — سورىدى شاۋاز.

— ئىچۈرگەن، ئۇنىڭغا كار قىلمىغان ئوخشايدۇ.

— بۇنى باشقىلار بىلەمدۇ؟

— ياق تېخى، شاھ شىكاردىن كەلگەندىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن دىدار - مۇلاقاتتا بولۇشقا چولىسى تەگمىدى، — دەپ جاۋاب بەردى ئايشە.

— ئىمادىدىن قەشقەرىنى ئالدىمغا كەلتۈرۈڭلار ! — دېدى



www.uyghurkitap.com

شاۋاز.
هايال بولماي، خاس نۆكەر كىرىپ تەزىم قىلدى:
— ئوردا تېۋىپى ئىمادىدىن قەشقەرى ھەزرەتلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.
— دەرھال كىرسۇن!
— خوپ!
ئىمادىدىن قەشقەرى ھۇجرىغا كىرىپ شاۋازغا سالام بەردى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھەزرەتلىرى، پېقىر قۇللىرىغا قانداق دانا يوليورۇقلىرى باركىن؟
— ئىمادىدىن قەشقەرى، ئۈچىنچى خانىش سەئىدەنىڭ قورساق كۆتۈرگىنىنى دورىنىڭ كۈچىدىن كۆرەمدۇق ياكى بۇنىڭدا باشقا سەۋەب بارمۇ؟ — سورىدى شاۋاز.
— يوقسۇ ھەزرەتلىرى، شۇنچە خانىش، توقال ـ دېدەكلەرگە كار قىلغان دورام ئۈچىنچى خانىشقا كار قىلماي قالمايدۇ. دورىنى ئىچمەي قالغان بولۇشى...
ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەي ئايشە لوقما سالدى:
— يوقسۇ تېۋىپ ھەزرەت، هازىرغىچە ئادەملىرىمنىڭ قىلچە بىخەستەلىك قىلغانلىرى كۆنىنىڭ سىرىقىنى كۆرگەن ئەمەس. شۇڭا، ئۇلاردىن مېنىڭ سىزىقىمدىن چىققانلىرى يوق.
— ئەمىسە ئۇ دورىنى بەدەنگە تەيمەستە ياندۇرۇۋەتكەن گەپ، بولمىسا... — دېدى ئىمادىدىن قەشقەرى ئېھتىيات بىلەن.
— دېمەك، ئۇ ئۆزى ئىچىۋاتقان چاي دورىسىنىڭ قانداق دورا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغان، شۇنداقمۇ؟ — سورىدى شاۋاز.
— خوتەندە تېبابەت بىلمەيدىغان ئادەم يوق. سەئىدە ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەن ئابدۇجېلىل قاراقاشنىڭ قىزى، مەرتىۋىلىك تۆرە ئائىلىسىدە تەربىيىلەنگەن. ئۇنىڭ ئەقلى ھەم بىلىمى زىيادە. بۇنى بىلمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى ئىمادىدىن قەشقەرى.
— سىرىڭنى بىلگەن ئادەم ئاتاڭ بولسىمۇ ساڭا دۈشمەندۇر.

ئۇ ھاياتلا بولىدىكەن، بىزگە خەۋپ يۈزلەنگۈسى. دەڭلار قىنى، بىز ئۆلەمدۇق؟

بۇ ئۈچ كىشى جىددىي تەرزدە بىر - بىرىگە قاراشتى.

— تېۋىپ ھەزرەت، ئۇ ئەمدى باقىي ئالەمنىڭ جەننىتىدىن ئورۇن ئالغاي ! — دېدى شاۋاز كۆزلىرىدىن ياۋۇزلۇق ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ.

— خوپ، ھەزرەتلىرى ! — ئىمادىدىن قەشقەرى قوللۇق بىلدۈردى.

— بۇرۇنقىدەك مىڭىسىگە قان چۈشۈپ زۇۋانىدىن قالامدۇ؟ — سورىدى ئايشە.

— كالۋا... ئۇ خەت يازالايدۇ. بىر ئۇخلىغانچە ئىككىنچى ئويغانمىسۇن، — تېرىكتى شاۋاز.

ئەبەي قول كىرىپ شاۋازنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. شاۋاز تېۋىپ بىلەن ئايشەنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى، ئۇلار چىقىپ كەتتى.

— مەرھۇم ھەسەن ۋەزىرئەزەمنى قەستلىگەن قاتىللار قولغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ يانچۇقىدىن مۇنۇ خەت چىقتى.

شاۋاز خەتنى كۆرۈپ:

— ھىم، بۇ قاسىم ۋەزىرنىڭ خېتىغۇ، دەرھال شاھ ئالىيلىرىغا يەتكۈزۈڭلار! — دېدى.

شاھ خاس ھۇجرىسىدا خەتنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— نېمە، قاسىم ۋەزىر شۇنداق قىلغانمىدۇ؟

— ھەسەن ۋەزىرنىڭ كەينىدىن تارقالغان پىتنە - پاساتنىڭ ئىگىسى ھەمىشە قاسىم ۋەزىر بولۇپ چىقاتتى، ئالىيلىرى، — دېدى شاۋاز مۇغەمبەرلىك بىلەن.

— پىتنە - پاسات باشقا گەپ، ئەمما قاسىم ۋەزىر بۇنچىۋالا... — شاھ ئارسالدى بولدى.

— مەرھۇم ھەسەن ۋەزىر بىلەن قۇدا بولماققا پۈتۈم قىلغانلىرى قاسىم ۋەزىرنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى چېكىگە

www.uyghurkitap.com

يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ بۇ بەتنىيەتلىكنى قىلىشىغا سەۋەب بولغاندۇر، ئالىيلىرى. سىلىگە شۇم خەۋەر ئەكەلگىنىمنى ئەپۇ قىلغايلا. ئەمما، قوينىمىزدا بېقىۋاتقان يىلاننىڭ بېشىنى يانجىمىساق، بىزنى چېقىپ ئۆلتۈرىدۇ. شىكەستىلەنگەن كۆڭۈللىرىگە تەسەللى بولسۇن دەپ نەمەنگاننىڭ ئالمىسىدىن بىر تال ئالغاچ كەلدىم، ئالىيلىرى، — دېدى شاۋاز.

شاۋاز ئىشارەت قىلدى. ئايشە باشچىلىقىدىكى بىر توپ كېنىزەك توزدەك ياساندۇرۇلغان بىر قىزنى ئارىغا ئېلىپ كىردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سازەندىلەرمۇ بار ئىدى. سازەندىلەر ساز چېلىپ ناخشا ئېيتتى. نەمەنگان گۈزىلى مىڭ خىل نازۇكەرەشمە بىلەن تولغىنىپ ئۇسسۇل ئوينىدى.

نەمەنگاننىڭ ئالمىسى كۆزدە پىشامدۇ؟
شاخلىرىدا ساڭگىلاپ كۆزنى قىسامدۇ؟
نەمەنگاننىڭ قىزلارى باغدىن چىقامدۇ؟
چار يىلاندەك تولغىنىپ جاننى ئالامدۇ؟

نەمەنگاننىڭ ئالمىسى جەننەت پۇرايدۇ،
يېسەڭ ئۇنى ئاۋايلاپ قەنتتەك تارايدۇ.
نەمەنگاننىڭ قىزلارى ئالما پۇرايدۇ،
لەۋلەرىدە شېكەر بار جانغا تارايدۇ.

نەمەنگاننىڭ ئالمىسى كۆزدە پىشادۇر،
نەمەنگاننىڭ قىزلارى سۆزدە پىشادۇر.
لەۋلەرىدە ھەسەل بار، كۆزنى قىسادۇر،
چار يىلاندەك تولغىنىپ جاننى ئالادۇر.

شاھ ئەقلى لال بولۇپ، ئاغزىنى كاماردەك ئېچىپ قىزغا قاراپ قالدى. شاۋاز ھۆكۈمنامە بىلەن پەي قەلەمنى شاھقا تەڭلىدى.

www.uyghurkitap.com

شاھ ھۆكۈمنامىگە تۈزۈك قارىماستىن ئۇسسۇل ئوينىۋاتقان قىزغا قارىغىنىچە ئىمزاسىنى قويدى.

ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان جازا مەيدانىدا قاسىم ۋەزىر قاتارلىق تۆت مەھبۇس تاياق زەربىسىدىن باش ـ كۆزى قانغا بويالغان، ئېچىنىشلىق ھالدا دار ئالدىغا يالاپ ئېلىپ كېلىندى. دار ئالدىغا كەلگۈچە مەيداندىكى جامائەت بۇ مەھبۇسلارغا چالما ـ كېسەك ئاتتى. قازى ھۆكۈمنى ئوقۇدى:

*«خان ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى بويىچە مەرھۇم ۋەزىرئەزەم ھەسەن بۇيرۇق قۇتتېكىنىنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن قاتىللار دارغا ئېسىلسۇن!»*

مەھبۇسلار دارغا ئېسىلدى.

قەلئەنىڭ ئېگىز كۈنگۈرىسىدىن جازا مەيدانىغا قاراپ تۇرغان شاۋاز كۈلۈمسىرىدى. ئەبەي قۇل خۇشامەت بىلەن پىچىرلىدى:

— ۋەزىرئەزەمنىڭ ئورنىغا چىققۇدەك سىلىدىنمۇ ئارتۇقراق ئادەم قالمىدى، ھەزرەتلىرى، ئەمدى خاتىرجەم بولسىلا بولىدىغان بولدى.

— مېنىڭ ئورنۇم ھاسىل بولغان بىلەن، شاھقا كۈيئوغۇل بولۇپ تەخت ۋارىسى بولىدىغان غېرىب دېگەن شۇمتەك ئوغلۇم ئابدۇللانىڭ تاۋىقىنى چاقىدۇ. ئىنسانغا خاتىرجەملىك نەدە دەيسەن؟ — دېدى شاۋاز ئەلەم بىلەن.

— بەش قولنى ئېغىزغا بىراقلا تىققىلى بولماس، ئالىيلىرى. ئۇ شۇمنىڭ نۆۋىتى ئەمدى كەلمەمدۇ؟ — دەپ شاۋازنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى ئەبەي قۇل.

شاۋاز ئۆز خانىسىغا ياندى. شۇ تاپتا، ئىچى تار يارىتىلغان شاۋازنىڭ تارلىقى تېشىغا تېپىپ، بەلگە سۆپىتىدە يۈزى قورۇپ قورۇلۇپ قالغان قېرى ساغلىقىنىڭ تېرىسىدەك تۈرۈلۈپ، مىنگەش ـ مىنگەش قورۇقلار ئارىسىدىكى چېقىر كۆزلىرى

دوزاخنىڭ يالقۇنىدەك پىلدىرلايتتى. ئۇ ياسىداق خاننىڭ ئېگىز تورۇسىغا تېكىلگىنىچە ئاللىقانداق شۇملۇقلارنى كۆڭلىگە پۈكۈۋاتاتتى.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئىككىنچى باب

تەربىيىسىز، مائارىپسىز قالغان ئەل ــ خەلق كۆزى ئوچۇق ئەماغا ئوخشاش يورۇق دۇنيادا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەي، ئالدىغا ماڭسا دوقالغا ئۇسۇۋېلىپ بۇرنى، قاش ــ قاپىقى قانايدۇ؛ ئارقىسىغا يانسا ھاڭغا چۈشۈپ ئۆلىدۇ؛ ئوڭغا ماڭسا پاتقاققا پاتىدۇ؛ سولغا ماڭسا چۆل ــ جەزىرىگە، بارسا ــ كەلمەس يولغا مېڭىپ قالىدۇ، ھالاك بولىدۇ. مائارىپسىز، تەربىيىسىز قالغان ئادەم قولىدا پۇلى تۇرۇپ داۋالىنالماي ئۆلۈپ كەتكەن بەختسىز پۇلدارغا ئوخشايدۇ. مائارىپسىز، تەربىيىسىز قالغان ئادەم كۆزى تېڭىپ قويۇلغان، قۇلىقىغا ماز كەپلەنگەن، ھېچنېمىنى كۆرەلمەيدىغان، ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمايدىغان، باغلاقتىكى قەرزدارغا ئوخشايدۇ. ئۇ ئۆزى خالىغاننى يەپ ــ ئىچىشكە قادىر بولالمايدۇ، ئۆزىنى باغلىۋالغان رەھىمسىز قىمارۋاز ــ جازانىخور بەرسە يېيەلەيدۇ، بەرسە ئىچەلەيدۇ، نېمە بەرسە شۇنى يەيدۇ. ھەتتا جازانىخور ــ زالىم ئۇنىڭغا كېپەك بەرسە ھالۋا دەپ يېمەي ئامالى يوق. مانا بۇ مائارىپسىز، تەربىيىسىز قالغان ئادەمنىڭ بەختسىز، ئېچىنىشلىق ھالى. بىر ئائىلىنى بوزەك قىلاي دېگەن بەتنىيەت ئۇنى تەربىيىسىز، مائارىپسىز قويسا ئۇ ئائىلە ئەزالىرى قۇرتلار بىر ــ بىرىنى يەپ تۈگەتكەندەك بىر ــ بىرىنى يەپ تۈگىتىدۇ. بىر ئادەم بىر قوۋمغا، خەلققە، بىر ئائىلە بىر يۇرت، بىر ۋەتەنگە ئوخشايدۇ. بىر ئادەم، بىر ئۇرۇق، بىر يۇرتنىڭ بەختسىزلىكىنىڭ ئەڭ روشەن، ئەڭ جانلىق دەلىلى شۇ ئادەم، شۇ يۇرتنىڭ مائارىپسىز قالدۇرۇلۇشى، نادان، ئوغرى ــ يانچۇقچى، بۇزۇقلارنىڭ كۆپلەپ چىقىشى ئىدى. مانا بۇ بارسا كەلمەس يول ئىدى. بۇنداق ئىسسىق ــ سوغۇقنى باشتىن كۆپ

ئۆتكۈزگەن قاراخانىيلار خانلىقنىڭ دانىشمەنلىرى مائارىپنى، بالىلار تەربىيىسىنى خانلىقنىڭ سۇ، ھاۋادەك مۇھىم ئىشلىرى ئۈستىگە قويغانىدى. چۈنكى، خانلىقنىڭ ئەتىكى ۋارىسلىرى بولغان بالىلار مائارىپقا، تەربىيىگە ئىگە بولسا خانلىقنىڭ ھاياتى داۋاملىشالايتتى، بولمىسا ئۇ زەيلەپ كەتكەن ئەسكى تامدەك ئۆزلۈكىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ يوقىلاتتى. مائارىپ ـ تەربىيە بالىلارنى ئوتقا دېسە ئوتقا، سۇغا دېسە سۇغا كىرىدىغان، ھاڭغا سەكرە دېسە ئالدى ـ كەينىگە باقماي سەكرەيدىغان ئارسلانلاردىن قىلاتتى. تەربىيىسىزلىك بالىلارنى ئوغرى، ساختىپەز، شەخسىيەتچى، لامزەللە، ۋىجدانسىز، شەرمەندە بۇزۇقلاردىن قىلىپ كوچىغا ھەيدەپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى چىرايلىق، پارقىراق كۆزلىرىدە مىڭ يۇلتۇزنىڭ جىلۋىسى ئويناپ تۇرغان بىلەن قەلبى، روھى قاراڭغۇ ئىدى، كەيپ ـ ساپا، ئويۇن ـ تاماشا، ساختا خۇشاللىق، ئالدامچىلىق، نەپسانىيەتچىلىككە ئۆگەنگەن بولاتتى. بالا ئاتا ـ ئانىسىنى ئالداش، ئاتا ـ ئانىسى بالىسىنى ئالداش، يالغان دوستلار بىر ـ بىرىنى ئالداش، خۇشامەت، تەمە، يالغان گەپ، يالغان ۋەدە، يالغان كۈلكە بىلەن ئۆتەتتى. زاۋاللىققا بارغانچە پېتىپ، كۆزى تۇرۇپ كور، بۇرنى تۇرۇپ سەزمەس، قۇلىقى تۇرۇپ ئاڭلىماس خار مەخلۇققا ئايلىنىپ قالاتتى. مانا بۇ مائارىپسىزلىقنىڭ دەردۇ بالاسى ئىدى. شۇڭا، قاراخانىيلار خانلىقى بالا تەربىيىسىنى ھەربىي ئىشلارنىڭ ئالدىغا قويغانىدى. بالىغا بىر جۈملە ئوبدان گەپ، قىلدەك بىر تال يېڭى ھۈنەر، تېرىقچىلىق بىر يېڭى بىلىم بېرىدىغان بىر بىلگۈچى بولسىمۇ تاغ ـ دەريا، سەھرا، بۆلۈك ـ پۇچقاقلارغىچە ئىزدەپ ـ سوراپ تېپىپ ئەكېلىپ شۇ بىلىم ئىگىسىنى ئەتىۋارلايتتى. مانا بۇ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ يەتتە ياشتىن ـ يەتمىش ياشقىچە، شاھتىن ـ گادايغىچە ھەممىسى بىلىدىغان تاماق يېمىسە ئاچ قالىدۇ دېگەندەك سائادەتنامىسى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن قاراخانىيلار ئىلىم ـ بىلىمگە ئالاھىدە ئەھمىيەت

بەردى. بىر ئائىلە بىر بالىسىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، قوي - كالىسىنى، بېغىنى، ھەتتا ئۆيىنى سېتىۋېتەتتى. بالىسىغا بىر ئىلىم، بىر بىلىم ئۆگىتىشتە، ئۇستازى ماڭا ئون يىل مۇلازىم بولۇپ ئىشلەپ بەرسە شۇ بىر ھۈنەرنى، ئىلىمنى ئۆگىتىپ قويىمەن دەپ شەرت قويسا، ئاتا - ئانا بۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن رازى بولۇپ، بالىسىنى شۇ ئۇستازغا شاگىرتلىققا تۇتۇپ بېرەتتى. بالىمۇ ئۇستازغا ئون يىل غىڭ قىلماي مۇلازىم بولۇپ ئىشلەپ بېرەتتى. قاراخانىيلاردا ئاتا - ئانىدىن ئۇستازنى ئۇلۇغ بىلىش، بەگدىن مۇددەرىسنى ئەلا بىلىش، ئۆيدىن مەدرىسىنى ئەلا بىلىش، ئۇستازنى ھۆرمەتلەش ئۇدۇمغا ئايلانغانىدى. قاراخانىيلاردا مەھەللە، يۇرت، ۋىلايەت دەرىجىلىك مەدرىسلەر بار بولۇپ، بالىلارغا ئەقلى قابىلىيىتى، ئوقۇش دەرىجىسى بويىچە ئىلىم ئۆگىتىلەتتى. ئەلا ئوقۇغۇچىلار دەرىجىمۇ دەرىجە يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇيتتى. سەرخىل، دانىشمەن بالىلار ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان خانلىق مەدرىسىگە يوللاپ بېرىلەتتى. خانلىق مەدرىسە خانىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا ئىدى.

خانلىق مەدرىسىنىڭ باش مۇددەرىسى خانىنىڭ ئۇستازى بولاتتى. خانلىق مەدرىسىنىڭ بارلىق خىراجەتلىرى دۆلەت خەزىنىسىدىن لەشكىرىي خىراجەتنىڭ ئالدىدا چىقىرىلاتتى. چۈنكى، خانلىق مەدرىسىنىڭ تالىپلىرى كەلگۈسىدىكى خانلىقنىڭ سۇلتان، ۋەزىر، سەردار - سەركەردىلىرى بولۇپ، خانلىقنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرغۇچى دۆلەت تۈۋرۈكلىرى ئىدى. مانا ھازىرقى خانلىق مەدرىسە سۇلتانىنىڭ ئوردىسىنىڭ يان تەرىپىگە جايلاشقان، ئۇنىڭ باش مۇددەرىسى — دۆلەت ئۇستازى شەيخ جالالىدىن ئىدى.

خانلىق مەدرىسىدە شەيخ جالالىدىن ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەۋاتاتتى:

— سىلەر خانىدانلىقىمىزدىكى ۋەزىر - ۋۇزرا، بەگ - تۆرە، ئۆلىما، يۇرت ئاتىلىرىنىڭ ئەۋلادى، خانلىقىمىزنىڭ كېلەچىكى،



www.uyghurkitap.com

كەلگۈسىدە سىلەر خانىدانلىقىمىزنى داۋام ئەتكۈزگۈسىلەر، سىلەر كەلگۈسىنىڭ ۋارىسلىرى.

بۇ غېرىبنىڭ سەككىز ياش چاغلىرى ئىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى:

— ئۇستازىم، مەن ئاتامغا ۋارىس بولمايمەن.

— ئوغلۇم غېرىب، سەن دېگەن قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ كامالەتكە يەتكەن، ئەخلاق ـ پەزىلەت بابىدا ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان دانا بىر ۋەزىرنىڭ ئوغلىسەن. سەن ئاتاڭغا ۋارىسلىق قىلساڭ تەڭداشسىز كاتتا ۋەزىرلەردىن بولىسەن، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— ئاتامغا ۋارىس بولسام بالدۇر ئۆلۈپ كېتىپ، مەنمۇ بالامنى يېتىم، غېرىب قىلامدىمەن؟ — دېدى غېرىب.

— ئىستىقبالىڭ پارلاقتۇر، ئۆزۈڭگە ئىشەنگىن...

شۇ چاغدا ئىشىك چېكىلدى.

— كىرىڭ ! — دېدى شەيخ جالالىدىن.

سەككىز ياشلىق مەلىكە سەنەمنى ئوردىنىڭ باش كېنىزىكى ئايشە، ئىنىكئانىسى بۇۋى رابىيە ھەم ئىككى كېنىزەك ئېلىپ كىردى، ھەممىسى ئۇستاز جالالىدىنغا سالام بەردى.

— ئايشە خېنىم، مەلىكە سەنەم خانىدانىمىز ئاسمىنىنىڭ ئۈمىد نۇرى، ئۇ دەرسكە بالدۇر كېلىپ باشقا بالىلارغا ئۈلگە بولغاي، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— مېنى كەچۈرسىلە، ئۇستازىم، — دېدى سەنەم.

— ئۇستازىم، مەلىكە سەنەم ھەقىچان بۇلماق يەيمەن دەپ تۇرۇۋېلىپ كېچىكتى.

غېرىبنىڭ گەپلىرىگە بالىلار پاراقلاپ كۈلۈشتى.

— ئۇستازىم، تونۇگۈن ئات مىنىشتە غېرىب مېنى يېڭىۋالغانىدى. مەن غېرىبنى يېڭىۋېلىش ئۈچۈن ئات مىنىشنى ئۆگىنىمەن دەپ كېچىكىپ قالدىم، — دېدى سەنەم.

— مەلىكە سەنەم، سىز مېنى مەڭگۈ يېڭەلمەيسىز، ئات

مىنىشتە يەڭسىڭىز ئوقيادا يېڭىلىسىز، ئوقيادا يەڭسىڭىز قىلىچۋازلىقتا يېڭىلىسىز... — دېدى غېرىب.

— مەن سىزنى ئاخىر بىر كۈنى يېڭىمەن، — دېدى سەنەم.

— مەڭگۈ يېڭەلمەيسىز.

— يېڭىمەن.

— مەڭگۈ يېڭەلمەيسىز دېدىم، يېڭەلمەيسىز، — دېدى غېرىب.

مۇلازىم كىرىپ ۋەزىرئەزەمنىڭ خانلىق مەدرىسىگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

شاۋاز ئون ئۈچ ياشلىق ئوغلى ئابدۇللا ۋە باشقا ھەمراھلىرى بىلەن دەرسخانىغا كىردى. شەيخ جالالىدىن ۋە ئۇنىڭ سەنەم قاتارلىق بارلىق ئوقۇغۇچىلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ۋەزىرئەزەمگە سالام بەردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ۋەزىرئەزەم، قۇتلۇق قەدەملىرىگە مۇبارەك، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئۇستازى دۆلەت، — دېدى شاۋاز.

— مەدرىسىمىزنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا قانداق دانا كۆرسەتمىلىرى باركىن؟ — سورىدى شەيخ جالالىدىن.

شاۋاز ئوغلى ئابدۇللانى كۆرسىتىپ سۆزگە كىرىشتى. ئابدۇللا ھەممىگە مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قارىدى، غېرىب ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى دورىدى. باللار پىخىلداپ كۈلۈشتى. سەنەم ھەممىدىن بەكرەك ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى. دەسلەپتە چوڭلار بىلمەي قېلىشتى، كېيىن باللارنىڭ ئەۋجىگە چىققان كۈلكىسىدىن بۇ ئىشقا دىققەت قىلغاندا غېرىب ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىياپەتتە تۇرۇۋالدى.

— ئوغلۇم ئابدۇللانى ئايرىم مۇدەررىس تەكلىپ قىلىپ ئوقۇتۇپ، تەربىيىلەپ كەلگەنىدۇق. بالا يالغۇزچىلىقتا زېرىكىپتۇ. بىللە ئوقۇپ، بىللە ئويناپدىغان بالا بولمىسا بولمايدىكەن. شۇڭا، ھازىردىن باشلاپ ئابدۇللا خانلىق



www.uyghurkitap.com

مەدرىسىنىڭ مۇشۇ سىنىپىدا مەلىكە سەنەم ۋە باشقا باللار بىلەن ھەمساۋاق بولۇپ، ئۇستاز جالالىدىنىنىڭ تەربىيىسىگە كىرسىكەن دەپ ئەكەلدىم، — دېدى شاۋاز.

— ۋەزىرئەزەمنىڭ خانلىق مەدرىسىگە ئەتىۋارلىق ۋەزىر - زادىنى تاپشۇرغانلىقىدىن چەكسىز پەخىرلىنىمىز. ۋەزىرزادىنىڭ قەدىمىگە مۇبارەك بولغاي.

شەيخ جالالىدىنىنىڭ گېپىگە ئۇلاپ باللارمۇ چۇرقىرىشىپ ئابدۇللانى قۇتلۇقلاشتى.

— ئەمىسە ئوغلۇم ئابدۇللا مۇشۇ سىنىپتا مەلىكە ئالىيلىرى بىلەن بىللە ئىلىم تەھسىل قىلسۇن، — دېدى شاۋاز.

— جانابىي ۋەزىرئەزەم، ھېسابىمىزچە ۋەزىرزادىمىز ناماز پېشىنغا يەتتى. شۇڭا، ئۇنى ئەمدى گۆدەكلەر سىنىپىغا ئەمەس، ئوغۇللار سىنىپىغا ئورۇنلاشتۇرۇش لازىمدۇر، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

شاۋاز ئۆڭگەن ھالدا دېدى:

— ھە ... ئۇستاز يېگىلىشىپتىمەن، ئېسىمدە يوق. بوپتۇ ئۇنى پەرھىزكار ئوغۇللار سىنىپىغا ئورۇنلاشتۇرسىلا.

— پەرمانبەردارمەن، جانابىي ۋەزىرئەزەم، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— گۆدەكلەر سىنىپى قاچاندىن باشلاپ ئايرىلىدۇ، ئۇستاز؟ — سورىدى شاۋاز ھاكاۋۇرلۇق بىلەن.

— ئوغۇللار ئون ئىككى ياشقا، قىزلار توققۇز ياشقا توشقاندا ناماز پەرز بولىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— بۇ سىنىپتىكىلەرچۇ؟ — يەنە سورىدى شاۋاز.

— ئوغۇللارنىڭ چوڭى توققۇز ياش، قىزلار سەككىز ياش، جانابىي ۋەزىرئەزەم، — دېدى شەيخ جالالىدىن ئەدەپ بىلەن.

— بالدۇر ئايرىغاننىڭ زىيىنى يوق، شۇڭا بۇ سىنىپتىكى قىز - ئوغۇللار ھازىردىن باشلاپ ئايرىپ ئوقۇتۇلسۇن، — دېدى شاۋاز.

www.uyghurkitap.com

— ئەمما، جانابىي ۋەزىرىئەزەم ...

شاۋاز شەيخ جالالىدىنىنىڭ گەپ قىلىشىغىمۇ يول قويماستىن، ئۆز گېپىنى يورغىلاتتى.

— ئەمدى گەپ قىلمىسىلا، جانابىي ئۇستاز، مەن دېگەندەك بولسۇن! — دېگىنىچە شاۋاز ھەمراھلىرى بىلەن چىقىپ كەتتى، كەينىدىن شەيخ جالالىدىن ئۆزىتىپ چىقتى.

غېرىب ئورنىدىن تۇرۇپ، شاۋازنى دوراپ قولىنى شىلتىپ ماڭغاچ دېدى:

— ئەمدى گەپ قىلمىسىلا، جانابىي ئۇستاز، مەن دېگەندەك بولسۇن!

باللار پاراقلاپ كۈلۈشتى.

— غېرىبجان، بۇ ئىشنى شاھ ئاتامغا دەيلى، بىزنىڭ سىنىپتىكى قىز - ئوغۇللارنىڭ ئايرىلىپ ئوقۇيدىغان ۋاقتى تېخى كەلمىدى، — دېدى سەنەم.

غېرىب يەنە شاۋازنى دوراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بولدى سەنەمجان، دېگەن بىلەنمۇ شاھ ئاتىمىز بىزنىڭ گېپىمىزنى ئەمەس، ۋەزىرىئەزەمنىڭ گېپىنى ماقۇل كۆرىدۇ، — دېدى غېرىب.

— بىز تېخى ...

سەنەم شۇنداق دېيىشىگە غېرىب يەنە شاۋازنى دوراپ دېدى:

— بولدى گەپ قىلماڭ، مەن دېگەندەك بولسۇن!

باللار يەنە پاراقلاپ كۈلۈشتى.

ھەش - پەش دېگۈچە ئارىدىن توققۇز يىل ئۆتتى. غېرىب بىلەن سەنەم خېلىلا بوي تارتقان، بالاغەتكە قەدەم قويغانىدى. بىر كۈنى خانلىق مەدرىسىنىڭ كەڭ مەيدانىدا ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بايراملىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

مەيداندا ئوغلاق تارتىشىش، چەۋگان توپ، قوچقار، توخۇ سوقۇشتۇرۇش، چېلىشىش ئەۋج ئالغانىدى. سازەندىلەر نەغمە قىلىۋاتاتتى، ئۇسسۇلچىلار ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. شاھى ئابباس،

شاۋاز قاتارلىق دۆلەت ئەربابلىرى مەخسۇس تەييارلانغان ئورۇنىدا پائالىيەتلەرنى تاماشا قىلىپ ئولتۇراتتى.
ناخشا:

بارىپ ئېيتىڭ ئەزىزىم، كۆزلەرىمگە تۇتىيا كەلسۇن،
مېنىڭ كۆلبەمنى روشەن قىلغىلى ئول نۇر ـ زىيا كەلسۇن،
سالىپ بوينۇمغا زۇلفى ئەنبەرىن مۇشكى خىتاب كەلسۇن،
مېنىڭ ھالىمنى كۆرگەلى ئول پادىشاھ كەلسۇن،
ئۇمىدىم باركى رەنجۇرىنى ئىزدەپ ھەر سابا كەلسۇن.

باھار پەيزى بەخش كەلدى، جاھان رەڭگى چىمەن بولدى،
بۇ كۈن مەجلىس تۈزۈڭلار، نورۇز گۈلى سەمەن بولدى،
ئاياغ باسقان يېرى سەر سەبزە بولدى، ياسىمەن بولدى،
ھەر چىمەنلەر بۇيلىرىدىن ھەر تىنىقتا ئىپارى مۇشك بولدى،
بۇ يولدا دوستۇ دۈشمەن بىلمەسۇن ئول گاھ ـ گاھ كەلسۇن.

قارىغا ئېتىش مەيدانى. بالىلارنىڭ ئوقيا بىلەن ئاسمانغا قويۇپ بېرىلگەن قۇشلارنى ئېتىش مۇسابىقىسى بولۇۋاتاتتى. غېرىبنىڭ ئاتقان ھەربىر ئوقى بىر قۇشنى موللاق ئاتقۇزدى، مەيداندا چاۋاك كۆتۈرۈلدى. نىگارئايىم ئەل ـ جامائەت ئارىسىدا ئولتۇرۇپ، ھاياجانلىنىپ كۆزىگە ياش ئالدى، بۇنىڭدىن بىزار بولغان شاۋاز باشقا ياققا قارىۋالدى.
كېيىن مەيداندا ئوغۇغۇچىلارنىڭ خەنجەر ئېتىش مۇسابىقىسى بولدى، غېرىبنىڭ ھەربىر ئاتقان خەنجىرى دەل جايىغا قادالدى.
كېيىن ئات بەيگىسى بولدى. بەيگە مەيدانىدا بىر توپ ئوغۇل ـ قىز ئوغۇغۇچىلار ئات ئۈستىدە قىلىچ ئوينىتىپ ئوقيا ئېتىپ، ئات چاپتۇرۇشقا باشلىدى. سەنەمنىڭ ئېتى ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. غېرىب بىلەن ئابدۇللانىڭ ئېتى تەڭ قۇلاق بولۇپ قوغلايتتى. سەنەم پات ـ پات ئارقىسىغا قاراپ ئۆزىگە

يېتىشەلمەيۋاتقان ئىككى بالىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. سەنەمنىڭ ئۇچقۇر ئېتى گۈل ـ چىمەنلىك تاغقا ئۆرلىدى. غېرىب بىلەن ئابدۇللا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارا تەرگە چۆمۈپ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ قوغلىدى. بىر يەرگە كەلگەندە غېرىب بىلەن ئابدۇللانىڭ ئېتىنىڭ ئالدىدىن بىر ئېيىق چىقىپ قالدى. ئاتلار ئۈركۈپ كەتتى. ئابدۇللانىڭ ئېتى ئارقىغا بۇرۇلۇپ قاچتى. غېرىب ئاتتىن يىقىلىپ، يۇمىلاپ كەتتى ـ دە، تېزلا ئورنىدىن تۇرۇپ، يانغا قاچقان ئاتنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يەتتى. ئۇ يەنە ئاتقا مىنىپ ئېيىقتىن يىراقلاپ سەنەمنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى...

چەكسىز كەتكەن يايلاق، بۈككىدە ئېچىلغان گۈللەر ئارىسىدا سەنەمنىڭ ئېتى خاتىرجەم ئوتلاۋاتاتتى. غېرىب ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەلگەندە، ئاتنىڭ يېنىدا سەنەم كۆرۈنمىدى. غېرىب ھەر تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ سەنەمنى توۋلىدى، بىراق سەنەمدىن سادا بولمىدى. غېرىب ئۇنى توختىماي ئىزدىدى. بىردىنلا چىمەنلەر ئارىسىدىكى بۈك ـ باراقسان گۈللەر توسۇۋالغان بىر ئازگالدا ھوشسىز ياتقان، پېشانىسى يېرىلىپ قان سارقىۋاتقان سەنەمنى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشتى. سەنەمنىڭ يېنىدا بىر تاش تۇراتتى. غېرىب ئۇچىسىدىكى كانۋا كۆڭلەكنى سىلىپ يىرتىپ، بىھوش ياتقان سەنەمنىڭ پېشانىسىنى بېشى بىلەن قوشۇپ تاڭدى ۋە ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ توختىماي ئىسمىنى توۋلىدى. سەنەم ھېلىھەم بىھوش ھالەتتە ئىدى. غېرىب سەنەمنى كۆتۈرۈپ جىلغىدا گۈللەر ئارىسىدا ئېقىۋاتقان سۇ بويىغا ئەكىلىپ، چىمەنلىكتە ياتقۇزدى ـ دە، چاڭگىلىدا سۇ ئەكېلىپ ئۇنىڭ قۇرۇغان لەۋلىرىگە تېمىتتى. سەنەمنىڭ لەۋلىرى سەل قىمىرلىدى، غېرىب سەنەمنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ناخشا ئېيتتى:

ھەر كىشىنىڭ دەردى بولسا يىغلاسۇن يار ئالدىدا،
قالماسۇن ئارمان يۈرەكتە، ئەتسۇن ئىزھار ئالدىدا.

ھەر كىشى جۇرئەت قىلىپ بىر پەرىگە سۆز تاشلىسا،
ئۇل قىيامەتتە قىلۇر ئەرزىنى جەببار ئالدىدا.
ئەي غېرىب، يوشۇرما سىرىڭنى شۇ پەرىنىڭ ئالدىدا،
ئايتىپ ـ ئايتماي يىغلاغايسەن ئاشىقى زار ئالدىدا.

سەنەم ئايدەك جامالىغا تەبەسسۇم يۇگۇرۇتۇپ كۆزىنى ئاستا ئاچتى ـ دە، جاۋابەن ناخشا ئېيتتى:

ھېچ كىشى ئالەمدە يەتمەس، ھالى پەرىشانىم مېنىڭ،
ئاسماننى سەير قىلدى ئاھۇ ئەفغانىم مېنىڭ.
مەن نېچۈن شاد ئەتمەيىن، بۇ خەستە كۆڭلۈمنى بۇ كۈن،
كەلسە ھالىمنى سوراپ ئۇل شوخ جانانىم مېنىڭ.
نازۇك دىلىم ۋىسال تاپسۇن، مىسكىندۇر ھالىم مېنىڭ،
تەلمۈرۈپ دائىم يولۇڭغا قالمىدى جانىم مېنىڭ.

شۇ تاپتا پۈتۈن يايلاق، تاغلاردا خان لەشكەرلىرى، غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ ساۋاقداشلىرى ئاتلىق، پىيادە بولۇپ، ھەر تەرەپتىن ئۇلارنى ئىزدىمەكتە ئىدى. غېرىب بىلەن سەنەم بولسا جىلغا سۈيىنى بىللە كەچكەچ، بەختكە چۆمۈلگەن ھالدا ناخشا توۋلىشاتتى.

غېرىب:

مەن قىلاي شامۇ سەھەر داد ئىشىكىڭدە،
جانىمنى بېرەي، شاھى پەرىزاد ئىشىكىڭدە.
ئۇل لالە رەيھانۇ سىفەت، تازە قىزىل گۈل،
ھەم سەرۋى پۈكۈلدى، قەددى شەمشاد ئىشىكىڭدە.
ھۆسنۈڭ سېنىڭ بۇ جانىمگە مىسلى شىفادۇر،
جانىم قۇشى ئۆلسە يېتەلمەي ئىشىكىڭدە.
سەۋدايى مۇھەببەت ئوتى تۇشتى باشىمگە،

ئۆلتۇردى مىلڭ غەم جالالتى كۆڭلۇمنى ئىشىكىڭدە.
گۇلدەك ھۇسن ـ جامالىڭ مەن غېرىبقا تۇتىشىپتۇر،
پەرۋانە بولۇپ كۆيدۇم ئوتۇڭدا شاھ سەنەم ئىشىكىڭدە.

سەنەم:
كىمگە ئايتاي دەردىمنى، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى،
سەدپارە قىلدى يۇرەكىم، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى.
كېچەلەر داد ئەيلەسەم، ھەردەم سېنى ياد ئەيلەسەم،
ئىشقىڭدا پەرياد ئەيلەسەم، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى.
شامۇ سەھەر ھەيران بولاي، يولۇڭدا سەرگەردان بولاي،
ئاخىر ساڭا قۇربان بولاي، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى.
ھەمدەم بولاي مەيخانەگە، گۇلخان بولاي ئاستانەگە،
باشىم قوياي جانانەگە، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى.

ئىزدەپ كەلگەن ساۋاقداشلىرى ۋە خان لەشكەرلىرى ئۇلارنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشتى. غېرىب بىلەن سەنەم بىر ـ بىرىگە چىداشمىغان ھالدا يىراقلاشتى، سەنەم قىزلار توپىغا قېتىلدى. ئاندىن، لەشكەرلەرنىڭ يول باشلىشىدا ئاۋۋال قىزلار، ئارقىسىدىن ئوغۇللار ئوردا تامان يول ئالدى.

مېھرىبانۇ خانىشنىڭ قەسرىدە شاھى ئاباس بىلەن مېھرىبانۇ خانىش بېشى تېڭىلغان ئەتىۋار قىزى مەلىكە سەنەمنى ئەنسىرەش، تەقەززالىق بىلەن كۇتۇۋالدى. مېھرىبانۇ خانىش قىزىنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ تېڭىقلىق بېشىنى سىلىدى، سەنەم بېشىنى ئەپقاچتى.

— جېنىمنىڭ جانانىسى، كۆز نۇرۇم بارمۇ سىز؟ — دېدى مېھرىبانۇ خانىش.

— سىزدىن ئەنسىرەپ يۇرىكىمىز قېپىدىن چىقىپ كەتتى. نەلەرگە كەتتىڭىز؟ — دېدى شاھمۇ.

— ئات ئەپقاچتى، نەلەرگە كەتتىمكىن، — دېدى سەنەم.



www.uyghurkitap.com

— سەنەمنى نەدىن تاپتىڭلار؟ — دەپ سورىدى شاھ.
— يولتۇز يايلىقىدىن، — جاۋاب بەردى نۆكەر.
— شۇنداقمۇ يىراقلارغا كېتەمسىز، قىزىم؟ — دېدى شاھ.
— كەچۈرسىلە، شاھ ئاتا، قىزىقچىلىقتا نەگە كەتكىنىمنى بىلمەپتىمەن، — سەنەم يېقىملىق ئاۋازدا جاۋاب بەردى.
— بېشىڭىزغا نېمە بولدى، قىزىم؟ — سورىدى مېھرىبانۇ خانىش.
— ئات چوڭقۇرغا مۇدۇرۇپ كېتىۋىدى، ئاتتىن يىقىلىپ، بېشىم يېرىلىپ كەتتى، — دېدى سەنەم.
— ئۇھ، ۋاي خۇدايىم، خۇدايىم ساقلاپتۇ. قىز بالا ئات مىنىمسۇن دېسە... ئۆزلىرى...
— ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ قىز - ئوغۇل دېمەي ئات مىنىش بىزنىڭ قائىدىمىز...
— قائىدىمىز، قائىدىمىز دەپ مانا بولدىمۇ؟ ھېلىمۇ خۇدايىم ساقلاپتۇ. بولمىسا دۇنيادىكى مۇشۇ بىر تاللا قىزىمىزدىن ئايرىلىپ...
مېھرىبانۇ خانىش شۇنداق دېيىشىگە شاھ رەنجىگەن ھالدا دېدى:
— بولدى، ئاغرىقىڭىزنى ئۇششۇتمەڭ خانىش ئايىم.
— مانا بىر ئوبدانلا تۇرمامدىمەن، خانىش ئانا، — دېدى سەنەممۇ.
— قېنى، بېشىڭىزنى مەن كۆرۈپ باقاي، — مېھرىبانۇ خانىش سەنەمگە قول ئۇزاتتى.
— تۇتماڭ سەل ئاغرىۋاتىدۇ، — دېدى سەنەم.
— يىقىلغاندا يېنىڭىزدا ئادەم بارمىدى؟ — سورىدى شاھ.
— ياق، يىقىلىپ ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن، كۆزۈمنى ئاچسام...
سەنەم شۇنداق دېيىشىگە نۆكەر جاۋاب بەردى:
— مەلىكە ئالىيلىرىنى ساۋاقدىشى غېرىبجان قۇتقۇزۇۋاپتۇ،

شاھ ئالىيلىرى.
سەنەممۇ ئۇلاپلا دېدى:
— ئۇ بولمىغان بولسا قانسىراپ ئۆلەمتىمكىن...
— ئۇھ ... ۋاي خۇدايىم ماۋۇ بالىنى ... مېنى قورقۇتۇپ ئۆلتۈرەي دەمسىز؟ — دېدى مېھرىبانۇ خانىش.
— ماۋۇ تەقدىرنى كۆر، غېرىبنى چاقىرىڭلار!
غېرىب كىرىپ شاھ بىلەن مېھرىبانۇغا سالام بەردى.
— رەھمەت ئوغلۇم، غېرىبجان، مەلىكە سەنەمنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇۋاپسىز، — دەپ تەشەككۈر بىلدۈردى مېھرىبانۇ خانىش.
— مەرھۇم دوستۇم، دانا ۋەزىرىم ھەسەن بۈيرۇق قۇتتېكىننىڭ ئوغلى غېرىب، كارغا كەپسەن ئوغلۇم، ساڭا رەھمەت، سېنى پاناھىمغا ئېلىپ باققىنىمغا رازىمەن. قايسىڭلار بار؟ — دېدى شاھ.
— لەببەي شاھىم، — دەپ تەييار تۇردى نۆكەر.
— غېرىبقا شاھانە تون ـ سەرپاي، ئون تىللا، بىر ئارغىماق سوۋغا قىلىنسۇن. ئوردىنىڭ ئورۇنباسار سەرۋازلىقىغا قويۇلۇپ، نەزەرباغ قەسرىنىڭ باقاۋۇللۇقىغا تەيىنلەنسۇن! — بۇيرۇق قىلدى شاھ.
— خوپ، ئالىيلىرى، — دەپ قۇللۇق بىلدۈردى مۇلازىم.
— ئىلتىپاتلىرىغا مىڭ مەرتىۋە ھەشقالالا، شاھ ئاتا، — دېدى سەنەم.
شاھى ئابباس غېرىبقا ئۆز قولى بىلەن شاھانە توننى كىيدۈردى.
مېھرىبانۇ بادامدوپپىنى ئۆز قولى بىلەن غېرىبقا كىيدۈرۈپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. غېرىب بىلەن سەنەم چەكسىز شادلىق ئىلكىدە ئۆزئارا قاراشتى.
دەل شۇ چاغدا شاۋاز قەسرىدە ئابدۇللانىڭ كاچىتىغا تەستەك بىلەن سالدى. قاراكۆزئايىم ئېرى بىلەن ئوغلىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالدى.

— ھۆ نان قېپى، غېرىب دېگەن يېتىم ئوغلاقنىڭمۇ ئېتى ئۆركۆپتىكەنغۇ، بىر ئاتنىمۇ جايلاپ باشقۇرالماپسەن، — شاۋاز شالىنى چاچتى.

— ئوھۇش، ئۆزى بىلەن تەڭ بولۇپ قالغان ئادەمنىمۇ ئۇرامدۇ؟ — دېدى قاراكۆزئايىم.

— ھە، سەن چاپان يېپىپ، پۈۋلەپ، مانا ئەمدى ئوغلۇڭ بىر يېتىم ئوغلاققا تەڭ كېلەلمەيدىغان دىتسىز، يارىماس بولدى. بىر قىز بالىغا ئاتلىق قوغلاپ يېتىشەلمىگەن ھالىڭغا ھەربىي ۋەزىر بولىمەن دەيسەن تېخى ! — شاۋاز تېخىمۇ چېچىلدى.

— بولدى، بولدى، چوڭ بولغانچە تۈزەلمەمدۇ؟ — دەپ ئارىغا كىردى قاراكۆزئايىم.

— مەن بۇنداق چاغدا قوشۇن تارتىپ ئۇرۇشقا كىرگەنمەن، — دېدى شاۋاز.

ئابدۇللا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي يەرگە قارىدى.

سەنەمنىڭ ھەشەمەتلىك ھۇجرىسى. تېۋىپ سەنەمنىڭ بېشىدىكى يارىسىغا دورا سۈركەپ يېڭى رەخت بىلەن تاڭماقچى بولدى، سەنەم تېۋىپ تاشلىۋەتكەن قان يۇقى كانۋا كۆڭلەكنى ئېلىپ تېۋىپقا تەڭلىدى.

— مۇشۇنىڭ بىلەن تاڭسىلا، ئۇستاز.

تېۋىپ ئۇنىسىز ھالدا باشتا مېھرىبانۇغا، ئاندىن سەنەمگە قارىدى.

— كەچۈرسىلە، خانىش ئانا، مېنىڭ يارامنى يەنىلا مۇشۇنىڭ بىلەن تاڭسا ساقىيىدۇ.

تېۋىپ مېھرىبانۇغا قارىدى.

— قىزىم ... — دەپ سۆزلەي دەپ تۇرۇشىغا، سەنەم ئانىسىنىڭ گېپىنى بۆلدى:

— بولدى، سۆزلىمىسىلە، خانىش ئانا. مەن ھېرىپ قالدىم، بىردەم ئارام ئالاي.

تېۋىپمۇ، مېھرىبانۇمۇ ئاستا چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا

شاھنىڭ خاس ھۇجرىسىدا شاھ بىلەن شاۋاز سۆھبەتتە ئىدى. شاھ يانپاشلاپ تاماشا قىلىپ ياتماقتا، رەققاس قىزلار ئۇسسۇل ئوينىماقتا، ئەلنەغمىچىلەر نەغمە قىلماقتا ئىدى.

شاھى جاھانىم، ئىشقىڭدا ئۆلدۇم،
ئارامى جانىم، ئىشقىڭدا ئۆلدۇم.
كىمدىن ئۆگەندىڭ مۇنچە جەفانى،
شاھى جەھانىم، ئىشقىڭدا ئۆلدۇم.
قەقنۇسقا ئوخشاش نالە قىلۇرمەن،
ئەبرۇ كامانىم، ئىشقىڭدا ئۆلدۇم.
بىر رەھم قىلغىل، ھالىمنى سورىغىل،
نامېھرىبانىم، ئىشقىڭدا ئۆلدۇم.
يارىم ساڭا مەن چاكار بولايىن،
ساھىبقىرانىم، ئىشقىڭدا ئۆلدۇم.

شاۋاز ناخشا ئېيتقاچ ئۇسسۇل ئويناپ نازۇكەرەشمە قىلىۋاتقان قىزغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى. قىز شاھقا يېقىنلىشىپ ئەركىلەپ نازۇكەرەشمە قىلدى. كۆزلىرى يۇمۇلغان شاھ كۆزىنى سەل ئېچىپ قىزغا تەبەسسۇم قىلدى. شاۋاز پىچىرلاپ دېدى:

— شاھىم، بۇ قوقەندىن يېڭى كەلگەن تاجىك قىز، ئاھۇ كۆزلۈك.

— بارىكاللا، — دېدى شاھ.

— شاھىم، بىر گېپىم بار ئىدى، دەي دېسەم تىلىم، دېمەي دېسەم دىلىم كۆيىدۇ.

— دەۋەرگىن، — دېدى شاھ.

— ئەمىسە دەۋەردىم، شاھىم، غېرىبنى بىراقلا بەك كۆتۈرۈۋەتتىلە، — دەپ سۆخەنلىكىنى باشلىدى شاۋاز.

— ھەسەت قىلىۋاتامدىلا؟



www.uyghurkitap.com

— يوقسۇ ئالىيلىرى، ئۇ ئەسلىي ئىنئامغا ئەمەس، جازاغا لايىق ئىش قىپتىكەن، — دېدى شاۋاز.

— نېمە ئىش قىپتۇ؟ — سورىدى شاھ.

— سەنەمنىڭ ئېتىنى قوغلاپ ئۇركۇتۇۋېتىپ، ئاخىر سەنەمنى قۇتقۇزغان قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ، — دېدى شاۋاز.

— بولدى قىل، بولدى! مېنى قوقەنلىك بۇ چۆرە قىز بىلەن يالغۇز قويۇڭلار، — دېدى شاھ.

— خوپ، ئالىيلىرى، — شاۋاز سازەندىلەرگە ئىشارەت قىلدى، — بولدى، نەغمىنى توختىتىش! بۇ يەردىن دەرھال يوقىلىش!

شاۋازنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەممىسى چىقىپ كەتتى، چىراغ ئۆچتى.

ئەتىسى شاھ تەختىدە غەزەپ بىلەن ئولتۇردى.

— شەيخ جالالىدىن ھەزرەتلىرى، — دېدى شاھ.

— خوش، پادىشاھ ئالىيلىرى، — دېدى شەيخ جالالىدىن ۋەزىرلەر سېپىدىن ئالدىغا چىقىپ، قولىنى كۆكسىگە قويۇپ شاھقا سالام بېرىپ، — پېقىرغا قانداق يوليورۇقلىرى باركىن؟ خىزمەتلىرىگە تەييارمەن.

— خانلىق مەدرىسىمىزدىكى تالىپ ھەم تالىبەلەرنىڭ ئوقۇش ئەھۋالى قانداق كېتىپ بارىدۇ؟

— ھىممەتلىرىنىڭ سايىسىدە بالىلىرىمىزنى قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ، ھۈنەر - سەنئەتتىمۇ تەڭ كامالەت تاپتۇرۇش يولىدا جان تەسەددۇق ئەيلەپ، ئۇلارنى ھەربىر ھۈنەرنىڭ پىركامىللىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىمىز، — دېدى شەيخ جالالىدىن جاۋابەن.

— يېقىندىن بۇيان بالىلار مەدرىسىدە ئەمەس، تاغ - دالالاردا سەيلە - ساياھەتكە كۆپرەك مەشغۇل بولۇپ كېتىۋاتقانىمىش، بۇنى نېمە دەيمىز؟

— ئالەم پاناھ، رۇم تۈركلىرىدىن ھەربىي تەلىم - تەربىيە

ئۇچۇن تەكلىپ قىلىنغان سەركەردە ـ مەشقاۋۇللار ئات ئۈستى
جەڭ ماھارىتىدىن باللارغا دەرس بېرىۋاتقان، بۇ ھەرگىزمۇ تاغ
سەيلىسى ئەمەس، ــ دېدى شەيخ جالالىدىن.

ــ شەيخ ھەزرەتلىرى، يىگىت ـ قىزلىرىمىزغا ناخشا ـ
ئۇسسۇل دەرسىنى پەرەڭلەردىن ئۇستا تەكلىپ قىلىپ
ئۆگىتىۋاتمايدىغانلا؟ ــ سورىدى شاھ.

ــ خانلىق مەدرىسىمىزدە ناخشا ـ ئۇسسۇل دەرسى تەسىس
قىلىنمىغان. قوقەن، نەمەنگان تەرەپتىن ئوردىغا ئۇزۇلمەي
كېلىۋاتقان مۇغەننى، رەققاس ناپىناقلارنى خانلىق مەدرىسىمىز
ئەمەس، ساپلا جانابىي ۋەزىر ئەزەم بۇيرۇتۇپ ئەكەلدۇرگەن. شۇلار
ئوينىغان ئۇسسۇل، ئېيتقان ناخشىلار كۆزلىرىگە بىزنىڭ
باللىرىمىزنىڭ بولۇپ كۆرۈنۈۋاتسا كېرەك.

شەيخ جالالىدىننىڭ گەپلىرىدىن ئوردىدىكى ھەممەيلەن
پاراقلاپ كۈلۈشتى.

ــ شاھ ئالىيلىرى، شەيخ جالالىدىن ئۆزلىرىگە زەھىرىنى
چېچىۋاتىدۇ، ــ دېدى شاۋاز.

ــ ياش باللارنىڭ ناخشا توۋلاپ، ئۇسسۇل ئوينىشى تەبىئىي
ھال. بىز ئۇنى ئۆگەتمىسەكمۇ، پەرەڭلەردىن ئۇستاز تەكلىپ
قىلمىساقمۇ، بىزنىڭ مەشرەپلىرىمىز ئۇلارغا كەڭتاشا يېتىدۇ.
بۇ بىزنىڭ قېنىمىزدا بار، ــ دېدى شەيخ جالالىدىن ۋەزمىن
ئاھاڭدا.

ــ بولدى بەس، سىلى مەدرىسىدىكى ئوغۇل ـ قىزلارنى
ئويۇنغا ئۆگىتىۋاتىدىلا، ــ دېدى شاۋاز.

ــ باللارنى ھەددىدىن زىيادە ...

شەيخ جالالىدىن گېپىنى تۈگەتمەستىنلا شاھ ئېغىزلاندى:

ــ بولدى بەس، شەيخ جالالىدىن، ئۆزلىرى ئۇزاق يىللاردىن
بېرى دۆلەت ئۇستازى، خانلىق مەدرىسىنىڭ باش مۇدەررىسى
مىسالى زور، ئېغىر ۋەزىپىلەردە بولۇپ زىيادە چارچاپ، ھالسىراپ
كەتتىلە. ئەمدى ئۆمۈرلىرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆيلىرىدە باللا ـ



www.uyghurkitap.com

چاقىلىرى بىلەن ئوبدان ئارام ئالغايلا. ئەمدى، راھەت كۆرىدىغان چاغلىرى كەلدى، — شۇ يەرگە كەلگەندە شاھ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ كۆپچىلىككە قارىغىنىچە دېدى، — شەيخ جالالىدىن بەيتۇل مۇقەددەسكە بېرىپ ھەج - تاۋاپ قىلىپ، ئۆمرىدە ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىغا توۋا قىلىپ، ئاللادىن ھىدايەت، ئىنايەت تىلەپ كەلسۇن، خەزىنىدىن يۈز تىللا ئىنئام بېرىلىپ ھەجگە ئۇزىتىپ قويۇلسۇن!

— ئالىي ھىممەتلىرىگە ھەشقاللا، ئالىيلىرى، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

شاۋاز ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ھالدا مەسخىرە بىلەن دېدى:

— ساق - سالامەت ھۆرلۈككە چىقىپ ئاللا يولىدا بۇيۇك ئىبادەتكە ماڭغانلىرىغا مۇبارەك بولغاي، ئۇستاز.

دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ چىرايلىرى ھەرخىل تۈس ئالدى. بەزىلەر خۇشال بولۇشتى، بەزىلەر ئەپسۇسلىنىشتى.

— دۆلەت ئۇستازلىقى، خانلىق مەدرىسىنىڭ باش مۇددەرىسلىكىگە ئابدۇلغەپۇر داموللا ھەزرەتلىرى تەيىنلەنسۇن! — دېدى شاھ.

ئابدۇلغەپۇر داموللا ئالدىغا چىقىپ شاھقا خۇشامەت بىلەن تەزىم قىلىپ رەھمىتىنى بىلدۈردى.

شەيخ جالالىدىننىڭ تۇرالغۇسى ئالدىدا ئوقۇغۇچىلار، دېھقانلار، مويسىپىتلار، ھەربىي، مۇلكىي ئەمەلدارلار، ئەر - ئايال، قېرى - ياش نۇرغۇن كىشى شەيخ جالالىدىننى ھەجگە ئۇزاتماقتا ئىدى. شەيخ جالالىدىن كىشىلەر بىلەن بىرمۇبىر قۇچاقلىشىپ، كۆز يېشى قىلىپ خوشلاشتى. شەيخ جالالىدىن ۋە چۇمبەل ئارتقان ئايالى سەلىمە بۇۋى مۇلازىملىرىنىڭ ياردىمىدە ئات قوشۇلغان مەپىگە چىقىپ، جامائەت بىلەن ۋىدالىشىپ ماڭدى. شەيخنىڭ ئوغلى ئىلياس بىلەن غېرىب ئاتلىرىغا مىنىپ مەپىنى قوغداپ ماڭدى. غېرىبنىڭ ئانىسى نىگارئايىم ئەل - جامائەت ئارىسىدا كۆز ياشلىرىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن

سۇرتكەن هالدا قاراپ قالدى. جامائەت خېلى ئۇزاق يەرگىچە مەپىگە ئەگىشىپ كەلدى. سېپىلنىڭ ئېگىز كۇنگۇرىسىدە بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ تۇرغان شاۋاز بىلەن ئابدۇلغەپۇر دامولىلىنىڭ چىرايلىرى بۇزۇلدى. شاۋازنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ، ساقاللىرى تىترەپ، قولىدىكى تەسۋىنى ئۆزى تۇيماستىن ئۇزۇۋەتتى. تەسۋى ئۇرۇقلىرى چېچىلىپ چۇشۇپ كەتتى.

— جانابى ۋەزىرئەزەم، شەيخ جالالىدىنىنىڭ خالايىق ئارىسىدىكى بۇنداق كاتتا ئابرۇيى خانلىق ئۇچۇن ناھايىتى زور خەۋپتۇر. جۇملىدىن، ئۇ ئۆزلىرى بىلەن مېنىڭ ئۇچۇن زەھەرلىك يىلاندۇر. ئۇ پەيتى كەلگەندە ئاۋۋال سىلى بىلەن مېنى چېقىپ ئۆلتۇرىدۇ، — دېدى ئابدۇلغەپۇر دامولla.

— ھەم، ئۇنىڭ ھەرەمگە بېرىپ كېلىشىگە ئۇچ قاپاق پىششىقى كېتىدۇ. بۇ ئۆلەمجان قېرى كەربالا دەشتىنىڭ ئىسسىقىدا ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلىدۇ، — دېدى شاۋاز.

— بۇ قېرى يېرىم يولدا بالا چاغلىرىدا ئوقۇغان، تۇرغان بومباي، كەشمىر تەرەپلەردە تۇرۇپ قالسا، سىلى، بىزنىڭ كەينىمىزدىن پىتنە - پاسات تېرىپ يەنە بىزگە ئاراملىق بەرمەيدۇ، — دېدى ئابدۇلغەپۇر دامولla ئەندىشىسىنى يوشۇرالماي.

— قېنى كۆرەرمىز ... — دەپ مىيىقىدا كۇلدى شاۋاز.

— ھازىرغا قەدەر شاھ ئالىيلىرى سۇرگۇن ھېسابىدا ھەرەمگە يولغا سالغان ۋەزىر - بەگلەرنىڭ قايتالىغانلىرى يوق دېيەرلىك. باشقا ئەللەردە مۇساپىر بولۇپ تۇرۇپ قالغانلىرى بولسۇن ياكى تاغ قاراقچىلىرى سېپىگە قوشۇلۇپ خانغا قارشى ئىسيانچىلاردىن بولۇپ كەتكەنلىرى بولسۇن، ھەممىسى بىزنىڭ ئەشەددىي دۇشمەنلىرىمىزدۇر. مۇبادا شەيخ جالالىدىن يېرىم يولدا ھەرەمگە بارماي تاغ قاراقچىلىرىغا قوشۇلۇپ كەتسە، خەلق روھى جەھەتتە تاغ قاراقچىلىرىغا مايىل بولۇپ ...

ئابدۇلغەپۇر دامولىلىنىڭ سۆزلىرىدىن شاۋازنىڭ كۆزلىرى

www.uyghurkitap.com

چەكچىيىپ، يۈرىكىگە پىچاق سانجىلغاندەك بولدى.
— بولدى، سۆزلىمىسىلە، ھەزرەتلىرى.
قوم بارخانلىرى ئارىسىدىكى يولدا شەيخ جالالىدىننىڭ بىرقانچە ئاتلىق يىگىت يانداشقان مەپىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئوغلى ئىلياس بىلەن غېرىب كەلمەكتە ئىدى. ئالدى تەرەپتە بىر توپ ئاتلىق خان لەشكەرلىرى پەيدا بولدى. ئالاھەزەل مەپە بىلەن بەش غۇلاچ ئارىلىق قالغاندا، يۈز - كۆزلىرىنى نىقابلىۋالغان «خان لەشكەرلىرى» ئاتتىن چۈشۈپ مەپىگە يېقىن كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى سىلىق ئىدى. ئۇلار ھەيران قالغان شەيخ جالالىدىن ۋە ئاللىقاچان قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ئېلىشىشقا تەييارلانغان غېرىب، ئىلياس قاتارلىقلارغا سالام بەردى ھەم يۈزىدىكى نىقابلارنى ئېلىۋەتتى. بۇلار سەنەم باشچىلىقىدىكى خان لەشكەرلىرىچە ياسىنىۋالغان مەدرىسىدىكى قىز ساۋاقداشلار ئىدى. بۇلارنى كۆرۈپ شەيخ جالالىدىن، غېرىبلار ھەممىسى خۇشال بولۇشتى.
— ئەسسالام ئۇستازىم، شاۋازنىڭ چاپارمەنلىرى قىز ئوقۇغۇچىلارنى مەدرىسىدىن چىقارمىغاچقا، ئەل قاتارى ئۆزلىرىنى ئۇزىتىشقا چىقالماي، ئامالسىز مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. بىزنى ئەپۇ قىلغايلا، — دېدى سەنەم.
— بۇنداق كايىمىساڭلار بولاتتى، ئوبدان قىزلىرىم. مەن مەدرىسىدىن ئايرىلغان بولسامۇ، سىلەر ھەرگىز ئايرىلماڭلار، — دېدى شەيخ جالالىدىن.
— شاھ ئاتام شاۋاز بىلەن ئابدۇلغەپۇرنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقماس بولۇپ قالدى، — دېدى سەنەم ئەلەم بىلەن.
— ئابدۇلغەپۇر داخانلىق قىلىپ شاھنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋالدى، — دېدى يەنە بىر قىز.
— شۇڭا شاھ ئۇ ئىككى شەيتاننىڭ دېيىشىغا ئۇسسۇل ئوينايدىغان بولدى، — دېدى يەنە بىر قىز.
— ئۇلار خانغا يارلىق چۈشۈرگۈزۈپ، قىزلارنى مەدرىسىگە

بىرىپ ئوقۇشتىن توختىتىپتۇ.

— خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقىمىش؛ خوتۇن كىشى ئەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ بالا باقسىلا بولارمىش.

— بولمىسا ئۇ شەيتانلارنىڭ ساقىلى بىزنىڭ چېچىمىزدىن ئۇزۇن، ها ... ها ... ها ...

ھەممەيلەن پاراقلاپ كۈلۈشتى. قىزلار بوغچىلاردا ئەكەلگەن نان - توقاچ، تۇخۇم، ھەرخىل مېۋىلەرنى ئۇستازىغا يوللۇق تۇتۇشتى.

— ئۇستازىم، بىزگە دۇئا بەرسىلە، — دېدى سەنەم.

— ئالدىلىرىدىن توغرا ئۆتكەن يەرلىرىمىز بولسا بىزنى ئەپۇ قىلىپ، رازى بولسىلا، — دېدى يەنە بىر قىز.

— سىلەر مېنىڭ بالىلىرىم. مېنىڭ سىلەردىن ھېچ رەنجىگەن يېرىم يوق. مەن سىلەردىن مىڭ مەرتىۋە رازى، بالىلىرىم.

ئۇستازنىڭ كۆزىدىن ياش تاراملاپ ئېقىپ، كۈمۈشتەك ساقاللىرى ئارىسىغا سىڭدى. ھەممىسى كۆز يېشى قىلدى. ئۇستاز دۇئا قىلدى. ھەممىسى دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن كارۋان يولغا چىقتى. ئىلياس ئاتىسى بىلەن بىللە ئۇزىدى. غېرىب بىلەن سەنەم باشلىق ئوقۇغۇچىلار قالدى.

— غېرىبجان، بىزنىڭ مەدرىسىدىن توختىتىلىشىمىز ئىككىمىزنى كۆرۈشتۇرمەسلىك ئۈچۈن. بۇ شاۋاز بىلەن ئابدۇللانىڭ ھىيلە - مىكرى. ئەمدى بىزنىڭ كۆرۈشمىكىمىز تەس بولدى. شۇنى دەپ بىز بىر بۇگۈن بىر پىنھان يەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇق، ساۋاقداشلار خوشلىشىۋالايلى، — دېدى سەنەم.

قۇملۇق ئارىسىغا جايلاشقان بوستانلىق مەھەللىدىكى بىر ھويلىغا گىلەم سېلىنغان، قىز - ئوغۇل ساۋاقداشلار دولان مەشرىپى ئويناۋاتاتتى. غېرىب بىلەن سەنەم بىر - بىرىگە بېقىپ زوق - شوخ بىلەن ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى.

ئازارىڭگە ئەرزىمەس بۇ تەندىكى جانىڭ سېنىڭ،
دىلدا دەردىڭ يوقتۇر، ئاقماس دېدى پەريادىڭ سېنىڭ.
ھىممىتىڭ گەر بولسا خالىس يەتتە دەۋزەخنى بۇزار،
بولسا ئىبراھىم سۇپەت، ئاتەش بازارىڭ سېنىڭ.
تا دىلىڭگە دەرد تەگمەي ئاززۇلاردىن جۇدا،
چۇن سوراپ كەلمەس ئاشۇ ئالدىڭدا لوقمانىڭ سېنىڭ.
سەن كۆزۈڭنىڭ نۇرى كەتمەي يارىڭنى كامىل تۇت،
كەند بولغاي تا تېنىڭدىن كۆللى ئىسيانىڭ سېنىڭ.
مەن تەسەددۇقى ئاشۇنداق ئالىي ھىممەتلەر بولاي،
بولمىسا ئالارغا ھىممەت ھەردورا داۋانىڭ سېنىڭ.
بىر خەسىس سەندىن كېيىن قالدى بالاغا يارى بول،
بولسا بىر سۆزىگە مېھرىڭ كاھىشى جانىڭ سېنىڭ.
مەشرەپ ئوينا گاھ، ئەجەلدىن لەھزەئى بىدار بول،
بۇندا جان بەرگەندە ئاسان چىقمىغاي جانىڭ سېنىڭ.

شۇ چاغدا مەشرەپ بولۇۋاتقان قورۇ سىرتىدا يۈزىنى نىقابلىۋالغان بىر پايلاقچى سورۇننى ماراپ، ئاستا كەينىگە ياندى ـ دە، ئاتقا مىنىپ ئىتتىك كېتىپ قالدى.

مەشرەپ سورۇندىكى ئىككىز بىر يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ كۆپچىلىككە دېدى:

— ئەمدى ئاتا مىراس ئادىتىمىز بويىچە غەزەل ئېيتىشايلى، ئاۋۋال بىزدىن بىر يىگىت چىقىدۇ.

— بىز غېرىبجاننى كۆرسىتىمىز، — دېدى يىگىتلەر.

— بىز سەنەمجاننى كۆرسىتىمىز، — دېدى قىزلار.

— قېنى غېرىبجان، غەزەلگە مەرھەمەت، — دېدى ھېلىقى يىگىت.

غېرىب ئورنىدىن تۇرۇپ غەزەل باشلىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئاپەتى جانىم ئۇل سەنەم قاشى قاراسىنى كۆرۈڭ،
ئىككى يۈزىگە چۇلغانىپ زۇلفى سىياسىنى كۆرۈڭ.
ھۆر ـ پەرىدىن تازادۇر، كۈنۈ ھەم ئاي خىجالەتتۇر،
كىم ئۇنى كۆرسە بەندەدۇر ھۆسنى رىياسىنى كۆرۈڭ.
گاھى يارىم قىزىل كىيىپ، كەشمىرى چاچباغىن سالىپ،
نازۇ كەرەشمە قىلىپ، ئەھدى ۋاپاسىنى كۆرۈڭ.
غېرىبمەن، بىناۋادۇرمەن، ۋەسلى ئۈچۈن گادايدۇرمەن،
يار ئوتىغا كۆيەردۇرمەن، يار جاپاسىنى كۆرۈڭ.

سەنەم ئورنىدىن تۇرۇپ غەزەل ئېيتتى:

تۈنۈگۈن كەبى يۈزۈڭگە ياراشىپ چۈشۈپتۇ خالىڭ،
يۈرىكىمدە كەشتە قىلدىم رىشتە قەددى نىھالىڭ.
ماڭا نە كۆيمەك يوق، يا نە كۈلمەك، ئوينىماق يوق،
ئۆزگە سىرىمنى دېمەك يوق، ۋەيران راھەتىم خىيالىڭ.
غېرىبجان، نېچۈن تاتلىقسەن ئايۇگۈن ئاتا ـ ئاناڭ،
ئۇ جاھاننى كۆيدۈرۈپتۇ، بۇ جاھاندا يوق مىسالىڭ.
غەم ئىشقىدىن مەن سەنەم بوسۇغاڭغا باش قويۇپتۇر.
قىلادۇر پىغانۇ زارى، دېمەدىڭ نېچۈكتۇر ھالىڭ.

غېرىبنىڭ غەزىلى:

دىۋانىدۇرمەن يۈلتۈز كۆزلۈك جىلۋە سەنەمگە،
قۇربان بولاي ئاتەش يۈزلۈك زىلۋا سەنەمگە.
زىلۋا سەنەم باغ ئىچىدە يۈزىنى ئاچىپ،
ئوت قويدى بۇ پەرىزات باغۇ ئېرەمگە.
يۈز جانىم بولسا ماڭا ھېچ ئايىماسمەن،
مەن تەلمۈرۈپ جان بېرەي قاشى قەلەمگە.

غىرىبتۇرمەن چۈشسە ھەر مىڭ بەلالار،
بەربات بولسام مىڭ رازىمەن سەنەمگە.

كۈن ئولتۇراي دېگەن چاغ ئىدى. قاتمۇ قات تاغ ئارىسىدىكى كارۋان يولىدا شەيخ جالالىدىنىنىڭ مەپىسى ھەم ئۇنى قوغداپ ماڭغان ئىلياس باشچىلىقىدىكى ئاتلىق يىگىتلەر كېتىۋاتاتتى. شۇ پەيتتە تاغ ئارىسىدا نىقابلانغان بىر توپ ئاتلىقلار بۇلارنى پايلاپ تۇراتتى. ئۇلار ئارىسىدىكى بىر كىشى قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ يولغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئىشارەت قىلدى. ئاتلىقلار نىقابلىرىنى قايتىدىن يۈزلىرىگە يۆگەپ، ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ شەيخ جالالىدىنىنىڭ توپىغا ھۇجۇم قىلدى. شەيخ جالالىدىنىڭ ئىلياس باشچىلىقىدىكى يىگىتلىرى نىقابلىقلار بىلەن قاتتىق ئېلىشتى. نىقابلىقلار قىلىچ ھەم ئوقيا بىلەن يىگىتلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئاتتىن يىقىتتى، ئاندىن مەپىكەشنىمۇ ئوقيا بىلەن ئېتىپ يىقىتىپ، مەپىنى قورشاپ توختىتىۋالدى. ئىلياسنىڭ قىلىچ تۇتقان قولىغا يا ئوقى تېگىپ قىلىچ قولىدىن چىقىپ كەتتى، مۈرىسىگە يەنە بىر ئوق سانجىلىپ ئاتتىن يىقىلدى. بىر ئوق كېلىپ شەيخ جالالىدىنىڭ مەزلۇمى سەلىمە بۇۋىگە تەگدى ـ دە، ئۇمۇ جان بەردى.

— ھۇ بەتبەختلەر، مال بولساڭ بارىنى خالىغانچە ئېلىشىپ ئادەم ئۆلتۈرمە! — دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى شەيخ جالالىدىن.

— ھۇ قېرى جادۇگەر، بىز بۈگۈن سېنىڭ مېلىڭنىمۇ، جېنىڭنىمۇ ئالىمىز.

نىقابلىق ئاتامان شۇنداق دېگىنىچە قىلىچىنىڭ ئۇچىنى شەيخنىڭ كانىيىغا تىرىدى ...

شۇ چاغدا قۇملۇق ئوتتۇرىسىدىكى مەشرەپ سورۇنىغا تۇيۇقسىز ئابدۇللا شاتىرىنىڭ لەشكەرلىرى ئاتلىق باستۇرۇپ كىردى ھەم مەشرەپ ئەھلىنى قورشىدى. مەشرەپ ئويناۋاتقان يىگىت ـ قىزلار قىلىچلىرىنى چىقىرىپ ئۆزلىرىنى قورشىۋالغان لەشكەرلەر بىلەن ئېلىشىشقا تەمشەلدى. ئابدۇللا

www.uyghurkitap.com

شاتىرى ۋارقىرىدى:

— بىز خان لەشكەرلىرى! مەن ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى سەركەردىسى ئابدۇللا شاتىرى! قارشىلىق قىلماڭلار، قارشىلىق قىلغانلار خانغا قارشى چىققانلار ھېسابىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ!

— ھەي، سەن ئابدۇللا شاتىرى بولساڭ، مەن كىم؟ مەن مەلىكە سەنەم! سەن ئوردىنى مۇھاپىزەت قىلماي بىزنىڭ مەشرەپ سورۇنىنى بۇزۇشقا قانداق پېتىندىڭ؟ — دېدى سەنەم.

— سەنەمجان، سىزمۇ خان ئالىيلىرىنىڭ كۆز قارىچۇقى، سىزنى قوغداشمۇ ئوردىنى قوغداشنىڭ ...

ئابدۇللا شۇنداق دېيىشىگە سەنەم ئۇنى گېپىدىن توختاتتى.

— سەن ئۆزۈڭنى كىم چاغلاپ قالدىڭ؟ كىمگە گەپ قىلىۋاتىسەن؟ ئاتتىن چۈش، ئەدەپسىز تەلۋە!

ئابدۇللا شاتىرى ھىجىيىپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى ــ دە، دېدى:

— خوش، ئەتىۋارلىق مەلىكە، پېقىرنىڭ ئەدەپسىزلىكىنى ئەپۇ قىلغايسىز.

— بىز خانلىق مەدرىسىدىكى ساۋاقداشلار مەشرەپ قىلىۋاتىمىز. ئەپۇ سورايمەن دەپ كەيپىمىزنى ئۇچۇرماي دەرھال بۇ يەردىن يوقال! — دېدى سەنەم.

— شەيخۇلئىسلامنىڭ يېڭى پەتىۋاسى بويىچە خان يارلىق چۈشۈردى. بۇنىڭدىن كېيىن قىز ــ ئوغۇللارنىڭ ساۋاقدىشىمىز دەپ بىھايالىق بىلەن كۆرۈشۈشى، مەشرەپنى باھانە قىلىپ سورۇندا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشى چەكلەندى. بۇنىڭغا كىمكى بويۇنتاۋلىق قىلسا شەرىئەت ھۆكمى بويىچە خان يارلىقىغا قارشى چىققۇچىلار ھېسابىدا قاتتىق جازالىنىدۇ. شۇڭا سەنەمجاندىن باشقا، بۇ يەردىكى بارلىق بىھايالارنى شەرىئەت جازاسىغا تاپشۇرىمىز! — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

— ھەددىڭ ئەمەس، بۇ يەردىن دەرھال يوقال! خان ئاتامغا ئۆزۈم جاۋاب قىلىمەن! — دېدى سەنەم.

— سەنەمجان، سىزمۇ خان ئالىيلىرىغا ...

سەنەم قىلىچنى ئابدۇللا شاتىرنىڭ گېلىغا نىقتاپ ۋارقىرىدى:

— يەنە گەپ قىلىدىغان بولساڭ، تىلىڭنى كېسىۋېتىمەن ! بۇ يەردىن يوقال !

مەلىكىنىڭ ھەيۋىسىدىن چۆچۈگەن ئابدۇللا شاتىرى لەشكەرلىرىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

ئەمدى شەيخ جالالىدىندىن گەپ ئاڭلايمىز. تاغ ئارىسىدىكى كارۋان يولىدا شەيخ جالالىدىننىڭ كانىيىغا قىلىچنى نىقتاپ تۇرغان نىقابلىق ئاتامانىنىڭ قىلىچ تۇتقان قولىنىڭ بىغىشىغا يا ئوقى كېلىپ سانجىلىپ، قىلىچى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ كەينىگە قارىۋىدى، ئۆزلىرىنىڭ بىر توپ تاغ قاراقچىسىنىڭ قورشاۋىدا قالغانلىقىنى كۆردى. نىقابلىقلار تاغ قاراقچىلىرىغا ئېتىلدى، قاراقچىلار نىقابلىقلارنى بىردەمدىلا يەر چىشلەتتى.

— مال - مۈلۈكلەرنى بۇلىساڭلارمۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن ساقلىنىڭلار. ئاللا ئىنساننىڭ ھەرقانداق گۇناھىنى تىوۋا قىلسا كەچۈرىدۇ. ئەمما، بىھۇدە ئادەم ئۆلتۈرگۈچىنى مەڭگۈ كەچۈرمەيدۇ. بۇنداق گۇناھكار بەندە ھەرگىزمۇ جەننەت يۈزىنى كۆرەلمەيدۇ، — دېدى شەيخ جالالىدىن تەنبىھ بېرىپ.

— بىزنى قورقىتىۋاتقان كىم بۇ؟

قاراقچىلار باشلىقى شەيخكە يېقىنلاپ كېلىپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى - دە، دېدى:

— ۋۇي، بۇ ئۇستاز شەيخ جالالىدىن ھەزرەتلىرىغۇ؟ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئۇستاز، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىلا؟

— دەپ كەلسەم گەپ تولا، — دېدى شەيخ جالالىدىن كۆز يېشى قىلىپ.

ئۇلار شەيخ جالالىدىننى ئېھتىيات بىلەن يۆلىدى. ۋەيرانە مەيداننى يىغىشتۇرۇپ، شەيخنى ئاتقا مىندۈرۈپ تاغ ئارىسىغا باشلىدى. تاغ ئارىسىدىكى قارىغايزارغا يېقىلغان گۈلخان ئەتراپىنى تەكشى يورۇتۇپ تۇراتتى. بايىقى كىشىلەر شەيخ

www.uyghurkitap.com

جالالىددىن قاتارلىقلارنى ئۇ يەرگە ئەكەلدى. شەيخ جالالىددىن بىرئاز دىممىنى ئېلىۋېلىپ:

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ھەزرەتلىرىنىڭ شاگىرتى، سادىق بىلال بولىمەن. خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇپ، شاھادەت ئالغاندىن كېيىن ھەسەن ۋەزىرنىڭ قول ئاستىدا نۆكەر بولغانمەن. ۋەزىرئەزەم قەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن ھوقۇقنى سۇيىقەستچى شاۋاز قولىغا كىرگۈزۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئوردىدا ناكەسلەر ھوقۇق تۇتۇپ، ياخشىلارغا كۈن بەرمىدى. ئەمەلدارلار چىرىكلىشىپ، پىتنە - پاسات كۆپەيدى. ناھەق ئىشلارغا، قان تۆكۈلۈشلەرگە چىدىماي بۇ تاغقا قېچىپ چىققانىدىم. بۇ يەردە ئەزىمەتلەر بىلەن بىللە ھەق يولىنى تۇتىۋاتىمىز، — دېدى سادىق بىلال.

— سېنى تونۇيالمىدىم، ئوغلۇم.

— سىز نۇرغۇن ئادەمنى تونۇمايسىز. ئەمما، پۈتۈن خانلىقتا سىزنى تونۇمايدىغان كىشى يوق. مەن سىزنىڭ خانلىق مەدرىسىدىكى شاگىرتىڭىز، ھەزرىتىم. ئۇستاز، سىزنى بۇلاشقا، ئۆلتۈرۈشكە پېتىنغان قايسى قارا يۈز مەلئۇن ئۇ؟

سادىق بىلال شۇنداق دېگىنىچە يارىلىنىپ تىرىك قولغا چۈشكەن نىقابلىقلار ئاتامانىنىڭ يۈزىدىكى نىقابنى ئېلىپ تاشلىدى، شاۋازنىڭ خاس نۆكىرى ئەبەي قول كۆرۈندى.

— سەنمۇ خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغان - ھە. سەن شاۋازنىڭ خاس نۆكىرى ئەبەي قۇلغۇ؟ — دېدى شەيخ جالالىددىن.

— مەن بۇ مەلئۇن بىلەن ساۋاقداش. بۇ مەلئۇننى ئېسىڭىزدە تۇتۇپ، مېنى ئۇنتۇغىنىڭىز نېمىسى، ئۇستاز؟ — دېدى سادىق بىلال.

— بۇ دائىم شاۋازغا سايىسىدەكلا ئەگىشىپ يۈرۈيدۇ، — دېدى شەيخ جالالىددىن.

— ھەي مەلئۇن، ئۇستازنى بۇلاشقا، ئۆلتۈرۈشكە قانداق پېتىندىڭ؟

ئەبەي قۇل تەتۈر قارىۋالدى. سادىق بىلال شۇئان ئۇنىڭ ئۆزىگە قارىغان قۇلىقىنى كېسىپ تاشلىدى، ئەبەي قۇل قىرقىراپ كەتتى. سادىق بىلال ئۇنى چېپىش ئۈچۈن قىلىچىنى كۆتۈردى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باب

ئوڭ قول ۋەزىرلىك دانا ۋەزىر ھەسەن بۇيرۇق تېكىندىن ئۆزىنىڭ نەپسىنى دۇنياغا تەڭ قىلمايدىغان، قارا يۈز، كۆزلىرى چامغۇر ئورنىدەك ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، بۇزۇلۇپ قالغان قېتىقتەك ئىلىشاڭغۇ چېقىر كۆزلىرىدىن چەكسىز ئاچكۆزلۈك چىقىپ تۇرىدىغان شاۋازغا قالدى. شاۋاز كىم، نەدىن كەلگەن، قانداق بولۇپ يازلىق پايتەخت بالاساغۇن ئوردىسىدا باش كۆتۈرگەن؟ دېگەن سوئالغا ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەيتتى. ئۇنىڭ شاھزادىلەر بىلەن شاھزادىلەر، خانىشلار بىلەن خانىشلار، خان بىلەن ۋەزىرلەر، ۋەزىرلەر بىلەن سەردارلار، سەردارلار بىلەن سەردارلار، ئەمىرلەر بىلەن بەگلەر ئارىسىغا، قەشقەر بىلەن بالاساغۇن ئوتتۇرىسىغا سېلىۋەتكەن تەپرىقىچىلىق، مەزھەپچىلىك، يۇرتۋازلىق ئۇرۇقلىرى دۇنىڭ تورىدەك تور تارتىپ، بۇ تورغا ئىلىنىشمىغان، باش ـ كۆزىگە بۇ زەھەرلىك ئۆمۈچۈك چاپلاشمىغان ئادەم قالمىغانىدى. ئۇنىڭ شۇمبۇيىدەك پۈتۈن دۆلەت زېمىنىنى خاراب قىلىدىغان ئادەملىكىنى بىلگەن خانىش، ۋەزىر، ئەمىرلەر، بەگلەر، سەركەردىلەر ئۇنى يوقىتىشقا ئۇرۇندى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەھشىي، قارانىيەت، ھىيلىگەرلىكتە تولىمۇ ئىشىپ شەيتانغا يەتكەن مۇشۇ شاۋاز تەرىپىدىن يوقىتىلدى، ھالاك بولدى. شۇڭا، يازلىق پايتەخت بالاساغۇن شەھىرى تەۋەسىدە ـــ ئوردا ئىچى ـ سىرتى، ھەتتا سېپىل ئىچى ـ سىرتىدا خاندىن باشقا شاۋاز ھەققىدە بىر ئېغىز گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان ئادەم قالمىدى. كىشىلەرنى ئۇ توغرۇلۇق گەپ قىلىش تۇگۇل ئويلىسىمۇ تىترەك باسىدىغان، سۇر باسىدىغان بولدى. شاۋاز دەسلەپتە بالاساغۇن ئوردىسىغا بىر

چىرايلىق ناتىۋان قىزنى ئانىدىن تۇغما ھالەتتە تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان پالاسقا ئوراپ كۆتۈرۈپ كەلگەن دەللال ئىدى. ئۇ شۇ چاغدا ئوردىغا كىرىش ئۈچۈن خېلى جىق ئالتۇن سەرپ قىلدى. خان ئوردىدىكى خۇشامەت سۆزلىرى، نەغمە - ناۋا، ھەزىل - چاقچاقلارنىڭ ھېچقايسىسى تېتىماي ئىچى پۇشۇپ، سەپراسى ئۆرلەپ يانپاشلاپ ياتقاندا، چېقىر كۆز، ھاۋانچا باش، ئات يۈز كەلگەن، ئۇدۇل چىشى كۆكۈرۈپ قالغان شاۋازنى كۆرۈپ سەپراسى قىرىق گەز ئۆرلەپ ۋارقىراپ كەتتى:

— ھەي، ماۋۇ تازنى نېمە دەپ ئالدىمغا كەلتۈردۈڭلار؟ قاراڭلار، ئۇنىڭ گۆشلۈك يۈزى بىلەن ھاۋانچىنىڭ تېشىدەك تاز بېشى ئادەمنى شۈركەندۈرىدۇ. «قىياپەتۇل - بەشەر» دېگەن كىتابتا بېشى موزدۇزنىڭ كۈۋىسىدەك، يۈزى سوزۇق، گۆشلۈك، كۆزى چېقىر كەلگەن ئادەم مۇناپىق كېلۇر؛ ئۇنىڭغا چاپىنىنىڭ پېشى تېگىپ كەتكەن ئادەمنىمۇ نەس باسۇر، دېگەن قۇرلارنى كۆرگەنمەن. ماۋۇ پاينەكۋاش دەل شۇنىڭ جۈملىسىدىنكەن. ئۇنى كۆزۈمدىن يوقىتىڭلار!

— شاھ ئالىيلىرى، ئاغۇ تاغلىرى ئارىسىدا ئۆسكەن سەرۋىدەك زىلۋا، ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك گۈزەل بىر نازىنىننى ئاتايىن كۆڭۈل خۇشلىرىغا ئېلىپ كەلدىم.

— ھوي، تاز ھوي، ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاي يەر تېپىلمىغاندەك ئاغۇ تاغلىرىغا چۈشۈپتىكەنما؟

— ئىشەنمىسىلە كۆرۈپ باققايلا، بىر قارىغانغا كۆزلىرىنىڭ پىتى ئۆلسىمۇ ھېساب.

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ قەلەندەر، ھوي قەلەندەر، پىت سەن قەلەندەردە بولماي مەندە نېمە ئىش قىلسۇن، تىلىنى كېسىڭلار بۇ بەتبەختنىڭ !

— ئالىيلىرى، تىلىمنى كەسسىلە مەن ئورداكەنت قەشقەردىن ئۆزلىرىگە ئاتايىن ئېلىپ كەلگەن ئىنتايىن مۇھىم، مەخپىي مەلۇماتنى ئاڭلاشتىن مەھرۇم قالىدىلا.

— نىمانداق ئادەم كولدۇرلىتىدىغان پىتلىق قەلەندەر بۇ؟! ھەي، قەشقەر ئوردىسىنىڭ مەخپىيەتلىكى سەن كۆرۈمسىز تازىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە، بىزنى نەس باسامدۇ؟ تولا جۇدۇنۇمنى ئۆرلەتمە ! ياساۋۇل، ما تازنى ئاچىقىپ سىپىل خەندىكىنىڭ تېگىدىكى ئېچىپ كەتكەن پوق - سۈيدۈككە پاتۇرۇپ تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈڭلار! مېنى يەنە ئاۋارە قىلمىسۇن !

— قەشقەر ئوردىسىنىڭ مىراخور بەگلىرىدىن تارتىپ ئوردا كاتتىلىرىغىچە ھەممىسى ماڭا ھاجەتمەن. بەچچە كىسپۇرۇش دېسە تونۇمايدىغىنى يوق.

— ئە... ھە... سەن... سەن راستلا بەچچە كىسپۇرۇش دېگەن شۇما؟ ھە... ھە... ئاڭلىغان... سەن قەشقەردە داڭق چىقارغان، بەچچىۋاز كىسپۇرۇشسەن. راستلا سەن بەچچە كىسپۇرۇش بولساڭ، نامىڭنى ئاڭلىغانمەن.

شۇئان بەچچە كىسپۇرۇش يېنىدىكى پالاسنى يېشىپ، ئىچىدىن ئاندىن توغما ھالەتتىكى نۇقسانسىز بەدىنى پارقىراپ تۇرىدىغان، سۇ ئىچىسە گېلىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تولۇن ئايدەك بىر قىزنى چىقىرىپ سۇلتاننىڭ ئالدىغا قويدى. قىز ئىزا تارتقىنىدىن دوم يېتىۋالدى.

— ھۇ ئىزا تارتمايدىغان جوھۇت تاز، سەندە شەرم - ھايا، ئىزا - نومۇس دېگەن نەرسە يوقمۇ؟ — شاھ شۇنداق دەپلا يانپېشىدىكى يىپەك يېپىنچىنى قىزغا قارىتىپ تاشلىدى. قىز يىپەك يېپىنچىغا ئورىنىۋالدى.

— راست تولۇن ئايكەن. بۇنى راستلا كۆككە چىقىپ ئۈزۈپ چۈشكەن ئوخشايسەن.

— چىراغلار ئۆچۈرۈلسۇن، دەرپەردىلەر تارتىلسۇن، ئوردا ئىمامى نىكاھ ئوقۇسۇن ! — دەپ ۋارقىرىدى ئىشىكئاغىسى. شاھ يېنىدىكى مەھرەم بېگىگە پىچىرلىدى:

— بۇنىڭ بىردىنلا بالاساغۇن ئوردىسىغا قىز ئېلىپ كەلگىنى يامانلىقتىن دالالەت بېرىدۇ. بۇ تازنىڭ چېقىر كۆزلىرىدىن



www.uyghurkitap.com

شۇملۇق يېغىپ تۇردۇ. ئۇنى قاتتىق سوراق قىلىڭلار، سىر ـ ئەسناسى نېمە، بىلىڭلار. ئەگەر ئۇ بىزنىڭ سىرىمىزنى ئىگىلەشكە كەلگەن جاسۇس بولسا، سىرىنى ئېلىپ پوستىغا سامان تىقىڭلار. مۇبادا راستلا بىزگە سادىق بولسا، ئۇنىڭدىن ئىت ـ ئېشەكنىڭ ئورنىدا پايدىلىنىمىز.

— مۇنداق ھاياسىز، رەسۋا ئادەمدە ساداقەت ـ ۋاپا دەيدىغان نەرسە بولمايدۇ. شاھ ئالىيلىرى، قەشقەردىن نەپ چىقسا قەشقەردە ئىت ـ ئېشەك بولىدىغان، بالاساغۇندىن نەپ چىقسا، بالاساغۇندا مۈشۈك بولىدىغان بۇ بالا گەردانىنى بوغۇپلا يوقاتمامدۇق؟

— ياق، ئالدىرىما، ئۇنىڭدا قەشقەر ئوردىسىنىڭ نۇرغۇن مەخپىيەتلىكلىرى بار. ئۆز ئايىغى بىلەن كەلگەن بۇ سىر ساندۇقىنى پەم بىلەن ئېچىپ ئۇنىڭدىكى سىر ـ ئەسنالاردىن خەۋەردار بولمىساق، قەشقەر ئوردىسىدىكىلەرنىڭ نېمە ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيمىز. يېڭى مەخپىي مەلۇماتتا دېيىلىشىچە، قەشقەر ئوردىسىدىكى بەزى ۋەزىرلەر چىنار تېغىدىكىلەر بىلەن مەخپىي ئالاقىدە بولۇۋېتىپتۇ. بۇ ئىسيانىنىڭ ئالامىتىمۇ، ئەمەسمۇ، بۇنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئاشۇ چىنار تېغىدىكىلەر بىلەن مەخپىي مۇناسىۋەت قىلىۋاتقان ۋەزىرلەرنىڭ كىملىكىنى بىلىش زۆرۈر. ھەممە ۋەزىرگە مانتا توشۇيدىغان بۇ غالچىنى ئۆلتۈرۈشكە ئالدىرىمايلى!

— خوپ، شاھ ئالىيلىرى، دېگەنلىرى بەرھەق.

شۇنداق قىلىپ، بەچچە كىسپۇرۇش دېگەن بۇ شۇم ئادەم بالاساغۇن ئوردىسىغا چىرايلىق قىزنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ئوردا غۇلامى بولدى. غۇلاملىقتىن چىراغچى، دەرپەردىچى بولۇپ، ئاستا ـ ئاستا شاۋاز دېگەن ئىسىم بىلەن باش كۆتۈرۈپ چىقتى. دەسلەپتە ئوردىنى، كېيىن شاھنى، مانا ئەمدى قاراخانىيلارنىڭ ئوڭ قانىتى بولغان بالاساغۇن تەۋەسىنى كونترول قىلدى. شاۋازنىڭ بالاساغۇندا پەيدا بولۇشى ھەققىدە شۇنىڭدىن ئارتۇق

www.uyghurkitap.com

مەلۇمات يوق.

شاۋازنىڭ قەسرىدە ئىككى قۇلىقى، بۇرنى تىڭىلغان، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈلۈپ، يۈزىگە قارا سۈرتۈلگەن، قولى بوينىغا ئېسىلغان ئەبەي قۇلنى چاكارلار ئېشەكتىن چۈشۈردى. ئەبەي قۇل ھالسىز كېلىپ:

— داد ۋەزىرئەزەم، ئىككى قۇلىقىم، بۇرنۇمنى كېسىۋەتتى ... — دېگىنىچە شاۋازنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. شاۋاز غەزەپ بىلەن ئەبەي قۇلنى بىرنى تېپىۋېتىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئەبەي قۇل ئۇنىڭ كەينىدىن:

— جالالىدىن بىلەن تاغ قاراقچىلىرىنىڭ تىلى بىركەن ... ھەسەن ۋەزىرنىڭ نۆكىرى سادىق بىلال قاراقچىلارنىڭ بېشىكەن، — دېگىنىچە تۇرۇپ قالدى. بۇنى ئاڭلىغان شاۋازنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى.

نەزەرباغ قەسرىنىڭ ئالدى ئادەمسىز ئىدى. غېرىب بىلەن ئىككى نۆكەر ئاتلىق دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. قارا چۇمبەللىك بىر ئايال ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

قارا چۇمبەللىك ئايال سەنەمنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۆزىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان سەنەمنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.ئاندىن ئۇلار كىيىملىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇردى. قارا چۇمبەللىك ئايالغا ئۆزگەرگەن سەنەم ئىككى ياقىغا بىرقۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن ھۇجرىدىن چىقتى. ئۇ قەسىر ئىشىكىگە كەلگەندە، قاراۋۇل توسۇپ چۇمبىلىنى قايرىدى ـ دە، سەنەمنى كۆرۈپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. سەنەم شۇئان قاراۋۇلنىڭ قولىغا ئىككى تىللا تۇتقۇزۇپ قويۇپ چۇمبىلىنى چۈشۈرۈپ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. قاراۋۇل بىرپەس بىردە سەنەمنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ، بىردە ئالىقىنىدىكى ئىككى تىللاغا قاراپ تۇرۇپ قالدى، ئارقىدىن بىركىم كۆردىمىكىن دەپ تۆت تەرەپكە ئەنسىز قاراپ قويدى ۋە تىللانى قوينىغا سېلىپ تىك تۇردى.

غېرىب ئىتتىنى كەينىدىن كېلىۋاتقان ئىككى نۆكىرىگە

تۇتقۇزۇپ قويۇپ، قايناق پىيادە بازارلارنى ئارىلىدى. كۇلا كىيگەن، چاچلىرى مۈرىسىگە، ساقاللىرى كۆكسىگە چۈشكەن بىر قېرى دىۋانە ساپايى سوقۇپ غېرىبنىڭ ئالدىغا كېلىپ سازا قىلىپ تۇردى. غېرىب بەلۋېغىغا ئاسقان ھەميىنىدىن بىر تەڭگە چىقىرىپ دىۋانىگە بەردى. دىۋانە بولسا غېرىبنىڭ تەڭگە بېرىۋاتقان قولىغا پۈكلەنگەن بىر قەغەزنى تۇتقۇزۇپ تېزلا غايىب بولدى. غېرىب سەل ھەيران بولۇپ قولىدىكى قەغەزنى چىڭ سىقىمداپ، قىستىلىشىپ يۈرگەن ئادەملەر ئارىسىغا قارىدى، ئەمما قەلەندەر ھېچ يەردە كۆرۈنمىدى. ئۇ نۆكەرنىڭ قولىدىن ئېتىنىڭ باشبېغىنى ئېلىپ، ئاتقا مىندى ـ دە، ياندىكى كوچىغا قاراپ ماڭدى. خىلۋەت تار كوچىدا ئىككى نۆكىرى بىلەن ئاتلىق كېتىۋاتقان غېرىب ئالىقىنىدىكى باغاقنى پەملەپ ئېچىپ كۆردى، ئاندىن ئارقىسىدىكى ئىككى نۆكەرگە لەپپىدە قاراپ قويۇپ، باغاقنى چاندۇرماستىن قوينىغا سالدى. غېرىب نۆكەرلەرگە شۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇشنى تاپىلاپ ئۆزى يالغۇز دەريا بويىغا باردى. ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ئەتراپقا چاندۇرماستىن سىنچىلاپ قاراپ ماڭدى. دەريانىڭ ئۇ قىرغىقىدىكى ئورمان ئارىسىدىن بىر ئەينەك كۆزنى چاقنىتىپ يالتىرىدى. غېرىب ئەينەككە قاراپ جىددىيلىشىپ ئەتراپىغا قارىدى. بۇ ۋاقىتتا دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى بىر دۆڭدە نىقابلانغان بىر پايلاقچى غېرىبنى كۆزىتىپ تۇراتتى. دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى يولغا كەلگەندە، قارا چۈمبەل ئارتقان سەنەم غېرىبنىڭ كەينىدىن ئىز ئىزلاپ ماڭدى. ئۇنىڭمۇ ئارقىسىدىن بىر قارا چۈمبەللىك قېرى دەللە يوشۇرۇن پايلاپ كېلىۋاتاتتى. دەريا بويىغا كەلگەندە، غېرىب ئاتنى دەرياغا سالدى. ئات دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، سۇ ئاتنىڭ قورسىقىغا كەلدى. سەنەم دەريانىڭ قىرغىقىغا كېلىپ تۇۋلىدى.

— غېرىبجان... غېرىبجان !

سەنەم ۋارقىراۋېتىپ يۈگۈردى ـ دە، تاشقا پۇتلىشىپ

يىقىلىپ چۈشتى. غېرىب دەريا ئوتتۇرىسىدا كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە، سەنەمگە قارىدى. ئەمما، سەنەمنى پەرق قىلالماي سىنچىلاپ قارىدى. سەنەم يۈزىنى ئېچىپ ئورنىدىن تۇرۇپ غېرىبقا قارىدى. ئاتلىق غېرىب دەريا قىرغىقىدىكى سەنەمگە يېقىن قالغاندا، تاقەت قىلالمىغان سەنەم خۇدىنى يوقاتقان هالدا دەرياغا كىردى. سۇ سەنەمنىڭ تىزىدىن ئاشتى. غېرىب ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، چەكسىز تەشنالىق بىلەن سەنەمنى قۇچاقلىدى. سەنەممۇ ئاشىقىنى چىڭ تۇتۇۋالمىسا قولىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك چىڭ قۇچاقلاپ، كۆزىنى يۇمۇپ مەستخۇشلۇق بىلەن ئۇنى پۆرىدى. غېرىب بولسا سەنەمنىڭ بېشىغا تۇمشۇقىنى يېقىپ پۆرىدى. سەنەمنى پايلاپ كەلگەن قېرى دەللە دەرەخنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈپ تۇرۇپ، غېرىبنى پايلىغان پايلاقچى بولسا دۆڭنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ بۇ هالنى كۆردى.

ئوردىنىڭ ئايال غوجىدارى ئايشە شاۋازىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن بىرقانچە دېدەكنىڭ هەمراھلىقىدا سەنەمنىڭ هۇجرىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلدى. ئۇ دېدەكلىرى بىلەن سەنەمنىڭ هۇجرىسىغا كىرىشكە يالغان سەنەم يۈزىنى پەرەنجە بىلەن يۆگىۋېلىپ ئايشەگە كۆرسەتمىدى.

— ئاي يۈزلۈك مەلىكەم سەنەمجان، بۇ نېمە قىلىق ئەمدى؟ — دېدى ئايشە.

«سەنەم» بېشىنى يوتقانغا چۆمكەپ تۇرۇپ:

— سىزنى كۆرەر كۆزۈم يوق، — دېدى.

— مېنىڭ سىزنى كۆرگۈم بار. سىزنى بىر كۈن كۆرمىسەم قويغان ـ تۇتقىنىمنى بىلەلمەي قالىدىكەنمەن، — دېدى ئايشە تەنە بىلەن.

— بۈگۈن مېنىڭ هېچكىم بىلەن كۆرۈشكۈم يوق، چىقىپ كېتىڭ.

يالغان سەنەم شۇنداق دەپلا چىمىلدىقنى چۈشۈرۈپ، تاۋار يوتقانغا چۆمكىنىپ يېتىۋالدى. ئايشە پۈتىنىڭ ئۇچىدا ئاستا

مېڭىپ چىمىلدىققا يېقىنلاشتى، «سەنەم» ۋارقىرىدى:
— يەنە بىر قەدەم سىلجىيدىغان بولسىڭىز ئالتە قىرلىق قامچامنى يەيسىز.
ئايشە قورقۇپ ئىزىدا توختاپ قالدى.
ئەمدى، گەپنى غېرىب بىلەن سەنەمدىن ئاڭلايلى. دەريا ئىچىدە غېرىب بىلەن سەنەم بىر ـ بىرىدىن ئاجراپ، بىر ـ بىرىگە قانماي قاراشتى. سەنەم ناخشىسىنى باشلىدى:

ئاھ ئۇرۇپ پەرياد چېكىپ، بۇلبۇلدەك قەپەسكە بەند،
غەم باياۋانىدا قالدىم، يىغلادىم كۆپ يارنى دەپ.
كېچە ـ كۈندۈز كۆيەرمەن ئىشق ئوتىدا دائىما،
دەريا كېچىپ ئىزدەپ يۈرەرمەن ساھىبىم غېرىبنى دەپ.
شەۋكەتلىك شاھىم ئىگەمدۇر دەپ بولماغىل، ئەي غېرىب،
شاھ ئاتام كەتتى ئەقلىدىن شۇم نىيەت شاۋازنى دەپ.

سەنەمنىڭ ناخشىسىغا ئۇلاپلا غېرىب جاۋابەن ناخشا ئېيتتى. ناخشا ئېيتقاچ سەنەمنى ئاتقا مىنگەشتۈرۈپ دەريادىن كېچىپ ئۆتتى. سەنەم غېرىبقا چىڭ يېپىشىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىدى.

كەل، ئەي دىلبەر، بايان ئەيلەي ساڭا بىر ـ بىر جۇدالىقنى،
كى شايەد رەھم ئېتىپ سالساڭ ئۆزۈڭگە ئاشنالىقنى.
تەمامى خانۇمانىمدىن كېچىپ بىرلا سېنى دەرمەن،
ئۆزۈمدىن ئۆزگە بىلمەيدۇر ماڭا كەلگەن جۇدالىقنى.
ئەگەر خان قىلسا زالىملىق، سەنەمنى ئايرىسا مەندىن،
يايرىم ئۈچۈن جان تەسەددۇق تىكەرمەن بۇ دۇنيالىقنى.

ئايشە چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ھوجرا ئىشىكىنى ئېچىپ مېڭىشقا تەمشەلدىيۇ، ئېسىگە بىرنەرسە كەلگەندەك كەينىگە قاراپ

بىر دەقىقە تۇرۇپ قالدى، ئاندىن چىقىپ كەتتى. ئايشەنىڭ چىقىپ كەتكىنىنى بىلگەن يالغان سەنەم چىلىق ـ چىلىق تەرلىگەن هالدا يوتقاننى ئېچىپ، پەرەنجىنى ئېلىۋېتىپ ئۇھ دەپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى.

دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدىكى بۇك ـ باراقسان ئورمانلىقتا غېرىب بىلەن سەنەم ئۇياق ـ بۇياقتا قاراپ بىر كىمنى ئىزدىدى. تاپالماي هەر تەرەپكە قاراۋاتقاندا، يوغان دەرەخنىڭ كەينىدىن بايا بازاردا غېرىبنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ ئۇنىڭغا خەت بەرگەن «قەلەندەر بوۋاي» چىقىپ قالدى. غېرىب بىلەن سەنەم «قەلەندەر بوۋاي»غا قارىدى. بوۋاي بېشىدىكى تەلپەك، ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى ئېلىۋەتتى. غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ ئالدىدا ئۇستازى شەيخ جالالىدىننىڭ ئوغلى ــ ئۆزلىرىنىڭ ساۋاقدىشى ئىلياس تۇراتتى. ئۇلار هەم هەيران، هەم خۇشال بولۇشۇپ بىر ـ بىرىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشتى.

سەنەمنىڭ هۇجرىسىدا يالغان سەنەم خاتىرجەم كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغاننىڭ ئۇستىگە مېهرىبانۇ خانىش، ئايشە هەم بىر توپ دېدەك، كېنىزەكلەر كىردى. يالغان سەنەم قورققىنىدىن سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى، قولىدىكى كىتاب چۈشۈپ كەتتى. ئايشەنىڭ كەينىدە تۇرغان پايلاقچى دەللە ئايشەنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. ئايشەنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

ئورمانلىقتا غېرىب، سەنەم، ئىلياس ئۇچى پاراڭلىشىپ ماڭماقتا ئىدى.

ــ ئەبەي قۇل ئىقرار قىلمىغان بولسىمۇ شاۋازىنىڭ ئاتامغا قىلغان سۇيىقەستىدىن ئاتام نۇرغۇن ئىشلارنى تەھلىل ـ تەپسىر قىلدى، ــ دېدى ئىلياس.

ــ ئۇستاز نېمىلەرنى دېدى؟ ــ دەپ سورىدى غېرىب.

ــ غېرىب بىلەن سەنەم پەخەس بولسۇن، بولۇپمۇ غېرىبتىن ئەنسىرەيمەن دېدى.

ــ ئۇستازىمىزنىڭ دېمەكچى بولغىنى نېمىدۇر؟ ــ دەپ

www.uyghurkitap.com

سورىدى سەنەم.

— مەرھۇم ھەسەن ۋەزىرئەزەمگە سۈيىقەست قىلدى دېيىلىپ، مەرھۇم قاسىم ۋەزىرنىڭ دارغا ئېسىلىشى ...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، بىر تال يا ئوقى كېلىپ ئىلياسنىڭ مۈرىسىگە تەگدى، گەپ ئۈزۈلدى. بىر توپ نىقابلانغان ئاتلىقلار بۇ ئۈچەيلەننى قورشىۋالدى. سەنەم دەرھال پەرەنجە بىلەن يۈزىنى يۆگەپ ئۈلگۈردى. ئىلياس يارىلانغان بولسىمۇ ئېلىشىشقا تەييارلاندى. ئاتلىقلار ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى، ئۈچەيلەن ئېلىشتى.

غېرىب قىلىچۋازلىق قىلغاچ ئىلياسقا:

— سەن يارىلاندىڭ، مېنىڭ ئېتىمغا مىنىپ قاچ، — دېدى.

— سىلەرنى تاشلاپ قېچىپ نېمە تاپارمەن، ئېلىشقىنىم ئېلىشقان.

— غېرىبجان ئىككىمىز بۇ سولتەكلەرگە تېتىپ ئاشىمىز، — دېدى سەنەم.

غېرىب پەس ئاۋازدا ئىلياسقا دېدى:

— ئەڭ مۇھىمى بۇ سولتەكلەرگە سەن ئاشكارىلىنىپ قالساڭ چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ.

— چاققان بولۇڭ. بۇ چۈپرەندىلەردىن يەنە بىر توپ كەلسىمۇ ھېچ گەپ ئەمەس، — دەپ ئىلياسنى ئالدىراتتى سەنەممۇ. ئىلياس سەكرەپلا غېرىبنىڭ ئېتىغا مىنىپ قورشاۋدىن بۆسۈپ چىقىپ كەتتى. ئىلياسقا ئېتىلغانلارنى غېرىب بىلەن سەنەم قىلىچلاپ ئاتتىن موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى.

قاراڭغۇ زىندان. كىيىملىرى تاياق زەربىسىدىن تىتىلىپ كەتكەن يالغان سەنەم چاچلىرى چۇۋۇلغان، يۈز - كۆزلىرى كۆكىرىپ، قاناپ، كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەن ھالەتتە ئىككى قولىدىن تورۇسقا ئېسىلغانىدى. ئايشە ئىككى قولىنى بىقىنىغا تىرەپ تۇرۇپ ئۇنى سوراق قىلماقتا ئىدى.

— دېگىنە قانجۇق، سەنەم نەگە كەتتى؟

— بىل... بىلمەيمەن، — دېدى يالغان سەنەم. ئايشە بولسا غەزەپ بىلەن:

— ئۇرە بۇ پاسكىنىنى ! تاياق تېخى ئۆتمەپتۇ، — دېدى. گۇندىپايلار يالغان سەنەمنى ئىككى تەرەپتىن قامچىلىدى، يالغان سەنەم تاياق زەربىسىدىن چىرقىراپ ۋايجانلىدى.

— ئىپلاس، ئالۋاستى ... ئۆلسەممۇ دەپ بەرمەيمەن ... ۋاي ... ۋايجان !

ئاخىر ئۇ تاياق زەربىسىدىن هوشىدىن كەتتى.

گۇندىپايلار يالغان سەنەمنى ئاسماقتىن چۈشۈردى. ئۇ يەرگە پالاققىدە چۈشتى، هېچنېمىنى سەزمەيتتى.

— هوشىغا كەلتۈرۈڭلار!

ئايشەنىڭ بۇيرۇقى بىلەن گۇندىپايلار سۇ چاچتى. يالغان سەنەم قېتىپ ياتاتتى. بىر گۇندىپاي يېقىن كېلىپ يۈزنى ئۇيان - بۇيان قىلىپ بۇرنىنى تۇتۇپ بېقىپ، بېشىنى چايقىدى.

ئورمانلىقتا غېرىب بىلەن سەنەم ئىقابلىقلارنى يەڭدى. ئۇلارنىڭ تولىسى يەر چىشلىدى. بىرى ئېتىنى قامچىلاپ قاچتى. غېرىب سۇنايلىنىپ ياتقان بىرىگە سانجىقلىق نەيزىنى سۇغۇرۇۋېلىپ قېچىپ كېتىۋاتقان ئىقابلىققا ئاتتى. نەيزە ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن كىرىپ مەيدىسىدىن چىقتى - دە، ئاتتىن يىقىلدى. يەنە بىرى ئېتىغا يۈگۈرۈۋىدى، سەنەم قوينىدىن خەنجەرنى چىقىرىپ ئاتتى. خەنجەر ئۇنىڭ دۈمبىسىگە سانجىلىپ يىقىلدى.

غېرىب ئىقابلىق ئۆلۈكلەرنىڭ يۈزىنى ئېچىپ كۆرۈپ ئۇلارنى تونۇدى.

— بۇلار ئابدۇللا شاتىرنىڭ ئادەملىرىكەن.

— شاه ئاتامغا دەيمەن، — دېدى سەنەم.

— هازىرچە دېمەي تۇرۇڭ. ئىككىمىزنىڭ كۆرۈشكىنىنىڭ ئۆزىلا بۇنىڭدىن يامان.

— شاه ئاتام بىلەن مەرھۇم ۋەزىرئەزەم بىز تۇغۇلماستا خەت پۈتۈپ ئەهدى قىلىشقانىكەنغۇ؟

— شۇ سەۋەبتىن ئاتام سۈيىقەستكە ئۇچراپ ھاياتىدىن ئايرىلىپ، مەن يېتىم بولۇپ قالغان، — دېدى غېرىب.

— ئاھ، تەڭرىم، بۇ قىسمەت پېشانىمىزگە بىز تۇغۇلماستىلا پۈتۈلگەنىكەن - دە.

— شاۋازىنىڭ كۆشكۈرتۈشى بىلەن ئاتىڭىز ئاشۇ ئەھدۇپەيماندىن يېنىۋېلىشقا باھانە ئىزدەۋاتىدۇ ئەمەسمۇ.

— ئاتام ئەھدىسىدىن يانالمايدۇ. پۈتۈن خەلقئالەمگە بىزنىڭ ئىشىمىزنى ئۆزى جاكارلاپ، ئەمدى يېنىۋالسا خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا بولمامدۇ؟

— خان ئاغزى مايمۇن. يۈزسىزلىك قىلسا ئۇنى ھېچكىم سوتلىيالمايدۇ. پادىشاھلار ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشىمايدۇ.

شاھ ھۇجرىسى. شاھ يانپاشلاپ چىلىم تارتىپ چالا مۈگدەپ ئەلنەغمىچىلەرنىڭ ناخشا - مۇزىكىسىدىن ھۇزۇرلانماقتا، نازىنىن قىزلار ئۇسسۇل ئوينىماقتا ئىدى.

شۇ چاغدا شاھ ھۇجرىسىغا ئۆڭسۈلى ئۆچكەن مېھرىبانۇ خانىش ئايشە قاتارلىق كېنىزەك - دېدەكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالدىراپ كىردى. شاھ ئۇلارغا پەرۋا قىلماستىن خىيالچان ھالەتتە نەغمىگە قۇلاق سالغاچ، ئۇسسۇلچى قىزلارغا قاراپ چىلىمنى شوراپ يېتىۋەردى. مېھرىبانۇ خانىش ئاستا يېقىنلىشىپ شاھنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. شاھ لاپپىدە كۆزىنى ئېچىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ مېھرىبانۇ خانىشقا قارىدى. ئاندىن چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. ئەلنەغمىچىلەرگە چىقىپ كېتىش ئىشارىتى قىلدى. مۇلازىملار ئۇلارنى ھاپىلا - شاپىلا ئاچىقىپ كەتتى.

غېرىب بىلەن سەنەم تاغ ئۆڭكۈرىگە كىرىۋالغانىدى. گۈلخان يېنىدىكى پاخال ئۈستىدە غېرىبنىڭ ئۇزۇن تونىغا يېپىنغان، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، كۆكسى مۈرىلىرىنى ياپقان سەنەم تاتلىق ئۇيقۇدا ياتاتتى. ئۆڭكۈرگە يېلىنىڭ كىيىم بىلەن ئۇزۇن ئۆتۈكىلا بار غېرىب بايىلا ئوۋلىغان بىر توشقاننى كۆتۈرۈپ كىرىپ

كەلدى. ئۇ تاتلىق، خاتىرجەم ئۇيقۇدا ياتقان سەنەمگە چوڭقۇر زوق ھەم مېھرى بىلەن قاناماستىن بىردەم قاراپ تۇردى. ئاخىر تاقىتى تۈگەپ ئاستا ئېڭىشىپ سەنەمنىڭ چىرايلىق يۇمۇلغان كۆزىگە سۆيدى. سەنەم تاتلىق ئۇيقۇچىلىقتا كۈلۈمسىرەپ يانغا ئۆرۈلۈپ ياتتى. غېرىب سەنەمنىڭ ئېچىلىپ قالغان دۈمبىسىنى يۆگەپ قويۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ پەس ئاۋازدا ئىشقى بىلەن ناخشا ئېيتتى:

ئاي يۈزۈڭدە خالۇ خەت كۆز تەگمەسە كاشكى،
كۆڭلۈمدىكى غەم داغىنى سۈرۈپ كەتسەڭ كاشكى.
ئىشقىڭغا بىر قانغۇچە ئۆڭكۈردە ۋىسال تاپتىم،
باغرىڭدا ئۇيۇپ كەتسەم ئاجرىمىسام كاشكى.
يار جىلۋە قىلدى باقمىدى بىرگىنە، جان بولدى كەباب،
باشىدا ساقلاپ ئۆلتۈرسام ئويغانسىدى كاشكى.
ھېلى ئايرىلساق جانىم گۈلخانىدا ئۆرتىنەر،
داغى ھەسرەت يامانىدىن جانىم كۆيمىسە كاشكى.

غېرىب بىلەن سەنەم چاھارباغنىڭ تېمى تۈۋىگە كېلىپ توختىدى ۋە بىر – بىرى بىلەن مەھكەم قۇچاقلىشىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن خوشلاشتى. سەنەم لىككىدە تامغا سەكرەپ چىقىپ، باغقا چۈشۈپ كەتتى. غېرىب ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى.

بۇ چاغدا يارىلانغان ئىلياس تاغدىكى «قاراقچىلار» تۇرالغۇسى ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن يىقىلىپ دېگۈدەك چۈشتى، قاراۋۇللۇقتا تۇرغانلار يۈگۈرۈپ كېلىپ ئىلياسنى يۆلەشتۈردى.

شاۋاز ھۇجرىسىدا ئىمادىدىن قەشقەرى بىلەن شاھمات ئويناۋاتاتتى. كۆزىنىلا ئوچۇق قويۇپ يۈزىنى يۆگىۋالغان ئەبەي قول ئالدىراپ كىرىپ كەلدى ۋە گەپ قىلماق بولۇپ ئىمادىدىن قەشقەرىگە قارىدى. شاۋاز ئىمادىدىن قەشقەرىگە چىقىپ كېتىش ئىشارىتى قىلدى. ئىمادىدىن قەشقەرى تەزىم بىلەن كەينىچە

مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

— ئىچىمنى سىقماي يۈزۈڭنى ئېچىپ گەپ قىل، — دېدى شاۋاز.

ئەبەي قول بېشىنى تۆۋەن سېلىپ:

— ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى ئىگىسىگە كۆرسەتمەپتۇ دەيدىغان گەپ بار. بۇرنۇم بولمىغاندىكىن...

— ھە، بولدى سۆزلە.

— غېرىب بىلەن سەنەم تاغ قاراقچىلىرىنىڭ ئاقساقىلى بولۇۋالغان شەيخ جالالىددىننىڭ ئوغلى ئىلياس بىلەن خۇپىيانە كۆرۈشۈپتۇ. بىزنىڭ چەۋەندازلار قول سالسا ... — ئەبەي قول شاۋازنىڭ قولىقىغا ئاغزىنى يېقىن ئەكېلىپ پىچىرلىدى.

سەنەم ھۇجرا ئىشىكىدىن كىردى - دە، ئۆيدە ئولتۇرغان شاھى ئابباس، مېھرىبانۇ خانىش ۋە ئايشە قاتارلىق كېنىزەك، دېدەكلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى. شاھى ئاببا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ سەنەمنىڭ ئالدىغا ئىتتىك كەلدى - دە، كاچات سالماق بولۇپ قولىنى كۆتۈرۈشىگە مېھرىبانۇ خانىش كېلىپ شاھنىڭ قولىغا ئېسىلىۋالدى:

— شاھ ئالىيلىرى، ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە، پەيلى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمىسىلە.

— ئەستاغپۇرۇللا، خاندانلىقىمدا گېپىم ئۆتمەيدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. پەقەت مۇشۇ قىزىملا مېنى رەسۋا قىلامدۇ؟! — شاھ شۇنداق دېگىنىچە غەزەپتىن تىترەپ ساقاللىرىنى يۇلدى. مېھرىبانۇ خانىش سەنەمجانغا:

— شاھ ئاتىڭىزدىن گۇناھىڭىزنى تىلەپ كەچۈرۈم سورىماي ھاڭۋېقىپ تۇرىسىزغۇ، قىزىم سەنەمجان، — دېدى.

— گۇناھىمدىن ئۆتسىلە، شاھ ئاتا، مەن ناماقۇل. ئاچچىقلىرى يانغۇچە ئۇرۇۋالسىلىمۇ مەن رازى، — سەنەم شۇنداق دەپ بېشىنى ئەگدى.

تاغ «قاراقچىلىرى»نىڭ بارگاھى. ئىلياسنىڭ كەپىسىدە

پىشقەدەم تېۋىپ ئىلياسنىڭ مۈرىسىدىكى سۇنۇق ئوقيانىڭ ئۇچىنى تارتىپ ئالدى. ئىلياس ئاغرىققا چىدىماي ۋارقىراپ كەتتى ھەم بېشىدىكى تەلپەكنى ئېلىپ چىشلىۋالدى. تېۋىپنىڭ شاگىرتى ئوچاقتا قىزىتىلىپ ئۇچى چوغدەك قىزارغان شەمشەرنى تېۋىپقا بەردى. بىرقانچە چەۋەنداز ئىلياسنىڭ پۇت - قولىدىن چىڭ بېسىپ تۇردى. تېۋىپ شەمشەرنىڭ ئۇچىدا ئوق ئىزىنى داغلىدى. ئىلياس ئاغرىق دەستىدىن قىمىرلىيالماي بېشىنى ھەر تەرەپكە ئۇردى، چىرايى پۈرۈلۈپ كەتتى. بېشىدا قاراپ تۇرغان شەيخ جالالىدىن بىلەن سادىق بىلال سۈكۈت ئىچىدە بىر - بىرىگە قاراپ قويۇشتى. شەيخ جالالىدىن قوينىدىن ئاق يىپەك ياغلىقنى چىقىرىپ ئىلياسنىڭ يۈز - كۆزلىرىدىكى تەرىنى ئاتىلىق مېھرى بىلەن سۈرتتى.

تېۋىپ ئوچاقتىن چوغدەك قىزارغان يائوقنىڭ ئۇچىنى ئېلىپ سۇغا سالدى - دە، پارقىراپ ھور چىقىپ قارايغان ئوق ئۇچىغا قاراپ دېدى:

— زەھەرلىك ئوق ئىكەن، ئىلياسقا زەھەر قايتۇرۇش دورىسى ئىچۈرەيلى.

تېۋىپنىڭ شاگىرتى خۇرجۇندىن كىچىك بىر مىس كومزەكنى ئالدى. تېۋىپ بىر جام قايناق سۇغا مىس كومزەكتىكى زەھەر قايتۇرۇش دورىسىدىن ئۈچ تامچە تېمىتتى. جامدىكى چاينى پۈۋلەپ تۇرۇپ ئىلياسنىڭ بېشىنى يۆلەپ ئىچۈردى. ئىلياس يۆتىلىپ تەستە ئىچىپ شۇئان قۇسۇۋەتتى ۋە ھوشىدىن كەتتى.

بۇ چاغدا شاۋازنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. ئۇ ھۇجرىسىدا خۇشاللىقتىن ساقاللىرىنى سىلاپ، خىرىلداپ كۈلدى.

— كۈتكەن كۈن ئاخىرى كەپتۇ. كەلگەنىدىمۇ ئەجەب كەپتۇ، — دېدى شاۋاز.

— غېرىب دېگەن يېتىم ئوغلاق ئەمدى بېشىنى يەيدىغان بولدى. سەنەم بىلەن ئوغرىلىقچە كۆرۈشكەننىڭ ئۆزىلا چوڭ گۇناھ. شاھ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلغان گۇناھى ئۈچۈن

جاجىسىنى يەيدىغان بولدى دېسىلە، — دېدى ئەبەي قۇل.
— ئۇ شەيخ جالالىدىن باشچىلىقىدىكى ئىسيانچى تاغ قاراقچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ پادىشاھنى ئاغدۇرماقچى، — دېدى شاۋاز.
— بۇنىڭدىن ئارتۇق گۇناھ بولماس. ئەمدى ئۇنىڭ ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلدى دېگەن گەپ، — دېدى ئەبەي قۇل خۇشامەت بىلەن.
— شاھقا قارشى چىقىش ئۆلۈم بىلەن تەڭ، ئۇن بېشى بار ئادەم بولسىمۇ بىر بېشىمۇ ئامان قالمايدۇ، — دېدى شاۋاز.
— بىز ئالدىرىغان بىلەن ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى بولىدىكەن، ۋەزىرئەزەم. غېرىبنىڭ بۇنداق يانپاشقا چىقىشى ئاتىسىنىڭكىدىنمۇ قالتىس بولدى ...
ئەبەي قۇل شۇنداق دېيىشىگە شاۋاز ئۇنىڭ كاچىتىغا بىر تەستەك سالدى:
— بۇ ئىشنىڭ ئاتىسى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى، سەن چۈشۈمدە يوق گەپنى نەدىن تاپتىڭ؟ — دېدى شاۋاز چېچىلىپ.
— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، ۋەزىرئەزەم. مەن ئېزىپتىمەن.
شاۋاز گەپ - سۆزسىز چىقىپ كېتىش ئىشارىتى قىلدى.
تۈن نىسپى. نىقابلانغان بىر توپ ئادەم غېرىبنىڭ ھۇجرىسىغا بېسىپ كىردى - دە، ئۇخلاۋاتقان غېرىبنى يومداقلاپ بېسىپ، ئاغزىغا لاتا تىقىپ، بېشىغا تاغار كىيدۈردى. غېرىبنىڭ ئانىسى ئۇيقۇچىلىقتا يۈگۈرۈپ كىرىشىگە بىرى ئۇنى بىر تېپىك بىلەن يىقىتتى. نىگارئايىم ھوشىدىن كەتتى. نىقابلىقلار غېرىبنى سۆرەشتۈرۈپ ئاچىقىپ كەتتى.
سەنەم ھۇجرىسىدا قوينىدىن بىر پارچە خەتنى چىقىرىپ شاھ ئاتىسىغا ئىككى قوللاپ سۇندى. شاھ خەتكە قولىنى ئۇزارتتىيۇ، توختاپ قېلىپ سەنەمگە سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى.
— سەنەمجان، سىز تېخى كىچىك. خانىدانلىقىمىز

دۈشمەنلىرىنىڭ سىزدىن پايدىلىنىپ خانلىق ئىشلىرىنى مالىمان قىلىشىنى خالىمايمەن. خانلىق ئىشىغا سىز ئارىلاشماڭ.

شاھنىڭ سۆزى جاۋابسىز قالدى. سەنەم ئۇن ـ تىنسىز ھالدا تەكچىدىن بىر كىتابنى ئالدى. شاھ ئاستا چىقىپ كەتتى.

شەيخ جالالىدىن بىلەن سادىق بىلال تاغ چوققىسىدا تۇرۇپ تاغ باغرىدا قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق قىلىۋاتقان چەۋەندازلارغا ھەم يىراقلارغا نەزەر سېلىۋاتاتتى. سادىق بىلال:

— ئۇستازىم، ئۆزلىرىنىڭ شاھى ئاباسقا يوللىغان خەتلىرىنى ئىلياس تەگكۈزەلىگەنمىدۇ؟ — دەپ سورىدى. شۇ چاغدا بىر چەۋەنداز قىز خۇشال يۈگۈرۈپ كېلىپ مەلۇم قىلدى:

— ئۇستازىم، سادىق خەلپە، ئىلياس ئاكام ھوشىغا كەلدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ شەيخ جالالىدىن بىلەن سادىق بىلال خۇشال بولۇپ ئۆڭكۈرگە ماڭدى.

سەنەمنىڭ قېشىدىن ئۆز ھۇجرىسىغا خاپىغان قايتقان شاھ قولىدىكى خەتنى غەزەپ بىلەن يىرتىپ چۆرۈۋەتتى ـ دە:

— ھىم، خانىدانلىقىمغا قارشى چىقىپ، پەرمانىمغا خىلاپلىق قىلغان ئۇ پوق ساقال بويىنىغا قارا قىل ئارغامچا سېلىپ ئالدىمغا كېلىپ تىزلىنىپ گۇناھىنى تىلىمەي، ماڭا خەت يېزىشقا نىمە ھەددى؟! — دەپ ۋارقىرىدى.

— بەرھەق، شاھ ئالىيلىرى. ئىسيانچىلارغا ئاتامان بولۇپ، سىلىگە قارشى تىغ كۆتۈرگەن ئۇ قاراقچى سىلىگە خەت يېزىپ، ماڭا تۆھمەت قىلىش ئارقىلىق ئارىمىزغا ئاداۋەت سېلىپ خانلىقنى ئاغدۇرماقچى، — دېدى شاۋاز گەپنى كۆپتۈرۈپ.

— ئىسىت، دۆلەت ئۇستازى، خانلىقنىڭ شەيخۇلئىسلامى، خانلىق مەدرىسىگە باش مۇددەرىس قىلىپ ئەتىۋارلاپ ھۆرمىتىنى قىلسام، ئاخىر ماڭا قارشى تىغ كۆتۈردى، — دېدى شاھ ئەپسۇسلىنىپ.

— ئەسلىي ئالا كۆڭۈل ئادەمتى ئۇ، — شاۋاز زەھەرخەندىلىك قىلدى.

— مەن ئۇنىڭغا قىرىق يىل تۈز بەرگەن، دۆلىتىمگە شېرىك قىلىپ دۆلەت كۆرسەتكەنىدىم، — دېدى شاھ.

— بىر ھايۋانغا قىرىق يىل راپاۋەت قىلسىمۇ ئەقىدىنىڭ كۈچىدىن ئۇ ئادەمگە ئايلىنىشى مۇمكىن، شاھ ئالىيلىرى.

بۇ چاغدا ئابدۇللا شاتىرى باشچىلىقىدىكى نۆكەرلەر غېرىبنى زىندانغا تاشلىغانىدى. زىنداندا غېرىب بىر تۈۋرۈككە چەمبەرچاس باغلىۋېتىلگەن بولۇپ، قامچا دەستىدىن يۈز - كۆزى كۆكىرىپ ئىششىغان، قانغا بويالغان، كىيىملىرى تىتىلغانىدى. گۈندىپاي ئۇنى توختىماستىن قامچىلىدى. ئابدۇللا قىزىتىلغان ئۆزۈن زىخنى قولىغا ئېلىپ بىردەم ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ، كۆزىگە يېقىن ئەكەلدى - دە، سوراقلاشقا باشلىدى:

— دېگىنە يېتىم ئوغلاق، خان پەرمانىغا خىلاپلىق قىلدىڭ، شۇنداقمۇ؟

— مەن خان پەرمانىغا خىلاپلىق قىلمىدىم، — دېدى غېرىب.

— سەنەمجان بىلەن مەخپىي كۆرۈشكۈنۈڭ خان پەرمانىغا خىلاپ ئەمەسمۇ؟

— سەنەمجان بىلەن كۆرۈشۈش بىز تۇغۇلماستا خاننىڭ پەرمانى بويىچە پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن قىسمەتتۇر.

— سېنىڭ بۇ شۇم پېشانەڭگە تەتۈر پۈتۈلۈپ قالغان بۇنداق قىسمەتنى مانا مەن ئۆچۈرۈپ ئۆزۈم يېڭىۋاشتىن پۈتىمەن.

ئابدۇللا شاتىرى شۇنداق دېگىنىچە قولىدىكى چوغدەك قىزارغان زىخنىڭ ئۇچىدا غېرىبنىڭ پېشانىسىنى جىجىدى، غېرىب ۋارقىرىدى:

— ھۇ، ئىچىدە توڭگۇز قاترايدىغان مۇناپىق، خەپ توختاپتۇرا! ...

يىغىدىن ئەس - ھوشىنى يوقاتقان غېرىبنىڭ ئانىسى نىگارئايىم ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدا توختىغان مەپىدىن چۈشتى - دە، كىيىملىرى بىسەرەمجان ھالەتتە دەرۋازىغا ئالدىراپ كەلدى، بىراق قاراۋۇل ئۇنى توسۇۋالدى.

www.uyghurkitap.com

— مەن مەرھۇم ھەسەن ۋەزىرنىڭ ئايالى قۇتلۇق نىگارئايىم. مېنى تونۇمىدىڭلارمۇ؟ مېنىڭ خان بىلەن كۆرۈشىدىغان مۇھىم ئىشىم بار، — دېدى نىگارئايىم.

— كىرىشكە بولمايدۇ، — سۇرلۇك توستى قاراۋۇل.

— مەندە خانلىق دەستەك بار، ھەرقانداق يەردە توسالغۇغا ئۇچرىمايمەن.

— خانلىق دەستەكنى كۆرسەت !

نىگارئايىم قوينىدىن دەستەكنى چىقىرىپ كۆرسەتتى. قاراۋۇل خانلىق دەستەكنى ئېلىپ كۆرۈپ يەنە بىرىگە كۆرسەتتى.

— بۇ خانلىق دەستەكنى ياساۋۇللار بېگى كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن كىرىسەن، ساقلاپ تۇر.

بىر قاراۋۇل خانلىق دەستىكنى ئىچكىرىگە ئەكىرىپ كەتتى. يەنە بىر قاراۋۇل نىگارئايىمنى توسۇپ تۇردى. دەستەكنى ئەكىرىپ كەتكەن قاراۋۇل بىردەمدىن كېيىن قۇرۇق قول قايتىپ چىقتى.

— ئۇ خانلىق دەستەكنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كۆچىدىن قاپتۇ. كىرىشكە بولمايدۇ، قايتىپ كەت، — دېدى قاراۋۇل.

— كۆچىدىن قالغان دەستىكىمنى قايتۇرۇپ بەر، ئۇنداق بولسا... — ۋارقىرىدى نىگارئايىم.

— ئۇ شەخسنىڭ مۈلكى ئەمەس، ياندۇرۇپ بېرىشكە بولمايدۇ، يان ئارقاڭغا، بولمىسا ئۆزۈڭنى زىنداندا كۆرىسەن ! — دېدى قاراۋۇل.

نىگارئايىم قاراۋۇلنىڭ قورسىقىغا ئۇسۇپ:

— قېنى نوچى بولۇشساڭ سولا مېنى شۇ زىندانىڭغا، ھېلىغۇ بىر جېنىم باركەن، مىڭ جېنىم بولسىمۇ تىكتىم مەن سەندەكلەرگە ! — دېدى.

قاراۋۇل ئوڭدىسىغا چۈشتى. ئىچكىرىدىن بىر توپ لەشكەر يۈگۈرۈپ چىقىپ نىگارئايىمنى باسماقداپ تۇتۇپ، سۆرەپ

ئىچكىرىگە ئەكىرىپ كەتتى.

شاھنىڭ ھور مۇنچىسى. ياغاچ تۇڭغا چىلانغان شاھنى چۆرە ـ دېدەك قىزلار ئەتراپىدا ئايلىنىپ ئۇچىسىنى تۇتۇپ، يۇماقتا ئىدى. شاھ چىلىم تارتقاچ كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ، مۇنچا سەيناسىدا نېپىز شايى كۆڭلەكلەر بىلەن ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئۇسسۇلچى قىزلاردىن، نەغمىچىلەرنىڭ نەغمىسىدىن ھۇزۇرلانماقتا ئىدى. نەغمە:

يۇزۇڭدىن جەننەتۇل ـ رىزۋان بولۇپتۇر،
لېۋىڭدىن چەشمەئى دەرمان بولۇپتۇر.
بۇرۇن يالغۇز ئىدى ھۇسنۇ جامالىڭ،
ۋە لېكىن ئەمدى يۈز چەندان بولۇپتۇر.
ئەزەلدىن بىر يۇتۇم تامىمىش لەبىڭدىن،
بۇ كۇن ئاتى جەھاندا جان بولۇپتۇر.

گەپنى تاغ تۇرادىن ئاڭلايلى. تاغ تۇرادىكى ئۆڭكۈردە سادىق بىلال بىلەن شەيخ جالالىدىن سۆھبەتتە ئىدى.

— ئوردىغا تېگىش قىلايلى. بۇ يەردە مۆكۈپ يۈرگەندىن ئادالەت ئۈچۈن جەڭگە چۈشۈپ ئوقتا ئۆلگەن مىڭ ئەۋزەل.

— ھاي ... ھاي ... ھازىر ۋاقتى ئەمەس. پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭغا باشقىچە چارە قىلماق كېرەك، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

سادىق بىلال بولسا تاقەتسىزلەنمەكتە ئىدى:

— ئۇلار غېرىبنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. ئۇلار غېرىبقا زىيانكەشلىك قىلىشتىن بۇرۇن بىز قول سالمىساق كېچىكىمىز.

— ئۇلار غېرىبنى تۇتقان بىلەن ئۆلتۈرۈشكە ئالدىرىمايدۇ. ئەگەر بىز غېرىبنى قۇتقۇزۇشقا ئالدىراپ ئوردابالىققا ھۇجۇم قىلساق، شاۋازنىڭ قىلتىقىغا چۈشىمىز. ئۇ غېرىبنى تۇتۇش

www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق بىزنى تۇزاققا دەسسەتمەكچى. بىزنىڭ غېرىبنى قۇتقۇزۇشقا ئالدىرايدىغىنىمىزنى ئۇ ئاللىبۇرۇن پەملىگەن.

سادىق ئېغىر تىنىدى.

شاھ ھەرەمخانىسىدا شاھانە كۇرسىتا ئولتۇردى. سەنەم شاھ ئاتىسىنىڭ ئالدىدا قايناپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— شاھ ئاتا، غېرىب گۇناھسىز، ئۇنى ناھەق زىندانغا تاشلىدىلا.

— خانىنىڭ پەرمانىغا قارشى چىققان ئادەم گۇناھسىزمۇ؟

— غېرىب بىلەن كۆرۈشۈشكە مەن چىققان، مەن ئۇنى قوغلاپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم كۆرۈشتۈم.

— يا پەرۋەردىگار، ئاخىرقى زاماندا بىر ئەر تىرەكنىڭ ئۇچىغا چىقىۋالسا قىرىق خوتۇن يىڭنە بىلەن تىرەكنىڭ تۈۋىنى كولايدۇ، ئاتا بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدا شەرم ـ ھايا قالمايدۇ دەۋاتقان، ئاخىرقى زامان كەلدىمۇ نىمە؟

— راست، قىيامەت بولدى، ئاتا. غېرىبنى ئەمەس، مېنى جازالاپ زىندانغا تاشلىسىلا.

— سىزنى زىندانغا تاشلىمايدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە مېنى قىستامسىز؟ ئەگەر مۇشۇنداق قىستاۋەرسىڭىز زىندانىنىڭ تەمىنى سىزمۇ تېتىيسىز.

— غېرىب گۇناھسىز، ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەرقانداق زىنداندا يېتىشقا رازىمەن، ئۇنى زىنداندىن ئازاد قىلىسىلا.

— سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىك جىنايىتىنى ئۇنىڭ بويىنىدىن ساقىت قىلايلى. ئەمما، ئۇنىڭ تاغدىكى ئىسيانچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تۇزكور ئاقساقىلى جالالىدىنىنىڭ سۈيىقەست بىلەن تولغان قارا خېتى ئارقىلىق مېنى ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنغىنى كاللىسى كېتىدىغان جىنايەتتۇر، — دېدى شاھ خاپىغان ھالدا.

— ھەسەن ۋەزىر قازا قىلىپ، شاۋاز ئوڭ قول ۋەزىر بولغاندىن بېرى ئۇنىڭ زوراۋانلىق، شۇملۇق، سۈيىقەست

ئىشلىتىپ ئەل ـ يۇرتنى بوزەك قىلىشى تۈپەيلىدىن ياشاشقا ئامالسىز قالغان خەلقلەر تاغقا چىقىۋالدى.

شاھ سەنەمنىڭ گەپلىرىگە خاپا بولۇپ ۋارقىرىدى:

— بولدى بەس، جۆيلۈمەڭ !

— سىلى شاۋازنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىگە ئالدىنىپ، ئۇنىڭ ئالىقىنىدىكى ئادەمگە ئايلاندىلا...

شاھ ئېتىلىپ كېلىپ سەنەمنىڭ يۈزىگە بىر كاچات سالدى.

— قايسىڭ بار؟!

— لەببەي، شاھ ئالىيلىرى، — نۆكەر يۈگۈرۈپ كىردى.

— شاھقا تىل تەگكۈزۈشكە پېتىنغان ماۋۇ ... ماۋۇ ... ماۋۇنى ئاچىقىڭلار! كۆزۈمدىن يوقال !

قاراڭغۇ زىندان ئىچىدە غېرىب مادارسىز، پۇت ـ قولى زەنجىرلەنگەن ھالەتتە زىندان تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، كۆزىنى يۇمۇپ ناخشا ئېيتتى:

خانۇ ۋەيرانىمەن بۇ كۈن جىسمىمدا جانىم يوق مېنىڭ،
سولىنىپ زىنداندىمەن، بۇ يەر ئەمەس جايىم مېنىڭ.
بىر غېرىب ۋەيرانىدۇرمەن، ئاشۇ نانىم يوق مېنىڭ،
قىسمىتىمگە ياقا بىر تار، تاغدەك يۆلەكىم يوق مېنىڭ،
دىلرەبالارنى مېنىڭدىن ھەم جۇدا قىلدى پەلەك.

يول ئاداشىپ غەمدە قالدىم، ھەمسەپەردىن ئايرىلىپ،
مىسلى بۇلبۇلمەن بۇ كۈن ھەم بالۇ پەردىن ئايرىلىپ،
مادەرىم، يارۇ بۇرادەر ھەم پەدەردىن ئايرىلىپ.
قالماسۇن ھېچكىم مېنىڭدەك راھبەرىدىن ئايرىلىپ،
بۇ يورۇق دۇنيانى ماڭا ماتەمسارا قىلدى پەلەك.

شاۋازنىڭ قەسرى. شاۋاز ئۆزىنىڭ خاس خانىسىدا يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە بولۇپ، ئىككى دېدەك قىزنى ئىككى تىزىدا

www.uyghurkitap.com

ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ قاقاقلاپ كۈلمەكتە ئىدى. ئىككى قىز تەڭلا شاراب قويۇلغان ئالتۇن جامنى شاۋازنىڭ ئاغزىغا ملىڭ خىل نازۇ كەرەشمە بىلەن تەڭلىدى. شاۋاز بىردە ئۇنىڭ ئالتۇن جامىنى، بىردە بۇنىڭ ئالتۇن جامىنى ئوتلىدى. سەينادا بىر توپ قىزلار ئۇسسۇل ئويناماقتا ئىدى.

كەيپ بولغان شاۋاز پەلىپەتىش دەسسەپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. شۇ چاغدا بەزمىخانىغا ھودۇققان ئەبەي قۇل ئالاقزادە بولۇپ كىرىپ كەلدى.

— ھۆرمەتلىك ۋەزىرئەزەم ... ئوغرى جالالىدىن ...

— كېكەچلىمەي گەپ قىلە ...

شاۋاز سەگەكلىشىپ ئۇسسۇلچىلار ئارىسىدىن دەلدۈگۈنۈپ چىقىپ بىر چەتكە ئۆتتى. نەغمىچىلەر توختاپ، ئۇسسۇلچىلار جىم بولدى.

— نەغمەڭنى قىلىۋەر، ئۇسسۇلنى ئويناۋەر، راسا ئوينا! — دەپ ۋارقىرىدى شاۋاز. ناخشا، ئۇسسۇل داۋاملىشىۋەردى.

— چە ... چەتتىرەك دەي، جانابلىرى.

ئۇلار پەردىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى.

— ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىپ گەپ قىل، ئاسمان ئۆرۈلۈپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، — دېدى شاۋاز.

— ئوغرى جالالىدىن شاھقا مەكتۇپ يېزىپتۇ، ھەسەن ۋەزىرنى شاۋاز ئەبەي قۇل ئارقىلىق قىستىلىپ ئۆلتۈرگەن، قاسىم ۋەزىرنىمۇ ناھەق تۆھمەت چاپلاپ ھالاك قىلغان دەپتۇ. ئۇلار... ئۇ قانداق بىلىپ قالغاندۇ؟ ۋەزىرئەزەم، ئەمدى قا ... قانداق قىلغۇلۇق، ئىشىمىز چاتاقمۇ نېمە؟

— سەن دېمىگەنسەن؟ — دېدى شاۋاز.

— ئەزىبىرايى خۇدا، مەندىن ئۇلار بۇنداق گەپمۇ سورىمىغان، كىمگە دەيمەن؟

— ھا ... ھا ... ھا ... ئۇ ئوغرىلارنىڭ بىزگە قىلغان سۇيىقەستى ... خاتىرجەم بول.

— ئۆزلىرىنىڭ ...
— بۇ خەتتىن ئاللىبۇرۇن خەۋەر تاپقانمەن. شاھ بىلەن بىللە ئوقۇپ، ئۇنى مۇھاكىمە قىلغان. شاھ ئۇلارغا ئەمەس، مانا مەن شاۋازغا ئىشىنىدۇ.
— ئەمدى قانداق قىلىمىز، ۋەزىرئەزەم؟
— بېشىڭنى تىك تۇتۇپ، مەيدەڭنى كېرىپ يۈر، قاراقچىلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىسىدىن ھودۇقۇپ، خۇدۇڭنى يوقىتىپ قويساڭ، خەق بۇ ئىشنى راست ئوخشايدۇ دەپ قالىدۇ. ھېچنېمە بولمىغاندەك يۈرىۋەر.
— مۇنداق دېسىلە، ۋەزىرئەزەم. ئۇھ، يۈرىكىم جايىغا چۈشتى.
— مەن ساڭا تاغدەك يۆلەك تۇرسام، سەن نېمىدىن قورقىسەن؟ — دېدى شاۋاز ھىجىيىپ.
— شۇنداق ۋەزىرئەزەم، مەن ئەقىلسىز، كالتە پەمكەنمەن. باياتىن بېرى مىڭ ئۆلۈپ بىر تىرىلدىم.
— كەل... بىللە شاراب ئىچ. شاراب كەلتۈرۈڭلار! قىزلار بىلەن شاراب ئىچىپ ئوينىساڭ كۆڭلۈڭ ئېچىلىپ، روھىڭ كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ، غەم ـ قايغۇدىن خالاس بولىسەن.
بىر دېدەك بىر پەتنۇستا بىر ئاپقۇر مەي كۆتۈرۈپ كىردى.
ئۇزۇن ئۆتمەي، شاھنىڭ خاس نۆكىرى كىرىپ كەلدى ـ دە، شاۋازغا شاھنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى يەتكۈزدى.
ئوردىدا شاھى ئابباس تەختىدە سۈر بىلەن ئولتۇردى. ۋەزىر ـ ۋۇزرالار سەپراس تۇردى. شاۋاز ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا دېدى:
— شاھ ئالىيلىرى، شەيخ جالالىدىن تاغ قاراقچىلىرىغا ئاقساقال بولغاندىن بېرى تاغدىكى قاراقچىلارنىڭ سانى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ ھەم خورىكى يوغىناپ خانىدانلىقىمىزغا زور تەھدىت ئەكەلدى. ئۇلارنى ۋاقتىدا يوقاتمىساق زور ئاپەت بولغۇسىدۇر.

— دۇرۇس، ئۇلار ھەتتا ئوردىدىكى كىشىلەر بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ مەكتۇپ ئارقىلىق بىزگە تەھدىت سېلىۋاتىدۇ، — دېدى شاھ.

— شاھ ئالىيلىرىغا تىل تەگكۈزۈپ، ۋەزىرلەرگە تۆھمەت قىلىپ خانلىقنى گۇمران قىلىشنى قەستلىدى، — دېدى پەيتنى تۇتقان شاۋاز.

ھەممەيلەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشتى. شاھ ۋەزىر - ۋۇزرا، ئەمەلدارلارنى ئەقىل كۆرسىتىشكە دەۋەت قىلدى. لېكىن، دەماللىققا ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى.

شاھ تەختىدە بېشى قېتىپ ئولتۇرغان، ۋەزىرلەر سەپراس تۇرغاننىڭ ئۈستىگە خانىش مېھرىبانۇ كېنىزەك، دېدەكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا كىرىپ كەلدى. پۈتۈن ئوردا ئەھلى خانىشنىڭ يۈزىگە قارىماسلىق ئۈچۈن يەرگە قارىۋالدى، خانىش شاھقا سالام بېرىپ سۆزىنى باشلىدى:

— ھۆرمەتلىك شاھ ئالىيلىرى، گۇناھكار غېرىبنىڭ شاھ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلدى دەپ زىندانغا تاشلىدىلا، ئەمما ئۇنىڭ گۇناھسىز ئانىسى نىگارئايىمنى قايسى گۇناھىغا زىندانغا تاشلىدىلا؟ مەرھۇم دوستلىرى ھەسەن ۋەزىر گۆرىدە تىنچ ئولتۇرمىسۇن يەنە، قىيامەت كۈنى قايسى يۈزلىرى بىلەن دوستلىرىنىڭ يۈزىگە قارايدىلا؟ قارا يۈزلۈكنىڭمۇ چېكى بولىدۇ.

شاھ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھە ... نېمە؟ نىگارئايىمنى زىندانغا تاشلىدى؟ بۇ كىمنىڭ قىلغان ئىشى، ۋەزىر شاۋاز؟! — دېدى.

شاۋاز ئالدىراپ ئوتتۇرىغا چىقىپ شاھقا تەزىم قىلدى:

— ئىللا - بىللا، بۇ ئىشتىن خەۋىرىم يوق، ئالىيلىرى.

— ئەمىسە بۇ كىمنىڭ ئىشى؟ بۇ ئىشنى كىم قىلغان بولسا شۇ زىندانغا تاشلانسۇن!

— جەزمەن شۇنداق بولىدۇ، ئالىيلىرى.

— نىگارئايىم ھازىرلا زىنداندىن ئازاد قىلىنىپ ئالدىمغا

كەلتۈرۈلسۇن ! — دەپ پەرمان قىلدى شاھ.
شۇ چاغدا تاغ تۇرادىكى شەيخ جالالىدىننىڭ تۇرالغۇسىدا سادىق بىلال، ئىلياس ھەم بىرمۇنچە ئاقساقال، سەركەردە ـ سەرۋازلار جەم بولۇپ گۈلخان ئەتراپىدا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى. شەيخ جالالىدىن تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرۇپ سۆز ئاچتى:
— شاۋازنىڭ مەقسىتى بىر ئامال قىلىپ غېرىبنى ئۆلتۈرۈپ، سەنەمنى ئوغلى ئابدۇللاغا ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق كەلگۈسىدە غېرىب ئولتۇرغۇسى شاھلىق تەختىدە ئابدۇللانى ئولتۇرغۇزۇشتۇر.
— كالۋا پادىشاھ شۇ دەرىجىدە ئەقىلدىن ئازدىكى، ھازىر شاۋازنىڭ كۆشكۈرتۈشى بىلەن ھەسەن ۋەزىر بىلەن قىلىشقان ئەھدۇپەيماندىن يېنىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەۋاتىدۇ، — دېدى سادىق بىلال.
— ئەھدۇپەيماننى بۇزۇپ غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ تويىدىن يېنىۋالسىمۇ، غېرىبنى ئۆلتۈرمىسە بولاتتى، — دېدى شەيخ جالالىدىن.
— ئەمما، — دېدى سادىق بىلال، — شاۋاز دېگەن قېرى تۈلكە بۇ ئىشتا غېرىبنى كۆزدىن يوقاتمىغۇچە بولدى قىلمايدۇ.
ئاخىر ئۇلار ئوردىغا تېگىش قىلىپ، غېرىبنى قۇتقۇزىدىغانغا كېلىشتى.
چەكسىز چۆللۈكتە بىر توپ نىقابلىق ئاتلىقلار پەيدا بولدى. سادىق بىلال نىقابىنى ئېلىۋېتىپ دېدى:
— ئۇستاز، سىلى مەشەدە قالسىلا.
شەيخ جالالىدىنمۇ يۈزىدىكى نىقابنى ئېلىۋېتىپ دېدى:
— ئوغۇللىرۇم، شۇڭقارلىرىم، پەخەس ھەم چەبدەس بولغايسىلەر، غېرىبنى قۇتقۇزۇش خانىدانلىقىمىزنى قۇتقۇزۇش دېمەكتۇر، سىلەرگە ئاللا مەدەت قىلغاي، ئامىن !
شەيخ جالالىدىن دۇئاغا قول كۆتۈردى، ھەممەيلەن دۇئا

قىلدى.

— غېرىبنى قۇتقۇزۇشقا جېنىمىز پىدا! — دېيىشتى سادىق باشلىق يىگىتلەر.

— ئوغلۇم سادىق، سەن ئەقىللىق ئادەم، جاننى سەپ بېرىش بىلەن ئىش پۈتسىغۇ مەيلى. لېكىن، غېرىبنى قۇتقۇزالماي قالساق، شاۋاز «مانا غېرىب تاغ قاراقچىلىرىنىڭ مۇھىم ئادىمى بولمىسا ئۇلار قۇتقۇزامتى؟» دېگەننى باھانە قىلىپ غېرىبقا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. كېسەك قېلىپتىن چىقتى. غېرىبنى قۇتقازمىساڭلار زادى بولمايدۇ. ئاللا سىلەرگە ئاسانلىق ھەم نۇسرەت ئاتا قىلغاي! — دەپ ئاق يول تىلىدى شەيخ جالالىدىن.

يىگىتلەر ئاتلاندى.

بۇ تەرەپتە سەنەممۇ غېرىبنىڭ قايغۇسىدا تىتىلداپ تۇرالماي قېلىۋاتاتتى. ئۇ ھوجرىسىدىن سىرتقا چىقماقچى بولدى. ئىشىكتە تۇرغان قاراۋۇللار ئۇنى ئىشىكتىن چىقارمىدى. ئۇ دېرىزىلەرگە ئىنتىلدى، دېرىزىلەردىمۇ قاراۋۇللار بەش قولدەك تۇراتتى. سەنەم تۆۋرۈككە يامىشىپ چىقىپ، تۈڭلۈكتىن بېشىنى چىقاردى. ئۆگزىدىمۇ بەش قولدەك قاراۋۇل تۇرغانلىقىنى كۆردى - دە، سىيرىلىپ يەرگە چۈشۈپ يىغلاپ ئولتۇردى. سەنەمنىڭ نەزەربەند قىلىنغان ھوجرىسىغا چۆرە - دېدەكلەر پەتنۇسلاردا ھەرخىل نازۇ نېمەتلەرنى ئەكىرىشتى. سەنەم ھەممىنى تۆكۈۋېتىپ ۋارقىرىدى:


— يوقىلىش، ھەممىڭ كۆزۈمدىن يوقىلىش!

شۇ چاغدا ئاران جېنى قالغان نىگارئايىمنى ئىككى دېدەك قولتۇقىدىن يۆلەپ شاھ ئوردىسىغا ئېلىپ كىردى. شاھ بىلەن مېھرىبانۇ خانىش دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ نىگارئايىمنىڭ ئالدىغا باردى.

— نىگارئايىم ... بۇ ئىشتا مەن ئەيىبلىك، سەۋەنلىك مەندىن ئۆتتى، — دېدى شاھ. مېھرىبانۇ خانىشمۇ:

— نىگارئايىم، بىزنى كەچۈرسىلە، — دېدى.

بىردىنلا سىرتتىن ئەنسىز ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى:
— خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، سەنەم ئۆزىگە خەنجەر تىقىۋاپتۇ.
ھەممىسى چۆچۈپ، ئاللا ـ تۇۋا كۆتۈرۈشتى.



# تۆتىنچى باب

قاراخانىيلارنىڭ تۇنجى خانى يۇسۇپ قادىرخان ئىسسىقكۆل بويىغا قوشۇن تارتىپ كەلگەن ۋاقتىدا توققۇز ياشتا بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى دۆلەت ئۇستازى، ئورخۇن خانلىقىنىڭ باش ھەربىي ۋەزىرى، يەنى ئانا جەمەت تاغىسى سارچۇق بۇيرۇق تېكىن باشقۇراتتى. يۇسۇپ قادىرخان تاغىسى سارچۇق بۇيرۇق تېكىننىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغاچقا، ئۇنى ئۆز ئاتىسىدەك كۆرەتتى. سارچۇق بۇيرۇقمۇ يۇسۇپ قادىرخاننى ئۆز ئوغلىدەك كۆرەتتى. گەرچە ئۇ بارلىق ئىشلارغا ئاتىدارچىلىق قىلسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق ئىشنى يۇسۇپ قادىرخانىنىڭ بۇيرۇقىسىز، ماقۇللۇقىسىز قىلمايتتى. يۇسۇپ قادىرخانمۇ ئاتام دەپ كۆنگەن سارچۇق بۇيرۇقنىڭ ھەرقانداق گېپىگە ئوڭ - سولىنى، ئاق - قارىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا ماقۇللۇق بىلدۈرەتتى. چۈنكى، تالانتلىق دۆلەت ئۇستازى سارچۇق بۇيرۇق تېكىننىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى، ھەربىر قەدىمى، ھەربىر قىلغان ئىشى نۇرغۇن ئىبرەت، ھېكمەت بىلەن تولغان بولۇپ چىقاتتى. ئورخۇن بويىدىكى ئۇرۇشتىن كېيىن ئورخۇن دەرياسىنىڭ سۈيى، ھاۋاسى بۇلغىنىپ كەتكەنلىكتىن پۈتكۈل ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر قوۋمى ئارىسىدا ۋابا تارقىلىپ، ئادەملەر ھەم قۇسۇپ، ھەم ئىچى سۈرۈپ قارا ئۈجمە تۆكۈلگەندەك قىرىلىپ كەتكەنىدى. پۈتكۈل دەريا ۋادىسىنى تاكى ئۆتۈكەن تاغلىرىغىچە كۆمۈشكە، دەپنە قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەن جەسەتلەر قاپلاپ كەتكەنىدە، دانا ۋەزىر سارچۇق بۇيرۇق تېكىن ئەلگە باشچىلىق قىلغانىدى. ئۇ ئىنتايىن كەسكىن قىلىپ مىدىرلىغۇدەك مادارى بارلارنىڭ ھەممىسىنى ئات مىنىپ ئۆتۈكەن تاغلىرىدىن ئۆتۈشكە، تارىم ۋادىسىدىكى ئادەم

ئايىغى تەگمىگەن تەكلىماكان قۇملۇقىنى بويلاپ مېڭىپ، ئىسسىقكۆل بويىدا جەم بولۇشقا پەرمان قىلىپ، نەسلى قۇرۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن ئۇيغۇر تۈركلىرىنى ساقلاپ قالغانىدى.

سارچۇق بۇيرۇق تېكىن ۋەلىئەھدى، خانلىق ۋارىسى بولمىش يۈسۈپ قادىرخاننى ھامان بىر كۈنى خان قىلىپ تىكلەپ، چېچىلىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنى بىر تۇغ ئاستىغا ئۇيۇشتۇرىمەن دېگەن ئۈمىدتە ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئاتا بولۇپ، ئۇنى قورۇقداپ ئىسسىقكۆل بويىدىكى يايلاقتا خانلىق تۇغىنى تىكتى. توققۇز ياشلىق يۈسۈپ قادىرخان قوشۇن باشلاپ ئىسسىقكۆل بويىغا كەلگەندە، ئەل ـ قوۋم تەرىپىدىن بالاساغۇن دەپ نام ئالدى. ئىسسىقكۆل بويىدا كاتتا شەھەر بىنا قىلىنىپ نامى بالاساغۇن دەپ ئاتالدى. يۈسۈپ قادىرخاننىڭ نامى خەلقئالەمگە بالاساغۇن دەپ پۇر كەتتى.

شۇنداق قىلىپ، يۈسۈپ قادىرخان ئون بەش ياشقا كىرگەندە، ياشىنىپ قالغان سارچۇق بۇيرۇق تېكىن ئون بىر ياشلىق قىزى گۈلنىگار خېنىمنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ، باش خانىش قىلىپ ئاندىن ئالەمدىن ئۆتتى. شاھى ئابباس يۈسۈپ قادىرخاننىڭ كۆكۈن نەۋرىسى، ھەسەن ۋەزىر بولسا سارچۇق بۇيرۇق تېكىننىڭ پەي نەۋرىسى ئىدى. پەلەكنىڭ چاقى ئوڭ چۆرگىلەپ، سول چۆرگىلەپ ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە، شاھى ئابباس ھاماقەتلىك قىلىپ قارا يۈز، چېقىر كۆز، قارا كۆڭۈل شاۋازنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينايدىغان قورچاق خانغا ئايلىنىپ، خانلىقنىڭ ئۈلىنى زەيلەتكىلى تۇردى. ئۇ چىرايلىق خوتۇن بىلەن نەشە بولسا دۇنيانى شۇنىڭغا تېگىشىدىغان ھاماقەت چىقىپ قالدى. ئۇ تالانتلىق ۋەزىر ھەسەن بۇيرۇق تېكىن بىلەن قىلىشقان لەۋزىدىن يېنىۋالدى. بەتنىيەت ۋەزىر شاۋازنىڭ سەتەڭلەر ھىيلىسى ئالدىدا پىلىكتەك يۇمشىدى. خانلىق ئىناۋىتىدىن، ئابرۇيىدىن ئايرىلدى. غېرىبنى زىندانغا تاشلاپ خانلىقتا ئىسيان كۆتۈرۈلۈشىگە سەۋەبچى بولدى.

غېرىب زىنداندا تۈڭلۈك بالدىقىغا سېلىنغان ئارغامچىغا

www.uyghurkitap.com

يامىشىپ پەم بىلەن تۇخلۇكتىن بېشىنى چىقاردى ـ دە، سەل نېرىدىكى باشقا تەرەپكە قاراپ تۇرغان قاراۋۇلنى كۆردى. ئۇ لىككىدە تۇخلۇكتىن چىقىشىغا قاراۋۇل كۆرۈپ قېلىپ يۈگۈرۈپ كەلدى. قاراۋۇل ئۇرغان قىلىچ غېرىبنىڭ قولىدىكى زەنجىرگە تەگدى. غېرىب چاققانلىق بىلەن قىلىچنى زەنجىرگە يۆگىۋېلىپ تارتتى. قىلىچ قاراۋۇلنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتتى. ئاندىن ئۇ قاراۋۇلنى زەنجىر بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىپ، گەدىنىگە بىرنى قويۇپلا ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتتى. ئۇنىڭغىچە زىندان بېشى قاتارلىق تۆت قاراۋۇل يۈگۈرۈپ كېلىپ غېرىبنى قورشىۋالدى. غېرىب ھوشسىز ياتقان قاراۋۇلنىڭ قىلىچىنى ئېلىپ ئۇلار بىلەن ئېلىشتى. غېرىب ھەش ـ پەش دېگۈچە بۇ تۆتىنى يەر چىشلەتتى.

غېرىب زىندان بېشىنىڭ يېنىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ پۇت ـ قولىدىكى زەنجىر ـ كىشەنلەرنى ئاچتى. ھوشسىز ياتقان قاراۋۇلنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ئالدىراپ كىيدى ھەمدە سۇنايلىنىپ ياتقان قاراۋۇللارنى چاققانلىق بىلەن سۆرەپ ئەكېلىپ زىندان تۇخلۇكىدىن تاشلىدى.

بۇ چاغدا سەنەم ھۇجرىسىدا قان ئىچىدە ھوشسىز ياتاتتى. ئايشە باشلىق چۆرە ـ دېدەكلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا پايىپېتەك بولۇشۇپ يۈرەتتى. قوللىرى تىترەپ تۇرغان جەرراھ سەنەمنىڭ قورسىقىدىكى خەنجەرنى پەم بىلەن تارتىپ ئېلىپ، قان ئېقىۋاتقان يارا ئېغىزىغا يوغان تىرىك پاقىنى قارنىنى يېرىپلا باستى، ئۇستىدىن ئاق ماتالار بىلەن تاڭدى.

دەل شۇ چاغدا قاراۋۇلچە كىيىنگەن غېرىب ھۇجرىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ھەممىنى ھەر تەرەپكە ئىتتىرىپ، ئوتتۇرىدىن يېرىپ ئۆتتى. ئاندىن ھوشسىز ياتقان سەنەمنى كۆرۈپ، ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ ئۆزىنى ئۇنىڭ ئۇستىگە تاشلىدى:

ـــ سەنەمجان... جېنىم سەنەمجان، بۇ نېمە ئىش؟ قانداق بولۇپ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭىز؟! ...

غېرىبنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى چۈشمەيلا بىر ـ بىرىدىن قاۋۇل

ياساۋۇللار ئېتىلىپ كىلىپ ئۇنى قامالالاپ سەنەمدىن ئاجرىتىشتى. غېرىب ئۇلارغا قارىتىپ مۇشت ـ پەشۋا ئېتىشقا باشلىدى. شۇنىڭ ئۈستىگە ئالاقزادە بولۇپ ئۆزىنى يوقاتقان شاھ، مېھرىبانۇ خانىش ھەم ئوردا ئەركانلىرى ھاسىرىشىپ كىرىپ كەلدى.

— بولدى بەس ... قولۇڭنى تارتىش !

شاھنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ ئېلىشىۋاتقانلار توختاشتى. مېھرىبانۇ خانىش سەنەمنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ، داد ـ پەريات كۆتۈرۈپ يىغلىدى. ياساۋۇللار ئەسەبىيلەشكىنىدىن كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالغان غېرىبنى تەستە قۇچاقلاپ تۇتۇپ تۇردى. غېرىب ئۇلارنىڭ قۇچاقلىشىۋېلىشىدىن ئەمەس، شاھقا بولغان ھۆرمەتتىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، سەنەمگە ئىنتىلىپ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ نىدا قىلدى:

— سەنەمجان ... نېمىشقا بۇنداق بولدۇ؟ سەنەمجاننى كىم ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ مىڭ جېنى بولسىمۇ قىساس ئالىمەن. سەنەمجان ئۇچۇن جېنىمنى تىكتىم.

شاھ ئاچچىقتىن:

— يوقىلىش، ھەممىڭ يوقىلىش، كۆزۈمدىن يوقال ! — دەپ ۋارقىرىدى.

ياساۋۇللار غېرىبنى سۆرەپ ئاچىقىپ كەتتى. غېرىب تىرەجەپ، تارتىشىپ:

— سەنەمجان ... سەنەم ... مەن تىرىك تۇرۇپ سەنەمدىن ئايرىلمايمەن. سەنەمجان، مەن سىز بىلەن بىللە ئۆلۈشكە رازى ! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە چىقىپ كەتتى.

شاھ بىلەن مېھرىبانۇ خانىش چەكسىز ئىزتىراپ ئىلكىدە پۇچۇلىناتتى. خانىش كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكتى. ئوردا ئەھلى باشلىرىنى تۆۋەن سالدى. سەنەم ئۆلۈكتەك قېتىپ ياتاتتى. ئىمادىدىن قەشقەرى شاۋازغا قارىدى. شاۋاز شاھقا گەپ

قىلىشقا ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلدى. ئىمادىدىن قەشقەرى شاھقا ئاستا يېقىنلىشىپ پەس ئاۋازدا دېدى:

— كەرەملىك شاھ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، ئۇستاز جەرراھ مۇھىددىن قاراقاشىنىڭ ھۆكۈم قىلىشىچە، خەنجەر مەلىكىنىڭ كۆكسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى كۆمۈرچەك سۆڭەكتىن تېشىپ ئۆتۈپ ئۆپكىسىگە يېنىك سانجىلغان، باشقا ئەزاغا دەخلى قىلمىغان. يارا ئېغىزىغا دەل ۋاقتىدا تىرىك پاقا چاپلانغاچقا قان ئىچىگە ئۆتۈپ ئۇيۇپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلمىگەن. مەلىكە سەل قانسىراپ كەتتىيۇ، باشقا خەتەردىن ئۆتۈپ كەتتى. ئاللاغا شۈكۈر ...

مېھرىبانۇ خانىش يىغلاپ تۇرۇپ دېدى:

— خەتەردىن ئۆتۈپ كەتتى دەيدىلا، ئەمىسە مەلىكە نېمىدەپ ھازىرغىچە ھوشىغا كەلمەيدۇ.

شاھ ئىمادىدىنغا قارىدى، ئىمادىدىن جاۋابەن:

— سەۋر - تاقەتلىك بولغايلا، خانىش ئايىم. مەلىكىنىڭ ھازىرغىچە ھوشىغا كەلمەسلىكى، بىرى قانسىراشتىن بولسا، يەنە بىرى دىلى قاتتىق ئازار يەپ، خاپىغان بولۇپ، ھوشىنى يوقاتقاندەك تۇرىدۇ.

— داۋاسىنى قىلماي نېمىدەپ تىللىرىنى چايناپ تۇرىدىلا ئەمىسە؟ — دېدى شاھ.

ئىمادىدىن قەشقەرى جاۋاب بېرىپ:

— قان تولۇقلاش ئۈچۈن سۈتكە قارا مېكىيانىنىڭ تۇخۇمى، تەرەنجىۋىل، كۆكنار ھەسىلى قوشۇپ ئىچكۈزىمىز، ئالىيلىرى. بەدەندىكى زەھەرنى قايتۇرۇش ئۈچۈن يارا ئېغىزىنى كۆك ئىنەكنىڭ سۈتىدە يۇيۇپ بەرسەك بولىدۇ، ئۆپكىنىڭ جاراھىتىگە قىزىل چامغۇر سۈيى بىلەن يەنە ... — دېيىشىگە مېھرىبانۇ خانىش ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى:

— نېمانداق تولا گەپ بۇ، بىزگە دېمەي قىلمامدىلا؟

— شۇلارنى قىلدۇق، ئالىيلىرى. خاتىرجەم بولسا، مەلىكە



www.uyghurkitap.com

ئاستا ـ ئاستا ياخشىلىنىپ كېتىدۇ، قورقىقۇدەك ئىش يوق. لېكىن، يەنە...

— يەنە نېمە؟ نېمانداق ئەزمىلىرىنى ئېزىۋېرىدىلا؟ — دېدى شاھ.

— ئۆپكە جاراھىتىنىڭ پۈتۈشى ئۈچۈن قارا ئېشەكنىڭ سۈتىدىن بىر جامدىن ئۈچ ۋاق ئىچۈرۈش كېرەك، ئالىيلىرى.

ئىمادىدىننىڭ گېپىنى ئاڭلىغان مېھرىبانۇ خانىش چۆچۈپ:

— نېمە، ئېشەك سۈتى؟ ئۇ ھارام سۈتنى قانداق ئىچۈرگۈلۈك ئەمدى. ئەقلى يوق ئادەمدىن ئېشەك ئېمىپ چوڭ بولغانمۇ دەپ سورايدىغان، — دېدى. كەينىدىن ئابدۇلغەپۇر داموللىمۇ گەپكە ئارىلاشتى.

— جاننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن دورىلىققا ھارام دېمەستىن ئىشلەتسەك گۇناھ بولمايدۇ، ئالىيلىرى. ئۇ دېگەن خەقنىڭ تەمسىل قىلىنغان گېپى.

— مەلىكە سەللىمازا ساقىيىدىغان ئىش بولسا نېمە قىلساق مەيلى. دەرھال داۋاسى قىلىنسۇن، — دېدى شاھ.

— مەلىكىمىزنىڭ بالدۇرراق ئەس ـ ھوشىغا كېلىشى، تىنچ، ئامان بولۇشى ئۈچۈن، كۆڭلى تارتقان نەرسىسىگە چەك قويمىساق. ئۇ نېمىنى خالىسا شۇنى قىلسا، مۇشۇنداق قىلساق ئۇنىڭ روھى، جىسمىنى چۇلغىۋالغان خاپىغان كېسەلنىڭ بالدۇرراق چىقىپ كېتىشىگە ...

ئىمادىدىننىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ غەزەپتىن ئۆڭسۈلى ئۆچكەن شاۋاز تاقەت قىلىپ تۇرالماي ئۇنىڭ پۈتىغا چاندۇرماستىن قاتتىق دەسسىدى. ئاغرىققا چىدىمىغان ئىمادىدىننىڭ چىرايى پۈرۈشۈپ كەتتى. شۇ چاغدا ھوشسىز ياتقان سەنەم جۆيلۈدى:

— غې ... غېرىبجان ... غېرىبجان ... قاچماڭ ... تۇتۇۋالىمەن ...

شاھ بىلەن خانىش بىر ـ بىرىگە قارىدى. شاۋاز قاتارلىقلار

ئاستا چىقىپ كېتىشتى.

ئەمدى گەپنى غېرىبنى قوتقۇزۇشقا كەلگەن يىگىتلەردىن ئاڭلايلى. سادىق بىلال سېپىل تۈۋىدە سېپىلنىڭ ئېگىز كۆزەتخانىسىدىكى قاراۋۇلغا ئوقيا ئاتتى. قاراۋۇل پەسكە مۇللاق ئاتتى. ئىلياس باشلىق بىر قانچە يىگىت سېپىل تۈۋىدىكى خەندەكتىكى سۇدىن ئۆتۈپ دەرۋازىغا ئوت قويدى. يەنە بىر توپ يىگىتلەر ئاتخانىدىكى ئاتلارنى چىقىرىۋېتىپ، ئاتخانىغا ئوت قويۇۋەتتى. يېرىم يالىڭاچ لەشكەرلەر: «ۋاي، ئوت كەتتى!» دەپ قالايمىقان ۋارقىراشتى.

شاۋاز ھۇجرىسىدا غەزەپ بىلەن ئىمادىدىن قەشقەرىنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى.

— نېمىدەپ سەنمەنى خاپىغان كېسەللى بولغان، كۆڭلى تارتقان ئىشنى قىلغىلى قويۇڭلار دەپ جۆيلۈيسەن، — دېدى ئۇ «سەن»لەپ، — قاپاقتەك سەللىنى بېشىڭدىن ئالماي مېڭەڭ بىخسىپ قالدىمۇ سېنىڭ؟

شۇ چاغدا بىر چاپارمەن ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كىرىپ كەلدى.

— داد ۋەزىر ئەزەم، شەھەر دەرۋازىسى ۋە ئاتخانىغا ئوت كەتتى، ئوت ...

شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى ئۆرۈتۆپە بولۇشتى.

سەنەمنىڭ ھۇجرىسى. ئۇ پۈتۈن بەدىنى قىزىپ، جۆيلۈپ ۋارقىرىدى:

— غېرىب ... غېرىبجان ... مانا مەن ... كېلىڭ، مېنى ئەكېتىڭ ...

يامغۇردەك ياش تۆكۈپ يىغلاۋاتقان مېھرىبانۇ خانىش شاھقا تىزلىنىپ يالۋۇردى:

— قىزىمىزنىڭ نالە - زارىغا قۇلاق سالسىلا، ئالىيلىرى.

— جۆيلۈۋاتىدۇ، قىزىتمىسىنىڭ يامانلىقىدىن خۇدىنى بىلمەيۋاتىدۇ، — دېدى ئايشەمۇ.



www.uyghurkitap.com

خانىش جىددىيلەشكەن هالدا:
— غېرىبنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسا بەلكىم پايدىسى بولۇپ قالار، — دېدى.
— غېرىب قەيەردە، ئەكېلىڭلار! — دەپ پەرمان قىلدى شاھ.
— خوپ، ئالىيلىرى، — دېگىنىچە چىقىپ كەتتى نۆكەر.
بۇ چاغدا زىنداننىڭ ئوتتۇرا يولىدا گۈندىپايلار تاياق زەربىسىدىن نىمجان بولۇپ قالغان غېرىبنى سۆرەشتۈرۈپ ئېلىپ ماڭغانىدى. ئۇلار غېرىبنى ئاچىقىپ كېتىشكە سادىق بىلال باشلىق يىگىتلەر زىندان يولىدا ھەرقايسى زىندانلارنىڭ ئالدىدىكى قاراۋۇللار بىلەن ئېلىشىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈردى، زىندان ئىشىكىنى چېقىپ زىنداندىكىلەرنى قېچىشقا دالالەت قىلدى. مەھبۇسلار ئىشىكلەردىن قىستىلىشىپ چىقىپ قاچتى. سادىق بىلال ھەربىر زىنداننىڭ ئىشىكىنى چاققاندا قېچىۋاتقان مەھبۇسلارغا قاراپ دەيتتى:
— غېرىب ... غېرىب ... غېرىبنى كۆردۈڭلارمۇ؟
قېچىۋاتقان مەھبۇسلارنىڭ ھېچبىرى ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەستىن قېچىۋەردى.
سەنەمنىڭ ھۇجرىسىدا شاھ، خانىش ھەسرەت - نادامەتتە ئولتۇرغاندا نۆكەر كىرىپ بوش ئاۋازدا دېدى:
— ئالىيلىرى، غېرىبنى ئەكەلدۇق.
شاھ ئورنىدىن تۇرۇپ خانىش ھەم بارلىق مۇلازىملارغا چىقىپ كېتىش ئىشارىتى قىلدى. شاھ ئۆزىمۇ باشقا ھۇجرىغا چىقىپ كەتتى. ھۇجرىدا سەنەم يالغۇز قالدى. غېرىب ھۇجرىغا كىرىپ ھوشسىز ياتقان سەنەمگە ئۆزىنى ئاتتى. ئايشە ئالدىراپ كىرىپ دېدى:
— مەلىكەمنىڭ كۆكسى يارىلاندى، ئۇنى بىسىپ سالماڭ.
— سەنەم ھاياتمۇ؟ — جىددىيلىشىپ سورىدى غېرىب.
— ھايات، ئۇنى تۇتماڭ، بوش گەپ قىلىڭ، ئۇ ھايات، — دەپ جاۋاب بەردى ئايشە.

— سەنەمجان، خۇداغا شۈكۈر، ھايات ئىكەنسىز. سىز ئۆلگەن بولسىڭىز مەنمۇ ئۆلەر ئىدىم. نېمىشقا بۇنداق قىلىسىز؟

غېرىب نالە ـ پەرياد بىلەن سۆزلەۋاتقاندا، جىممىدە ياتقان سەنەمنىڭ يۇمۇلغان كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىن ياش سىرغىدى. ئايشە خۇشال بولۇپ ۋارقىرىدى:

— ئۇ ... ئۇ ... سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى بىلدى.

ياندىكى ھۇجرىدا ئىچى تىتىلداپ ئولتۇرغان شاھ بىلەن خانىشنىڭ يېنىغا بېچارە ھالدىكى غېرىبنىڭ ئانىسى نىگارئايىمنى بىر دېدەك باشلاپ كىردى. نىگارئايىم كىرىپلا تىزلاندى ـ دە:

— ھۆرمەتلىك شاھىم، خانىش ئايىم، سەنەمجان ساقمۇ؟ — دەپلا يىقىلدى، خانىش يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى يۆلىدى. نىگارئايىم چاپىنىنىڭ پېشىنى سۆكۈپ يۆگەلگەن قەغەزنى چىقىرىپ شاھقا سۇنۇپ دېدى:

— ھۆرمەتلىك شاھ ئالىيلىرى، مانا بۇ ئۆزلىرى مەرھۇم ھەسەن ۋەزىر بىلەن پۈتۈشكەن غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ توي ئەھدىنامىسى. غېرىب ھەرقانچە ئېغىر گۇناھ قىلغان بولسىمۇ، ھەسەن ۋەزىرنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن گۇناھىدىن ئۆتۈپ ئۇنى زىنداندىن ئازاد قىلىۋەتسىلە، ئۇنىڭ گۇناھىدىن كەچسىلە. ئۇ مېنىڭ بىر تاللا ئوغلۇم، ھەسەن ۋەزىرنىڭ بىردىنبىر ئەۋلادى.

زىندان ھويلىسىغا كەلكۈندەك يامراپ چىققان مەھبۇسلار ۋە ئۇلارنى قوغداپ چىققان سادىق بىلالنىڭ ئادەملىرىنى ئابدۇللا شاتىرى باشچىلىقىدىكى خان لەشكەرلىرى قاتمۇقات قورشىۋالدى. لەشكەرلەر پەستىمۇ، سېپىل ئۈستىدىمۇ ئورماندەك قويۇق تۇرۇپ كەتكەندى. مەھبۇسلار ھويلا ئوتتۇرىسىغا قاپسىلىپ قېلىپ قاياققا مېڭىشىنى بىلەلمەي تۇرغاندا، ئابدۇللا بىر قول شىلتىۋىدى، لەشكەرلەر مەھبۇسلارغا قارىتىپ ئوقيا ياغدۇردى. يامغۇردەك يا ئوقىدا نۇرغۇن مەھبۇسلار داد ـ پەرياد بىلەن يىقىلىپ جان تەسلىم قىلدى. غېرىبنى تاپالماي زىنداندىن

يۈگۈرۈپ چىققان سادىق بىلال بۇ ھالنى كۆرۈپ، دەرھال ئۆزىنى دالدىغا ئالدى ـ دە، لەشكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئابدۇللاغا چەنلەپ تۇرۇپ ئوقيا ئاتتى. ئوق ئابدۇللانىڭ مۈرىسىگە تەگدى، ئۇ «ۋاي!» دەپ يىقىلدى. يېنىدىكى نۆكەرلەر ئۇنى يۆلىۋالدى. پەستىكى لەشكەرلەر سۈرەن ـ چۇقان سېلىپ سادىق بىلالغا قاراپ ئېتىلدى، سادىق بىلال ھەمراھلىرى بىلەن قىلىچ ئوينىتىپ لەشكەرلەر بىلەن ئېلىشتى. ئەمما، لەشكەرلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىدى. سادىق بىلال ۋە ئۇنىڭ ھايات قالغان ئىككى ھەمراھى سېپىل تېمىغا خەنجەر ئۇرۇپ، تېزلىكتە ئۈستىگە چىقتى. چىقىپلا تەييار تۇرغان خان لەشكەرلىرى بىلەن ئېلىشتى. ئېلىشقاچ سېپىل تۆۋىدىكى چوڭقۇر سۇغا سەكرىدى، لەشكەرلەر سۇغا قارىتىپ يا ئوقىنى يامغۇردەك ياغدۇردى.

سەنەمنىڭ ھۇجرىسىدا غېرىب سەنەمنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا ناخشا ئېيتتى:

قۇربان بولاي قاشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە،
بۇ جانىمنى پىدا قىلاي ئۆزۈڭگە.
ھەيران بولاي قامىتىڭگە، يۈزۈڭگە،
گۈل يۈزۈڭگە ئىنتىزارمەن، سەنەمجان.

ئاشىقلارنىڭ دائىم كۆيەر يۈرىكى،
بوينىڭىزغا سالسام قولۇم بىلىكى.
ئەجابەتتۇر ئاشىقلارنىڭ تىلىكى،
تىلىكىمنى ھەقتىن تىلەي، سەنەمجان.

ئاشىق ئەمەس ئەل ئىچىدە ئار ئەتكەن،
غېرىبتۇرمەن باشىڭىزدا زار ئەتكەن.

www.uyghurkitap.com

هەق ئۆزىدۇر يوقتىن بىزنى بار ئەتكەن،
ئۇمىد بىلەن قاراپ تۇردۇم، سەنەمجان.

سەنەمنىڭ غېرىبنىڭ ئالقىنىدىكى قولى سەل مىدىرلىدى، ئۇ كۆزىنى قىيا ئېچىپ بىرنەرسىلەرنى دەپ پىچىرلاپ غېرىبقا تەبەسسۇم قىلدى. خۇشاللىقتىن غېرىبنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار ئاقتى، ئۇ سەنەمنىڭ قوللىرىنى سۆيۈپ يۈزىگە سۈۋاپ كەتتى. ئايشە خۇشاللىقتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. شاھ، خانىش، نىگارئايىم يەنە بىر خانىدا تەقەززالىق بىلەن ساقلاپ ئولتۇراتتى. ھۇجرىغا ئايشە خۇشال ھالدا يۈگۈرۈپ كىرىپ گىلەمگە پۇتلىشىپ، شاھنىڭ ئايىغىغا دۈم چۈشتى.

— خۇش خەۋەر، شاھ ئالىيلىرى، خانىش ئايىم، سۆيۈنچە بەرسىلە، مەلىكە ھوشىغا كەلدى.

ھەممە خۇشال بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى.

سەنەمنىڭ ھۇجرىسىدا شاھ، خانىش، چۆرە - دېدەكلەر ھالسىز ياتقان سەنەمنىڭ بېشىدا خۇشال ئولتۇرۇشتى. شاھ سەنەمنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قوللىرىنى تۇتتى. خانىش كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ دېدى:

— خۇداغا يۈز مىڭ قەتلە شۈكۈر، ھەرنېمە بولسا ھوشىڭىزغا كەلدىڭىز، مەلىكەم. ئۇلۇغ ئىگەم تىلىكىمنى ئىجابەت قىلدى، ئاللاغا مىڭ شۈكۈر.

— بەختىمگە ھايات قالدىڭىز، قىزىم. سىزدىن ئەنسىرەپ مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلدىم. ئۇھ، شۇنچە جەڭلەرنى قىلىپ دۈشمەن ئارىسىدا تىكەندەك قېلىپمۇ قورقۇش دېگەن خىيالىمغا كەلمەپتىكەن، قورقۇشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى مانا ئەمدى بىلدىم، قىزىم، — دېدى شاھ.

نىگارئايىم ئوغلى غېرىبنىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ، بەدەنلىرىدىكى كۆكەرگەن، ئىششىغان يەرلەرگە قاراپ، ئۇنىڭغا ئېسىلىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. غېرىبنىڭ كۆزلىرى بولسا يەنىلا سەنەمدە ئىدى. شاھ غېرىبقا خۇشالمۇ ئەمەس، خاپىمۇ

ئەمەس، بىر مۇرەككەپ چىگىش ھېسسىياتتا قاراپ قويۇپ، دېرىزە تەرەپكە بۇرۇلۇپ، دېرىزىدىن چاھارباغقا قاراپ جىمىمىدە تۇردى. خانىش سەنەمنىڭ بېشىدا خۇشال ھالدا پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتى.

ئەمدى گەپنى ئابدۇللا شاتىرىدىن ئاڭلايلى. ئابدۇللانىڭ ھۇجرىسىدا ئۇنىڭ تايىقىدا قاش - قاپىقى يېرىلىپ ئىششىغان جەرراھ قورقۇپ تىترەپ تۇرۇپ ئابدۇللانىڭ يالىڭاچ مۇرىسىنى تېڭىپ، قولىنى بويىنىغا ئېسىپ قويدى. ھۇجرىغا شاۋاز، ئايالى قاراكۆزئايىم ھەم ئۇلارنىڭ مۇلازىم، دېدەكلىرى كىرىپ كەلدى. قاراكۆزئايىم يىغلىغىنىچە ئوغلى ئابدۇللاغا ئېسىلىپ دېدى:

— ساقمۇ سەن، جېنىم بالام؟ ياۋۇز دۈشمەنلەرنىڭ ئوقى جېنىڭنى ئالغىلى تاس قاپتۇ. ساڭا تەگكەن ئوق ماڭا تەگسىچۇ، سېنى ئاتقان دۈشمەننىڭ قولى قۇرۇپ كەتكەي، ئىلاھىم.

ئابدۇللا ئانىسىنى ئىتتىرىۋېتىپ ئاچچىقلاپ ۋارقىرىدى:

— چىق، نېرە تۇرە، ئەجەب خۇشۇم يوق مۇشۇ قىلىقلىرىڭ بىلەن. مەن كىچىك بالا ئەمەس، تولا ئىچىمنى سىقىپ غەلۋە قىلمىغىنا ! ...

ئۇ شۇنداق دېگەنچە ئانىسى ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېپىشىپ يىغلىدى.

— بولدى، بولدى، تولا غەلۋە قىلما. ئوغلۇڭ بىر ئوبدان تۇرمامدۇ، — دېدى شاۋاز.

— مۈرەمگە بوش سانجىلدى شۇ، — دېدى ئابدۇللامۇ.

— جەرراھ، ئۇنىڭ جاراھىتى قانداقراق؟ — دەپ سورىدى شاۋاز.

— ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، ئوق مۇرىسىگە ئىككىلىك سانجىلىپ سۆڭەككە بېرىپ توختاپتۇ. سۆڭەككە ياكى ئىچكى ئەزاغا ھېچقانداق زەخىم يەتمەپتۇ.

— ئوق زەھەرلىك ئەمەستۇ؟

— يوقسۇ تەقسىر، ئۇ ئادەتتىكى ئوق ئىكەن.

شۇ چاغدا غوجىدار كىرىپ تائام تەييار بولغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

خان لەشكەرلىرى سېپىل تۆۋىدىكى خەندەكتىن شۇنچە ئىزدەپمۇ ھېچنېمە تاپالماي بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

ـــ بولدى، تاپالمىدۇق، قايتىڭلار!

سەردارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن لەشكەرلەر قايتتى. خەندەك ئەتراپىدا پاقا ـ چېكەتكىلەرنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى. سادىق بىلال ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئەتراپنى كۆزەتكەندىن كېيىن، ئاندىن خەندەكتىن ئاستا ئۆمىلەپ چىقتى. ئېڭىشىپ پەستىكى ئېتىزلىققا قاراپ يۈگۈردى. ئۇلار يېرىم يولغا بارغاندا دۆڭ ـ دۆڭلەردە بېكىنىپ تۇرغان ئاتلىق خان لەشكەرلىرى مەشئەللىرىنى كۆتۈرۈپ، چۇقان ـ سۈرەن سېلىپ چەمبەرسىمان قورشاپ كەلدى. لەشكەرلەر قورشاۋ چەمبىرىكىنى بارا ـ بارا تارايتماقتا ئىدى. ئۈچ يىگىت بىر ـ بىرىگە دۈمبىسىنى چاپلاپ قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، لەشكەرلەر بىلەن ئېلىشىشقا تەخ بولۇپ تۇرۇشتى. سەردار لەشكەرلەرگە ۋارقىرىدى:

ـــ تاغ قاراقچىلىرىنى تىرىك تۇتۇڭلار! سەردارىمىز ئابدۇللا جانابلىرىغا ئۇلارنىڭ ئۆلۈكى ئەمەس، تىرىكى كېرەك. ئۇلارنى تىرىك تۇتۇپ ئاپارساق سەردارىمىز ئابدۇللا بېگىم ھەممىمىزگە كاتتا ئىنئام بېرىدۇ، تارتۇقلايدۇ.

لەشكەرلەر قاقاقلاپ كۈلۈشتى ـ دە، سادىق بىلال بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا سالما تاشلىدى. ئۇلار تاشلانغان سالمىلارنى قىلىچ ئۇرۇپ ئۈزەتتى. ئۈچى بىر ـ بىرىگە كۆز ئىشارىتى قىلىپ ئۈچ تەرەپكە تەڭ ۋارقىراپ ئېتىلىپ بېرىپ، ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭ قورشاۋ سېپىنى بۇزۇپ ماڭدى. لېكىن، لەشكەرلەر تېخىمۇ قىستاپ كەلدى. سادىق ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ قەھرى تاشتى ـ دە، ئۇدۇل كەلگەن لەشكەرلەرنى قىلىچلاپ ئاتتىن يىقىتتى، ئاندىن ئۇلار ئاتتىن

يىقىلغان لەشكەرلەرنىڭ ئىچىگە مىنىپ قاچتى.

ئابدۇللا شاتىربىنىڭ ھۇجرىسىدا شاۋاز، قاراكۆزئايىم، ئابدۇللا ۋە ئابدۇلغەپۇر داموللا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

— ئۇلار قاراقچى جاللادىنىنىڭ غېرىبنى بۇلاپ قېچىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن سولتەكلىرىكەن، — دېدى ئابدۇللا.

— كەپتەر قىسماققا چۈشتى دېگەن مانا شۇ. مانا ئەمدى ھېچكىممۇ غېرىب تاغ قاراقچىلىرىنىڭ ئارىمىزغا يوشۇرۇنغان جاسۇسى دېگەن ھۆكۈمگە غىدىڭ - پىدىڭ قىلالمايدۇ، — دېدى شاۋاز.

قاراكۆزئايىممۇ گەپكە ئارىلاشتى:

— ئىككى - ئۈچ ئوغرىنى ھەش - پەش دېگۈچە يىغىشتۇرۇۋەتمەي، خانلىقنىڭ تۈمەن مىڭ لەشكىرى يىل بويى بىكارغا غىزا يەپ ياتامدۇ؟

— چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا خوتۇن سەن، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماي، ئوچاق بېشىنىڭ ئىشى بىلەن بول، — دېدى شاۋاز دوق قىلىپ.

ئابدۇلغەپۇر دامولللىمۇ گەپ ئارىلىدى:

— ۋەزىرئەزەم جانابلىرى، تاغ قاراقچىلىرى ۋە غېرىبقا تەڭ قول سېلىشنىڭ پەيتى كەلگەندەك تۇرىدۇ.

— شۇنداق قىلايلى، ئاتا، غېرىب دېگەن يېتىم ئوغلاققا تاغ ئوغرىسى دەپلا ئات قويساق ھەممە ئىش پۈتمەمدۇ؟ — دېدى ئابدۇللا.

— غېرىب دېگەن يېتىم ئوغلاقنى يەر يۇتسا مەلىكە ئابدۇللادىن باشقا كىمگە خوتۇن بولاتتى؟ ئۇ ئوغلۇم ئابدۇللاغا تېگىشنى ۋالغىنىغا خۇش بولسا بولىدۇ، — دېدى قاراكۆزئايىم.

— ئەمدى قول سالمىساق ئىشنىڭ بۇنداق ئوڭ كەلمىكى، غېرىب دېگەن سولتەكنىڭ بۇنداق يانپاشقا چىقمىقى ئاسان ئەمەس، — دېدى ئابدۇللا.

— ھەر ئىشنىڭ پەيتى بار، — دېدى شاۋاز. ئۇلار قىزىق

سۆھبەتلىشىۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە ئابدۇللا شاتىرنىڭ قول ئاستىدىكى ئەينىدىن سەرۋاز كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— ئا... ۋەزىرئەزەم ھەزرەتلىرى... ئابدۇللا شاتىرى بېگىمگە مەلۇم بولغاي، تاغ قاراقچىلىرىنىڭ ئاتامىنى سادىق بىلال بىلەن ئۇنىڭ ئىككى چوماقچىسىنى قاچۇرۇپ قويدۇق، قالغانلىرى ئۆلدى.

ئابدۇللا شاتىرى ئېتىلىپ كېلىپ ساق سول قولى بىلەن ئەينىدىن سەرۋازنىڭ كاچىتىغا شاپىلاق بىلەن بىرنى سالدى.

— ھۇ نان قېپىلار... نەچچە توك ـ توك ئادەم بىلەن ئالەمنى مالەم قىلىپ، ئۆيگە كىرىپ قاپسىلىپ قالغان سادىق بىلالنى قاچۇرۇپ قويۇشتۇڭمۇ؟ ئىسىت، سەنلەرگە بەرگەن نان!...

— سا... سادىق بىلال ياۋا توڭگۇزدەك كۈچلۈك بىرنېمىكەن، تىرىك تۇتىمىز دېمىگەن بولساق ...

ئابدۇللا شاتىرى غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— پۇت ـ قولىنى كاردىن چىقارساڭ قولغا تىرىك چۈشمەمدۇ؟! ئۇنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈۋالغان بولساق، غېرىب دېگەن شۇمبۇيىنىڭ پەيمانى توشاتتى ئەمەسمۇ؟!

— بولدى، سەن چىقىپ تۇر، جەڭدە يېڭىش ـ يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارنى ھامان بىر كۈنى تۇزاققا دەسسىتىمىز، — شاۋاز ئىشارەت قىلدى. سەرۋاز چىقىپ كەتتى.

شاھنىڭ خاس ھۇجرىسىدا شاھ، خانىش، مۇھەددىن قاراقاش سۆھبەتلىشىۋاتاتتى. مۇھەددىن قاراقاش دېدى:

— خان ئالىيلىرى، مەلىكىنىڭ بۇنداق تېز ھوشىغا كېلىشى تەن قۇۋۋىتىنىڭ ئەسلىدىلا ياخشىلىقىدىن بولدى. ئۇنىڭ كۆكسىدىكى خەنجەر يارىسىغا قارىغاندا كۆڭۈل يارىسىنىڭ ئېغىرلىقى مەلۇم بولدى.

— خۇدايىم، تەرسالىقتا، مىجەزىنىڭ چۇسلۇقىدا شاھ ئاتىسىنىڭ ئۆزى بولدى بۇ بالا، — دېدى خانىش.

— ھە، ياخشى خوي ـ پەيلى سىلىنى، يامىنى مېنى

تارتتىمۇ، خانىش ئايىم؟ — دېدى شاھ.

شاھ بىلەن خانىش بىر - بىرىگە قېيىداش ئارىلاشقان مۇھەببەتلىك تاپا - تەنە بىلەن قاراشتى. مۇھەممەددىن قاراقاش يېنىك يۆتىلىپ قويۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مۆلچەرىمچە، مەلىكە ئالىيلىرى بالدۇر بولغاندا ئەتە چۈش - پېشىندا، بولمىسا خۇپتەندە ھوشىغا كېلەتتى. ئەمما، غېرىبنىڭ ناخشىسى ئۇنىڭ سېزىمىنى ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك بالدۇر ئەسلىگە كەلتۈردى.

— جەرراھ ھەزرەتلىرى، مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ تەندۇرۇسلۇقى سىلى پەرەز قىلغاندەك ئادەتتىكى خوتۇن - قىزلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئاللا ئۇنىڭغا ئەرلەرنىڭكىدەك كۈچ - قۇۋۋەت، شىجائەت ئاتا قىلغان. بىر ئۆزى يۈز چەۋەندازغا تەڭ كەلگۈدەك ھەربىي ماھارەتكە ئىگە، — دېدى ئىمادىدىن قەشقەرى.

— جانابىي ئىمادىدىن قەشقەرى ھەزرەتلىرى، مەن دەۋاتقان مەسىلە جىسمانىي كۈچ - قۇدرەت ئەمەس، روھىي كۈچ - قۇدرەت مەسىلىسى، مۇنداقچە ئېيتقاندا مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ روھىي قۇۋۋىتى، — دېدى مۇھەممەددىن قاراقاش.

— بولدى، بەس. بۇ مۇلاھىزەڭلەرنى كېيىن قىلىپ، ھازىر نەق گەپنى قىلىڭلار! — دېدى شاھ.

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، راست گەپنى دېيەلەيمەن، ئالىيلىرى.

شاھ مۇھەممەددىن قاراقاشقا بىردەم سۇرلۇك تىكىلىپ تۇرۇپ دېدى:

— نېمانداق تۇرۇپلا تەكەللۇپ قىلىپ تىللىرىنى چاينايدىلا، جەرراھ تەقسىر؟

— دەي دېسەم تىلىم، دېمەي دېسەم دىلىم كۆيىدۇ. شۇڭا، كېكەچلەيمەن، خان ئالىيلىرى، — دېدى مۇھەممەددىن قاراقاش تىلىنى چايناپ.

— مەلىكە تەندۇرۇس بولىدىغانلا ئىش بولسا باشقا ئىشنىڭ كارايىتى چاغلىق، تەقسىر. قېنى گەپنى دېسىلە!

خانىشنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن مۇھەددىن قاراقاش شاھقا قارىدى، شاھ بېشىنى لىڭشىتتى.

— مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ روھىنى چىرمىۋالغان ھەددىدىن زىيادە خاپىغان سەۋداسىنى بېسىش ئۈچۈن، غېرىب ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي گەپ قىلىپ، ناخشا ئېيتىپ بەرسە، مەلىكە ناھايىتى تېز ئەسلىگە كېلەتتى، ئالىيلىرى...

گەپنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شاھ چىدىيالماستىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. مۇھەددىن قاراقاش قورقۇپ كېتىپ تىزلىنىپ شاھتىن كەچۈرۈم سورىدى:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، ئالىيلىرى ...

شاھ ئىلاجسىز ئاستاغىنا بېشىنى لىڭشىتتى ...

تاغ تۇرادىكى شەيخ جالالىدىننىڭ تۇرالغۇسى. شەيخ جالالىدىن جايىنامازدا ئولتۇرۇپ تەسۋى سىيرىماقتا ئىدى. ھېرىپ دەرمانىدىن كەتكەن سادىق بىلال سالپايغان ھالدا كىرىپ كەلدى ـ دە، چوغدانىنىڭ ئالدىدىكى ئۆچكە تېرىسىگە كېلىپ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى.

سەھەر ۋاقتى، سەنەمنىڭ ھۇجرىسى. سەنەم ئاستا كۆزىنى ئېچىپ ئاياغ تەرىپىدە بېشىنى كارىۋاتقا قويۇپ ئۇخلاۋاتقان غېرىبنى كۆرۈپ پىسسىڭىدە كۈلدى. سەنەمنىڭ باش ـ ئايىغىدا تىك تۇرۇپ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان كېنىزەكلەر خۇش بولۇپ كېتىپ تەمتىرىشىپ، ئۇنىڭ باش ـ كۆزىنى سۈرتتى.

— ئوڭشالدىلىمۇ، مەلىكە ئالىيلىرى؟ — دەپ سورىدى زىلۋا كېنىزەك.

— ئويغاندىلىمۇ، مەلىكە ئالىيلىرى؟ — دەپ سورىدى دومىلاققىنا كەلگەن يەنە بىر كېنىزەك.

سەنەم قاپىقىنى تۈرۈپ، «گەپ قىلماڭلار، غېرىبنى ئويغىتىۋېتىسىلەر» دېگەن مەنىدە كۆز ئىشارىتى قىلدى.

كېنىزەكلەر ئاغزىلىرىنى تۇتۇپ قالدى. سەنەم ئۇلارنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى. كېنىزەكلەر تېزىم قىلغىنىچە ئارقىچە مېڭىشىپ چىقىپ كېتىشتى. سەنەم پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئۇخلاۋاتقان غېرىبنىڭ يۈزىنى كۆرۈشكە ئىنتىلدى. ئەمما، ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرەلمىدى.

ھەممە جاي گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن يازنىڭ سەھەر پەيتى. شاۋاز چىرايلىق بېغىدا بىر مەشقاۋۇل بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىشىۋاتاتتى. ئوڭ قولىنى بويىنىغا ئېسىۋالغان ئابدۇللا تەكەببۇر قىياپەتتە كېلىپ شاۋازغا سالام بەردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئاتا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئوغلۇم.

— ھەر ئەتىگىنى ئوڭ قولۇمدا قىلىچۋازلىق قىلىپ كۆنۈپ قاپتىكەنمەن. ئىچىم سىقىلىپ كەتتى، — دېدى ئابدۇللا مەشقاۋۇلنىڭ قولىدىكى قىلىچنى ئېلىپ، — سول قولدا قىلىچۋازلىق قىلىشنى بىلمىسەممۇ بولمىغۇدەك، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە دادىسىغا قارىتىپ قىلىچ چاپتى. شاۋاز ئابدۇللانىڭ بىئەپ ئۇرغان قىلىچىنى بىر ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتتى.

— ھەببەللى، ئوغلۇم، بارغانچە ئەقىل - پاراستىڭ ئېشىپ، پىشىپ بېرىۋاتىسەن. مەن سەندىن پەخىرلىنىمەن، ئوغلۇم. ئوڭ قولۇڭ بولمىغاندا سول قولۇڭنى ئىشلەتمەي ئامال يوق.

— قوش قوللاپ قىلىچ ئويناتسا ھەر ئىككى قولنىڭ تورى بولمايدۇ دەپ بىلەتتىم، — دېدى ئابدۇللا.

— تولا ئادەملەر ئوڭ قولنى ئىشلەتكەچكە دۈشمەننىڭ كۆزىمۇ ئوڭ قولغا تىكىلىدۇ. كۈتمىگەن يەردىن سول قولۇڭدا قىلىچ ئۇرساڭ، دۈشمەننىڭ يەر چىشلەيدۇ.

ئابدۇللا قىلىچنى يەردىن ئېلىپ دادىسى بىلەن يەنە قىلىچۋازلىق مەشقى قىلغاچ دېدى:

— ئاتا، ئويلىسام غېرىبقا مۇشۇ پەيتتە قول سالمىساق بولمايدىغاندەكلا تۇرىدۇ.

شاۋاز ئەتراپقا قاراپ قويۇپ پەس ئاۋازدا:

— ئىت غالجىرلاشسا تامغا سەكرەيدۇ دېيدىغان گەپ بار. سەنەم ھازىر غېرىبنىڭ دەردىدە ساراڭ قانجۇقنىڭ ئۆزى بولدى. ئەگەر غېرىب ھازىر ئۆلسە ئۇ ساراڭ بولۇپ، پىلانىمىز بەربات بولىدۇ، — دېدى.

— ئۇنداقتا ئامراق قىزىنىڭ دەردىدە پادىشاھ بىلەن خانىش ئەقلىدىن ئازسا، ئۇلارنى بىر كېچىدىلا ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىڭىزنى خان دەپ جاكارلىمامسىز؟ — دېدى ئابدۇللا.

— مانا، كالتە پەملىكىڭ مەشەدىن چىقىپ تۇرىدۇ - دە! خاننىڭ ئاكا - ئىنىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، پەگاھتىكى شاھزادە، خانزادىلەر بەك كۆپ. ئەگەر شاھ يوقىتىلسا ئۇلار خان ئەۋلادىمىز دەپ يەڭ شىمايلاپ چىقماي قالمايدۇ.

— بىرنى يوقاتساق مىڭغا دۇچ كېلىدىكەنمىز - دە، ئاتا؟ — دېدى ئابدۇللا.

— نەق تاپتىڭ، ئەگەر سەن دېگەندەك قىلساق ھەرە ئۇۋىسىغا ياغاچ تىققان ساراڭنىڭ كۈنىگە قالىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ئەلنىڭ ئەلمىساقتىن تارتىپ خان ئەۋلادى تەختكە چىقمىسا تىنچىمايدىغان ئادىتى بار. سەنەمنى ئەمرىڭگە ئېلىپ تەخت ۋارىسى بولمىغۇچە بۇ خانلىق ساڭا تەئەللۇق بولمايدۇ، — دېدى شاۋاز.

— سەنەمنى يېتىم ئوغلاق غېرىبنىڭ سەۋداسىدىن قاچان ئازاد قىلغىلى بولار ئەمدى؟ — سورىدى ئابدۇللا.

— سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ، ئۇنىڭمۇ پەيتى بار. سەنەمنىڭ غالجىرلىقى بېسىقىپ، ئەس - ھوشى جايىغا كەلگۈچە غېرىب ئۇنىڭغا ئەڭ ئوبدان ئېمىزگۇ.

سەنەمنىڭ ھۇجرىسى. غېرىب ئويغىنىپ بېشىنى كۆتۈردى - دە، ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ ياتقان سەنەمنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ قولىنى ئاستا تۇتتى.

— ساقايدىڭىزمۇ، سەنەمجان؟
— سىزلا يېنىمدا بولسىڭىز ماڭا ھېچ ئىش بولمايدۇ.
غېرىب سەنەمنىڭ چىرايلىق پېشانىسىگە سۆيدى.
— سىز بايىقى جايىڭىزدا تۇرسىڭىز، — دېدى سەنەم.
— نېمىشقا، يېقىن كەلسەم بولمامدىكەن؟ — دېدى غېرىب.
— ياق، سىزنىڭ ئاشۇ يەردە تۇرغان سىياقىڭىزنى كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ.
غېرىب سەنەمنىڭ تەلىپى بويىچە ئەسلىدىكى ئورنىغا بېرىپ تۇردى.
— مۇشۇنداق تۇرسام بولامدۇ؟
— كۆزىڭىزنى يۇمۇپ تۇرۇڭە.
— ماقۇل، مېنى كۆرمىسۇن دەيدىكەنسىز - دە.
— ئۇنداق چاغ ئەمەس، ئۇخلىغاندەك يۇمۇڭ، سىزنىڭ ئۇخلىغان ھالىتىڭىزنى كۆرگۈم بار.
— بولدىمۇ؟ ماڭا دائىم يېنىڭىزدا ئۇخلاشقا نېسىپ بولسا كاشكى.
— ھەئە ... ئاشۇنداق جىم تۇرۇڭە.
— قاچانغىچە تۇرىمەن؟ مەنمۇ سىزنى كۆرۈپ قانسام.
— مەن كۆرۈپ قانغۇچە.
— مەن سىزنىڭ ھازىرقىدەك ئېچىلىپ گەپ قىلىشىڭىزنى شۇنچىلىك زارىقىش ئىلكىدە كۈتتۇم، بىر مىنۇتمۇ گويا مىڭ يىلدەك تۇيۇلىدۇ، — دېدى غېرىب.
— گەپ قىلماڭ، ئۇخلىغان ھالىتىڭىزنى كۆرۈپ قانمىدىم.
— سىزنىڭ ئاھۇنىڭكىدەك كۆزلىرىڭىزنى، تولۇن ئايدەك گۈزەل رۇخسارىڭىزنى شۇ قەدەر كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ.
— ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ، — دېدى سەنەم.
— ماقۇل ... يېنىڭىزدا مەڭگۈ ئويغانماي ئۇخلاشقا رازىمەن.
— يەنە ئېچىلدىڭىزغۇ؟! ئاچماڭ.
غېرىب جىممىدە تۇردى، بىردەمدىن كېيىن سەنەم مېھرى

بىلەن دېدى:

— غېرىبجان، چۈشۈمدە ماڭا ناخشا ئېيتىپ بەرگەنىدىڭىز، ئۇ ناخشا ماڭا بەك ياقىقانىدى. ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەيلا چۈشۈم بۇزۇلۇپ ئۇ ناخشىڭىزنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىيالمىدىم.

— ناخشامنى سېغىندىڭىزمۇ؟

— بەك ... بەك سېغىندىم، سىزنىڭ ناخشىڭىز دەردىمگە داۋا، رەنجىمگە شىپا. سىز ۋە سىزنىڭ ناخشىڭىزلا مەن ئۈچۈن ئەڭ زور خۇشاللىق. سىز مېنىڭ ھاياتىم، غېرىبجان.

— يۈرەك پارەم سەنەمجان، ناخشام بىلەن دەردىڭىز داۋا تاپىدىغان ئىش بولسا ناخشا سىزدىن ئايلانسۇن، مىڭ كېچە ـ كۈندۈز ناخشا ئېيت دېسىڭىزمۇ ئېيتىمەن:

باغىڭ ئىچرە باغۋەن بولۇپ،
تەرسەم تازا گۈللەرىڭنى.
ئىگەم سېنى خۇش ياراتمىش،
قۇچسام نازۇك بەللەرىڭنى.

مېنى سورىساڭ ئۇشبۇ ھالدا،
كۆزۈم سەندە، ئۆزۈم غەمدە.
ئاق يۈزۈڭگە تۇتما پەردە،
كۆرسەم ئايدەك يۈزلەرىڭنى.

يۈزۈڭ مىسلى جانانەدۇر،
بىر باقىشىڭ جان ئالەدۇر.
لەبىڭ ئالتۇن پىيالەدۇر،
قويۇپ ئىچسەم باللارىڭنى.

سەھەر تۇرۇپ چېچىڭ تارا،
گۈل يۈزۈڭگە رومال ئورا.



www.uyghurkitap.com

رەقىب يۈزى بولسۇن قارا،
بىلىپ تۇرسام سىرلارىڭنى.

ناخشا ئاخىرلىشىپ تۇرۇشىغا شاھ، خانىش، ئايشە كېنىزەكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا كىرىپ كەلدى. كەيپى بۇزۇلغان سەنەم قاپىقىنى تۈرۈپ يىپتىۋالدى. غېرىب چەتكە ئۆتۈپ بېشىنى ئېگىپ تۇردى. خانىش سەنەمدىن ئەھۋال سورىدى:

— قىزىم سەنەمجان، كۆز نۇرۇم، ساقايدىڭىزمۇ؟

— قىزىم، ئوبدان بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دەپ شاھمۇ ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، ئايشەمۇ گەپ باشلىدى:

— مەلىكە ئالىيلىرى، شاھ ئالىيلىرى بىلەن خانىش ئايىم نەچچە كېچە - كۈندۈز كىرىپ - قاقماي خۇدادىن سىزگە شىپالىق، ئاسايىشلىق تىلىدى. ئۇلار سىزنىڭ كۆزىڭىزنى ئېچىپ بىر ئېغىز گەپ قىلىشىڭىزغا چۆلدىكى كارۋان بۇلاقىقا تەشنا بولغاندەك تەشنا.

— مەن ئۇلۇغ ئاللانىڭ چەكسىز مېھىر - شەپقىتى ۋە ئىنايىتى بىلەن بۇ دۇنياغا ساق - سالامەت كۆز ئېچىپ، تەندۇرۇس چوڭ بولغاندىم. تولىمۇ ئەپسۇس، ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە قۇۋانچىم شاھ ئاتام مېنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى، — دېدى سەنەم.

— شۈكۈر ئاللا، يۈز مىڭ قەتلە شۈكۈر. قىزىلگۈلدەك بىر تال قىزىمنى چوغنى پاختىنىڭ ئارىسىدا ساقلىغاندەك ساقلىغىنىڭغا يۈز مىڭ قەتلە شۈكۈر، — دېدى خانىش.

— قىزىم سەنەمجان، سىز مېنىڭ كۆز نۇرۇم، ئۈمىدىم تۇرسىڭىز، مەن سىزنى قانداقمۇ؟...

شاھنىڭ گېپى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا سەنەم گەپنى بۆلدى:

— مېنىڭ ھايات - ماماتىم سىزگە باغلىق، شاھ ئاتا. مەن خۇشال بولغان ئىشتىن سىز خاپا بولسىڭىز، ماڭا يەنە ئۆلۈمنى

تاللىماقتىن باشقا ئامال يوق ...

سەنەم كۆزىنى ئاچماستىن سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي ئېسەدەپ بوغۇلۇپ، ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتتى ...

— ئۇ كۇنىنى خۇدا كۆرسەتمىگەي، قىزىم. بۇنداق گەپنى قىلماڭ. سىزدىن كېيىن قېلىپ ۋاي قىزىم دەپ قالغۇچە ... بۇ دۇنيادا سىزدىن ئايرىلىپ ياشاش ماڭا ھارام، قىزىم... — خانىش گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي يۈزىنى تۇتۇپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. شاھ ئەستاغپۇرۇللا دەپ ساقىلىنى تۇتاملاپ بىردە غېرىب بىلەن سەنەمگە، بىردە يىغلاۋاتقان خانىشقا قارىدى، ئاندىن ئايشەگە قاراپ بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېتىپ دېدى:

— ئاتقان ئوق كەينىگە قايتماس دەپ مۇشۇ كەمگىچە قىلغان گېپىمدىن يېنىپ باقمىغانىدىم. بوپتۇ، قىزىمنىڭ ئامان - ئېسەنلىكى، مەرھۇم سىرداش دوستۇم ھەسەن بۆيرۇق قۇتتېكىننىڭ يۈزى، قۇتلۇق نىگارئايىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن لەۋزىمدىن يېنىپ سىلەر بالىلىرىمنىڭ قاراقچىلار بىلەن ئاپاق - چاپاق بولغان گۇناھىڭلاردىن كەچتىم ... لېكىن، بۇنىڭدىن كېيىن قايسىڭلار مېنىڭ دۈشمەنلىرىم بىلەن دوست بولىدىكەنسىلەر، بالام بولساڭلارمۇ مېنىڭ دۈشمىنىمگە ئايلىنىسىلەر. مەن ئەزەلدىن دۈشمىنىمگە رەھىم - شەپقەت قىلغان ئەمەسمەن.

شاھ شۇنداق دەپلا پېشىنى قېقىپ چىقىپ كەتتى. سەنەم شۇئان خۇشال بولۇپ كۆزىنى ئېچىپ غېرىبقا قارىدى. غېرىبمۇ خۇشال ھالدا سەنەمگە قارىدى. يىغلاۋاتقان خانىش بېشىنى كۆتۈردى - دە، بېشىنى كۆتۈرمەك بولغان سەنەمنىڭ بېشىنى يۆلەپ باغرىغا باستى. سەنەم بولسا غېرىبقا تويماي قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

قويۇق ئورمان بىلەن قاپلانغان تاغ ئارىسىدىكى چىغىر يولدا شەيخ جالالىدىن بىلەن سادىق بىلال ئاتلىق كېلىۋاتاتتى. شەيخ جالالىدىن دېدى:

— غېرىب ھېچقايسى زىنداندا بولمىسا، ئۇنى ئابدۇللا شاتىرى ئىنس - جىن بىلمەيدىغان مەخپىي زىندانغا بەند قىلغانمىدۇ؟

— ئەگەر غېرىبنى تاپالىغان بولساق، ئۇ جەڭ ماھارىتى بىلەن چەۋەندازلىقتا قالتىس كامالەت تېپىپتىكەن، ھەرنېمە قىلىپ بولسىمۇ ئۇنى تاغ تۇرايىمىزغا ساق - سالامەت ئەكېلىۋالغان بولار ئىدۇق، — دېدى سادىق بىلال.

— مەيلى قانداق مەخپىي يەرگە قامالغان بولسۇن، ھاياتلا بولسا ئۇنى ھامان تاپماي قويمايمىز. ئوردابالىقتا ئەۋەتكەن كۆز - قۇلاقلىرىمىز ئۇنىڭ ساق - سالامەت تۇرۇۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئەكەلگەي، ئىلاھىم.

شاھ خاس ھۇجرىسىدا يانپاشلاپ يېتىپ چىلىم تارتىۋاتاتتى. شاۋاز ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قولىدىن ئالتۇن كۆسەينى ئېلىپ، چىلىمنىڭ سەيخانىسىدىكى چوغلارنى پۈۋلىگىنىچە كۈچۈكلەندى. شاھ پەرۋاسىز چىلىم تارتىپ باغىرداق بىلەنلا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزنىڭ ناز - كەرەشمىلىرىگە مەپتۇن بولۇپ خۇش كەيپ ئولتۇردى. نەغمىچىلەر نەزم ئوقۇۋاتاتتى:

ئۇيان ئۆتۈپ، بۇيان ئۆتۈپ،
ئالاي كۆڭلۈڭنى.
قارچىغىنىڭ بالاسىدەك،
ئېگەي بوينۇڭنى.

قېشىڭ قارا، مەڭزىڭ قىزىل،
ئوسما قويدۇڭمۇ؟
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
جانان، تويدۇڭمۇ؟

نەغمە - ئۇسسۇل شۇ يەرگە كەلگەندە، شاھ خورەك تارتىپ

ئۇخلاشقا باشلىدى. ئاغزىدىن چىلىمنىڭ جوغىنى چۇشۇپ كەتتى. شاۋاز چىلىمنى ئاستا ئېلىۋېتىپ، ئۇسسۇلچى، نەغمىچىلەرگە چىقىپ كېتىش ئىشارىتى قىلدى. ئۇسسۇلچى قىز پەرەنجىسىنى كىيىپ، نەغمىچىلەر سازلىرىنى پەم بىلەن يىغىپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار چىقىپ كېتىشىگە شاھ ئويغىنىپ سەيناغا قاراپ ئەسنەپ كېرىلدى ۋە شاۋازدىن سورىدى.

— قېنى بۇ جىن - شەيتانلار؟

— كۆزلىرى ئۇيقۇغا ئىلىنغاندىكىن، شېرىن ئۇيقۇلىرىغا دەخلى قىلمىسۇن دەپ چىقىرىۋەتكەنىدىم، ئالىيلىرى ... — دەپ جاۋاب بەردى شاۋاز.

— هەي شاۋاز، يېقىندىن بېرى ئۇيقۇم تازا ياخشى ئەمەس. سازەندە - ئۇسسۇلچىلار ناخشا - ئۇسسۇل قىلسا شۇنداق تاتلىق ئۇيقۇم كېلىدۇ، توختاپ قالسىلا ئۇيقۇم قاچىدۇ، پەقەت ئۇخلىيالمايمەن.

— يېقىندىن بېرى خاتىرجەملىكلىرىنى، ئۇيقۇلىرىنى بۇزىدىغان ئىشلار جىق بولۇۋاتىدۇ، ئالىيلىرى، — دېدى شاۋاز خۇشامەتچىلىك بىلەن.

— ئۇنى بىر دېمە، نى - نى زور قوشۇنلارنى مەغلۇپ قىلغان، يېڭىلمەس خاقانمەن دەپ ئۆز - ئۆزۈمدىن پەخىرلىنىپ، مەغرۇرلىناتتىم. مەنمۇ تايىنلىقكەنمەن. ئون يەتتە ياشلىق قىزىم مېنى مەغلۇپ قىلدى. مەغلۇپ قىلغاندىمۇ تازا شەرمەندە قىلىپ، يۈزۈمنى يەرگە ئۇردى، — دېدى شاھ.

— هەرقانداق دۈشمەندىن بالىنىڭ دۈشمەنلىكى يامان؛ هەممە خاپىلىقتىن بالا خاپىلىقى يامان دەيدىكەن كونىلار، ئالىيلىرى.

— يەتتە قىزى بار ئادەم دوزاختا كىرمەيدۇ دېسە، نېمە دەيدىكىن دەپتىكەنمەن، قىز بالىنىڭ خاپىلىقىنى ئىچىگە يۇتماقتىن باشقا ئامال يوق ئىكەن، ئىچىگە يۇتقانسېرى قورساقنى ئېسىپ، تىنالماس قىلىۋېتىدىكەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى

شاھ.
— غەم قىلمىسىلا، ئالىيلىرى. ھەرقانداق ئىشنىڭ ئامالى بولىدۇ، — دېدى شاۋاز.
— بىر تال قىزىم دەپ ... ئۇنى غېرىبقا بەرسەم خانلىق تەختىم ئاخىر بىرىپ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىم بولغان تاغ قاراقچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمەمدۇ؟
— مەلىكە ئالىيلىرىنى ھەرگىز غېرىبقا بېرىشكە بولمايدۇ، ئالىيلىرى، — دېدى شاۋاز.
— قارچىغىنىڭ بالىسى سا چىقىدۇ دېگەن مانا شۇ ـ دە. بىر ئالىيجاناب ۋەزىرنىڭ ئوغلىنىڭ تېگى پەس قاراقچىلارنىڭ قولچومىقى بولۇپ قېلىشىنى كىم بىلسۇن.
— ئەسلىدە بالىلارنى بۇزغىنى شەيخ جالالىدىن دېگەن تۈزكور، قارا يۈز. ئۇ تەربىيىلىگەن بالىلار ساپلا ھاكاۋۇر، ئىسيانكار، ئاتىسىغا مۇشت ئاتىدىغان بولۇپ چىقتى. ئەگەر ئۇلار ئابدۇلغەپۇر داموللامدەك ئادەمنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن بولسا ئاتىسىنىڭ ئالدىدا خوش دەپ قول باغلاپ تۇرىدىغان، ئەخلاقلىق بالىلاردىن بولۇپ چىقاتتى، — دېدى شاۋاز.
— ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە دەپ، قىرىق يىل تۇزۇمنى يېگەن بۇ ئاسىي شەيخنىڭ ئادەم بۇزۇقى، يۇرت بۇزۇقى بولۇپ چىقىشىنى كىم بىلدى؟ — دېدى شاھ.
— ئابدۇلغەپۇر داموللام بالىلارنى تەربىيىلەشتە پادىشاھنىڭ ئەمرىنى تۇتماق ۋاجىپ دېگەن ئۇلۇغ ھەدىس شەرىپىنى ئاساس قىلىدۇ. ئوغرى جالالىدىن بولسا بالىلارغا ھەق ئۈچۈن گېزى كەلگەندە ئاتاڭدىنمۇ كەچ دېگەندەك ئىسيانكارلىقتا قۇترىتىدىغان گەپلەرنى ئۆگىتىدىكەن، — دېدى شاۋاز.
— ئۇنىڭ نەزىرىدە مەن ھەق يولىدىن چىقىپ كېتىپتىمەن ـ دە.
— ئۇنىڭ ئەلنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان گەپ ـ سۆزلەر ئارقىلىق ئاۋامنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلىشتىكى

مەقسىتى ئاخىرقى ھېسابتا، سىلىنى تەختتىن غۇلىتىپ، خانلىقنىڭ ھوقۇق - ئىمتىيازىنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋشتۇر، ئالىيلىرى.

— قارا شاۋاز، ئادەملەرنىڭ نىيىتى نېمانداق يامان؟

— ئۇ بۇ قېتىم تاغ قاراقچىلىرىنى خانبالىققا ھۇجۇم قىلىپ، زىنداندىكى مەھبۇسلارنى قاچۇرۇۋېتىشكە كۈشكۈرتتى. ئەگەر ئۇ خانلىقىمىزغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەن مەھبۇسلارنى ئامان - ئېسەن ئۆز سېپىگە قوشۇۋالغان بولسا شۇلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىگە بىۋاستە ھۇجۇم قىلاتتى، — دېدى شاۋاز.

— يا پەرۋەردىگار، ماۋۇ قارا كۆڭۈللۈكنى. جاللادىن ماڭا شۇنچىۋالا ئۆچ بولۇپ كەتكەنمىدۇ؟

— ئەلۋەتتە، بولمىسا ئۇ تاغ قاراقچىلىرىنى زىندانغا ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتەمتى؟ ئۇنىڭ نىيىتى بەك رەزىل، مانا مۇشۇنداق ئەشەددىي دۈشمەنلىرىنىڭ سادىق قولچوماقى بىزنىڭ بۇرۇتىمىزغا چالما تىزىپ يۈرسە، ئۇنىڭغا يۇمشاق قوللۇق قىلدىلا، ئالىيلىرى.

— قىزىمغا غېرىب دېگەن بۇ تۇزكورنىڭ جېنى چاپلىشىپ قاپتۇ. بولمىسا ئۇنى بوش قويامتىم؟

شاۋاز نېمىدۇر يادىغا يەتكەندەك شاھنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى.

سەنەمنىڭ ھۇجرىسى. سەنەم چۆرە قىزلارنىڭ ياردىمىدە ئالتۇن ھەللىك كۈرسقا ئاستا كېلىپ ئولتۇردى. خۇشال بولغان غېرىب قولىغا تەمبۇر ئېلىپ ناخشىغا تەڭكەش قىلدى:

غەۋۋاسلاردەك جاندىن كېچىپ، دوستلۇرۇم،
يۈز مىڭ شۈكۈر، بۇ ماكانغا يېتىشتىم.
ئىچتىم ساقىي تۇتقان تاتلىق شارابنى،
قايتىۋاشتىن چىققان جانغا يېتىشتىم.

سىز يار ئۈچۈن زىندانلاردا يول ئېچىپ،
جاپا چېكىپ زەپە كەبى سارغىيىپ.
جاندىن ئەزىز دوستلۇرۇمدىن ئايرىلىپ،
شۈكۈر ئاللا، سەنەمجانغا يېتىشتىم.

ھاياتىمنىڭ گۈل غۇنچىسى ئېچىلدى،
ئىشەنچىمگە يەنە ئىشەنچ قېتىلدى.
كۆز ئالدىمغا گۆھەردىن نۇر چېچىلدى،
شۈكۈر، بۇگۈن گۈلىستانغا ئېرىشتىم.

ئەي سەنەمجان، سۈرگۈن بۇ يەردە دەۋران،
ساڭا پىنھان جايدۇر ئۈشبۇ گۈلىستان.
مۇرادىڭنى بەرسۇن خۇدا ھەر قاچان،
شۈكۈر، لەئل ـ گۆھەر كانىغا ئېرىشتىم.

ناخشا شۇ يەرگە كەلگەندە، ئايشە كىرىپ كەلدى. ناخشا ئۈزۈلدى.

— مەلىكە ئالىيلىرى، ۋەزىرئەزەم جانابلىرى، قاراكۆزئايىم، باشبۇغ ئابدۇللا شاتىرى جانابلىرى ئۆزلىرىدىن ھال سوراپ كەلدى.

ئايشەنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ گۈلدەك ئېچىلىپ، ناخشىدىن مەستخۇش بولۇپ ئولتۇرغان سەنەمنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى، گەپنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىشىپلا كۈتمىگەن مېھمانلار كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم مەلىكە ئالىيلىرى، ئالتۇن بويلىرى ئامانمۇ؟ — دەپ ھال سورىدى شاۋاز. قاراكۆزئايىممۇ ئۇلاپلا:

— ئەسسالام مەلىكە ئالىيلىرى، — دېدى ـ دە، سەنەمگە يېقىن كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن يۈز يېقىپ كۆرۈشتى ـ دە، كەينىگە ئىككى قەدەم چېكىندى.

— ئەسسالام سەنەمجان، مۇبارەك تېنىڭىز ئامان بولغاي، — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

— مەلىكە ئالىيلىرى ئۇشتۇمتۇت ساقسىز بولۇپ قالغاندىن كېيىن بىز بەك ئەنسىرىدۇق ... ساقىيىپ قالغانلىرىغا مۇبارەك بولغاي! — دېدى شاۋاز.

— بۇ مېنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ساقىيىپ قالغانلىرىنى مۇبارەكلەپ ئەكەلگەن ئازغىنا كۆڭلۈم، قوبۇل كۆرگەيلا، ئالىيلىرى.

قاراكۆزئايىم ئۆزى بىلەن بىللە كىرگەن دېدەك قىزنىڭ قولىدىكى ئالتۇن بىلەزۈك، مەرۋايىت مارجان، ئالتۇن چاچقۇ، زىرە ـ مۇنچاق، ھالقا قاتارلىق زىبۇزىننەتلەر تىزىلغان نەپىس كۇمۇش پەتنۇسنى ئېلىپ سەنەمنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. سەنەم ئۇ نەرسىلەرگە پەرۋا قىلماستىن ئېرىنچەكلىك بىلەن دېدى:

— كايىپ كېتىشىپتىلا، بۇنچىۋالا ئاۋارە بولغۇچە مېنى تىنچ ئارام ئالغىلى قويۇشقان بولسىلا، ئالەمچە ئىش بولاتتى.

— ئاۋارە بولمىدۇق، مەلىكە ئالىيلىرى، — دېدى شاۋاز.

— بۇنى قانداقمۇ ئاۋارە بولۇش دېگىلى بولسۇن، — دېدى قاراكۆزئايىم.

— سىز ئۈچۈن جېنىمىز تەسەددۇق، — دېدى ئابدۇللا شاتىرى ھجىيىپ.

پەتنۇسنى سەنەمنىڭ يېنىدىكى دېدىكى ئالدى. ئابدۇللا شاتىرىنىڭ ئاغزىنى كالچايتىپ ھجىيىپ قاراشلىرىدىن بىزار بولغان سەنەم باشقا ياققا قارىۋالدى. سەنەم باشقا تەرەپكە قاراپ دېدى:

— مېنى يوقلاپ كېلىشكەنلىكلىرى ئۈچۈن كۆپ رەھمەت.

— سىلىنى پات ـ پات يوقلاپ تۇرىمىز، مەلىكە ئالىيلىرى، — دېدى شاۋاز. قاراكۆزئايىممۇ ئۇلاپلا:

— يەنە كېلىمىز، مەلىكە ئالىيلىرى، — دېدى. سەنەم چىرايىنى ئاچماستىن:

— بولدى، ئەمدى كېلىشمىسىلە. مۇلازىم، مېھمانلارنى



www.uyghurkitap.com

ئۆزىتىپ قوي! ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتىمەن، ئارام ئالىمەن.
— خوش، مەلىكە ئالىيلىرى، ئوبدان ئارام ئالغايلا، — دېدى شاۋاز.
— ئاللا شىپالىق بەرگەي، مەلىكە ئالىيلىرى، — دەپ ئارقىغا ياندى قاراكۆزئايىم.
ئابدۇللا شاتىرى ياندا تۇرغان غېرىبقا قارىدى - دە، غەزەپ بىلەن ئالدىغا ئۆتۈپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. غېرىب بولسا ئۇنى مەنسىتمەستىن جىممىدە قاراپ تۇردى.
— زىنداندىن قاراۋۇللارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قېچىپ كەتكەن بىر قاتىل ھۇجرىڭىزدا تەمبۇر چېلىپ، كەلسە - كەلمەس ناخشا توۋلاۋەرسە، ئەلۋەتتە چارچايسىز - دە، سەنەمجان.
ئابدۇللانىڭ بۇ گەپلىرىگە سەنەم توڭلۇق بىلەن جاۋاب بەردى:
— گۇناھسىز ئادەملەرنى زىندانغا تاشلاشنى كەسىپ قىلغان ئادەم ھۇجرامدا گۇناھكار ئىزدەپ يۈرسە چارچايدىكەنمەن، شاتىر بەگ. مەن كۆڭلۈم نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىمەن، بۇ يەر سىزنىڭ زىندانىڭىز ئەمەس.
سەنەمنىڭ قەسرىنىڭ ئالدىدىكى ئىككى تەرىپى چىمەنلىك يولدا شاۋاز قاتارلىقلار ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھالدا كېتىۋاتاتتى، ئابدۇللا شاتىرى غەزىپىنى باسالماي قايناپ كەتتى:
— خانلىقىمىزنىڭ مەلىكىسى تۇرۇپ شۇنداقمۇ ئەدەپسىز بولامدۇ؟ سىز دېگەن خاندانلىقىمىزنىڭ باش ۋەزىرى، ئۇ سىزگە شۇنچىۋالا بىھۆرمەتلىك قىلىپ، بىزنى بىر تىيىنلىق كۆزگە ئىلمىدى. بىر ئاسىي گۇناھكارنى ھۇجرىسىغا ئەكىرىۋېلىپ، كەچكىچە ناخشا توۋلاشسا ...
— چىداملىق بول، ئوغلۇم، چىدا! ئادەملەر چىدىماسلىقتىنلا قولغا كەلگەن بەختىنى قاچۇرۇپ قويىدۇ، — دېدى شاۋاز ئوغلىغا تەسەللى بېرىپ.
— ئەدەپسىز مەلىكە ماڭا كېلىن بولسا، خىزمىتىمنى قىلىشى ئۇخلاپ چۈشۈم ئوخشايدۇ ... قېرى قېينانامدىن

قوتۇلسام، ئەمدى ياش قېينانامنىڭ ئايىغىدا ئۆلىدىغان ئوخشايمەن، — دېدى قاراكۆزئايىم.

— بۇنداق ئەدەپسىز ... غېرىب دېگەن يېتىم ئوغلاقنىڭ ئاستىدىن چىققان خوتۇننى ئېلىپ پادىشاھ بولغۇچە ...

ئابدۇللا شاتىرنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى چۇشۇپ بولغۇچە شاۋاز ئۇنىڭ كاچىتىغا شاپىلاق بىلەن قاتتىق بىرنى سالدى.

— مەن سېنىڭ بۇنداق پاخالدەك تۇتۇرۇقسىز ئادەم بولۇشۇڭنى ھەرگىز خالىمايمەن. چىدا، ئوغلۇم. تەختنى قولغا كىرگۈزگۈچە جان چىقىپ كەتسە ئامال يوق، بولمىسا چىدا. ھەرقانداق بەدەل تۆلىسەڭمۇ، غالچا بولۇپ كەتسەڭمۇ چىدا. چىدامىلىق بول. پادىشاھ بولغاندىن كېيىن سەنەم دېگەن نايناقنى ئەسكى چاپاننى چۆرۈگەندەك بىر ياققا چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزۈڭ خالىغان قىزلار بىلەن كۆڭۈل ئاچساڭ بولۇۋېرىدۇ، ساڭا ھېچكىم چەك قويالمايدۇ. سەن ئۇ چاغدا بۈگۈن تارتقان خورلۇق، يۇتقان ئاچچىقنىڭ، تۆلىگەن بەدەللىرىڭنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ، راھىتىنى كۆرىسەن. چىدامىلىق بول. سەنەمنى خوتۇن ئەمەس، خانلىق تەختىگە چىقىدىغان شوتا قاتارىدا كۆرسەڭ، ئۇ نېمە قىلسا پەرۋايىڭغا كەلمەيدۇ، ئوغا يۇتمايسەن.

شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى. شاۋاز ھۇجرىسىدا دېرىزىدىن سىرتقا قارىغىنىچە چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىدى. ئۆيگە ئايشە كىرىپ ئۇنىڭغا سالام بەردى:

— ئەسسالام، ھۆرمەتلىك ۋەزىرئەزەم، قۇللىرىغا قانداق دانا يوليورۇقلىرى باركىن؟

— ئولتۇر، ئايشە. جاھاندىكى خوتۇنلارنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا، لېكىن پەقەت سېنىڭلا چېچىڭمۇ، ئەقلىڭمۇ قىسقا ئەمەس، — دېدى شاۋاز.

— غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ ئىشىدا كۆڭۈللىرى كۆپ پاراكەندە ۋەزىرئەزەم، — دېدى ئايشە.

— بۇ ئىككى ئاشىق ساراڭنى قانداق قىلساق بولار؟ ئەجەب

بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى، — دېدى شاۋاز.

— بۇ ئىككىسىنى ئايرىۋېتىش ئۈچۈن كاۋاپمۇ، زىخمۇ كۆيمەيدىغان بىر چارىنى تاپمىساق، ئۆزىمىزگە ئاۋارىچىلىك تېپىۋالىمىز، ۋەزىرئەزەم، — دېدى ئايشە.

— شۇنداق ئەپچىل چارىدىن بىرنى تاپقان ئوخشىمامسەن؟

— كۈندۈزى گەپ قىلساڭ ئەتراپىڭغا باق، كېچىسى گەپ قىلساڭ قۇلاقنى قۇلاققا ياق دەيدىغان گەپ بار، جانابلىرى، — ئايشە شۇنداق دەپ شاۋازنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى

# بەشىنچى باب

شۇنداق قىلىپ، قارا يۈزلۈك، چېقىر كۆزلۈك، ھاۋانچا باش، كۆرۈمسىز شاۋاز پۈتكۈل بالاساغۇن ئوردىسىنىڭ ئىچى ـ تېشىنى كونترول قىلىۋالدى. شاھى ئابباسنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىشى بىلەن شاۋازنىڭ ئۇنىڭغا ئۈزۈلدۈرمەي چىرايلىق قىزلارنى ھەدىيە قىلىپ تۇرۇشى تولىمۇ خوپ كەلگەنىدى. بارا ـ بارا شاھى ئابباس شاۋاز نېمە دېسە شۇنى قىلىدىغان بولدى، ھەتتا پەرمانىنىمۇ شاۋازنىڭ چېقىر كۆزىگە بېقىپ چۈشۈرەتتى. ئاۋۋال ئوردىدا، كېيىن ئوردا سىرتىدا، ئاندىن سېپىل سىرتىدا بۇ ھەقتە پىتنە ـ پاسات كۆپەيدى. شاھى ئاببانسىڭ ئابرۇيى، نوپۇزى مامكاپتەك توزۇپ، سېسىق نامى پۇر كەتتى. ھەتتا بالاساغۇن شەھىرىنىڭ غېرىبانە كوچىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا جايلاشقان سۇپىسىغا كىگىز سېلىشقىمۇ دەسمايە يەتمەي بورا سېلىنغان چايخانىدا نامرات، پېقىرلار، قەلەندەر، مۇساپىرلارمۇ شاھنى مەسخىرە قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىدىغان بولدى. تەخەيلىك ئېشەككە ئارتىلغان يۇلغۇن قاقتىسىنى ساتقىلى كەلگەن ئوتتۇنچى چايخانا خوجايىنىغا:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، چايچى ھەزرەتلىرى، ئەمدى ئوچاقلىرى ئۇزاق ۋاقىت زارىقىپ كۈتكەن ئېرىنى كۆرگەن خوتۇندەك يايراپ كېتىدىغان بولدى، — دېدى.

— ھەئە، سەھرالىق ئوتتۇنچى گاداي، ئېشىكىڭنىمۇ يۇلغۇننى ئارتىۋېرىپ، يۇلغۇن زىخىدا زىخلاۋېرىپ پۈتىنى ئاران سۆرەپ ماڭىدىغان قىلىپ قويدۇڭ. بىچارە ئېشىكىڭ زۇۋان سۇرەلىگەن بولسا، تەخىيىنى پادىشاھقا تۇتۇپ بېرىپ، قىلغان ـ ئەتكەنلىرىڭنى دادلاپ، سېنى زىندانغا سولىتىۋېتەتتى.

خەلقئالەم ئارىسىدا سېنى سېستىۋېتەتتى. ھە راست، ماۋۇ تەخىيىنىڭ بىر چىرايلىق بوي تارتىپ قاپتۇ. ئۇنى زىخلىمىغانسەن، قوپال گاداي؟

— قانداق، بۇ تەخەيگە كۆزلىرى چۈشۈۋاتامدۇ؟ ئاڭلاپ قويسىلا، سىلىدە بار كۆڭۈل مەندىمۇ بار جۇمۇ.

چايچى بىلەن ئوتۇنچىنىڭ چاقچىقىغا چاي ئىچىپ ئولتۇرغان ھەييار تازدىن بىرى قوشۇق سالدى:

— ماڭا قارا، ئوتۇنچى بەگچەك، ئەتىگەندە سېپىل دەرۋازىسىدىن كىرگەندە تاڭ قاراڭغۇسىدا جېسەكچىلەر تەخىيىڭنى كۆرمەي قالغان ئوخشايدۇ. ئەگەر چىدىساڭ، تەخىيىڭنى ئابلىز ھاجىكامغا ئامانەت قويۇپ ماڭ. بولمىسا خاننىڭ خۇشامەتچىلىرى كوچىدا چىرايلىقراق تەخەينى كۆرۈپ قالسا سەندىن تارتىۋېلىپ، شەھىرىمىزگە تازا چىرايلىق قىزدىن بىرى كەپتىكەن، دەپ ئوردىغا ئەكىرىپ كېتىدۇ ... ھا ... ھا ... ھا ...

چايخانىدىكىلەر پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. بەزىلەر يەۋاتقان نانلىرىنى پۇرقۇۋەتتى. شاھتا خانلىق نوپۇز قالمىغانلىقتىن ئاتىسى يوقنىڭ پودىقى چوڭ، ئانىسى يوقنىڭ ئەمچىكى دېگەندەك ئاۋام پۇقرا ھېچكىمدىن ھېيىقماس، ھېچكىمدىن تەپ تارتماس، قورقماس بولدى. ئوردىدىكى شاھنىڭ نوپۇزىنى، ئىناۋىتىنى، سۇر - ھەيۋىسىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان، ھەممەيلەن ھۆرمەتلەيدىغان، تەپ تارتىدىغان، نامىنى ئاڭلىسا تىك تۇرىدىغان كاتتا ئالىم - پازىل، مويسىپىت، ھەققانىيەتچى كاتتا سەردار، سەركەردە، قەھرىمانلار، ئاق كۆڭۈل كىشىلەر شاۋاز تەرىپىدىن تۆھمەت بىلەن سۈرگۈن قىلىندى، زىندانغا تاشلاندى، ھىيلە - مىكىر بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. شاۋازنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى: بىرىنچىدىن، قاراخانىيلارنىڭ يازلىق پايتەختى بولغان بالاساغۇننى تولۇق بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق ئاخىر پەرغانە، تارىم، تەڭرىتاغ، ئالتاي ۋادىلىرىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ھۆكۈمرانى بولۇشتەك شېرىن چۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بولسا،

ئىككىنچىدىن، ئۆز نوپۇزى ۋە ئىناۋىتىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە توسقۇن بولغان، سايە تاشلاپ تۇرۇۋېلىپ ئۆزىنى ئاينىتمايۋاتقان چوڭ دەرەخلەر، ھەيۋەت چوققىلارنى يوقىتىۋېتىش ئارقىلىق يازلىق ئوردىدا ئۆزىدىن باشقا نوپۇزلۇق، ئىناۋەتلىك ئادەم قالدۇرماسلىق، ئاندىن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆزگە كۆرۈنۈش ئىدى. شاۋازنىڭ ئەنە شۇ بالا نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان رەزىل ۋاسىتىلىرى شاھى ئاباسنى قارانچۇقتا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئۇنىڭ پەرمانى ئوردا تۈگۈل، يېزا ـ قىشلاقلاردىمۇ ئۆتمەيتتى. چۈنكى، خانلىق تەۋەسىدىكى بارلىق پۇقرالارنىڭ ئۇنىڭدىن رايى يېنىپ كەتكەنىدى، خانلىقتا بېرىدىغان غەللە ـ پاراقنىمۇ بويۇنغا قىلىچ تەڭلىمىسا بېرىشنى خالىمايتتى. چۈنكى، ئوردىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىن تارتىپ، تاغ ئارىسىدىكى ئون تۈتۈن، ئېكىنزاردىكى بىر پاتمان يەرنى تېرىيدىغان تېرىقچى، يايلاقتىكى چوپانغىچە بەش ئادەمنىڭ باشلىقلىقىغا بەتنىيەت، ھىيلە ـ مىكىرچى شاۋازنىڭ جەددى ـ جەمەتى ياكى خۇشامەتچىلىرى، چاپارمەنلىرى قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار ئەسكىلىكتە ئۈچىغا چىققان ياۋۇز تەبىئەتلىك ئادەملەر ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بۇيرۇق، ھەيۋە قىلىشلىرىغا ئاۋامنىڭ يېتىم قوۋۇرغىلىرى ئېگىلىپ، كۆلگۈسى كېلەتتى، ئۇلار بۇيرۇغان ئىشلارغا پەرۋا قىلمايتتى. ئوردا ئەھلىدىن ھەسەن ۋەزىر سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى، سادىق بىلالدەك باھادىر سەركەردىلەر تاغ ئىچىگە باش ئېلىپ چىقىپ كەتتى. دۆلەت ئۇستازى، خانلىقنىڭ شەيخۇلئىسلامى، خانلىق مەدرىسىنىڭ باش مۇددەرىسى، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادىلا ئەمەس، ھەتتا ئىسلام دۇنياسىدىمۇ نامى ھۆرمەت بىلەن زىكرى قىلىنىدىغان كاتتا ئالىم شەيخ جالالىدىن ئوردىدىن سىقىپ چىقىرىلدى. سەھرا ـ قىشلاقلارغىچە ھۆرمەتلىك كىشىلەر مېھراب، سىياسىي سەھنىلەردىن غۇلىتىپ چۈشۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن، يازلىق پايتەخت بالاساغۇن خەلقىنىڭ كۆڭلىدىن قالغان مۇتتەھەملەرنىڭ

ئۇۋۇسىغا ئايلاندى. شۇڭا، خانلىق تەۋەسىدىكى خانلىقتىن ئۈمىد ئۈزگەن، ئازار يېگەن، ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان، باشپاناھسىز، ماكانسىز قالغان، سۈرگۈن قىلىنىغان، يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شەيخ جالالىدىن بىلەن سادىق بىلال قاتارلىق كىشىلەرنىڭ نارىن دەرياسى بويىدىكى ھەيۋەتلىك بۈركۈت تېغىغا توپلانغانلىقىنى ئاڭلاپ، تۈشمۇتۈشتىن شۇ يەرگە توپلاندى. شەيخ جالالىدىن بارلىق ئەزىمەت ـ باھادىر، سەردار، سەركەردىلەرنى يازلىق پايتەخت بالاساغۇنىنى زالىم شاۋازدىن، ئىشقۋاز شاھى ئابباسنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئازاد قىلىپ، ھەسەن ۋەزىرنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئوغلى غېرىبنى خان قىلىپ تىكلەشكە دالالەت قىلدى. شەيخ جالالىدىنىنىڭ بۇ ھەققانىي چاقىرىقىنى نۇرغۇن ئاۋام ـ پۇقرا ھىمايە قىلدى. شۇنداق قىلىپ، نارىن دەرياسى بويىدىكى بۈركۈت تېغى باھادىر ئەزىمەتلەرنىڭ تۇرارگاھىغا ئايلاندى.

تاغ تۈرادىكى گۈللەر ئارىسىدا شوخ ئېقىپ ياساپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى، كۆز يەتكۈسىز گۈزەل مەنزىرىلەر ئىچىدە شەيخ جالالىدىن، سادىق بىلال، ئىلياسلار ئۈچ ئۈۋلىماقتا ئىدى. شەيخ جالالىدىن دەريا قىرغىقىدا تۇرۇپ قولىدىكى ئۇزۇن ئارىنى ئەپلەپ تۇرۇپ دەرياغا قاتتىق سانجىدى. ئارىنى تارتىۋىدى، ئارا ئۇچىدا يوغان بىر بېلىق پىلتىڭلاپ چىقتى. شۇ چاغدا بىر ئاتلىق چاپارمەن ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە، مەلۇمات يەتكۈزدى:

ـــ شەيخ ھەزرەتلىرى بىلەن سەركەردىگە مەلۇم بولغاي. ئورداباليقتا كەتكەن پايلاقچىمىز خۇش خەۋەر ئەكەپتۇ. غېرىب ھايات ئىكەن، ھايات بولغاندىمۇ سەنەم بىلەن بىللە ئىكەن.

شەيخ جالالىدىن ھەيرانلىق بىلەن ھەمراھلىرىغا قارىدى.

بۇ چاغدا غېرىب، سەنەم ساۋاقداشلىرى بىلەن چاھارباغدا بەزمە ـ باراۋەت قىلماقتا ئىدى. قىزلار ئۇسسۇل ئوينىماقتا،

غېرىب بىلەن سەنەم ناخشا بىلەن ئۆزئارا مۇشائىرە ئېيتىشماقتا ئىدى:

غېرىب:

ساڭا ئېيتاي كۆكۈل داغىن،
يېقىن قىلغىل يول يىراغىن.
كۆرسەتكىل بۇلبۇل باغىن،
بۇلبۇلغا ئوخشاش يولغا سالغىل.

سەنەم:

يېقىن كەلگىن، غېرىب ئاشىقىم،
ھەققىڭ ئۇچۇن ئۇلۇغ ئاللا مېنى ياراتتى.
مېنىڭ ھەققىم ئۇچۇن سېنى ياراتتى،
ماڭا ئاشىق بولساڭ دەرھال جاۋاب بەر.

غېرىب:

يېقىندۇرمەن ساڭا، سەنەمجان،
ھەققىم ئۇچۇن ئۇلۇغ ئاللا سېنى ياراتتى.

سەنەم:

قايسى دەرەخ تېنىدىن سۇ ئىچەر،
ئۇنىڭ بىر شاخىدۇر ئالەمنى قۇچار.
بىر قۇشتۇر قاناتى يوق سەيلانە ئۇچار،
ماڭا ئاشىق بولساڭ ماڭا جاۋاب بەر.

غېرىب:

ئىمان بىر دەرەختۇر، تەندىن سۇ ئىچەر،
كۆكۈل بىر شاختۇر ئالەمنى قۇچار.
روھىمىز بىر قۇشتۇر سەيلانە ئۇچار،
ماڭا راست يار بولساڭ جاۋابىم شۇدۇر.

سەنەم:

ئۇ نېمەدۇر تېنى بار، جانى يوق؟
ئۇ نېمەدۇر قاناتىنىڭ سانى يوق؟
ئۇ نېمەدۇر ئىككى يۈزىدە قانى يوق؟
يارىم بولساڭ ماڭا جاۋاب بەر.

غېرىب:

قارا يەردۇر تېنى بار، جانى يوق،
جەبرائىلدۇر قاناتىنىڭ سانى يوق.
ئانت ئىچكەننىڭ ئىككى يۈزىدە قانى يوق،
ماڭا جانان بولسىڭىز جاۋابىم شۇدۇر.

سەنەم:

ئۇ قايسىدۇر باقماي، تىكمەي باغ بولغان؟
ئۇ قايسىدۇر تەشنالىقتىن چاك بولغان؟
ئۇ قايسىدۇر پەرزەنت ئۈچۈن داغ بولغان؟
جانىم، ماڭا ئاشىق بولساڭ جاۋاب بەر.

غېرىب:

جاڭگال بولۇر باقماي، تىكمەي باغ بولغان،
ئاشىق ئىكەن تەشنالىقتىن چاك بولغان.
ياقۇپ نەبى يۈسۈپ ئۈچۈن داغ بولغان،
ماڭا دىلكەش بولسىڭىز جاۋابىم شۇدۇر.

ناخشا شۇ يەرگە كەلگەندە، سەنەم ھالسىزلىنىپ يىقىلدى. ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزلار سەنەمنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. شاھ ھۇجرىسى. شاھ بىلەن شاۋاز شاھمات ئويناۋاتقان ئىدى. كېنىزەك قىزلار شاھنىڭ ئۈچىسىغا يەڭگىل مۇشتلاپ، يەلپۈگۈچتە يەلپۈمەكتە. شاۋاز پەم بىلەن يېنىدا ئولتۇرغان

www.uyghurkitap.com

ئابدۇلغەپۇر داموللىغا گەپ قىلىش ئىشارىسى بەردى. ئابدۇلغەپۇر داموللا گېلىنى قىرىپ قۇرۇق يۆتىلىپ قويۇپ گەپ باشلىدى:

— شاھ ئالىيلىرى، پېقىر بىر - ئىككى كەلىمە سۆز قىلىسام رۇخسەتمىدۇ؟

— گەپ قىلىسىلا، داموللا ھەزرەتلىرى، قۇلىقىم سىلىدە، — دەپ گەپ قىلىشقا ئىجازەت بەردى شاھ.

— مۇسۇلمان پادىشاھلىقىدا ئىسلام شەرىئىتى ھەقتۇر، ئىمانى كامىل پادىشاھ ئادالەت قىلىچى بىلەن بارلىق مۆمىنلەرنى ئىسلام يولىدا ئېغىشماستىن توغرا نىشانغا باشلايدۇ. مانا شۇنداق ھالال، توغرا يول مۇسۇلمانلارنى ئاسايىشلىق، پاراغەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللانىڭ رەھمەت - ئىنايىتىگە ئېرىشكەن مۇسۇلمانلار دۆلىتىنى ئاللا شۇ مۇسۇلمان پادىشاھقا مۇكاپات قىلىدۇ.

— نەق گەپنى قىلىسىلا، داموللام، — دېدى شاھ.

— پېقىرنىڭ ئەرزىمەس جېنى ھەزرەتلىرىنىڭ ئالىقانلىرىدا. شۇ بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە دېسەممىكىن، — دېدى ئابدۇلغەپۇر داموللا.

— كەچتىم، ھە دېسىلە.

— ئىسلامنىڭ بۈيۈك ھامىيسى بولغان شاھ ئالىيلىرى نېمە ئىش قىلسا نادان پۇقرا شۇنىڭغا ئەگىشىدۇ، دورايدۇ.

— نېمە دېمەكچى سىلى؟ يۈرىكىمنى سىقماي نەق گەپنى دېسىلە.

شاھنىڭ ئابدۇلغەپۇر داموللىنىڭ گېپىگە تەقەززا بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن شاۋاز سۆز قىستۇردى:

— ئالىيلىرىنى ئارامسىزلاندۇرماي، تىللىرىنى چاينىماي گەپ قىلمامدىلا، تەقسىر.

پۇرسەتنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلگەن ئابدۇلغەپۇر داموللا گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك تېنى بىلەن

شىكەستىلەنگەن نازۇك دىلىنى تولۇق شىپا تاپقۇزۇش ئۈچۈن
ھېلىقى غېرىب دېگەن سازەندىنى ناخشا ـ مۇزىكا بىلەن ئۇنىڭ
كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشقا بەلگىلىگەندۇق...
— ئۇلار نىكاھسىز بىللە تۇرسا نامەھرەم بولىدۇ دېمەكچى،
شۇنداقمۇ؟ — دېدى شاھ.
— كوچىدا تارقىلىپ يۈرگەن مىش ـ مىش گەپلەر
تولىمىش. مۆمىن پۇقرالار ئارىسىدا شاھ ئوردىسىدىكى ئىشلار
نامەھرەم، ناشايان قىلىقلار بولۇپ ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا
كۆچۈپ بازار تاپسا ...
ئابدۇلغەپۇر داموللا سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، شاھ غەزەپ
بىلەن ئالدىدىكى شاھمات تاختىسىنى ئۆرۈۋەتتى.
— بۇنداق گەپلەرنىڭ چىقىشى تاۋاقتىكى ئاشتەك كۆزۈمگە
كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. جاھاندا بىرلا بالام بار ئىدى. ئوغلۇممۇ،
قىزىممۇ شۇ دەپ كۆزىگە قارىسام، بېشىمغا بالا بولدى.
— بۇ توقىلەنەت، پىتنە ـ پاساتتىن خالاس تېپىشنىڭ
يولىنى قىلماق لازىمدۇر، شاھ ئالىيلىرى، — دېدى شاۋاز.
— يولىنى قىلايلى، چارىسىنى قىلايلى دەيسىلەر، چارىسىنى
تاپمامسىلەر ئەمىسە، جاھاندا ساراڭنىڭ، سەۋدا بولغاننىڭ
دورىسى بارمۇ؟ — دېدى شاھ.
— ئالىيلىرى. بىر بولسا غېرىب بىلەن سەنەمنى ئايرىپ
قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالماق كېرەك ياكى بولمىسا كونا ئەھدى
بويىچە ...
شاھ غەزەپ بىلەن ئابدۇلغەپۇر داموللىغا ھومايدى.
— نېمە ئۇ كونا ئەھدى دېگەن؟ ئۇ مېنىڭ شۇ چاغدىكى
ھەسەن ۋەزىرگە بولغان چوڭقۇر ھۆرمەت، قايىللىقىمدىن چالا
كەيپلىكتە قىلىنغان ئىش.
— ئۇ چاغدا شاھىم مەستلىكتە شېئىر ـ قوشاق توقۇغان،
ئۇ خۇشى تۇتۇپ كېتىپ، شائىرانە ھېسسىياتتا ئالدىراپ
دېيىلگەن گەپ، — دېدى شاۋاز.

www.uyghurkitap.com

— پۈتۈن دۆلەتنى قانغا غەرق قىلىسام قىلىمەنكى، سەنەمنى ھەرگىز غېرىبقا بەرمەيمەن، — دېدى شاھ.

— ئىكاھ غايىبتۇر. ئەر - ئاياللىنىڭ ئۆزئارا نىكاھلانىشقى ھەربىر بەندىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن قىسمەتتۇر. ئۇ بەندىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئەمەس، ئۇلۇغ ئاللانىڭ ھۆكمى بىلەن پۈتىدىغان ئىشتۇر. ئالىيلىرى، ئاللانىڭ ئىرادىسى ئەڭ غالىبتۇر. مانا ھازىر ئاللانىڭ غالىب ئىرادىسى سىلىنى ئۇشبۇ خاتا ئەھدىدىن ياندۇرۇۋاتقان گەپ، — دېدى ئابدۇلغەپۇر داموللا.

شاھ بىرئاز پەسكويىغا چۈشۈپ دېدى:

— بىرىڭلار خانىدانلىقىمىنىڭ باش ۋەزىرى، يەنە بىرىڭلار دۆلەت ئۇستازى، خانلىق مەدرىسىنىڭ باش مۇددەرىسى، مۇشۇ ئىشتا بىر ئەقىل كۆرسىتىڭلار؟

— خان ئالىيلىرى، قوقەن تەرەپتە بىر كىمنى بىر كىمگە كۆيدۈرۈپ قويىدىغان ھەم بىر كىمنى بىر كىمدىن بىزار قىلىپ، كونا قەدىناسلارنىمۇ بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتەلەيدىغان بىر جادۇگەر پېرىخون بارمىش. شۇ جادۇگەر پېرىخونغا ئوقۇتۇپ غېرىب بىلەن سەنەمنى بىر - بىرىدىن سوۋۇتىۋەتسەك، مەلىكە ئالىيلىرى غېرىب دېگەن بۇ ئاسىي يېتىم ئوغلاقتىن سوۋۇسا، سىلى - بىز بارلىق غەملىرىمىزدىن قۇتۇلامدۇق، — دېدى شاۋاز.

— پېرىخون، باخشى دېگەنلەرگە ئىشەنمەيمەن، شەيخۇلئىسلام جانابلىرى، دەپ باقسىلا، بىزنىڭ شەرىئەتتە مۇشۇنداق ئىش بارمۇ؟ — سورىدى شاھ.

ئابدۇلغەپۇر داموللا جاۋاب بېرىپ:

— باخشىلىق، پېرىخونلۇق بار ئىش. ئىسسىتقۇ، سوۋۇتقۇ، قەست دېگەنلەرمۇ بار. ئۇلۇغ رەسۇلۇللاغىمۇ قەست ئوقۇلغانىكەن، — دېدى.

— ھە دېسىلە، بۇ قانداق ئىشكەن ئۆزى؟ — سورىدى شاھ يەنە.

— ئاللا رەسۇلۇللانى ئۆز پاناھىدا ساقلىغانىكەن. باخشىلىق،

پىرىخونلۇق بىزنىڭ دىنى ئىسلامدا قاتتىق چەكلەنگەن يامان ئىشلاردىن ئىكەن. مۇسۇلمانلارغا بۇنداق زالىملىقلارنى قىلماسلىق خۇسۇسىدا ئەمر قىلىنغانىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئابدۇلغەپۇر داموللا تومتاقلا.

— قىزىم سەنەم غېرىبىنىڭ سەۋدايىلىقىدىن قۇتۇلىدىغان ئىش بولسا ئۇ پېرىخون موماينى دەرھال كەلتۈرۈڭلار. ئەپسۇن ئوقۇپ سەنەمنى غېرىبتىن سوۋۇتسۇن، گۇناھىنى ئاللا ئۆزى كەچۈرەر، بۇنىڭ گۇناھىنى ئاللادىن ئۆزۈم تىلەيمەن، — دەپ بۇيرۇق قىلدى شاھ.

شاۋازنىڭ قەسرى. ئابدۇللا شاتىرى خاس ھۇجرىسىدا چالا كەيىپ بولغان ھالدا دېدەك قىز ئالتۇن جامغا قۇيغان مەينى توختىماي گۇپۇلدىتىپ ئىچمەكتە. بىر سەتەڭ ئايال دۇتار بىلەن ناخشا توۋلاۋاتاتتى، چىرايلىق تۆت قىز بولسا ئابدۇللا شاتىرغا نازۇ كەرەشمە قىلماقتا ئىدى.

قارىسام، ھېچ كۆرۈنمەيدۇ
يۇرتۇمنىڭ تاغى.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن
ئايرىلىش داغى.

سىم - سىم ئارىلاپ يامغۇر ياغار،
دەريانى بويلاپ.
يۈرەك بېغى سىزىپ كەتتى،
سەن يارنى ئويلاپ.

ئاق بوز ئېتىم، ئۇچار ئېتىم،
يايلىڭنى ئۇزات.

بۈگۈن كېچە يار قېشىغا
يەتكۈزگىن، بوز ئات.

ئالتە ئاي بولدى كۆرمىدىم
گۈزەل يايرىمنى.
ھىجران دەردى سالدى ئوتقا
ئەزىز جانىمنى.

ئابدۇللا شاتىرىنىڭ كەيپى ئېغىرلاشماقتا ئىدى. ئۇ دۇتارچى سەتەڭنىڭ ئۇسسۇل پەدىسىگە يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزلارغا شەھۋەتپەرەسلەرچە قارىدى.

ئۇيان ئۆتۈپ، بۇيان ئۆتۈپ،
ئالاي كۆڭلۈڭنى ...
قارچىغىنىڭ بالاسىدەك
ئېگەي بوينۇڭنى.

قېشىڭ قارا، مەڭزىڭ قىزىل،
ئوسما قويدۇڭمۇ؟
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
جانان، تۇيدۇڭمۇ؟

قوشۇما قاش شۇ يارىمنىڭ
نەشپۈت بېغى بار.
يېرىپ كۆرگىن يۈرىكىمنى،
كۆيگەن دېغى بار.

ئېگىز تاغنىڭ كۆلەڭگىسى
ساينى تالاشۇر.

ياخشى بىلەن ئۆتكەن ئۆمۈر
خويمۇ ياراشۇر.

بىر كەمدە ھۇجرىغا ئەيىندىن سەرۋاز كىرىپ كەلدى. ئابدۇللا شاتىرى ئۇنىڭغا يېنىدىن ئورۇن كۆرسەتتى، ئەيىندىن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئابدۇللا ئۇنىڭغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ جام مەي تۇتتى. ئەيىندىن سەرۋاز خوش دەپ تۇرۇپ ئىچىۋەتتى. ئابدۇللا شاتىرى دەلدۈگۈنۈپ تەستە ئورنىدىن تۇردى، دېدەكلەر يۆلىسە ئۇلارنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئەيىندىن سەرۋازنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى.

ئەيىندىن سەرۋاز ئابدۇللا شاتىرنى يۆلەپ يەنە ھۇجرىسىغا ئەكىردى. ئابدۇللا شاتىرى يېنىدىن شەمشەرنى چىقىرىپ ئەيىندىن سەرۋازنىڭ كانىيىغا تىرەپ تۇرۇپ دېدى:

— ئاڭلا، مېنىڭ سادىق سىردىشىم، ئاتام شاۋاز قورقۇنچاقلىق قىلىپ، غېرىب دېگەن مۇناپىقنى جايلىۋېتىشكە يول قويماپتۇ. غېرىبنى ئۆلتۈرۈش مەن ئۈچۈن بىر تال چىۋىننى ئۆلتۈرگەنچىلىك ئىش. سەن بىر ئەپلىك چارە بىلەن غېرىبنى ئۆلتۈرۈۋەت، ئۇ يوقالسا ھاكاۋۇر مەلىكە بىر مەزگىل ساراڭ بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، كېيىن غېرىبنى ئۇنتۇيدۇ، مەن ئۇنتۇلدۇرىمەن.

— ئۇنى ئۆلتۈرسەك ۋەزىرئەزەم بىزنى بوش قويمايدۇ، شاتىر بېگىم، — دېدى ئەيىندىن سەرۋاز.

ئابدۇللا شاتىرى ۋارقىرىدى:

— ھۇ نان قېپى كالۋا، ھېچكىممۇ بىزدىن گۇمان قىلمىغۇدەك قىلىپ، ھېچبىر بۇسىنى چىقارماي جايلاپ يىغىشتۇرمامسەن؟!

— خوپ، شاتىر بېگىم. مەن قانداق قىلسام قىلىپ كالىمۇ ئۆلمەيدىغان، ھارۋىمۇ سۇنمايدىغان ئۇسۇلدىن بىرنى تاپاي، — دېدى ئەيىندىن سەرۋاز. ئابدۇللا شاتىرى كۆرەڭلىك بىلەن دېدى:

— غېرىب يوقىلىپ ھاكاۋۇر مەلىكە ماڭا خوتۇن بولسا، مەن

ۋەلىئەھدى بولۇپ، سىنى ئاۋۋال مۇشاۋىر، كېيىن ئۆزۈمگە باش ۋەزىر قىلىمەن، سىنىڭ باش ۋەزىر بولغۇڭ يوقمۇ؟

— خوتۇندىن باشقىسىنىڭ چوڭ بولغىنى خوپ ئەمەسمۇ، شاتىر جانابلىرى؟ — دېدى ئەينىدىن سەرۋاز ھىجىيىپ.

ئابدۇللا شاتىرى قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— ھە، مانا ... مانا ... ئەجەب كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭ، — دېدى.

تاغ جىلغىسىدىكى دەريا بويى. گۈلخان ئەتراپىغا يۈلغۇن ياغىچىدا زىخلانغان بېلىقلار ئوتقا قاقلىنىپ كاۋاپ قىلىنماقتا. شەيخ جالالىدىن ئوتقا قاراپ چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىدى. بىر چاغدا ئۇ خىيال دېڭىزىدىن ئۈزۈپ چىقىپ ئىغىزلاندى:

— سەنەمنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغانلىقى ئاران پەرزەنت يۈزى كۆرگەن پادىشاھنىمۇ، سەنەمنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تەختنى تارتىۋالماق بولغان شاۋازنىمۇ قورقىتىپ ئامالسىز قالدۇرغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار غېرىبنى زىنداندىن ئاچىقىپ سەنەمنىڭ يېنىغا كىرىشكە ئىجازەت قىلغان گەپ.

— ئۇنداقتا غېرىبقا يەنە قول سالارمۇ؟ — سورىدى سادىق بىلال.

— ئۇ بەش قولدەك كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— ئەمىسە سەنەم ساقايسىلا غېرىبنى يەنە زىندانغا تاشلارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئىلياس.

— ئۇلار بىرى، پەيت كۈتۈۋاتىدۇ، يەنە بىرى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ئەپچىل چارە ئىزدەۋاتىدۇ، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— ئۇلار ئەپچىل چارە تېپىپ ئىش باشلاپ بولغۇچە، بىز قول سېلىپ غېرىبنى بىر ئامال قىلىپ تاغقا ئاچىقىۋالايلى، — دېدى سادىق بىلال.

شۇ چاغدا غېرىب چاھارباغدىكى تەبىئىي شارقىراتما ئالدىغا

كەلدى ـ دە، شارقىراتما سۇيى ئېقىۋاتقان ئېرىقنىڭ بويىدا پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەن ھەر خىل گۇللەردىن گۇلدەستە تىزغاچ ناخشا ئېيتتى:

ئەي يارەنلەر، قەدىردانلار،
نە بولدى، يارىم كەلمىدى؟
ئىشق ئوتىدا كۆيدى جانلار،
نە بولدى، يارىم كەلمىدى؟

كېلۇرمەن دەپ ۋەدە قىلدى،
كېلۇر مۇددەتتىن ئۆتتى.
ئەرتەدىن چاشكا بولدى،
نە بولدى، يارىم كەلمىدى؟

بۇ دەردلەر نېچۇك دەرد بولدى؟
غېرىبنىڭ ئۆمرى سەرپ بولدى.
كۆزۈم يولىغا تەلمۈردى،
نە بولدى، يارىم كەلمىدى؟

يا بىراۋنىڭ پەندىن ئالدى،
يا بىر يامان دەردكە سالدى.
يا بىر غەيرىي بىلەن بولدى،
نە بولدى، يارىم كەلمىدى؟

دەردلىك قۇل ئېيتار تىلەك،
كۆڭۈلدە غەم يوق ياردىن بۆلەك.
سەنەم دەپ تېپىرلايدۇ ئەنسىز يۈرەك،
نە بولدى، يارىم كەلمىدى؟

شاھ بىلەن خانىشنىڭ خاس ھۇجرىسى. خانىش مېھرىبانۇ

شاھنىڭ گەپلىرىدىن چۆچۈپ دېدى:
— شاھ ئالىيلىرى، ئۇ جادۇگەر پېرىخوتۇنغا سوۋۇتقۇ ئوقۇتساق دۇنيالىقتا بىرلا قىزىمىز بار، ئۇنىڭغا بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالارمىكىن؟
— كاللام ئايلىنىپ گاڭگىراپ قالدىم، سەنەمگە بىرەر كېلىشمەسلىك كېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن، ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن. گەپ قىلە، ئايشە، — دېدى شاھ.
— شاھ ئالىيلىرى، خانىش ئايىم، سوۋۇتقۇ دېگەن پەقەت شۇ سوۋۇتقۇ، پەقەت مەلىكىنى غېرىبتىن سوۋۇتۇپ، ئۇنىڭدىن رايىنى ياندۇرىدۇ، — دېدى ئايشە.
— ئاڭلىشىمچە، ئەگەر سوۋۇتقۇ قىز بالىنىڭ روھى بىلەن جىسمىنى بەند قىلىۋالسا نىكاھى بەند بولۇپ، ئەر كىشى دېگەندىن بىراقلا سوۋۇپ، ئەركەك زاتى كۆزىگە سەت كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالارمىش، — دېدى خانىش.
— ھە ... ئۇنداق بولسا، مەلىكىمۇ بىر تۆگە گۆشى بىرىنېمە بولامدۇ نېمە؟ — دېدى شاھ.
— ياق ... ياق ... ئالىيلىرى، خانىش ئايىم، ئۇنداق بولمايدۇ.
— ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسىچۇ؟ — شاھ ئايشەدىن سورىدى.
— ئۇنداق بولۇپ قالسا مەلىكە ئالىيلىرىنى بەرمەكچى بولغان يىگىتكە ئاشىق قىلىدىغانغا ئىسسىتقۇ ئوقۇيمىز. ئۇ چاغدا مەلىكە ئالىيلىرى ئۇ ئەر بىلەن توي قىلىشقا خۇشاللىق بىلەن رازى بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئايشە.
— بۇغۇ ئاڭلىماققا چىرايلىق گەپ ئىكەن، بوپتۇ، ئۇنى غېرىبنىڭ سەۋدايىلىقىدىن ياندۇرىدىغان ئىش بولسا، ئۇ جادۇگەر پېرىخوتۇنغا ئوقۇتۇپ باقايلى، — دېدى شاھ.
— خوپ، ئالىيلىرى، بۇ ئىشنى ماڭا قويۇپ بەرسىلە، ئۆزۈم

جۆندەيمەن، ــ دېدى ئايشە مەيدە قېقىپ.

شەھەردىكى خالتا كوچا. ئىككى ئېشەككە ئوتۇن ئارتقان، ئوتۇنچى قىياپىتىگە كىرىۋالغان سادىق بىلال بىلەن ئىلياس كوچا بويلاپ ئەتراپنى كۆزىتىپ ماڭماقتا ئىدى. شۇ تاپتا ئۇلار چاھارباغ تەرەپنى نىشانلاپ كېتىۋاتاتتى.

چاھارباغدىكى ئېرىق بويىدا چىرايلىق گۈل تىزغان غېرىب يىراقتىكى قەسىرگە تەلمۈرۈپ قاراردى. مۆرىسىگە كەتمەن سالغان، بىر سېۋەت گىلاس كۆتۈرگەن باغۋەن بوۋاي غېرىبقا سالام بەردى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئوغلۇم غېرىب، گۈلنى چىرايلىق تىزىپسەن.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، باغۋەن بوۋا، ئۆزلىرى مېنى تونۇمدىلا؟ ــ دەپ سالام بەردى غېرىبمۇ.

ــ ئوغلۇم، سېنى كىم تونۇمايدۇ؟ مەن تېخىمۇ تونۇيمەن. مەن ئاتمىش يىلدىن بېرى ئوردىنىڭ باغۋىنىمەن. مەرھۇم ھەسەن ۋەزىر مېنى بالا ۋاقتىمدا كوچىدا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن يېرىمدىن ئەكېلىپ ئوردا باغۋىنىگە تۇتقۇزغان. ئاتا ـ ئانامنى بىلمەيمەن. ئەقلىمگە كەلسەم، كوچىدىكەنمەن. سەن مەرھۇم داداڭغا تېرىسىنى كىيگەندەكلا ئوخشاپسەن. كۆزۈمگە داداڭ تىرىلىپ كەلگەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

ــ مەنمۇ خۇددى سىزگە ئوخشاشلا دادامنى كۆرۈپ باقمىغان.

ــ رەھمەتلىك داداڭ گىلاسقا ئامراق ئىدى. ئەگەر سېنىڭ گىلاس بىلەن خۇشۇڭ بولمىسا داداڭنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئاناڭغا ئالغاچ بار. نىگارئايىم گىلاس شەربىتى قاينىتىشقا ئۇستا.

ــ ھەشقاللا، باغۋەن بوۋا.

ــ بۇ يەردە مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ تۇرۇپسەن ـ دە، ئوغلۇم. ئۇنىڭدىن يىراق تۇرساڭ، خاتىرجەم ياشار ئىدىڭ.

www.uyghurkitap.com

— نېمىشقا ئۇنداق دەيدىلا، بوۋا؟

— ئاتاڭ رەھمەتتىمۇ پادىشاھنىڭ قىزىنى ساڭا ئېلىپ بېرىشنى نىيەت قىلغانلىقىدىن جىنىدىن ئايرىلغان، پادىشاھ دېگەن بىر ئوت، يېقىنلاشقان ئادەمنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى سورۇيدۇ.

— بۇ ئوت ئاللىقاچان ماڭا تۇتاشتى، مېنى شىددەت بىلەن كۆيدۈرۈۋاتىدۇ، بوۋا.

— خۇدا سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، بۇ كۆيۈك بالاسىدىن قۇتقۇزغاي ئوغلۇم.

باغۋەن بوۋاي شۇنداق دەپ كېتىپ قالدى. غېرىب ئۇ بەرگەن بىر سېۋەت گىلاسقا خىيالچان قاراپ ناخشا ئېيتتى:

ئەرتە بىلەن چاشكا بولدى،
يارىمنى كۆرسەم كاشكى.
كەلمىدى، ئەھۋالى نە بولدى؟
بىر سورىسام ئىدى كاشكى.

چاشكادىن كېيىن چۈش بولۇر،
يارىمنىڭ كۆڭلى خۇش بولۇر.
يار كەلمىسە نە ئىش بولۇر؟
بىر كۆرسەم ئىدى كاشكى.

چۈشتىن كېيىن بولۇر پېشىن،
يارىمنىڭ كۆڭلى ئەۋرىشىم.
ئەۋرىشىمدەك بويلىرىڭغا
چىرمىشىپ ئۆلسەم كاشكى.

پېشىندىن كېيىن بولىدۇ دىگەر،
يار ئىشقىدا كۆيىدۇ جىگەر.

يار كەلمىسە مۇندا ئەگەر،
بىر بارسام ئىدى كاشكى.

دىگەردىن كېيىن بولۇر شام،
قىلغان ئىشلىرىم بارچە خام.
ئەرزىم شۇلدۇر سىزگە، موللام،
بىر كۆرسەم ئىدى كاشكى.

شامدىن كېيىن بولۇر خۇپتەن،
ئاشىق ـ مەشۇق بولۇر جۇپتەن.
يارىم قالدى ئاندا يەكتەن،
بىر بارسام ئىدى كاشكى.

شاھ ئوردىسى بولدى خالىي،
مەن غېرىبنىڭ كەتتى ھالى.
سەنەمجاننىڭ يوق ماجالى،
بىر بارسام ئىدى كاشكى.

بۇ چاغدا ھۇجرىسىدا توزدەك ياسانغان سەنەمجان ئەينەك ئالدىدا ئولتۇراتتى، كېنىزەك كىرىپ تەزىم قىلىپ دېدى:

— مەلىكە ئالىيلىرى، غېرىبجاننىڭ ئانىسى نىگارئاي خانىم ئۆزلىرىنى يوقلاپ كەپتۇ.

سەنەم خۇشاللىقتا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— چاپسان بول، ئۇنى دەرھال باشلاپ كىر.

سەنەم خۇشاللىقتا جىددىيلىشىپ، ئۇياق ـ بۇياققا تەمتىرەپ يۈگۈرۈپ، ئاخىر نېمە قىلىشنى بىلمەي ئىشىككە يۈگۈردى. نىگارئاي خانىمنىڭ ئىشىكتىن كىرىشى، سەنەمنىڭ ئىشىكتىن ئالدىراپ چىقىشى بىلەن ئىككىسى بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ كېتىشتى.

— ۋاي، — دەپ قالدى نىگارئاي خانىم چۆچۈپ.
— ۋايجان! — دەپ سەنەممۇ ۋارقىراپ كەتتى.
— ۋاي جېنىم، سەت بولدى، مەلىكە ئالىيلىرى، قىبرىغاندا ماۋۇ پالاكەتلىكنى. ئاغرىقنى يوقلايمەن دەپ تېخىمۇ ئاغرىتتىممۇ، مەلىكەم؟ — دېدى نىگارئاي خانىم.
— ياق ... ياق ... نىگارئاي ئانا، مەن خاتا قىلدىم. دەسلەپ ئويلىماپتىمەن، كېيىن ئالدىلىرىغا چىقمىغىنىمغا پۇشايمان قىلىپ ئالدىراپ ئالدىلىرىغا چىقىپتىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىگە ئۇسۇۋالدىم، — دەپ چۈشەندۈردى سەنەم.
— ياق ... ياق، قىزىم. بۇ مېنىڭ پالاكەتلىكىمدىن بولدى، يېقىندىن بېرى قويغان - تۇتقىنىم، ماڭغان - تۇرغىنىمنى بىلمەي يۈرۈۋاتىمەن، ئەس - ھوشۇم جايىدا ئەمەس، قىزىم.
— مېنىڭ سەۋەبىمدىن غېرىبجان ئىككىڭلار ئازار يېدىڭلار، ئازاب چەكتىڭلار، خىجىللىقىمدىن نېمە قىلىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن.
— ياق ... ياق ... قىزىم ئۇنداق دېمەڭ. ئۇ سىزنىڭ سەۋەنلىكىڭىز ئەمەس، تەقدىرنىڭ قىسمىتى. ئوغلۇم غېرىبجاننى قۇتقۇزۇۋالغىنىڭىزغا قانداق رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلمەيمەن، قىزىم.
— ياق، غېرىبجاننى قۇتقۇزمىدىم، ئەكسىچە بالاغا قويدۇم. ئۆزۈم تاپقان بالانىڭ داۋاسىنى ئۆزۈم قىلاي دەپ جېنىمنى تىككەنىدىم.
— ئوغلۇم ئۈچۈن جېنىڭىزنى سېلىپ بەرگىلى تاس قالدىڭىز، قىزىم. جېنىڭىزنى بۇنچىۋالا ئاغرىتمىسىڭىزمۇ بىر گەپ بولار ئىدى. خىجالەتچىلىكتىن ئاسمانغا چىقىپ كېتەي دېسەم يىراق، يەرگە كىرىپ كېتەي دېسەم قاتتىق، — دەپ كۆڭلىنى بىلدۈردى نىگارئاي خانىم.
— ئۇنداق دېمىسىلە، جان ئانا، — دېدى سەنەم.
بۇ چاغدا سېپىل راۋىقىدا شاھ ماموق ياستۇقتا يۆلەنگەن

هالدا سالقىنلاپ چىلىم تارتىپ يانپاشلاپ ياتاتتى، شاۋاز بولسا تۆۋەندە ئولتۇرۇپ توختىماي سۆزلەيتتى:
— شاھ ئالىيلىرى، مەلىكە سەنەمجان ھازىر سەللىماز ساقايدى. ئەمدى ئۇنىڭ غېرىب بىلەن چاھارباغدا ئەتىگەندىن - كەچكىچە ناخشا توۋلاپ يۈرۈۋېرىشىگە چەك قويساقمىكىن.
— ساراڭ - سەۋدا قىزىم يەنە ھېلىقىدەك ئەسكىلىك قىلامدىكىن دەپ ئەنسىرەپ يۈرىكىم سۇ، شاۋاز. بولمىسا بىر ئاتا تۇرۇپ دىنىمىز، قائىدە - يوسۇنىمىزغا خىلاپ، نامەھرەم ئىشقا چىداپ تۇرامدىمەن؟ — دېدى شاھ.
— شاھ ئالىيلىرى، ئۇ ئىككىسىنى باشقا - باشقا ئىشلارغا بەند قىلىپ دائىم بىللە يۈرۈيدىغان ۋاقتىنى قىسقارتىپ، ئاستا - ئاستا يىراقلاشتۇرساقمىكىن، — دېدى شاۋاز مەككارلىق بىلەن.
— كۆزدىن يىراقلاشقانچە كۆڭۈلدىن يىراق بولار دېمەكچىمۇ؟ — دېدى شاھ.
— دەل شۇنداق، ئالىيلىرى، — دېدى شاۋاز.
— بۇنىڭدا غالجىر ئىت باغلايمەن دېگەنچە غالجىرلاشقاندەك ئىش بولار.
— غېرىبنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلىساق، مەلىكىمۇ تەلۋىلىك قىلمايدۇ، ئالىيلىرى.
— قېنى ئۆزلىرى ئۈركۈتمەي بىر ئىش قىلالىسىلا قىلىپ باقسىلا. ئەمما، قىزىم يەنە ساراڭلىق قىلىپ بىر ئىش تېرىسا، دەردىمنى سىلىدىن ئالىمەن.
— خوش، ئالىيلىرى.
شۇنىڭدىن كېيىن شاۋاز شاھقا بىر تالاي ياغلىما گەپلەرنى قىلدى.
چاھار باغدا سەنەمنىڭ يولىغا تەقەززا بولغان غېرىب سۇنىڭ بويىدىكى بىر تۇپ ئالمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتتى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەي يارەنلەر، بۇ دىيارىم ئىلكىدە
ئەقلىم ئالدى قارا كۆزلۈك شۇ پەرى.
ئەمدى ئۆلسەم كېرەك ئۇنىڭ دەردىدە،
جانىم ئالدى قارا قاشلىق ئاي پەرى.

سۈرىتى، كۈلكىسى كەتمەس كۆزۈمدىن،
نىشانە قىلىپتۇ ئايدەك يۈزىدىن.
كۆرەي ـ كۆرمەي ئەقلىم كەتتى ئۆزۈمدىن،
ئەقلىم ئالدى خۇمار كۆزلۈك جان پەرى.

چەشمىنىڭ بويىدا كۈتتۈم مەن ئۇنى،
تىللا تارغاقتا تارامدۇ چاچىنى.
كىمگە قىلاي، ئىزھار، كۆڭلۈم ئاھىنى؟
قان چىقارماي جانىم ئالدى شول پەرى.

ئاھ، پەرى بار ئۇشبۇ جەننەت ئىچىدە،
كۆرەي ـ كۆرمەي قالۇرمەن ھەسرەت ئىچىدە.
سۈمبۈل چاچى شوخ ئوينايدۇ كۆكسىدە،
ئەقلىم ئالدى قارا ساچلىق ئاي پەرى.

ئۆلەرمەن دەردتە ئايرىلسام سەنەمدىن،
قۇت ـ بەخت تاپارمەن پەقەت شۇ جانانىدىن.
تا ئۆلگۈچە سەنەمجاننى كۈتەرمەن،
شۇ يار ئۈچۈن، ئاتا، كەچتىم بۇ جاندىن.

شۇ تاپتا سەنەمنىڭ ھۇجرىسىدا سەنەم بىلەن نىگارئايىم سۆھبەتلىشىپ ئولتۇراتتى. نىگارئاي خانىم داستىخاندىن قېتىق قاچىلانغان تولىمۇ سىپتا ئىشلەنگەن قوش مۇشتەك كومزەك، چىرايلىق يېقىلغان زاغرا، كەندىر قومىچى ۋە قوقاستا پىشۇرۇلغان تۇخۇم قاتارلىقلارنى ئالغاچ دېدى:

— قىزىم، سىزگە ئالتۇن تاغنى يۆتكەپ ئەكەلسەممۇ ئازلىق قىلىدۇ. قولۇم قىسقا، تۇل خوتۇن بولغاچقا ئاران مۇشۇ نەرسىلەرنى ئەكېلەلىدىم. لايىقىڭىزدا بولمىسىمۇ مەندەك تۇل خوتۇننىڭ كۆڭلىنى قوبۇل قىلارسىز.

— جان ئانا، مەن بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە شۇنداق ئامراق، — دېدى سەنەم خۇشال بولۇپ، — كۆڭلۈمدىكىنى تېپىپلا، بۇلارنى ئەتىۋارلاپ ساقلاپ يەيمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن نىگارئاي خانىم بىلىكىدىكى ياقۇت ئالتۇن كۆزلۈك بىلەزۈكنى چىقىرىپ، سەنەمنىڭ قولىغا سېلىپ قويدى.

— مەلىكە ئالىيلىرى، مەندە پەقەت مەرھۇم ھەسەن ۋەزىر تويۇمدا بىلىكىمگە ئۆز قولى بىلەن سېلىپ قويغان مۇشۇ بىر تەۋەررۈكلا بار ئىدى، قوبۇل قىلغايلا.

— بۇ دېگەن ئەتىۋارلىق تەۋەررۈك، تويلىرىنىڭ يالدامىسى، شۇڭا ئۆزلىرى ساقلىسىلا، ئانا. ياخشى كۆڭۈللىرىگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت، كۆڭۈللىرى ماڭا تېگىپ بولدى، — دېدى سەنەم تەكەللۇپ بىلەن بىلىكىدىن بىلەزۈكنى ئېلىپ.

— بۇنداق قىممەتلىك بىلەزۈك خان جەمەتىگىلا مەنسۇپ، قىزىم. ئەينى چاغدا ھەسەن ۋەزىرنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن تۇتقانىدىم.

— بۇ بىلەزۈك ھېلىھەم ئۆزلىرىگە مۇناسىپ كېلىدۇ، ئانا.

— ياق، قىزىم، بىز ھازىر غېرىب - مىسكىن، پېقىر - پۇقرامىز. بۇ بىلەزۈك مەندە تۇرسا پەقەت خاتىرجەم بولالمايدىكەنمەن، — دېدى نىگارئايىم. سەنەم يەنىلا رەت قىلىپ:

— ئۇ دېگەن قىممەت باھالىق يالداما، ئالمايمەن، كۆڭۈللىرى ماڭا تېگىپ بولدى، ئانا، — دېدى.

نىگارئايىم ئامال قىلالماي:

— ئەمىسە بۇ مېنىڭ سىزگە قويغان ئامانىتىم بولسۇن، مەن ئۈچۈن ساقلاپ بەرسىلا قىزىم، — دەپ بىلەزۈكنى سەنەمنىڭ بىلىكىگە قايتا سېلىپ قويدى.

ئوتتۇنچى قىياپىتىدىكى سادىق بىلال بىلەن ئىلياس

www.uyghurkitap.com

چاھارباغنىڭ تېمى يېنىدىكى خەندەككە ئۇزۇن خادىنى تىقىپ تۇرۇشىغا بىر توپ چارلىغۇچى لەشكەر ئاتلىق سەپراس بولۇپ ئۆتتى. ئۇلار دەرھال قويۇق قوناقلىق ئىچىگە كىرىپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالدى. لەشكەرلەر ئۆتۈپ كېتىشىگە قوناقلىقتىن چىقىپ خەندەككە خادا تىقىپ، خادىنى ئېگىپ تۇرۇپ ئۇچۇپ دېگۈدەك خەندەكتىن ئۆتتى ـ دە، چاھارباغنىڭ تېمى تۈۋىگە كەلدى. قويۇنلىرىدىن تۆمۈر ئىلمەكلىك ئارغامچىنى چىقىرىپ ئېگىز تامغا تاشلاپ، تام ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ ماردى. چاھارباغنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە قاراۋۇل تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار يەم بىلەن باغقا سىيرىلىپ چۈشۈپ، قويۇق چۆپلەر ئارىسى بىلەن ئۆمىلەپ غېرىبنىڭ ناخشىسى كېلىۋاتقان تەرەپكە سىلجىدى.

بىر ئازدىن كېيىن غېرىب سۇ بويىدىكى ئالما دەرىخىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغىنىچە مۈگدەپ قالدى. قارا نىقابلىق بىر ئادەم غېرىبنىڭ ئارقا تەرىپىدىن زەھەرلىك تىكەننى پۈۋلەپ ئاتىدىغان بىر خىل ئەسۋابنى ئۇنىڭغا توغرىلىدى ـ دە، كۈچەپ پۈۋلىدى. زەھەرلىك تىكەن غېرىبنىڭ بوينىغا سانجىلدى. غېرىب ئورنىدىن دەس تۇرۇپ تۆت ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىدىيۇ، بىردىنلا يىقىلدى. نىقابلىق ئادەم غېرىبنىڭ قېشىغا كېلىپ، يېنىدىن خەنجىرىنى چىقاردى ـ دە، ئۇنىڭ قورسىقىغا مىنىپ تۇرۇپ كۆكسىگە خەنجەر ئۇرۇش ئۈچۈن قولىنى ئېگىز كۆتۈردى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بىر خەنجەر ئۇچۇپ كېلىپ، دۈمبىسىگە سانجىلىپ يىقىلدى. بۇ خەنجەرنى ئاتقىنى سادىق بىلال ئىدى. سادىق بىلال بىلەن ئىلياس يۈگۈرۈپ كېلىپ نىقابلىق جەسەتنى غېرىبنىڭ ئۈستىدىن يۆمىلىتىپ چۈشۈردى. ئىلياس غېرىبنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى ـ دە، بوينىدىكى كۆزگە تەستە چېلىقىدىغان يىڭنىچىلىك تىكەننى سۇغۇرۇۋالدى.

— غېرىب ... غېرىب ... كۆزۈڭنى ئاچ، مەن ئىلياس ... كۆزۈڭنى ئاچ !

سادىق بىلال قوينىدىن كىچىك تۆمۈر قۇتىنى چىقىرىپ ئۇششاق دورىنى غېرىبنىڭ ئاغزىغا سالدى. ئاندىن ياندىكى ئېرىقتىن چاڭگىلىدا سۇ ئېلىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا تېمىتتى.

— غېرىبقا ئېتىلغىنى زەھەرلىك تىكەن ئىكەن. بۇ زەھەر قايتۇرۇش دورىسىنىڭ پايدىسى بار، — دېدى ئۇ.

غېرىب كۆزىنى قىيا ئېچىپ تەبەسسۇم قىلىپ تەسلىكتە دېدى.

— ئى ... ئىلياس ... ئاسماندىن چۈشتۇڭلارمۇ، سا ... دىق ... ئاكا؟ ...

— خۇدانىڭ ماۋۇ كارامىتىنى كۆر، غېرىب. سېنى قۇتقۇزىمىز دەپ، سېنى قەستلەۋاتقان دۈشمەننىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپتۇق، — دېدى ئىلياس.

— ئۇكام، غېرىب ... بىزنى ئۇستاز سېنى قۇتقۇزۇشقا ئەۋەتتى. يۈر بىز بىلەن ... — سادىق بىلال شۇنداق دېيىشىگە، بىر توپ نىقابلىقلار ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ ئۇلارنى قورشىۋالدى.

— بەرىبىر سىلەر بىلەن ماڭالمايمەن. سىلەر جېنىڭلارنى ئېلىپ قېچىڭلار، — دېدى غېرىب. ئىلياس:

— سېنى ئاران تاپتۇق، ئېلىپ كېتىمىز ... — دەپ چىڭ تۇردى. بىراق، غېرىب يەنىلا:

— تۇتۇلۇپ قېلىپ تەڭ ئۆلگەندىن ... سىلەر كەتكىنىڭلار تۈزۈك، سىلەرنى ئۆلتۈرىدۇ. مېنى ... ھېچنېمە قىلالمايدۇ ... — دەپ ماڭغىلى ئۇنىمىدى.

سادىق بىلال نىقابلىقلارغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— نوچى بولساڭ مەستۇرە خوتۇندەك يۈزۈڭنى يۆگىۋالماي يۈزمۇيۈز ئوتتۇرىغا چىقمامسەن؟!

بىرى يۈزىدىكى نىقابنى ئېلىۋىدى، ئەينىدىن سەرۋاز كۆرۈندى. ئۇ مەسخىرە بىلەن كۈلدى.

— ھە، ئەمدى بولدى. خان لەشكەرلىرىنىڭ سەرۋازى تۇرۇپ

ئۆز ئېلىڭدە خۇپپىيانە غالچىلىق قىلغىنىڭدىن ئەر كىشىدەك ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېلىشىپ ئۆلگىنىڭ ياخشى، ــ دېدى سادىق بىلال.

ــ ئۆتكەندە قېچىپ قۇتۇلغىنىڭ بىلەن ئەمدى قۇتۇلالمايسەن، تاغ قاراقچىسى ! ــ دېدى ئەيىنىدىن سەرۋاز.

ــ جېنىڭغا ھېزى بول !

سادىق بىلال شۇنداق دەپلا قويىنىدىن زەنجىرلىك چوماقنى ئېلىپ بىر سوقۇشى بىلەن چوماق ئەيىنىدىن سەرۋازنىڭ بوينىغا تېگىپ تىك موللاق چۈشتى. قالغانلار ئىككىسىگە ئېتىلىپ كەلدى. سادىق بىلال، ئىلياس قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ، ئۇلارنى كەينى ـ كەينىدىن يەر چىشلەتتى. ئابدۇللا شاتىرى باشلىغان بىر توپ خان لەشكىرى يىراقتىن ئۇشقىرتىپ ئاتلىق باستۇرۇپ كەلدى.

ــ بىكار جېنىڭلارنى سېلىپ بېرىسلەر، كېتىڭلار، سىلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭلار جىق.

غېرىبنىڭ يالۋۇرۇشلىرىنى چۈشەنگەن سادىق بىلال: «سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇق» دېگىنىچە ئارقىغا ياندى. ئىلياسمۇ: «بىز يەنە كېلىمىز» دېدى.

ئۇلار قۇيۇندەك تاقلاپ كۆزدىن غايىب بولدى.

لەشكەرلەر ئۇلارنى قوغلاپ كەتتى. ئابدۇللا شاتىرى ئەس ـ ھوشىدىن كەتمىگەن، ئەمما پۇت ـ قولىنىڭ جېنى يوق، ھالسىز ياتقان غېرىبنىڭ باش تەرىپىگە كەلدى ـ دە، ئىمزىدا تۇرالماي كىشنەپ تۇرغان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ، يېنىدىن خەنجەرنى ئېلىپ غېرىبقا ئېتىش ئۈچۈن تەمشەلدى.

ــ قولۇڭنى تارت، ئابدۇللا !

ئابدۇللا چۆچۈپ يانغا قارىدى ـ دە، ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولغان سەنەمنى كۆرۈپ خەنجىرىنى يىغىشتۇردى.

ــ قاراقچىلارنىڭ باشپاناھىغا ئايلاندىڭىز سەنەمجان، سەۋر ـ تاقەتىڭىزمۇ چېكى بار، ــ دېدى ئابدۇللا.

— ھۆ نامەرد مەلئۇن، ئۇنى قانداق قەستلىدىڭ؟
سەنەم يۈگۈرۈپ كېلىپ جانسىز، پالەچتەك بولۇپ قالغان غېرىبنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى.
— سىزنىڭ مۇتتەھەملىكىڭىز تۈپەيلى ئوردا چاھارىبېغى قاراقچىلارنىڭ خاتىرجەم كىرىپ سەيلە قىلىدىغان سەيلىگاھى، خالىسا خان لەشكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ كۆڭلىنى ئاچىدىغان قۇشخانىسى بولۇپ قالدى، — دېدى ئابدۇللا.
— بۇنى ئۆزۈڭدىن سورا. مېنى مۇتتەھەم دەمسەن تېخى؟ — دېدى سەنەم. ئابدۇللا يەنىلا تەن بەرمەستىن:
— ئوردىغا بېسىپ كىرىشكە پېتىنغان قاپ يۈرەك قاراقچىلارنىڭ شېرىكى كىم بولسۇن ئۇنى خاندانلىقىمىزنىڭ دۈشمىنى دەپ جازاغا تارتىشقا ھوقۇقلۇقمەن، — دېدى.
ئابدۇللانىڭ گەپلىرىدىن سەسكەنگەن سەنەم ۋارقىرىدى:
— ھەددىڭدىن ئاشما، يوقال ! كۆزۈمدىن يوقال !
— خان ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى بويىچە بۇ لەقۋانى قولغا ئالىمەن، — دېدى ئابدۇللا.
— خان ئاتامغا ئۆزۈم جاۋاب قىلىمەن. بۇ يەردىن دەرھال يوقال ! چاھارباغقا مۇنداق ئۇسۇپ كىرىش ھوقۇقۇڭ يوق، يوقال !
سەنەمنىڭ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك تۆكۈلگەن ياش يۈزلىرىنى يۇدى. ئابدۇللا ئىزىدا تۇرالماي كىشنەۋاتقان ئېتىنى زەردە بىلەن قامچىلاپ كېتىپ قالدى.
— كېلىڭلار، غېرىبجاننى كۆتۈرۈڭلار! — دەپ توۋلىدى سەنەم.
بىر توپ مۇلازىم، دېدەكلەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ غېرىبنى كۆتۈرۈشتى.
سادىق بىلال بىلەن ئىلياس چاھارباغنىڭ تېمىدىن ئەپچىل سەكرەپ ئۆتتى ـ دە، خەندەكتىن خادا بىلەن ئۇچۇپ ئۆتۈپ قوناقلىقتا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. قوغلاپ كەلگەن خان

لەشكەرلىرى تامدىن سەكرەپ ئۆتۈپ كەڭرى ھەم چوڭقۇر خەندەكنىڭ لېۋىگە كەلگەندە، ئۆتەلمەي تۇرۇپ قالدى. بىرقانچىسى تامدىن سەكرىگىنىچە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي خەندەكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سېسىق سۇغا چۈشۈپ، ئۈزۈپ قارشى قىرغاققا چىقتى. ئۇلار قالغان ھەمراھلىرىنىڭ خەندەكتىن ئۆتەلمەي تۇرغىنىغا قاراپ قوناقلىققا بەش ـ ئون قەدەم يۈگۈرۈپ كىرىشتىيۇ، ئىچكىرىلەپ كىرىشكە پېتىنالماي قايتىپ چىقىشتى.

مۇلازىملار غېرىبنى سەنەمنىڭ ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ كارىۋاتقا ياتقۇزدى. نىگارئايىم غېرىبقا ئۆزىنى تاشلاپ يىغلىدى. ئالدىراپ كىرگەن مۇھەددىن جەرراھ غېرىبنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ بويىنىدىكى ئىششىقنى ئەملىدى ـ دە، دېدى:

— زەھەرلىك تىكەن سانجىلىپتۇ. ئەمما، زەھەرنىڭ جان ئېلىشقا كۈچى يەتمەپتۇ، ئوق كۈچلۈك زەھەر بىلەن يەتكۈدەك زەھەرلەنمىگەن.

— زەھەر قايتۇرۇش دورىسى يېگەنمەن، تەقسىر، — دېدى غېرىب بوش ئاۋازدا.

مۇھەددىن قاراقاش غېرىبنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولدى.

— ھە، خۇداغا شۈكۈر. ئۇنداقتا بىرقانچە كۈندىن كېيىن پۇت ـ قوللىنىڭ ماغدۇرى ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىدۇ، چوڭ چاتاق يوق.

— ئۇھ، خۇداغا شۈكۈر، — دېدى سەنەممۇ.

نىگارئايىممۇ يۈرىكى جايىغا چۈشۈپ بېشىنى كۆتۈردى.

شاھ كۈتۈپخانىسى. شاھ يانپاشلاپ يېتىپ چىلىم تارتماقتا ئىدى. قېرى كۈتۈپخانا غوجىدارى شاھقا چۆچەك ئوقۇپ بەردى. شاھ چىلىم تارتقاچ كۆزىنى يۇمۇپ بېرىلىپ ئاڭلىدى. دېدەك قىزلاردىن بىرقانچىسى توز پېيىدە ياسالغان شاھانە يەلپۈگۈچتە شاھنى يەلپۈدى. ئىككىسى شاھنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى تۇتتى.

كۆتۈپخانا غوجىدارى ئېيتقان چۆچەك داۋاملاشماقتا ئىدى.

— ... ئول دىۋە بىر مىڭ بىر يۈز ياشقا كىرگەن بولۇپ، شۇنداق تولغان، شۇنداق بەتبەشىرە، شۇنداق قۇدرەتلىك ئىكەنكى، ئىككى تاغنى خۇددى چالمىنى قولىغا ئالغاندەك ئېلىپ تۇخۇم چېكىشكە سالغاندەك بىر - بىرىگە ئۇرۇپتىكەن، ئىككى تاغ كۇكۇم - تالقان بولۇپ، ئۇ ئىككى تاغ ئارىسىدىكى جىلغىغا جايلاشقان يۇرت پۈتۈنلەي توپىنىڭ ئاستىدا قاپتۇ. دىۋە ئۇ ئىككى تاغنى ئىككى باش سەۋزىنى يۇلغاندەك يۇلۇۋالغانىكەن، ئۇلارنىڭ ئورنىدا ئۆڭكۈردەك بۇلاقلار پەيدا بولۇپ سۇلار ئاسمان - پەلەك ئېتىلىپ چىقىپ، بۇ يەر ئۇزۇن ئۆتمەي سۇغا غەرق بوپتۇ. بۇ يەرنى بۇرۇن قاقاس تاغلىق ئارىسىدىكى بوستانلىق مەھەللە دېسە ھېچكىم ئىشەنمەيدىكەن...

شۇ چاغدا ھەرەمخانا غوجىدارى ئايشە كىرىپ شاھقا مەلۇمات يەتكۈزدى. ئوقۇلۇۋاتقان چۆچەك توختاپ قالدى.

— شاھ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، قوقەندىن يولغا چىققان داڭدار باخشى ئاسىخان بۇۋى سىلىنىڭ پەرمانلىرى بويىچە يۇرت - يۇرتلاردىكى، ئۆتەڭ - ئۆتەڭلەردىكى چاپارمەن، دورغىلارنىڭ ئات يەڭگۈشلەپ، دەم ئالماي مېڭىشى بىلەن شامالدەك سەپەر قىلىپ، ئۇچقاندەك يېتىپ كەپتۇ ...

شاھ خاس سۆھبەتخانىسىدا سۇرلۇك ئولتۇردى. ئايشە قارا پەرەنجىگە ئورىنىپ كۆزىنىلا ئوچۇق قويغان ئاسىخان باخشىنى باشلاپ كىردى. ئاسىخان باخشى شاھقا تەزىم قىلىپ دېدى:

— يەر يۈزىدە بىر ئۈچى ئىسسىقكۆلگە، بىر ئۈچى تۆمۈر قاپقىغا، يەنە بىر ئۈچى ھازەر دېڭىزىغا تۇتاشقان بۈيۈك زېمىنىنىڭ دۆلىتى زىيادە، دۈشمىنى پىيادە، بېشى ھەم شۆھرىتى كۆككە تاقىشىپ، نامۇ ئەمەلى يەتتە ئىقلىمغا پۇر كەتكەن پاسىبانى قۇتلۇق قاراخان بۇغرا شاھى ئابباس ئالىيلىرىغا قوقەننىڭ پېقىر پۇقرالىرىدىن بولمىش ئاسىخان بۇۋىدىن سالام.

سۇرلۇك ئولتۇرغان شاھ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ دېدى:

— ئەجەبمۇ شېرىن سۇخەن، زۇۋاندار بوۋىكەنسىزغۇ.

— پەرغانىلىكلەر تىلىنىڭ تاتلىقلىقىدىن يەر يۈزىدىكى بارلىق ئىنسانلارنى ئازدۇرىدىغان شەيتاننىمۇ ئازدۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ بوۋىسى جەننەتنىڭ بال ـ شېكەر ئاقىدىغان ئېرىقلىرىنى تۈنجى بولۇپ يالىۋالغانىكەن دەيدىغان نەقىل بار، خان ئالىيلىرى.

ئاسىخاننىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ شاھى ئاباس تىزلىرىغا شاپىلاقلاپ، كۈلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ـ دە، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:

— يۈزىڭىزنى ئېچىڭا بوۋى، بال تامىدىغان لەۋلىرىڭىز بىلەن جامالىڭىزنى بىر كۆرەي، — دېدى.

— ئادەمنى ئۇيالدۇرمىسىلا، خاقانى بۈيۈك، دىللىرىغا خوپ كەلسە گەپلىرىمنىلا ئاڭلىسىلا. مېنىڭ قېرى ساغلىقنىڭ يېلىنىدەك سولىشىپ، قورۇلۇپ قالغان يۈزۈم سىلىنىڭ مۇبارەك نەزەرلىرىگە لايىق ئەمەس، ئالىيلىرى. مەندەك بىر قېرى مومايىنى تەڭلىكتە قويمىغايلا، — دېدى ئاسىخان.

شاھ يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتتى.

— گەپلىرىڭىز ماڭا راستىلا ياقتى. سىزگە تۇقسان پاتمان يەر، بەش ئېرىق سۇ، چاھارباغلىق بىر قەسىر ھەدىيە قىلدىم. يېنىمدا تۇرۇپ قېلىڭ. ئىچىم پۇشقاندا تاتلىق گەپ قىلىپ بېرەرسىز.

— سېخىيلىقتا ھاتەمدىن قېلىشمايدىغان شاھىمغا يۈز مىڭ رەھمەت. دۆلەتلىرى تېخىمۇ زىيادە بولۇپ، رۇم ـ چىن خاقانلىرىمۇ ئاغزىلىرىغا قاراپ، ئالدىلىرىدا تىرناق تاتىلاپ قالغاي.

ئاسىخاننىڭ گەپلىرىدىن شاھ تېخىمۇ ھوزۇرلىنىپ كۈلدى. ئاسىخان باخشى سۆزلەۋېتىپ يۈزىنى ئاچتى. شاھ ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ راستىكەن دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتىپ دېدى.



www.uyghurkitap.com

— راست سۆزلۈككەنسىز، بۇۋىم. ئەمما، ئۆز ۋاقتىدا تازا قامالاشقان جادۇكۆز سەتەڭ بولسىڭىز كېرەك. خۇدا سىزنى ماڭا ھېچبولمىسا ئاق جۇۋان چېغىڭىزدا ئۇچراشتۇرغان بولسا، خويمۇ ئوبدان بولاتتى.

ئاسخان ئۆزىگە ماس كەلمىگەن ھالدا قىلىق چىقىرىپ دېدى:

— چىرايىمدىن كەتكىنىم بىلەن خۇلقىم قىز پېتىچە، ئالىيلىرى. ھەرقانداق گۈزەل قىزنى، ھەتتا پەرىزات بولسىمۇ شاھى ئاببا سقا بىر مەرتەم بولسىمۇ خوتۇن بولمىسام ئۆلمەن، كۆيدۇم - پىشتىم دېگۈزۈپ ئاياغلىرىدا تاپانلىرىنى يالايدىغان قىلىۋېتىمەن.

شاھ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ئالىقانلىرىنى بىر - بىرىگە سۈركەپ كەتتى.

— ماڭا كۆيدۈرىدىغان قىزلارغا ئاۋۋال ئۆزىڭىزنىڭ خۇلقلىرىڭىزنى ئۆگەتسىڭىز بولغۇدەك، — دېدى شاھ.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق بولمامدىغان خاقانى جاھان. مەن بۇرۇن ئېگىپ كۆندۈرگەن قىزلارغا ئەر خەقنىڭ كۆڭلىنى قانداق ئېلىشنىلا ئۆگەتكەن بولسام، ئەمدىكى قىزلارغا يەتمىش ئىككى خىل ھۈنىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىتىپ، ئۆزىمۇ سىلىنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇيالمايدىغان، سىلىمۇ ئۇلارنى ئۇنتۇيالمايدىغان قىلىۋېتىمەن، — دېدى ئاسخان.

— يېقىنىدىن بۇيان بۇنچىلىك ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈپ باقمىغانىدىم. بېشىمدا مىڭ پاتمان غەم.

— بۇنىڭدىن كېيىن باشلىرىغا پۈتۈن ئالەمنىڭ غېمى يىقىلسا، مەن بىر پۈۋلەپلا يەتتە قات ئاسماننىڭ قەھرىگە چىقىرىۋېتىمەن، ئالىيلىرى، بۇنىڭدىن كېيىن باشلىرىدا غەم بولمايدۇ.

— شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ، ئاسخان بۇۋى. سىز بوسۇغامدىن ئاتلار - ئاتلىماي روھىم كۆتۈرۈلۈپ يەڭگىللەپ

كەتتىم، — دېدى شاھ.

بىرھازادىن كېيىن شاھنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئايشە ئاسىخان باخشىنى ئارام ئالدۇرغىلى ئاچىقىپ كەتتى.

شاۋاز قەسرىدە ئىتتىغا ئۇۋ ئوۋلاشنى ئۆگەتمەكتە ئىدى. ئۇ قولىدىكى قانىتى كېسىۋېتىلگەن قىرغاۋۇلنى يىراققا تاشلىدى، ئىت ئۇقتەك ئېتىلىپ بېرىپ، قېچىپ كېتىۋاتقان قىرغاۋۇلنى تۇتۇۋېلىپ ئەكەلدى. چاپارمەن تۇتۇپ تۇرغان تىرىك توشقاننى قويۇۋەتتى، توشقان قاچتى، ئىت ئېتىلىپ بېرىپ توشقاننىمۇ تۇتۇۋالدى. شۇ چاغدا شاۋازنىڭ غوجىدارى ئابلىز شەيتان ئالاقزادە بولۇپ كىرىپ دېدى:

— چاتاق چىقتى، ۋەزىرئەزەم، چاتاق بولدى...

شاۋاز مەھرەم بېگىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، چېچىلغىنىچە ئابدۇللانى چاقىرتتى. ھايال بولماي، ئابدۇللا قورقۇمسىراپ كىرىپ كەلدى. شاۋاز جۇدۇنى ئۆرلىگەن ھالدا قولىدىكى چاي پىيالىسىنى ئابدۇللا شاتىرىغا قارىتىپ ئاتتى. ئابدۇللا شاتىرى چاققانلىق بىلەن بېشىنى يانغا بۇرۇۋالدى. پىيالە ئۇچۇپ بېرىپ قەپەسكە تېگىپ، يەرگە چۈشۈپ چېقىلدى. قىزىق چايدىن قانىتى كۆيگەن تورغاي ئېچىنىشلىق سايراپ كەتتى.

شاۋاز غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— يا مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمايسەن، يا ئۆزۈڭ قىلغان ئىشنى قاملاشتۇرالمايسەن. لايغەزەل، تەييار تاپ!

— نېمىدىن قورقاتتۇق، ناھايىتى كەلسە شۇ تاغ ئوغرىلىرىنىڭ قويىنىمىزغا كىرىۋالغان قولچومىقىنى ئۆلتۈرەي دېدىم. تېخى تاغ ئوغرىلىرىنىڭ كاتتىۋېشى سادىق بىلال، ئاقساقىلىنىڭ ئوغلى ئىلياس مايمۇنلار نەق مەيداندا بار ئىدى، — دېدى ئابدۇللا.

— ھۇ ئەقىلسىز، لامزەللە! بارچە گۇناھ ئۆزىدە تۇرسا يەنە جۇۋا ئېغىزلىق قىلىۋاتقىنىنى...

شاۋاز غەزەپ بىلەن ئالدىغا ئېتىلىپ باردى. قاراكۆزئايىم

شاۋازنى قوچاقلاپ تۇتۇۋېلىپ ئارىغا كىرىۋالدى.
— بولدى قىلسىلا ۋەزىرئەزەم، ئاچچىقلىرىغا هاي بەرسىلە، سىلى دېگەن خانلىقنىڭ باش ۋەزىرى. ئوغلىمىز بولسا دۆلەتنىڭ لەشكىري ۋەزىرى ... پەيلى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمىسىلە ... ئاراڭلارغا شەيتان قىچا چېچىپ گىژ - گىژگە سېلىۋاتىدۇ.
شاۋاز قاراكۆزئايىمنىڭ توسۇۋېلىشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماي قاقشىدى:
— مۇشۇ هالىغا بىر دۆلەتنىڭ لەشكىري ۋەزىرىمىش، ئالىي سەركەردىسىمىش. قۇرۇسۇن سېنىڭ لەشكىري ۋەزىرلىكىڭ ... مەن بولمىسام، سەن پاقا ئالالماس سەرۋازلىقىمۇ يارىمايسەن.
— هاي ... ئۇنداق ئاغزىلىرىنى ئۇششۇتمىسىلە، قارغىش بولۇپ قالىدۇ، ئاتا قارغىشى ئوق دەيدىغان گەپ بار. ئاغزىلىرىغا ئۇرسىلا ... ئاغزىلىرىغا ئۇرسىلا، — دېدى قاراكۆزئايىم.
— شۇنچىۋالا لەشكەر تۇرۇپ ئاشۇ ئىككى توك - توك تاغ ئوغرىلىرىغا تەڭ كېلەلمەي ئۇلارنى قاچۇرۇپ قويسا... خۇدا ساقلىسۇن، قوشنا ئەللەرنىڭ خانلىرىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ خانلىقىمىزغا لەشكەر تارتىپ كېلىدىغان بولسا، خانىدانلىقىمىزنى ئەمەس، ئۆزىنىڭ سېسىق جېنىنىمۇ قوغداپ قېلىشقا يارىمايدىكەن بۇ نان قېپىلار!
شاۋازنىڭ تىللاشلىرىنى توختىتالماي ئارىدا قېلىۋاتقان قاراكۆزئايىم ئابدۇللاغا:
— ئاتاڭدىن ئەپۇ سورا، قارغىش ئالساڭ ئىلگىرى باسمايسەن، — دېدى. بىراق، ئابدۇللا ئاتىسىدىن ئەپۇ سورىماستىن:
— ئاتام مېنى مىڭ پاتمان يەرگە قىغ بولغۇدەك سېسىق گەپلەر بىلەن قارغاپ بولدى. يەنە قارغىسا شۇنچىلىك قارغار. ئۇنىڭدىن نېمىدەپ ئەپۇ سورايمەن؟ ئۆزۈڭ سورا ... — دېگىنىچە تېخىمۇ قېيىداپ، ۋارقىراپ، ئىشىكلەرنى داراڭلىتىپ ئېچىپ چىقىپ كەتتى. شاۋاز تېخىمۇ بوغۇلۇپ ۋارقىرىدى:

— يوقال كۆزۈمدىن ! ھۇ ئىتنىڭ بۇرنىدىن چۈشكەن سېسىق ئەمەن !

غېرىبنىڭ ئاددىي سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ھۇجرىسىدا نىگارئايىم جانسىز ياتقان غېرىبقا ئۇماچ ئىچۈردى. ئالتە ياشلىق ئوماق بىر قىز نىگارئايىمنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە ئېسىلىۋېلىپ، ئۇڭ قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئاغزىغا تىقىۋېلىپ، غېرىبقا مارىلاپ قارىدى. غېرىب شۇنداق قارىغانىدى، ئۇ ئانىسىنىڭ دالدىسىغا مۆكۈۋالدى.

— قىزىم گۈلجامال ... ئاكا دە ... ئاكا دە ... — دېدى نىگارئايىم. گۈلجامال جايىدىلا تۇرۇپ: «ئاكا» دېدى.

— يۈگۈر، تالادا جىق ئادەمنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىۋاتىدۇ، قاراپ باقە، قىزىم.

نىگارئايىم شۇنداق دېيىشىگە گۈلجامال يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. غېرىب ئانىسىغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى.

— ئوماق قىز ئىكەن، كىمنىڭ قىزى، ئانا؟

— بىرى مەھەللىمىزدىكى مەسچىتنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇپتىكەن، — دېدى نىگارئايىم جاۋابەن، — ئىمام ئاخۇنۇم باشچىلىقىدىكى جامائەت يالغۇز قالدىلا، سىلىگە مۇشۇكىنىڭ ئورنىدا ھەمراھ بولىدۇ، بېقىپ قويسىلا دەپ ئەكىرىپتىكەن، ئامراق بولۇپ قالدىم. خۇدايىم بەرگەن بۇ كۆزمونچىقىمىمۇ ماڭا ئامراق بولۇپ قالدى.

— مەن بەك خۇش بولدۇم، ئانا. بەك ئوبدان بوپتۇ.

سىرتتىن گۈلجامال يۈگۈرۈپ كىردى ۋە تاتلىق ئاۋازلىرى بىلەن:

— ئانا ... ئانا ... بەك جىق، بەك جىق ئادەم كەلدى ... يەنە چىرايلىق بىر ئاچاشمۇ بار، — دېدى.

ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چۈشمەستىن سەنەم دېدەكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كىردى.

— بىزنىڭ خەۋىرىمىزنى ئەكەلگەن بۇ چىرايلىق سىڭلىمغا

رەھمەت.
سەنەم ئېغىشىپ گۈلجامالنى سۆيۈپ قويدى.
گۈلجامال سەنەمدىن خۇشبۇي پۇراقنى پۇراپ:
— ئانا، بۇ ئاچام بەك خۇشبۇي پۇرايدىكەن، — دېدى.
ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. نىگارئايىم ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ سەنەمگە تەزىم قىلدى:
— غەپلەتتە قېلىپ ئالدىلىرىغا چىقالماي سەت ئىش قىپتىمەن، مەلىكە ئالىيلىرى.
سەنەممۇ نىگارئايىمغا سالام قىلىپ دېدى:
— ياق ... ياق ... نىگارئايىم ئانا ... ئۇنداق دېمىسىلە.
غېرىب ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى، ئەمما تۇرالماي ئەپسۇسلىنىپ دېدى:
— پۇت - قولۇم مېنىڭ ئەمەستەك ئۆزۈمگە بويسۇنمايۋاتىدۇ.
— بولدى، مىدىرلىماڭ، غېرىبجان ... كېچىچە سىزدىن ئەنسىرەپ كۆزۈمگە پەقەت ئۇيقۇ كەلمىدى. شۇنداق تەستە تاڭ ئاتقۇزدۇم. ئەسلىدە مېنىڭ قەسرىمدە ياتسىڭىز بوپتىكەن، — دېدى سەنەم.
بۇ چاغدا نىگارئايىم گۈلجامالنى ئەگەشتۈرۈپ:
— چاي راسلاپ كىرەي، مەلىكە ئالىيلىرى، — دەپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، سەنەم:
— ئاۋارە بولمىسىلا، ئانا، ھازىرلا چاي ئىچىپ كەلدىم، — دېدى.
— كەمبەغەلنىڭ چېيى چىشقا دورا دەپتىكەن، مەلىكە ئالىيلىرى.
نىگارئايىم گۈلجامالنى يېتىلەپ چىقىپ كەتتى. كېنىزەك، دېدەكلەرمۇ چىقىپ كەتتى.
— مەنمۇ سىزنى بەك سېغىندىم، سەنەمجان، — دېدى غېرىب.
— مەنمۇ شۇ غېرىبجان.

— بىز قاچانغىچە دەريا بويىدا تۇرۇپ تەشنالىقتا قانماي، مۇشۇنداق سەرگەردان بولۇپ يۈرەرمىز؟

— نىگارئايىم ئانام شاھ ئاتامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئەينى چاغدا تۈزۈلگەن ئەھدىگە بىنائەن ئىككىمىزنىڭ تويىنى قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈنسە دەيمەن، — دېدى سەنەم.

غېرىب مېھرى بىلەن سەنەمگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

شاۋازنىڭ ھويلىسى. ئات باقار چىرايلىق ئارغىماقنى غادىيىپ تۇرغان شاۋازنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ، سىڭا تىزلىنىپ ئولتۇردى. شاۋاز ئۇنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ ئاتقا مىنىپ تۇرۇشىغا غوجىدارى ئابلىز شەيتان پالاقلاپ كېلىپ دېدى:

— ۋەزىر ئەزەم، ۋەزىر ئەزەم، ئۆزلىرىگە مەلۇم بولغاي.

— نېمە ئىش؟ — دېدى شاۋاز.

— ھېلىقى ... قوقەندىن ھېلىقى باخشى خوتۇن كەپتىكەن، — دەپ تىلىنى چايندى ئابلىز شەيتان.

— قېنى، ئالدىمغا باشلاپ كەلمەپسەنغۇ، نەدە قالدى؟

— ئۇ ... ئۇنى كېلىپ بولغۇچە ئايشە شاھنىڭ ھوزۇرىغا باشلاپ كىرىپ شاھ بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ بوپتۇ ...

ئابلىز شەيتاننىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چۈشۈپ بولغۇچە شاۋازنىڭ ئالتە قىرلىق قامچىسى ئۇنىڭ بېشىغا تېگىپ تەلپىكىنى ئۇچۇرتۇپ، يۈزىنى قىيپاش يېرىۋەتتى.

— ۋاي ... جان ... ۋەزىر ئەزەم، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، — شاۋازغا يېلىندى ئابلىز شەيتان.

— سەن نېمىگە قارىدىڭ؟ نېمانداق تولا نەسلىڭ بۇ! ھەي ئىست، ئەبەي قولدىن ئايرىلىپ ئوردىنىڭ جان تومۇرى قولۇمدىن چىقىپ كېتىۋاتامدۇ نېمە؟ مەن ۋەزىر ئەمەس، قورۇق ئۆستەڭگە مىرابمۇ، ئايشە دېگەن جەددالنىڭ بېشى نېمانداق يوغىناپ كەتتى؟!

شاۋاز ئاتقا قاتتىق قامچا سالدى. تۇيۇقسىز تەگكەن قامچىدىن قاتتىق ئۈركىگەن ئات ئالدى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ

كىشىنەپ، چىپىپ چىقىپ كەتتى.

خانىش مېھرىبانۇنىڭ ھۇجرىسى. شاھ بىلەن خانىش باخشى ئاسىخان بۇۋىنىڭ ئاغزىغا ھەيران ھەم خۇشال ھالدا قاراپ ئولتۇراتتى. ئاسىخان باخشى دېدى:

— تۇم قارا ئوغلاقتىن توققۇزنى، تۇم ئاق ئوغلاقتىن توققۇزنى قان قىلىمىز ـ دە، تۇغ باغلاپ مەلىكە سەنەمجاننى پېرە ئويناتىمىز، ئۇنىڭ كۆڭلىگە چۈشكەن ئىشق سەۋداسىنى بىردە يانمىسا ئىككىدە، ئىككىدە يانمىسا ئۈچتە ياندۇرىمىز. سوۋۇتقۇ ئوقۇساق، مەلىكە ئالىيلىرى غېرىب دېگەن ئۇ يېتىم ئوغلاقتىن شۇنداق رايى يانىدۇكى، ئۇنىڭغا قاراش تۇگۇل، ئىسمىنى ئاڭلىسىمۇ ئۇچ كۆنلۈك يىراقلىققا قاچىدۇ، ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالماڭلار دەپ نالە قىلىدۇ. ئۇنىڭ نالىسىنى ئاڭلىغان ئادەم يۈرىكى تاش بولسىمۇ ۋۇجۇدى سىمابتەك ئېرىپ يىغلاپ تاشلايدۇ.

— راستىمۇ؟ ئەگەر قىزىم سەنەمنىڭ غېرىبتىن رايىنى ياندۇرۇپ بېرەلىسىڭىز، قىزىم ئاشۇنىڭ سەۋدالىقىدىن قۇتۇلىدىغانلا ئىش بولسا ئاسماندىكى ئاينى ئۈزۈپ بەر دېسىڭىزمۇ، شۇنىڭغا تەييارمەن، — دېدى شاھ.

— سوۋۇتقۇ ئوقۇتۇلغان قىز بالا نىكاھى بەند بولۇپ، ئەركەك زاتىغا ئىككىنچىلەپ قارىماسمىش، — دېدى كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا خانىش مېھرىبانۇ، — بىر تاللا قىزىمىز شۇنداق بولۇپ قېلىپ سالتاڭ قالسا، مەن قانداق چىدايمەن؟

ئاسىخان يەنە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ئۇنداق بولمايدۇ، نىكاھى بەند بولىدۇ دېگەن ئەپقاچتى گەپ. ئەگەر مەلىكە شۇنىڭدىن كېيىن ئەركەك زاتىغا زادى قارىمىسا، ئۇنى ھەرقايسىلىرى قايسى ئەرگە بېرىشنى خالاشسىلا، مەن شۇ ئەرگە قارىتىپ ئىسسىتقۇ ئوقۇپ بېرىمەن. شۇنىڭ بىلەن سەنەمجان ئۇ ئەرگە شۇ قەدەر ئاشىق ـ بىقارار بولىدۇكى، ئۇنى بىردەم كۆرمىسە چىدىماي قالىدۇ.

www.uyghurkitap.com

شاھ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ رازىمەنلىك بىلەن ھېجىيىپ:

— ۋاھ، ئاجايىپ قالتىسكەن. شۇنداق قىلايلى. مېنىڭ ئۇنى ھازىرقى دىلكەش ۋەزىرىم شاۋازنىڭ ئوغلى، ھەربىي ۋەزىرىم ئابدۇللا شاتىرىغا بەرگۈم بار. ئەمما، سەنەم غېرىبنىڭ سەۋدالىقىدا ئابدۇللانى يامان كۆرۈپ مېنى زەردە گۇش قىلىۋەتتى. قىزىمنى غېرىبتىن سوۋۇتۇپ، ئابدۇللاغا ئامراق قىلىپ بېرىدىغان ئىش قىلىڭ. بۇ مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم، — دېدى.

— بىچارە قىزىمنى مەيلى كىمگە بېرەي، بىر ئەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، بالدۇرراق پاقلاندەك ئوغۇل نەۋرە كۆرسەم، مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشاتتى، — دېدى مېھرىبانۇ خانىش.

بۇ چاغدا سەنەم غېرىبنىڭ قېشىدا ئىدى. ئۇ غېرىبنىڭ بىلىكىنى ئۆزىنىڭ بويىنىغا سېلىپ ئۇنى يۆلىمەكچى بولدى. ئەمما، غېرىبنىڭ پۇت - قولى ئۆلۈكنىڭكىدەك جانسىز ئىدى. ئۇنىڭ قولى تۇتمىدى، پۇتى باسمىدى. بۇنىڭدىن سەنەمنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىۋەتتى.

— قايسىڭلار بار؟ ! — دەپ ۋارقىرىدى سەنەم.

ئىككى دېدەك قىز يۈگۈرۈشۈپ كىردى.

— دەرھال باش تېۋىپ ئىمادىدىن قەشقەرى بىلەن جەرراھ مۇھەممەدىن قاراقاشنى تېپىپ كېلىڭلار، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى! — دەپ بۇيرۇق قىلدى سەنەم. دېدەكلەر:

— خوپ، مەلىكە ئالىيلىرى، — دېگىنىچە چىقىپ كەتتى. سەنەم يىغلاپ تۇرۇپ غېرىبنىڭ جانسىز پۇتلىرىنى ئۇۋۇلىدى.

— قىزىق ئىش بولدى. سىز ئاغرىپ ياتسىڭىز مەن ساق، مەن ئاغرىسام سىز ساق ... — دېدى غېرىب.

— راست، كېچىچە مەن سىزگە ئاتاپ ناخشا توقۇدۇم. ئوقۇپ بەرسەم ئاڭلارسىزمۇ؟ — دېدى سەنەم.

— ئاۋازىڭىز، چىرايىڭىز ... ھەممىگە زارمەن، قانمايمەن،

سەنەمجان، — دېدى غېرىب مەمنۇنلۇق بىلەن.
سەنەم غېرىبنىڭ پۈتىنى تۇتقاچ ناخشىسىنى ئېيتتى:

بۇلبۇلى، بىچارەسەن گۈل ئىشقىدا پەرياد قىل،
ئاشىقى سەرگەشتە بولساڭ ئۆيقۇنى بەرباد قىل.
تىنمايىن شامۇ سەھەر يىغلاپ يۈرۈپ فەرياد قىل،
بۇ بۇزۇلغان ئىشق ئۆيىنى سەن كېلىپ ئاباد قىل،
جانىم ئاللا، بۇ كېسەلدىن غېرىبىمنى ئازاد قىل.

ھەر كىشى مۇنداق بالاغا بولماسۇن ھېچ گىرىفتار،
قالماسۇن كۆڭلىدە ئەرمان، زەررە ھىجران ئىختىيار.
تىترەشۈر سىمابتەك بۇ تەندە جانىم بىقەرار،
ئاشىقىم يانىمدا يىغلار، مەن بۇ يەردە ئىنتىزار،
جانىم ئاللا، بۇ كېسەلدىن ئۆز يارىمنى ئازاد قىل.

قويمادى ئۆز ھالىمە بۇ دەردى سەرگەردان مېنى،
ھىجرى دەشتىدە قۇيۇندەك ئەتتىلەر ھەيران مېنى.
جانىم ئالماي قويمادى، بۇ دەردى بىدەرمان مېنى،
ئىشق ئافەتى قىلىپتۇ بىچارە سەرگەردان مېنى،
جانىم ئاللا، بۇ بەلادىن غېرىبىمنى ئازاد قىل.

ئەۋۋەلى غېرىب يۈزىنى كۆرمەسەم ئىدى كاشكى،
مېھرىنى ۋەيران كۆڭۈلگە بەرمەسەم ئىدى كاشكى،
شاد ئېتىپ يار كۆڭلىنى دىلىمغا سالماسام كاشكى،
ئىشق ئوتىغا مەن ئۆزۈمنى سالماسام ئىدى كاشكى،
جانىم ئاللا، بۇ كېسەلدىن غېرىبىمنى ئازاد قىل.

ئاللا، سېنىڭ رەھمىتىڭدىن بەھرىمەندۇر جىمى ئالەم،
دەرگاھىڭغا باش قويۇپ يارىم ۋىسالى ئىستەرەم.
بال ئورنىغە ھىجران ماڭا ئوغا ئىچۇردى دەردى غەم،

تەلمۈرۈپ دائىم گادايدەك يارنى كۈتەر شاھ سەنەم،
جانىم ئاللا، بۇ كېسەلدىن جان يارىمنى ئازاد قىل.

سەنەم ناخشىسىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي غېرىبقا ئۆزىنى تاشلاپ بۇقۇلداپ يىغلاپ، جانسىز قوللىرىغا سۆيۈپ كەتتى. شۇ چاغدا گۈلجامال ئىشىكتىن كىرىپ سەنەمنىڭ پېشىدىن تارتىپ دېدى:

— ئاچا ... ئاچا ... ئانىڭىز ئۇردىمۇ؟ ... سىزمۇ ئانىڭىزنىڭ ئەيىنىكىنى چېقىۋەتكەنمۇ؟



www.uyghurkitap.com

# ئالتىنچى باب

تاغ تۇرادىكى ئۇستاز شەيخ جالالىدىن باشچىلىقىدىكى ئادالەتنى ياقلىغۇچىلار بىلەن بالاساغۇن ئوردىسىدىكى شاۋاز باشچىلىقىدىكى نەپسانىيەتچىلەر گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى خانلىقنىڭ ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشى غېرىب بىلەن سەنەمگە مەركەزلەشتى، زىددىيەت بارغانچە ئۆتكۈرلەشتى، توقۇنۇش كەسكىنلەشتى. غېرىبنى كۆزدىن يوقىتىش بىلەن قوغداش خانلىقنىڭ تەقدىرىگە تاقىلىدىغان زور ئىشقا ئايلاندى. شاھى ئابباستەك ئىقتىدارسىز، بىپەرۋا، دۇنيانى، دۆلەتنى خوتۇنغا تېگىشىدىغان ئادەمنىڭ بۇ دۇنياغا تۆرىلىپ قېلىشى ئاللانىڭ ئاجايىپ قىسمىتى ئىدى. سەنەم شاھى ئابباسنىڭ پۇشتىدىن تامغان بىردىنبىر پەرزەنت ئىدى. ئۇ بىر نازۇك قىز، ئايال كىشى بولغاچقا، ئىسلام ھاكىمىيەتچىلىك روھى بويىچە خانلىق تەختىگە ئولتۇرالمايتتى. ئەمما، ئۇ بىردىنبىر خانىنىڭ ئەۋلادىنى ئەۋلادىغا، ئۇرۇقىنى ئۇرۇقىغا ئۇلايدىغان نازۇك بىر ئۇلاق ئىدى. غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ يىلتىزىدىن بىرقانچە كەتمەن توپىنى ئارتۇق كولىسا ئۇلار بىر چەۋرىلەردىن، ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن بولۇپ چىقاتتى. شۇڭا، غېرىب خانلىق تەختىدە ئولتۇرسىمۇ بۇ ئۇلاق ئۇلىنىۋېرەتتى. ئەمما، قاراخانىيلار تەۋەسىدە خان ئەۋلادى دەپ ئېتىراپ قىلىنمىغان بۇغراخانلار ئەۋلادى كۆپ ئىدى. ئۇلارنى ھېچكىم ئېتىراپ قىلمايتتى. ئەگەر، غېرىب سەنەمنىڭ ۋاستىسىسىز خانلىق تەختىگە ئولتۇرسا، پۈتكۈل قاراخانىيلار خانلىقى ئىسيان، ئىچكى ئۇرۇش پاتقىقىغا پېتىپ قالاتتى. سەنەم ئايال كىشى بولغان بىلەن خانىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىدىغان بىردىنبىر نوپۇزلۇق ئەۋلادى

ئىدى. ئەمما، ئۇ ئايال كىشى بولغانلىقى سەۋەبىدىن خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. بۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلىش زادى قۇدرىتى چەكسىز ئاللا تەرىپىدىن غېرىبنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈۋېتىلگەندەك كۆرۈنەتتى. چۈنكى، شاھى ئابباس تۇغۇلمىغان باللارغا نىسبەتەن خەلقئالەمگە ئەھدىنامە جاكارلاپ، ئاغزىدىن سائەت چىقىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ بالىسى قىز، مەرھۇم ھەسەن بۇيرۇق قۇتتېكىننىڭ بالىسى ئوغۇل بولۇپ قالدى. ئەھدى بويىچە سەنەم غېرىبقا ياتلىق قىلىنىشى كېرەك. شاھ كاناي تارتىپ شاھلىق پەرمانى جاكارلاپ ئون سەككىز مىڭ ئالەمگە پۈر قىلغان ئەھدىنامىسىدىن بىر باھانىلەر بىلەن يېنىۋالاي دېسە، خۇددى شاھنى جازالىغاندەك ئاللا غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ دىلىغا بىر ـ بىرىنىڭ ئىشق ئوتىنى سېلىپ كۆڭۈل رىشتىسىنى بىر ـ بىرىگە چىڭ باغلاپ، ئۇلارنى ھېچنېمە ئارا تۇرالمايدىغان ئىشق سەۋداسىغا مۇپتىلا قىلىپ، شاھنى مات قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ شاھ شاۋازىنىڭ كۇشكۇرتىشى بىلەن ئاللانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا غېرىبتىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن باھانە ئىزدەۋاتاتتى. شەيخ جالالىدىن بىلەن سادىق بىلال باشچىلىقىدىكى ئادالەتچىلەر توپى نارىن دەرياسى بويىدىكى بۇركۇت تېغىغا يىغىلىپ، ئادالەت ھامىيسى بولۇپ غېرىبنى قوغداشقا، قاراخانىيلار تەختىنىڭ خانى قىلىپ تىكلەشكە ئاتالاندى. بۇ كەسكىن كۈرەش قورالسىز پۇقرالار بىلەن چىش ـ تىرنىقىغىچە قوراللانغان سەرخىل خان لەشكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلاتتى. شاھى ئابباس نەشە چېكمۇۋېرىپ كاللىسى گاراڭشىپ، پەقەت چىرايلىق خوتۇن ـ قىزلارنىڭ لىغىلداپ تۇرغان كۆكسى، شەھۋەت قوزغايدىغان ساغرىسى، كەپتەردەك خۇلقىدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارنى باش ئاغرىقى، ئاۋارىچىلىك دەيدىغان، ئىنسانلىق روھى چىرىگەن، ئىشقۋاز، نەپسى ئاۋارىسىگە ئايلاندى. ئۇنى باتۇر تەگرىقۇتنىڭ ئەۋلادى، تۇنيۇقۇقنىڭ

ئەۋلادى، بۇغراخان ئەۋلادى دېسە ھېچكىمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ساردىن نار، ناردىن سار تۆرىلىپ قالدۇ، دېگەن ئاتىلار سۆزى مانا شۇ بولسا كېرەك. بىر ئېسىل نەسەبتىن مانا مۇشۇنداق ئىشقۋازلىققىلا بېرىلگەن يارىماس كىشى تۆرىلىپ قالغانىدى. شاھى ئاباس شاۋازنىڭ بارلىق خاتا ھەرىكەتلىرى، دائىم چېنىپ تۇرىدىغان سۇيىقەستلىرى، شەخسىيەتچى، نەپسانىيەتچى ئەمىر، بەگلەر بىلەن بىرلىشىپ خەلقنى قاڭغىر قاقشىتىپ ئېزىشلىرى، دۆلەت خەزىنىسىنى قۇرۇقداپ قويۇشلىرى كۆزگە كۆرۈنۈپ، بۇرنىغا پۇراپ تۇرسىمۇ، ئۇ دائىم گۈزەل قىزلارنى ھەدىيە قىلىپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمىگەنگە، ئاڭلاپ تۇرۇپ ئاڭلىمىغانغا، بىلىپ تۇرۇپ بىلمىگەنگە سالاتتى. ئۇنىڭ ئىشرەتخورلۇقى ئاشقانچە كارغا كەلمەس بولۇپ، كارغا كەلمىگەنچە قۇلاق ئاڭلىغانلىكى ئەرلىكنى كۈچەيتكۈچى دورىلارنى شاۋازغا تاپتۇرۇپ كەلدى. ئۇ بۇغا مۈڭگۈزى، يولۋاس چىۋىقى، ئەركەك قۇشقاچ مېڭىسى، كۆك كەپتەرنىڭ قېنى، ئەركەك بېلىق، تاغ سېغىزغىنى دېگەنلەردىن تارتىپ كېلە، پاتمىچۇقچە ھەممىنى يەپ باقتى. شاھى ئاباسنىڭ ئىشرەتگاھىدا بىر قېتىم نەيزە ئويناتقىنىدىن شاۋاز خۇددى دۈشمەننىڭ بىر شەھىرىنى ئېلىپ تۇغ ـ ئەلەم تىككىلىگەندەك خۇشال بولاتتى. بارا ـ بارا شاھى ئاباس خانلىقتىكى بارلىق ئىشلارنى ئۇنتۇپ ئىشرەت دېڭىزىغا غەرق بولدى.

شاھ قارچىغىخانىسىدا قارچىغىلارنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە ئىدى. ئۇ چىرايلىق بىر قارچىغىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ قولىنى تەڭلىدى. قارچىغىچى توشقاننىڭ بىر پاچىقىنى شاھقا بەردى. شاھ توشقاننىڭ پۇتىنى قارچىغىغا تۇتۇپ بەردى. قارچىغا توشقان گۆشىنى ئىشتىھا بىلەن چوقۇلاپ يېدى، پادىشاھ قارچىغىغا زوقلىنىپ قارىدى. شۇ چاغدا شاۋاز قورۇقچىلىرى بىلەن پەرىشان كىرىپ كەلدى ۋە شاھقا تەزىم بەجا كەلتۈردى.

www.uyghurkitap.com

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، شاھ ئالىيلىرى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، شاۋاز ۋەزىرىم. بارمۇ سىلى، نېمە يېڭى گەپ كۆتۈرۈپ كەلدىلە؟

— ئۆلگۈر، مۇتتەھەم تاغ قاراقچىلىرىنىڭ ئاتامانى سادىق بىلال بىلەن ئىلياس يەنە شۇ غېرىب بىلەن تىل بىرىكتۈرگىلى مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ چاھاربېغىغا ئوغرىلىقچە كىرىپ سېزىلىپ قېلىپ، بىرمۇنچە قاراۋۇللىرىمىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قېچىپ كېتىپتۇ، — دېدى شاۋاز.

— پاھ، ماۋۇ قاراقچىلارنى كۆرۈڭ، يۈركى نېمانداق قاپتەك بولۇپ كەتكەن ئۇلارنىڭ؟ — دېدى شاھ شاۋازنىڭ گەپلىرىدىن چۆچۈپ.

— غېرىبتەك خاننىڭ جازاسىغا ئۇچرىمايدىغان ئالاھىدە مەھبۇس، قاراقچىلارنى قانات ئاستىغا ئېلىپ ھامىيلىق قىلىدىغان مەلىكە ئالىيلىرى بولغاچقا، ئۇلار بىزگە مۇشۇككە ئەركىلەيدىغان چاشقاندەك ئەركىلەپ ھەددىدىن ئاشتى، شاھ ئالىيلىرى.

شاۋازنىڭ بۇ زەھەرخەندە گەپلىرىنى ئاڭلىغان شاھ قاقشاپ دېدى:

— بىردەم زىندانلىرىمنى پاراكەندە قىلىپ مەھبۇسلارنى قاچۇرسا، بىردەم ئوردىنىڭ چاھاربېغىغا ئەيمەنمەستىن بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك سالسا ...

— ئەمدى ئەدىپىنى بەرمىسەك، ئۇلار پىلىنىڭ بۇرنىغا كىرىۋالغان چۈمۈلىدەك بىزنى ئارام تاپقۇزمايدۇ، خان ئالىيلىرى.

شاۋاز سۆزلەۋاتقاندا، شاھ قارچىغىنىڭ گۆش يېيىشىگە قاراپ خىيالغا چۆكۈپ ساقىلىنى تۇتاملاپ تۇرۇپ قالدى. شاۋاز يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— مېنىڭ ئۇزاق يىل سىناقلاردىن ئۆتكەن سادىق غوجىدارىم ئەبەي قۇلنى ئاشۇ ناكەسلەر ئوردابالىقىغا يوشۇرۇن كىرىپ

ئۆلتۇرۇۋېتىپتۇ.
— راست، سىلىدىن سورايمەن دەيمەن، ئۇنتۇيمەن، ئۇنى ئۇزاق بولدى كۆرمىگەنىدىم، — دېدى شاھ.
— جەستتى تارىم دەرياسىنىڭ ئايىغىدىكى توغراقلىق ئارىسىغا جايلاشقان قۇمئاقار مەھەللىسىدىن تېپىلدى، — دېدى شاۋاز.
— ئۇلار راستىلا ھەددىدىن ئېشىپ، بىزنىڭ يارامىلىق سەركەردىلىرىمىزگە زىيانكەشلىك قىلغىلى تۇرۇپتۇ - دە.
— ئوردىدا ئەمىر، ۋەزىرلەر، ئەكابىر - ئەشرەپلەر ئارىسىدا قاراقچىلار قاچان مەخپىي كېلىپ جېنىمىزنى ئالار دېگەن ۋەھىمە تارقىلىپتۇ، ئالىيلىرى.
شاۋازنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان شاھ چۆچۈپ كەتتى.
— بۇ بولماپتۇ. ئۇلارنى يىغىشتۇرىدىغان چاغ كەپتۇ. مەن تېخى مەرھۇم ھەسەن ۋەزىرنىڭ قەستكە ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدا ئەبەي قۇلغا باغلىنىشلىق مىش - مىش گەپلەر قۇلىقىمغا كىرىپ، ئۆزۈمچە سوراپ باقاي دېگەن.
— بۇ تامامەن پوق ساقال جالالىدىننىڭ تۆھمەت گەپلىرى. مېڭىسىنى قاغا چوقۇۋالغان ئۇ قېرى يالغان - ياۋىداق گەپلەرنى تارقىتىپ، ئادەملىرىگە غوجىدارىمنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى، — دېدى شاۋاز.
— ئۇنىڭ قولى ئۇزىراپ كېتىپتۇ.
— تىلىمۇ ئۇزىراپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەبەي قۇلغا تۆھمەت قىلغىنى ئەمەلىيەتتە ماڭا سۇيىقەست قىلىپ، ئالىيلىرى بىلەن ئارىمىزغا نىزا سېلىپ ...
شاھ ئاچچىقلاپ شاۋازنىڭ گېپىنى بۆلدى:
— بولدى سۆزلىمىسىلە. ئۇنى يىغىشتۇرايلى. بىر باش ئاغرىقى بولدى ئۇ قىرىق يىل تۇزۇمنى يېگەن تۇزكور!
ئۆزىگە نېسىپ بولغان ھەربىر سۆزلەش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەيدىغان شاۋاز يەنە ئېغىز ئاچتى:

— چاهارباغدىكى ئېلىششىتا قاراقچىلار بىزنىڭ ئابدۇللا شاتىرىغا ئاتقان زەھەرلىك تىكەن غېرىبقا تېگىپ، ئۇ ئۆلگىلى تاس ـ تاماس قېلىپ، پالەچ بولۇپ ياتىدۇ.

— يا پەرۋەردىگار، ھەرنېمە بولسا خۇدا ساقلاپتۇ. بولمىسا قىزىم سەنەم ماڭا يەنە ئۆلىمەن دەپ بىرمۇنچە باش ئاغرىقى تېپىپ بېرەتتى.

— مەلىكە ئالىيلىرى يەنىلا ئاشۇ پالەچنىڭ بېشىدا ئاھ ـ زار چېكىپ يۈرۈيدۇ، — دېدى شاۋاز.

— مەلىكىنىڭ بۇ سەۋدادىن قۇتۇلىدىغان كۈنىمۇ كېلىپ قالدى، شاۋاز، — دېدى شاھ.

شاھنىڭ بۇ گېپىدىن شاۋازنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى.

تاغ تۇرا يېنىدىكى ئورمانلىق. شەيخ جالالىدىن، سادىق بىلال، ئىلياس باشچىلىقىدىكى بىر توپ ئالامان قارچىغا سىلىپ، ئوقيا ئېتىپ ئوۋ ئوۋلىماقتا ئىدى. ئىلياس ئىچى تىتىلىدىغان ھالدا گەپ باشلىدى:

— بۇ قانداق دېگەن نەسلىك. ھەر قېتىم غېرىبنى قۇتقۇزىمىز دەپ بارساق بىر پېشكەللىككە ئۇچرايمىز.

شەيخ جالالىدىن مۇدەررىسلەرگە خاس سۇلكەت ۋە سالماقلىق بىلەن دېدى:

— ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى بار، ئوغلۇم، ئاللا ھازىرچە مۇسانى فىرئەۋننىڭ ئۆز قولىدا باقتۇرغىنىدەك غېرىبنىمۇ ئەقىلسىز شاھقا باقتۇرۇۋاتسا كېرەك.

— شاۋازنى يەنە شۇ نەشىنى تولا چېكىپ كاللىسى خام قاپاق بولۇپ كەتكەن شاھنىڭ قولى ئارقىلىق غېرىبقا زىيانكەشلىك قىلامدىكىن دەپ يۈرىكىم سۇ، — دېدى سادىق بىلال.

— غېرىب زەھەرلىك تىكەن سەۋەبىدىن پالەچ بولۇپ قالغاچقا، مەلىكە سەنەم ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئەگىپ يۈرىدۇ.شۇڭا، ھازىرچە قول سالالماسلىقى مۇمكىن، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— بىز نەق ئۇستىدىن چۈشمىگەن بولساق ئابدۇللا شاتىرى غېرىبنىڭ جېنىغا زامىن بولاتتىكەن، — دېدى ئىلياس.

— ئۇ مەلئۇن رەشك ئوتىغا چىدىيالماي شەيتىنى غالىس كەلگەن گەپ، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— ئەمدى غېرىبنى قۇتقۇزمامدۇق؟ — دەپ سادىق سورىۋىدى، شەيخ جالالىدىن:

— هازىرچە ئاۋۋال ئاللا، ئاندىن سەنەم ئۇنىڭغا باشپاناھ بولۇپ داۋالاتمىسا، تاغقا ئاچىققان بىلەن بىز ئۇنى پەرۋىش قىلىپ بولالمايمىز، — دەپ جاۋاب بەردى.

شاۋازنىڭ خاس خانىسى. ھەرەمخانا غوجىدارى ئايشەنى ئابلىز شەيتاننىڭ ئىككى نۆكىرى قولىدىن چىڭ تۇتۇپ تۇردى. شاۋاز ئايشەنىڭ يۈزىگە تۇكۇردى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋالدى. شاۋاز ئۇنىڭ يوغان زىرە سالغان ئوڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىنى تۇتتى.

— مەن نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟

ئايشە قورققىنىدىن غال - غال تىترەپ شاۋازغا يېلىندى:

— ۋە... ۋەزىرئەزەم ... مەن ... مەن ... ئېزىپتىمەن، مەن خاتا قىپتىمەن ... خۇشاللىقتا ... ئەقلىمنى يوقىتىپتىمەن، بىر ... بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە ...

— بوپتۇ ... مەن يەنىلا كەڭ قورساق ئادەم. بۇنىڭدىن كېيىن قىلغان گېپىمنى ... ئوڭ قۇلىقىڭدا مەھكەم ساقلا ... ياق ... ياق ... مەن يەنە سەندىن ئەنسىرەۋاتىمەن. گېپىم ئوڭ قۇلىقىڭدىن كىرىپ سول قۇلىقىڭدىن چىقىپ كەتمىسۇن ...

— سا ... ساقلايمەن ... ئالىيلىرى ... ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ ...

ئايشەنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چۈشمەيلا شاۋاز يېنىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىنى كېسىۋەتتى. ئايشە چىرقىراپ كەتتى.

— ئەن سىلىپ قويمىسام گېپىم ئوڭ قۇلىقىڭدا تۇرماي سول قۇلىقىڭدىن قېچىپ كەتمىسۇن يەنە... بېشىمنى

ئاغرىتما توڭگۇزدەك سەت چىرقىراپ ! ...

شاۋاز قان يۇقىقان قوللىرىنى ئايشەنىڭ كۆڭلىكىنىڭ پەشلىرىدە سۇرتتى. چاپارمەنلەر چىرقىراۋاتقان ئايشەنىڭ ئاغزىنى قوللىرىدا ئېتىۋالدى. شاۋاز قان يۇقى خەنجەرنىمۇ ئايشەنىڭ كۆڭلىكىگە سۇرتۇپ، بىسىنى بارماقلىرىدا تاتىلاپ قويۇپ، تامغا قارىتىپ ئاتتى. خەنجەر تامغا قادالدى.

غېرىبنىڭ ھۇجرىسى. ئىمادىدىن قەشقەرى بىلەن جەرراھ مۇھەممەدىن قاراقاش بىر ـ بىرلەپ غېرىبنى تەكشۇردى. سەنەم تەقەززالىق بىلەن ئۇلارنىڭ ئاغزىغا قارىدى.

— مەلىكە ئالىيلىرى، غېرىبنىڭ بەدىنىدىكى زەھەرنى ئىچىدىن دورا بېرىپ تەلتۆكۈس سۇرۇپ چىقىرىش كېرەك، — دېدى ئىمادىدىن قەشقەرى. كەينىدىن مۇھەممەدىن قاراقاشمۇ ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— كېسەل پاتمانلاپ كىرىپ، مىسقاللاپ چىقىدۇ، دەيدىغان گەپ بار. ئىمادىدىن قەشقەرى، شەربەت دورا ئىچكۇزۇش بىلەن بىللە سىرتىدىن ھەر كۇنى بىر ۋاخ كۆك ئىنەكنىڭ سۇتى بىلەن چىلاپ يۇيۇپ بەرسەك بەدەنگە ئورنىشىپ تۇرۇۋالغان زەھەرنى تېخىمۇ تېز قايتۇرغىلى بولىدۇ.

— دورىنىڭ غېمىنى سىلەر قىلىڭلار، كۆك ئىنەكنىڭ سۇتىنى ... — سەنەم جىددىيلەشكەن ھالدا گەپ قىلىۋاتقاندا، مۇھەممەدىن قاراقاش ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— مەلىكە ئالىيلىرى، سېغىن كۆك ئىنەكنى خانلىق شىپاخانىدىن ئەكېلىپ مەشەدە ساغساقمىكىن. باشقىلارغا بۇيرۇساق، كالا سۇتى ياكى سۇ قوشۇلغان سۇت ئەكېلىپ قالسا، پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ بولىدۇ.

— شۇنداق بولسۇن، — دېدى سەنەم.

باشقىلار چىقىپ كېتىشتى. سەنەم ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرغان غېرىبقا پىيالىدە چۆچۈرە ئىچۇرگەچ ناخشا ئېيتتى:



www.uyghurkitap.com

سېنى كۆردۈم، ھەممىنى ئۇنتۇدۇم،
جەھان لەززەتىدىن كۆڭلۇم ساۋۇتتۇم.
ساڭا بەردىم دىلۇ جانىمنى ھەردەم،
بېھىشتىنىڭ مەڭگۈلۈك تەركىنى تۇتتۇم.
ۋىسالىڭدا لەبىڭدىن مەي ئىچتى كۆڭلۇم،
پىراقىڭ يادىدا قانلارنى يۇتتۇم.
نە قۇتلۇق كۈن ئىدى، ئەي راھەتى جان؟
سېنىڭدەك رەھمەتى ھەققە يولۇقتۇم.
كېچە ـ كۈندۈز داۋام ئەندىشە قىلدىم،
سېنىڭ مىسلىڭ يوق ئېركەنىنى ئۇقتۇم.
غەمىڭ كۆڭلۈمگە، پىكرىڭ جانغە قۇۋۋەت،
ھايات ئىستەپ خىيالەن زەھر يۇتتۇم.
قەبۇل قىل، خار قىلما ھەسرەتىڭدە،
كېزىپ چۆل، ئۇستىخانىمنى چۈرۈتتۈم.
تىلىمدا يا دىلىمدا ئۆزگە كىم بار،
قەسەمياد ئەيلەدىم سۆزنى قۇرۇتتۇم.
گەھى ۋەسلىڭ مۇيەسسەر بولماغاندا،
خەيالىڭ لەززەتىدىن كۆڭۈل ئاۋۇتتۇم.
قاچان كۆردۈم قىزىلگۈلدەك يۈزۈڭنى،
ۋۇجۇدۇم كۆيدۈرۈپ كۈلدەك توزۇتتۇم.

سەنەمنىڭ ناخشىسى شۇ يەرگە كەلگەندە، بىر توپ قىز ـ ئوغۇل ساۋاقداشلار ھەر خىل سازلارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئارىسىدىكى بىر يىگىت:

— ناخشا ـ ساز، ئۇسسۇل بىلەن غېرىبنىڭ كۆڭلىنى ئاچايلى دەپ كەلدۇق، — دېدى، كەينىدىنلا بىر قىزمۇ:

— سەنەمنىڭ باھانىسىدە بۇگۈن غېرىب بىلەن خۇشال ئويناپ كۈلۈپ چىگىلگەن دىللىرىمىز ئېچىلىدىغان بولدى، — دېدى.

— قانغۇچە ئويناپ كۆڭلىمىزنى ئېچىۋالايلى. يەنە بۇنداق يىغىلمىقىمىز قىيامەتكە قالىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى يەنە ھېلىقى يىگىت.

يىگىتلەر سازلىرىنى تەڭشەپ نەغمە قىلدى. قىزلار ئۇسسۇلغا چۈشتى. سەنەم ناخشا ئېيتتى:

باغ مېنىڭدەك سارغىيىپ، بۇلبۇل مېنىڭدەك بولدى لال،
ئېيتىدۇ مۇنداق ئىمىش بىر گۇلدىن ئايرىلغانغە ھال.
جانجان يارىمەي، سېنىڭغىنا دەردىڭ يامان.

يەردىكى ياپراق ئەگەر بولسا ئىدى دەسسەلمىگەن،
مەن كەبى بولغايمىدى يۈزى سېرىق، كۆز ياشى ئال،
جانجان يارىمەي، سېنىڭغىنا دەردىڭ يامان.

شاھى مەجنۇندۇر يالىڭاچ، نالە قىلغان ئاھ ئۇرۇپ،
بەرگى لەيلىدۇركى نەشتەر ـ يىڭنە بىلەن چەكتى خال،
جانجان يارىمەي، يىڭنە بىلەن چەكتى خال.

ھىجرى ئارا ئاھىمغا باقماي باردى، ئەمما مىڭ شۈكۈر،
يەتكۈزەلمەسكەن زەرەرلەر سەرۋىگە كۈزگى شامال،
جانجان يارىمەي، سەرۋىگە كۈزگى شامال.

بۇ سېرىق رۇخسار ئۆززە ھەر تامچە ياشىم ئوخشاشتۇر،
بىر خازانلىق باغ ئىچىدە ھەر تەرەف ئاققان زۇلال،
جانجان يارىمەي، ھەر تەرەف ئاققان زۇلال.

بىل ۋىسالى ئىشق باغىنىڭ باھارىدىن نىشان،
ھىجرىنى بىلگىل تىلەر بولساڭ خازاندىن مىسال،
جانجان يارىمەي، بولساڭ خازاندىن مىسال.

ئەي غېرىبىم، بۇ خازان بولغاي باھار بىرلە بەدەل،
كەلسە دۆلەت گۈلبۈنى مەلىكەڭ مەن ساھىبجامال،
جانجان يارىمەي، شاھزادە ئى ساھىبجامال.

باغ مېنىڭدەك سارغىيىپ، بۇلبۇل مېنىڭدەك بولدى لال،
ئېيتىدۇ مۇنداق ئىمىش، بىر گۈلدىن ئايرىلغانغا ھال،
جانجان يارىمەي، بىر گۈلدىن ئايرىلغانغا ھال.

سەنەمنىڭ ناخشىسى ئاخىرلىشىشىغا ياستۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇرغان غېرىب ناخشا ئېيتتى. قىزلار يەنە ئۇسسۇل ئوينىدى.

كۆرۈپ گۈلدەك يۈزۈڭ جان پارە ـ پارە،
جىگەر باغرىممۇ ھەم قان پارە ـ پارە.
جېنىم كۆرگىن جاپانىڭ مىڭدىن بىرىنى،
كۆرسە بولۇر سەندەل ھامان پارە ـ پارە.
كۆلەردە كۆرسە ئاغزى بىلەن چىشىنى،
بولۇر گۈل ھەم لەئلى خەندان پارە ـ پارە.
ئەجەب ئەمەس ئۆزىنى چاك ئەتسە غۇنچە،
كۆزۈمدە لەئلۇ مارجان پارە ـ پارە.
كۆڭلەكىڭ ياقاسى سۆيگەچ ياڭاقىڭ،
جانىم چىقتى چىدىماستىن پارە ـ پارە.
كۆڭۈل غېرىبتەك جان بىرلە رازى،
جىگەرنى قىلسا ئۇ سەنەم پارە ـ پارە.

شۇ چاغدا بىرمۇنچە قورۇقچى، نۆكەر، مۇلازىم، چاكار، دېدەكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا خانىش مېھرىبانۇ بىلەن ئاسخان باخشى ھويلىغا كىرىپ كەلدى. نىگارئايىم ئالاقزادە بولۇپ ئالدىغا چىقىپ تەزىم قىلدى. غېرىبنىڭ ھۆجرىسىدىكىلەرگە خەۋەر بەرمەك بولغاندا ئاسخان باخشى ئۇنى توسۇپ قويدى.

ئۇلار بىردەم نەغمە ـ ناۋا ئاڭلاپ جىممىدە تۇرۇشتى. مېھرىبانۇ خانىش گەپ قىلماستىنلا ئاسخان سوراقچىدەك گەپ باشلىدى:

— بۇ باللار دائىم مۇشۇنداق ناخشا ـ ئۇسسۇل، بەزمە بىلەن ئۆتەمدۇ؟

— ياق، بۈگۈن ھەمساۋاقلار غېرىبجاننى يوقلاپ كەپتىكەن، خۇشاللىقتا ئاشۇنداق قىزىشىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى نىگار ئايىم جاۋابەن.

— باللارنىڭ شەيتىنى غالىبلىشىپ كېتىپتۇ، ناخشا ـ ئۇسسۇل قايىنىغان يەردە شۇملۇق ماكان تۇتىدۇ، — دېدى ئاسخان سوغۇق قىلىپلا.

غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ دوستلىرى تېخى نەغمىنى توختاتمىغانىدى.

شاھ كىچىك خوتۇنىنىڭ ھۇجرىسىغا كەلگەنىدى. ئۇ پەي ياستۇققا يۆلەنگىنىچە يانپاشلاپ يېتىپ كىچىك خوتۇنى ھۆربانۇ بىلەن شاھمات ئوينىماقتا، دېدەك قىزلار شاھنىڭ قول ـ پۇتلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇتماقتا ئىدى. مۇلازىم كىرىپ مەلۇمات يەتكۈزدى:

— شاھ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، ۋەزىرئەزەم شاۋاز جانابلىرى كەلدى!

شاھ بېشىنى كۆتۈرمەستىن مۇلازىمنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى. مۇلازىم كەينىگە يېنىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كېتىشىگە شاۋاز كىرىپ كەلدى.

— ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، سامانىيلار خانلىقىنىڭ سۇلتانى مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ بىر يۈز قىرىق تۆگىلىك زور ئەلچىلەر ئۆمىكى كېلىپ خانئېرىقتىكى دۆلەتباغ قەسرىگە چۈشتى.

شاۋازنىڭ بۇ گەپلىرىدىن شاھ يۆتكىمەكچى بولغان شاھمات ئورۇقىنى تۇتقىنىچە زېھنى چېچىلىپ گاڭگىرىغان ھالەتتە

بىردەم تۇرۇپ قالدى، ئاندىن شاھمات ئورۇقىنى يۆتكىمەكچى بولغان ئورۇنغا قويۇپ، پەرۋاسىزلەرچە دېدى:

— ۋەزىرئەزەم بولغاندىكىن ئۆزلىرى قوبۇل قىلىپ قائىدىسىنى قىلىپ ئۇزاتامدىلا ...

شاھنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە، ھۆربانۇ پېچكىدا شاھ دەۋالدى. شاھ تىرىكىپ چىچاڭشىپ كەتتى:

— مانا ... مانا ... بولدىمۇ، ئويۇن تازا چىڭ پەللىسىگە چىققاندا سىلى زېھنىمنى چېچىپ ئۇتتۇرۇپ قويدۇم مانا. شۇنچىلىك ئىشنىمۇ ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلالمامدىلا !؟

كىچىك خانىش ئېچىلىپ كۈلدى ۋە:

— ئالىيلىرى بىلەن قاتتىق باغلىنىشىپ ئوينىغانىدۇق، مەن بۈگۈن شاھنى ئۇتۇۋالدىم، — دېدى.

— سىزگە يېڭىلمىدىم، شاۋاز مېنى ئېلىشتۇرۇپ سىزگە يەڭدۈرۈپ بەردى، — دېدى شاھ ئۇتتۇرۇپ قويغىنىنى تەن ئالماستىن.

ھۆربانۇ تاتلىق قىلىقلىرى بىلەن ئەركىلەپ:

— ئىشقىلىپ، يېڭىلدىلا ئالىيلىرى. بۈگۈن كېچە ماڭا ئەسىرگە چۈشتىلە، قەسىرىمدىن چىقارمايمەن، مەن بىلەن تۈنەيلا، — دەپ شاھقا يېپىشتى.

— مانا كۆردىلىمۇ شاۋاز، ماۋۇ مۇتتەھەملىكنى؟ بىر كېلىپ كەتكەيلا، مۇھىم ئىلتىماسىم بار ئىدى دەيدۇ. كەلسەم خارەزىمدىن بىر قىز ئەكەلدىم. شاھمات ئوينايمىز، ئۇتسىلا شۇ قىزنى سىلىگە توقال قىلىپ تەقدىم قىلىمەن. ئۇتتۇرسىلا مەن بىلەن تۈنەيلا دەيدۇ. خارەزىملىك ئۇ قىزنى كۆرسەم خېلى بولىدىغان جادۇ كۆز، ئاق تۇمشۇق ئىكەن. ماقۇل دەپ شاھمات ئويناپ قويسام بالادا قالدىم مانا، سىلى مېڭەمنى قوچۇپ ئۇتتۇرۇۋەتتىم، بولمىسا ئۇتتۇرمايتتىم، — دېدى شاھ ئۇتتۇرغىنىنى شاۋازدىن كۆرۈپ.

— چىدىماسلىق قىلمىسىلا، ئالىيلىرى. ئۇتتۇرسىلا

شەھەرنى ئۆتتۈرمىدىلا، مېنى ئەمىرلىرىگە ئالغان بىلەن ئۈچ يىلدىن بېرى قەسىرىمدە بىرلا ئاخشام قونىدىلا. ئاندىن قارىلىرىنى كۆرسەتمىدىلە. ئون بەش ياشتا سىلىگە خوتۇن بولۇپ چۈشكەنىدىم. مانا ئون توققۇزغا كىرەي دېدىم. قەسىرىمدە بىر كېچە قونسىلا ئۈپراپ قالامدىلا؟ بۇ كۈننى كۈتۈۋاتقىلى ئۈچ يىل بولدى، ماڭا ئىچىلىرى ئاغرىسۇن.

ھۆربانۇنىڭ يىلىنىشلىرىدىن شاھ ئېرىپ ئۇنى بەزلىدى. ھۆربانۇ يەسكە چۈشۈپ تىزلىنىپ شاھنىڭ پۇتىغا سۆيدى، ھۆڭرەپ يىغلىدى.

— بولدى يىغلىما، مەن يىڭىلگەنگە ھېساب. سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن، بۈگۈن مەن ھېچ يەرگە كەتمەيمەن، ئەمما بىر شەرتىم بار، — دەپ ماقۇللۇق بىلدۈردى شاھ.

ھۆربانۇ خۇشال بولۇپ:

— يېنىمدىن كەتمەيدىغانلا ئىش بولسا مىڭ شەرتلىرى بولسىمۇ ئورۇنداشقا تەييارمەن، ئالىيلىرى، — دېدى.

— مېنىڭ ئۇخلاشتىن بۇرۇنقى خۇي - پەيلىمنى سەن بىلىپ كەتمەيسەن. سەن دەرھال ئۇستا نەغمە - ناۋاچى، خۇلقى گۈزەل ئۇسسۇلچى قىزلارنى تەييار قىل. ئۇنىڭدىن باشقا مەرغىلانىنىڭ ئېسىل نەشىسىدىنمۇ كەلتۈر.

— مەن سىلىنىڭ بارلىق خۇي - پەيلىلىرىنى ئۈچ يىلدىن بېرى تولا يادلاپ پاك بولاي دېدىم. سىلىنىڭ ھەممە پاراغەتلىرى تەل، ئالىيلىرى، — دېدى ھۆربانۇ.

— كۆردىلىمۇ، شاۋاز؟ ماۋۇ خوتۇن كىچىككىنە تۇرۇپ خوتۇن خەقنىڭ يەتمىش ئىككى خىل ھىيلە - مىكرىنى ئۆگىنىپ، پىشىپ قاق بولۇپ كېتىپتۇ.

شاۋاز يەنىلا ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلاتتى:

— ئالىيلىرى، ئەلچىلەرنىڭ تەلىپى قاتتىق. ئۇلار سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ئۆزلىرىگە يازغان ئالاھىدە مەكتۇپىنى ئەكەپتۇ. ئەلچىلەرنى ئۆزلىرى قوبۇل قىلىپ جاۋاب بەرمىسىلە

بولمايدىكەن.

شاۋازنىڭ گەپلىرىدىن شاھنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ، شاھمات تاختىسىنى ئۆرۈۋېتىپ چىچىلىپ ۋارقىرىدى:

— ئۆچكە سۈتى ئىچىپ چوڭ بولغان ئۇ تاغلىق يېتىم ئوغلاقنىڭ ماڭا بۇيرۇق قىلىشقا نېمە ھەددى باركەن؟! چورۇقنى تاشلىغىلى تۆت كۈن بولغان سەھرالىقنىڭ يوغانچىلىقىنى كۆرۈڭ. مەن كىم، ئابباس بۇغراخان!

— ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە، ئالىيلىرى. ئەتە ئەتىگەندە ھۇزۇرلىرىغا كەلمەكچى، تەييارلىق قىلساقمىكىن، — دېدى شاۋاز.

شاھ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كەتتى:

— تېخى ماۋۇ يوغانچىلىقنى، سىلى چىقىپ ئۇلارغا دېسىلە، ئەتىگەنلىككە كەيپىم ئوبدان بولۇپ قوپقىلى خۇشياقسا قوبۇل قىلىمەن، بولمىسا تۆگىسىنى سېغىپ ئىچىپ يېتىپ تۇرسۇن ئۇ چورۇقلۇق قەلەندەرلەر.

شاۋاز ئاستا چىقىپ كەتتى.

غېرىبنىڭ ھۇجرىسى. ئاسخان باخشى خانىشنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى. غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ ساۋاقداشلىرى ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى. ھۇجرىدا خانىش، نىگارئايىم، سەنەم، ئاسخان باخشى ۋە ئۇنىڭ ئىككى دېدىكى قالدى. ئاسخان باخشى غېرىبنىڭ جانسىز پۇت - قوللىرىنى تۇتۇپ بېقىپ كۆزىنى يۇمۇپ بىردەم دۇرۇت ئوقۇغاندىن كېيىن، كۆزىنى پاللىدە ئېچىپ دېدى:

— ئۆرۈك ئوتۇننىڭ چوغى بىلەن قارا پاقلاننىڭ قۇيرۇق مېيىنى كەلتۈرۈڭلار! ئۇ ئىش تەستەك تۇرىدۇ. جىن - شاياتۇنلارغا يىغىن ئاچىمىز.

نىگارئايىم خانىشنىڭ كۆزىگە قارىدى، خانىش بېشىنى لىڭشىتتى. نىگارئايىم ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن بىر دېدەك مىس پەتنۇستا چوغ، نىگارئايىم قوينىڭ

قۆيرۇق مېيىنى كۆتۈرۈپ كىردى. سەنەم بىر غېرىبقا، بىر باخشىغا ھەم قىزىقسىنىپ، ھەم ئەنسىرەپ قارىدى. غېرىب كۈلگۈسى كېلىپ كالپۇكىنى چىشلەپ جىممىدە قاراپ ياتتى. ئاسخان باخشى قوينىڭ قۇيرۇقىدىن بىرقانچە توغرام كېسىپ مىس پەتنۇستىكى چوغقا تاشلىدى. شۇئان قويۇق ئىس كۆتۈرۈلدى. كۆيگەن ياغنىڭ پۇرىقىدىن ھەممەيلەن قېقىلىپ يۆتىلىپ بۇرنىنى تۇتۇۋالدى. سەنەم بىر قولىدا ئۆزىنىڭ، يەنە بىر قولىدا ئوڭدا ياتقان غېرىبنىڭ ئاغزى - بۇرنىنى توسۇۋالدى، بۇنى كۆرگەن ئاسخان باخشى كوتۇلدىدى:

— ئاغزى - بۇرنۇڭلارنى ئەتمەڭلار. روھ - ئەرۋاھلار ياغنىڭ پۇرىقىدىن ئوزۇق ئالغىلى كېلىدۇ. ئۇلار ياغنىڭ پۇرىقى بىلەن ياشايدۇ. پەرۋەردىگار ئۇلارنى شۇنداق ياراتقان. ئەگەر سىلەر ئۇلار يەيدىغان نەرسىدىن سەسكەنسەڭلار ئۇلار يامانلاپ كېتىپ قالىدۇ، بىزگە ياردەم قىلمايدۇ.

ھەممىسى ئاغزى - بۇرنىنى توسۇشتىن يالتايدى. سەنەمنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ بولالماي سىرتقا ماڭدى، بۇنى كۆرگەن ئاسخان باخشى مەلىكىنى توختاتتى.

— ياق، مەلىكە ئالىيلىرى، ئۆزلىرى بۇ يەردە بولمىسىلا بۇ ئىشنى قىلغانىنىڭ پايدىسى يوق.

سەنەم ئامالسىز توختىدى - دە، نارازى بولۇپ خانىشقا قارىدى.

— جان قىزىم، ئاپئاق مەلىكەم، سىز بىلەن غېرىبجان ئۈچۈن ئاسخان بۇۋىمنى ئالايىتەن قوقەندىن تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدۇق، — دېدى خانىش.

— غېرىبجان سەللىمازا ساقايسۇن دېسىڭىز مەشەدە بولۇشىڭىز لازىمدۇر، مەلىكە ئالىيلىرى.

ئاسخان باخشىنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا خانىشمۇ:

— ئاسخان بۇۋىمنى غېرىبجاننى ساقايتالايدىكەن دەپ ئاڭلاپ ئاتايىن تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدۇق، قىزىم، — دەپ تەكرارلىدى.

سەنەم ئانىسىغا گۇمان بىلەن قارىدى:
— راستمۇ، خانىش ئانا؟ سىلەر غېرىبجاننىڭ ساقىيىشىنى خالامسىلەر؟
خانىش مەلىكىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ دېدى:
— غېرىبجان ساقايمىسا، سىز ئۇنىڭدىن بەكرەك تۇگىشىپ كېتىدىكەنسىز. سىزنى كۆرۈپ شاھ ئاتىڭىز بىلەن مەن تېخىمۇ تۇگىشىپ كېتىدىكەنمىز، جان مەلىكەم.
— بۇ ئىشلاردىن شاھ ئاتامنىڭ خەۋىرى بارمۇ؟ — سورىدى مەلىكە.
— بۇ بۇۋىمىنى شاھ ئاتىڭىز ئۆزى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدۈردى، قىزىم، — دەپ جاۋاب بەردى خانىش. سەنەم يەنىلا گۇمانىي تەرزدە:
— شاھ ئاتامنىڭ غېرىبجان ئۈچۈن بۇنچىلىك ئىلتىپات قىلىشىغا ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، ئانا، — دېدى.
— ئاتىڭىز بىلەن ئىككىمىزنىڭ ھازىر بىردىنبىر ئويلايدىغىنى سىز. سىز سالامەت تۇرسىدىغانلا ئىش بولسا ئاسماندىكى يۇلتۇزنى ئۈزىدىغان ئىش بولسىمۇ قىلىمىز، قىزىم.
— بۇ ئىشتىن شاۋازنىڭ خەۋىرى بارمۇ؟ — سورىدى سەنەم يەنە ئانىسىدىن.
— ئۇنىڭ خەۋىرى بولسا، بولمىسا نېمە كارايىتى؟
— شاھ ئاتام شاۋازنىڭ دېيىشىغا ئۇسسۇل ئويناپ كۆنگەن. بۇ يەنە شاۋازنىڭ تۇگىمەس ئويۇنلىرىنىڭ بىرىمىكىن دەيمىنا.
— سىز ئاغرىغاندىن كېيىن شاھ ئاتىڭىز شاۋازنىڭ ئالدىدا مۇلايىم مۇشۇكتىن غالجىرلاشقان يولۋاسقا ئايلاندى. سىزنى ساقايتمىسا بۇ ئەلپازىدىن يانمايدىغاندەك.
— شاھ ئاتام تېنىمنىڭ ساقلىقىنى دەپ يۈرىكىمنىڭ ساقلىقى بىلەن كارى بولمامدىكىنە؟
— سەنەمجان ... — دېدى خانىش مەلىكىنىڭ بۇ گەپلىرىدىن چۆچۈپ، ئاسخان گەپنى بۆلدى:

www.uyghurkitap.com

— بولدى، خەپشۇك !

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، قويۇق ئىس چىقىۋاتقان مىس لېگەننى ئاۋۋال غېرىبنىڭ بېشىدىن، ئاندىن ئۆيىنىڭ ھەممە يېرىنى ئايلاندۇرۇپ دۇرۇت ئوقۇدى. تۇرغانلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ توختىماي دۇرۇت ئوقۇپ، ئۆيىنىڭ ھەممە يېرىدە پىرقىرىدى.

تاغ تۇرادىكى قەلئە ھويلىسى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا گۇلخان يېقىلغان. گۇلخان ئەتراپىدا مەشرەپ بولماقتا. شەيخ جالالىدىن، سادىق بىلال، ئىلياس قاتارلىق تاغ تۇرانىڭ جامائىتى گۇلخان ئەتراپىدا ئولتۇراتتى. گۇلخاندا نەچچە قوينىڭ گۆشى پۈتۈن قاقلىنىپ، كاۋاپ قىلىنماقتا. خالىغانلار قولىرىدىكى خەنجەر بىلەن كاۋاپتىن كېسىپ يېدى. نەغمىچىلەر نەغمە قىلماقتا، ياش قىز ـ يىگىتلەر ئۇسسۇل ئوينىماقتا ئىدى .

مەشرەپ نەزمىسى:

نائەھلى بىلەن سۆھبەت قۇرما ھەر يەردە،
دۈشمەنلەرگە ئېيتىپ سىرىڭ بىلدۈرەر.
ئىچىڭدىكى سىرنى ئېيتما نامەردكە،
ھەر كىشىگە سىررى ھالىڭ بىلدۈرەر.

مۇھەببەتسىز گۇلدىن ياخشىدۇر ياپراق،
بىبەھرى گىياھتىن ياخشىدۇر تۇپراق.
بىئەقىل ھەمراھتىن ياخشىدۇر تاياق،
كور ئادەمگە ماڭار يولۇڭنى بىلدۈرەر.

نامەردلەرنىڭ ئىچى ئوغا ـ زەھەردۇر،
كەلتۈرەرى يۈز مىڭ ئاپەت ـ خەتەردۇر.
جەفاسىدىن ھىيلە ـ مىكىر بەتتەردۇر،
بىخۇد بولساڭ ئاخىر سېنى كۆيدۈرەر.

سادىق بەگ دەر: ئەجەب زەمان بولدىلار،
بۇ يۇرت بىزگە ئەمدى ھەرام بولدىلار.
يامانلارنىڭ سۆزىگە كىرمەڭ يارانلار،
قەسەمياد ئەيلىدىم، سۆزنى قۇرۇتتۇم.

مەشرەپ تازا قىزىۋاتقاندا، بىر يىگىت كېلىپ سادىق بىلالنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. سادىق بىلال ئورنىدىن تۇرۇپ توپتىن ئايرىلىپ بىرقانچە قەدەم مېڭىپ بولۇپ كەينىگە ئۆرۈلدى. كۆزى شەيخ جالالىدىننىڭ ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن قاراۋاتقان كۆزى بىلەن ئۇچراشتى. سادىق بىلال ئارقىسىغا يېنىپ كېلىپ شەيخنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. شەيخمۇ ئاستا ئورنىدىن قوزغىلىپ سورۇندىن چاندۇرماي چىقتى. ئىلياسمۇ ئورنىدىن قوزغالماقچى بولدى. شەيخ ئۇنىڭغا ئىزىدا ئولتۇرۇۋېرىش ئىشارىتى قىلدى، ئىلياس ئىزىدا ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن خاتىرجەمسىز قاراپ قالدى.

كىچىك خانىش ھۆربانۇ قەسرى. شاھ چىلىم شوراپ نەشىنىڭ خۇش كەيپىدە سەيناادا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان يېرىم يالىڭاچ قىزلارغا زوقلىنىپ يانپاشلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان خانىش ھۆربانۇ قالتىس ياسانغان بولۇپ، مىڭ خىل نازۇكەرەشمە بىلەن ئالدىدىكى نازۇنېمەتلەردىن ئېلىپ شاھنىڭ ئاغزىغا سالماقتا. شاھ ئاغزىدىكىنى يۇتۇپ بولالماي تۇرسا خانىش يەنە ئۇنىڭ ئاغزىغا ئاق قۇشقاچنىڭ مېڭىسىدىن قىلىنغان كۇمىلاچنى سالدى، شاھ قېيىداپ دېدى:

— نېمانداق غەلىتە نەرسە بۇ؟ ئاغزىمدىكىنى چايناپ بولالماي تۇرسام نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟

— ئالىيلىرى، بۇ ئۆزاقتىن بېرى سىلىگە ئاتاپ ساقلاپ كەلگەن ئەركەك ئاق قۇشقاچنىڭ مېڭىسى. ئۇنى يېسىلە، مەن بىلەن شاھمات ئوينىغاندا يېڭىلىپ قالمايدىلا ... — دېدى ھۆربانۇ.

— مەن سەندىن ھەرگىز يېڭىلمەيمەن. ھېچكىمدىن يېڭىلمەيمەن، يېڭىلگەن ئەر ئەمەسمەن. مانا ماۋۇ شاۋاز قېرى يېڭىلىدۇ.

شاھ شۇنداق دەپلا ئۆز گېپىدىن ئۆزى قاقاقلاپ كۈلدى. شاۋاز ئۆڭسۈلى ئۆچكەن، چىشلىرى غۇچۇرلىغان ھالەتتە كىچىك خانىش ھۆربانۇدىن خاپا بولۇپ ئولتۇردى. شاھنىڭ گېپى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. شاھ خانىش ئاغزىغا سالغان نەرسىدىن يەنە قاقشىدى:

— ئەمدى ئاغزىمغا نېمە سالدىڭ، سۆڭەكمۇ يا گۆشمۇ؟

— ئەركەك بېلىقنىڭ بېشى، ئالىيلىرى. چىشلىرى ساق بولغاندىكىن، چايناۋەرسىلە، — دېدى ھۆربانۇ.

— نەدىن يىغقانسەن بۇنداق غەلىتە نەرسىلەرنى؟

ھۆربانۇ شاھنىڭ سوئاللىرىغا ئۆز كۆڭلىنى بىلدۈرۈپ جاۋاب بەردى:

— قانداق قىلسام شاھىمنىڭ كۆڭلىدىن ئورۇن ئالارمەن دەپ دېڭىزغا چۆكتۈم، ئاسمانغا چىقتىم، — دېدى ھۆربانۇ.

شاھ كۈلۈپ كېتىپ:

— مېنى بۇنچىۋالا ياخشى كۆرىدىغىنىڭنى بىلمەيتىمەن. ئەر كىشىنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان سەندەك خوتۇن ئاز تېپىلىدۇ، ھۆربانۇ. راستىلا، مەن سېنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى.

— ئەمدى مۇرادىمغا يەتتىم. سىلىنىڭ مۇبارەك نەزەرلىرىگە ئېلىنىش ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ بەختىم، خوتۇن كىشىنىڭ بەختى ئۆز ئېرىنىڭ كۆڭلىدىن ئورۇن ئېلىش ئىكەن، ئالىيلىرى، — دېدى ھۆربانۇ خۇرسەن بولۇپ.

— بولدى گەپ قىلما، ماۋۇ غەزەلنىڭ مەنىسى قالتىس چوڭقۇركەن، غەزەل ئاڭلاپ ئۇسسۇل كۆرگىلى قوي، — دېدى شاھ.

غەزەل:



www.uyghurkitap.com

جىلۋە ئەيلەپ شوخلۇقتىن جانىم ئالغان سەنمۇ سەن،
يا مېنىڭ روھى رەۋانىم، جىسمىم ئارا جان سەنمۇ سەن.
بۇ باشىم ئايلاندۇرار ئىشقىڭ شامالى ھەر تەرەپ،
گۇلشەنى ئىشقىڭدا قىلغان بىدە لەرزان سەنمۇ سەن.
ئىچمەيىن ۋەسلىڭ شارابى تەگدى بەتنامىلىق ئوقى،
ھەسرەتىڭدە ئەيلەگەن يەر بىرلە يەكسان سەنمۇ سەن.
زىينەتى ھۇسنۇڭنى ئىزدەپ تاپمادىم دۇررۇ گۇھەر،
مەئدەنى كۆزدىن چىقارغان دۇررى مەرجان سەنمۇ سەن.
شامدەك ئەل بەزمىنى رەۋشەن قىلىپ ھۇسنۇڭ بىلەن،
جانىم ئۆرتەرگە فىراقىڭ نارى سوزان سەنمۇ سەن.
مىھنەتۇ دەردىمنى سورماي، غۇنچەدەك ئاغزىڭ ئاچىپ،
ئەلگە ئىشرەت باغى ئىچرە گۇلى خەندان سەنمۇ سەن.
سايەدەك يۇردۇم ئاياغىڭ ئىزلارىغە سۈركىلىپ،
باقمادىڭ بىردەم تۇرۇپ، سەرۋى خىرامان سەنمۇ سەن.
ھەر كۆكۈل سەيدى ئۈچۈن زۇلفۇڭ كەمەندىن ئويناتىپ،
سىھر ئېتىپ، ئەقلۇ ھوشۇم قىلغان پەرىشان سەنمۇ سەن.
ھەر زەمان ئەيلەپ غەزەپ مەشرەپكە تارتىپ تىغى تېز،
بۇ تەنىم سان ـ سان ئېتىپ ئىتلارغا سالغان سەنمۇ سەن.

غەزەل شۇ يەرگە كەلگەندە، ھۆربانۇنىڭ شاھقا قىلغان نازۇكەرەشمە، يېقىنچىلىقىغا چىدىيالماي قالغان شاۋاز يىراقتا ئۆزىگە قاراپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان ئايشەگە ئىشارەت قىلدى ـ دە، ئاستا ئورنىدىن قوزغىلىپ چاندۇرماي چىقىپ كەتتى. شاھ خانىشقا مەھلىيا بولۇپ تويماي قاراپ تۇردى.

كېچە قويىنىدىكى تاغ تۇرا. مەشئەللەر يېنىپ تۇرغان تاغ ئۆڭكۈرىدە تەخمىنەن يىگىرمىدەك ئادەم كۆزى تېڭىلغان ھالەتتە تۇراتتى. ئارىسىدا بىرقانچە ئايالمۇ بار ئىدى. تاغ باتۇرلىرى ئۇلارنى قورشاپ تۇردى. توختى نۆكەر گېلىنى قىرىپ سۆز ئالدى:

www.uyghurkitap.com

— سادىق ئاكام بىلەن ئۇستازغا مەلۇم بولغاي، بۇ بىر توپ ئادەم مۇشۇ تاغ ئىچىدە تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرگىلى ھەپتە بولدى. بىز بۇلارنى يوشۇرۇن كۆزەتتۇق، بۇلار يا يولۇچى ئەمەس، يا كارۋان ئەمەس، يا تىجارەتچى ئەمەس. قارىساق، تاغ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كېلىۋاتىدۇ. ئاخىر بۇلارنى توستۇق.

— بۇلار نېمە ئادەملەركەن؟ — دەپ سورىدى سادىق بىلال.

— ئۇلار بىز زىنداندىن قاچقان مەھبۇسلار دەيدۇ، — دېدى توختى نۆكەر جاۋاب بېرىپ:

سادىق بىلال سورىدى:

— زىنداندىن قاچقان مەھبۇسلار بولسا بۇ يەردە نېمە بار بۇلارغا؟

مەھبۇسلاردىن بىرى سۆز ئالدى:

— بىز ئالۋان - سېلىقنى چىدىماي، يۇرتقا پاتماي زىندانغا چۈشكەن. زىنداندىن قاچقان مەھبۇسلارنى نەگە قاچسا تۇتۇۋالىدىكەن. بۇ قېتىم تۇتۇلساق جېنىمىزدىن ئايرىلىمىز. شۇڭا، جاھانغا پاتمىغان، بارار يېرى يوق بىچارىلەرگە تاغ باتۇرلىرىنىڭ ئاقساقلى شەيخ جالالىدىن بىلەن خەلپىسى سادىق بىلاللار باشپاناھ بولۇۋېتىپتۇ دەپ ئاڭلاپ مەشەگە قاچتۇق ...

— سىلەر قەيەرنىڭ زىندانىدىن قاچتىڭلار؟ — دەپ سورىدى سادىق بىلال. ھېلىقى مەھبۇس ئۆزلىرىنىڭ يەكەن زىندانىدىن قاچقانلىقىنى ئېيتتى.

سادىق بىلال شەيخ جالالىدىنغا قارىدى. شەيخ جالالىدىن بېشىنى لىڭشىتتى. سادىق بىلال نۆكەرلىرىگە ئۇلارنىڭ كۆزىنى يېشىۋېتىشنى بۇيرۇدى، يىگىتلەر ئۇلارنىڭ كۆزىنى يېشىۋەتتى. كۆزى ئېچىلغان قاچقۇنلار مەشئەللەر يورۇتۇپ تۇرغان سۇرلۇك ئۆڭكۈرگە قورقۇمسىراپ قارىدى. قاچقۇنلار ئارىسىدىكى ئۈچ ئايالنىڭ بىرى چىرايلىق جۇۋان بولۇپ، ئۇ ھەممىدىن بەك قورقۇپ كۆز ئالدىدىكىلەرگە قاراشقا پېتىنالماي، توڭلىغاندەك تىترەپ تۇگۇلدى.

سادىق بىلال ئۇلارغا قورقماسلىقنى ئېيتىپ دېدى:
— ھېرىپ - ئېچىپ تاغ تۆرايىمىزغا مېھمان بولۇپ كەپسىلەر. تاغ تۆرايىمىز يۇرت - مەھەللىدىكى ئۆيلەرگە، شەھەرگە ئوخشىمايدۇ. ھازىرچە غىزالىنىپ پۇت - قوللۇڭلارنى سۇنۇپ ئۇخلاڭلار ...
— بىز جاھانغا پاتماي پاناھلىق ئىزدەپ چىقتۇق، — دېدى ئارىدىكى چوڭ ياشلىق ئادەم.
— ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام دەپتىكەن. توختى، ئۇلارنى ئوبدان مېھمان قىلىپ قونار جايىنى ئوبدان تەقلەپ بېرىڭ. قالغان گەپنى ئەتە دېيىشىمىز، — دېدى سادىق بىلال.
— لەببەي ! ئۇلارنى ئوبدان كۈتۈۋالىمىز، — دېدى توختى نۆكەر. ئاندىن ئۇلارنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.
غېرىبىنىڭ ھۇجرىسى. مېھرىبانۇ خانىش، نىگارئايىم، سەنەم ۋە ئۇلارنىڭ كېنىزەكلىرى غېرىبىنىڭ كارىۋىتى ئەتراپىدا ئولتۇردى. ئاسىخان باخشى دېدى:
— ئاق ئاتلىقلار كېلىڭلار، كۆك ئاتلىقلار كېلىڭلار، پىيادىلەر كېلىڭلار، سەپ - سەپ بولۇپ كېلىڭلار، رەت - رەت بولۇپ كېلىڭلار، قالايمىقان كەلمەڭلار.
ئاسىخان كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ بىر تەرەپتىن بىر نېمىلەرنى پىچىرلاپ، بىر تەرەپتىن مىس پەتنۇستىكى چوغقا پات - پات ياغ تاشلاپ تۇردى. پەتنۇستىن چىققان بۇس - تۈتەك ئۆينى قاپلاپ ئادەملەر تۈتەك ئىچىدە قالدى. شۇ چاغدا قاتار ئولتۇرغانلار ئارىسىدىن سەنەمنىڭ چىرايلىق دېدىكىدىن بىرى لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئەما بولۇپ قالغاندەك تەمتىلەپ قوللىرىنى ھەر تەرەپكە سوزۇپ سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى. سەنەمنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ دېدەككە قارىدى.
— نەگە بارىسەن؟
— ھەي مەلىكە ئالىيلىرى، گەپ قىلمىسىلا، ئىش بۇزۇلىدۇ، — دېدى ئاسىخان باخشى.

www.uyghurkitap.com

سەنەم ئەنسىرىگەن ھالدا:

— غېرىبجاننى دەسسەيدىغاندەك كېتىۋاتىدۇ، — دېدى.

— ئۇنداق بولمايدۇ، — دېدى ئاسىخان باخشى، — بويىنى قىلدا باغلاقلىق. ھاي ... ھاي ... ھاي، ئاق تون كىيگەنلەر، قىزىل تون كىيگەنلەر، كۆك تون كىيگەنلەر، ئارىمىزدىن ئاق ئۇستىخاننى تاپتىڭلارمۇ، ئۇنىڭغا چېقىلماڭلار. مېھمان قىلىڭلار، تاتلىق سۆز قىلىڭلار، ئازار بەرمەڭلار، ئۇنى ئۇخلىتىڭلار، ئاستا ياتقۇزۇڭلار! ئەركەكلەر يېقىن كەلمىسۇن، قىزلار، ئۇنى ياتقۇزۇڭلار، ئۇخلىتىڭلار ... ئاستا، قاتتىق تاشلىماڭلار!

دېدەك قىز سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ گويا بىر كىم ياتقۇزغاندەك پۈتلىرىنى سوزۇپ ئوڭدا ياتتى. يېتىپ بولۇپ، بىردەمدىن كېيىن يەنە ئورنىدا ئولتۇرۇپ كىيىملىرىنى سىلىشقا باشلىدى، شۇ چاغدا ئاسىخان يەنە دېدى:

— ھاي ... ھاي ... كىيىمنى يەشمەڭلار. كىيىمنى سالماي ياتسۇن !

دېدەك قىز سىلىپ بولغان كىيىمنى ئاستا كىيىۋالدى. ئۇ باشتىن - ئاخىر كۆزىنى يۇمۇپ كۇلۇمسىرەپ ھەرىكەت قىلدى. تۇپتۇز قېتىپ قالغاندەك ياتتى. ئاسىخان يېنىدىكى شاگىرت چوكانغا ئىشارەت قىلدى. شاگىرتى قوينىدىن چوڭ بىر ئاق تاۋارنى چىقىرىپ ئوڭدىسىغا قېتىپ ياتقان قىزنى بېشىدىن ئايىغىغىچە چۈمكەپ قويدى. ئاسىخان پۇرۇلداپ ئاق ئىس چىقىۋاتقان مىس لېگەننى ياتقان دېدەك قىزنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ پىچىرلاپ بىرمۇنچە دۇرۇت ئوقۇدى.

— مېھماننى كۈتۈۋالدىڭمۇ؟

ياتقان قىز بوش ئاۋازدا جاۋاب بەردى:

— كۈتۈۋالدىم.

— ئۇنلۇك گەپ قىل، قانداقراق كۈتۈۋالدىڭ؟ — سورىدى ئاسىخان.

— ئوبدان كۆتتۈم. ياخشى مېھمان ئىكەن، مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىكەن. ئاق كۆڭۈل قىز ئىكەن، مەلىكە ئالىيلىرىغا سادىق ئىكەن، كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ غېمىدە ئىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى دېدەك. ئاسىخان يەنە سورىدى:

— مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ قانداق غېمى بار ئىكەن، سۆزلە. راست گەپنى قىل ھە، كىم ئۇ قالايمىقان قىلىۋاتقان ... ھەي قارا تونلۇقلار، ھېزى بولۇڭلار، يىغىننى قالايمىقان قىلغانلارنى تۇتۇپ يىغىندىن چىقىرىۋېتىڭلار، ئۇلارغا رەھىم قىلماڭلار، يىغىننى بۇزمىسۇن.

دېدەك جاۋاب بېرىپ:

— مەلىكىنىڭ پۈتۈن غېمى ئۆزى ئاشىق بولغان يىگىتى پاتىراق ساقايسا، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ مۇرادىغا يېتىشتە ئىكەن، — دېدى.

— يەنىچۇ؟

— ئەمما، قىزنىڭ شاھ ئاتىسى بۇ تويغا قارشى ئىكەن.

— نېمىشقا؟

— ئەسلىدە شاھ قىزىنى ئاشۇ كىشىگە بەرمەكچىكەن، لېكىن ئۇنىڭ يېقىن بىر ئادىمى دائىم بەرمەڭ دەيدىكەن. ئاخىر شاھ قىزىنى ئۇ يىگىتكە بەرمەسلىك نىيىتىگە كېلىپ، ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىشقا باھانە ئىزدەۋېتىپتۇ.

ئاسىخان بىلەن دېدەكنىڭ بۇ سوئال - جاۋابلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاۋاتقان سەنەم ئۆزىنى تۇتالماي سورىدى:

— ئاخىر قانداق بولىدىكەن؟

— ئاخىر ... ئاخىر ... بېرىدىكەنۇ ... تەسكەن، — دەپ جاۋاب بەردى دېدەك.

سەنەم يەنە غېرىبجاننىڭ كېسىلى توغرىسىدا سۆز ئېچىشقا ئاسىخان گەپنى بۆلۈپ، دېدەكتىن سورايدىغان سوئالنى داۋاملاشتۇردى:

www.uyghurkitap.com

— غېرىبجان دېگەن ئادەم نېمە كېسەل ئىكەن؟

— ئۇ كىشى بىر قىزغا ئاشىق ئىكەن، ئاشىقلىق دەستىدىن خۇدىنى بىلمەيدىكەن ...

— يەنە سورا، ئۇنىڭغا يەنە قانداق كېسەل يامىشىپتۇ؟

— ھىم ... دېمەيمەن ... ياق ... دېمەيمەن.

— دېمىسەڭ ئاتقا دەسسىتىمەن، ھارۋىدا كەلگەنلەرگە، پىيادە كەلگەنلەرگە دەسسىتىمەن ... گەپ ئاڭلا ... دە ...

دېدەك تەسلىكتە جاۋاب بەردى:

— بۇ كىشى بىر باغدا ئېرىق بويىدىكى بىر تۈپ قېرى ئالما دەرىخىگە يۆلىنىپ غەزەل توۋلاپتۇ. ئەسلىدە ئۇ دەرەختە بىر قېرى يىلان ماكانلاشقانىكەن. ئۇ يىلان بىر ئۇخلىسا قىرىق كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلايدىكەن. ئۇ ئۇخلاپ دەل يەتتە كۈن بولغاندا، ئۇ كىشىنىڭ غەزىلى ئۇنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىنى بۇزۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يىلان دەرغەزەپكە كېلىپ جايىدا تۇرۇپلا ئۇزۇن نەشتىرىنى چىقىرىپ، ئۇ كىشىنىڭ بوينىغا سانجىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ كىشىنىڭ قولى تۇتماس، پۇتى باسماس بولۇپ قاپتۇ ...

بۇلارنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قالدى.

ئاسىخان يەنە ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ دېدى:

— يالغان گەپ قىلمىسۇن، دە، بۇ كىشىگە دۈشمەنلىرى زەھەرلىك تىكەن ئاتقان، شۇ زەھەر ...

— ياق، ئۇنداق ئەمەس. يىلان نەشتىرىنى سانجىغان ھامان دوستلىرى ئۇ كىشىگە زەھەر ياندۇرۇش دورىسى ئىچۈرگەن، ھازىر نەشتەرنىڭ زەھىرى تۈگەپتۇ، ئەمما، يىلاننىڭ قەھر ـ غەزىپى تېخىچە يانماي، ئۇ كىشىنىڭ يەتمىش ئىككى ئەزاسىنى چىرمىۋاپتۇ.

دېدەكنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىدىن كېيىن ئاسىخان يەنە سورىدى:

— قانداق قىلساق ئۇ يىلان ئاچچىقىدىن يېنىپ، ئۇ كىشىنىڭ ئاجىز جىسمىنى بەندىتىن ئازاد قىلار؟

دېدەك جاۋاب بەرمىدى، ئاسىخان قاتتىق ۋارقىرىدى:

— جاۋاب بەر! ... سېرىق تونلۇقلار، ھەرىكەتكە كېلىڭلار، يىلاننى گەپ قىلدۇرۇڭلار. ياخشىلىقچە دېسۇن، بولمىسا ئۆتكەنلەرگە دەسسىتىمەن، ئاتلىقلارغا چەيلىتىمەن! ...

ئاسىخان بوغۇلغان ھالدا دېدەكتىن سورىدى:

— سۆزلە ... ئاخىرقى سوئالىمغا جاۋاب بەر، ئەمدى يىغىنى تۈگىتىمىز. سۆزلەڭلار، راست سۆزلەڭلار، قېرى ئالما دەرىخىدە ماكان تۇتقان يىلاننىڭ ئاچچىقىنى قانداق ياندۇرۇپ، كۆڭلىنى قانداق ئالىمىز؟

— ئاشۇ ئالما دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئاق خورازدىن توققۇزنى، قارا قويدىن توققۇزنى، كۆك كەپتەردىن توققۇزنى قان قىلىپ، توققۇز كېچە ـ كۈندۈز بۈي سېلىپ، تۇغ باغلاپ پېرە ئوينىسا، ئاندىن يىلاننىڭ ئاچچىقى يېنىپ كۆڭلى ئېچىلارمىش، — دەپ جاۋاب بەردى دېدەك.

ئاسىخان يەنە ۋارقىراپ دېدى:

— كالۋا ... سۆزلە! ئۇ كىشىنىڭ پۇتى باسماس، قولى تۇتماس تۇرسا، پېرىنى كىم ئوينايدۇ؟!

— ئۇ كىشى ئاشىق بولغان گۈزەل مەلىكە ئوينىسۇن، — دېدى دېدەك.

— مەلىكە ئالىيلىرى پېرە ئوينىسا بولمايدۇ، ئۇسسۇلچى دېدەكلەردىن بىرى ئوينىسۇن، — دېدى ئاسىخان.

— مەن پېرە ئويناي، مەن ئوينايمەن، غېرىبجان ساقىيىدىغان ئىش بولسا مەن ئوينايمەن، — سەنەم شۇنداق دەپ كۆز يېشى قىلدى.

ئاسىخان باخشى پېرە ئويناشنى باشقا كۈنگە ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ھۆربانۇ خانىشنىڭ ھوجرىسى. بۇ يەردە نەغمە ـ ناۋا

قايىنىماقتا. ياندىكى ئاشخانا ئۆيدە شاۋاز بىلەن ئايشە سۆھبەتلىشىۋاتقان بولۇپ، شاۋاز ئايشەگە خاپا بولۇپ دېدى:

— پادىشاھنى ھۆربانۇنىڭ قەسرىگە ئەكەلگەن سەنمۇ؟

— ياق ... ياق ... ئىللا ـ بىللا مەن ئۇنداق قىلمىدىم، ۋەزىرئەزەم، — دېدى ئايشە.

— ئەمىسە كىم باشلاپ كەلدى؟

— خان ئالىيلىرى ئەتىگەندە ئاتخانىغا قەدەم تەشرىپ قىلغاندا، ھۆربانۇ خانىش ئات مىنىپ ئالدىغا چىقىپ قالدى.

— خان ئالىيلىرى ئات مىنىدىغان يەردە ئۇ خانىشقا ئات مىنىشنى كىم قويدى؟

— ھۆربانۇ ئادەتتە ئات مىنمەيتتى ھەم بۇ ئاتخانىغىمۇ كەلمەيتتى، — دېدى ئايشە جاۋاب بېرىپ.

— خان ئالىيلىرىنىڭ ئاتخانىغا كېلىدىغانلىقىنى ئۇ بىلەمتى؟

ئايشە تىترەپ تۇرۇپ دېدى:

— ياق ... ياق ... ۋەزىرئەزەم، ئادەتتە شاھ ئالىيلىرىمۇ ئاتخانىغىمۇ كەلمەيتتى، نېمە بولدىكىن تۇيۇقسىزلا قەدەم تەشرىپ قىلىپ قالدىغا تاڭ.

— ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى...

— بۇ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئوخشايدۇ، ۋەزىرئەزەم.

ئايشە شۇنداق دېيىشىگە شاۋاز ئايشەنىڭ كاچىتىغا شاپىلاق بىلەن بىرنى سالدى.

— تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى نېمانداق كاج بولىدۇ؟ بۇنى ئوڭشاش قولۇڭدىن كېلەمدۇ ـ كەلمەمدۇ؟

— كېلىدۇ، ئالىيلىرى، يىگىرمە يىلدىن بېرى كېلىپ، ئەمدى كەلمەمدۇ؟

— قانداق قىلىسەن؟

— ھازىر شاھ ئالىيلىرىغا بۇغىنىڭ قېنىنى ئىچۈرمەكچى، شۇنىڭغا مانا بۇ چىنار قوۋزىقىدىن ياسالغان تۇغماسلىقنىڭ

دورىسىنى ئارىلاشتۇرىمەن.

ئايشە شۇنداق دېگىنىچە قويىنىدىن ناسۋال قاپىقىنى چىقىرىپ شاۋازغا كۆرسەتتى.

— ھۆربانۇنىڭ نىيىتى يامانىدەك تۇرىدۇ، ئۇنىڭ مەقسىتى خان ئالىيلىرىدىن قورساق كۆتۈرۈش.

— ئۇنىڭغىمۇ چىنار قوۋزىقىدىن ياسالغان دورىنى ئىچكۈزىمەن. ۋەزىرئەزەم، خاتىرجەم بولسىلا، ھۆربانۇنىڭ شاھتىن ھامىلىدار بولۇش ئارزۇسى ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

شاۋاز گۇمان بىلەن ئايشەگە قاراپ بىردەم تۇرۇپ قالدى - دە، چىقىپ كېتىۋېتىپ تەھدىت سېلىپ دېدى:

— ھەرھالدا جېنىڭغا ھېزى بول، ئەمدى بۇ ئىشتا كەتكۈزۈپ قويىدىغان بولساڭ، يۈرىكىڭنى سۇغۇرۇۋالىمەن.

ئايشەنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، جالاقلاپ تىترەپ كەتتى. ئىختىيارسىز چېكە، بويۇنلىرىدىن تەر قۇيۇلدى.

كېچە، ھۆربانۇ خانىشنىڭ نەغمە - ناۋا قايىنىغان ھۇجرىسىدا شاھ نەشىنىڭ خۇش كەيپىدە تازا قىزىغانىدى. ئۇ ئۇسسۇلچى قىزلار بىلەن بەسلىشىپ يىلاندەك تولغىنىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ھۆربانۇغا مەپتۇن بولۇپ كۈلدى.

بويلاپ، تولغاپ ناز قىل، مەن ئۆرگىلەي،
نازىڭ ئالدى كۆڭلۈمنى، نازۇك ھالىم.
تۈرلۈك - تۈرلۈك جىلۋەڭگە جانىم بېرەي،
ئالتۇن - كۈمۈش يولۇڭغا چېچىش خىيالىم.

قامچا - قامچا قاشلارىڭ، بادام قاپاقىڭ،
خۇمار - خۇمار كۆزلىرىڭ، يۇسۇپ سىياقىڭ.
چىقتى جانىم، ئەي پەرى، ھەي - ھەي پىراقىڭ،
ئەمدى ساڭا يار بولسۇن مېنىڭ ئۇۋالىم.

چۈچۈك ـ چۈچۈك سۆزلىرىڭ شېكەردىن ئارتۇق،
ياقۇت لېۋىڭ ھەسەلدەك بولۇرمۇ تاتلىق.
خالۇ مەڭلىرىڭ سېلىپ داغ باغرىمغا ئوتلۇق،
ئاي خىجىل رۇخسارىڭغا ياندى چىراقىم.

دۇنيا ـ دۇنيا يىغلاغىل، مەشرەپ ياش ئاقسۇن،
ئاشىق يىگىت كۆڭلىنى ئوت قىلىپ ياقسۇن.
غەپلەتلەردە يۈرگەنلەر بۇ ئوتتىن كۆيسۇن،
كۆيۈپ ـ كۆيۈپ كۈل بولسۇن، كۈلى سورۇلسۇن.

شاھ مەستخۇشلۇقتا ئورنىدىن دەلدۈگىنىپ تۇرۇپ، ئۈسسۇلچى قىزلار ئارىسىغا ماڭدى. ئايشە ئالتۇن پەتنۇستا سۇزۇك قاشتېشى رومكىغا قۇيۇلغان قىزىل بۇغا قېنىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ شاھنىڭ ئالدىدا تىزلاندى.

— بۇ نېمە؟ — سورىدى شاھ.

— ھازىرلا ھەرىدەلگەن بۇغا مۈڭگۈزىنىڭ قېنى، ئالەم پاناھ، — دەپ جاۋاب بەردى ئايشە.

— ھە، ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپىسەن ـ دە، ئايشە، ئىچۈرە.

ئايشە بۇغا قېنىنى ئېلىپ ئاۋايلاپ شاھقا ئىچكۈزدى. شاۋاز بىلەن ئايشەنىڭ كۆزلىرى دوقۇرۇشۇپ قالدى، شاھنىڭ كۆزى بولسا ئۈسسۇلچى قىزلار ئارىسىدا مىڭ خىل نازۇكەرەشمە بىلەن ئۈسسۇل ئويناۋاتقان ھۆربانۇدا قالدى.

ئەتىسى، ئوردىنىڭ ھەشەمەتلىك قوبۇلخانىسى. پادىشاھ تۆردىكى ئالتۇن تەختتە خانلىق تاجىنى، شاھانە تونىنى كىيىپ، ئالماس كۆزلۈك ئالتۇن كەمەرنى تاقاپ، سۇر، ھەيۋە بىلەن ئولتۇردى. ئەتراپىدا كېنىزەك ـ دېدەكلەر، ياساۋۇل ـ نۆكەرلەر



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تۇرۇشتى. پەستە بولسا شاۋاز باشلىق ۋەزىر - ۋۇزرا، ئەمىر- ئەمىرالار سەپراس تۇرۇشتى.

جىبەكچى ۋارقىرىدى:

— سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ئالاھىدە ئەلچىسى زەينىددىن بومىيانى باشلىق ئەلچىلەر كەلدى!

شاھ سۇكۇتتە ئولتۇردى، شاۋاز باشلىق ئوردا ئەھلى شاھنىڭ ئاغزىغا قارىدى. شاھ ھېچكىمنى كۆرمىگەندەك بىردەم قېتىپ ئولتۇرۇپ، ھەممىنى تەقەززا قىلدى، ئاندىن تەلمۈرۈپ تەقەززا بولغان شاۋازغا قاراپ بىلىنەر - بىلىنمەس باش لىڭشىتتى. تاقىتى تاق بولغان شاۋاز ئالدىراپ چاۋاك ئۇردى. جىبەكچى ۋارقىرىدى:

— خان ئالىيلىرىدىن ئىجازەت. ئەلچىلەر شاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەي!

زەينىددىن بومىيانى باشچىلىقىدىكى قارا سەللە ئورىغان، قارا تون كىيگەن، ھەممىسى ئوخشاش قويۇق قارا ساقاللىق، بۇرۇتلۇق ئەلچىلەر سۇرلۇك بۇرغا ساداسى ئىچىدە ئوردىغا كىرىپ، شاھقا ئېگىلىپ سالام بەردى.

زەينىددىن بومىيانى قوينىدىن قارا مەخمەلگە يۆگەلگەن مەكتۇپنى ئېلىپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ دېدى:

— مەن سۇلتان مەھمۇد ئالىيلىرىدىن بۈيۈك قاراخانىيلارنىڭ سۇلتانى قۇتلۇق ئارسلان ئاببas قارا بۇغراخان ئالىيلىرىغا سالامنامە ئېلىپ كەلگۈچى باش ئەلچى زەينۇللا زەينىددىن بومىيانى بولىمەن. ئالىيلىرىغا سۇلتاننىڭ شاھانە مەكتۇپىنى تاپشۇرۇشۇمغا ئىجازەت بەرگەيلا، — خاننىڭ يېنىدىكى ئاغلاقچى مەكتۇپنى ئەكېلىشكە تەمشەلدى، خان قول ئىشارىتى بىلەن ئۇنى توسۇپ قويدى.

— ئاۋۋال سورىۋالاي، سۇلتان مەھمۇد ھېرات شەھىرىنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا ئەلچى بىلەن مەكتۇپ ئەۋەتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى شاھ.

www.uyghurkitap.com

زەينىددىن بومىيانى بېشىنى كۆتۈردى، سۈرلۈك قاراپ ئولتۇرغان شاھنى كۆرۈپ يۈزى تارتىشىپ، قورۇپ كەتكەن كالپۇكىنى يالاپ تەستە دېدى:

— ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ مەكتۇپىدا بۇ توغرۇلۇق گەپ يوق.

— ئۇنداق بولسا ئۇ قايسى يۈزى بىلەن ماڭا مەكتۇپ بىلەن ئەلچى ئەۋەتىدۇ؟ — دەپ سورىدى شاھ.

— ئالىيلىرى، مەن سۇلتانىمىزنىڭ ئەلچىسى، مېنىڭ بۇرچۇم پەقەت ئەلچىلىك قىلىش، سۇلتانىمىزنىڭ ئۆزلىرىگە ئەۋەتكەن مەكتۇپىنى يەتكۈزۈش ...

زەينىددىن بومىيانىنىڭ گېپى ئاخىرلاشماستىنلا، شاھ:

— ئۇنداق بولسا ئەكەلگەن مەكتۇپىڭنى ئۆزۈڭ ئوقۇ! ئاڭلاپ باقاي، — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

زەينىددىن بومىيانى بىردەم سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن، مەكتۇپنى ئاچتى. ئۇ ئۆزىنى روسلىۋېلىپ مەكتۇپنى ئوقۇدى:

*«غەزنەۋىلەر سۇلتانى مەھمۇدتىن قاراخانىيلار سۇلتانى ئاباس بۇغرا قاراخانغا سالام. ئۆزلىرىگە قىرىق تۆگىلىك ئالتۇن كۈمۈش، مەرۋايىت، ھېقىق، توقسان توققۇز ياقىلىق تون - سەرپاي، توقسان توققۇز توپ پارس شايىسى، توقسان توققۇز پارچە پارس گىلىمى ۋە ئون بىر كېنىزەكنى سوۋغات سۈپىتىدە ئەۋەتتىم. كۆڭۈل سوۋغامنى قوبۇل ئەتكەيلا. سالامدىن سوڭرە مەقسەتكە كەلسەك، چۈشۈمدە جەننەت كەبى بىر باغدا رەڭمۇرەڭ ئېچىلغان لالە گۈللەر ئارىسىدا بىر پەرىزاتنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىق - بىقارار بولۇپ ئويغاندىم. قۇرئەنداز ھۆكۈمالىرىمدىن بىلسەم، ئول پەرىزات ئۆزلىرىنىڭ ئەتىۋارلىق مەلىكىلىرى ئىكەن. ئاشۇ ھۆر كەبى مەلىكىنى خانىشلىققا ئالسام، ئالىيلىرىغا كۈيئوغۇل بولسام دېگەن ئىلتىماس بىلەن ھۆزۈرلىرىغا ئەلچى ئەۋەتتىم، قوبۇل قىلغايلا. ئەگەر بۇ*

*كۆڭلۈمنى قوبۇل كۆرمىسلە، ماڭا بەلخ شەھىرىنى تەسەللى ئورنىدا ھەدىيە قىلسىلا. شۇنىڭ بىلەن مەلىكىنىڭ پىراقىدا زىبدە بولغان كۆڭلۈم شىپا تاپقۇسى.*

*ھۆرمەت بىلەن: سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى.»*

ئاران ئولتۇرغان شاھ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— جاللات !

ياساۋۇللار قىلىچ - شەمشەرلىرىنى يالىڭاچلاپ ئەلچىلەرنى قورشىدى.

— خىزمەتلىرىگە تەييارمىز، ئالىيلىرى ! — دېدى ياساۋۇللار باشلىقى.

— ماۋۇ ئۆزىنى بىلمەيدىغان تاغلىقلارنى ئاچىقىپ ھەممە سوۋغا - پوغىلىرى بىلەن خۇمدانغا تاشلاپ كېسەك پىشۇرۇڭلار.

— خوپ، ئالىيلىرى !

ياساۋۇللار بارلىق ئەلچىلەرنى تۇتۇپ سۆرەپ ماڭدى. زەيىندىن بومىيانى داد ئېيتىپ ۋارقىرىدى:

— داد، شاھ ئالىيلىرى! جاھان تارىخىدا ھېچقانداق شاھ ئەلچىنى ئۆلتۈرگەن ئەمەس ! ئەلچىگە ئۆلۈم يوق ... بىزنى ئۆلتۈرگەنگە ئاچچىقلىرى بېسىلمايدۇ، دەردلىرىمۇ چىقمايدۇ، ئەكسىچە توقۇناق بالا كېلىپ چىقىدۇ !

شاۋاز ئالمان - تالمان شاھقا تەزىم قىلىپ دېدى:

— غەزەپلىرىگە ھاي بەرگەيلا، ئالىيلىرى! ئۇلۇغ سەلتەنەتلىرىگە داغ چۈشۈرىدىغان ئىشتىن ساقلانغايلا ... ئەلچىدە گۇناھ يوق...

شاھ ئېغىر تىنىپ ئاستا تەختىدە ئولتۇرۇپ، چىشلىرى غۇچۇرلىغان ھالدا كۆزىنى يۇمدى - دە، غەزەپ بىلەن دېدى:

— بېرىپ ئۆچكە ئېمىپ چوڭ بولغان، ئۆزىنى سۇلتان

دەۋالغان ئۇ تاغلىق يالاڭ تۆشكە ئېيىت ! ئالدىمغا بوينىغا قارا ئارغامچا سىلىپ كېلىپ تىزلىنىپ، بىر قوشۇق قىينىمىدىن كەچسىلە، ئۆزۈمچە يىغىۋالغان ھېرات شەھىرىنىڭ ئۈچ يىللىق باج ـ سېلىقىنى بەش ھەسسىلەپ قايتۇراي دەپ مەيدىن گۇناھىنى تىلىسۇن ! ئاندىن شۇنىمۇ دە، مېنىڭ ياغما قەبىلەمدە ئەزەلدىن ياتقا قىز بېرىدىغان ئىش بولغان ئەمەس. مەن يەر ـ زېمىنىنى پۇلغا ساتمايمەن، نوچى بولسا لەشكەر تارتىپ كېلىپ، قان تۆكۈپ قولۇمدىن ئالسۇن ! سىلەرنى كۆرە كۆزۈم يوق، سۇلتانىڭغا دە، ئەۋەتكەن سوۋغا ـ سالاملىرى ھەقىچان بىر پادىشاھ ياكى بەگدىن مۇتتەھەملىك بىلەن تارتىۋالغان ھارام ماللار، بۇلارنىڭ ماڭا كېرىكى يوق ! بىر تىنىق ئىچىدە كۆزۈمدىن يوقال، بىردەم توختىماي تەۋەيىمدىن يوقىلىش !

ئاۋۋال ئەلچىلەر، ئاندىن شاۋاز سالپايغان ھالدا چىقىپ كېتىشتى.

شاۋاز خاس ھۇجرىسىدا پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلاپ، ساقىلىنى تۇتاملاپ ئۆزىگە ئۆزى دېدى:

— ئەستاغپۇرۇللا ... ماۋۇ نەشىنى تولا چېكىپ كاللىسى قوداڭشىپ قالغان پادىشاھنىڭ قىلغان ئىشىنى ! ھازىر ئوردا قالايمىقانلىشىپ كەتتى، تاغدىكى ئىسيانچىلارمۇ بارغانچە خورىكى يوغىناپ، ھەددىن ئاشقىلى تۇردى. يۇرت ـ يۇرتلاردىكى ئاۋام پۇقرا يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ تاغ ئوغرىلىرىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئۇرۇق ـ ئايماقلاردىكى ئاقساقال، بەگ، خوجىلار گەپ ئاڭلىماس بولۇۋالدى. لەشكەرلەرنىڭ مائاشى، ئوزۇقى، ئاتلارنىڭ يەم ـ خەشىكى يېتىشمەيدۇ، خەزىنە تايىنلىق. مۇشۇنداق چاغدا نېمىدەپ دۈشمەننىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقىدۇ؟

بىر چاغدا جېسەكچى كىرىپ دېدى:

— ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى بىلەن شەيخۇلئىسلام ئابدۇلغەپۇر داموللام ھەزرەتلىرى ھۇزۇرلىرىغا قەدەم تەشرىپ قىلدى.

— كىرسۇن !

شاۋازنىڭ ئىجازەت قىلىشى بىلەن ئابدۇلغەپۇر داموللام قول باغلاپ تەزىم قىلىپ كىرىپ كەلدى ـ دە، شاۋازدىن ئەھۋال سورىدى:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەزىرئەزەم، ئالتۇن بويلىرى ئامان ـ ئېسەنمۇ؟

شاۋاز ئاچچىقلاپ دېدى:

ــ نەگە يوقالدىلا، تەقسىر؟ مەسە ـ كالاچلىرىنىڭ سوڭىغا دەسسەپ، قەيەرلەردە چەلپەك پۇراپ يۈردىلە؟ قاپاقتەك سەللىنى ئورىۋېلىپ مېڭىلىرى ئېچىپ كەتمىگەندۇ؟ نېمانداق خانلىقنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە چۆمگەكتەك غايىب بولىدىلا؟

ــ كەچۈرسىلە ۋەزىرئەزەم، يەمەندىن كەلگەن ئۆلىمالار بىلەن ...

ــ قويسىلا يەمەن ـ پەمەن دېگەن گەپلىرىنى ! ــ شاۋاز شۇنداق دەپ ئابدۇلغەپۇر دامولللىنىڭ گېپىنى بۆلدى.

خانىش مېھرىبانۇ قەسرى. مېھرىبانۇ، ئايشە، ئىمادىدىن قەشقەرى سۆھبەتلىشىۋاتاتتى، ئىمادىدىن قەشقەرى سۆز ئالدى:

ــ خانىش ئايىم، بۇ جىنكەشنىڭ سېھىر ـ جادۇسىغا ئىشەنمەيلى.

ــ ئەمىسە غېرىب ساقايمىسا، ــ دېدى مېھرىبانۇ خانىش.

ــ ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى بىمارغا ئاستا تەسىر قىلىدۇ. ئەمما، كېسەلنى تۈپ يىلتىزىدىن ساقايتىدۇ، ــ دېدى ئىمادىدىن قەشقەرى .

ــ غېرىبنىڭ ساقىيىشىغا ئۇنچىۋالا ئالدىراپ كەتمىسەكمۇ بولارمىكىن دەيمەن، خانىش ئايىم، ــ دېدى ئايشە گەپ قىېتىپ.

ــ غېرىب پاتراق ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرمىسا سەنەم يىغلىپ چۈشەمدىكىن دەپ يۈرىكىم سۇ، ــ دېدى خانىش.

ــ غېرىبنىڭ بەدىنىدىكى زەھەر بىزنىڭ دورىلىرىمىزنىڭ خاسىيىتى بىلەن كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىدىن قېلىپ، ئۇنىڭ تەن ساقلىقى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى، ــ دېدى ئىمادىدىن قەشقەرى.

www.uyghurkitap.com

— غېرىب ساقايسىلا بولمىدىمۇ؟ — دېدى خانىش.

ئىمادىدىن قەشقەرى چۈشەنچە بەردى:

— بىزنىڭ شۇنچىۋالا تىرىشچانلىقىمىز بىلەن ساقىيىشقا باشلىغان كېسەلنىڭ ئىگىسى قوقەندىن كەلگەن جادۇگەر خوتۇن بولۇۋالسا، بۇ بىزگە قاتتىق ئەلەم بولىدۇ، خانىش ئايىم.

— مەيلى سىلەرنىڭ داۋايىڭلار بولسۇن، مەيلى ئاسخان بۈۋىمىنىڭ سىرلىق ئەپسۇنلىرى بولسۇن، مەقسەت كېسەلنى ساقايتىش. ماڭا قىزىمنىڭ ساقلىقى كېرەك.

— ئۇنداق بولسا بىز غېرىبنى داۋالاشنى توختىتىمىز، ئۇنى ئاشۇ جادۇگەر خوتۇن ساقايتسۇن، — دېدى ئىمادىدىن قەشقەرى.

— بولمايدۇ. سىلەرمۇ داۋالايسىلەر، ئاسخان بۈۋىمۇ ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىۋېرىدۇ.

ئىككى مويسىپىت ناقايىللىق بىلەن يېنىپ چىقتى - دە، شاھنىڭ قېشىغا يول ئالدى.

شاھ ھۇجرا ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ سول قولىغا قوندۇرۇۋالغان قارچىغىغا گۆش تىتىپ بەرمەكتە ئىدى. جىسەكچى كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— شاھ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، خانلىقنىڭ باش تېۋىپى مەۋلانە ئىمادىدىن قەشقەرى بىلەن جەرراھ ھەزرىتى مۇھەممەدىن قاراقاش قوبۇل قىلىنىشلىرىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

شاھ ئىجازەت بەردى. ئىمادىدىن قەشقەرى بىلەن مۇھەممەدىن قاراقاش كىرىپ شاھقا تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئىمادىدىن قەشقەرى كېلىش سەۋەبىنى ئېيتىپ سۆز باشلىدى:

— ئالەم پاناھقا مەلۇم بولغايكى، قوقەندىن كەلگەن جادۇگەر ئايال غېرىبنى داۋالايمەن دەپ سېھىرگەرلىك قىلىپ، بىزنىڭ داۋايىمىزنىڭ كۈچىدىن ساقىيىۋاتقان كېسەلگە ئىگە بولۇۋالدى.

شاھ بۇ گەپلەرنى تازا چۈشىنەلمەي:

— نېمە دېمەكچى سىلەر، ھەزرەتلىرىم؟ — دېدى.

— ئۇيغۇر تېبابىتىنى جادۇگەرنىڭ سېھىر - ئەپسۇنلىرىدىن

تۆۋەن كۆرسەك، مۇۋاپىق بولماسمىكىن، ئالىيلىرى، — دېدى مۇھىددىن قاراقاش.

— مەيلى كىم داۋالىسا، كېسەل ساقايسا بولمىدىمۇ؟

ئىمادىدىن قەشقەرى ئۆيلىغانلىرىنى ئېيتتى:

— ئالىيلىرى، غېرىبنى سېھىر - جادۇ بىلەن ئورنىدىن تۇرغۇزىدىغان ئىش بولسا، بىز داۋالاشنى توختاتساقمىكىن.

— داۋالاشنى توختاتماڭلار. غېرىب ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرسۇن، قىزىممۇ ئامان - ئېسەن تۇرسۇن، مەنمۇ ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولاي، — دېدى شاھ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يەتتىنچى باب

ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ ئاغزىدىن بالىنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتى ھەققىدە نېمە چىقىپ كەتسە شۇ بالىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلۈپ قالىدىغان ئىشلار بولىدىكەن. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار ئۆز بالىلىرىغا ھەرقانچە ئاچچىقى كەلگەن تەقدىردىمۇ يامان تىللارنى ئىشلەتمەسلىكى، سەۋر ـ تاقەت بىلەن سۈكۈت قىلىشى، كۆڭلىدە ئىنساپ، تەۋپىق، ھىدايەت تىلەپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە كۆندۈرۈشى زۆرۈر. ئاتا ـ ئانىنىڭ بالا ھەققىدىكى ياخشى سۆزلىرى، ياخشى تىلەك، ياخشى دۇئالىرى ئاللاغا يېتىپ، بالىنىڭ ئوڭ سېپىدە ئادەم بولۇپ كۆكلەپ، راۋاج تېپىشىغا ياخشى تۇپراق بولىدىكەن. بالىغا يامان تىل ئىشلىتىلسە ئۇنى قارغىش تۇتۇپ، ۋەيرانە ـ سەرسانە، خارۇزار ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدىكەن. شۇڭا، بالا ھەققىدە ياخشى خىيالدا، ئوبدان تىلەكتە، ياخشى سۆزدە بولۇش ئاشۇ بالىنى تۇغقان، يېمەي يېدۈرۈپ، كىيمەي كىيدۈرۈپ باققان ئاتا ـ ئانىلار ئۈچۈن سۇ، ھاۋادىن، يەۋاتقان ناندىن مۇھىم زۆرۈرىيەتلەر ئىكەن. قۇدرىتى چەكسىز ئاللا شاھى ئابباس بىلەن ھەسەن ۋەزىرنىڭ ئەھدىنامىسى خەلقىئالەمگە جاكارلانغان چاغدىلا غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ دىلىغا بىر ـ بىرىگە بولغان چەكسىز ئاشىقلىق پىراقىنى سالغاندۇ ياكى بولمىسا ئۇلار ئانىلىرىنىڭ قورسىقىدا قىرىق كۈنلۈك بولغاندىلا تەقدىر پېشانىسىگە مۇشۇ قىسمەتنى پۈتۈۋەتكەندۇ. ئىشقىلىپ، ئاللا غېرىب بىلەن سەنەم توغرىسىدىكى ئىرادىسىنى شاھى ئابباسنىڭ دىلىغا سېلىپ، شۇنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئۆز بەندىلىرىگە بىلدۈرگەنىدى. شۇڭا، شاھى ئاببَاسنىڭ شاۋازنىڭ كۆرسەتمىسى

بويىچە ھوقۇق ـ ئىمتىيازىغا تەيىنىپ غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ تەقدىرىنى ئۆگەرتىشكە ئۇرۇنۇشى بىھۇدە ئاۋارىچىلىك ئىدى. چۈنكى، ئىشلارنىڭ تىزگىنى پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى بولغان ئاللانىڭ ئىلكىدە ئىدى. مەن قىلارمەن ئوتتۇز، خۇدا قىلار توققۇز دېگەندەك، شاھى ئاببا،س بىلەن شاۋاز غېرىب ـ سەنەمنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە ئۇرۇنغانچە، ئاللا ئۇلارنىڭ ئېچىل ـ ئامراقلىقىنى زىيادە قىلدى. غېرىب بىر بەردەم ئەزىمەتتىن لەقۋا، بىقوۋۇلغا ئايلىنىپ قالغاندا، سەنەمنى ئۇنىڭ خىزمەتكارى، قوغدىغۇچىسى، پىداكارى، ھامىيسى قىلدى. ئاللانىڭ بۇ ھېكمەتلىرى گاراڭ شاھى ئاببا،س بىلەن ھىيلىگەر ۋەزىر شاۋازنى ئامالسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. سەنەم غېرىب ئۈچۈن ئۆلۈشكە، ئىت ـ مۈشۈك بولۇشقا تەييار. ئاللا غېرىبنىڭ ئىشقىنى سەنەمگە ئەنە شۇنداق سالغانىدى. ئاللا سالغان بۇ سەۋۋداغا پەقەت ئاللا ئۆزى شىپالىق بېرەلەيتتى. شۇ مۇبارەك زاتتىن باشقا ھەرقانداق جادۇگەر، سېھىرگەر، جىنكەش، باخشى بولسۇن ھېچكىم ئامال قىلالمايتتى. شۇنى بىلىپ تۇرۇپمۇ شېرىك ئەقىدىچىلىكنىڭ تۇمانلىرى ئىچىدە شەيتان داۋاملىق ئادەملەرنى ھەرقانچە دانا بولسىمۇ ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. شۇڭا، بالاساغۇن ئوردىسى غېرىب ـ سەنەمنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىش كويىدا بىر مەزگىل باخشى، جىنكەش، سېھىرگەر، جادۇگەرلەرنىڭ ئەپسۇنخانىسى، پېرىخانىسى، جەررىخانىسىغا ئايلاندى. ئوردا خانىنىڭ ئوردىسى ئەمەس، جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ، جادۇگەرلەرنىڭ ئەپسۇنخانىسى بولدى.

سۇنىڭ بېشى لاي بولسا ئايغىمۇ لاي بولىدۇ دېگەندەك نەشەخور، ئىشقۋاز شاھى ئاببا،سنىڭ ۋەزىر ـ ئەمىرلىرىنىڭ ھەممىسى شەخسىيەتچى، سۈيىقەستچى، پىتنىخورلارغا، سەركەردە ـ لەشكىرى قىمارۋاز، تەييارتاپلارغا ئايلاندى. ئوردىنى ساختىپەزلىك، ھىيلە ـ مىكىر، نەپسانىيەتچىلىك، غەيۋەت ـ شىكايەت، پىتنە ـ پاسات قاپلىدى. ھەر كىم كۆلەر ئىدى، راست

www.uyghurkitap.com

كۆلمەيتتى. ھەر كىم گەپ قىلار ئىدى، راست گەپ قىلمايتتى. ھېچكىم قىلغان گېپىدە تۇرمايتتى، گېپىنى ئەمەلدە كۆرسەتمەيتتى، دېگەن گەپ دېگەن يەردە قالاتتى. كۆڭۈللەر ئۆتكەنسىرى ئوردىدىكى بۇ ناچار ئىللەتلەر پۈتۈن ئەل ـ يۇرتقا تاراپ، ئاۋام پۇقرانى زەھەرلىدى. شۇنىڭ بىلەن يۇرت ـ يۇرتلاردا مۇتتەھەملىك، زوراۋانلىق، ئالدامچىلىق، ھاياسىزلىق ئەۋج ئالدى، كىشىلەر كۆڭلىدىن ۋاپادارلىق، دوستلۇق، ۋىجدان، غۇرۇر كۆتۈرۈلدى.

غېرىب بىلەن سەنەم ئەنە شۇ تەتۈر، بۇزۇقلار جەمئىيىتى ھەققىدە تىنماي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ تاڭنى تاڭغا ئۇلايتتى، غېرىب ئۆزىنىڭ مانا مۇشۇ بۇزۇقلار پادىشاھلىقىدا تۇغۇلۇپ قېلىپ ـ سوقۇلۇپ چوڭ بولغانلىقىغا ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆكۈنۈپ، ئوردىدىكى ئادەمسىمان مەلئۇنلارغا قاتتىق نەپرەتلىنەتتى. سەنەم بۇ جەمئىيەتنى ئاشۇ ئوردا بۇزغانلىقىنى، غېرىب ئۆزىنى ئەمرىگە ئېلىپ خانلىق تەختىدە ئولتۇرسا، ئوردىنى، بۇ بۇزۇقلار جەمئىيىتىنى ئوڭشىيالايدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. ئۇ بارلىق بۇزۇقچىلىقلارنىڭ ئوردا بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، بىر ئەلنىڭ بۇزۇلۇشى شۇ يۇرتنىڭ ئوردىسىدىن بولىدىغانلىقىنى، ئوردا ئاۋام پۇقرانى پاكىز جەمئىيەتكە باشلىسا، ئۇلارنىڭ روھى پاكىز بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئوردا كىشىلەرنىڭ قەلبىگە داۋاملىق بۇزۇق ئادەتلەر بىلەن ھۇجۇم قىلسا ئۇلارنىڭ ئېتىقادى، ۋىجدان ـ غۇرۇرى چەيلىنىپ، ياخشى كىشىلەرمۇ بۇزۇق ئادەملەرگە ئايلىنىدىغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ روھى تۇزەلسە، ئۆزى، مەھەللىسى، ۋەتىنى تۈزىلىدىغانلىقىنى، بىر ئادەمنىڭ روھى بۇزۇلسا ئاۋۋال ئۆزى، ئاندىن ئۆيى، خوتۇنى، بالىسى بۇزۇلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، بىز ھامان ئاتامنىڭ تەختىنى قولغا ئېلىپ ئوردا ھەم قاراخانىيلار جەمئىيىتىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇۋالىمىز دەپ غېرىبقا ئىلھام، مەدەت بېرەتتى. غېرىب

پالەچ پۇت ـ قوللىرىغا قاراپ، مۇشۇ ھالىم بىلەن شۇ ئىشلارغا يارارمەنمۇ، دەپ ئۆزىنى ئۆزى مەسخىرە قىلاتتى.

— غېرىبجان، ئۇمىدسىز شەيتان دەپتىكەن، بىز ئۇمىدسىزلەنمەي ئىرادىمىزنى تېخىمۇ چىڭىتايلى. ھەقىقانىيەت ھامان ئۇستۇنلۇك قازىنىدۇ، ناھەقچىلىك، بۇزۇقچىلىق ھېچقاچان غەلىبە قىلغان ئەمەس، — دېدى سەنەم غېرىبقا رىغبەت بېرىپ، — ئۇستازىمىز شەيخ جالالىدىن ھەزرەتلىرى بىزگە: «بۇزۇقچىلىقتا گىرىپتار بولغان خەلق ھامان ھالاك بولىدۇ، شۇڭا بۇزۇقچىلىقتا قارشى كۇرەش قىلىڭلار، ھەقىقانىيەت جەزمەن ناھەقچىلىك ئۇستىدىن غالىب كېلىدۇ» دەپ تەلىم بەرگەنغۇ. بىز تىرىشىمىز، ھەقىقانىيەتنىڭ غەلىبىسى ئۇچۇن تىرىشىمىز. ئوردىدىكى جىن ـ شەيتانلارنىڭ ئاتامانىنى يوقاتساقلا، بۇزۇلغان ئەل ـ قوۋمنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇقتا باشلىغىلى بولىدۇ. سىز ئۇمىدسىزلەنمەڭ، ئاللا سىزگە شىپالىق بېرىدۇ.

سەنەم غېرىبقا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن سۆزلىدى. بىر چاغدا ئىككىلىسى سۇكۇتكە چۆمدى. ئۇلارغا ھاردۇق يەتكەنىدى. غېرىب غەمدىن مۇگدەك باسقان سەنەمگە دېدى:

— سەنەمجان، سىزگە ھاردۇق يەتتى، قايتىپ ئارام ئېلىڭ.

— ھارمىدىم، — دەپ ئۇنىمىدى سەنەم.

— بىز ئۆزىمىزنى ئالدىساق، بىر ـ بىرىمىزگە راست گەپ قىلمىساق بولمايدۇ. مەن ئۇچۇن سىزنىڭ ساقلىقىڭىز تولىمۇ مۇھىم، قايتىپ دەم ئېلىڭ.

سەنەم بېشىنى لىڭشىتىپ غېرىبنىڭ سۆزىگە ماقۇللۇق بىلدۇرۇپ دېدى:

— ماقۇل، مەن قايتاي، ئەمما ماڭا بىر ناخشا ئوقۇپ بېرىڭ. بولمىسا تاڭ ئاتقۇچە بېشىڭىزدا ئولتۇرىمەن.

— بىر شەرتىم بار، — دېدى غېرىب.

— مىڭ شەرتىڭىز بولسىمۇ دەڭ.

— پېرە ئوينىمايسىز.

— ياق، ئوينايمەن، سىز ئورنىڭىزدىن قوپماي مېنى زارىقتۇرۇپ ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟ — دەپ ئۇنىمىدى سەنەم.

— سىز باخشىنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىغانغا مەن ساقىيامدىم، سەنەمجان؟ ئۇ بىر سېھىرگەر ئىكەن. ئۇنىڭغا ئىشەنمەڭ، ئۆزىڭىزنى ئۇپراتماڭ.

غېرىبنىڭ قايتىلاپ چۈشەندۈرۈشى بىلەن سەنەم ئېغىزىدا ماقۇل بولدىيۇ، نىيىتىدىن يانمىدى:

— ماقۇل، مەن گېپىڭىزگە ئىشىنەي، ئەمما سىز ساقىيىدىغانلا ئىش بولسا مەن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا تەييار.

— لېكىن، ھەرگىز پېرە ئوينايمەن دېمەڭ، ئىمانىمىزغا داغ چۈشىدۇ.

— ساقىيىدىغانلا بولسىڭىز ئوينايمەن.

— باخشىنىڭ دېپىغا پېرە ئوينىغۇچە مېنىڭ ناخشامغا ئۇسسۇل ئويناڭ.

سەنەم خۇشاللىقتا چاۋاك چېلىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، غېرىبنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ:

— قېنى ناخشىڭىزنى باشلاڭ، مەن تەييار، — دېدى.

غېرىب چەكسىز بەخت ئىلكىدە كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاققۇزۇپ تۇرۇپ ناخشىسىنى باشلىدى. سەنەم پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئۇسسۇل ئوينىدى.

يارنىڭ كويىدا ئۆلگەن بارمىكىن؟
بىر ئۆلۈپ قايتا تىرىلگەن بارمىكىن؟
يارنىڭ ۋەسلىگە تويماستىن قاراپ،
تەلمۈرۈپ كۆزى تېشىلگەن بارمىكىن؟
قەتل قىلماققا ھۆكۈم ئەتكەندە،
جاللاتقا بوينىنى تۇتقان بارمىكىن؟
قانچە چاغ يار ئاياغىدا پايخان بولۇپ،

ھىجران دەشتىدە يۈرگەن بارمىكىن؟
مەن كەبى تەتۈر پېشانە بولۇپ،
يارنى قاقشاتقان ئاشىق بارمىكىن؟

سەنەممۇ ئۈسسۈل ئوينىغاچ ناخشا ئېيتتى:

داد ئەيلەپ يارنىڭ كويىدا يۈرگەن بارمىكىن؟
تۈن - سەھەرلەردە دىل زارىنى سورىغان بارمىكىن؟
مەن سەنەم سەرسان بولۇپ قالدىم باياۋانلار ئارا،
جان يوق تەندە ياتقان يارنى سۆيگەن بارمىكىن؟
زەررە كۆڭلۈم ئوتى چىقسا جاھاننى كۆيدۈرەر،
دەرگەھىغە باش قويۇپ، دىدار كۆرگەن بارمىكىن؟
ئول قىيامەت دەشتىدە ھەر كىم يۈرۈر ئۆز دەردىدە،
داد ئېتەرمەن، ئول زەمان ئەرزىمنى سورىغان بارمىكىن؟
مەي ئىچمەي ئەزەلدىن، مەست بولدى سەنەم ئاقىبەت،
جاننى بەرمەستىن بۇرۇن جانانغا يەتكەن بارمىكىن؟

ناخشا شۇ يەرگە كەلگەندە، سەنەم ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋەتتى - دە، يۈگۈرۈپ كېلىپ غېرىبنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى.

تاغ تۇرا. شەيخ جالالىدىن كەپىسىدە ساپال چىراغ يورۇقىدا پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتاب كۆرمەكتە. ئىلياس كەپىگە كىرىپ ئاتىسىنىڭ كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ پەم بىلەن كەينىگە ياندى. شەيخ جالالىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قويماستىن دېدى:

— ئوغلۇم ئىلياس، كىرىپ بولۇپ چىقىپ كەتكىنىڭ نىمىسى، ماڭا بىرەر ئېغىز گېپىڭ يوقمۇ؟

— ئۇخلىيالماي كىرگەن، باشقا ئىش يوق، — دەپ جاۋاب بەردى ئىلياس. بىراق، شەيخ جالالىدىن ئوغلىنىڭ بىرنېمە

www.uyghurkitap.com

دىمەكچى ئىكەنلىكىنى پەملەپ:

— ئۆلتۈر، مەن سىبنىڭ ئاتاڭ، قانداق كىبىك بولسا قورۇنماي دە، — دىدى. ئىلياسمۇ كۆڭلىدىكى گىپىنى ئېيتتى:

— ئاتا، ئاخشام كەلگەنلەر كۆزۈمگە زادى سىغمىدى.

— نىمىشقا، ئۆلارمۇ بىزگە ئوخشاش ۋەيران ھەم سەرسان بولغان پاناھسىزلار ئىكەنغۇ؟

— ئۆلارغا قارىسامىلا كۆڭلۈم بىرەر شۇملۇقنى سەزگەندەك بولىدۇ.

— ئۆلاردىن بىرەر غەيرىي ئالامەتنى سەزدىڭمۇ؟

— ياق، لىكىن كۆڭلۈم ئىغىپ تۇرىدۇ.

— زىيادە ئويلاپ كىتىپسەن، بالام.

— ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ئاتا.

— گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ، بالام.

ئىلياس يەنە قايىل بولماي:

— بىز تاش سانىساق، دۇشمىنىمىز قۇم سانايدۇ، ئاتا، — دىدى.

شەيخ جالالىدىن ئوغلىنىڭ سۆزلىرىدىن بىرەر نەرسىنى سەزگەندەك بولۇپ:

— ھەرھالدا ئۆلارغا كۆز - قۇلاق بول، — دىدى.

— خوپ، ئاتا، — دىدى ئىلياس.

ئىلياس ئاتىسى بىلەن يەنە بىرھازا مۇڭداشقاندىن كىيىن، ئاندىن ياتىقىغا قايتتى.

خانئېرىق بويىدىكى دۆلەتباغ قەسرىنىڭ ھويلىسى. پىشايۋان ئاستىدا خان لەشكەرلىرى قىلىچ، قالقان، نەيزىلىرىنى تۇتۇپ سەپراس تۇراتتى. زەينىدىن بومىيانى ھۇجرىسىدىكى گىلەم ئۇستىدە ئۇياق - بۇياققا يورغىلاپ چاكارغا كايىدى:

— يول جابدۇقىنى نىمانداق قىلىپ بولالمايدۇ. دەڭدىن تۆگىلەرنى يىتىلەپ چىقىسىلا بولمىدىمۇ؟ ماڭ يۈگۈر، سەن قاراپ باق!

چاكار ئىشىكنى ئېچىپ بوسۇغىدىن بىر پۇتىنى ئىبلىشىغا تەلەتى بۇزۇلغان، قوش قىلىچنى مەيدىسىگە كېسىشتۇرۇپ تۇتقان ئىككى لەشكەر ئۇنىڭ ئالدىنى توستى. چاكار قورقۇپ كېتىپ كەينىگە داجىپ ئۆزىنىڭ پۇتىغا ئۆزى پۇتلىشىپ ئوڭدا چۈشتى. لەشكەر ئىشىكنى يېپىپ قويدى. زەينىدىن بومىيانى قايناپ كەتتى:

— قانداق دېگەن قامالاشمىغان خەق بۇ؟ ئۆزلىرى دەرھال يوقال دەيدۇ. كېتەيلى دېسەك ئىشىكتىن چىقارمايدۇ. ھە ... ئەمدى بىلدىم، ئادەملىرىمنى مۇشۇلار توسۇۋاپتۇ - دە. نۇرغۇن ئەللەرگە ئەلچى بولۇپ بارغانمەن، ئەلچىگە مۇنداق قوپال مۇئامىلە قىلغاننى كۆرمىگەن. خەپ ... خەپ ... نەشىكەش، سەپرا خاقان ... مۇشۇ قىلغانلىرىڭلارنى بۇرنۇڭلاردىن ...

زەينىدىن بومىيانى قايناپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئىشىك ئېچىلىپ بىر نۆكەر كىردى. زەينىدىن بومىيانىنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى.

— مەن ۋەزىرئەزەمنىڭ خاس نۆكەرلىرىدىن سۇلايمان بولىمەن. ۋەزىرئەزەم باش ئەلچى جانابلىرى بىلەن ئايرىم سۆزلەشمەكچى، مەن بىلەن ماڭسىلا، — دەپ يول باشلىدى نۆكەر.

شاھ ھۇجرىسىدا ناماز ئوقۇماقتا. ئەتراپىدا نۆكەر، كېنىزەكلەر سەپراس تۇرۇشاتتى. ھۇجرىغا مېھرىبانۇ خانىش كىردى. كېنىزەك، نۆكەرلەر ئۇنىڭغا تەزىم قىلدى. خانىش مېھرىبانۇ ئولتۇرۇپ شاھنىڭ ناماز ئوقۇپ بولۇشىنى ساقلىدى، شاھ ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ دېدى:

— قوقەندىن كەلگەن باخشى سەنەمجاننى تۇغ باغلاپ يېرە ئوينىتىمىز دەيدۇ.

— خەۋىرىم بار، ئوينىسا ئوينىمامدۇ، — دېدى شاھ.

— سەنەمجان يېرە ئوينىسا ھالىدىن كېتىپ يىقىلىپ قالارمىكىن؟ — دېدى خانىش مېھرىبانۇ.

— قىزلىرى ئۆزى ئوينايمەن دەپ تۇرۇۋالسا قانداق قىلىدىلا؟ رايىغا باقماي بولمايدۇ.

— سەنەمجانغا ئۆزلىرى گەپ قىلسىلا بولارمىكىن؟

— مەن گەپ قىلسام ئۆلىمەن دەپ ئاران تۇرسا، ئۇنىڭ ساق تۇرۇشى ئۈچۈن قىلىمەن دېگەن ئىشنى قىلسۇن دېدىم.

شاھنىڭ گەپلىرىدىن مېھرىبانۇ خانىش كۆز يېشى قىلىپ دېدى:

— بۇ قىز گەپ ئاڭلىمىسا قانداق قىلارمىز؟ نەدىن چاپلاشتى غېرىبنىڭ جىنى ئۇنىڭغا؟

— بويىغا يەتكەن قىزنى ئۆيدە ئۇزاق ساقلىما، دەپ كىم دېپتىكىن، مانا ئەمدى غېرىبنىڭ ئاۋارىچىلىكى يەتمىگەندەك يەنە بىر باش ئاغرىقى چىقتى.

مېھرىبانۇ ئېخىمۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ:

— يۇرەك پارەمنى جاھاننىڭ ئۇ چېتىدىكى قېرى سۇلتانغا خوتۇنلۇققا بېرىشكە يۈرىكىم چىدىمايدۇ. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا مەن قان قۇسۇپ ئۆلىمەن، — دېدى.

— سېنىڭ ئۆلۈشۈڭ بىلەن بۇ ئىش تۈگىسە ياخشى بولاتتى، — دېدى شاھ «سەن»لەپ، — ھازىر قانچە مىڭ ئادەم ئۆلۈپ، دەريا - دەريا قان ئاقىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— ئەگەر ئۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن سەنەمجاننى سۇلتان مەھمۇدقا ياتلىق قىلىشقا توغرا كەلسە، مېنىمۇ قىزىم بىلەن قوشۇپ يولغا سېلىپ قويسىلا. قىزىمدىن ئايرىلىپ ياشىغىنىمدىن ئۆلگىنىم خوپ، — دېدى مېھرىبانۇ خانىش نالە قىلىپ.

كۆزىنى يۇمۇپ غەمكىن ئولتۇرغان شاھ چاچراپ قوپۇپ خانىشنىڭ كاچىتىغا شاپىلاق بىلەن بىرنى سالدى، خانىشنىڭ بۇرنىدىن قان كەتتى. شاھ دەرغەزەپ بىلەن:

— خەپ، مەرھۇم شاھ ئاتاڭنىڭ يۈزىنى دېمىگەن بولسام، تىلىڭنى كېسەتتىم. سېنى قىزىڭ بىلەن قوشۇپ ھاجەتخانىغا



www.uyghurkitap.com

تىرىك كۆمسەم كۆمۈمەنكى، يات ئەلگە، بولۇپمۇ خانلىقىمىزغا تاجاۋۇز قىلىپ زېمىنىمىزنى بېسىۋالغان دۈشمىنىمگە خوتۇن - قىز نىنى تۇتۇپ بېرىپ، رەسۋايى ئەزەم بولۇپ ياشىغۇچە ئۆلۈۋالىمەن. پۈتۈن خانلىقنى قانغا غەرق قىلىشقا رازىمەنكى، ئۇنىڭغا قىزىمنى بەرمەيمەن. ئەقىلسىز بولسامۇ ۋىجدانسىز ئەمەسمەن ! — دېدى.

خانىش ئاستاغىنا پەنجىرە ئالدىغا بېرىپ خىيالغا پاتتى.

شاۋاز ھۇجرىسىدا ئاسخان باخشىنىڭ تامغا چاپلانغان رەسىمىگە خەنجەر ئاتماقتا. خەنجەرلەر ئاسخان باخشىنىڭ يۈزىگە، كۆزىگە سانجىلىپ تۇردى. ئابلىز شەيتاننىڭ قولىدىكى ماتا سېلىنغان پەتنۇستا بىر - بىرىدىن پارقىراق يېڭى سار خەنجىرى بار ئىدى. جېسەكچى كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— مەلۇم بولغاي، ۋەزىرئەزەم. قوقەنلىك پېرىخون ئاسخان ھۇزۇرلىرىغا قەدەم تەشرىپ قىلدى.

شاۋاز ئاتماقچى بولغان خەنجەرنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— باشلاپ كىر، — دەپ ئىجازەت بەردى.

ئاسخان باخشى كىردى. كىرىشىگە شاۋاز قولىدىكى خەنجەرنى بار كۈچى بىلەن ئاتتى. خەنجەر ئۇچۇپ بېرىپ تامدىكى خەنجەرلەر سانجىلغان رەسىمنىڭ ئاغزىغا قادالدى. بۇنى كۆرگەن ئاسخاننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، تارىمۇشتەك يۈزى تارتىشىپ كەتتى. ئۇ شاۋازغا تەزىم قىلىپ دېدى:

— ئەسسالام ۋەزىرئەزەم جانابلىرى، كەم ئەقىل مەزلۇمدىن دىتلىرىغا مۇخالىپ قانداق سەۋەنلىك ئۆتتىكىن، بىلمىدىم.

— ئۆزىڭىز نەدە تۇرۇۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى شاۋاز.

— ئاستانىمىز ئوردابالىقتا تۇرۇۋاتىمەن، ئالىيلىرى، — دەپ جاۋاب بەردى ئاسخان.

— ھازىر كىمگە گەپ قىلىۋاتىسىز؟

— خانىدانىمىزنىڭ لاچىنى، خاقانىمىزنىڭ مەشئىلى، خانلىقنىڭ باش ۋەزىرى ئابدۇلمەلىك شاۋاز ئالىيلىرىنىڭ

مۇبارەك ھۆزۈرىدا زاتى مۇبارەك ۋەزىرئەزەمگە گەپ قىلىۋاتىمەن، ئالىيلىرى، — دېدى ئاسىخان.

— غېرىبىنىڭ ساقىيىشى ئۈچۈن سەنەمنى پېرە ئويناتماقچى بولدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

— يوقسۇ زاتى مۇبارەك، مەن قوقەن بوسۇغىسىدىن ئاتلاشتىن بۇرۇنلا جانابلىرىنىڭ مېنى ئوردابالىقا تەكلىپ قىلىشتىكى مۇددىئالىرىنى بىلىپ يەتكەنمەن.

— سىز ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن شاھىنىڭ ئىلتىپاتى ئالدىدا پېقىرنىڭ ئالىي مەقسەتلىرى تۇمان ئارىسىدا قالغان يۇلتۇزدەك خىرەلەشتى، — دېدى شاۋاز تەرىنى تۈرۈپ.

— يوقسۇ، ئالىيلىرى.

— ياق. شاھىنىڭ يالتىراپ تۇرغان سەلتەنىتى كۆزىڭىزنى چاقنىتىپ، شەيتىنىڭىز مېنى كىچىك كۆرسىتىۋاتىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— يوقسۇ، ئالىيلىرى، ئۇنداق ئەمەس. مېنىڭ مەلىكە ئالىيلىرىنى پېرە ئويناتىشتىكى مەقسىتىم خۇددى ئۆزلىرى ماڭا ئېيتقاندەك ئۇنى غېرىبتىن ئايرىۋېتىش.

ئاسىخان شۇنداق دېيىشىگە شاۋاز ۋارقىراپ كەتتى:

— زۇۋانىڭنى ئۆچۈر، جادۇگەر قانجۇق! كىم ساڭا ئۇنداق كۆرسەتمە بەردى؟!

شاۋاز ئېتىلىپ كېلىپ ئاسىخاننىڭ ياقىسىدىن قامماللاپ تۇتۇپ كانىيىغا خەنجەرنى تەڭلىدى. دەرپەردىنىڭ ئارقىسىدا قول باغلاپ تۇرغان ئايشە يوچۇقتىن ئۇلارنى ماراپ تۇراتتى.

— ئالىيلىرى، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە. مەن ئېزىپتىمەن، مەقسىتىمنى خاتا ئويلاپ قالغان ئوخشايدۇ دەپتىمەن، گۇمانىنى ئايدىڭ بولسۇن دەپ ئاغزى بۇزۇقلۇق قىپتىمەن، — دەپ يېلىندى ئاسىخان.

شاۋاز ئەتراپقا قولاق سېلىپ ئابلىز شەيتانغا ئەتراپقا قارا دېگەن ئىشارەتنى قىلدى. ئابلىز شەيتان قولىدىكى خەنجەر

تىزىلغان پەتنۇسنى قويۇپ، ئەتراپنى كۆزىتىشكە مېڭىشىغا، ئايشە يەنە بىر دەرپەردە ئارىسىغا كىرىپ ئۆزىنى دالىدىغا ئالدى. ئابلىز شەيتان ئەتراپنى قىدىرىپ ھېچنېمىنى بايقىمىغاندىن كېيىن قايتىپ كىردى ـ دە، ھېچكىم يوق ئىكەن دېگەن ئىشارەتنى قىلدى. شاۋاز ئاسخاننى سۆزلەشكە بۇيرۇق قىلدى.

ـــ ئالىيلىرى، ـــ دەپ گەپ باشلىدى يەنە ئاسخان، ـــ مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلىنى غېرىبتىن سوۋۇتۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا پىرە ئويناتمىساق مەقسەت ھاسىل بولمايدۇ. ئۇنىڭغا سىز پىرە ئوينايسىز، غېرىبقا ئەپسۇن ئوقۇيمىز، ئاندىن غېرىب ئورنىدىن تۇرىدۇ دېمىسەك، ئۇنىڭغا پىرە ئويناتقىلى بولمايدۇ.

ـــ ئاڭلاپ تۇر، جادۇگەر قېرى ! ئەگەر سەن غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ ئارىسىنى بۇزۇپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ۋاز كەچتۈرەلىسەڭ، ساڭا ۋەدە قىلغان ئىنئامنى ئون ھەسسە ئاشۇرۇپ بېرىمەن.

ـــ ئەلۋەتتە جانابىي ۋەزىرئەزەم، دېگەنلىرىدەك قىلىمەن، بىردىنبىر مەقسىتىم شۇ.

ـــ ئەگەرچەندە ئوقۇغان ئەپسۇن، ئىشلەتكەن سېھىر ـ جادۇ، كارامەتلىرىڭ غېرىبنى ساقايتىپ، ئۇ ئىككىسىنى بىر ـ بىرىگە تېخىمۇ ئامراق قىلىۋاتسە، مېنىڭ قولۇمدا ئۆلمەي تۇرۇپ قىيامەتنى كۆرىسەن، ـــ دەپ تەھدىت سالدى شاۋاز.

ـــ غېرىبنى ساقايتسام ماڭا كىم بىر تەڭگە بېرەتتى، ھەزرەتلىرى؟ مەن بۇ يەرگە ئاتايىتەن غېرىب بىلەن سەنەمنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىش ئۈچۈن كەلدىم.

ـــ ئەمىسە، بۇ گەپلەرنى مەن دېمىدىم ـ ھە.

ـــ مەن دېدىم، جانابلىرى، ـــ دېدى ئاسخان.

ـــ ئۆزۈڭگە ھېزى بول، ھەربىر قەدىمىڭنى مېنىڭ ئاغزىمغا قاراپ باس ! ئۆز ئالدىڭغا ئىش قىلىمەن دەيدىكەنسەن، پېيىڭنى قىرقىيمەن. ئېسىڭدە بولسۇن، مېنىڭ كۆز ـ قۇلاقلىرىم ھەرزامان ئەتراپىڭدا ئەگىپ يۈرىدۇ.

— خوپ ئالىيلىرى، چۈشەندىم.

شاۋاز بىلەن ئاسخان باخشىنىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى دەرپەردىلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ئايشە ئاڭلاپ تۇردى. شاۋاز يەنە ئاسخانغا ئاللىنېمىلەرنى دېدى.ئايشە تۇيدۇرماي ئاستا چىقىپ كەتتى.

ئابدۇللا شاتىرىنىڭ ھۇجرىسى. كەيپ بولغان ئابدۇللا شاتىرى ئالتۇن قەدەھتىكى مەينى گۇپپىدە كۆتۈرۈۋېتىپ، ئوتتۇرىدا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىز بىلەن دەلدۈگۈنۈپ دەسسەپ بېقىشىپ ئۇسسۇل ئوينىدى. نەغمىچىلەر نەغمە قىلىۋاتاتتى:

ئەي پەرى، يۈز كۆرسىتىپ يۈز ناز بىلەن باققانمۇ سەن؟
چوغ بولۇپ ئۆمرۈمگە ئىشقىڭ ئوتىنى ياققانمۇ سەن؟
مېھىردەك ھۆسنۈڭگە زۇلفۇڭ ئەنبىرى ياپقانمۇ سەن؟
ئۆزگە يۈزگە باقما دەپ، كۆزۈمگە مىخ قاققانمۇ سەن؟
قەتل ئېتەرگە قەست ئېتىپ باغرىمغا تىغ چاپقانمۇ سەن؟
ئايلىنىپ ھەريانغا غەمزەڭ ئوقىنى ئاتقانمۇ سەن؟

شۇ چاغدا توختى سەرۋاز تەزىم بىلەن كىرىپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئابدۇللاغا سالام بېرىپ بىر چەتتە تۇردى. ئابدۇللا چاۋاك ئۇردى، دېدەك بىر قەدەھ مەينى پەتنۇستا قويۇپ ئابدۇللانىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. ئابدۇللا مەينى توختى سەرۋازغا بەر دەپ قول شىلتىدى. دېدەك مەينى توختى سەرۋازغا تەزىم بىلەن تەڭلىدى. توختى سەرۋاز قەدەھنى قولىغا ئېلىپ ئاغزىغا يېقىن ئەكېلىشىگە ئابدۇللا شاتىرى دېدى:

— توختا، ئىچمەي تۇر. مېنىڭ خانامغا ىككار كەلمەيسەن، ئاۋۋال كېپىڭنى دەپ بولۇپ ئىچ. ساڭا بىكار بېرىدىغان مەي يوق، بۇ دېگەن ئىدىقۇتنىڭ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان شارابى.

— سەردارىمىزغا مەلۇم بولغاي، كۆندۈرۈلگەن يولۋاسلار تاغدىن ئامان ـ ئېسەن ئورۇن ئاپتۇ، — دېدى توختى سەرۋاز.

ئابدۇللا شاتىرى يېنىدا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزنىڭ ئېڭىكىدىن تۇتۇپ ئەركىلىتىپ قويىدى.

— ھە، ماۋۇ گېپىڭ بىر كوزا مەيگە يارايدىغان گەپ ئىكەن. ساڭا ئاشۇ دېدەكنى ھەدىيە قىلدىم. دېدەك قىلامسەن، توقال قىلامسەن، ئىختىيارىڭ، ھازىر بىر كوزا ئىدىقۇت شارابى بىلەن سېنى كۈتسۇن، راھەت كۆر، — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

چاھارباغ. شاھ كېچە قاراڭغۇلۇقىدا يالغۇز غەمكىن خىيال سۈرۈپ ئايلىناقتا. كېنىزەك، ياساۋۇللار شاھنى يىراقتىن ئەگىشىپ مېڭىپ قوغداماقتا. شاھ كۆكتىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ بىر كېرىلدى ـ دە، ئىلھامى تۇتۇپ بىر رۇبائىي ئوقۇدى:

زامانىنىڭ سىرىنى بىلمەس ھېچ ئادەم،
بۇ تۈگۈن يېشىلمەس سەندە، مەندە ھەم.
پەردىنىڭ ئىچىدە تۇرار بارچە سىر،
بۇ پەردە ئېچىلسا تۇرمايمىز بىردەم.

شۇ چاغدا ئايشە ئاستا شاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ دېدى:

— شاھ ئالىيلىرى، تۆتىنچى خانىش ھۆربانۇ بۈگۈن كېچە ئالىيلىرى قەسرىمگە قەدەم تەشرىپ قىلسا، ئۇنىڭغا خارەزىملىك كېنىزەكنى توقاللىققا تەقدىم قىلسام، دەيدۇ.

شاھ كۈلۈمسىرەپ يەنە بىر رۇبائىي توقۇدى:

باش ئەگمە، بۇ دۇنيا ئەسلىدىن پەرياد،
ئۆتكەنلەر غېمىنى قىلمىغىن سەن ياد.
دىل بەرمە بوستان چاچ، ھۆردىن بۆلەككە،
ئۆمرۈڭنى شارابسىز قىلمىغىن بەرباد.

— بوپتۇ، بارسام باراي، بۈگۈن چىشىمغا تەگسە، ئۇنىمۇ ئاشۇ خارەزىملىك دېدەك بىلەن قوشۇپ تالاق قىلىپ، خارەزىمگە ھەيدىۋېتىمەن، — دېدى شاھ.

— ھۆربانۇ خانىش بارغانچە ئەقىللىق ھەم گۈزەل بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئالەمپاناھنىڭ كۆزلىرىگە قاراپلا پەيلىرىنى بىلىدىكەن، — دېدى ئايشە.

شاھ قايتىشقا تەرەددۇتلاندى.

شاۋاز قەسرىنىڭ ھەشەمەتلىك زىياپەت زالى. زالنىڭ ھەممە يېرىدىكى ئالتۇن ھەللىك نەقىشلەر قاتار يورۇتۇلغان شام يورۇقىدا جۇلالىنىپ تۇراتتى. داستىخانغا تۈرلۈك تائاملار تىزىلغانىدى. يەتتە قات تاۋار كۆرپە ئۈستىگە جايلاشقان شاۋاز بىردە پەي ياستۇققا يۆلىنىپ، بىردە يانپاشلاپ، بىردە بەخىرامان پۇتلىرىنى سوزۇپ راھەتلەنمەكتە ئىدى. بىر دېدەك پۇتىنى، يەنە بىر دېدەك ئۇچىسىنى تۇتتى. بىرى يەلپۈدى، يەنە بىر دېدەك داستىخاندىكى تائاملاردىن ئېلىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا سالدى. شاۋاز پات - پات كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا داستىخاندىكى نازۇنېمەتلەرنى كۆزىتىپ، يېگۈسى كەلگەنلەرنى قولى بىلەن ئىشارەت قىلاتتى. قول باغلاپ تۇرغان يەنە بىر دېدەك ئۇ كۆرسەتكەن نەرسىنى كىچىك كۈمۈش پەتنۇسقا ئاۋايلاپ ئېلىپ شاۋازنىڭ ئاغزىغا يېمەكلىك سالىدىغان دېدەككە سۇنۇپ بېرەتتى. زىياپەت زالىنىڭ پەگاھ تەرەپتىكى بۇلۇڭىدا ئەلنەغمىچىلەر ناخشا ئېيتماقتا ئىدى، ئۇسسۇلچى قىزلار بولسا چىرايلىق خۇلقلارنى چىقىرىپ ئۇسسۇل ئويناتتى.

بىر چاغدا جېسەكچى كىرىپ غەزنەۋىلەر ئەلچىسى زەيىندىن بومىيانىنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. شاۋاز خۇشياقار - خۇشياقماي، باشلاپ كىر دېگەن ئىشارەتنى قىلدى. جېسەكچى چىقىپ كېتىپ، ھايالشىمايلا ئۆڭسۈلى ئۆچكەن، غەزەپتىن يېرىلاي دەپ قالغان زەيىندىن بومىيانى جىددىي قىياپەتتە كىردى. ئۇنىڭغا ياندىشىپ ئابلىز شەيتان كىردى. شاۋازغا ئابلىز شەيتان

www.uyghurkitap.com

ئېگىلىپ سالام بەردى. زەيىنىدىن بومىيانى سۇس سالام بەردى. ئابلىز شەيتان قېتىپ تۇرغان زەيىنىدىن بومىيانىنىڭ بىقىنىنى مۇتاپ چىلىك مۇجۇۋەتتى. بېشىنى تىك تۇتۇپ سالاپىتىدىن چۈشمەي تۇرغان زەيىنىدىن بومىيانى ئاغرىقتىن تولغىنىشىپ قەددى پۈكۈلۈپ، چىرايى پۈرۈشۈپ، تارتىشىپ كەتتى. ئابلىز شەيتان ۋەزىرئەزەمگە تۈزۈك ئېگىلىپ سالام قىل دېگەن ئىشارەتنى قىلدى. ئىشتىھا نەغمىسىگە بېرىلگەن شاۋاز كېنىزەك ئاغزىغا سالغان يېمەكلىكنى چايناۋېتىپ ئەلچىگە كۆزىنى قىسىپ، قارشىسىدىكى يەتتە قات كۆرپىدە ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. زەيىنىدىن بومىيانى ئابلىز شەيتانغا قارىدى، شەيتان مۇزدەك كۈلۈمسىرەپ كۆرپىگە ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. زەيىنىدىن بومىيانى يەتتە قات كۆرپىدە ئولتۇرۇشىغا بىر دېدەك پەي ياستۇق قويۇپ بەردى. يەنە بىر دېدەك پەتنۇسقا داستىخاندىكى نازۇنېمەتلەردىن ئېلىپ يەنە بىر دېدەككە سۇندى. دېدەك پەتنۇستىكى غىزانى ئېلىپ زەيىنىدىن بومىيانىنىڭ ئاغزىغا تەڭلىدى. بومىيانى ئاغزىنى ئاچماستىن ئابلىزغا قارىدى. ئابلىز چەكچەيدى، بومىيانى دەرھال ئاغزىنى ئاچتى، دېدەك ئۇنىڭ ئاغزىغا يېمەكلىكلەرنى سالدى، بىر دېدەك پۇتىنى، يەنە بىر دېدەك ئۇچىسىنى تۇتتى. يەنە بىرى بېشىدا تۇرۇپ يەلپۈدى. بىر پارپا كۈمۈش پەتنۇستا ئىككى قەدەھ مەينى ئەكېلىپ بىرىنى شاۋازغا تۇتتى. شاۋاز ئالدى. يەنە بىرىنى بومىيانغا تۇتتى، بومىيانى ئىككىلىنىپ تۇرۇپ ئالدى. شاۋاز خوش دېگەن مەنىدە ئاۋۋال ئىچتى، زەيىنىدىنمۇ ئەگىشىپ ئىچتى. شاۋاز قىزىشىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان نازۇكەرەشمىلىك قىزلارغا قاراشقا ئىشارەت قىلىپ، ئۆزىمۇ شۇلارغا قاراپ تىلىنى چىقىرىپ ھىجايدى. بىر ئۇسسۇلچى سەنەك ئۇنىڭغا قاش ئاتتى، كۆز تاشلاپ، كۆكسىنى ئويناتتى، شاۋاز خىرىلداپ كۈلۈپ چاۋاك چالدى. يەنە بىر سەنەك زەيىنىدىن بومىيانىغىمۇ خۇددى شۇنداق قىلدى، شاۋاز بىردىن ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىدىن قاس چىقىرىپ ئۇسسۇل ئوينىدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇسسۇلچى قىزلار شاۋازنى چۆرگىلەپ بېقىشىپ ئۇسسۇل ئوينىدى. شاۋاز قوللىرىدىن قاس چىقىرىپ زەينىدىنىنى ئۇسسۇلغا تارتتى. زەينىدىن ئوڭايسىزلىنىپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئۇسسۇل ئوينىيالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇسسۇلغا چۈشۈشنى رەت قىلدى. ئابلىز شەيتان چەكچىيىپ تۇرۇپ ئالدىغا بىر قەدەم چامداپ، قولىنى بېلىدىكى شەمشىرىنىڭ دەستىسىگە ئاپاردى. قورقۇپ ھودۇققان زەينىدىن بوميانى ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى قالايمىقان پۇلاڭشىتىپ، ئېگىز - پەس دەسسەپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇسسۇلچى قىزلار ئۇنى ئۆرگىلەپ - چۆرگىلەپ، چىرمىشىپ، سۈركىلىپ، كۈلۈشۈپ قىيقاس كۆتۈرۈشۈپ ئوينىدى. زەينىدىن بوميانى بىچارە ھالەتتە ئۇسسۇل ئويناپ، قىزلارغا يىغلاۋاتقاندەك قاراپ كۈلۈمسىرىدى. بۇ ھالەتنى كۆرگەن شاۋاز تېلىقىپ كۈلۈپ، قاس چىقىرىپ ئۇسسۇل ئوينىدى.

ئاخىر ئاسخان باخشى سەنەمنى پېرىگە سالدى. چاھارباغدىكى ھېلىقى ئالما دەرىخىنىڭ تۈۋىگە گۈلخان يېقىلغان، گۈلخان يېنىغا ئون ئادەم سىغىدىغان، ئۈچ تەرىپى پاكار ۋادەكلىك يوغان كارىۋات قويۇلغان، كارىۋاتقا گىلەم سېلىنىپ، ئوتتۇرىسىدا غېرىب ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ قويۇلغانىدى. ئالما شېخىغا ئالىيىشىل پۆپۈكلۈك ئارغامچا سېلىنغان، پەسكە ساڭگىلىغان ئۈچى سەنەمنىڭ بېلىگە باغلانغان، سەنەم بېشىغا پۈركەنچە ئارتىپ غېرىبنى چۆرگىلەپ پېرە ئويناماقتا ئىدى. كارىۋاتنىڭ ئەتراپىدا قاسماق، چىگىشلەشكەن كۈلالىرىدىن چىقىپ قالغان چاچلىرى مۈرىلىرىنى باسقان، بىر - بىرىدىن تەلەتى سەت باخشىلار داپلىرىنى داراڭشىتىپ ھۆكمەت ئوقۇماقتا:

ھۇ، ئاللا ھۇم،
ئاق ئاتلىقلار، ھۇم،

كۆك تۇغلۇقلار، ھۇم،
سامادىن چۈشۈپ،
نەيزەڭنى سانجىپ،
جىنلارنى قوغلا،
بەنتى، بىغىشنى،
ئۇگە ـ ئۇگەنى،
بەند قىلغان بەدبەخت
جىنلارنى قوغلا،
ھۇم، ئاللا ھۇم،
ھۇم، ئاللا ھۇم.

ئاسخان قولىدىكى ئىسرىقنى غىرىب بىلەن پىرە ئويناۋاتقان سەنەمنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ، ئۆزگىچە بىر خىل ئاھاڭدا توۋلايتتى:

كۆچ، بۇ يەردىن كۆچ،
يەلدىن بولساڭ كۆچ،
بەلدىن بولساڭ كۆچ،
سەلدىن بولساڭ كۆچ،
ئەسكى تامغا كۆچ،
يالغۇز دەرەخكە كۆچ !
كۆچسەڭ كۆچتىڭ،
كۆچمىسەڭ ساغراڭغا
قوزۇق قېقىپ،
ئۆلتۈرىمەن، كۆچ.

سەۋدا بولساڭ كۆچ،
كۆيگەن بولساڭ كۆچ،
مەيدە كۆچ،
ئاتلاردا كۆچ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

شامالدا كۆچ،
قۇيۇندا كۆچ،
ئەركەك بولساڭ كۆچ،
چىشى بولساڭ كۆچ،
جايىڭ بۇ ئەمەس،
ئەسكى سايغا كۆچ.

سەنەم ئارغامچىغا ئېسىلغىنىچە توختىماي باخشىلارنىڭ دېپىغا كەلتۈرۈپ دەسسەپ غېرىبنى ئايلاندى. غېرىب پات ـ پات لېۋىنى چىشلەپ بېشىنى ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈپ ياتاتتى.

چاكارلار توققۇز قارا قوي، توققۇز ئاق خوراز، توققۇز كۆك كەپتەرنى ئالما تۈۋىگە بوغۇزلاپ، قانلارنى ئالما دەرىخىگە سۇۋاشقا باشلىدى. ئاسخان باخشىمۇ كېلەڭسىز گەۋدىسىنى سۆرەپ يۈرۈپ غېرىبنىڭ يۈزىگە، بەل، پاچاق، تىزلىرىغا، قوللىرىغا، پېرە ئويناۋاتقان سەنەمنىڭ چىرايلىق يۈزىگە قان سۈۋىدى. ھېرىپ، تەرلەپ ھالىدىن كەتكەن سەنەم يىغلامسىرىدى، نىگار ئايىممۇ يىغلامسىرىدى.

شاھ قەسرىنىڭ ئىچكىرى بالىخانىسىدا شاھ بىلەن خانىش مېھرىبانۇ دېرىزىدىن چاھار باغدىكى گۈلخان يورۇقىدا توختىماي پېرە ئويناۋاتقان سەنەمگە غەمكىن قاراپ تۇراتتى. بىر چاغدا مېھرىبانۇ خانىش ئىچى تىتىلداپ دېدى:

— ئىسىت، بىچارە قىزىم توختىماي پېرە ئويناپ، بېشى قېيىپ ئوتقا يىقىلماس ـ ھە؟!

— غېرىبقا كۆيگەنگە تويسۇن، — دېدى شاھ.

ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا قول باغلاپ تۇرغان ئابدۇلغەپپۇر داموللا سۆز ئالدى:

— ئالىيلىرى، سېھىر ـ جادۇ، داخانلىق، باخشىلىق دېگەنلەر دىنى ئىسلامدا مەنئى قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئىماندىن ئاجرايدۇ.

— داموللام، تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق، ئىمانسىزنىڭ خۇدا بىلەن، دېگەندەك بۇ بىغەرەز بالا گەپ ئاڭلىمىسا قانداق قىلغۇلۇق؟ پۈتۈن خانلىقتىكى يەتتە ياشتىن - يەتمىش ياشقىچە ھەممىنى قىلىچىم ئاستىغا ئالدىم، ئىسلام بايرىقىنىڭ ئەتراپىغا توپلىدىم. مەن بىر ئىسلامنىڭ ھامىيسى تۇرۇقلۇق، تۇزكور جالالىدىن تەربىيىلەپ ئىماندىن چىقارغان يالغۇز قىزىمغا كۈچۈم يەتمىدى. بەك كۈچىسەم قىزىمدىن ئايرىلىپ قالىدىكەنمەن، بىلمىۋاتامدىلا؟ — دېدى شاھ بىردىنلا تېرىكىپ، — مېنىڭ ئىمانىدىنمۇ، قىزىمدىنمۇ، يەنە ماۋۇ قەدىناس خانىشىمدىنمۇ ئايرىلىپ قالغۇم يوق، مۇشۇنىڭغا پەتىۋا بەرسىلە. قانداق يول بار، تەقسىر؟

داموللا بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئەپۇ سورىدى:

— كەچۈرسىلە ئالىيلىرى ... كەچۈرگەيلا ...

شاھ زۇۋان سۈرمىدى.

شاۋازنىڭ زىياپەتخانىسى. كاتتا زىياپەت سورۇنىدا شاۋاز بىلەن زەينىدىن بومىيانى يالغۇز قالغان، ئىككىسى تازا كەيىپ بولۇپ، چىلىم تارتىشىپ يانپاشلاپ ياتماقتا ئىدى. شاۋاز دېدى:

— غەزنەۋىلەر تەۋەسىنىڭ، ياق ... ياق ... جاھاننىڭ ھېچ يېرىنىڭ نەشىسى بىزنىڭ مەكتىنىڭكىگە يەتمەيدۇ ... ئۇنىڭدىن قانغۇدەك چېكىپ كۆڭۈلدىكى رەنا بىلەن بىر كېچىنى ئۆتكۈزسەڭ، ئۇ رەنايى جاھان ... ھى ... ھى ... ھى ... سېنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇيالمايدۇ ... ھا ... ھا ...

— سىلەر ... سىلەر ... ئەمدى مەكتىنىڭ نەشىسىدىنمۇ چېكىپ بولدۇڭلار ... رەنالىرىڭلارمۇ ... ئەمدى سىلەرنى ئىزدىمەيدۇ ... ئۇنتۇپ كېتىدۇ، — دېدى زەينىدىن بومىيانى.

— نېمىشقا، نېمىشقا چېكەلمەيمىز... نېمىشقا رەنالار بىزنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ؟ — سورىدى شاۋاز.

— شاھىڭلار سۇلتانىمىز كۆتكەن يەردىن چىقتى، — دېدى زەينىدىن بومىيانى جاۋابەن، — غەزنەۋىلەرنىڭ سەركەردە،

سەرۋازلىرىنىڭ قوللىرى قىچىشىپ، ئاتلىرىنىڭ تۇيىقى قىزىپ تۇرالماي قىلىۋاتىدۇ.

— يۈز يىل بۇرۇنمۇ سامانىيلار ئوردىسىدا ھوقۇق تالىشىش كۆرۈشى يۈز بېرىپ، ئۇلارنىڭ شاھزادىسى ئەبۇ نەسىر سامانىي بىزنىڭ قاراخانىيلار تەۋەسىگە قېچىپ كەلگەندىمۇ ئۇلار ئەگەر ئەبۇنەسىر سامانىينى بىزگە تاپشۇرۇپ بەرمىسەڭلار پەرغانە ۋادىسىنى قانغا بوياپ، ئاتلىرىمىزنى تارىم دەرياسىدا سۇغىرىمىز دەپ لاپ ئۇرغان. ئۇلۇغ بوۋىمىز سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئۇلارنىڭ لاپلىرىغا پىسەنت قىلماستىن، كەشىنىڭ پېتىكىنى چىقىرىپ سىلىگە ئوخشاش ئەلچىگە تۇتقۇزۇپ: «بۇ مېنىڭ جاۋاب مەكتۇپىم، سۇلتانىڭغا تاپشۇرۇپ بەر» دەپلا يولغا سېلىپ قويغان ... ھا ... ھا ... ھا ... — دېدى شاۋاز كۈلۈپ.

— بىز سامانىيلارغا ئوخشىمايمىز. خۇراساننىڭ چەۋەندازلىرى ئەمدى ئاتلىرىنى ئېلى، تارىم بويلىرىدا ئوغلاقتا سالىدىغان بولدى.

— يوغان سۆزلىمىسىلە، چاپقۇنغا چىقارغۇدەك ئون تۈمەن ئاتلىق لەشكىرىڭلار بارمۇ؟

زەينىدىن بومىيانى شاۋازنىڭ سوئالىغا جاۋابەن:

— چاپاۋۇل، شىغاۋۇل، تۇرشاۋۇل بولۇپ ئوتتۇز تۈمەن ئاتلىق قوشۇن پەرغانە تەرەپكە يۈزلىنىپ سەپراس بولۇپ تۇرىدۇ، — دېدى.

شاۋاز يانپاشلاپ ياتقان ئورنىدا ئولتۇرۇپ دېدى:

— ئۇنداقتا مەلىكىنى كىچىك خوتۇنلۇققا سورىغىنىڭلار بىر باھانە ئىكەن ـ دە؟

— شۇنداق بولماي ئەمىسە. بەلكى سورىغاننىڭ ئۆزىمۇ باھانە، — دېدى زەينىدىن بومىيانى.

— نەپسىڭلار نېمىدېگەن يامان! — سورىدى شاۋاز.

— ئۇنىڭدىن كېيىن مەرۋىنى سورايمىز تېخى.

— ئاخىر دېچۇ؟



www.uyghurkitap.com

— قاراخانىيلارنى يەر يۈزىدە مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى زەينىدىن بومىيانى.

— كۆڭلۈڭلار نېمانچە قارا. نېمىشقا بىزگە بۇنچىۋالا ئۆچمەنلىك قىلىسىلەر؟

— بۇ يۈز يىل ئىلگىرىكى غەزنەۋىلەر خانلىقىنىڭ تۈنجى قۇرغۇچىسى، ئۇلۇغ بوۋىمىز سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئارزۇسى. ئۇنىڭ بۇ بۈيۈك ئارزۇسى مانا ئەمدى چەۋرىسى كىچىك مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ قولى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى، خانلىقىڭلار ھەرقانداق بىر خانلىق بىر پەشۋا ئۇرسا پايلىمىغۇدەك دەرىجىدە زەئىپلىشىپ كەتتى، پۇقرالىرىڭلار سىلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدەپ سىلەرگە بالا تىلەپ ئاللاغا ئىلتىجا قىلىۋاتىدۇ. تاغ قاراقچىلىرى ھۇجۇم قىلسا سىلەر تېخىمۇ تۈگىشىسىلەر.

زەينىدىن بومىيانىنىڭ گەپلىرىدىن شاۋاز ئاچچىقلاپ ۋارقىرىدى:

— جۆيلىمە، تىلىڭنى كېسىمەن!

— بېشىمنى كەسسەڭلارمۇ بىكار، — دېدى زەينىدىن بومىيانى.

ئورنىدىن سەكرەپ تۇرغان شاۋاز ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ يەنە ئىزىغا ئولتۇردى. ئۇ ئۆزىچە خىرىلداپ كۈلۈپ چىلىمنى خورۇلدىتىپ شوراپ، ئىسنى پۇرقىرىتىپ قويۇۋېتىپ دېدى:

— سەلجۇقىلارزە سىلەرگە بەيئەت قىپتۇ - دە. ئۇلار قىلىچلىرىنى تاشلاپ قىلىچ ئورنىغا سىلەر ئۈچۈن قوي باقىدىغانغا ھاسا ئالغان، خوتۇن خەقتەك بېشىغا رومال، لېچەك سالغان ئوخشىمامدۇ؟

— سەلجۇقىلارنىڭ سۇلتانى توغرۇل بەگ بىلەن سۇلتانىمىز ئون يىل بىر - بىرىگە تىغ كۆتۈرمەسلىككە قەسەم ئىچىشتى، — دېدى زەينىدىن بومىيانى.

www.uyghurkitap.com

— قەسەم ئىچىپ بۇزۇپ تۇرۇش غەزنەۋىلەرنىڭ ئاتا كەسپى.

شاۋازنىڭ غەزنەۋىلەرگە قىلغان ھاقارەت سۆزلىرىگە چىدىمىغان زەينىددىن بومىيانى خاپا بولۇپ دېدى:

— كاللامنى ئالساڭلارمۇ ئېلىڭلار، لېكىن غەزنەۋىلەرگە ھاقارەت قىلىشقا ھەققىڭلار يوق. ئەگەر سۇلتانىمىز شاھى ئابباس بىلەن سىلىنىڭ ئۆزگە مۇشۇنداق بىھۆرمەتلىك قىلغانلىقىڭلارنى ئاڭلايدىغان بولسا، ئوتتۇز تۇمەن كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىمىزنى باشلاپ كېلىپ، خانىدانلىقىڭلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىدۇ.

— كۆرۈڭ ماۋۇ لاپنى، يەر يۈزىدە ھونلارنىڭ خاقانى باتۇر تەڭرىقۇت ئەللىك تۇمەن كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن قۇرالىغاندىن باشقا ھېچبىر خاقان ئاتلىق قوشۇننى ئون تۇمەنگە يەتكۈزەلىگەن ئەمەس. كىمنى ئەخمەق قىلىدىلا، زەينىددىن بومىيانى؟ سىلى باغداد مەدرىسىدە ئوقۇغان تارىخنى مەنمۇ قەشقەر خانلىق مەدرىسى بىلەن بۇخارا مەدرىسىدە ئوقۇغان، — دېدى شاۋاز.

— ئىككى قېرىنداش خانلىقنىڭ ئۇرۇشىشىغا ئىككىمىز سەۋەب بولىدىغاندەك تۇرىمىز. ئىككى ئارىدا ئۇرۇش بولسا ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۆلىدىغىنى قېرىنداشلاردۇر.

— سىلەرنىڭ سەپرا سۇلتانىڭلار غەرەز ئۇقمايدىغان ئادەم ئىكەن. ئەگەر ئۇ ئەقىللىقراق بولسا، بۇ ئۇرۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

— سەۋەب قىلىساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ دېگەن گەپ بار.

— بۇ ئۇرۇشنى قىلىش، قىلماسلىق سىلەرگە باغلىق بولۇپ قالدى.

زەينىددىن بومىيانىنىڭ گېپىدىن شاۋاز جانلىنىپ چاۋاك ئۇردى. خىزمەتكار كىچىك بىر ياغاچ ساندۇقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ زەينىددىن بومىيانىنىڭ ئالدىغا قويۇپ ئاغزىنى ئاچتى. ساندۇقتا لىققىدە تىللا تىزىلغانىدى. زەينىددىن بومىيانىنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ، يانپاشلاپ ياتقان ئورنىدىن قوزغىلىپ يۈكۈنۈپ

ئولتۇردى ۋە شاۋازدىن سورىدى:
— مەقسەتلىرى نېمىكەن، تەقسىر؟
— ئۆزلىرى غەزنەۋىگە كېتىشكە ئالدىرىمىسىلا. بىزنىڭ ئەلنىڭ داستىخىنى كەڭ، تۇزى ئېغىر، تاغ ـ دەريالىرى گۈزەل. دەم ئېلىپ، شىكار قىلىپ، مەشرەپ ئويناپ، كۆڭۈللىرىنى ئېچىپ، كاللىلىرىنى سەگىتسىلە. بۇ ئازغىنە كۆڭلۈم، سىلى رەسمىي سەپەرگە ئاتلانغۇچە مەشىدىكى مەئىشەتلىرىگە سەرپ بولغاي. نىيەتلىرىمىز ئەمەلگە ئېشىپ، ئىشىمىز روياپقا چىققاندا مەن سىلىگە توققۇز تۆگە دۇنيادەپنە بىلەن خوش دەيمەن، — دېدى شاۋاز.
— سۇلتان مېنىڭ تېز كېلىپ، تېز قايتىشىمنى پەرمان قىلغان. دەرھال يولغا چىقمىسام بولمايدۇ. مېنىڭمۇ ئەتراپىمدا كۆز ـ قۇلاق، پېيىمدە ئادەم بار.
شاۋاز سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:
— سىلى ئادەتتىكى يىگىت ـ قىز ئوتتۇرىسىدىكى ئەلچى ئەمەس، ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئەلچى. بۇنداق بۈيۈك ئىشقا يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىپ، ئۇزاق كېڭىشىپ، ئاندىن جاۋاب بېرىدىغان گەپ.
— مەن ئادەملىرىمگە ئارا بۇزۇلدى، قاتتىق ھېرىپ بولۇپ، سەپەرگە جابدۇنۇڭلار، دەرھال قايتىمىز دەپ ئەمر قىلغان.
— ۋاي ـ ۋۇي ھەمراھلىرىغا يەنە بۇ ئەلنىڭ سۇلتانى بىقارار ئىكەن، ماڭماي تۇرۇڭلار، تەلىپىڭلارغا مەسلىھەت ـ كېڭەش قىلىپ جاۋاب بېرەيلى، دېدى دېمەمدىلا؟
— ھەرھالدا بۇمۇ بەش ـ ئالتە كۈنگە پايلايدىغان گەپ بولدى. ئەمما، سۇلتانىڭلار گەپ ئاڭلىمىسا ...
— بۇ ئەلدە شاھ ھەر كۈنى ۋەزىرئەزەم قايسى تۆشۈككە تەرەت قىل دېسە شۇنىڭغا تەرەت قىلىدىكەن، بولمىسا قىستاپ كەتسىمۇ تەرەت سۇندۇرمايدىكەن، دېگەندەك پىتنە ـ پاساتلار كۆپ، — دېدى شاۋاز.

زەينىدىن بومىيانى شاۋازنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ:

— ۋەزىرئەزەم، بۇ شاھ گېپىمدىن چىقمايدۇ، ئۇنى ھەرقانداق ئىشقا كۆندۈرەلەيمەن دېگەنلىرى، شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

— ھەر قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچى بار، تەقسىر. ئۆزلىرى ئەكەلگەن ئون بىر كېنىزەكنى ھازىرلا بېرىپ كۆرگۈم بار، — دېدى شاۋاز.

چاھارباغ. گۈلخان يورۇقىدا سەنەم باخشىنىڭ دېپىغا پېرە ئويناپ چۆرگىلەۋېرىپ ئاخىر بېشى قېيىپ بولالماي يىقىلدى. ھەممەيلەن سەنەمگە ئولاشتى. مىدىر - سىدىر قىلالماي ياتقان غېرىب سەنەمنىڭ يىقىلغىنىنى كۆرۈپ، ۋۇجۇدىغا نەدىن كۈچ كەلدىكىن، بىر ۋارقىراپلا ئورنىدا ئولتۇردى.ئەتراپتىكىلەر بۇنى كۆرۈپ، «غېرىب ئورنىدا ئولتۇردى، ئاسىخان بۇۋىمىنىڭ سېھىر - كارامەتلىرى كۈچىنى كۆرسەتتى» دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتى. نىگار ئايىم خۇشاللىقتا ئوغلىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى. ئەتراپتىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن سەنەم لاپپىدە كۆزىنى ئاچتى - دە، ئۆمىلەپ بېرىپ خۇشاللىقتىن غېرىبنى قۇچاقلاپ يىغلاۋاتقان نىگارئايىمنى، غېرىبنى تەڭ قۇچاقلاپ يىغلىدى. پېرە سورۇنىدىكى جامائەت تەرلەپ، پىشىپ سۇرلۇك قېتىپ ئولتۇرغان ئاسىخان باخشىغا تەزىم قىلىپ كەتتى.

شۇ چاغدا كۈتۈپخانىسىدا شام يورۇقىدا يوغان بىر كىتابنى كۆرۈپ ئولتۇرغان ئىمادىدىن قەشقەرىنىڭ ئالدىغا چاكار كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— ھەزرەتلىرى، ئاسىخان باخشىنىڭ سېھىر - كارامەتلىرى كۈچ كۆرسىتىپ غېرىب ئۆزى ئولتۇرالايدىغان بوپتۇ.

ئىمادىدىن قەشقەرى زەردە بىلەن كىتابنى يېپىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ تېرىكىپ دېدى:

— يالغان، ئىمانسىز جوھۇتلار! ئەگەر غېرىب ئورنىدا ئولتۇرالىغان بولسا، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يېگەن ئۇيغۇر تېبابەت

دورىسىنىڭ كۈچى ئەمدى ئۆزىنى كۆرسەتكەن گەپ.

چاكار بولغان ئەھۋاللارنى بىر قۇر چۈشەندۈرۈپ دېدى:

— پېرە ئويناۋاتقان يەردە غېرىبىنىڭ ئولتۇرۇشى ئاسخان باخشىنى ئەۋلىياغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى، — دېدى.

ئىمادىدىن قەشقەرى ئۇياق - بۇياقتا مېڭىپ دېدى:

— جاھالەت ۋە خۇراپاتلىق پاتقىقىغا پاتقان دانا كىشىلەر مانا مۇشۇنداق سېھىر - جادۇ دېگەنلەرگە ئىشىنىپ، مۇشۇلارنىڭ ھامىيسى بولغان باخشى - پېرىخون دېگەنلەرنى ئۇلۇغلايدۇ. ئاسخان دېگەن قېرى باخشى سېپى ئۆزىدىن ئالدامچى! قىيامەت، قىيامەت دېگەن مۇشۇ! ماۋۇ نەسچىلىكنى كۆرۈڭ. جاپانى تېپىپ تارتسۇن، ھوسۇلغا جادۇگەر ئىگە بولسۇن. نېمىدېگەن تەتۈر جاھان بۇ!

شاھ يانپاشلاپ يېتىپ چىلىم تارتىپ خىيالچان ھالەتتە ئۆزى يالغۇز شاھمات ئويناۋاتقانلىقى. زېھنى چېچىلىپ شاھماتنىمۇ ئۆرۈۋېتىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ پۇتىغا پۇتلاشقان چىلىمنىمۇ تېپىپ، تامدا تۇرغان قىلىچنى ئېلىپ ئويناتتى. بىركەمدە قىلىچ بىلەن قاپاق چىلىمنى بىر چېپىپ بويىنىنى ئۈزۈۋەتتى. ئاندىن ئەتراپنى ئوراپ تۇرغان پەردىنى چاپتى. پەردە ئۇيان چېپىلىپ - بۇيان كېسىلىپ، ساڭگىل - سوڭگۇل بولۇپ كەتتى. شاھ ھېرىپ، تەرلەپ ھالى قالمىغاندا پەردىلەر پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشتى. شۇ چاغدا پەردە ئارقىسىدا قولىدا ساتار تۇتۇپ جىمىمىدە تۇرغان سۈرەتتەك بىر قىزنى كۆردى. شاھ ئاغزىنى كامارەك ئېچىپ قاراپ قېلىپ ئۈنىڭدىن سورىدى:

— سىز ... سىز ... جىن - ئالۋاستىمۇ، ھۆر - پەرىلەردىنمۇ؟

قىز جاۋاب بەردى:

— مەن كەشمىردىن، ئېتىم گۈلبانۇ.

— بۇ يەرگە قانداق پەيدا بولدىڭىز؟ — سورىدى شاھ.

— مەن ساتار چېلىپ ناخشا ئېيتىشقا ئۇستا. ساتار چېلىپ

ناخشا ئېيتىپ سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئاچاي دەپ سىرىناگاردىن بىر ئاي يول بېسىپ كەلدىم.

شاھ يەنە سورىدى:

— نېمىشقا ماڭا ساتار چېلىپ ناخشا ئېيتىپ بېرىسىز؟

— ئالىيلىرىنى خۇشال قىلىپ كۆڭۈللىرىنى ئالاي دەيمەن.

— نېمىشقا كۆڭلۈمنى ئالماقچى بولدىڭىز؟ ئۆمرۈمدە ئوردامغا كۆڭلۈمنى ئۇتۇش ئۈچۈن ئۆزى كەلگەن قىزنى تۇنجى كۆرۈشۈم.

— ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئالسام، ئاتامنى زىنداندىن ئازاد قىلسام دېگەن نىيەتتە مەن.

— ئاتىڭىزنى زىنداندىن ئازاد قىلماي ئۆزىڭىزنىمۇ زىندانغا تاشلىسامچۇ؟

— ئاتام ئۈچۈن نېمە بولسام مەيلى.

— بۇ يەرگە قانداق كىردىڭىز؟

— ئايشە ئەكىردى.

شاھ قىزنىڭ باش ـ ئايىغىغا سەپسىلىپ، ئۇنىڭغا مەپتۇن بولغان ھالدا ئۇنى بىر ئايلىنىپ چىقتى ـ دە، قىلىچىنىڭ ئۇچى بىلەن چىرايلىق ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىگە قاراتتى. قىزنىڭ بۇلاقتەك تىنىق كۆزلىرىگە قاراپ غەزەپلىك چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. جايىغا بېرىپ ياستۇققا يانپاشلاپ دېدى:

— قېنى، ساتارىڭىزنى چېلىڭە، ئاڭلاپ باقاي.

گۈلبانۇ ئالتۇن ھەللىك كۇرستا ئولتۇرۇپ ساتارنى تەڭكەش قىلىپ سىگاھ مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئوقۇدى:

مانى ئەۋۋارە بولغانغا فىراق ئوتى دەۋا ئەرمىش،
كۆيۈپ ئىشقىڭ بىلەن ئۆلمەك بۇ ئاشىققا رەۋا ئەرمىش.
نە بولغاي سۆز قاتىپ ئۆتسەڭ مەنى سەرگەشتەگە، دىلبەر،
نە ئەيلەي جەننەتى ھۆرنى، ماڭا شۇ مۇددەئا ئەرمىش.
ئايا ئالەم ئارا يۈرگەن، جەھاننى ئوتتا كۆيدۈرگەن،

تەرەھمۇم ئەيلەبان كۆرگىل، كەمىنە بىنەۋا ئەرمىش.
يەتمىتۇ ھەلقۇمە جانىم، نىچۇككىم سەبرى ئېتەي مەن زار،
شاھىم جانىم ئالۇر بولساڭ، نىگارا، مەرھەبا ئەرمىش.
سىنىڭ دەردى فىراقىڭدىن يۈرەكىم قاتمۇقات قاندۇر،
كۆزۈم ياشلىق، دىلىم غەملىككى، رەڭگىم كەھرەبا ئەرمىش.
بۇ ئالەم ئىچرە مۇنداقكىم گىرىفتارى بەلا قىلدىڭ،
قىيامەت قازىسى بولساڭ غەمۇ ھەسرەت گۇۋاھ ئەرمىش.
تامامى ئابىدۇ زاھىد قۇلىغە تۇھفەسىن ئالسا،
كۆيۈپ كەباب بولۇپ ئاشىق گۇلباغى ئاھۇ ۋا ئەرمىش.
نە ئەيشى جەننەتۇ رىزۋان، نە پەرۋائى چەھى بابىل،
كېزىپ ئالەم ئارا يىغلاپ، سوراغى دىلرەبا ئەرمىش.
ئەگەر مەھشەر كۇنى مەشرەپ كۆڭۈلنى ساپ ئېتەي دېسەڭ،
تەسەددۇق ئەيلەگىل جانىڭنى غايەت پادىشاھ ئەرمىش.

شاھ مۇقامدىن مەست بولۇپ خورەك تارتىپ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى. بىر چەتتە قول باغلاپ تۇرغان ئايشە ئاستا كېلىپ شاھقا قاراپ بېقىپ، گۇلبانۇنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى. گۇلبانۇ ئورنىدىن قوزغىلىپ ئىككى قەدەم مېڭىشىغا شاھ كۆزىنى ئېچىپ بېشىنى كۆتۈردى.

— قېنى ھېلىقى مۇقامنى ئېيتىدىغان ساتارچى قىز.
— مانا مەن، ئالىيلىرى.
— نېمىشقا مۇقام ئېيتىشتىن توختاپ قالدىڭىز؟
شاھنىڭ گېپىگە ئايشە جاۋاب بەردى:
— ئالىيلىرى، قارىساق تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتىلە. ئۇيقۇلىرىغا دەخلى قىلماسلىق ئۇچۇن...
— سەن تولا كوتۇلدىماي ئوردا ئىمامىنى چاقىر، — دەپ شاھ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — بۇ قىزنى ماڭا نىكاھ قىلسۇن!
— باش ئۇستىگە، ئالىيلىرى، — دېدى ئايشە.
— ساتارىڭىزنى چېلىپ، مۇقامنىڭ مۇڭلۇق يەرلىرىدىن

www.uygurkitap.com

توختىماي ئېيتىڭ، سىز ئېيتقان مۇڭلۇق مۇقام مېنى شېرىن ئۇخلىتالايدىكەن. توختاپ قالسىڭىزلا ئويغىنىپ كېتىدىكەنمەن، — دېدى شاھ.

— مۇقامنى پەقەت ئۇخلاش ئۈچۈن ئاڭلاملا، ئالىيلىرى؟

— كۆڭلۈم نېمىنى تارتسا، شۇنى قىلىمەن.

مېھرىبانۇ خانىش ھۇجرىسىدا جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاققۇزۇپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنىڭ ئۈستىگە دېدەك قىز خۇشال كىرىپ دېدى:

— خانىش ئايىم، سۆيۈنچە، سۆيۈنچە بەرسىلە!

خانىش دۇئانى تۈگىتىپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى.

— ئېتىكاپتا ئولتۇرغىنىمنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئىبادىتىمنى بۇزدۇڭ. نېمىگە شۇنچىۋالا خۇشال بولۇپ كەتتىڭ؟

دېدەك ھاسىراپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— مەلىكەم ھېرىپ ھالىدىن كەتكۈچە پىرە ئوينىغانىدى، مىدىرلىيالماي ياتقان غېرىبجان بىر كىم يۇلىمىسىمۇ ئورنىدا ئولتۇرالايدىغان بولدى.

— بوپتۇ، ماڭا خەۋەر يەتكۈزگۈنۈڭ ئۈچۈن ساڭا بىر تىللا سۆيۈنچە بېرەي. غېرىبنىڭ كېسەل بولۇپ ياتقىنى بىر باش ئاغرىقى بولسا، ساقايغىنى يەنە بىر باش ئاغرىقى، ئوخشاشلا خاپىلىق، — دەپ مەيۈسلەندى مېھرىبانۇ خانىش.

تاغ تۇرا. تاغقا يېڭى قېچىپ چىققان «مەھبۇس» لارنىڭ تۇرالغۇسى. ئىلياس ئۇلار بىلەن سۆزلىشىمەكتە.

— تاغ تۇرايىمىز يۇرت - مەھەللىگە ئوخشىمايدۇ. ياتىدىغىنىمىز مانا مۇشۇنداق ئۆڭكۈر، تاۋار يوتقان - كۆرپە يوق، پاخالنى سېلىنچا، تېرىنى يېپىنچا قىلىمىز.

ئىلياسنىڭ بۇ گەپلىرىگە چار ساقال بوۋاي جاۋاب بېرىپ:

— بۇ ئۆڭكۈر زالىم پادىشاھنىڭ زىندانىدىن مىڭ ياخشى، — دېدى.

— يەيدىغىنىمىز ياۋايى ھايۋان گۆشى، كۆمەچ - زاغرا، —

دېدى ئىلياس يەنە.
— زىنداننىڭ ئۇمىچىدىن قۇتۇلۇپ گۆش، كۆمەچكە ئېرىشكىنىمىز كاتتا دۆلەت، — دېدى چارساقال. كەينىدىن ئۇزۇنتۇرامۇ سۆز ئالدى:
— زىنداندىكى ئىشكەل، بويۇنتۇرۇقتىن قۇتۇلۇپ، ماڭغۇمىز كەلسە مېڭىپ، تۇرغۇمىز كەلسە تۇرغىنىمىزنىڭ ئۆزى ئەڭ كاتتا دۆلەت كۆرگىنىمىز.
— كۆڭلۇمدىكى يار بولسا، تېرىقنىڭ زاغرىسى بولسا دېگەن مانا شۇ، — دېدى بوۋاي.
— بىزنى پاناھ تارتىپ تاغ تۇرايىمىزغا چىقىپسىلەر. كۆنەلىسەڭلار تۇرۇپ قالساڭلار، قوغلىمايمىز. كۆنەلمىگۇدەك بولساڭلار، جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭرى، خاننىڭ قولى يەتمەيدىغان، تىلى ئۆتمەيدىغان يەرلەردىن بىرىگە كەتسەڭلەرمۇ بولىدۇ، چىرايلىق ئۇزىتىپ قويىمىز. ئاللا ياراتقان بەندىسىنى رىزقسىز قويغان ئەمەس، — ئىلياس شۇنداق دېيىشىگە بوۋاي:
— ياقا يۇرتلارغا بېرىپ سۇلتان بولغۇچە ئۆز يۇرتىمىزدا ئۇلتان بولغىنىمىز خوپ. بىزنى قوغلىمىسلا، باتۇرۇم، — دېدى.
ھەممەيلەن ئۇنىڭ گېپىنى ماقۇللىشىپ ئىلياسقا يالۋۇرۇشتى.
كۆپچىلىكنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئىلياس ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:
— ئۇنداق بولسا بۇ يەرنىڭ قائىدە - ياساقلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىشىڭلار شەرت. كىمدە كىم بىلمەيتىمەن، ئۇقماپتىمەن دەپ بىرەر چاتاق تېرىسا، شۇ تېگىشلىك جازاغا تارتىلىدۇ. تاغ تۇرايىمىز كىچىك، ئۆزىمىز ئاجىز - ئورۇق، دۇشمىنىمىز زور. شۇڭا، ھەرقانداق ئىشتا قاتتىق ئېھتىيات قىلمىساق، ئوڭايلا ھالاك بولىمىز.
— ھەق گەپ، — دېدى بوۋاي. ئىلياس گېپىنى

داۋاملاشتۇردى:

— شۇڭا، ئاراڭلاردىن ئىشەنچلىك ئادەمدىن بىرنى ئۆزۈڭلارغا بەگ قىلىپ تىكلەيسىلەر. سىلەر قىلىدىغان ئىشلارنى بىز شۇنىڭغا بىلدۈرىمىز. بۇنىڭدىن كېيىن سىلەر شۇ ئادەمنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىسىلەر.

ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن، بوۋاي دېدى:

— مۇنداق باقسام ئارىمىزدا مۇشۇ ئۇزۇنتۇرا خېلى چەبدەس، ھوش ـ كاللىسى جايىدا كۆرۈنىدۇ. مۇشۇ بىزگە بەگ بولسا بولغۇدەك.

ھەممىسى بوۋاينىڭ سۆزىگە ماقۇل كېلىشتى.

— بولىدۇ، سىلەر تىكلىگەننى بىز تەن ئالىمىز. ئىسىم ـ زاتىڭىز نېمە؟ — سورىدى ئىلياس.

— ئاتا ـ ئانام ماڭا چوڭ بولسا ھاجى بولار دېگەن ئۇلۇغ نىيەت بىلەن سېيىت ھاجى دەپ ئات قويۇپتىكەن. لېكىن، ھاجى بولماي، مەھبۇس بولدۇم. خەق مېنى سېيىت ھاجى قاۋان دەيدۇ.

ھەممە پاراقلاپ كۈلۈشتى.

— ماقۇل، سېيىت ھاجى سىلەرگە بەگ بولسۇن. بۇنىڭدىن كېيىن ئىش بولسا شۇنىڭغا ئۇقتۇرىمىز، — دەپ خوشلاشتى ئىلياس.

زېمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلىغانىدى. تاغ ئارىسىدا سېيىت ھاجى قاۋان پەم بىلەن ھەر تەرەپكە قاراپ، ئەپچىللىك بىلەن قاراۋۇللارنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى ـ دە، ئوغرى مۇشۇكتەك مېڭىپ جىلغىنى كېسىپ ئۆتۈپ يەنە بىر پاكار قورۇق تاغقا ياماشتى. ئاندىن يوغان بىر يالغۇز دەرەخنىڭ تۈۋىدە بىردەم ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ئولتۇرۇپ، ئەتراپقا ئۇزاق سىنچىلاپ قاراپ جىمجىتلىقنى بىلگەندىن كېيىن، دەرەخنىڭ سەل نېرىسىدىكى يوغان بىر تاشنىڭ يېنىغا كەلدى. تاشنىڭ



www.uyghurkitap.com

تۈۋىدە بىر بۇلاق بۇلدۇقلاپ چىقىپ پەسكە سىرغىپ ئاقماقتا ئىدى. سېپىت ھاجى دۇم يېتىپ بۇلاققا تۇمشۇقىنى چىلاپ قانغۇدەك سۇ ئىچكەندىن كېيىن، ئوڭدىسىغا سوزۇلۇپ يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قاراپ بىردەم جىم ياتتى. بىرئازدىن كېيىن قويندىن ئالدىنئالا يېزىپ تەييارلىۋالغان خەتنى چىقىرىپ پۈكلەپ بىر تېرە خالتىغا سالدى، ئاندىن بۇلاققا چىلىشىپ تۇرغان قورام تاشنىڭ يان تەرىپىنى كولاپ، خالتىنى چانمىغۇدەك قىلىپ كۆمۈپ قويدى. تۆت ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراپ، خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

سەنەم ھۇجرىسىدا شېرىن ئۇيقۇدا يېتىپ چۈش كۆردى. چۈشىدە گۈزەل بىر يايلاقتا غېرىب بىلەن بىردىن چىرايلىق ئاق ئاتقا مىنىپ بەيگىگە چۈشتى. ئۇلار خۇشال - خورام ھالدا ئاتلىرىنى تازا چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقاندا، غېرىبنىڭ ئېتى مۈدۈرۈپ كەتتى. غېرىب ئاتتىن قويۇق ھەم ئېگىز ئۆسكەن چۆپلەر ئارىسىغا موللاق ئېتىپ غايىب بولدى. ئۇنىڭ ئېتى يۈگۈرگەن پېتى باشقا بىر تۆپىلىككە چىقىپ كۆزدىن غايىب بولدى. سەنەم ئاتتىن چۈشۈپ غېرىب ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكەن ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىن ئۇنى ئىزدىدى، لېكىن غېرىب كۆرۈنمىدى. سەنەم بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ: «غېرىب ... غېرىبجان ... نەدىسىز ... غېرىب؟!» دەپ ھەر تەرەپكە يۈگۈردى. غېرىبتىن سادا بولمىدى. سەنەم ئاخىر ھېرىپ ھالى قالماي، يىقىلىپ چۈشتى. ئورنىدىن تەستە تۇردىيۇ، ماڭغۇدەك مادارى بولمىغاچ ئولتۇرۇپ قالدى. غېرىب ناخشامنى ئاڭلىسا پەيدا بولارمۇيا، دەپ ئويلاپ ناخشا ئېيتتى:

زۇلۇم بىلەن قەبىھ پەلەك،
بىزنى غەيرىي يارغا سالدىڭ.
ئىبراھىمدەك ئوتقا تاشلاپ،
جاپا بىرلە نارغا سالدىڭ.

www.uyghurkitap.com

كۆتۈردى كۆڭۈل خۇشنى،
بۇزدۇردى گۇلشەن رىشتىنى.
ئاققۇزدى مۇھەبت ياشىنى،
بىزنى بىر خۇنبارغا سالدىڭ.

ھېچ قويمىدى ئۆز ھالىمغا،
رەھىم ئەتمىدى ئەھۋالىمغا.
يەتكۈزمىدى ۋىسالىمغا،
ھىجران دەشتى يارغا سالدىڭ.

بىزنى لەيلى ـ مەجنۇن ئېتىپ،
كېچە ـ كۈندۈز قان يىغلىتىپ.
كۆز ياشىمنى تارىم ئېتىپ،
بۇ غەم بازارىغا سالدىڭ.

كۆپ مۇشكۇل بولدى ھالىمىز،
پەلەك بۇزدى ئىقبالىمىز.
مۇنەججىم كۆردى پالىمىز،
بىزنى بەختى قارا سالدىڭ.

شاھ سەنەم ئىزدەر ئۇلپىتىن،
ھېچكىم بىلمەس كۆلپىتىن.
ماڭا سېلىپ جاپا تىغىن،
يۈرەكىمگە يارا سالدىڭ.

ئاندىن يەر ئاستىدىن ئاڭلانغاندەك غېرىبنىڭ ناخشىسى ئاڭلاندى:

تاغ ئورىسى چۆشتۈم خالىي،
مەن غېرىبنىڭ كەتتى ھالى.

سەنەمجاننىڭ يوق ماجالى،
چىقىۋالسام ئىدى كاشكى.

سەنەم ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ چۈپلۈك ئارىسىنى ئىزدەپ، چوڭقۇر ھاڭنىڭ تەكتىدە تۇرغان غېرىبنى كۆردى. قولىنى ئۇزاتسا يەتمىدى. چۈشەي دېسە چۈشكۈدەك يەر يوق. سەنەم غېرىبقا قاراپ ھەسرەت بىلەن ناخشا ئېيتتى:

ھەر كىشى مۇنداق بالاغا بولمىسۇن ھېچ گىرىپتار،
قالمىسۇن كۆڭلىدە ئارمان، زەردە يۇتۇپ ئىختىيار.
تىترىشۇر سىمابتەك بۇ تەندە جانىم بىقارار،
يارىم ھاڭدا يارىدار، مەن بۇ يەردە ئىنتىزار،
جانىم ئاللا، جان يارىمنى بۇ ھاڭدىن ئازاد قىل.

غېرىب جاۋابەن ناخشا ئېيتتى:

قويمىدى ئۆز ھالىمغا بۇ دەرد سەرگەردان مېنى،
ھىجرى دەشتىدە قۇيۇندەك ئەتتىلەر ھەيران مېنى.
جانىم ئالماي قويمىدى بۇ دەردى بىدەرمان مېنى،
ئىشق ئاپىتى قىلىپتۇ، بىچارە پەرىشان مېنى،
جانىم ئاللا، بۇ بالادىن ئازاد قىل مېنى.

غېرىب ناخشا ئېيتىۋاتقاندا، يوغان بىر يىلان كېلىپ ئۇنىڭ پاچىقىغا يۆگەشتى. غېرىب بۇنى بىلمىدى، سەنەم ۋارقىرىسىمۇ ئاڭلىمىدى. ئاخىر سەنەم ياردىن پەسكە سەكرىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# سەككىزىنچى باب

سامانىيلار خانلىقىنىڭ شاھزادىسى ئەبۇنەسىر سامانىي ئوردىدىكى تەخت ۋارىسلىقىنى تالىشىش قىرغىنچىلىقىدىن قانچە مىڭ كىشىنىڭ ئۇنى قوغداپ ئۆزلىرىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشى بىلەن ئامان قالدى. ئۇ قېچىپ - قېچىپ يىراقلاپ ھىندىقۇش تاغلىرىدىن قاراقورۇم تېغىغا ئۇلاشتى. مۇز تاغدىن ئارتىلىپ ئۆتۈپ قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى تاغلار ئارىسىدا مۆكۈنۈپ قېچىپ يۈرۈپ، ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن شاھزادە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بىلەن ئاغۇ تاغلىرى ئارىسىدىكى پەچچىم ئۆڭكۈرىدە تاسادىپىي دىدارلىشىپ دوستلىشىپ قالدى.

شاھزادە ئەبۇنەسىرمۇ ئەسلىدە سامانىيلار خانلىقىنىڭ ۋەلىئەھدىسى ئىدى. پەقەت پارس خانىشتىن تۇغۇلماي، تۈرك خانىشتىن تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆلۈم ۋەھىمىسى يۈزلەنگەنىدى. بۇ ۋەلىئەھدى يوقىتىلمىسا سامانىيلار خانلىقىنىڭ تىزگىنى پارسلارنىڭ قولىدىن تۈركلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتەتتى، پارسلارغا تۈرك ئەۋلادى ھۆكۈمران بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەبۇنەسىر سامانىي ئوردىنى چىڭ قاماللاپ تىزگىنلەپ تۇرغان پارس ۋەزىر - ئەمىرلەرنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ سامانىيلار خانلىقى بىلەن داۋاملىق يايلاق، سۇ، تاغ - دەريا ۋە شان - شۆھرەت تالىشىدىغان، دىنىي ئۆچمەنلىكى (ئەينى چاغدا سامانىيلار ئىسلام دىنىغا، قاراخانىيلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى) چوڭقۇر بولغان قاراخانىيلارغا بېشىنى ئېلىپ قاچقانىدى. ئادەتتە، قاراخانىيلارنىڭ پۇقرالىرى سامانىيلار تەرەپكە ئۆتۈپ قالسا، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى بۇددىستلار دەپ ئەسىرگە ئېلىپ، قۇل - دېدەك قىلاتتى. سامانىيلارنىڭ

يۇقىرىلىرى قاراخانىيلار تەرەپكە ئۆتۈپ قالسىمۇ ئوخشاشلا مۇسۇلمان دەپ ئۆلتۈرۈلەتتى، قۇل قىلىناتتى. مۇشۇنداق مۇرەككەپ، جىددىي ۋەزىيەتتە ئەبۇنەسىر سامانىي سامانىيلاردا ئۆلتۈرۈلگەندىن كۆرە قاراخانىيلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قۇل بولسىمۇ ھايات قېلىشىنى ئەۋزەل كۆرۈپ، سامانىيلار پايتەختى باميان شەھىرىدىن قېچىپ چىقتى. ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ھالقىپ، قاراقۇرۇمنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىكى مۇز تاغدىن ئارتىلىپ، تاشبالىق ئارقىلىق ئوپال تاغلىرىدىن ئۆتتى. مىڭبۇلاقتا بىر مەزگىل يوشۇرۇنۇپ تۇرغاندىن كېيىن ئاقدالا قەدىمىي شەھىرىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئاغۇ تاغلىرىنىڭ ئارىسىغا مۆكۈنۈۋالدى. ئۇ كۈندۈزى پەچچىم ئۆڭكۈرىدىكى كۆلچەك بويىدا ئۇخلىسا، كېچىسى ئوقيا، نەيزىسىنى ئاچىقىپ ئوۋ ئوۋلاپ، ئوۋ گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يەپ جان باقتى. شۇ كۈنلەردە ساتۇق بۇغراخان نامدا قوغدىغۇچى، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى نەزەربەند قىلغۇچى قىرىق بىر بوز يىگىتى بىلەن ئوۋ ئوۋلاپ مۇشۇ جايغا كېلىپ قالدى. بىر چاغدا شاھزادە ساتۇقنىڭ كۆز ئالدىدىن چىرايلىق بىر كېيىك شىلدىرلاپ سۇ ئىچىپ تۇرغان تاغنىڭ بەل قىسمىدىكى ئۆڭكۈرگە كىرىپ كەتتى. بوز يىگىتلەر كېيىكنى قوغلاپ ئات سالدى. ساتۇق ئۇلار بىلەن تەڭ ماڭغان بولۇپ، پەم بىلەن ئۆڭكۈرگە كىردى. يىگىتلەر بولسا باشقا ياققا كېتىپ قېلىشتى. ئۆڭكۈر داشقازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك تۇم قاراڭغۇ ئىدى. شاھزادىنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئىچكىرىسىدىن ئېگىزدىن تامچىغان سۇنىڭ قانداقتۇر بىر كۆلچەكتىكى سۇغا چۈشكەندىكى چولتۇك - چولتۇك، چوك - چوك قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. شاھزادە ئىچكىرىلەپ مېڭىشتىن ئەيمىنىپ ئارقىسىغا بۇرىلاي دەپ تۇرۇشىغا، ئۆڭكۈر ئىچىدىن سالقىن شامال ئۇرۇلۇپ بىر جۈپ يېشىل نۇر كۆرۈندى. «ھەببەللى، سەنمۇ ئۆڭكۈرنىڭ چىقىدىغان يېرىنى تاپالماي تۇمشۇقۇڭ تاغقا ئۇسۇپ يېنىپسەن - دە، جانىۋار.» بىر جۈپ

www.uyghurkitap.com

يېشىل نۇر كېيىكنىڭ كۆزى ئىدى. قاراڭغۇدا كېيىكنىڭ كۆزىنىڭ يورۇيدىغانلىقى شاھزادە ساتۇققا ئايدىڭ ئىدى. «بۈگۈن سېنىڭ مېنىڭ قولۇمغا چۈشىدىغانلىقىڭ پېشانەڭگە پۈتۈلگەنىكەن، كەل جانىۋار، مەن سېنى ئوۋلاي !» ساتۇق ئوقيانىڭ كىرىچىنى تارتاي دېيىشىگە يېشىل نۇر يوقاپ كەتتى. ئاشۇ يېشىل نۇرغا ئاتسىلا ئوق دەل كېيىكنىڭ كۆزىگە قادىلاتتى، يېشىل نۇرنىڭ يوقالغىنى كېيىكنىڭ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۆڭكۈرگە ئىچكىرىلەپ ماڭغىنى ئىدى. ساتۇق نۇرنى مۆلچەرلەپ پەم بىلەن پۈتىنى سىيرىپ يۆتكەپ ئىلگىرىلىدى. يوغان چامدىسا تاسادىپىي ھاڭغا سىيرىلامدۇ، تۆشۈككە سىيرىلامدۇ، تەگرى بىلىدۇ. كېيىكنىڭ كۆزى قاراڭغۇدا ھەممىنى كۆرگەن بىلەن، ئادەمنىڭ كۆزى قاراڭغۇدا ھېچنېمىنى كۆرمەيتتى. يېشىل نۇر خۇددى مەن بۇ يەردە دېگەندەك پات - پات ساتۇققا غىل - پال كۆرۈنۈپ غايىب بولاتتى. شاھزادە يەنە بەش - ئون قەدەم مېڭىپ قايانغا مېڭىشىنى بىلەلمەي قالسا، يېشىل نۇر غىل - پال يورۇپ ئۇنىڭغا بەلگە بېرەتتى. دېمەك، كېيىك پات - پات كەينىگە قاراپ قويۇپ ئالدىغا ماڭماقتا ئىدى. شاھزادە ئىچكىرىلەپ ماڭغانچە يۈزىگە تېخىمۇ سالقىن شامال ئۇرۇلدى. ئالدىن غىل - پال يورۇق پەيدا بولدى. يورۇق بارغانچە زورىيىپ ئۆڭكۈر ئىچى يورۇدى. ساتۇق كۆردىكى، سەككىز غولاچ ئېگىزلىكتە — ئۆڭكۈرنىڭ تاغ قىسىلغان يېرىدە تۆڭلۈكتەك بىر قىسىلچاق بار ئىكەن. كېيىك تاقلاپ - تاقلاپ قىسىلچاقتىن چىقىپ كەتتى. ئاشۇ قىسىلچاقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان يېرىم غولاچ كەلگۈدەك نۆكچە ناۋاتتەك، نوغۇچتەك، نەيزە ئۇچىدەك مۇزنىڭ ئۇچى ئېرىپ سەككىز غولاچ پەستىكى ئۆڭكۈر تېگىگە سۇ تامچىپ، بىر غولاچ كەڭلىكتە كۆلچەك پەيدا قىلغانىدى. دەل شۇ كۆلچەك بويىدا قەددى - قامەتلىك، ئورۇق، شادا پاچاق كەلگەن بىر يىگىت پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن تىرەكتەك قىيامدا تۇرۇپ بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىماقتا ئىدى.

ساتوۇق دەرھال شەمشىرىنى ئېلىپ ئۇ يىگىتكە سەل يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىملەردىن قاراخانىيلار تەۋەسىنىڭ ئادىمى ئەمەسلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بىردەم قاراپ تۇرۇپ، يىگىتكە تېخىمۇ يېقىنلاشتى، ئۇ قىمىر قىلماي تۇراتتى. ساتوۇق قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بولۇپ، «توختا، جىم تۇرغان ئادەمگە كەينىدىن بېرىپ قىلىچ ئۇرۇش ئەركەكلەرنىڭ ئىشى ئەمەس، ھەرھالدا ئۇنى خەۋەرلەندۈرۈپ، ئالدىنى قىلغاندا تىغ ئۇرساممۇ ئۇلگۇرىمەن، ئۇنىڭغا گەپ قىلاي» دەپ ئويلىدى.

— ھوي، كىم سەن؟

ئالدىدىكى يىگىتتىن سادا چىقمىدى، ئۇ قول باغلاپ جىممىدە تۇرۇۋەردى. ساتوۇق ئۇنى ئاستا يانداپ ئالدىغا ئۆتمەكچى بولۇۋىدى، يىگىتتىن «ئاللاھۇئەكبەر» دېگەن ئۇن چىقتى ـ دە، ئېگىلىپ، يەنە ئۆرە بولۇپ، ئاندىن سەجدىگە باردى.

«ھە ... ئاڭلىغان، پەرىزىم توغرىكەن. ئۇ بۇ يەرلىك ئەمەس، سامانىيلىق مۇسۇلمان ئىكەن ـ دە. ئۇنى ئەسىرگە ئېلىپ ئۆلتۈرۈپ، بۇدساتۇاغا ئاتاپ نەزىر قىلاي، توختا، ئۇ ئىبادىتىنى قىلىۋالسۇن، ئاندىن ئۆلتۈرەي !» ساتوۇق ئۇنىڭ بېشىدا قىلىچ تەڭلەپ ساقلاپ تۇردى، ئۇ يىگىت ئالدىرىماستىن ئىبادىتىنى قىلىپ بولۇپ ساتوۇقنىڭ بېشىدىن ـ ئايىغىغىچە قاراپ كۇلۇمسىرىدى. ئۇ بىر چىرايلىق، ئىسسىق چىراي يىگىت ئىدى.

— ھەي، سەن ئىلاھىڭغا ئەجەب سادىق ئىكەنسەن، بېشىڭغا قىلىچ تەڭلەپ تۇرساممۇ كاللام كېتەر دېمەي، ئىبادىتىڭنى قىلىۋەردىڭ. ئەسلىدە مەندەك دۇشمىنىڭ بېشىڭغا قىلىچ تەڭلەپ دېۋەيلەپ كەلگەندە، قورالىڭنى ئېلىپ ماڭا تاقابىل تۇرساڭ، مەندىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ئىبادىتىڭنى داۋاملاشتۇرساڭمۇ بولاتتى.

— بىر مۇسۇلمان ئىبادىتىنى قىلغاندا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاغا ئۆزىنى بېغىشلىمىغۇچە ئۇ ھەقىقىي مۇسۇلمان بولالمايدۇ، ئىبادەت مەقبۇل بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

— ئىبادەت ئۈستىدە دۈشمىنىڭ سېنى ئۆلتۈرۈۋەتسە قانداق قىلىسەن؟

— ئەگەر ئاللا مېنىڭ جايناماز ئۈستىدە ئىبادەت قىلىۋېتىپ ئۆلتۈرۈلۈشۈمنى ئىرادە قىلغان بولسا بۇ مېنىڭ بەختىم، چۈنكى مەن ئاللانىڭ ھەقىقىي مۆمىن بەندىسى قاتارىدا ئۇنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىمەن.

— ئىلاھىڭ سېنى قانداق مۇكاپاتلايدۇ؟

— جەننەت بىلەن.

— سەن جەننەتتە نېمىگە ئېرىشىسەن؟

— ئىنسانىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئەڭ كاتتا راھەت - پاراغەتكە ئېرىشىمەن.

— مەن نازارەتتىن، نەزەربەندتىن بوشىنىشنى ئويلىسام بوشىنالايدىغان، نېمە قىلىشنى خالىسام شۇنى قىلالايدىغان، نېمە يېگۈم كەلسە شۇنى يېيەلەيدىغان، نەگە بارغۇم كەلسە، شۇ يەرگە بارالايدىغان، نەدە تۇرغۇم كەلسە، شۇ يەردە تۇرالايدىغان، ئانامنى كۆرگۈم كەلسە، ئۇنىڭ يېنىغا بارالايدىغان، ئۇيقۇم كەلگەندە ئۇخلىيالايدىغان دېگەندەك، شۇنداقمۇ؟

— ھەئە.

— ئىككىمىز تەڭلا ئۆلۈپ شۇ جەننەتكە كەتمەيلىمۇ؟ ئىچىم سىقىلىپ قىلىدىغان ئىشىمنى بىلەلمىدىم.

— سەن بۇددىست، شۇنداقمۇ؟

— ھەئە، سەن مۇسۇلمان بولغاندەك مەن بۇددىست.

— جەننەتكە پەقەت تەقۋادار مۇسۇلمانلا كىرىدۇ. شۇڭا، سەن جەننەتتىن ئۈمىد كۈتمە؟ سەن ئۆلسەڭ ئۇدۇل دوزاخقا كىرىسەن.

— مەن ھازىرمۇ دوزاختا تۇرسام، ئۆلسەم يەنە دوزاخقا كىرەمدىمەن؟ بۇ نېمىدېگەن ئادالەتسىزلىك !

— سەن مىڭ ياخشى ئادەم بولۇپ كەتسەڭمۇ مۇسۇلمان بولمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسەن.

— ئۆلگەندىن كېيىنكى دوزاخ ھازىرقى مەن ئىچ -

تېشىمدىن ئۆرتىنىپ ياشاۋاتقان دوزاختىنمۇ يامانمۇ؟

— كۆپپارلار ئۇچۇن مۇشۇ راھەت ـ پاراغەتلىرى، ئويۇن تاماشىلىرى جەننەتنىڭ راھىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن يەيدىغان نەرسىسى چوغ، ئىچىدىغىنى ۋاراقلاپ قايناپ تۇرغان قان ـ يىرىڭ، كىيىدىغىنى ئوتتىن ياسالغان چاپان.

— سەن سامانىيلىق مۇسۇلمان، مەن قاراخانىيلىق ئۇيغۇر تۇرۇپ ئەجەب گەپلىرىمىزنى بىلىشىپ، سۆزلىشىپ كەتتۇق ـ ھە؟

— مەن ئازەر تۈركلىرىدىن چىققان مۇسۇلمان، سەن بولساڭ قاراخان تۈركلىرىدىن چىققان بۇددىست. دىنىمىز، يۇرتىمىز باشقا بولغان بىلەن، تىلىمىز، يىلتىزىمىز بىر قېرىنداشمىز. شۇڭا، گېپىمىزنى ئۇقۇۋاتىمىز.

— ھەي، سەن بېشىڭدىن خېلى ئىش ئۆتكەن ئادەمدەك تۇرىسەن. ئىككىمىزنىڭ دەردلىرى بىر ـ بىرىگە ياماق بولامدۇ، بولمامدۇ؟ كەل ئولتۇرۇپ ھال ـ مۇڭ بولۇشايلى. سەنمۇ ئېيتقىن دەردىڭنى، مەنمۇ ئېيتاي دەردىمنى، ئەڭ مۇھىمى سەن ماڭا بۇ دۇنيانىڭ دوزىخىدىنمۇ، ئۇ دۇنيانىڭ دوزىخىدىنمۇ قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى دەپ بەرگىنە، بىر ئاڭلاپ باقاي!

شۇنداق قىلىپ، شاھزادە ئەبۇنەسىر سامانىي بىلەن شاھزادە ساتۇق كونا قەدىناسلاردەك سۆزلىشىپ، دوستلىشىپ قالدى. ساتۇق ئەبۇنەسىرنىڭ بېشىغا قىلىچ تەڭلەنسىمۇ مىت قىلماي قىلغان ئىبادىتىدىن ئۇنىڭ ئۆز ئىلاھىغا بولغان سەمىمىي ساداقىتى، قورقۇمسىز، قەيسەرلىكىگە قايىل بولغانىدى. ماڭا دەل مۇشۇنداق سادىق ھەمراھ كېرەك، ئەتراپىم ساپلا مۇناپىق، ئىككى يۈزلىمىچى، كاززاپلار بىلەن تولسا، مەن تاغامدىن قانداقمۇ ئۆز ھەققىمنى قولۇمغا ئالالايمەن دېگەن خىيال كاللىسىغا كەلگەنىدى. ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقەتلىرىنى ئاڭلىغان ساتۇق ئەبۇنەسىرنىڭ ئۇستازلىقىدا ئاشۇ پەچچىم ئۆڭكۆرىدە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. كېيىن تەختكە ئولتۇرۇپ، دەسلەپتە

ئوردىدىكىلەرنى، كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئوردا سىرتى، سىپىل ئىچى ـ سىرتىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈپ، قاراخانىيلار دۆلىتىنى ئىسلام دۆلىتى دەپ جاكارلىدى. ئەبۇنەسىر سامانىي خان ۋە دۆلەت ئۇستازى بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز شاگىرت تەربىيىلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرىنى پۈتۈن ئەلگە شاگىرتلار ئارقىلىق ئۆگەتتى. قاراخانىيلاردا ئىسلام دىنى خان تەرىپىدىن تارقىتىلغاچقا، ئۇنىڭ قىلىچىدىن قورقۇپ شەكلەن مۇسۇلمان بولغانلار ئەمەلىيەتتە كونا دىنغا بولغان ئەقىدىسىنى دىلىدا، قائىدە ـ ئەھكاملىرىنى كۈندىلىك ئادىتىدە ساقلاپ كەلدى. پۈتۈن دۆلەت مىقياسىدا ئىسلام ئەقىدىسى يۈكسەك نوپۇزغا ئېرىشىپ، پۈتۈن خەلق ئىسلام دىنىنىڭ پەرز ـ سۈننەتلىرىنى بەجا كەلتۈرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا باخشىلىق ـ رەمباللىق، پېرە ئويناش، جىنكەشلىك قىلىشتەك كونا دىنىنىڭ قالدۇق ئامىللىرى ئاز ـ تولا ساقلىنىپ كەلدى. كېيىنچە ئۇلارغا ئىسلام دىنىنىڭ پارسچە تۈس ئالغان بەزى بۇرمىلانغان ئەقىدىلىرى سىڭىپ كەتتى. قاراخانىيلار ئوردىسىدىكى باخشىنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناش مانا شۇ بۇزۇقچىلىقنىڭ داۋامى ئىدى.

ئاسخان باخشى تۇرالغۇسىدا قېتىپ ئولتۇرۇپ تەسۋى سىيرىپ كۈسۈلداپ دۇرۇت ئوقۇماقتا. شاگىرتى گۈلئەندان چوكان كىرىپ تەزىم قىلىپ دېدى:

— دانىشمەن ئۇستاز، ئايشە بېگىم كەلدى.

گۈلئەندانىنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماستىنلا ئايشە سەنەمنىڭ ئىنىكئانىسى گۈلنىھالنى باشلاپ كىردى ۋە:

— ئاسخان بوۋى، تەلەپلىرى بويىچە مەلىكە سەنەمنىڭ ئەڭ ئامراق ئىنىكئانىسى گۈلنىھالنى ئەنجاندىن تاپتۇرۇپ كەلدىم، — دېدى.

— ئوبدان بولدى. ئىنىكئانا، ھازىردىن باشلاپ مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ يېنىدىن كېچە ـ كۈندۈز ئايرىلماي، خۇددى بوۋاق

ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالسىلا.
ئاسىخان باخشى سۆزلەۋاتقاندا گۈلنىھال ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ، ئاندىن ئايشەگە قارىدى.
— گەپنى ئۇقتىڭىزمۇ؟ بۇۋۇمنىڭ دېگىنىدەك قىلسىڭىز ئامراق قىزىڭىز مەلىكە ئالىيلىرىنى ئاللا پاناھىدا ساقلايدۇ، — دېدى ئايشە.
— دېگەنلىرى كەلگەي، ئايشە خېنىم، مەن ئۇ يۇرەك پارەمنى كۆرمىگىلى ساق توققۇز يىل قىرىق بىر كۈن بولدى. ئۇنى قاچان كۆرەلەيمەن؟ — دەپ سورىدى گۈلنىھال.
ئايشەنىڭ ئورنىدا ئاسىخان جاۋاب بېرىپ:
— ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنى كۆرىسىز. ئۇنىڭ باش ـ ئايىغى سىزنىڭ سەجدىگاھىڭىز بولسۇن، — دېيىشىگە، ئايشە يەنە تەكىتلەپ گۈلنىھالغا:
— قۇلىقىڭىزنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاڭ، مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ ھەتتا قانچە قېتىم تەرەتكە چىققىنىدىن تارتىپ ماڭا ۋە ئاسىخان بۇۋىمگە مەلۇم قىلىپ تۇرىسىز، — دېدى.
گۈلنىھال مەلىكە سەنەم بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى بىلىپ چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمۈپ ئاسىخان باخشى بىلەن ئايشەنىڭ بارلىق تەلەپلىرىگە ماقۇل بولدى ـ دە:
— يۇرەك پارەمنى كۆرەلەيدىغان ئىش بولسا ھېلىغۇ ئۇ ئىشكەن، نېمە دېسەڭلار شۇنى قىلىمەن. مېنى ئۇنىڭدىن ئايرىمىساڭلار ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا خۇشالمەن، — دېدى.
— مەلىكە ئالىيلىرى بۇ ئامراق ئىنىكئانىسىنى ئاغىچا ئانا دەيدۇ. ئوردىدىكى ھەممىمىز شۇنداق ئاتايمىز، ئۇنى ئاغىچا ئانا دېسە ھەممە بىلىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى.
— شۇنداق قىلىڭ، ئاغىچا ئانا، — دەپ گېپىنى ئاخىرلاشتۇردى ئاسىخان باخشى.
سەنەم ھۇجرىسىدا تەرلەپ بېشىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ چۆچۈپ، «غېرىبجان ... يىلان ... يىلان» دەپ ۋارقىراپ ئورنىدىن

تۇرۇپ كەتتى. ئۇخلاۋاتقان دېدەكلەر ئورۇنلىرىدىن چاچراپ تۇرۇپ شاملارنى يېقىپ، پايپېتەك بولۇشۇپ سەنەمنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە جىددىيلىشىپ سورىدى:

— مەلىكە ئالىيلىرى، نېمە بولدىلا، قارا باستىمۇ؟

سەنەم كۆزىنىمۇ ئاچماستىن: «غېرىب ... يىلان ... غېرىبجاننى يىلان چاقتى. ياق، يىلان چاققىلى يۈگەشتى ... بىز ئاتلىق كېتىۋاتساق ئۇ ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى ... ئۇ ھاڭ ...ئۇ ھاڭ ... بەك ... بەك چوڭقۇر ...» دېگىنىچە توختىماي جۆيلۈيتتى.

دېدەكلەر مەلىكىنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇشۇپ، ئۇنى چاقىرىشتى.

— مەلىكە ئالىيلىرى ... ئۇيقۇلىرىنى ئاچسىلا ... ئۇيقۇلىرىنى ... ئاچسىلا، سىلىنى قارا بېسىپ قاپتۇ ... چۈش كۆرۈپتىلا ... غېرىبجان ساق.

مەلىكىنىڭ بېشىدا تۇرغان دېدەك يەنە بىر دېدەككە ۋارقىراپ:

— چاققان بول، قىزىل گۈل سۈيىنى ئەكەل، مەلىكە ئالىيلىرىنى ئويغىتايلى، — دېدى.

كۈمۈش تەلەڭگىدە قىزىل گۈل ياپراقلىرى لەيلەپ تۇرغان سۇ كەلتۈرۈلدى. سەنەمنى يۆلەپ تۇرغان دېدەك قىزىل گۈل سۈيىنى يۈزىگە سەپتى. سەنەم شۈركۈنۈپ كۆزىنى ئاچتى.

— غېرىب ... غېرىبجان ... ئۇ ھاڭدا ... بەك چوڭقۇر ھاڭدا ... — دەپ توختىماي جۆيلۈيتتى سەنەم.

— مەلىكە ئالىيلىرى، سىلىنى قارا بېسىپ قاپتۇ. يامان چۈش كۆرۈپ قاپتىلا، غېرىبجان ساق ...

دېدەكنىڭ بۇ گەپلىرىدىن سەنەم ئېسىگە كەلگەندەك بولدىيۇ، جىددىي ھالدا:

— ئەرشىدىن ھۆكۈمانى تېپىڭلار، چۈشۈمگە تەبىر بەرسۇن، ھازىرلا كېلىپ چۈشۈمگە تەبىر ئېيتسۇن، — دەپ بۇيرۇق

قىلدى.

— خوپ ئالىيلىرى، هازىرلا، — دېدەك شونداق دەپلا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

زەينىدىن بومىيانىنىڭ هۇجرىسى. شاۋاز بىلەن زەينىدىن بومىيانى چىلىم تارتىشىپ ئولتۇرۇشتى. بىر - بىرىدىن چىرايلىق ياساندۇرۇلغان كېنىزەك قىزلار يۈزىنى يېرىم توسىغان هالەتتە لەرزان مېڭىپ سورۇنغا كىرىپ كەلدى. نەغمە - كۈيلەر باشلاندى:

ئۇلۇغ دەريايى رەھمەتتىن ھەممىشە خۇشكى لەب بولما،
كى سەن ھەر يەرگە بارساڭ، ئەي ئەزىزىم، بىتەلەب بولما.
ئەرەنلەر خىزمەتىگە بارساڭ، ئەمدى بىئەدەب بولما،
مۇبادا قورقارمەن بولساڭ خۇش سۇپەت، بىزۇۋان بولما،
سەيىدسەن، ھاجىسەن زىنھار مەغرۇرى نەسەب بولما.

سەيىد ئەۋلادىمەن دەپ، تۇتماغىل راھى، قاۋەتنى،
كۆزۈڭ بارىدا ئەختار قىلكى بىر ئەھلى ھىدايەتنى.
تېنىڭدىن كەندە قىلغىل دەم بەدەم سەن بارى غەفلەتنى،
تەكەببۇر سەخت بولۇپ بوينۇڭغە سالما تەۋقى لەئنەتنى،
سەيىدسەن، ھاجىسەن، زىنھار مەغرۇرى نەسەب بولما.

بۇ دەھرى بىئەتىبارغە قويما ئەسلا ئىمتىيازىڭنى،
ئەبەس ئۆتكۈزمەگىل بىھۇدەلىقدە قىشۇ يازىڭنى.
دىلىڭدىن كەم قىلما بىر دەم ئەقىدە - ئىخلاسىڭنى،
ئەجەلنى مەئلۇم قىلۇر سەكراتدە ئەجىزۇ - نىيازىڭنى،
سەيىدسەن، ھاجىسەن، زىنھار مەغرۇرى نەسەب بولما.

شاۋاز ئاغزىدىن چىلىمنىڭ جوغىسىنى ئېلىپ زەينىدىن بومىيانىنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى. زەينىدىن بومىيانى قولىدىن

www.uyghurkitap.com

قاس چىقاردى. كېيىنزەك قىزلار يىلاندەك تولغىنىپ مىڭ خىل نازۇكەرەشمە بىلەن شاۋازنىڭ ئالدىغا بىر ـ بىرلەپ كەلدى ۋە يۈزىنى ئېچىپ تەبەسسۇم قىلىپ، ئوڭغا بىرنى چۆرگىلەپ، سولغا بىرنى چۆرگىلەپ ئاندىن يىراقلاپ كەتتى. شاۋاز ھەربىر قىزغا كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولغان ھالدا يەۋېتىدىغاندەك قارىدى.

سەنەم ھۇجرىسىدا تاقەتسىزلىنىپ ساراڭدەك ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭقىپ يۈرگەنىنىڭ ئۈستىگە دېدەك كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— ئوردا ھۆكماسى مەۋلانە ئەرشىدىن بۇزرۇك ئاتا كەلدى.

— دەرھال كىرسۇن، — دەپ ئىجازەت بەردى سەنەم.

ھۇجرىغا يوغان سىرىق سەللە ئورىغان، ئاپئاق ساقىلى كۆكسىگە چۈشكەن خىزىر سۈپەت بوۋاي مەۋلانە ئەرشىدىن كىرىپ سەنەمگە سالام بەردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مەلىكە ئالىيلىرى، ئالتۇن بويلىرى ئامانمىكىن؟

سەنەم تاقەتسىزلىنىپ دېدى:

— ھۆكۈما ھەزرەتلىرى، تىللىرىنى چاينىماي غاچچىدە گەپ قىلسىلا، ئىچىم سىقىلىپ ئۆلەي دېدىم.

ئەرشىدىن ھۆكۈما ساقىلىنىڭ ئۇچىنى سىلاپ قويۇپ سۆز ئالدى:

— مەلىكە ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغايكى، چۈشلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، غېرىب بىلەن بولغان ئىشلار تېخىمۇ مۇشكۈل بىر ھالغا كەپتۇلەر. غېرىب تېخىمۇ مۇشكۈل كۈنگە گىرىپتار بولۇپ، ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدا قاتتىق جۇدالىق بولىدىكەن. يامان بىر دۈشمەن غېرىبقا زىيان يەتكۈزمەك قەستىدە، ئەمما غېرىب بىچارە بۇنىڭدىن غەپلەتتە. ئۆزلىرى غېرىب ئۈچۈن جانلىرىنى تىكىدىغان ئىش... يۈز بېرەمدۇ قانداق؟ ...

گەپنىڭ ئاخىرىغا ئۇلگۇرۇپ ئايشە ۋە سەنەمنىڭ ئامراق

ئىنىكئانىسى گۈلنىھال كىرىپ كەلدى. ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرغان سەنەم ئاھ ئۇرۇپ ئىنىكئانىسىغا ئۆزىنى ئاتتى.

— ئاغىچا ئانا ... بارمۇ سىز بۇ جاھاندا؟

ئاغىچا ئانىمۇ سەنەمگە ئۆزىنى ئاتتى.

شاۋازنىڭ قەسرىدە ئوردا ساتىرىشى ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇت، چېكە چاچلىرىنى كىچىك قايچىدا پەم بىلەن ياسىماقتا ئىدى.

— ساقال - بۇرۇتۇمدىكى ئاق جىقلاپتىمۇ، ئۇستام؟ — دەپ سورىدى شاۋاز.

— بىر خىل تۇرۇپتۇ، ۋەزىرىئەزەم ئالىيلىرى.

— ياق ... ياق ... مۇشۇ ھەپتە - ئون كۈنىنىڭياقى نەچچە ئون تال ساقال - بۇرۇتۇم ئاقىرىپ كەتتى ... كەلگۈلۈك تازا كەلدى.

ساتىراش خۇشامەت بىلەن دېدى:

— ئۇنداق ئەمەس، ئالىيلىرى، ھەربىر تال چاچ - ساقاللىرى ماشا ناھايىتى تونۇش.

— كۆڭلۈمنى ياسايمەن دەپ ئاۋارە بولمىسىلا، تەقسىر. مېنى ئۇيقۇدىن، تاماقتىن، كۆڭۈل توقلۇقتىن جۇدا قىلىدىغان ئىشلار ئۇستۇمدىن تۆپە - تۆپىلەپ باستى.

شاۋاز سۆزلەۋاتقاندا، ئابلىز شەيتان كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— ۋەزىرىئەزەم، ئاسىخان باخشى ھۇزۇرلىرىغا قەدەم تەشرىپ قىلدى.

— كىرسۇن، — دەپ ئىجازەت بەردى شاۋاز.

ئاسىخان باخشى قورقۇمسىراپ كىرىپ كەلدى ۋە تەزىم قىلدى:

— ئەسسالام، ۋەزىرىئەزەم.

— ھوي باخشى خوتۇن، سەن غېرىب بىلەن سەنەمنى بىر - بىرىدىن بەزدۇرىدىغان سوۋۇتقۇ ئوقۇۋاتامسەن ياكى مېنى ئالداپ غېرىبنى ساقايتىدىغان سۇرە - ئەپسۇنىڭنى ئوقۇۋاتامسەن؟

ئاسىخان باخشى دەرھال شاۋازنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ دېدى:

— يوقسۇ، يوقسۇ، ۋەزىرىئەزەم. سىلىنى ئالدايدىغانغا بېشىم

ئۇنمۇ مېنىڭ؟ ماڭا ئۇۋال قىلمىسىلا.

شاۋاز ئاسخان باخشىنى ئېغىزىنى بۇزۇپ تىللىدى:

— ھۇ جادۇگەر قانجۇق ! ئالدىمدا لالما ئىتتەك ئىڭشىيسەن، لېكىن مەن يوق يەردە بىلگىنىڭنى قىلىسەن !

— يوقسۇ ئالىيلىرى، مەن ئۇنداق قىلمىدىم. سوۋۇتقۇ ئوقۇدۇم، غېرىب بىلەن سەنەم بىر - بىرىنى كۆرسە ئۇن كۇنلۇك يەرگە قاچقۇدەك سېھىر - ئەپسۇن ئوقۇدۇم.

ئاسخان باخشىنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمىگەن شاۋاز غەزەپ بىلەن دېدى:

— يالغان گەپ قىلغان تىلىڭنى كېسىمەن. سەن ئۇلارنى بىر - بىرىگە ئۆچ قىلىمەن دەپ ماڭا ۋەدە بېرىپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە غېرىبنى ساقايتىدىغان ئەپسۇنىڭنى ئوقۇپسەن، بولمىسا ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا ياتقان پالەچ بىر بەندە ئورنىدا ئولتۇرالايدىغان بولامدۇ؟!

ئاسخان باخشى ئۆزىنى ئاقلاپ چۈشەندۈردى:

— ئىللا - بىللا مەن ئۇنداق قىلمىدىم، بۇ مېنىڭ ئىشىم ئەمەس، ھەزرەتلىرى. مەن ئەپسۇنلىرىمنى توققۇز كۈن، بولمىدى دېگەندىمۇ ئۈچ كۈن ئوقۇسام، ئاندىن تېپەتتى. مەن تېخى ئەپسۇنلىرىمنى يېرىملاشتۇرماستىنلا ئۇ تام تۇۋىدىن ھوشۇر تاز قوپقاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— سېنىڭ ئۇنى قوپالماس قىلىۋېتىدىغان، ئاشۇ غەزەل توۋلاپ بېسىقمايدىغان زۇۋانىنى ئۆچۈرىدىغان ئەپسۇنلىرىڭ يوقمۇ، بولسا شۇنى ئوقۇ، — دېدى شاۋاز.

ئاسخان باخشى:

— بولىدۇ، ئالىيلىرى، — دەپ ماقۇللۇق بىلدۈردى.

شاۋاز يەنە ئاسخان باخشىنى قورقۇتۇپ:

— مېنى ئالدايمەن دېمە. ئەگەر ئالدايدىغان بولساڭ، تىلىڭنى كېسىپ قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويىمەن، — دېدى.

ئاندىن شاۋاز ئاسخان باخشىغا چىقىپ كېتىشىنى ئىشارەت

قىلدى.

ئوردا سېپىلىنىڭ راۋىقىدا شاۋاز ئىككى ئالىقىنىدا ئىككى تاشنى تۇتۇپ، غۇلچىنى كېرىپ كىرىشتەك قېتىپ تۇرماقتا. باش ـ كۆزلىرىدىن ئاققان تەر مۇرە، دۈمبىسىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى، ئابلىز شەيتان قاتارلىق نۆكەرلىرى ئەتراپىدا تىك تۇراتتى. ئايشە غىپىلداپ كەلدى ـ دە، دېدى:

— ئەسسالام ۋەزىرئەزەم، كىچىككىچە ئۇخلىيالماپتىملا ـ دە، ئالتۇن بويلىرى ئامان بولغاي !

— شاھ ئالىيلىرى ھازىر قايسى خانىشنىڭ ھۇزۇرىدا ؟ — دەپ سورىدى شاۋاز.

— نەچچە كۈن بولدى، شاھ ئالىيلىرى كۈن بويى يېنىغا ھېچكىمنى كەلتۈرمەي چىلىم تارتىپ، ئۇخلاپ دېگەندەك ئۆتىۋاتىدۇ. ئىچى پۇشسا سازەندە نايناقلارنى چاقىرتىپ، شولارنىڭ ناخشا ـ كۈيلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلايدۇ.

— كىچىك خانىشنىڭ ھۇزۇرىغا يەنە باردىمۇ؟ — دەپ سورىدى شاۋاز يەنە.

— كېيىن يەنە بىر قېتىم بېرىپ خارەزىملىك قىزنى ياراتماي، ھۆربانۇ خانىشنىمۇ تىللاپ قايتىپ كەلگەنچە قايتا بارمىدى.

— ھېلىقى كۈنى ئىچۇرگەن دورانىڭ كار قىلماي قالماس.

— ھازىرغىچە ئۇ دورىنى ئىشلەتكەنلەردىن بىرمۇ بالا تۇغۇلغان ئەمەس، ئالىيلىرى، — دەپ جاۋاب بەردى ئايشە.

— ئۆزۈڭگىمۇ، ھۆربانۇ خانىشقىمۇ قاتتىق ھېزى بول، كوزا كۈندە سۇنمايدۇ، كۈندە سۇنىدۇ، ئۇ يامان شەققە، ھامىلىدار بولۇۋالمىسۇن.

— خوپ، ئالىيلىرى.

— ھەر كۈنى كەچتە شاھ بىلەن سەنەمنىڭ ئەھۋالىنى ماڭا خەۋەر قىلىپ تۇر.

— پەرمانلىرى بويىچە مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ ئىنىكئانىسى

بۈگۈن ئەنجاندىن كەلدى. ئۇنى ئۆزلىرىگە سالامغا كەلتۈرەيمۇ دەپ سورىسام چولام تەگمەيدۇ، ئاسخان باخشى جايلاشتۇرسۇن دېدىلە، شۇڭا ...

شاۋاز ئايشەنىڭ گېپىنى بۆلدى:

— ھە بولدى، ئارىسال بولغاندا كۆرۈشەرمەن، بولمىسا ئۇنىڭغا ئۆزۈڭ كۆز - قۇلاق بول.

— ئۇ خوتۇننى مەلىكە ئالىيلىرىغا قايتا ھەمراھ قىلغاننىڭ پايدىسى بارمۇ، ئالىيلىرى؟ — دەپ سورىدى ئايشە.

— سەۋدا، ساراڭ مەلىكە جاللىدىن قالسا ئاشۇ ئىنىكئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ. بىز ئۇ خوتۇن ئارقىلىق سەنەمنى غېرىبتىن بەزدۈرۈشنىڭ ئامالىنى قىلىمىز. ئاسخان جادۇگەرنىڭ سېھىر - ئەپسۇنلىرىنىڭ دېمىدىسىنىمۇ شۇنىڭ قولى ئارقىلىق سەنەمنىڭ گېلىدىن ئۆتكۈزىمىز.

— ئۇ قاغدالما خوتۇن بىزنىڭ دېگىنىمىزنى قىلامدۇ، ئالىيلىرى؟

— ئۇ شۇنداق ۋەدە بېرىپ كەلدى، — دېدى شاۋاز.

ئايشە بىرمۇنچە چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ چىقىپ كەتتى.

شاھ كۆتۈپخانىسىدا كېنىزەك يورۇتۇپ بەرگەن شامنىڭ يورۇقىدا دۈم يېتىۋېلىپ خەرىتە كۆرمەكتە. بىگىز بارمىقىنى ھەربىر يەر - جاينىڭ ئۈستىگە قويۇپ، قولى بىلەن ساقىلىنى تاراپ بىردەم خىيال سۈرەتتى. ئۇ پەي قەلەمنى سىياھدانغا چىلاپ ھېرات دېگەن ئىسىمنى چەمبەر ئىچىگە ئالدى.

— چىلىمنى ئەكەل!

چىلىمچى پارپا چىلىمنى ئەكېلىپ ئوتلاپ جوغىسىنى شاھقا تەڭلىدى، شاھ چىلىمنىڭ جوغىسىنى ئاغزىغا سېلىپ خورۇلدىتىپ شوراپ، ناھايىتى قويۇق ئىس چىقاردى. ئىس چىقىشى بىلەن يۆتىلىپ كەتتى. كېنىزەكلەر دۈمبىسىنى مۇشتلاپ مەيدىسىنى سىلىدى.

— ھەممىڭلار چىقىپ كېتىڭلار، مېنى يالغۇز قويۇڭلار.

ھەممىسى چىقىپ كەتتى. شاھ ئۆز ـ ئۆزىگە دېدى:

ـــ ئەجەب تەس كۈنگە قالدىما. ئەمەلدار، بەگلەر ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇۋېلىپ تېخى گەپ ئاڭلىمايدۇ، پۇقرالارمۇ باشباشتاق. ھەي كاج پەلەك، مانا مۇشۇنداق كۈندە رەھمەتلىك دىلكىشىم ھەسەن بۇيرۇق قوتتېكىن بولغان بولسا مۇشۇنداق غەملەرنى قىلامدىم؟ قارچىغىنىڭ بالىسى سار چىقىدۇ دەپ، ئۇنىڭدىن تەۋەررۇك قالغان ئوغلى ئاتىسىدەك ماڭا پۇت ـ قول بولۇشنىڭ ئورنىغا مېنى قاقشىتىدىغان بىر يارىماس بولۇپ چىقتى. ئاتىسىنى دورىغان بولسا خانىدانىمىنىڭ ئىچىدىنمۇ، تېشىدىنمۇ ماڭا دۈشمەن قوپسا، شۇئان جايى ـ جايىدا بېسىقتۇراتتى...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، شاھ ئۆزىچە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

ـــ ھەي ئىسىت، ھەسەن ۋەزىر، سەن ئۆلگۈچە خانىدانىمدا بىكار نان يەپ راھىتىمنى كۆرىدىغان، بېشىمغا كۈن چۈشكەندە پوققا ئەسقاتمايدىغان نان قېپىلاردىن تۈمەنلەپ ئۆلسىمۇ مويۇم تەۋرەپ قالمايتتى... ماۋۇ شاۋاز دېگەن نېمە چۆچەكلەردىكى يەتتە باشلىق يالماۋۇزغا ئوخشايدۇ. ھىيلە ـ مىكىرنىڭ تۆپىسىگە يارالغان، جادۇگەر خوتۇننىڭ ئۆزى. ئەمما، جەڭگە چۈشۈك دېسە ھېچبىر قارىسىنى كۆرسەتمەيدۇ. دۆلىتىمگە شېرىك، دەرد ـ ئەلەم، جاپايىمدىن قاچىدۇ. ئەمما، ماڭا ئۇنىڭدىن ئوبدىنى نەدە؟ مەن يەنىلا ئۇنىڭغا كۆنۈپ قالدىم. ئۇنىڭسىز ھېچ ئىش قىلالماس بولۇپ قالدىم...

شاھنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەتتى. بىر چاغدا ھۆربانۇ پەم بىلەن كىرىپ، دۈم ياتقان شاھنىڭ ئارقىسىدىن مېھرىبانلىق بىلەن قۇچاقلاپ باشلىرىنى سىلىدى. شاھ بېشىنى كۆتۈرۈپ ھۆربانۇغا قارىدى. ھۆربانۇ شاھنىڭ كۆز ياشلىرىنى كەشتىلەنگەن يىپەك ياغلىقتا سۈرتۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:

— شاھ ئالىيلىرى، قايغۇرمىسىلا، سۇلايمان پادىشاھ ھەرقېتىم ئېغىر كۈنگە قالغاندا ئاللا يالداما قىلغان ئۈزۈكىگە قاراپ، ئاللانىڭ «بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېگەن سۆزىنى يادلايدىكەندۇق.

— سەن قانداق كىردىڭ؟ — دېدى شاھ.

— ئايشە بىردىنلا ئانامغا ئوخشاش ماڭا كۆيۈنىدىغان بولۇپ قالدى، شۇ ئەكىردى، — دېدى ھۆربانۇ جاۋاب بېرىپ.

ئەتىسى، ھەيۋەتلىك شاھ ئوردىسى. شاھ تەختىدە خانلىق تاجىنىڭ ئورنىغا دۇبۇلغا تاقاپ، شاھلىق تونىنىڭ ئورنىغا ساۋۇت كىيىپ رەسمىي جەڭگە چۈشىدىغاندەك قىياپەتتە سۈرلۈك قېتىپ ئولتۇردى. بارلىق ۋەزىر - ۋۇزرا، ئەكابىر - ئەشرەپ، ئەمىر - بەگلەر شاھنىڭ قىياپىتىدىن چۆچۈپ بىر - بىرىگە قارىشىپ، سۈرلۈك ھالدا سەپراس تۇردى. شاھ ھەممىسىگە سۈرلۈك نەزەردە قارىۋەتكەندىن كېيىن دېدى:

— بۈگۈن مەن تەۋەررۈك جەڭ لىباسىنى كىيىپ تۇرۇپ، ھەرقايسىڭلارغا شۇنى جاكارلايمەنكى، دۈشمىنىمىزنى يەر يۈزىدىن يوق قىلمىغۇچە ئۈچامدىكى جەڭ لىباسىنى سالمايمەن. غەزنەۋىلەر ئۇزاقتىن بېرى بىزگە تەھدىت سېلىپ كەلدى. مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ خاقانى ھەددىدىن ئېشىپ، بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر پەرزەنتىم، ئەتىۋارلىق كۆز نۇرۇم مەلىكە سەنەمنى كىچىك خوتۇنلۇققا سوراپتۇ. بەرمىسەم شەھىرى بەلخنى تەسەللى ئورنىدا غەزنەۋىلەرگە تاپشۇرارمىشمەن. بۇ مەن ئۈچۈن، خاندانلىقىمىز ئۈچۈن، ئەجدادىمىز ھەم ئەۋلادىمىز ئۈچۈن چەكسىز خورلۇق. بۇ خورلۇقنى كۆتۈرۈپ ياشاش مەن ھەم مېنىڭ دۆلىتىمگە شېرىك بولۇپ، مەن بىلەن تەڭ دۆلەت كۆرگەن ھەرقايسى ۋەزىر، ئەمىر - بەگلىرىمگە زور ھاقارەت. مېنىڭ دۆلىتىم سايىسىدە دۆلەت كۆرگەن ھەرقايسى ۋەزىر، بەگ - ئەمىرلەرنى، سەركەردە - لەشكەرلەرنى، دۆلىتىم بېشىغا كەلگەن بۇ ھاقارەتنى بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ

يوپۇش، غەزنەۋىلەردىن قىساسىمىزنى ئېلىش، ئۇلۇغ بوۋىمىز قۇرغان شەھىرى ھېراتنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن غەزنەۋىلەرگە قارشى جازا يۈرۈشىگە ئىشتىراك قىلىشقا چاقىرىمەن !

شاھ ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، خاس نۆكەر بارچۇق بۇيرۇق ئىككى قوللاپ باش ئېگىپ تەڭلىگەن شاھنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى سۇلتان ساتۇقنىڭ تەۋەررۈك قىلىچىنى ھۆرمەت بىلەن ئېلىپ، قىنىدىن شارت قىلىپ سۇغۇرۇۋېلىپ پېشانىسىگە تەگكۈزدى ـ دە، سۆيۈپ، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى.

ـــ ئۇلۇغ بوۋامنىڭ قىلىچىنى دات باسقۇزمايلى، ئاللاھۇئەكبەر !

سەپراس تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى قىلىچلىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ خانغا ئوخشاش بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ بار ئاۋازى بىلەن توۋلاشتى:

ـــ ئاللاھۇئەكبەر ! ئاللاھۇئەكبەر ! ئاللاھۇئەكبەر !

بۇ چاغدا تاغ تۇرادىكى مەشىق مەيدانىدا تاغ باتۇرلىرى ئات چاپتۇرۇپ قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق، خەنجەرۋازلىقنى مەشىق قىلىماقتا ئىدى. سېيىت ھاجىمۇ ئۆز ئادەملىرى بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىشاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزى سەل نېرىدا قىلىچۋازلىق قىلىشىۋاتقان شەيخ جالالىدىن بىلەن سادىق بىلالغا چۈشتى. مەلۇماتچى نۆكەر قاۋۇز يەلتاپان ئاتلىق كېلىپ قويىنىدىن خەت چىقىرىپ سادىق بىلالغا بەردى. سادىق بىلال خەتنى شەيخ جالالىدىنغا بەردى. شەيخ جالالىدىن ئوقۇپ كۆرۈپ سادىق بىلالغا بەردى، سادىق بىلال كۆرۈپ بولۇپ شەيخ جالالىدىنغا قارىدى، شەيخ جالالىدىن خىيالغا پاتتى.

شۇ تاپتا يالغۇز دەرەخلىك تۆپىلىكتە بىر ئاتلىق پادىچى راۋابىنى تىرىڭشىتقىنىچە ناخشا توۋلاپ بىر توپ قوي پادىسىنى ھەيدەپ كەلمەكتە ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ئۆز ـ ئۆزۈمگە دەردلەر سېلىپ،
جان ـ جېنىمنى يارا قىلدىم.
تاغدىن ئېغىر گۇناھ قىلىپ،
يۈزلىرىمنى قارا قىلدىم.

نېچۈك بولار پېقىر هالى،
بوغار بىر كۈن گۆر ئازابى.
قۇتۇلماقنىڭ يوق ئامالى،
خاتا قىلدىم، جاپا قىلدىم.

چۆللەر كەزدىم، تاغلار ئاشتىم،
دەريا كەچتىم، ئۇزاق مەنزىل.
ئامانەتكە تەگمىگەن قول،
ئەجەب يامان گۇناھ قىلدىم.

پادىچىنىڭ ئېتى دەرەختىن يىراقتىكى قورام تاش تۈۋىدىكى بۇلاق بويىغا كېلىپ توختىدى. پادىچى تۆت ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراپ ئاتتىن چۈشۈپ دەم يېتىپ سۇ ئىچكەچ قورام تاشنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ قويۇلغان تېرە خالتىنى ئېلىپ، ئىچىدىن پۈكلەنگەن خەتنى ئېلىپ قوينىغا سالدى ـ دە، يېڭىنىڭ ئىچىدىن بىر پارچە خەتنى چىقىرىپ تېرە خالتىغا سېلىپ بۇرۇنقىدەك هالەتتە كۆمۈپ قويدى. بۇ ئىشلارنى قويۇق چاتقاللىق ئارىسىدا مەخپىي كۆزىتىپ ياتقان ئىلياس ۋە ئۇنىڭ يەنە بىر نۆكىرى كۆرۈپ تۇردى. پادىچى ئۇ ئىشلارنى بېجىرىپ بولۇپ، بۇلاقتا ئېتىنى سۇغىرىپ هېچ ئىش بولمىغاندەك ئەتراپقا قارىۋېتىپ ئېتىغا مىندى ـ دە، پادىسىنى هەيدەپ كېتىپ قالدى. ئىلياسلار پەم بىلەن كېلىپ بۇلاق تۈۋىدىن تېرە خالتىنى ئالدى.

سەنەم هۇجرىسى. ئۇ ئەينەك ئالدىدا ئولتۇراتتى. چۆرە قىزلار سەنەمنىڭ چاچلىرىنى قىرىق تال قىلىپ ئۆرۈپ ياساندۇرماقتا.

سەنەم قىزلارنى ئىتتىك بولۇشقا ئالدىراتتى. ئاغىچا ئانا خۇشاللىقتىن قىن ـ قىنىغا پاتمىغان ھالدا كۆمۈش پەتنۇستا ناشتىلىق ئەكىردى.

خۇشاللىقى ئىچىگە پاتمايۋاتقان سەنەم:

ــ بولۇڭلار قىزلار، نېمانداق مىسسىلدايسىلەر، چاقىقان بولۇڭلار! ئادەتتە بۇنداق قىلمايتتىڭلار، مەن بىلەن قېرىشىۋاتامسىلەر نېمە؟ ــ دەپ قىزلارنى ئالدىراتتى.

ــ يوقسۇ، مەلىكە ئالىيلىرى، كۆندىكىدىن تېز قىلىۋاتىمىز. قولىمىزنىڭ تېزلىكى كۆڭۈللىرىنىڭ تېزلىكىگە يېتەلمەيۋاتىدۇ.

قىزلار شۇنداق دەپلا كۈلۈشۈپ كەتتى.

ــ يىغلىۋېتەي دەپ قالدىم جۇمۇ. تولا چاقچاق قىلماڭلار، بۇنداق سەۋدانى خۇدايىم سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا سالمىسۇن، ــ دېدى سەنەم.

قىزلار بېشىنى تۆۋەن قىلىپ:

ــ خوپ مەلىكە ئالىيلىرى ... بىزنى كەچۈرگەيلا ... ــ دېگىنىچە ھەرىكىتىنى تېزلەتتى. ئاغىچا ئانا بولسا سەنەمگە يېقىن كېلىپ:

ــ قىزىم سەنەمجان، ئالدىراپ قالغاندىكىن مۇشۇ ئەينەك ئالدىدىلا مەن ئاغزىلىرىغا سېلىپ قوياي، ناشتا قىلىۋالسىلا، ــ دېۋىدى، سەنەم:

ــ ياق، خۇش بولۇپ كېتەي، ئاغىچا ئانا، مەن خۇش بولۇپ كېتەي، ماڭا كاشىلا قىلماڭ. غېرىبجان بىلەن بىللە ناشتا قىلاي. ئۇ بىچارە تۈننى تاڭغا قانداقمۇ ئۇلىغاندۇ؟ ــ دەپ ئاغىچا ئانا تەڭلىگەن بىر بۇردا ناننى ئاغزىغا سالغىلى ئۇنىمىدى. شۇ ئەسنادا دېدەك كىرىپ خانىش ئايىمنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

سۆزنىڭ ئايىغى چۈشمەستىنلا مېھرىبانۇ خانىش چۆرە ـ دېدەكلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا كىرىپ كەلدى. ئاغىچا ئانا خۇشال

تەزىم قىلىپ خانىش ئايىمغا سالام قىلدى. مېھرىبانۇ خانىش ئاغىچا ئانىغا قاراپ ھەيران بولدى. سەنەمنى ئۇنىڭدىن قىزغانغاندەك بىر ھېسسىياتتا گاڭگىراپ ھەم قىزىغا، ھەم ئاغىچا ئانىغا قاراپ چىرايى تۇرۇلدى، ئاغىچا ئانىغا پىسەنت قىلماستىن دېدى:

— قىزىم، ئورنىڭىزدىن قانداقراق تۇردىڭىز؟

— مەن ناھايىتى ئوبدان قوپۇپتىمەن، ئانا، — دېدى سەنەم خانىش ئانىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ.

— ئالتۇن بويلىرى ئامان بولغاي، خانىش ئايىم. مەلىكە ئالىيلىرى يېرىم كېچىدىن كېيىن تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمىدى. ھەر نېمە قىلىپمۇ ئۇخلىتالمىدۇق... — ئاغىچا ئانىنىڭ سۆزى تۈگىمەستىنلا، خانىش ئۇنىڭدىن:

— سىز قاچان پەيدا بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدى. خانىشنىڭ سوئالىغا ئاغىچا ئانا ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاب بېرىپ:

— تۈن تەڭگە يېقىن ئورداباللىققا يەتتىم. گۇناھىمنى ئەپۇ قىلغايلا. كېلىپلا سىلىگە سالامغا باراي دېسەم تاتلىق ئۇيقۇلىرىنى بۇزغۇم كەلمىدى، ئەتىگەنلىككە كۆرۈنۈش قىلىپ دىدار - مۇلاقاتتا بولاي دېگەنىدىم. مەلىكەمنى ناشتا قىلدۇرۇپ بولۇپ ئاندىن سالامغا بارماقچىدىم، — دېدى.

— بۇ چاغقىچە نەلەردە يۈردىڭىز؟ — سورىدى يەنە خانىش.

— تۇغقانلىرىم ئەنجانغا كەتكەنىكەن. شۇلارنى پاناھ تارتىپ، ئەنجانغا بېرىپ تۇرۇپ قالدىم، ئالىيلىرى.

— كەلگىنىڭىز ئوبدان بوپتۇ. سىزگە ھاجىتىمىز چۈشكىلى نە ۋاقىت.

خانىش بىلەن ئاغىچا ئانا پاراڭلىشىۋاتقاندا، تەييارلىقى پۈتكەن سەنەم:

— مەن كەتتىم ئەمىسە. سىلەر گېپىڭلارنى قىلىشىۋېرىڭلار، — دېدى. خانىش:

— مەلىكە قىزىم، گېپىم بار ئىدى، — دېگىنىچە تۇرۇپ

قالدى. سەنەم بولسا سىرتقا چىقىپ كېتىۋاتقاچ جاۋاب بېرىپ:
— خانىش ئانا، گېپىڭىزنى كېيىن دەڭ، غېرىبجاننىڭ يېنىغا بارمىغۇچە يۈرىكىم سىقىلىپ ئۆلەي دېدىم. يەنە بىردەم هايال بولسام يۈرىكىم يېرىلىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى.
— ئاسخان باخشىنىڭ سۆرە - ئەپسۇنلىرى قىلچىلىك پايدا قىلماقتا يوق، بالىنىڭ سەۋداسىنى تېخىمۇ ئاشۇردىمۇ نېمە؟...
سىز مەلىكىدىن بىر قەدەم نېرى بولماڭ، كەينىدىن سايىسىدەكلا يۈرۈڭ، ئاغىچا ئانا.
خانىشنىڭ تەلەپلىرىگە ئاغىچا ئانا ماقۇللۇق بىلدۈردى.
خانىش ئايىم: «سىز بىلەن كېيىن سۆزلىشىمەن» دېگىنىچە چىقىپ كەتتى.
شاهنىڭ كۈتۈپخانىسى. شاه جەڭ كىيىملىرىنى كىيگەن جەڭگىۋار هالەتتە شاۋاز بىلەن ئابدۇللا شاتىرىغا سۆزلىمەكتە:
— هازىردىن باشلاپ سىلەرگە ۋە پۈتۈن خانلىقتىكى ۋەزىر، ئەمىر، سەردارلارغا تەييارلىق ئۈچۈن بەش كۈن مۆهلەت بېرىمەن. ئىككى يۈز مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن ۋاخان ئارقىلىق هىندىقۇش تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، غەزنەۋىلەردىن كۆزلۈك هوسۇل يىغقىلى بارىمىز. قىشنى خۇراسان ھەم قىپچاق دەشتىدە ئۆتكۈزىمىز. سەمەرقەنت ئەمىرىگە خان يارلىقى چۈشۈرۈلسۇن، يۈز مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن توپلاپ تەخ بولۇپ تۇرسۇن، بىز بىلەن تەڭ يولغا چىقىپ ئۇدۇل هىراتقا قاراپ ئاتلانسۇن ! هەپتىدىن كېيىن مەن ئوردابالىق قوشۇنلىرىنىڭ هەربىي مەشقىنى كۆزدىن كەچۈرىمەن.
شاۋاز بىلەن ئابدۇللا شاتىرى قورقۇمسىراپ تۇرۇپ شاهقا باش ئېگىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى.
هۆربانۇنىڭ قەسرى. پېشايۋان ئالدىدىكى رەڭگارەڭ ئېچىلغان گۈللۈكتە هۆربانۇ كېنىزەكلىرى بىلەن توق ئېچىلغان قىزىلگۈللەرنى ئۈزمەكتە. هۆربانۇ تازا پورەكلەپ ئېچىلغان بىر تال قىزىل گۈلنى ئۈزۈپ تۇمشۇقىغا يېقىن ئەكېلىپ، ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

مەززىلىك ھىدىدىن مەست بولۇپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ھۇزۇرلىنىۋاتقاندا، بىردىن كۆڭلى ئېلىشىپ، ھۆ دىسە ھۆ دەپ، بولالماي قالدى. شۇئان دىدەكلەر ھۆربانۇنى يۆلىدى.

غېرىبنىڭ گۈللۈك ھويلىسى. غېرىب ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلغان بولۇپ، نىگارئايىم پەتنۇستا ناشتىلىقنان، چاي ئەكەلدى. غېرىبقا ئۆز قولى بىلەن تاماق يېگۈزمەك بولدى، بىراق غېرىب ئۇنىماي ئۆز قولۇم بىلەن تاماق يەپ باقاي، دەپ تۇرۇۋالدى.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، ئوغلۇم، بوپتۇ يېگىن، — دېدى نىگارئايىم.

غېرىب تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن چەينەكنى ئېلىپ پىيالىگە چاي قۇيدى. ئاندىن چاينى بىر ئوتلاپ، ناندىن بىر بۇردا ئېلىپ ھەسەلگە مىلەپ ئاغزىغا سالدى. نىگارئايىم خۇشال بولۇپ ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى. ئانىسى نېمە قىلسا شۇنى دورايدىغان گۈلجامال ئاكىسىنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى، غېرىبمۇ ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيدى.

— ئانا، سۈت بولسا ئەتكەن چاي قىلىپ بېرىڭ، — دېدى غېرىب.

— مەن سۈت تېپىپ كىرەي، ئوغلۇم. گۈلجامال، سەن ئاكاڭغا قاراپ تۇر، — دېدى نىگارئايىم.

بىراق گۈلجامال:

— مەنمۇ سەن بىلەن بىللە سۈت تاپقىلى چىقىمەن ئانا، — دەپ تۇرۇۋالدى.

— ئانام سۈت تاپقۇچە سەن قايماق تاپ، — دەپ بۇيرۇدى غېرىب.

— ماقۇل، مەن قايماق تاپىمەن.

گۈلجامال شۇنداق دەپ ئانىسىدىن بالدۇر ھويلا ئىشىكىدىن چىقىپ كەتتى.

نىگارئايىم ئەنسىرەپ:

— يالغۇز قالارسەنمۇ، ئوغلۇم؟ — دېۋىدى، غېرىب:
— بىردەم يالغۇز قالغانغا نېمە بولاتتىم؟ ئۆزۈمنىڭمۇ بىردەم يالغۇز ئولتۇرغۇم بار، ئانا، — دەپ ئانىسىنى خاتىرجەم قىلدى.

نىگارئايىم ئوغلىدىن ئەنسىرىگەندەك ئۇنىڭغا يېنىشلاپ قاراپ چىقىپ كەتتى. غېرىب گۈللەر ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەكلەرگە ھەۋەس بىلەن قارىدى. كۆز ئالدىدا سەنەم بىلەن گۈللۈكتە كېپىنەك قوغلاۋاتقان كۆرۈنۈش زاھىر بولدى. قولىدىكى پىيالىدە سەنەمنىڭ كۈلۈپ تۇرغان سىياقى پەيدا بولدى. ئۇ سەنەمنى سېغىنىپ ناخشا ئېيتتى:

ئەي يارەنلەر، قەدىردانلار،
نە بولدى، يارىم كەلمىدى؟
ئىشق ئوتىدا كۆيدى جانلار،
نە بولدى، يارىم كەلمىدى؟

كېلۇرمەن دەپ ۋەدە قىلدى،
كېلۇر ۋاقتىدىن ئۆتتى.
ناشتىدىن چاشكا بولدى،
نە بولدى، يارىم كەلمىدى؟

بۇ دەردلەر نېچۇك دەرد بولدى،
غېرىبنىڭ ئۆمرى سەرپ بولدى.
كۆزۈم يولىغا تەلمۈردى،
نە بولدى، يارىم كەلمىدى؟

يا بىراۋنىڭ پەندىن ئالدى،
يا بىر يامان دەردكە سالدى.
يا بىر غەيرىي بىلەن بولدى،
نە بولدى، يارىم كەلمىدى؟

دەردلىك بىچارە، ماگماس قۇلدۇرمەن،
كۆڭلۈمدە دائىم نۇسرەت تىلەيمەن.
سەنەم دەپ ئىچىمدە دائىم يىغلايمەن،
نە بولدى، يارىم كەلمىدى؟

سەنەم هويلا دەرۋازىسىدىن ناخشا توۋلىغىنىچە كىرىپ كەلدى:

بۇلبۇلى بىچارىسەن، گۇل ئىشقىدا پەرياد قىل،
ئاشىقى سەۋدايى بولساڭ ئۇيقۇنى بەرباد قىل.
تىنمايىن شامۇسەھەر يىغلاپ يۈرۈپ سەن ياد قىل،
بۇ بۇزۇلغان ئىشق ئۆيىنى سەن كېلىپ ئاباد قىل،
جانىم ئاللا، بۇ غېرىبنى كېسەلدىن ئازاد قىل.
ھەر كىشى مۇنداق بالاغا بولمىسۇن ھېچ گىرىپتار،
قالمىسۇن كۆڭلىدە ئارمان زەردە يۇتۇپ ئىختىيار،
تىترىشۇر سىمابتەك بۇ تەندە جانىم بىقارار.
يارىمىز بىتابتا يىغلار، مەن بۇ يەردە ئىنتىزار،
جانىم ئاللا، نەس كېسەلدىن يارىمنى ئازاد قىل.
قويمىدى ئۆز ھالىمە بۇ دەردى سەرگەردان مېنى،
ھىجرى دەشتىدە قۇيۇندەك ئەتتىلەر ھەيران مېنى.
جانىم ئالماي قويمادى بۇ دەردى بىدەرمان مېنى،
ئىشق ئاپىتى قىلىپتۇر بىچارە پەرىشان مېنى،
جانىم ئاللا، غېرىبىمنى بۇ كېسەلدىن ئازاد قىل.

سەنەم ئىتتىك كېلىپ غېرىبنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ ھۆكرەپ يىغلىدى. سەنەمنىڭ كۆز ياشلىرىغا چىدىمىغان غېرىب ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ دېدى:

— قاراڭ، مانا بۈگۈن ئۆزۈم تاماق يېگۈدەك بولدۇم. نېمانداق باشقا چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك قار ـ يامغۇر يىغلايسىز؟

سەنەم ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ دېدى:
— مەن كىچىچە چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە سىزنى كۆردۈم.
— كۈندۈزى كەچكىچە بىر - بىرىمىزنى كۆرگىنىمىز يەتمىگەندەك كىچىچە چۈشىڭىزدە يەنە مېنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دېدى غېرىب چاقچاق ئارىلاش كۈلۈپ تۇرۇپ.
— كۈلمەڭ، چاقچاقمۇ قىلماڭ.
— مەلىكەمنى قارا بېسىپ قاپتىكەن، — دەپ چۈشەنچە بەردى دېدەك.
— ياق ... ياق ... قارا باسمىدى، مەن يامان چۈش كۆرۈپ قالدىم.
— چۈشۈڭىزنى يامان چۈش دېمەي، ياخشى چۈش دەڭ.
— ياق، ياق ... مەن كىچىچە چۈشۈمگە ھۆكۈماغا تەبىر ئېيتقۇزدۇم.
— قانداق چۈش كۆرۈپسىز؟ — سورىدى غېرىب.
— سىز ... سىز ... سىزنى يىتتۈرۈپ قويدۇم ... تاپالمىدىم ... كېيىن ... كېيىن قارىسام، سىز ھاڭغا چۈشۈپ كېتىپسىز ... چاقىرسام ئۈنۈم يەتمەيدۇ، ئاڭلىمايسىز. سىزنى ھاڭدىن تارتىۋالاي دېسەم قولۇم يەتمەيدۇ ... شۇنداق تۇرسام يوغان بىر يىلان سىزگە ياماشتى. سىز كۆرمىدىڭىز، مەن كۆردۈم. يىلان دەپ ۋارقىرىسام ئاڭلىمايسىز ... — سەنەم كۆڭلى يېرىم بولۇپ سۆزلىيەلمەي قالدى.
— مېنىڭدىن ئەنسىرەپ، ئويلاۋېرىپ تەتۈر يېتىپ قېلىپ، راست قارا بېسىپ قاپتۇ سىزنى.
سەنەم غېرىبنىڭ قوينىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ ۋارقىرىدى:
— ياق، قارا بېسىپ قالغىنى يوق ! مەن يېقىندىن بېرى پەقەت ئاخشاملا سىزنى خۇشال ئويلىدىم ! چۈنكى سىز ئاخشام مېنى خۇشال قىلىپ ئورنىڭىزدا ئولتۇردىڭىز. مەن خۇشال بولغاندىكىن، ياخشى چۈش كۆرۈشۈم كېرەك ئىدى !
— چۈشنىمۇ ياخشى كۆرىمەن، يامان كۆرىمەن دېگىلى

بولامدۇ؟ — دېدى غېرىب.

— بۇ چۈشۈم ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس. ھەممىڭلار بۇ يەردىن چىقىپ تۇرۇڭلار.

سەنەمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەممىسى چىقىپ كەتتى. ئاغىچا ئانا سەل چەتكە بېرىپ باشقا تەرەپكە قاراپ تۇردى. سەنەم تېرىكىپ ۋارقىرىدى:

— ئاغىچا ئانا، سىزمۇ چىقىپ تۇرۇڭ! مېنىڭ غېرىبقا ئايرىم دەيدىغان گېپىم بار.

ئاغىچا ئانا ئارىسالدىچىلىقتا ھويلىدىن چىقىپ كەتتى. سەنەم ئاغزىنى غېرىبنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكىلىپ دېدى:

— شاۋاز، ئايشە، ئاسىخان جەددال قاتارلىقلارنىڭ نىيىتى يامان. ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقىنى ياخشى ئىش ئەمەستەك قىلىدۇ.

— ھە، ئەمدى ئەقلىڭىزگە كەپسىز. سىز بىلەن مەن پېرىخون، باخشىغا ئىشەنسەك ئىماندىن ئاجرايمىز. قېنى بىزنىڭ ئون يىل ئۆگەنگەن ئىسلام ئەقىدىمىز؟ سىز باخشىنىڭ دېپىغا ھەرگىز ئۇسسۇل ئوينىماسلىقىڭىز كېرەك، — دېدى غېرىب.

— سىز ساقىيىدىغان ئىش بولسا كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ، غېرىب.

— مېنىڭ بۇنچىلىك ھالغا كېلىشىم باخشىنىڭ دېپىغا ئوينىغان ئۇسسۇلىڭىزدىن ئەمەس، ئۇيغۇر تېبابىتى دورىسىدىن. كۆزى كور ئامەت سېھىرگەر باخشىغا كېلىپ قالغان گەپ.

سەنەم ئاستاغىنا بېشىنى لىڭشىتتى.

چەكسىز يېشىل يايلاقتىكى تۈزلەڭلىكتە ھەيۋەتلىك شاھانە سۇپا ياسالغان. سۇپىدىكى ئالتۇن ھەللىك تەختتە شاھ جەڭ كىيىمىنى كىيىپ سۈر - ھەيۋە بىلەن ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە دۆلەتنىڭ مۇھىم ئەربابلىرى قاتار ئولتۇردى. سۇپىنىڭ ئىككى يېقىدىكى سۇنايچى - بۇرغىچىلار ئۇزۇن بۇغرا - سۇنايلىرىنى ئۈچ قېتىم ياڭراتقاندىن كېيىن، ئاق ئاتلىق لەشكەرلەر سېپى، ئاندىن قارا ئاتلىقلار، قولا ئاتلىقلار،

www.uyghurkitap.com

چىلانتورۇقلۇقلار، جەڭ ھارۋىلىرى، سالغا ـ سالمانچىلار، پىيادە قىلىچ ـ قالقانلىقلار، نەيزىلىكلەر، ئوقياچىلار، ئاخىرىدا يەنە ئېگىز قارا كۆرپە تۇماقنى ئۇزۇن ئاق لېچەككە باستۇرۇپ لېچەكنىڭ ئۇچىدا ئېگىكنى چىگىپ، قارا تون كىيىپ، قارا ئات مىنگەن ئايال لەشكەرلەر ئۆتتى. ھەربىر تۈرلۈك لەشكەرلەر ھەيۋەت بىلەن سەپ تارتىپ مېڭىپ شاھنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، قىلىچلىرىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ئاللاھۇئەكبەر»، «ئاللاھۇئەكبەر»، «ئاللاھۇئەكبەر» دەپ ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتتى. شاھ باشلىق ئوردا ئەھلى ئورنىدىن تۇرۇپ، قىلىچلىرىنى چىقىرىپ سۆيۈپ تىك تۇردى. ناغرا ـ سۇناي ھەيۋەتلىك جەڭ مارشىغا چېلىنىپ تۇردى.

شاۋاز ھەربىي كۆرەكتىن خاپا ھالدا ياندى. ئۇ قەسرىدە تۆت قات كۆرپە ئۈستىدە كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇراتتى. غەزنەۋىلەر ئەلچىسى زەينىدىن بوميانى قايناپ كەتتى:

— شاھ ئاللىقاچان گەپنى ئۈزۈپ بىز بىلەن ئۇرۇشىمىز دېسە، جانابلىرى شاھنى ئۇرۇش قىلىشتىن توسۇپ، ئامال بار ئۇرۇشتىن ساقلىنىمىز، مەلىكىنى سۇلتانىڭلارغا ياتلىق قىلىشقا كۆندۈرىمەن دەيدىلا. مانا ھازىر شاھى ئابباس پۈتۈن خەلقنى ئۇرۇش تەييارلىقىغا سەپەرۋەر قىپتۇ. بۇنىڭغا نېمە دەيدىلا؟

— چىچاڭشىپ كەتمەي جىم تۇرامدىلا، شاھ ھەر يىلى بىر قېتىم ھەربىي كۆرەك ئۆتكۈزۈپ لەشكەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. بۇ دېگەن ئادەتتىكى قائىدە. تېخى جەڭ سەپىرىگە ئاتلانغىنى يوقتۇ، ئىشلار ئاستا ـ ئاستا ئىزىغا چۈشىدۇ، — دېدى شاۋاز.

بوميانى ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى.

تاغ تۇرا. شەيخ جالالىدىن بىلەن سادىق بىلال ئاتلىرىنى يېتىلىگەن ھالدا تاغ چوققىسىدا تۇرۇپ يىراقتا قارىيىپ تۇرغان دەل ـ دەرەخلىك يېزىغا قارىماقتا. ئىلياس ئاتلىق كېلىپ ئاتتىن

www.uyghurkitap.com

سەكرەپ چۈشۈپ ئۇلارغا سالام بەردى. جالالىدىن شەيخ بىلەن سادىق بىلالمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن سالام قىلدى.

— سېيىت هاجى قاۋان بىلەن ئابدۇللا شاتىرى هازىر يەتتە قېتىم خەت ئالماشتۇرۇپ بولدى. سېيىت هاجى قاۋان بىزنىڭ بارلىق ئەھۋالىمىزنى ئابدۇللا شاتىرىغا تولۇق مەلۇم قىپتۇ.

— ئوبدان بولدى، ئۇلار كەلسە، بولسا ئابدۇللا شاتىرى ئۆزى بىر كەلسە ئۇنىڭ بىلەن يۈخادىن چىققۇچە بىر ئىپلىشسام بولاتتى، — دېدى سادىق بىلال.

— ئۇ قورۇق سۆلەتنىڭ قولىدىن مەيدانغا چۈشۈپ جەڭ قىلىش كەلمەيدۇ. ئۇ دېگەن ئاتىسىنىڭ بالىسى. مەيدانغا چۈشۈپ جەڭ قىلىش ئەر كىشى قىلىدىغان ئىش، ئۇمۇ ئاتىسىغا ئوخشاش جەڭ مەيدانىدا ئەمەس، مىكىر - سۇيىقەست بىلەن مەردلەرنىڭ ئارقىسىدىن پىچاق ئۇرۇپ شەھەر ئالغان نان قېپى، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— قېنى ئۇ ئەبلەخ كەلسۇنچۇ، — دېدى ئىلياسمۇ.

شۇ چاغدا غوجىدار كېلىپ تائام تەييار بولغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

چاھار باغدىكى ئالما تۈۋىدە ئاسىخان ۋە ئۇنىڭ باخشىلىرى داپ چېلىپ سورە - ئەپسۇنلىرىنى ئوقۇماقتا. غېرىب ئىچى پۇشۇپ بىئارام بولۇپ ياتاتتى. سەنەم ئارغامچىغا ئېسىلىپ باخشىلارنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىماقتا. ئاسىخان باخشى گۈلخاندا قىزارتىلغان چوغدەك كەتمەنگە دەسسەپ ئاندىن غېرىبنىڭ بىلىگە دەسسىدى. غېرىب ئاغرىققا چىدىماي ۋارقىراپ ياستۇقنى مۇشتلاپ چىشلىۋالدى. پېرە ئويناۋاتقان سەنەم غېرىبنىڭ ئازابىغا چىدىماي ئۇستىگە ئۆزىنى ئاتتى ۋە ئاسىخان باخشىنى ئىتتىرىۋەتتى. ئاسىخان باخشى كېلەڭسىز بەدىنىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ تۇرالماي كارىۋاتتىن پەسكە يىقىلىپ چۈشتى.

شاھ ئايرىم خانىسىدا يۆلەنچۈكتە كۆزىنى يۇمۇپ ياتاتتى.

دېدەك قىزلار يۈلەنچۈكنى تەۋرىتىپ شاھنى ئەللەيلىمەكتە.
ئوردا كۈتۈپخانىسىنىڭ پېشقەدەم غوجىدارى ئەتتارى كىتاب ئوقۇپ بەرمەكتە ئىدى.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەزرەتلىرى ئۇلۇغ بوۋىلىرىمىزنىڭ بىرى بولغان سۇلايمان بۇغراخانغا تەقدىم ئەتكەن «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىدە شۇنداق قەيت قىلغانكى، شاھ ئادىل بولسا يۇقىرا شاھقا مايىل بولۇر، شاھ ئادىللىقتىن چەتنىسە يۇقىرا خانلىقتىن چەتنەيدۇ. شۇڭا، شاھ بولغۇچى يۇقىرادارچىلىقتا ...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە شاۋاز سالام بېرىپ كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئالەمپاناھ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، شاۋاز. دۆلەت خەزىنىسىنىڭ زاپاس ئالتۇنى ئىككى يۈز مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننىڭ بىر يىللىق ئۇرۇش خىراجىتىگە بويلامدىكەن، ھېسابلاپ چىقتىلىمۇ؟ — سورىدى شاھ.

— شۇنداق، كەرەملىك شاھىم، ھېسابلاپ چىقتىم، — دەپ جاۋاب بەردى شاۋاز، ئاندىن ئەتتارىغا قاراپ، — ئەتتارى ھەزرەتلىرى، ئۆزلىرى قايتىسىلا بولىدۇ، — دېدى.

— ئەتتارى ھەزرەتلىرى، مەن چاقىرغاندا خاس ھاجىپ يۈسۈپ بالاساغۇنىنىڭ بۇ شاھانە ئەسىرىنى ئالغاچ كېلىپ ئاخىرىنى مۇتائىلە قىلىپ بېرەرلا.

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى.

ئەتتارى باشتا شاھقا، ئاندىن شاۋازغا تەزىم قىلىپ ئارقىسىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى. شاۋاز شاھنى يۈلەنچۈكتە تەۋرىتىۋاتقان دېدەكلەرنىمۇ چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى. دېدەكلەرمۇ چىقىپ كەتتى.

— شۇم خەۋەر ئەكەلگەنلىكىم ئۈچۈن ئالدىلىرىدا كۆپ خىجىلمەن، ئالەمپاناھ، — دېدى شاۋاز.

— دە، نېمە يامان خەۋەر، مەلىكە سەنەم توغرىسىدىمۇ؟

— ياق ... ياق ... ئۇنىڭدىنمۇ يامان.

— تىللىرىنى چاينىماي دېسىلە، — دەپ شاھ تېرىكتى.

— دەي دېسەم تىلىم كۆيىدۇ، دېمەي دېسەم دىلىم.

— سىلىنىڭ گەپ يورغىلىتىپ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى سىقىشلىرى ئۇسسۇلچى نايناق خوتۇنلارنىڭ غىلجىڭلىشىغا ئوخشايدۇ. شاۋاز، مەن سىلىنىڭ مۇشۇ گەپ قىلىش ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتەلمەي ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، — دېدى شاھ ئاچچىقلاپ.

— سۆت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدىغان ئوخشايدۇ ... — شاۋاز شۇنداق دەپ يەنە تىلىنى چاينىدى.

— ھە گەپلىرىنىڭ ئاخىرىنى مەن دەۋېتەي، تاغ يۆتكەلسە يۆتكىلەر، خۇي يۆتكەلمەس، بولدىمۇ؟ گەپنىڭ نەق نان تېگىدىغان يېرىنى دېسىلە، — دېدى شاھ.

— خەزىنىنى ئېنىقلاپ خېلى بىر يەرگە كەلگەندە، خەزىنىچى ئىدرىس پەيزۇللا ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ.

— ئۇ بىر ياۋاش، ديانەتلىك، ئادەم ئىدى. ئۇ نېمىشقا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىدۇ؟

شاھ يۆلەنچۈكتىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— ئۇنىڭ ھېسابىدىن نۇرغۇن چاتاق چىقتى، — دېدى شاۋاز.

شاۋازنىڭ بۇ گەپلىرىگە شاھ قىلچە ئىشەنمىدى.

— ئىشەنمەيمەن. ئۇ دېگەن ئەللىك يىللىق خەزىنىچى. ئاتامغا ئوتتۇز يىل، ماڭا يىگىرمە يىل خەزىنىچىلىك قىلىپ بىر يارماقنى ئۇيان - بۇيان قىلمىغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ناھايىتىمۇ ئەقىدىلىك، موللا، پازىل ئادەم. ئۇ خۇدادىن، كىشىنىڭ ئامانىتىنى يەۋېلىشتىن قورقىدۇ، خانلىققا سادىق، ئېسىلىپ ئۆلگەن ئادەمنىڭ جەننەتكە كىرمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

— ئازماس ئاللا دېيىشكەن، كەرەملىك شاھىم. مۇشۇنداق خىزىر سۈپەت ئادەممۇ قىرىغاندا مېڭىسى كولدۇرلاپ...

شاۋاز شۇنداق دەپ سۆزلەۋاتقاندىمۇ شاھ يەنىلا خەزىنىچىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇ ئۆمۈر بويى غورىگىل ياشاپ، ئۆزىنى بەجانىدىللىق بىلەن خانىدانىمىزغا بېغىشلىغان، ھېساب ئىلمىدە پۈتكۈل تۈرك، ئەرەب دۇنياسىدا نامدار ئادەمدۇر. ئۇ ئاشپۇزۇللاردىن، ھەتتا ئۆز رەپىقىسىدىن باشقا ئادەمنىڭ قولىدىن تاماق يېمەيدىغان، ئەقىل - ھوشى بۇلغانمىغان، پەرھىزكار ئادەم. ئۇنىڭ ئەقىل - زېھنى سىلى بىلەن مېنىڭكىدىن ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىدۇ.

— سۆزلىرى تامامەن ھەق، ئالىيلىرى. ئۇ نېمىشقىمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاندۇ؟ مەنمۇ بىلمىدىم، — دېدى شاۋاز.

— ئۇ خەزىنىمىنى قۇرۇقداپ قويغان ھالەتتىمۇ مەن ئۇنى ئەيىبلىمەيتتىم. چۈنكى، ئۇ ئاتامنىڭ ئەڭ ئامراق ئىشەنچلىك ئاغىنىسى ئىدى. كىچىك چاغلىرىمدا مېنى بويىنىغا مىندۈرۈپ باققان، ماڭا ئاتامدىنمۇ چارە كۆيۈمچان ئىدى. ماڭا ئۇنى ھازىرلا كۆرسەت.

شاھ سۆزلەۋېتىپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى.

شاھ شاۋاز قاتارلىق ۋەزىر - ئەمىر، نۆكەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا مېيىت ساقلاش ئۆيىگە كىردى. ئاق رەخت يېپىپ قويۇلغان مېيىتقا قاراپ بىردەم سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن، ئاستا بېشىغا كەلدى. ئاق رەختنى ئاچماقچى بولۇپ قول ئۇزارتىشىغا بىر نۆكەر ئاچماقچى بولدى. شاھ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ نۆكەرگە ئالايدى. نۆكەر قورقۇپ تەزىم بىلەن كەينىگە چېكىندى. شاھ ئۆز قولى بىلەن مېيىتنىڭ يۈزىنى ئاچتى. ئاپئاق ساقاللىق خىزىر سۈپەت بوۋاينىڭ كۆلۈمسىرىگەندەك ياتقان چىرايىنى كۆردى. شاھ بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يۈزىنى يەنە ئۆز قولى بىلەن يېپىپ قويدى.

ھۆربانۇ خانىشنىڭ ھۇجرىسى. ئىمادىدىن قەشقەرى دەرپەردە

www.uyghurkitap.com

سىرتىدا تۇرۇپ ھۆربانۇ خانىشنىڭ بېغىشىغا ئاق يىپەك ياغلىق قويۇپ تومۇرنى تۇتماقتا. ئايشە پەردە چېتىنى تۇتۇپ، بىر پەردە ئىمادىدىن قەشقەرىگە، بىر پەردە ھۆربانۇغا قاراپ تۇردى. ئىمادىدىن قەشقەرى تومۇرنى تۇتقانچە كۆزلىرى چەكچىيىپ، چېكىسىنى تەر باستى. تومۇر تۇتقان قوللىرى بىلەن ئاق ساقاللىق كالپۇك، ئېڭەكلىرى دىرىلداپ تىترىدى. ئايشە ھۇجرىدىكى بارلىق چاكار - دېدەكلەرنى ئىشارەت بىلەن چىقىرىۋېتىپ سورىدى:

— گەپ قىلسىلا تەقسىر، خانىشقا نېمە ئۇچۇق تېگىپتۇ؟

ئىمادىدىن قەشقەرى دىماللىقتا گېپىنى دېيەلمەي تۇرۇپ كەتتى.

— مەن ... مەن ... بۇ ... بۇنى ھېچ بىلەلمەيمەنا ... بىلىش ... باشقا ...

— خانىدانىمىزنىڭ تېبابەت ئۇستازى تۇرۇپ سىلى بىلمىسىلە، ئىشكىنىڭ يوچۇقىدىن ماراپ ئۆگىنىۋالغان تېۋىپچاقلار قانداق بىلىدۇ؟ — دېدى ئايشە.

— مەن بىر قېرىپ يېشىم توقسانغا بارغان، پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەممەن، مېڭەم كولدۇرلاپ قالدىمۇ، ھېچ بىلەلمىدىم. مۇھەممەدىن قاراقاش كۆرۈپ باقسا بولامدىكىن؟

— راستىلا قېرىپ مېڭىلىرىدىن كېتىپتىلا، تەقسىر، — دېدى ئايشە ئىمادىدىن قەشقەرىنىڭ سۆزلىرىگە جاۋابەن.

— ماڭا ئوخشاشلا دورامۇ قېرىغان ئوخشايدۇ. ئايشە غوجىدار مەن ھېچ بىلەلمىدىم، نېمە ئىش بۇ؟

ئايشە تۆت ئەتراپىغا قارىۋېتىپ پەس ئاۋازدا دېدى:

— ھۆربانۇ خانىش ھا ... مىلىدار بولۇپ قاپتۇ، شۇنداقمۇ؟

ئىمادىدىن قەشقەرى قورقۇپ كېتىپ، ئولتۇرغىلى ماجالى قالماي يىقىلىپ چۈشتى. ھۆربانۇ خانىش خۇشاللىقتىن ئورنىدىن تۇرۇپ دەرپەردىنى قايرىپ سورىدى:

— راستمۇ، تېۋىپ ھەزرەتلىرى؟

ئىمادىدىن قەشقەرى ھۆكرەپ يىغلاپ نالە قىلدى:

— مەن توقسانغا بارغان ئادەم، ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، مېنى ئۆز ئەجىلىمدە ئۆلگىلى قويۇڭلار. ماڭا رەھىم قىلىڭلار ... ماڭا ئۇۋال قىلماڭلار؟

— يىغلىمىسىلا، ئۇنلىرىنى ئۆچۈرسىلە، ئۆز ئەجىلىم بىلەن ئۆلىمەن دېسىلە زۇۋانلىرىنى باسسىلا.

ئايشەنىڭ بۇ سۆزلىرىگە هۆربانۇ هەيران قالدى.

— ۋۇي كىم سىلىنى ئۆز ئەجەللىرىدە ئۆلگىلى قويمايدىكەن، قانداق گەپ بۇ؟

هۆربانۇ بوۋاينى يۆلىمەكچى بولدى. ئايشە ئۇنى توسۇپ قويدى.

— ئۆزلىرىنى ئاسرىسىلا خانىش ئايىم.

ئايشە شۇنداق دەپ هۆربانۇنىڭ قورسىقىنى ئىما قىلدى. هۆربانۇ قورسىقىنى سىلاپ كۈلدى. ئۇ چاكار، دېدەكلەرنى توۋلىماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئېچىشىغا ئايشە ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالدى.

ئابدۇللا شاتىرى هۇجرىسىدا تاماشا قىلىۋاتقان بولۇپ، تىزىغا ئولتۇرغۇزۇۋالغان سەتەڭ ئابدۇللا شاتىرىغا قەدەھتە مەي ئىچۈرمەكتە. ئەينىدىن سەرۋاز كىرىپ سالام قىلدى.

— جانابلىرى، يولۋاسلىرىمىدىن ئۇچۇر ...

ئابدۇللا قۇچىقىدىكى سەتەڭنى ئىتتىرىپ يىقىتىۋېتىپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ توۋلىدى:

— بۇ يەردىن هەممىڭ يوقىلىش !

دېدەك، چاكار، سەتەڭلەر قورقۇنچتا پاپپېتەك بولۇپ چىقىپ كېتىشتى. ئەينىدىن سەرۋاز يېڭىنىڭ پەتلىسىگە قىستۇرۇۋالغان تۇمارچە قاتلانغان خەتنى چىقىرىپ ئابدۇللا شاتىرىغا بەردى. ئابدۇللا شاتىرى خەتنى ئېچىپ كۆردى ـ دە، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— هە ... مانا ئەمدى قولۇمغا چۈشىدىغان بولدۇڭ ... تاغ ئوغرىلىرى ... ئاتامغا ئۆزۈمنىڭ قانداقلىقىمنى بىر

www.uyghurkitap.com

كۆرسەتمەيدىغان بولسام.

— ئاتلىنامدۇق؟ — ئىجازەت سورىدى ئەيىندىن سەرۋاز.

— توختا ... توختا ... ئىشلارنى پۇختا جايلاشتۇرمىساق بولمايدۇ. مەن يەنە بىر ئويلىنىۋالاي.

سەنەمنىڭ قەسرى. چىرايلىق گۈللۈك هويلىدا سەنەم دېدەكلەر تۇتقان ئەينەكتىكى جامالىغا زەن سېلىپ قارىدى. ئاغىچا ئانا ئۇنىڭ چاچلىرىنى ئۆز قولى بىلەن جىگدە يېلىمى سۇۋاپ خۇشاللىق بىلەن تارىماقتا.

— ئاغىچا ئانا ...

— خوش قىزىم، ئالتۇن مەلىكەم ...

— ئادەمنىڭ بالىلىق ۋاقتى نېمىدېگەن تاتلىق.

— راست دەيسىز، مەلىكەم، ئىنساننىڭ بالىلىق چاغلىرى غەمسىز بولىدۇ، شۇڭا ئەڭ بەختلىك دەۋرىدۇر.

— شۇنى ئويلىسام ملا مەڭگۈ چوڭ بولمىسام بوپتىكەن، نېمىشقىمۇ چوڭ بولغاندىمەن دېگۈم كېلىدۇ.

— ئامال بولسا چوڭ بولماي، مەڭگۈ بالا تۇرسا، ئاتا ـ ئانىسىمۇ قېرىماي ياش پېتى تۇرسا ـ هە.

— بالا چېغىمدا دائىم مانا مۇشۇنداق چېچىمنى جىگدە يېلىمى سۇۋاپ تاراپ قوياتتىڭىز. هازىر ئاشۇ بالىلىق چاغلىرىم يادىمغا كەلدى. سىزنىڭ چېچىمنى تاراپ قويۇشىڭىزنى بەك ياقتۇرىمەن.

سەنەم ئاغىچا ئانىغا ئۇماق قىلىقلىرى بىلەن ئەركىلەپ سۆزلەيتتى، ئاغىچا ئانا مىشىلداپ يىغلاپ كەتتى.

— سىز خۇشال بولىدىغان ئىش بولسا، خالىسىڭىز مەن دائىم چېچىڭىزنى تاراپ قوياي، قىزىم.

— بولسا شۇنداق قىلىڭ، سىزلا چېچىمنى كۆڭلۈمدىكىدەك تارايسىز، ئاغىچا ئانا. چېچىمنى مەڭگۈ سىز تاراپ قويۇڭ، يېنىمدىن هەرگىز ئايرىلماڭ، ئاغىچا ئانا ...

— مېنىڭغۇ سىزنى بوۋاق چاغلىرىڭىزدەك كىچە ـ كۈندۈز

باغرىمغا بېسىپ ياتقۇم، چېچەكلىرىڭنى دائىم تاراپ قويغۇم، ئەگەلەپ يىغلىسىڭىز ئەللەي ئېيتىپ ئۇخلاتقۇم بار ... قىزىم. لېكىن، ئۇ كۈنلەر جەننەتكە كىرىپ كەتتى.

— هازىر سىز داۋاملىق چېچىمنى تاراڭ، مەن سىزگە يىغلاشنىڭ ئورنىغا ناخشا ئېيتىپ بېرەي، بولامدۇ؟

— بولىدۇ قىزىم، كىچىككىنىزدە ناخشا ئېيتىپ، چىرايلىق ئۇسسۇل ئويناپ بېرەتتىڭىز. يىقىلىپ چۈشسىڭىز يىغلىمايتتىڭىز.

— قىزلار، مەن ناخشا ئېيتىمەن، سىلەر ئۇسسۇل ئويناڭلار.

سەنەمنىڭ ناخشىسىغا قىزلار ئۇسسۇل ئوينىدى.

باهار بولدى، گۈل ئېچىلدى،
مېنىڭ گۈلۈم ئېچىلماسمۇ؟
بۇلبۇلنىڭ قېنى چېچىلدى،
مېنىڭ قېنىم چېچىلماسمۇ؟

ئەمدى مەندىن خۇشلۇق كەتتى،
نازۇك دىلىم غەمگە پاتتى.
خەۋىرىم يوق گۈل ئېچىلدى،
مېنىڭ گۈلۈم ئېچىلماسمۇ؟

سەنەم ناخشىسىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي ئاغىچا ئانىنى قۇچاقلاپ، يىغلاپ تېلىقىپ كەتتى. ئاغىچا ئانىمۇ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ئۇسسۇل ئوينىغان قىزلار ئۇسسۇل ئوينىغىنىدىن خىجىل بولۇشۇپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ يەرگە، پۇتلىرىنىڭ ئۇچىغا قاراشتى، تىرناقلىرىنى تاتىلىشىپ تۇرۇشتى. سەنەم يىغلاۋېتىپ دېدى:

— ئاغىچا ئانا، غېرىبجان قاچانغىچە مۇشۇنداق پالەچ بولۇپ ياتار؟ ئۇ ساقىيارمۇ، ساقايماسمۇ؟

— سەۋر ـ تاقەتلىك بولۇڭ، قىزىم. سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پىشۇر دەيدىغان گەپ بار.

— ئۇ ساقايماي قالارمۇ دەپ كېچە ـ كۈندۈز ئاھ ئۇرىمەن، خۇداغا يىغلايمەن. ئۇنىڭ مەن بىلەن يۈرگەن چاغلىرى كۆزۈمدىن كەتمەيدۇ، ئاغىچا ئانا. ئۇ مېنىڭ خاپىلىقىمدىن مۇشۇ كۈنگە قالدى. ئۇنى ئابدۇللا شاتىرى مۇشۇ كۈنگە قويدى، — دېدى سەنەم.

— غېرىبجان ساقىيىدۇ، قىزىم، خۇدايىم ئۇنىڭغا شىپالىق بەرگەي. ئەمما، مېنىڭ غېمىم ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق، ئەمدى سىزدىن يەنە ئايرىلىپ قانداق ياشارمەن؟ يۈرىكىم سۇ.

— مەندىن ئايرىلمايسىز، مەنمۇ سىزدىن ئايرىلمايمەن. ئەمدى ئۆلسەك ئايرىلىمىز، تىرىك تۇرۇپ ئايرىلمايمىز.

— يەنە ئۆلمەي تىرىك ئايرىلىدىغاندەك تۇرىمىز، قىزىم. شۇنداق بولسا تىرىك پېتى گۆرگە كىرىۋالاي دەيمەن.

— نېمىشقا؟ نېمىدەپ ئايرىلغۇدەكمىز؟ — سورىدى سەنەم ئاغىچا ئانىدىن.

— يىراق غەزنەۋىلەر سۇلتانىدىن سىزگە ئەلچى كەپتۇ، قىزىم.

— نېمە ئەلچى؟ — سەنەم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. ئاغىچا ئانا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— غەزنەۋىلەر سۇلتانى مەھمۇد سىزگە ئاشىقمىش. ئۇنىڭغا خانىش بولارمىشسىز، ئەگەر ئۇنىمىسىڭىز ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش قوزغىلارمىش.

— نېمە دەيدىغانسىز، ئاغىچا ئانا؟

سەنەم شۇنداق دەپلا ئۇھ تارتىپ ھوشىدىن كەتتى. ئاغىچا ئانا سەنەمنى يۆلىدى. دېدەكلەر پايپېتەك بولۇشۇپ ھەر تەرەپكە يۈگۈردى، ئاغىچا ئانا ۋارقىرىدى:

— قىزىم ! ... مەلىكەم ! ... تېۋىپنى چاقىرىڭلار ... ئىلدام بولۇڭلار!

ھەممەيلەن تېپىرلاپ كېتىشتى.

ھەيۋەتلىك مەسچىت ھويلىسى. خەزىنە ۋەزىرى ئىدرىس پەيزۇللانىڭ مېيىتى سېلىنغان جىنازىغا قاراپ شاھ باشچىلىقىدىكى پۈتۈن ۋەزىر ـ ئەمىرلەر سەپراس تۇردى. مويسىپىت ئىمام ناماز چۈشۈرۈش ئۈچۈن سەپنىڭ ئالدىغا چىقىپ تەييارلىنىۋاتقىنىدا شاھ ئاستا ئۇنىڭغا سەپكە قايتىشقا ئىشارەت قىلىپ، ئۆزى ئىماملىق ئورنىغا چىقىپ ناماز چۈشۈردى. شاۋاز بىلەن ئابدۇلغەپۇر داموللام بىر ـ بىرىگە قارىشىپ مىيىقىدا كۈلۈشتى. مېيىت نامىزى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شاھ ئېغىر تىنىپ دېدى:

— خانىدانىمىزنىڭ ئەللىك يىللىق خەزىنە ۋەزىرى مەرھۇم ئىدرىس پەيزۇللا ھەزرەتلىرى خانىدانىمىز ئۈچۈن بىر ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى، ھاياتىنى سەرپ ئەتتى. مەن ئۇنى خانلىقىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىشى، گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان ئۇلۇغ پېشۋالاردىن دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆلگەندە بولسىمۇ خانىدانىمىزنىڭ تۆھپىكار ھاجىپلىق تۆرە دەستىكىنى ھەدىيە قىلىمەن. ئۇنىڭغا سۇلتانلار قەبرىستانلىقىدىكى ئاتام يۈسۈپ قادىرخان مازىرىدىن يەرلىك بېرىشنى بۇيرۇيمەن ھەم تۇپراق بېشىدا كېچە ـ كۈندۈز خەتمىقۇرئان ئوقۇلۇشنى ئۈچۈن قارىيلارغا ئويتاغدىن بەش يۈز پاتمان يەرنى ۋەخپە قىلدىم.

شاۋاز بىلەن ئابدۇلغەپۇر دامولىلىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ساقاللىرى تىترەپ كەتتى.

خانىش مېھرىبانۇ ھۇجرىسىدا جايناماز ئۈستىدە يىغلاپ دۇئا قىلىپ ئولتۇرغانىنىڭ ئۈستىگە يىغىدىن كۆزلىرى قىزىرىپ ئىششىغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان مەلىكە سەنەم ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ ھۆكىرەپ يىغلاپ تۇرۇپ دېدى:

— خانىش ئانا، بۇ راستمۇ؟

مېھرىبانۇ خانىش ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدى.

— نېمە راستمۇ؟ قىزىم، يەنە بېشىڭىزغا قانداق بالا كەلدى؟

مېھرىبانۇ خانىش سەنەمنىڭ باش ـ كۆزلىرىنى سىلىغاچ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كىرىپ كەلگەن ئاغىچا ئانا باشلىق چۆرە ـ دېدەكلەرگە قارىدى. ئاغىچا ئانا تىزلىنىپ ئۆزىنى كاچاتلاپ:

— مەن ئۆلۈمگە لايىق، مەن ئۆلۈمگە لايىق ... مېنىڭ ئۆلسەممۇ ئازلىق قىلىدۇ. خانىش ئايىم، مەلىكەمنى مەن خاپا قىلدىم ... — دېدى.

— نېمە ئىش بولدى؟ قانداق خاپا قىلدىڭ؟ سۆزلە ! بولدى، ئۆزۈڭنى كاچاتلاۋەرمەي گەپ قىل ! — دېدى خانىش.

— مەن ... مەن ... مەلىكەمدىن ئايرىلىپ قالارمەنمۇ دېگەن ئەندىشە بىلەن ئەس ـ ھوشۇمنى يوقىتىپ غەزنەۋىلەردىن ئەلچى كەلگەنلىكىنى مەلىكەمگە ئاغزىمدىن چىقىرىۋېتىپتىمەن، كەچۈرگەيلا.

— جالالات ! — دەپ ۋارقىرىدى خانىش.

— لەببەي، خانىش ئايىم ! — دەپ تېزلا پەيدا بولدى نۆكەرلەر.

خانىش بۇيرۇق قىلدى:

— ماۋۇ خوتۇننى ئاچىقىپ تىلىنى كېسىڭلار !

نۆكەرلەر يىقىلىپ قالغان ئاغىچا ئانىنى سۆرەپ ماڭدى.

— توختاش ! ئاغىچا ئانامنى قويىۋەت ! ئۇنىڭ تىلىنى كېسىش توغرا كەلسە، ئاۋۋال مېنىڭكىنى كېسىڭلار!

سەنەم ئېتىلىپ كېلىپ ئاغىچا ئانىنى نۆكەرلەرنىڭ قولىدىن بوشىتىپ، ئۇلارنى ئىتتىرىۋەتتى.

— كىچە ـ كۈندۈز غېرىبنىڭ خاپىلىقىدا يىغلاپ قاقشاپ بىر دەردىڭىزنى تارتىپ بولالمايۋاتىسىز، ئۇنى ئاز كۆرگەندەك بۇنى سىزگە دەپ سىزنى تېخىمۇ ئازابلىنىپ ئۆلسۇن دەمدۇ، بۇ مېكىنىنى قاغا چوقۇۋالغان خوتۇن؟ — دېدى خانىش.

— سىزنىڭ مەقسىتىڭىز بۇ ئىشنى مەندىن سىر تۇتۇپ ۋاقتى كەلگەندە غەزنەۋىلەر سۇلتانىغا خانىش بولسىز قىزىم، دەپ يولغا سېلىش، شۇنداقمۇ؟

— ياق قىزىم، مەن سىزدىن ئايرىلسام بۇ دۇنيادا ھېچنېمەم قالمايدۇ، سىزدىن ئايرىلىپ ياشىغاندىن ئۆلگىنىم ئەۋزەل.

— ياق، ياق، سىز مېنى ئالداۋاتىسىز، مېنى ئالداۋاتىسىز، ئاتام بىلەن ئىككىڭلار مېنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالمىسۇن دەپ ئالداپسىلەر. قىزىمىز غەزنەۋىلەرگە خانىش بولسا خانىدانلىقىمىز بەختەر بولىدۇ. ئوغۇل تۇغۇلسا، نەۋرىمىز غەزنەۋىلەر سۇلتانى بولسا كەلگۈسىدە ئۇلارنى يۇتۇۋالىمىز دېگەن تەمەنى قىلىۋاتقانسىلەر، ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپسىلەر، — دېدى سەنەم.

— ئوبدان قىزىم، مۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ، ئاتىڭىز بىلەن ماڭا سىز لازىم. ئارتۇق ئىشنىڭ كېرىكى يوق، بارنى تۇتۇپ بولالمايۋاتقاندا يوقنىلاڭ خىيالدا بولماڭ، — دېدى خانىش.

— ياق، سىلەرگە مېنىڭ لازىمىم يوق، سىلەرگە سۇلتانلىق تەختى بولسا بولدى، مېنىڭ كېرىكىم يوق.

بۇ چاغدا ئابدۇللا شاتىرى مۇھاپىزەت قوۋۇقىدا ئاتلىق سەپراس تۇرغان، تولۇق قوراللانغان لەشكەرلەرگە بىر قۇر سەپسېلىپ چىقتى. ئاندىن كىشنەپ ئىزىدا تۇرالمايۋاتقان ئاق ئارغىماققا مىنىپ بېشىغا تۆمۈر نىقابلىق دۇبۇلغىنى كىيدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى سەركەردىمۇ تۆمۈر نىقابلىق دۇبۇلغىنى كىيىپ ئابدۇللانىڭ ئارقىسىدىن ئات سالدى. پۈتكۈل لەشكەرلەر ئوردا ھەربىي قوۋۇقىنىڭ دەرۋازىسىدىن تۆمۈر نىقابلىق دۇبۇلغىنى كىيىپ سەپ ـ سەپ بولۇپ ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ كەتتى. بۇلارنى يىراقتىكى ئورمانلار ئارىسىدا كۆزىتىپ تۇرغان ئىلياس بىلەن ھاشىم مەرگەنمۇ ئاتلىرىغا قامچا سالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# توققۇزىنچى باب

سامانىيلار خانلىقىنىڭ قاچقۇن شاھزادىسى ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ تاغ ئايلىنىپ، باغ ئايلىنىپ، يۇرت ئاتلاپ، قەبىلە، ئۇرۇق ئارىلاپ يۈرۈپ قاراخانىيلار سۇلتانلىقىنىڭ دۆلەت ئۇستازى، سۇلتانىنىڭ ئۇستازى بولۇپ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى سامانىيلار خانلىقىنىڭ تىنىمىسىز ئاران تۇرغان يىرىدىن بوغۇۋالغاندەك بولدى. پۈتۈن سامانىيلار لەشكەرلىرى يەر تەۋرىگەندەك تەۋرەپ، كەلكۈندەك باستۇرۇپ پامىر تاغلىرىدىن ھالقىپ قاراكۆلگىچە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. قاراخانىيلارنىڭ بۇلۇڭكۆل، ئويتاغ، تاشبالىق ھەربىي قەلئەسىدىكى بۇرانغار قوشۇنلىرى سامانىيلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىدىن ئۈركۈپ يۇغۇرۇپ تېز ئاتلىق كەلگەن قوشۇنلىرىنى قاراكۆل بويىدا قارا ئۇجمە توقولغاندەك قىرىپ تاشلىدى. بۇلۇڭكۆلدىكى قىرغىز - تاجىك قوشۇنى، ئويتاغدىكى تۈركمەنلەر قوشۇنى، تاشبالىق قەلئەسىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنلىرى سامانىيلارنىڭ قوشۇنىنى قاراكۆل بويىغا كەلگىنىگە پۇشايمان قىلدۇردى. ئۆلگەنلەر ئۆلدى، ئەسىرگە چۈشكەنلەر سەركەردە - سەرۋازلارغا خىزمەتكار قىلىپ بېرىلدى. قاراكۆل ئۇرۇشىدىن كېيىن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان سامانىيلار خانلىقىغا ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. سامانىيلار خانلىقىغا ئىككى يول بېرىلدى: بىرى، سامانىيلار خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئورنىنى مەرھۇم سۇلتاننىڭ ئەزەربەيجانلىق چوڭ خانىشى ئايبېكچە سۇلتاندىن تۇغۇلغان قانۇنلۇق ۋەلىئەھدى ئەبۇ نەسىر سامانىيغا ئەپۇ سوراپ چىرايلىق بوشىتىپ بېرىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇش؛ يەنە بىرى، قاراخانىيلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئۆزىنىڭ ھالاكىتىنى كۈتۈش. شۇنداق

قىلىپ، قاراخانىيلار بىلەن سامانىيلار خانلىقى ئوتتۇرىسىدا تۆگىمەس ئۇرۇش پارتلىدى. سامانىيلار خانلىقى قاراخانىيلار خانلىقىنى يوقىتىپ ئىران ئېگىزلىكى، ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز تەسەررۇپى ئاستىغا كىرگۈزمىگۈچە، ئۆزلىرىگە تىل تەگكۈزگەن ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ تېرىسىنى تولۇمچىلاپ سويۇپ، يۇرىكىنى كاۋاپ قىلىپ يەپ، تېرىسىگە سامان تىقىمىغۇچە جەڭدىن يانماسلىققا قەسەم ئىچىشتى. قاراخانىيلار بىلەن سامانىيلار ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي زىددىيەت مانا شۇنىڭدىن باشلاندى. سامانىيلارنىڭ كۈچلۈك يېرى ئۇلاردا ھەركىم سۇلتاننىڭ ئاغزىغا قارايتتى. ئاجىز يېرى، لەشكەرلىرى جەڭگىۋار ئەمەس، ئۇرۇشتا مەنمەنچى، ئولجىغا ئامراق ئىدى. قاراخانىيلارنىڭ كۈچلۈك يېرى لەشكەرلىرى جەڭگىۋار، ئۇرۇشتا قورقۇمسىز، جەڭگە كىرسىلا ھاياتىنى ئۇنتۇپ، جەڭ قىلىپ دۈشمىنىنى يەڭمىگۈچە توختىمايتتى. ئاجىز يېرى خانلار، شاھزادىلەر، سۇلتانلار ئارىسىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى كەسكىن بولۇپ، شاھزادە ـ تېكىنلەر بىر ـ بىرىنى ئېتىراپ قىلماي، چوڭى چوڭ، كىچىكى كىچىك بولماي، بىر ـ بىرى بىلەن زىددىيەتلىشىپ، ئۆزەڭگە سوقۇشتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى پايتەختلىك بۇ ئەلدە بالاساغۇندىكى سۇلتان بىلەن قەشقەردىكى ۋەلىئەھدى، شاھزادە، سۇلتانلارنىڭ پەرمانلىرى دائىم ئىككى تەرەپتىن چىقىپ قالاتتى. بەزىدە بالاساغۇن تەرەپ كۈچلىنىپ كەتسە، بەزىدە قەشقەر تەرەپنىڭ كۈچلىنىپ كېتەتتى. ئاخىر شاھزادىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش خانلىق مەركىزىنى تۇراقسىز قىلىۋەتتى. ئاتام زاماندىن قالغان تارىخىي كۈرەش تۈپەيلى خانلىق بالاساغۇن ئوردىسىنىڭ سۇلتانى شاھى ئاباسقا كەلگەندە قاتتىق زەئىپلىشىپ كەتتى. گەرچە ھازىر قاراخانىيلارنىڭ ھوقۇق مەركىزى بالاساغۇن ئوردىسى بولسىمۇ، لېكىن ئاجىزلاپ لىغشىپ قالغانىدى.

شاھ قەسرىنىڭ سۆھبەتخانىسى. شاھ تاتارغان، غەزەپتىن قاتقان ھالدا چىلىمنى كۈچەپ شوراپ ئاغزى ـ بۇرنىدىن توختىماي پۇرۇلدىتىپ ئىس چىقىرىپ، شاۋازنىڭ سۆزلىرىنى جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلىماقتا.

ـــ ھۆرمەتلىك ئالەم پاناھ، خەزىنىمىزدىكى بىساتى ھەربىي يۇرۇش قىلىشقا يەتمەيدۇ.

ـــ بىز ئۇرۇشنى كۈزدە باشلايمىز! ـــ دېدى شاھ.

ـــ دېمەكچى بولغان مەقسەتلىرىنى چۈشەندىم. كۈزدە پۇقرالارنىڭ كۈزلۈك يىغىم ئالۋان ـ ياساقلىرىنى يىغىپ ئىككى يۈز مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى ئەملىسەك دەيدىلا، ـــ دېدى شاۋاز.

ـــ تەۋەيىمىزدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى كۈنلەر لەشكەرلىرىمىزنىڭ يات ئەللەردىن خامان ئالىدىغان ۋاقتى. خورىغان، كېمەيگەن خىراجەتلەرنى ياتلارنىڭ خامىنىدىن تولدۇرىمىز، ـــ دېدى شاھ.

ـــ ئالىيلىرى، دۈشمەننىڭ ئۈچ يۈز مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى ئاللىقاچان سەپراس بولۇپ، ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بىز تەرەپكە قىلىپ تۇرغىلى خېلى كۈنلەر بوپتۇ.

ـــ ئاز ھەم ئاجىز قوشۇن بىلەن كۆپ ھەم كۈچلۈك دۈشمەننى مەغلۇپ قىلغان ئىش تارىخلاردا بولغان.

ـــ شاھ ئالىيلىرى، بۇ ئۇرۇشنى قىلىپلا قالساق زىيان تارتىدىغىنىمىز تاۋاقتىكى ئاشتەكلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ـــ سەنچە بۇ ئۇرۇشنى قىلمامدۇق؟

ـــ ئامال بار ئۇرۇشتىن ساقلىنايلى. سەۋەبى نەچچە يىلدىن بېرى كەينى ـ كەينىدىن يۈز بەرگەن قۇرغاقچىلىق بىلەن سېرىق چېكەتكە ئاپىتى پۇقرالىرىمىزنىڭ يىلىكىنى قۇرۇتۇۋەتتى، خانلىق نامراتلىشىپ كەتتى.

ئابدۇلغەپۇر داموللىمۇ گەپ قىستۇردى :

ـــ ئاۋام ئالۋان ـ ياساقلارنى تۆلىيەلمىگەنلىكتىن، قەرزگە



www.uyghurkitap.com

بوغۇلۇپ ۋەيران بولۇپ، يۇرتنى تاشلاپ ھەر تەرەپكە قاچتى.
— ئۇنىڭ ئۇستىگە يۇرت ـ يۇرتلاردا غەلىيان، قاراقچىلار ئەدەپ كەتتى، مانا مۇشۇنداق شارائىتتا پۇقرالارغا ئۇرۇش ئالۋىنى سالساق، خانلىق ئىچى تىنچىماق تۇرماق تېخىمۇ داۋالغۇيدۇ، تاشقى دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قوزغىساق چوقۇم زىيان تارتىمىز، — دېدى شاۋاز.
— ئاڭلىماققا گېپىڭلار ناھايىتى ئورۇنلۇق، چاك بېسىپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن، بىز ئۇرۇشنى خەقنىڭ زېمىنىدا قىلىپ، زىياننى خەقنىڭ پۇقرالىرىغا سېلىش ئارقىلىق غەزنەۋىلەر بېسىۋالغان ھېراتنى قايتۇرۇۋالىمىز ھەم ئۇلارنىڭ مەلىكە بىلەن بەلخنى سورىغاننى باھانە قىلىپ بىز بىلەن سوقۇشماقچى بولغانلىقىغا بۇرنى ـ قۇلىقىغىچە تويغۇزىمىز، — دېدى شاھ.
— ئەگەر ئۇرۇش دەسلەپ خەقنىڭ زېمىنىدا بولسا، كېيىن بىزنىڭ زېمىنىغا كۆچۈپ كىرسە، ئاجىز، ئورۇق پۇقرالار غەزنەۋىلەر تەرەپكە ئۆتۈۋېلىشى مۇمكىن، — دېدى شاۋاز.
— مېنىڭ خەلقىمنى ئۆز خاقانىغا، ئۆز ۋەتىنىگە ئاسىيلىق قىلىپ ياتقا ھەمدەمدە بولىدۇ دېمەكچىمۇ سىلەر؟ — دېدى شاھ.
— بىزنىڭ خەلققە ئىشەنگىنىمىز ئىمانىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئەمما ئۇلارنىڭ بىزدىن رايى يېنىپ كەتتى، ھەتتا ئالۋان ـ ياساقنىمۇ قىلىچ ـ نەيزىگە تايىنىپ يىغىۋاتىمىز. ئۇنىڭ ئۇستىگە شەيخ جالالىدىننىڭ قاراقچىلىرىمۇ بارغانسېرى ئەدەپ ئوردىغا تەھدىت سېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئابدۇلغەپۇر داموللا.
— سىلەرچە بولغاندا مەلىكىنىمۇ غەزنەۋىلەرگە بەرسەك، بەلخنىمۇ بەرسەك، يەنە نېمە تەلەپ قىلسا شۇنى بەرسەك، ھەتتا ئۇلار جەڭ تۇلپارىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ يەتتىسۇ، ئىلى، پەرغانە، تارىم ۋادىسىدىكى پۇقرالىرىمىزنى قىرسا، مال ـ چارۋىلىرىمىزنى ھەيدەپ كەتسە، سۈت ئاقىدىغان يايلاق، ئالتۇن رەڭ دانلىرىمىزنى، بۇلۇتتەك پاختا، يىپەكلىرىمىزنى بۇلاپ

دىيارىمىزنى قانغا بويىسا، سىلەر بىلەن بىر قېرىنداشمىز دەپ قىلىچلىرىمىزنى تاشلاپ، ساپايە چېلىپ، ئالدىڭلارغا ئۇسسۇل ئويناپ چىقساق بولىدىكەن - دە، — دېدى شاھ غەزەپ بىلەن. — خوتۇن - قىزلىرىمىزنى ئالدىڭلارغا چىقىرامدۇق؟ ئەبلەخ خۇنپەرلەر! دۆلىتىمگە شېرىك بولۇش دېسە ھەممىنى يالماپ يۇتىسىلەر. يوقىلىش، چىقە ئوردامدىن خۇنپەرلەر! قېنى قىلىچ، ھەممىڭلارنىڭ تىلىنى كېسىدىغان يەرگە كەلدى!

شاھ شاۋاز باشلىق ھەممەيلەننى بېشىغا قولىغا چىققان نەرسىلەرنى ئېتىپ ئوردىدىن قوغلاپ چىقاردى. ھەممە ۋەزىر - ئەمىرلەر مۇشۇكتىن قورققان چاشقاندەك ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ قېچىشتى.

تاغ جىلغىسىدىكى شارقىراپ سۇ ئېقىۋاتقان دەريا بويىدا خان لەشكەرلىرى چېدىر تىكىپ ماكانلاشقانىدى. چېدىردا ئابدۇللا شاتىرى، ئەينىدىن سەرۋازلار ساپال چىراغ يورۇقىدا مەسلىھەتلەشمەكتە.

بۇ چاغدا ئېگىز تاغ چوققىسىدا شەيخ جالالىدىن، سادىق بىلال، ئىلياسلار جىلغىدىكى ئابدۇللا شاتىرىنىڭ چېدىرلىرىنى كۆزەتمەكتە ئىدى. شەيخ جالالىدىن ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا بىردەم قارىۋېتىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. دۇئادىن كېيىن ئىلياسنىڭ باشچىلىقىدا بىر توپ يىگىتلەر پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

ھۆربانۇنىڭ قەسرى. ئايشە بىلەن ھۆربانۇ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

— شاۋاز بىلەن ئىككىڭلار شۇنچىۋالا شۇملۇقلارنى قىلدىڭلارمۇ؟ — سورىدى ھۆربانۇ.

— بىر ئۆمۈر شاۋازنىڭ كېيىنگە كىرىپ شاھقا زىيانكەشلىك قىپتىمەن. شۇڭا، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا قىلمىشىمغا تووۋا قىلىپ، گۇناھىمنى يۇماقچىمەن، — دېدى ئايشە.

— بۇ گەپلىرىڭنى ئاڭلاپ قورققۇم كېلىۋاتىدۇ. سەن بىلەن

سەرداش بولۇشتىن راست قورقۇۋاتىمەن، سەن ئادەممۇ، ئالۋاستىمۇ؟

— مەن ئاللا ئالدىدا قىلغان گۇناھىمغا توۋا قىلغىنىم ئۈچۈن ئۆزلىرىگە بۇ مەخپىيەتلىكنى جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ قويۇپ دەۋاتىمەن. مەن ئۆزلىرىگە ياخشىلىق قىلىش، شاھقا قىلغان تۇزكورلۇقۇمنى يۇيۇش ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئىنس - جىن بىلمەيدىغان قەبىھ جىنايەتلىرنى ئۆز ئاغزىم بىلەن دەپ بېرىۋاتسام، يەنە تېخى ئۆزلىرىگە شاھتىن پەرزەنتلىك بولۇش پۇرسىتى بېرىۋاتسام يەنە ماڭا ئىشەنمەمدىلا؟ راست دەيدىلا، ئەسلىدە مەن ئالۋاستى ئىدىم، مانا ئەمدى ئادەم بولماقچىمەن.

ئايشەنىڭ بۇ گەپلىرىدىن ھۆربانۇ سەل يۇمشىغاندەك بولدى.

— بۇغۇ راست، سەن شاۋازدىن ئۆچ ئالماقچىمۇ؟

ئايشە ئاستا بېشىنى لىڭشىتتى. ھۆربانۇ ئويغا پاتتى.

شاۋاز توختى سەرۋاز باشلىق بىر توپ نۆكەرلىرى بىلەن ھەربىي قورۇقنىڭ دەرۋازىسىغا كەلدى. قاراۋۇللار شاۋازغا سالام بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتى. شاۋاز ئابدۇللا شاتىرىنىڭ خانىسىغا كىرىپ ئۇنى ئىزدىدى:

— ھەربىي ۋەزىر ئابدۇللا قېنى؟

ئابدۇللانىڭ يېقىنلىرىدىن قادىر سەرۋاز كېكەچلەپ سۆزلىدى:

— دە ... دەي دېسەم تىلىم كۆيىدۇ، ئالىيلىرى.

— گەپ قىل لەقۋا، ھېلى بىكار تىلىڭنى كېسىمەن، — دېدى شاۋاز.

— ۋەزىر جانابلىرى، ئابدۇللا سەردار ... خىل بەش يۈز ئاتلىقنى تاللاپ تاغدىكى قاراقچىلارنى ئۇجۇقتۇرۇشقا مەخپىي چىقىپ كەتتى، — دېدى قادىر سەرۋاز ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ.

— قاچان؟ — سورىدى شاۋاز.

— بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى.

شاۋاز قادىر سەرۋازنىڭ كاچىتىغا تەستەك بىلەن قاتتىق

سالدى.

— نېمىشقا ماڭا خەۋەر قىلمىدىڭ؟ ھارام تاماق!

قادىر سەرۋاز ئاغزى ـ بۇرنىدىن قان كەتكەن ھالدا تىك تۇرۇپ دېدى:

— ئابدۇللا جانابلىرى بۇ ئىش قاتتىق مەخپىي، بولۇپمۇ ۋەزىرئەزەم بىلمىسۇن. ئەگەر كىم دەپ قويسا كاللىسىنى ئالىمەن دەپ قاتتىق پەرمان قىلغان.

— ھۇ ھارام تاماق كىسپۇرۇش. دائىم ئىش ئەپلەشتۈرەلمەي بۇرنىغا يەپلا يۈرۈيدۇ. ئۆيىگە كەلگەن ياۋا توڭگۇزلارنى تۇتالمىغان لەقۋا تاغقا بېرىپ تۇتالامدىكەن؟

تاغ ئارىسىدىكى سۇ بويىغا جايلاشقان خان لەشكەرلىرىنىڭ چېدىرى. قاراۋۇللار مەشئەل كۆتۈرۈپ قاراۋۇللۇق قىلماقتا. سۇ ئىچىدىن بىر قانچە يىگىت بېشىنى چىقىرىپ قاراۋۇللارغا زەھەرلىك تىكەن پۈۋلىدى. قاراۋۇللار كەينى ـ كەينىدىن يىقىلدى. يىگىتلەر سۇدىن چىقىپ تۇرۇشىغا ئابدۇللا شاتىرى باشلىق ئاتلىق خان لەشكەرلىرى چاتقال ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىقىپ ئۇلارنى قورشىۋالدى. ئاندىن ئوقيا، خەنجەر ئېتىپ ئۇلارنى ئۆجۈقتۇردى. شۇئان ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىلياس باشچىلىقىدىكى بىر توپ ئاتلىق چوقان سېلىپ، باستۇرۇپ كەلدى. ئابدۇللا شاتىرلارمۇ ئۇلارغا قارشى ئات سالدى.

چاھارباغ. قېرى ئالما تۈۋىدە غېرىبنى كارىۋاتتا ياتقۇزۇپ قويغانىدى. باخشىلار داپلىرىنى تۇتۇشۇپ ئەسنەپ مۈگدەپ ئولتۇراتتى، ئاسىخان باخشىمۇ مۈگدەشكە باشلىدى. سەنەمنىڭ بىر كېنىزىكى كېلىپ سالام بېرىپ دېدى:

— ئاسىخان بۇۋىم، مەلىكە ئالىيلىرى بەك چارچاپ كېتىپتۇ. بۈگۈن پېرە ئويناشقا ھالىم يوق دەيدۇ.

شاھ ھوجرىسىدا ياتاتتى. مېھرىبانۇ خانىش دېدەك بەرگەن ھۆل يىپەك ياغلىقنى شاھنىڭ پېشانىسىگە قويدى. مۇھەممەدىن جەرراھ شاھنىڭ تومۇرىنى تۇتۇۋاتاتتى، شاھ نېمىلەرنىدۇر

www.uyghurkitap.com

جۆيلۇپ ياتاتتى. ئەلپازى يامان، بوراندەك ئېتىلىپ كىرگەن سەنەم ئاتىسىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ئىزىدا توختاپ قالدى. ئاستا يېقىنلاپ كېلىپ خۇدنى بىلەلمەي ياتقان شاھنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ، بۇقۇلداپ يىغلىدى.

غېرىبنى چاھارباغدىن يۆتكىدى. مەھەللە يولىدا بىر توپ ياساۋۇللار غېرىب سىلىنغان ئاتلىق مەپىنىڭ ئالدى ـ كەينىنى قوغداپ ماڭدى. مەپىدە نىگارئايىم گۈلجامالنى قۇچىقىدا ئولتۇرغۇزغان ھالدا غېرىبقا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇراتتى. گۈلجامال غەم بېسىپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرغان غېرىبنىڭ ئېڭىكىنى بۇدرۇق قوللىرىدا كۆتۈرۈپ، مەڭزىگە سۆيۈپ دېدى.

— غېرىب ئاكا، مەلىكە ئالىيلىرىنى سېغىندىڭىزمۇ؟ مانا مەن سۆيۈپ قويدۇم بولمىدىمۇ؟ مەلىكە ئالىيلىرى كەلمىسە كەلمىسۇن، سىزنى مەن سۆيىمەن، ئاكا.

نىگارئايىم كۈلدى. غېرىبمۇ غەمكىن كۈلۈپ، گۈلجامالنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن ئالدى.

— شەيتان جىنتەك، مەن سىزنى سۆيمەيمەن.

غېرىب شۇنداق دەپ گۈلجامالنى قىچىقلاپ سۆيدى.

— غېرىب ئاكا، ئايغا قاراڭ، ئاي بەك چىرايلىق، ئۇ مەلىكە ئالىيلىرىغا ئوخشايدۇ.

غېرىبمۇ، نىگارئايىممۇ ئايغا قارىدى. غېرىب ئايغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئېگىز سېپىلغا قارىدى.

— غېرىب ئاكا، مەلىكە ئالىيلىرىغا ئېيتىپ بەرگەن ناخشىڭىزنى ماڭىمۇ ئېيتىپ بېرىڭا. مەنمۇ مەلىكە ئالىيلىرىغا ئوخشاش سىزنىڭ ناخشىڭىزغا ئامراق. ئاسماندىكى ئايغا قاراپ ئېيتىڭ، مەلىكە ئالىيلىرىمۇ چوقۇم ئايغا قاراپ سىزنى سېغىنىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنى ھەرقىچان ئانىسى ئۇرۇپ، كەچ بولۇپ كەتتى، نەگە بارىسەن، دەپ چىققىلى قويمىدى.

ھارۋىنى ئاتلىق قوغداپ ماڭغان ياساۋۇللارمۇ كۈلۈشۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كەتتى.

— ماقۇل جىنىتەك، مەن ئايغا قاراپ ساڭا ناخشا ئېيتىپ بېرەي، — دەپ غېرىب ناخشىسىنى باشلىدى:

مېنىڭدەك ئىنتىزار يولىدا ھەيران بولماسۇن ھېچكىم،
كۆكەرگەندە قۇرۇپ يەر بىرلە يەكسان بولماسۇن ھېچكىم.
گۈلى ئالىقاندا تۇرۇپ، بىگۈلىستان بولماسۇن ھېچكىم،
گۈلىستان باغدا تۇرۇپ، خانىۋەيران بولماسۇن ھېچكىم،
كۆزىدىن خۇن تۆكۈپ، باغرى تولا قان بولماسۇن ھېچكىم.

تاماشا قىلغۇدەك پۇرسەت كېرەك باشى ساق يارانلارغا،
باشىمنى مەن ئۆزۈم سالدىم بۇ سەۋدا ھەم بەلالارغا.
باشىدىن ھۇش كەتتى، خۇدۇم كەتتى، قالدىم ماجىرالارغا،
مېنىڭدەك بىخەستەلىكتە خانىۋەيران بولماسۇن ھېچكىم،
كۆزىدىن قان تۆكۈپ، باغرى تولا قان بولماسۇن ھېچكىم.

بىر چاغدا مەپە شەھەر سىرتىدىكى بىر مەھەللىگە كېلىپ توختىدى.

زەينىدىن بومىيانى شاۋاز ئورۇنلاشتۇرغان مېھمانسارايدىكى ھۇجرىسىدا ساندۇقتىن تىللالارنى ئېلىپ سۆيۈپ، كۆزىگە سۈرتۈپ ئىزىغا قويدى، يەنە ئېلىپ كۆرۈپ باقتى. شۇ چاغدا شاۋاز كىرىپ كەلدى. بومىيانى ئالمان ـ تالمان تىللالارنى ساندۇققا سالدى ـ دە، ئاغزىنى يېپىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بومىيانى ھەزرەتلىرى.

— ۋەئەلەيكۇمئەسسالام ۋەزىرئەزەم، قانداق خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىلىكىن؟

— بۈگۈن مەن سىلىنى مۇقام جەۋھەرلىرىدىن ھەم گۈزەل قىزلىرىمىزنىڭ لەرزان ئۇسسۇللىرىدىن لەززەتلەندۈرۈپ، خۇشال ھەم مەست قىلغىلى كەلدىم، — دېدى شاۋاز.

— ئاۋۋال خوش خەۋەرنى ئېيتقان بولسىلا، ئالىيلىرى، — دېدى بومىيانى.

— خوش خەۋەرنى تازا تەقەززا قىلىپ، مەستۇمەستەغرەق بولغانلىرىدا دەيمەن، ھەزرەتلىرى.

— ۋاي - ۋوي ئالىيلىرى، ياخشى گەپنىڭ بالدۇر بولغىنى ياخشى، ئادەمنى ياشارتىپ ئۆمرىنى ئۇزارتىدۇ.

— ئاۋۋال خۇشاللىقنىڭ نەغمىسىنى قىلىپ، ئاندىن ئۆزىدىن ھوزۇرلانغۇلۇق. ھاي، بوگون ئېسىل مۇسەللەستىن كەلتۈرۈڭلار، چىلىم تەييار قىلىڭلار! نەغمە باشلانسۇن! — دەپ بۇيرۇق قىلدى شاۋاز.

— يەيدىغان نەرسىنىڭ ئېپىنى قىلمىساق مەكىت نەشىسى قوپالماس قىلىۋېتىدىكەن.

— خاتىرجەم بولسىلا، ئەلچى ھەزرەتلىرى، خوتەننىڭ تونۇردا پۈتۈن پىشۇرغان پاقلان كاۋىپىنى سىلى ئۈچۈن ئاتايىن كەلتۈردۈم.

— ئۆزىنى قانداق كۆتۈشنى، خوشال قىلىشنى ۋەزىرئەزەمدىن ئۆگەنمىسە ...

بومىيانى شۇنداق دېيىشىگە گەپنىڭ ئاخىرىنى شاۋاز چۈشۈردى:

— دۇنيانىڭ غەملىرى ئادەمنى تۆمۈرنى دات يېگەنگە ئوخشاش يەپ تۈگىتىدۇ، تەقسىر.

— بەرھەق، بەرھەق، جانابلىرى.

— قېنى ھەممىنى كەلتۈر، نەغمەڭنى باشلا، نەغمە ئىشتەينى ئاچىدۇ، شۇڭا ئىشتەي نەغمىسى دەيمىز.

نەغمىچىلەر ئون - تىنىسىز كىرىپ سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇپ نەغمە قىلدى، ئۇسسۇلچى قىزلار ئۇسسۇل ئوينىدى.

ئىنس - جىن، ھۆرۇ مالايىك ئەي دىلرابا يارىڭ سېنىڭ،
يۈزۈڭ ئاي، كۆندۈز كۆزۈڭ، سەبرى رۇخسارىڭ سېنىڭ،

يەرگە باققاي چېھرىڭنى كۆرسە كىشى چاقار رەپتارىڭ سېنىڭ،
گۈل ـ تىكەندىن باش چىقاردى كۆزدىكى خارىڭ سېنىڭ،
ئەي گۈزەل، جىسمىمغا ئوتلار ياقتى ئەتۋارىڭ سېنىڭ.

زىننەتىڭگە ھەق ياساپتۇر، باشىڭ ئۆزرە قاشلىرىڭ،
ھۆسنۈڭ ئايۋانىنىڭ ئۆزى، كىرپىكىڭدۇر پەنجىرەڭ.
كىم قەپەستە ئاسرارمىش تولغىنىپ تۇرسا بىلىڭ،
نېمەتىم بار، لەززەتىم بار، دۆلىتىمدە رەڭمۇرەڭ،
دۆلەتىڭ بولماس زاۋال ھەقدۇركى كىردارىڭ سېنىڭ.

جىلغىدىكى گىرەلەشمە جەڭدە ئابدۇللا شاتىرى باشلىغان خان لەشكەرلىرى ئىلياسنىڭ تاغ باتۇرلىرىنى كەينى ـ كەينىدىن ئاتتىن موللاق ئاتقۇزدى. ئىلياسلار ئاخىر تاغ تەرەپكە قاچتى. ئابدۇللا شاتىرلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۇر ـ چاپ قىلىپ، ئىز بېسىپ قوغلاپ ماڭدى.

تاغ تۇرا ئەتراپى. ئەتىگەنلىك شەپەق تاغ تۆپىسىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنى، ئوت ـ چۆپلەرنى، چېدىرلارنى قىزىللىققا پۈركىگەنىدى. ئىلياسلارنى قوغلاپ تاغ تۇراغا باستۇرۇپ كەلگەن ئابدۇللا شاتىرلار تاغ چوققىسىغىچە چىقتى. ئىلياسلار ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۆڭكۈرگە قاچتى. ئۆڭكۈر ئىچى ئۇزاق ـ ئۇزاقتا بىردىن مەشئەل قادالغان ئۇزۇن كارىدور بولۇپ، ئىلياسلار ئىچكىرىلەپ قېچىشۋەردى. لەشكەرلەرمۇ ئۇلارنى توختىماي قوغلاپ ماڭدى. بىر يەرگە يەتكەندە، ئابدۇللا شاتىرلار لەخمىگە گۈلدۈرلەپ چۈشۈپ كەتتى.

مەسچىت ئالدىدىكى قايناق بازار. چايخانا سۇپىسىغا سېلىنغان گىلەمدە بوۋايلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، دېھقانلار، تىجارەتچىلەر ئىشقىلىپ، ھەر خىل كەسىپتىكى ھەر خىل ئادەملەر غۇژمەك ئولتۇرۇشۇپ چاي ئىچىشمەكتە. بىر ئەما ئادەم دۇتار چېلىپ ناخشا توۋلىماقتا. ئۇنىڭ ياش، چىرايلىق قىزى دۇتارغا كەلتۈرۈپ

ئۇسسۇل ئوينىماقتا.

بۇل مۇساپىر شەھرىدە ھەردەم تۇتاشىپ يانەمەن،
ھەرقايان بارسام بۇ كۇن يولدىن ئاداشىپ بارەمەن.
نە ئاتام بار، نە ئانام بار، ھېچ كىشىم يوقتۇر مېنىڭ،
ھەر نەكى دەۋرانىلەرگە زارۇ سەرگەردانەمەن.
نە گۇناھ قىلدىم، خۇدا، دۇنيادا مەن بولدۇم خەراب،
ھەرقەيەردە بىقوۋۇل بىچارىگە غەمخانە مەن.
داغلار قويدى يۇرەككە بۇ فەلەكنىڭ گەردىشى،
قىسمەتىم مۇنداق ئىكەن، بىر لامەكان بىگانەمەن.
ئول ياقامنى چاك ئېتىپ پەريادۇ ئەفغان ئەيلەدىم،
بارچەنىڭ باغرى پۇتۇن، مەن بىر دىلى سەد پارەمەن.

ئەما ناخشىدىن توختىدى. ئۇسسۇلچى قىزمۇ ئۇسسۇلدىن توختاپ، ئېتىكىنى تەڭلەپ چاي ئىچىۋاتقانلارنىڭ ئالدىغا باردى. چايخورلار يېنىدىن يارماق چىقىرىپ قىزنىڭ ئېتىكىگە تاشلىدى.

— غەزنەۋىلەر سۇلتانى شاھى ئابباسقا ئەلچى ئەۋەتىپ مەلىكە سەنەمنى كىچىك خوتۇنلۇققا سوراپتۇدەك. ئەگەر مەلىكىنى بەرمىسە، شەھىرى بەلخنى بېرىشنى سوراپتۇ. بۇ گەپلەردىن قان پۇرايدۇ، — دېدى ياغاق يۇز بىر بوۋاي. يەنە بىرى بوۋاينىڭ گېپىگە ئۇلاپلا دېدى:

— غەزنەۋىلەر سۇلتانىغا خوتۇن ئازمۇ؟ مەلىكىنى خوتۇنلۇققا سوراش ئارقىلىق شەھىرى بەلخنى بېرىسەن دەپ سۇركىلىۋاتقان گەپ.

— شاھى ئابباسنىڭ غەزىپى تۇۋۇدىن تۇتۇپ، غەزنەۋىلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ كونا - يېڭى ھېسابنى بىراقلا ئالىمەن دەپتۇ، — دېدى بوۋاي، — شاھ ئۇرۇش قىلىپ غەزنەۋىلەرنى يەر يۇزىدىن يوق قىلمىغۇچە بولدى قىلمىغۇدەك.

— ئەمما، ۋەزىرئەزەم شاۋاز ئۇرۇش قوزغاشقا قارشى ئىكەن، ئۇرۇشۇپ غەزنەۋىلەردىن پايدا ئالالمايمىز، ئامال بار ئۇرۇشمىساق دەيدىكەن، ئۇرۇشماسلىقنىڭ كويىدا ئىكەن، — دېدى يەنە بىرى.

— ئۇرۇش بولسا خاپىلىقى شۇ بىچارە پۇقراغا بولىدۇ شۇ، — دەپ ئەپسۇسلاندى ئورۇق بوۋاي.

ئابدۇللا شاتىرى تاغ تۇرادا قولغا چۈشتى. ئۇ زىنداندا بوينىغا تاقاق، پۇت ـ قولىغا زەنجىر ـ كىشەن سېلىنغان، يۈزلىرى ئىششىپ كۆكەرگەن، رەسۋا ھالەتتە ئولتۇراتتى. بىر يىگىت بىر ھېجىر ئۇماچ بىلەن بىر چالا پىشقان كۆمەچنى ئەكىلىپ ئالىيىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— ئاله، يە!

— ئىتمۇ يېمەيدىغان نەرسەڭنى ئۆزۈڭ يە، — دېدى ئابدۇللا شاتىرى گۆلىيىپ.

— ئۆزۈڭ ئىتتىنمۇ پەس مەخلۇق بولغاندىكىن يەرسەن؟

يەنە بىر يىگىت ئابدۇللا شاتىرىنى بىقىنىغا تېپىپ يۇمىلىتىۋەتتى.

— ھۇ ئۆلگۈر مۇناپىق، نامرات پۇقرانىڭ يەيدىغىنى ئۇماچ بىلەن كۆمەچ. سەن ھالال ياشايدىغان خەلقنى ئىتقا ئوخشىتىۋاتامسەن تېخى؟ — دېدى.

— ئىت يەيدىغانغا بىر نەرسە تاپالمىسا پوق يەيدۇ دەيدۇ، سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ پوقىنى يە، — دېدى يەنە بىر يىگىت.

ئابدۇللا شاتىرى كۆمەچنى ئاستا قولىغا ئالدى.

غېرىبنىڭ ئۆيى. ھويلىدىكى گۈللۈكتە گۈلجامال يۆلەنچۈكتە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلغان غېرىبنى تەۋرىتىپ قويۇپ، پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەردىن ئۈزۈپ ئەكەلدى. نىگارئايىم ئۇ گۈللەردىن گۈلچەمبىرەك ياساپ غېرىبنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويدى. غېرىب بويىندىكى گۈللەرنى ھىدلاپ ئانىسىنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويدى.

— ئانا ... تەمبۇرىمنى ئاچىقىڭا، چالغۇم كېلىۋاتىدۇ.

— مەن ئاچىقىمەن.

گۈلجامال يۈگۈرۈپ كىرىپ تەمبۇرنى ئاچىقتى. غېرىب تەمبۇرنى تەڭشەپ، چېلىپ ناخشا ئېيتتى.

ئىنتىزارىڭدىن چىقىپدۇر جانىمكى، جانان، قايدىسەن؟
رەھم قىل، ئەھۋالىمى قىلغان پەرىشان قايدىسەن؟
پۇرقەتىڭدىن خەستە بولدۇم، تەندە تاقەت قالمىدى.
جان غېمىڭدىن يەتتى لەبگە، دەردكە دەرمان قايدىسەن؟
مەن يۇسۇپتەك مۇبتىلا بولدۇم، پىراقى ئوتىدا،
سەن زىلەيخادەك پاراغەتتە گۈلىستان قايدىسەن؟
بۇ غېرىب تاپقايمۇ ئىزدەپ شەھرۇ سەھرانى كېزىپ،
يۈزى تولغان ئاي كەبى، ئەي كۆزى چولپان قايدىسەن؟

غېرىبنىڭ ناخشىسى شۇ يەرگە كەلگەندە، ھويلىغا بىر توپ ساۋاقداشلىرى ئۇنى يوقلاپ كىرىپ كەلدى.

ھۆربانۇ خانىش ھۇجرىسى. ھۆربانۇ زىبۇزىننەت ساندۇقىغا ئالتۇن، مەرۋايىت قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى، تىللا، زىخچە ئالتۇنلارنى قاچىلاپ، كىيىملىرىنى بىرقانچە بوغچا قىلىپ تەييارلىدى. شۇ چاغدا ھۇجرىغا ئايشە كىرىپ، لەشكەرلەر كىيىدىغان تۆمۈر نىقابلىق دۇبۇلغا ـ ساۋۇتنى ھۆربانۇغا تەڭلىدى.

— بۇنى كىيسىڭىز سىزگە كارامەت يارىشىدۇ.

— شۇنداق قىلارمەن، — دېدى ھۆربانۇ. ئايشە تۇمارچىلاپ قاتلانغان بىر خەتنى دېدەككە تۇتقۇزۇپ:

— ساڭا بىر كۆمۈش بېرىمەن. بۇگۈن پېشىندىن كېيىن بۇ خەتنى مېھرىبانۇ خانىشنىڭ ئۆز قولىغا تەگكۈز، — دېدى.

— بولىدۇ، ئايشە غوجىدار، — دېدى دېدەك.

— ئەگەر بۇ خەتنى مېھرىبانۇ خانىشنىڭ ئۆز قولىغا يەتكۈزمەيدىغان بولساڭ، سېنى قېرى ئابدالدىن بىرىگە توقاللىققا بېرىۋېتىمەن، — ھۆربانۇ جېكىلەپ دېدى.

www.uyghurkitap.com

— خانىش ئايىم، خاتىرجەم بولسىلا. بۇ خەتنى چوقۇم مېھرىبانۇ خانىش ئايىمغا تەگكۈزىمەن.

— ھازىردىن باشلاپ سەن بىزنى كۆرمىدىڭ، چىقىپ كەت.

دېدەك تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى. ئايشە تۆمۈر نىقابلىق دۇبۇلغا ـ ساۋۇتنى ھۆربانۇ خانىشقا كىيدۈرۈپ، يېنىغا قىلىچ ئاستى. ئاندىن ئۆزىمۇ دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيىپ، قىلىچ ئاستى. ئىككىسى ئۇرۇشقا كىرىش ئالدىدىكى ئەر لەشكەرلەرگە ئوخشاپ قالدى. ھۆربانۇ خانىش بىلەن ئايشە ھويلىغا چىقىپ ئات باقار توقۇپ تەييارلىغان ئىككى ئاتقا مىندى. كەينىدىن چاكار يوغان قىل خۇرجۇننى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئايشەنىڭ ئېتىنىڭ ئالدىغا ئارتىپ بەردى. ئىككىسى ئاتنى قامچىلاپ قەسىر دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى. قەسىر دەرۋازىسىدىكى قاراۋۇللار ھەيران بولغىنىچە دېدى:

— ھىم، خانىش قەسىرگە بۇنداق جەڭگاھ كىيىمى كىيگەن لەشكەر كىرمىگەن. بۇ لەشكەرلەر نەدىن پەيدا بولدى؟

شاھنىڭ گۈلتاغدىكى ئارامگاھى. بۇك ـ باراقسان قارىغاي ـ ئارچا ئۆسكەن تاغ باغرىنى رەڭگارەڭ ياۋا گۈللەر قاپلىغان، بۇ يەردىكى سۈزۈك سۇلۇق كۆل بويىغا چىرايلىق راۋاق سېلىنغانىدى. كېسەلدىن قوپقان شاھ بېشىنى ئاق يىپەكتە چىڭ تاڭغان ھالەتتە شاھانە كارىۋاتتا پەي ياستۇققا يانپاشلاپ يېتىپ چىلىم تارتماقتا، ئىمادىدىن قەشقەرى تومۇرىنى تۇتماقتا. دېدەك قىز قايىنىتىلغان دورىنى ئەكەلدى. شاھ سەسكىنىپ تۇرۇپ دورىنى ئىچتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەددىن قاراقاش شاھنىڭ تىلىنى چىقارغۇزۇپ كۆردى، كۆڭلىكىنى ئۆرۈپ دۈمبىسىنى كۆرۈپ دېدى:

— ئالەمپاناھ، مۇبارەك تەنلىرىگە تەگكەن ئۇچۇق بەدەن تېشىغا تېپىپ، دۈمبىلىرىگە ئىلمە بولۇپ چىقىپتۇ. ئەمدى قان ئېلىنغۇچىسەك يەڭگىللەپ سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدىلا.

— يەنە قان ئالىدىغان گەپمۇ؟ — دەپ سورىدى شاھ.

— خاپىغاندىن جىگەرگە تەپكەن سەپرا قاننى بۇزۇپ ئۇچۇققا ئايلانغان، ئالىيلىرى. مانا ئەمدى شۇ بۇزۇق قان خىلىتى تېشىغا تەپتى. ئۇ قاننى ئېلىۋەتمىسەك بەدەندە يەنە قايتا قىزىتما پەيدا قىلىپ، ئالىيلىرىغا مالامەت يەتكۈزىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى مۇھىددىن قاراقاش.

ئىمادىدىن قەشقەرىمۇ ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— ھۆكۈما جانابلىرى، بۈگۈن بەدەندىن قان ئېلىشقا بولامدىكىن؟ — دېدى.

ئەرشىدىن ھۆكۈما قولتۇقىدىكى كۆك مۇقاۋىلىق قەدىمىي پالنامىنى ئېچىپ كۆرۈپ دېدى:

— بۈگۈن كۈنگە سەيشەنبە، زۇھەل يۇلتۇزى كۈمۈش قوزۇققا يېقىنلاشقان كۈن. بۈگۈن دەم ئېلىشقا، ساياھەت قىلىشقا، قان ئېلىپ بەدەندىكى ناچار خىلىتلارنى تازىلاشقا، ھە يەنە كۆڭۈل ئېچىشقا، ئىشرەت قىلىشقا باب كېلىدۇ ... ئۇنىڭدىن باشقا ... ئۇنىڭدىن باشقا ...

— يەنە نېمە؟ — شاھ جىددىيلىشىپ سورىدى.

— بۈگۈن ... بۈگۈن قوزا يۇلتۇزى ھەمەل بۇرجىدا تۇرۇۋالىدۇ، شۇڭا كىشىگە يېقىن دوستىدىن خاپىلىق يېتىدۇ، — دېدى ئەرشىدىن ھۆكۈما.

تاغ تۇرا. تاغ باتۇرلىرى خان لەشكەرلىرىدىن ئولجا ئالغان تۆمۈر نىقابلىق دۇبۇلغا ـ ساۋۇت، قىلىچ، نەيزە ـ قالقان، ئات قاتارلىق نەرسىلەردىن ئۆزلىرىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىشىپ، خۇشال بولۇشتى.

— شاۋاز دۆلەتنىڭ ھەربىي ۋەزىرى بولمىش ئوغلىنىڭ تاغلىقلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغىنىنى بىلسە يىلاندەك تولغىنىپ كېتەر، — دېدى سادىق بىلال.

— ئەمدى شاۋاز ئۈششۈك تەگكەن ھەرىدەك بولۇپ قالىدىغان بولدى، — دېدى ئىلياس.

— بىر خانلىقنىڭ ھەربىي ۋەزىرىنىڭ تاغدىكى تۆت توك ـ

توك كىشىگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغىنى خاندانلىق ئۈچۈن زور ھاقارەت. سۇلتانمۇ، شاۋازمۇ بۇنىڭغا چىدىمايدۇ، — دېدى شەيخ جالالىدىنمۇ.

بۇ چاغدا بەيگە مەيدانىدا شاۋاز ئات ئۈستىمدە قىلىچ ئوينىتىۋاتاتتى. ئۇ ئاتنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىدە تۇرغان قارانچۇقلارنى قىلىچ بىلەن چاپتى. ئاندىن تېز چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتتىن پەسكە ساڭگىلاپ يەردە ياتقان نەيزىنى ئېلىپ يىراقتىكى قارانچۇققا ئاتتى. نەيزە ئۇچۇپ بېرىپ قارانچۇققا سانجىلدى. شاۋاز يەنە ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ يىراقتىكى قارانچۇقلارغا خەنجەر ئاتتى، ئاندىن ئوقيا ئاتتى. يىراقتىن ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن قادىر سەرۋاز ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە، مۇدۈرۈپ يىقىلغىلى تاس قېلىپ ئۆزىنى توختىتىۋالدى، ئاندىن قارا تەرگە چۆمگەن ھالدا كېكەچلەپ دېدى:

— ئەس ... ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە ... ۋەزىر ... ئەزەم ئالىيلىرى، چاتاق بولدى ....

شاۋاز چىرايى تاتارغان ھالدا سورىدى:

— تىلىڭنى چاينىماي گەپ قىل، كالۋا، نېمە چاتاق بولدى؟

قادىر سەرۋاز ئەتراپىغا ئالاقزادە بولۇپ قاراپ :

— ۋەزىرئەزەم ... خالىي جايدا دەيمىكىن، — دېدى.

— دەۋەر، خۇنپەر !

— ئا ... ئالىيلىرى ... ئابدۇللا سەردار ... تاغ ... تاغ ...

— تاغدا نېمە بوپتۇ؟ بېشىنى يەپتىمۇ؟ گەپنى چاپسان قىل، تىلىڭغا هونناق چىققۇر !

شاۋاز تاقەت قىلالماي قادىر سەرۋازنىڭ ئېڭىكىگە تەتۈر تەستەك بىلەن سالدى. قادىر سەرۋاز يىقىلىپ چۈشتى. شاۋاز ئۇنى ياقىسىدىن قاماللاپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ ۋارقىرىدى:

— نېمە ئىش بولدى ؟ چاققان دە !

— تاغ ... تاغ ... ئوغرىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ...

گەپنىڭ ئاخىرىنى دەپ بولغۇچە شاۋاز جان ئاچچىقىدا قادىر



www.uyghurkitap.com

سەرۋازنى گېلىنى بوغۇپ تىنالماس قىلىۋەتتى. قادىر سەرۋاز پۈت ـ قولىدا ماغدۇر قالماي ئىزىغا يىقىلدى.

تەلەتى بۇزۇلغان شاۋاز ئېتىنى قامچىلاپ دەرۋازىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ سەركەردە، نۆكەرلىرى ئات سېلىپ شاۋازغا ئەگەشتى.

چەكسىز يايلاق. دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيگەن هۆربانۇ خانىش بىلەن ئايشە ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ يايلاقتىن كېسىپ ئۆتۈپ، بۇلاق سۇلىرىدىن هاسىل بولغان ئېرىق بويىغا كېلىپ ئاتلىرىدىن چۈشتى. هۆربانۇ خانىش بېشىدىن تۆمۈر نىقابلىق دۇبۇلغىنى ئېلىپ تەرلەپ كەتكەن يۈزىنى سۇدا يۇيۇپ، سۇ ئىچكەندىن كېيىن دېدى:

ــ بۇ تۆمۈر قاپقاقلار نېمانداق ئېغىر؟ ئىچىم سىقىلىپ ئۆلەي دېدىم. ئەمدى سېلىپ تاشلايلىچۇ؟!

ئايشە ئالدىرىماستىن دۇبۇلغىسىنى بېشىدىن ئېلىپ تەرلىرىنى سۈرتۈپ، يۈزىگە قالايمىقان چاپلاشقان چاچلىرىنى تۈزىگەچ دېدى :

ــ بىز ئەمدىلا پايتەخت بوسۇغىسىدىن ئاتلىدۇق. خانىنىڭ قولى يەتمەيدىغان، قەدىمى تەگمىگەن يەرگە ئۆلىشىۋالغۇچە چىدىمىساق بولمايدۇ.

ــ بولدى قىلايلى، ئايشە.

ــ بۇ كىچىك بالىنىڭ ئويۇنى ئەمەس. بىز هازىر خەتەر ئىچىدە. ئەگەر قولغا چۈشۈپ قالىدىغان بولساق دارغا ئېسىلىمىز. سىز هازىر خانىش ئەمەس، بىز قاچقۇن. جېنىمىزنى ساقلاپ قېلىشىمىز، سىزنىڭ ئامان ـ ئېسەن تۇققۇز ئاي، تۇققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ بالىنى ساق ـ سالامەت تۇغۇپ شاه ئالدىدا ئىززەتلىك ئانا بولۇشىڭىز ئۈچۈن، هازىردىن باشلاپ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايسىز. مەن نېمە دېسەم شۇنى قىلىسىز. بولمىسا سىزنىڭ چىدىماسلىق، كالتە پەملىك، بىخەستەلىكىڭىز سەۋەبىدىن شاهنىڭ زىندانىدا پىت ـ بۈرگىگە

www.uyghurkitap.com

يەم بولۇپ، ئاخىر دارغا ئېسىلىپ ئۆلگۈم يوق. بىلدىڭىزمۇ؟ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايسىز. مەن سىزنى شاھزادىگە، شاھنىڭ تەخت ۋارىسىغا ئىگە قىلماقچى.

ھۆربانۇ ئاغزىنى كامارەدەك ئېچىپ ئايشەنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالدى. ئايشە كېلىپ ھۆربانۇنىڭ قولىدىن دۇبۇلغىنى ئېلىپ بېشىغا كىيدۇرۇپ قويدى.

تاغ ئارىسى. تاغ باغرىدىكى كۆل بويىغا چاپلاشقان راۋاقتا شاھ كۆكۈلمەيدانىدىكى گىلەم ئۈستىدە مۇقامچىلارنىڭ نەغمىسىگە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزلارغا مەپتۇن بولۇپ دۇم ياتاتتى. جەرراھ مۇھەممەدنى قاراقاش پارقىراپ تۇرغان تىللا بىلەن ئۇنىڭ دۇمبىسىدىكى قىزىرىپ ئىششىغان ئۇششاق ئىلمە مونەكنى تىلدى. قىزىل مونەكتىن قارامتۇل قان ئېتىلىپ چىقتى. پادىشاھ بۇنى سەزمەستىن مۇقام بىلەن قىزلارنىڭ نازۇكەرەشمىلىك ئۇسسۇلىغا مەپتۇن بولۇپ خۇش كەيپ ياتماقتا ئىدى. جەرراھ مۇھەممەدنى قاراقاش تىللادا تىلىپ چىقارغان قاننى دېدەك قىزلار قوش باشمالتىقىدا سىقىپ چىقىرىپ تازىلىدى. شاھ خۇش كەيپچىلىكتە بۇ ئىشلارنى سەزمىدى.

مۇقام نەزمىسى:

ئىشقدا يانماس ئاشىق دىۋانە بولماغۇنچە،
شەمئىغە كۆيمەگەي ئول پەرۋانە بولماغۇنچە.
باغلاپ بېلىنى بۇ يولدا مەردانە بولماغۇنچە،
باشقا ئالىپ مەلامەت ئەپسانە بولماغۇنچە،
سۆيمەس سەدەفنى سەرراف دۇردانە بولماغۇنچە.
سەنسىز ماڭا نىگارا، ئىككى جەھان كېرەك ئەمەس،
تەختى ـ بەختى سۇلايمان، ماڭا ھاتەم كېرەك ئەمەس،
خىزىر ئۆمرى بەرسەلەر، ماڭا ئول ھەم كېرەك ئەمەس.
سەنسىز ئۆلەي، دۇئا قىل، ماڭا بول دەم كېرەك ئەمەس،
جانۇ تېنىم قالمادى ھەمخانە بىر بولماغۇنچە.

مۇقام ئېيتىلىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئەلپازى بۇزۇلغان
شاۋاز بىر توپ ئاتارمەن - چاپارمەنلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاتلىق
يېتىپ كەلدى - دە، ئاتتىن چۈشۈپ شاھقا تەزىم قىلدى، ئاندىن
قول باغلاپ ئېگىلىشىپ كېلىپ شاھنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ
بىرنېمىلەرنى دېدى. شاھ ياتقان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ
كەتتى.
— خۇنپەر ... ئەبلەخ ... بۇ ماڭا نىسبەتەن ھاقارەت ! ...
— ئالىيلىرى ... سەۋر قىلسىلا. مېنىڭچە، بۇ گەپلەرنى
ئوردىغا قايتىپ دېيىشكىنىمىز خوپمىكىن، جانابىي ئالەمپاناھ؟
شاھ غەزەپتىن تىترەپ كەتكەن ساقاللىرىنى تۇتاملاپ،
قولىغا چىققان ياستۇقنى چۆرىدى، يېنىدىكى دېدەكلەرنى
ئىتتىرىۋەتتى، چىلىمنى تېپىۋەتتى.
شاھنىڭ بۇنداق جىددىيلىشىشىدىن مۇھىددىن قاراقاش
ئەنسىرەپ دېدى:
— ئالىيلىرى ... ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا، ئۆزۈلۈپ قالسىلا
خەتەرلىك.
— يېنىمدىن نېرى تۇرۇش ! يوقال، ھەممىڭ يوقال ! ئوردىغا
كېتىمەن ! — دەپ ۋارقىرىدى شاھ.
دېگەندەك، شاھ بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتىن كېيىن ئوردىغا
يول ئالدى.
مېھرىبانۇ خانىشنىڭ ھۇجرىسى. تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغان
ئاسخان باخشى سۆزلىمەكتە ئىدى.
— ھۆرمەتلىك خانىش ئايىم، ھازىرغا قەدەر سەمەرقەنت،
بۇخارا، خارەزىم، ئەنجان، ھەتتا باغدادلارغىچە بېرىپ پۈتى
باسماس پالەچلەرنى، قۇلىقى ئاڭلىماس پاڭلارنى، گەپ قىلالماس
گاچىلارنى سەللىمازا ساقايتتىم. ئەركەك ئالۋاستى خوتۇن
قىلىۋېلىپ ئەرگە تەگكىلى ئۇنىمىغان خوتۇن - قىزلارنى ئەرگە
تېگىدىغان، چىشى ئالۋاستى ئەر قىلىۋېلىپ نىكاھىنى بەند

قىلىۋەتكەن ئەرلەرنى خوتۇن ئالىدىغان قىلدىم.

— غېرىبنى بالدۇرراق ماڭالايدىغان قىلىپ، سەنەمنى... هە ... ياق، شاھ ئالىيلىرىنى مەلىكە بىلەن غېرىبنىڭ قوشۇلۇشىغا ماقۇل كەلتۈرىدىغان ئىشنى قىلسىلا بولاتتى، بۇۋىم، — دېدى مېھرىبانۇ خانىش.

— شاھ ئالىيلىرىنىڭ مەلىكىنى غېرىبقا ياتلىق قىلغۇسى يوق. شۇڭا، ئۇ ئىشنى ... — دەپ گېپىنىڭ داۋامىنى دېيەلمەي تۇرۇپ قالدى ئاسىخان باخشى.

— شاھ غېرىب بىلەن مەلىكىنىڭ نىكاھلىنىشى توغرىسىدا ئەينى چاغدا ئەھدۇپەيمان قىلىپ ئاغزىدىن سائەت چىقىپ كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ دىلىغا بۇ ئىشق سەۋداسىنى پەرۋەردىگار ئۆزى سالغان. غېرىبنى ساقايتىپ مەلىكىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلمىساق، مەلىكە يەنە ... — دېدى مېھرىبانۇ خانىش ئەنسىرەش تەلەپپۇزىدا.

— مەلىكە ئالىيلىرى بىلەن غېرىبنىڭ رايىنى بىر - بىرىدىن سوۋۇتۇپ ياندۇرساق، سىلىگە توغرا كېلەرمۇ، خانىش ئايىم؟

— قىزىم مەندىن ئايرىلمىسا، خۇشال بولىدىغان ئىش بولسا بولىدى. ماڭا قىزىمنىڭ خۇشاللىقى، ئامانلىقى كېرەك. قىزىم غېرىبقا ياتلىق بولۇپ خۇشاللىق تاپسا، مەن يەنە خۇشال. قىزىمنىڭ كۆڭلى نېمىدە سۇ ئىچسە مەن شۇنىڭغا رازى. قانداق قىلسىلا قىلىپ قىزىم خۇشال بولىدىغان ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارسىلا، بۇۋىم.

— خانىش ئايىم، مەلىكە ئالىيلىرى پېرە ئويناشنى توختىتىپ قويمىسا بولاتتى. بىز توققۇز كېچە تۇغ باغلاپ ئەپسۇن ئوقۇمىساق، مەقسەت ھاسىل بولمايدۇ.

شۇ چاغدا بىر دېدەك ئېگىلىپ سالام بېرىپ كىلىپ تۇمارچە قاتلانغان خەتنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ مېھرىبانۇ خانىشقا تەڭلىدى.



www.uyghurkitap.com

— نېمە خەت ئۇ؟
— بۇ ئـايـشە غوجـىـدارنىڭ ئـۆزلـىرىـگـە ئـالاھـىـدە يـازغـان مەكتۇپى.
— ئايشە؟ ئـايشە بوسـۇغامدا تۇرۇپ نـېمىدەپ مـاڭا مەكـتـۇپ يازىدۇ؟ ئۆزۈڭ ئېچىپ ئوقۇ !
— ماڭا رەھىم قىلسىلا، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، ئالىيلىرى. ئۇ بۇ مەكتۇپنى سىلىنى ئايرىم ئۆزىلا كۆرسۇن دېگەن، — دېدى دېدەك قورقۇش بىلەن.
— ھەرقانداق گەپنى ھېچكىمدىن، ھەتتا خان ئالىيلىرىدىنمۇ ئۇيالماي، ئايىماي قىلىدىغان ئايشە تۇرۇپلا يۈزى ئېچىلمىغان قىزدەك تارتىنچاق بولۇپ ماڭا مەخپىي مەلۇمات يېزىپتىمۇ؟ ئۇ ئەجەب ئۆزىگە ئوخشىماي قاپتا؟
— چوقۇم سىلىنى ئۆزىلا كۆرسۇن دېگەن ئالىيلىرى.
— بوپتۇ. سەن چىقىپ تۇر، سىلىمۇ قايتىپ تۇرسىلا، ئاسخان بۇۋىم. مەلىكىنى مەن نەسىھەت قىلىپ يېرە ئويناشقا كۆندۈرەي، پېرە ئوينىسۇن.
ھەممىسى تەزىم قىلىپ چىقىپ كېتىشتى.
غېرىبنىڭ ھويلىسى. غېرىب يۆلەنچۈكتە يېتىپ ئۇخلاپ قالغان، نىگارئايىم غېرىبنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ دوپپا تىكمەكتە. گۈلجامال گۈللۈكتە كېپىنەك تۇتۇپ ئوينىماقتا. چىرايلىق سەللە ئوراپ، تون كىيىپ، ئەرەنچە ياسانغان سەنەم ھويلىغا كىرىپ كەلدى. نىگارئايىم ئورنىدىن تۇرۇپ سەنەمنى تونۇماي قالدى. سەنەم نىگارئايىمغا يېقىن كېلىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. نىگارئايىم چۆچۈپ ئىچىگە ئۇھ تارتىپ ئاغزىنى تۇتۇپ قالدى. سەنەم نىگارئايىمنى قولىدىن تارتىپ ئىچكىرى ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى. غېرىب بۇ ئىشلارنى تۇيماستىن تاتلىق ئۇخلاۋەردى. گۈلجامال ھەيران بولۇپ بىردەم بويۇن قىسىپ تۇرغاندىن كېيىن، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىشىككە يېقىنلاشتى.
نىگارئايىمنىڭ ئاددىي ھۇجرا ئۆيىدە سەنەم بىلەن نىگارئايىم

پاراڭلاشماقتا ئىدى.

— نىگار ئانا، هازىردىن باشلاپ جىددىي سەپەر تەييارلىقى قىلىسىلا. بۈگۈن كېچە تۈن تەڭدىن ئېشىپ ئىككىنچى مەرتەم خوراز چىلىلىغاندا مەن سىلەرنى ئالغىلى كېلىمەن. يىراقتا كېتەيلى!

— غېرىب بۇ هالدا تۇرسا قانداقمۇ قاچارمىز، مەلىكە قىزىم؟ — دېدى نىگار ئايىم.

— ئۇنىڭدىن غەم قىلمىسىلا، ئانا. هەممە تەييارلىقنى ئۆزۈم غەملەپ قويدۇم.

— ئوغلۇم ماڭالمىغۇدەك بولغاندىن كېيىن ماڭساق، ئۇ ئۆزىنىڭ هۆددىسىدىن چىقالىسا ياخشى بولاتتى.

— باخشى بولامدۇ، تېۋىپ بولامدۇ، ئۇلارنىڭ هېچقايسىسى غېرىبنى ساقايتىش نىيىتىدە ئەمەس ئىكەن. مۇشۇنداق ياتقۇزۇپ جېنىنى ئالماقچى، مەن بۇنى بىلىپ قالدىم.

— نېمە ... هە ... نېمە دەيدىغانسىز، قىزىم؟

— غېرىبنى ساقايتىدىغىنى سىلى بىلەن مەن ئىكەنمەن، ئانا. بىز ئوردىدىن كەتمىگۈچە غېرىب ساقايمايلا قالماي، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئوخشايمىز.

مېهرىبانۇ خانىش هۇجرىسىدا شام يورۇقىدا ئولتۇرۇپ يېنىدىن ئايشەنىڭ تۇمارچە پۈكلەنگەن خېتىنى چىقىرىپ ئوقۇدى.

*«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئاللانىڭ ئەڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادلىق يېقىن بەندىسى، مۆمىن خانىش مېهرىبانۇئايىم. شاھ ئائىلىلىرىنىڭ سىلىدىن باشلاپ، بارلىق خانىش ۋە توقاللىرىغا تۇغماسلىق دورىسى ئىچۈرۈش ئارقىلىق شاھى ئائىلىنى پەرزەنت يۈزى كۆرگۈزمەي كەلگەن گۇناھىمنى يۇيۇش ئۈچۈن، تۆتىنچى خانىش هۆربانۇنى شاھ ئائىلىرىدىن هامىلدار بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈردۈم. مەن ئۇنى ساق ـ سالامەت*

تۇغدۇرىمەن، ئۇلۇغ پەرۋەردىگار ئالتۇندەك شاھزادىدىن بىرنى بەرسە، مەن ئۇنى ياخشى تەربىيلەپ ئەقلىگە توشقۇزۇپ ئەكېلىپ شاھ ھەم ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىغا تاپشۇرىمەن. ھۆربانۇ خانىشنىڭ ھامىلىدار بولغانلىقىنى ئىمادىدىن قەشقەرى ئىسپاتلىغاندىن كېيىن، ھۆربانۇ خانىش بىلەن ئىككىمىز يىراقلارغا قاچتۇق. چۈنكى، ھۆربانۇ خانىشنىڭ ھامىلىدارلىقىنى ۋەزىر ئەزەم شاۋاز ئۇقسا بىزنى ساق قويمايتتى. نېمىشقا؟ ئۇ ئوغلى ئابدۇللاغا مەلىكە ئالىيلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنى پادىشاھ قىلىپ تىكلىمەكچى ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئۆزلىرى مەلىكە ئالىيلىرىنى تۇغقاندىن كېيىن سىلى ھەم بارلىق خانىش - توقاللارنىڭ تامىقىغا تۇغماسلىق دورىسىنى ئۆز قولۇم بىلەن سالدىم، ھەممىڭلارنى تۇغماس قىلغان مەن. شاھ ئالىيلىرىغا يېقىن يولىغان ھەرقانداق ئايال زاتىنىڭ ھامىلىدار بولماسلىقىنى شاۋاز بىلەن مەن بەلگىلەپ كەلدۇق. مەن ئۆمۈر بويى شاۋازنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ شاھ ئالىيلىرى ھەم ئۆزلىرىگە تۈزكورلۇق قىلدىم. بىر ئۆمۈر شاۋاز ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلغان بولساممۇ، ئاخىر ئۇ ماڭا قاتتىق ئازار بەردى. ئۇنىڭدىن رايىم قايتتى. شاھ بىلەن شاۋاز ھەققىدە قاتتىق ئويلىنىپ باقسام، ئاخىرقى ھېسابتا شاھمۇ، شاۋازمۇ مېنى ئۆلتۈرگۈدەك. شاھ ئۆلتۈرسە ئەلھۆكمىلىللا، چۈنكى ئۇ مېنى تۈزكورلۇقۇم ئۈچۈن ئۆلتۈرىدۇ، مەن بۇنىڭغا رازى. ئەمما، شاۋاز ئۆلتۈرسە، ئۆزىنىڭ قارا نىيىتىنىڭ، شۇملۇقلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ رەسۋا بولماسلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرىدۇ. ئۇ مېنى ئاز كۈندىلا ئۆلتۈرۈۋېتكۈدەك. چۈنكى، مەن ئۇنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قاپتىمەن. ئۇنىڭ ھەممە قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى بىلىدىغان مەن قاپتىمەن، ئۇ مەندىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. ئۇ ئەبەي قولدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى - دە، ئۇنى ئۆلتۈردى. ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەپتۇ. شۇڭا، مەن ئۆمۈر بويى شاھقا ھەم ئۆزلىرىگە قىلغان زىيانكەشلىكىمنى يۇماقچى، يەنى پاقلاندەك بىر

*شاھزادىنى سىلىگە تۇتۇش ئارقىلىق شاۋازنى خانلىق تەختىنى تارتىۋېلىش نىيىتىگە يەتكۈزمەي، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالماقچى. چۈنكى، ئىسلام ئەللىرىدە تەخت قىز بالىغا مىراس قالسا، تەختتە شۇ قىزنىڭ ئېرى ئولتۇرىدۇ. خانىنىڭ ئوغلى بولسا تەختكە شۇ ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئۆزلىرى تۇغۇت يېشىدىن ئۆتكەن بولغاچقا تەلەي ھۆربانۇ خانىشقا نېسىپ بولار دەپ ئويلىدىم. ئۇلۇغ ئاللا ھەممىگە قادىردۇر. ئەگەر پەرۋەردىگار خانلىق تەختىنى يەنىلا شاھ جەمەتىدە تۇرغۇزۇشنى ئىختىيار قىلغان بولسا ھۆربانۇ چوقۇم ئوغۇل تۇغقۇسى. ھۆربانۇ خانىش ئۆزلىرىنىڭ ھامما ئاچىلىرىنىڭ قىزى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى ئۆزلىرى تەربىيىلەپ خان ئالىيلىرىغا ئۆزلىرى ئېلىپ بەرگەن بولغاچقا، بۇ ئىشنى ھار ئالماس دەپ ئويلىدىم. ئۆمۈر بويى قىلغان قارا يۈزلۈكۈمنى يۇيۇش ئۈچۈن قىلغان بۇ ئىشىمنى ئۆزۈم توغرا قىلدىم دەپ ئويلايمەن. پاقالاندەك ئوغۇلنى سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا تاپشۇرغاندىن كېيىن، مېنى شاھ ئۆلۈمگە بۇيرۇسىمۇ ياكى شاۋاز ئۆلتۈرسىمۇ ئارمىنىم يوق. چۈنكى، مەن شاۋازدىن قىساس ئېلىپ شاھنى ئوغۇللۇق قىلغان بولىمەن. ئاللا شاھ ئالىيلىرىنى، ئۆزلىرىنى سالامەت قىلغاي، ھۆربانۇ خانىش بىلەن بولغۇسى شاھزادىنى قولۇڭلارغا ساق ــ سالامەت تاپشۇرغىلى نېسىپ قىلغاي! ئامىن!*

*ھۆرمەت بىلەن: تۇزكور قۇلۇڭلار ئايشە پەرۋاز.»*

مېھرىبانۇ خانىش ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ــ دە، پۇت ــ قولىنىڭ مادارى قالماي ئىزىغا يىقىلدى.

شاھنىڭ خاس كۆتۈپخانىسى. شاھ غەزەپ بىلەن شاۋازنىڭ كۆزلىرىگە قولىنى سانجىپ تۇرۇپ دېدى:

ــ ھەممە ئىشتا سېنىڭ رايىڭ بويىچە ئىش قىلغانلىقىڭ كاساپىتىدىن، ھەممە ھوقۇقنى ساڭا بەرگىنىمدىن ماڭا

www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىۋاتقان كۈنۈڭ شۇ بولدىمۇ؟! سەن خانىدانلىقىمىزغا باش ۋەزىر بولۇپ، يارىماس ئوغلۇڭنى شۇنچە يوغان خانلىقتا ھەربىي ۋەزىر قىلساڭ، گەپ قىلمىغىنىمىنىڭ جاجىسىغۇ بۇ! ھەممىسى مېنىڭ بوشاڭلىقىم، كالۋالىقىمىنىڭ كاساپىتى. مانا ئەمدى تاشقى دۈشمەن ھاقارەتلەپ يەۋېتىمەن دەۋاتسا، خانىدانىمىنىڭ ھەربىي ۋەزىرى بولمىش نان قېپى ئوغلۇڭ تاغدىكى تۆت توك - توك يالاڭ تۆش قاراقچىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قاپتۇ. نى ئات، نى نومۇس! ئەتراپتىكى قوشنا ئەللەر ھەربىي ۋەزىرى قاراقچىلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قاپتۇ، بۇ خانلىقنى بۇلاپ - تالاپ بۆلۈشۈپ يۇتۇۋالىدىغان كۈن كەپتۇ دەپ ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلسا، سەن بىر جەڭ كۆرمەي خوتۇن كىشىدەك كوتۇلداپ يۈرۈپ ھوقۇق ئالغان، بىر ئەل بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن باش تارتىپ يۈرگەن نان قېپى ۋەزىر نەگە قاچارسەن، خوتۇنىڭنىڭ چۈمبىلىگە ئورنىپ قازان بېشىغا قاچامسەن؟!

شاھ سۆزلىگەنچە بوغۇلۇپ، ماغدۇرسىزلىنىپ بېشى قېيىپ يىقىلدى. ئۇنى دېدەك - چاكارلار يۆلىۋالدى ...

شاۋاز چىپىلداپ تەرلەپ ئىزىغا تىزلىنىپ ئۆزىنى كاچاتلاپ دېدى:

— شاھ ئالىيلىرى، مەن ئۆلۈمگە لايىق! مىڭ ئۆلسەممۇ ئازلىق قىلىدۇ! مەن ئۆلۈمگە لايىق!

چاكار - دېدەكلەر شاھنى تۆشەككە ياتقۇزدى. شاھ مادارسىز ھالەتتە يېتىپ دېدى:

— ئەمدى بولغاندا سېنىڭ سېسىق جېنىڭ نېمىگە يارايتتى؟ سەن ئۈچ كۈن ئىچىدە تەڭداشسىز تالانتلىق ھەربىي ئالىم، خانىدانىمىزنىڭ ھەربىي ۋەزىرى ئوغلۇڭنى تېپىپ ئالدىمغا ئەكەل! يۈز پاتمان تېرىلغۇ يەرگە قىغ بولغۇدەك بۇ سەتچىلىك سىرتقا چىقىپ كەتمىسۇن. ئەگەر بۇ ئىش پۇر كېتىدىغان بولسا

سەن ھەم ئوغلۇڭ، بۇ يەردە تۇرغان ھەممىڭنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن !

— ھىممەتلىرىگە ھەشقاللا، شاھى جاھان. مەن بۇ ئىشنى دەرھال تۈزەيمەن، ئالىيلىرى، — دېدى شاۋاز.

— مەن مۇشۇ يارىماس ھەربىي ۋەزىرىم بىلەن غەزنەۋىلەرنىڭ ئۈچ يۈز مىڭ ئاتلىق قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلغۇدەكمەن.

شۇ سۆز بولۇۋاتقاندا، دىۋان بېگى كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، ئابدۇللا شاتىرى جانابلىرى كەلدى !

شاھ ھەيران بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. شاۋاز باشلىق ھەممىسىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولغان، يۈزلىرى ئىششىپ كۆكەرگەن، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل، رەسۋا ھالەتتىكى ئابدۇللا شاتىرى كىرىپ شاھقا سالام قىلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم شاھ ئالىيلىرى، ئابدۇللا شاتىرىدىن ئۆزلىرىگە سالام.

— نەگە يوقالدىڭ ئەبلەخ؟ — دېدى شاھ ئۆزىنى تەسلىكتە بېسىپ.

— قارا يۈز شەيخ جالالىدىن مېنى ئۆزلىرىگە مۇشۇ مەكتۇپنى ئاپىرىپ تاپشۇرۇشۇمنى شەرت قىلىپ قويۇۋەتتى، — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

— يوقال ! يوقال كۆزۈمدىن، نومۇسسىز ئەبلەخ ! بۇ مەكتۇپىڭنى ماۋۇ پوق ساقال داداڭغا ئوقۇپ بەر ! ئاشۇ قاراقچىلارنىڭ خېتىنى ماڭا كۆتۈرۈپ كەلگۈچە، ئىشتانىبېغىڭغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان بولساڭ خېلى ئەركەك توكى بار ئىكەن دەيتتىم. يوقال ! يوقىلىش كۆزۈمدىن، كۆزۈمگە بىر لالما ئىت كۆرۈندۈڭغۇ، خۇنپەر ! — دېدى شاھ.

شاۋاز خانىسىدا داستىخاندىكى ھورى چىقىپ تۇرغان پولۇغا قاراپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئابدۇللا شاتىرى

يۈيۈنۈپ تازىلانغان بولۇپ، پاكىز ئاق تون كىيگەن ھالدا دادىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ كەلدى. قاراكۆزئايىم قولىدىكى كەشتىلەنگەن ئاق يىپەك ياغلىق بىلەن ئوغلىنىڭ مەڭزىدىكى قېتىپ قالغان قاننى سۈرتمەك بولۇپ قول سوزۇشىغا ئابدۇللا شاتىرى ئانىسىنى سىلكىۋېتىپ دادىسىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئولتۇرۇپلا پولۇنى ئالماق بولۇپ قولىنى سوزۇشىغا، شاۋاز ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ ئالغىلى قويمىدى. ئابدۇللا لەپپىدە دادىسىغا قارىدى. شاۋاز ئابدۇللانىڭ يارا باسقان، ئىششىپ كۆكەرگەن يۈزىگە، ئولتۇرۇشۇپ جامدەك يوغىناپ كەتكەن كۆزىگە يەۋەتكۇدەك قارىدى.

— كاللامنى ئالساڭمۇ ئال! بىر تويغۇدەك ئاش يەۋالاي، ئاندىن نېمە قىلساڭ قىل! — دېدى ئابدۇللا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ.

— بىر ھارغانغا گەپ قىلماڭ، بىر ئاچقانغا دەپ بالىنى تاماق يېگىلى قويسىلا ...

گەپنىڭ ئاخىرى چۇشەر - چۇشمەيلا تەگكەن تەتۈر تەستەكتىن قاراكۆزئايىم ئارقىسىغا ئۇچۇپ كەتتى. دېدەكلەر قاراكۆزئايىمنى يۆلىدى. شاۋاز ئابدۇللانىڭ يۈزىگە شالاققىدە بىرنى تۇكۇرۇۋېتىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. ئابدۇللا شاتىرى يۈزىدىن سارقىپ ئېڭىكىگە چۈشكەن تۈكۈرۈكنى يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماستىن پولۇنى يوغان كاپاملاپ ئاغزىغا سالدى. قاراكۆزئايىم شاۋاز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ھۆڭرەپ يىغلاپ ناله قىلدى.

— ھۇ ... ئۆلگۈر مۇناپىق، توڭگۇز... ساراڭ، توخۇ پوقى! ...

— بولدى ھاڭرىما ... بېشىمنى ئاغرىتماي يوقىله ...

قاراكۆزئايىم ئابدۇللانىڭ قاتتىق ۋارقىرىشىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاغزى كاماردەك ئېچىلىپ قالدى.

بىپايان قۇملۇق. لەشكەرلەرچە كىيىنگەن ئايشە بىلەن ھۆربانۇ ئاتلىرىنى قۇملۇقتا چاپتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى.

— ئايشە ... جېنىم ئايشە ... ھېرىپ ئۆلەي دېدىم. بىر دەم ئارام ئېلىپ ماڭايلى ... خۇش بولۇپ كېتەي. قارا، ئالدىمىزدا ... گۈلخان كۆرۈنۈۋاتىدۇ، — دەپ يالۋۇردى ھۆربانۇ.

— ئۇ دېگەن گۈلخان ئەمەس، ئېزىتقۇ ... ئۇ يەرگە ھەرگىز بېرىشقا بولمايدۇ. بىزنى ئازدۇرۇپ بۇرۇنقى جايىمىزغا ئەكېلىپ قويىدۇ.

— خۇش بولۇپ كېتەي ... مەن چىدىمىدىم. بىر دەم يېتىۋېلىپ، ئاندىن ماڭايلى ...

— ئەركە ـ نايناق چوڭ بولغان شاھ جەمەتىنىڭ قىزى، چىدالىق، ئازراق مېڭىپ ماۋۇ تۈزلەڭ قۇملۇقتىن دالدىلانغۇدەك يەر تېپىپ ئاندىن دەم ئالايلى، — دېدى ئايشە.

— يوقاپ كەتتى ئۇ گۈلخان ... سەن دېگەندەك ئېزىتقۇ ئەمەستۇ؟

— راست گۈلخان بولغان ھالەتتىمۇ ئۇ يەرگە بېرىشقا بولمايدۇ. ئادەم بار يەرگە بارساق ئىشىمىز چاتاق.

— ھۇ ئۆلگۈر قېرى ... مۇنداق كۈنگە قالارىمنى بىلگەن بولسام ھەرگىز گېپىڭگە كىرمەس ئىكەنمەن. مېنى مۇشۇنداق قىيناپ ئۆلتۈرىدىغان ئوخشايسەن.

ھۆربانۇ شۇنداق دەپ ئاتتىن يىقىلدى. ئايشە ھۆربانۇنى يۆلىدى. ھۆربانۇ بېشىدىكى نىقابلىق دۇبۇلغىنى ئېلىپ تاشلاپ ھالسىز ھاسىرىدى.

لەشكەر كىيىمى كىيىپ ئات مىنگەن سەنەم ۋە ئۇنىڭ بىر توپ قىز ـ ئوغۇل ساۋاقداشلىرى ئۈستى يېپىلغان ئاتلىق مەپىنى قوغداپ ئات چاپتۇرۇپ غېرىبنىڭ ئۆيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. ئىشىك ئالدىدا تۇرغان قاراۋۇللار ئۇلارنى توستى. سەنەم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى چاققانلىق بىلەن ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇپ غېرىبنىڭ ھويلىسىغا باستۇرۇپ كىردى ـ دە، ئۇ يەردىكى يەتتە ـ سەككىز قاراۋۇل بىلەن ئېلىشىپ ئۇلارنىمۇ ئۇجۇقتۇردى. ياتقان غېرىبنى، تەييار تۇرغان بوغچىلارنى كۆتەر ـ

كۆتەر قىلىپ ئاچىقىپ مەيگە سېلىپ، تېزلىكتە كەتتى.

ئۇلار كېتىشىگىلا يېتىپ كەلگەن توختى سەرۋاز باشچىلىقىدىكى بىر توپ لەشكەر غېرىبىنىڭ ھويلىسىغا باستۇرۇپ كىردى ـ دە، ھوشسىز ياتقان قاراۋۇللارنى كۆرۈپ ۋارقىرىشىپ ـ جارقىرىشىپ، ئۆينىڭ ئىچى ـ تېشىنى ئاختۇرۇشتى.

ــ قوغلاڭلار ... قېچىپتۇ! ــ دەپ ۋارقىرىدى توختى سەرۋاز.

لەشكەرلەر سەنەملەرنى قوغلاپ كېتىشتى.

شاھ ھۇجرىسىدا ئۇخلىغاندەك كۆزىنى يۇمۇپ ئوڭدىسىغا جىمىمىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى. دېدەكلەر بېشىدا قول باغلاپ تۇراتتى. مېھرىبانۇ خانىش ئاستا كىرىپ شاھنىڭ باش تەرىپىدە تىۋىش چىقارماي ئولتۇردى. ئۇ دېدەك، چاكارلارنى ئۈن چىقارماستىن چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى. دېدەك ـ چاكارلار تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى. مېھرىبانۇ شاھقا قاراپ بىردەم جىم ئولتۇرۇپ، مىشىلداپ يىغلىدى.

ــ نېمىگە يىغلايسەن؟ ــ دېدى شاھ.

ــ سىلىگە ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ، ئالىيلىرى، ــ دېدى مېھرىبانۇ خانىش.

ــ نېمىشقا ئىچىڭ ئاغرىيدۇ؟

ــ كېسەللىرى سەللىمازا ساقايماۋاتسا ...

ــ قانداق گېپىڭ بولسا دەۋەر ...

ــ دېمەي دېسەم ئىچىمگە پاتقۇزالمىدىم...

ــ نېمىنى ئىچىڭگە پاتقۇزالمىدىڭ؟

ــ ماۋۇ مەكتۇپنى كۆرسىلە ...

ــ مېنىڭ مەكتۇپ ئوقۇغۇدەك ھەپسىلەم يوق. ئۆزۈڭ ئوقۇ، مەن ئاڭلاپ باقاي.

ــ ئۇنى قايتا ئوقۇشقا مادارىم يەتمەيدۇ.

ــ ئۇنداق بولسا دېدەكلەردىن بىرى ئوقۇسۇن!

ــ ياق ... ياق ... مەن ... مەنلا ئوقاي.

مېھرىبانۇ خانىش تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن خەتنى ئالدىرىماستىن ئاچتى.

شاھ چاچراپ تۇرۇپ مېھرىبانۇنىڭ قولىدىكى خەتنى تارتىۋالدى ــ دە، ئىتتىك كۆز يۈگۈرتتى.

ــ قايسىڭ بار ... قايسىڭ بار؟! ياساۋۇل! ــ ۋارقىرىدى شاھ.

ــ لەببەي، شاھ ئالىيلىرى!

ــ سەن ... سەن ... شاۋازنى چاقىر! ...

شاۋاز ئالاقزادىلىك بىلەن نەق گەپ ئۈستىگە كىرىپ كەلدى ۋە ھاسىراپ تۇرۇپ دېدى:

ــ ئالىيلىرى ... ئالىيلىرى ... يامان بولدى!

ــ سەنمۇ خەۋەر تاپتىڭمۇ؟ ماۋۇ ئايشە دېگەن يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ ئىشىنى... ــ دېدى شاھ.

ــ ئالىيلىرى، ئۇ يالماۋۇز خوتۇننىڭ ئىشى تۇرۇپ تۇرسۇن، مەلىكە ئالىيلىرى چاتاق چىقىرىپتۇ! ــ دېدى شاۋاز.

ــ نېمە، يەنە ئۆزىنى...

مېھرىبانۇ خانىشمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سورىدى:

ــ مەلىكە ساقمۇ؟

ــ مەلىكە ئالىيلىرى غېرىبنى ساقلاۋاتقان قاراۋۇللارنى ئۇجۇقتۇرۇپ، غېرىبنى ئېلىپ قېچىپتۇ! ــ دېدى شاۋاز.

ــ ھە ... نېمە؟! ...

ــ نېمە دەيدىغاندىلا ئەمدى؟

مېھرىبانۇ خانىش خۇدىنى يوقىتىپ يىقىلدى، شاھ تۇرغان جايىدا داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

ــ يا پەرۋەردىگار ... ئالدىڭدا نېمە گۇناھ قىلغاندىمەن؟ نېمە كۆرگۈلۈك بۇ؟ ئاخىر زامان بولدىمۇ نېمە؟ ئەركەكلەر خەقنىڭ قىزىنى ئەپقاچتى دەپ ئاڭلايتتىم. ئەمدى ئەكسىچە... ساپلا قاچ ــ قاچنىڭ ئارىسىدا قالدىما ...

شاھ لاسسىدە بوشاپ ئىزىدا ئولتۇرۇپ قالدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاغ ئارىسىدىكى يولدا سەنەم توختاپ ساۋاقداشلىرىغا دېدى :

— ئەمدى سىلەر قايتىڭلار.

— مەنمۇ گەپ قىلاي دەپ تۇرغان. خان لەشكەرلىرى چوقۇم قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، بىز بۆلۈنۈپ مېڭىپ ئۇلارنى ئازدۇرۇۋېتەيلى! — دېدى سۇلايمان.

— ئۇچەيلەن مەن بىلەن ماڭسۇن، قالغانلار يەنىلا سىلەر بىلەن ماڭسۇن، — دەپ ئورۇنلاشتۇردى ئوسمان.

— ئەڭ تىنچ جاي يەنىلا ئۇستازلار تۇرۇۋاتقان تاغ تۇرا، شۇ يەرگە بېرىڭلار، — دېدى سۇلايمان.

— ياق، بىز ئۇ يەرگە بارساق تاغدىكىلەر بىلەن خان ئاتام ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈپ، تاغدىكىلەرگە تېخىمۇ چوڭ ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىمىز. مېنىڭ پىلانىم باشقا، بىز باشقا جايغا كېتىمىز، — دېدى سەنەم. ئۇلار ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ مېڭىشتى.

شەرقتىن يېڭى كۆتۈرۈلگەن قۇياش يايلاقنى سۇس شەپەق رەڭگىگە كىرگۈزگەنىدى. يايلاقتا قوي، يىلقا پادىلىرى يايلاپ يۈرمەكتە. سەنەملەرنىڭ مەپىلىك ھەم ئاتلىق كارۋىنى يايلاقتىكى ھارۋا يولىدا تېز سۈرئەتتە چاپماقتا.

ئابلىز شەيتان باشلىغان بىر توپ لەشكەرلەر سەنەمنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. ئاغزىغا لاتا قاپلانغان ئاغىچا ئانا كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزۇپ باغلاپ قويۇلغانىدى. ئاسىخان باخشى كىرىپ لەشكەرلەر بوشاتقان ئاغىچا ئانىنىڭ كاچىتىغا بىر شاپىلاق سالدى.

تاغ تۇرادىكى جىلغا. شەيخ جالالىدىن بىلەن سادىق بىلال بىرقانچە ئاتلىق نۆكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوۋ ئوۋلىماقتا. سادىق بىلال ئاسماندىكى ئۇياق - بۇياققا ئۇچۇپ يۈرگەن قىرغاۋۇلنى ئوقيا ئېتىپ چۈشۈردى.

www.uyghurkitap.com

— ئۇستاز، تاغقا قېچىپ چىققان مەھبۇسلار ئارىسىدا سېيىت هاجى قاۋاندىن باشقا يەنە ئابدۇللا شاتىرنىڭ ئىككى جاسۇسى باردەك قىلىدۇ. ئۇلارنى قانداق قىلىمىز؟ — سورىدى سادىق بىلال.

— بىز هازىرچە يەنە بىلمەسكە سېلىپ يۈرەيلى، ئۇلارنىڭ ماڭغان - تۇرغىنىغا تېخىمۇ بەكرەك كۆز - قۇلاق بولايلى، — دېدى شەيخ جالالىدىن جاۋاب بېرىپ.

— ئەتە - ئۆگۈن بىز كۆتمىگەن يامان چاتاقتىن بىرنى تېرىمىسۇن دەپ ئەنسىرەيمەن، — دېدى سادىق بىلال.

— ئۆزىمىزگە چىڭ بولساق، ئۇلارنىڭ زىيىنىدىن پايدىسى كۆپ تېگىدۇ، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

ئۇلار بىردەمدىن كېيىن تۇرالغۇغا قايتىشتى.

چەكسىز قۇملۇق ئىچىدىكى قورقۇنچلۇق ئىپتىدائىي توغراقلىق. ئايشە بىلەن هۆربانۇ ئاتلىق كېلىۋېتىپ بىر ئېقىن بويىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى.

— ئەمدى كىيىم يەڭگۈشلەيمىز، — دېدى ئايشە.

— يائاللا، ئاخىر ئىنسابقا كەلدىڭمۇ؟

ئىككىسى تۆمۈر نىقابلىق دۇبۇلغا - ساۋۇتنى سېلىپ، باشلىرىغا چىرايلىق سەللە ئوراپ، ئەرەنچە كىيىم كىيدى. ئايشە قۇمنى كولاپ دۇبۇلغا - ساۋۇتنى كۆمۈۋەتتى.

چەكسىز قۇملۇق ئارىسىدىكى بوستانلىق مەھەللە. مەھەللىدىكى كۆل بويىدا قېرى سۆگەتلەر سايىسىدە بىر توپ كارۋانلار تۆگە - قېچىرلارنى ئوتلاقا قويۇۋېتىپ، ئۆزلىرى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، خىزىر سۈپەت بىر بوۋاينىڭ ساتار بىلەن ئورۇنداۋاتقان مۇقامىنى ئاڭلىغاچ نان، قوغۇن - تاۋۇز يېمەكتە. ئاشپەز سەل نېرىدىكى ئوچاقتا ئېسىلغان يوغان قازاندا پولۇ ئەتمەكتە. بوۋاينىڭ ئاجايىپ مۇڭ بىلەن ئېيتقان مۇقامى ئولتۇرغانلارنىڭ قەلب تارلىرىنى چەكمەكتە ئىدى.

مۇقام ئېيتىلىپ تازا ئەۋجىگە چىققاندا، بىر توپ خان

لەشكەرلىرى ھېرىپ ماغدۇرىدىن كەتكەن ھالدا يېتىپ كېلىشتى ـ دە، ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ئۇلارغا يېقىنلاشتى. ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدىن چاچراپ تۇرۇپ قىلىچلىرىنى چىقىرىپ ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرۇشتى.

— بىز خان لەشكەرلىرى، قورقماڭلار، سىلەرگە چېقىلمايمىز. ئۇسسۇلۇق ئىچەيلى دەيمىز، — دېدى لەشكەر بېشى.

— نىيىتى دۇرۇس ئادەملەرگە قولىمىز كۆكسىمىزدە، داستىخىنىمىز ئاددىي بولسىمۇ مەرھەمەت، — دېدى كارۋان بېشى.

كارۋانلار خان لەشكەرلىرىگە يانلىرىدىن ئورۇن بەردى. ئۇلار ئولتۇرۇپ پاتىھە قىلغاندىن كېيىن، داستىخاندىكى قوغۇن ـ تاۋۇزلارنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يېيىشتى.

— سىلەر نېمە ئىش بىلەن كېتىۋاتىسىلەر؟ — سورىدى كارۋان بېشى.

— تۆمۈر نىقابلىق دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيگەن ئىككى ئاتلىق ئادەمنى قوغلاپ كېتىۋاتىمىز. سىلەر ئۇلارنى كۆردۈڭلارمۇ؟

كارۋان بېشى ساقىلىنى تۇتاملاپ بىردەم ئويلاندى ـ دە، ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇپ قالدى. قاسىم سەرۋاز ئۈمىدلىنىپ، ئۇنىڭغا تەقەززالىق بىلەن تەلمۈردى.

— ئۇلارنى كۆرگەن ئوخشىمامسىز؟

— بىز ئەلدىن ـ ئەلگە، شەھەردىن ـ شەھەرگە قاتناپ سودا قىلىدىغان ئادەملەرمىز. شۇڭا، بىز ھەرقانداق ئىشنى، ھەتتا گەپنىمۇ تەڭگىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۇيان ـ بۇيان ئۆتكۈزۈپ قىلىپ كۆنگەن، سەردار جانابلىرى، — دېدى كارۋان بېشى.

— راستىنلا كۆرگەن بولسىڭىز ئون تەڭگە بېرەي.

كارۋان بېشى جىممىدە ساقىلىنى تۇتاملاپ تۇردى.


— ئەمىسە ئۆزلىرى دېسىلە، قانچە تەڭگە بەرسەك بولىدۇ؟ — دېدى قاسىم سەرۋاز.

— سىلەر ھەرقاچان ئابباس خاننىڭ لەشكەرلىرىنى دەيمەن؟
— ھەئە شۇنداق.
— ئۇلار خانغا قارشى چىققان مۇھىم ئادەملەردۇر ھەرقاچان؟
— شۇنداق.
— يۈز تەڭگە بەرسىلە.
قاسىم سەرۋاز سەل تۇرۇۋېلىپ دېدى:
— بە ... بەك ... ئېشىپ كەتتى.
— ئەگەر ئۇلارنى تۇتالىسىلا، خان ئالىيلىرى سىلىنى بۇنىڭدىن ئون ھەسسە ئاشۇرۇپ تارتۇقلايدۇ. ئاندىن مەرتىۋىلىرى تېخىمۇ زىيادە بولار ھەرقاچان.
قاسىم سەرۋاز قوينىدىن كۆن خالتىنى چىقىرىپ كارۋان بېشىنىڭ ئالدىغا تەڭگىلەرنى شاراقلىتىپ تۆكتى.
— مانا يۈز تەڭگە. غاچ گەپ قىلسىلا !
كارۋان بېشى تەڭگىدىن بىرنى ئېلىپ چىشلەپ، ئاندىن پۈۋلەپ تىڭشاپ بېقىپ دېدى:
— تۈنۈگۈن پېشىن مەزگىلىدە قۇملۇقنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە ئىككى ئاتلىق لەشكەر تەسكەيگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. بىزنى كۆرۈپلا ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ يىراقلاپ كەتتى.
— قايسى تەرەپكە؟
— كۈنپېتىشقا.
— ئاتلىنىڭلار !
لەشكەرلەر قوزغىلىپ كەتتى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن كارۋانلار تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى.
بىر يىگىت كارۋان بېشىدىن سورىدى:
— ئۇستازىم، ئۆزلىرى تىجارەتتە يالغانچىلىق قىلساڭ تاپقىنىڭنىڭ بەرىكىتى بولمايدۇ دېگەننى ئاغزىلىرىدىن چۈشۈرمەيتتىلە، ئەمدىلىكتە...
— ئاۋام بىلەن بولغان تىجارەتتە سودا رىسالىسىدىن چىقمايمىز. ئەمما، پۇقراغا زۇلۇم سالغان پادىشاھنى

ئالدىغىنىمىز زۇلۇمغا قارشى تۇرغىنىمىز. ئاللا زۇلۇمنى ھىمايە قىلغۇچىلارغا يەنە ھەسسىلەپ زۇلۇم بېرىدۇ، قارشى چىققانلارنى بولسا پاختىنىڭ ئارىسىدا چوغنى ساقلىغاندەك ساقلايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى كارۋان بېشى.

— ئەمىسە ھازىر بىز ئوردابالىقتا لەشكەرلەر تارتىۋالغان ئون پەرغانە ئارغىمىقىنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇۋاپتۇق - دە ...

يىگىتنىڭ بۇ گېپى بىلەن ھەممىسى كۈلۈپ كەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

# ئونىنچى باب

ئەل ئىچى پىتنە ـ پاسات، بىھۇدە ئىشلار بىلەن تولغانىدى. بەتنىيەت نەپسانىيەتچىلەرنىڭ دۆلەت تىزگىنىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، ئەقىلسىزلەرنىڭ ئەقىلدارلار ئورنىدا جىمى جاھانغا ئەقىل ئۆگىتىپ ۋالاقلاپ، جەمئىيەت ھارۋىسىنى ھالاكەت يولىغا باشلىشى، ئىقتىدارلىق، تالانتلىق كىشىلەرنىڭ چەتكە قېقىلىشى، ھېچ ئىشقا يارىمايدىغان تەخسىكەشلەرنىڭ خانلىقنىڭ ئىشلىرىنى بۇزۇشى پۈتۈن خانلىقنى ئېغىر دەرىجىدە زەئىپلەشتۈرۈۋەتتى، خانلىق ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتىن ئېغىر خەۋپكە دۇچ كەلدى. سىرتقى جەھەتتە قاچان خانلىق مۇشۇنداق ئېغىر كۈنگە قالار، شۇنداق كۈنگە قالسا پۈتۈن خانلىقنى يۇتۇۋالسام، ھېچبولمىغاندا يېرىمىنى كېسىۋالسام دەپ چىشىنى بىلەپ تۇرغان قوشنا خانلىقلار تاجاۋۇز قىلىشقا باھانە ئىزدەشكە باشلىدى. خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولسا خەلق ئوردىدىن نارازى بولۇپ، زۇلۇمغا قارشى ئىسيان ئەۋج ئالدى.

خەلق ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇپ، چوڭى چوڭ، كىچىكى كىچىك، ئوڭى ئوڭ بولمىغاندا، پىتنە ـ پاسات، غەيۋەت ـ شىكايەت ئەۋج ئالغاندا، ناھەقچىلىك يامراپ كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى چەيلىشى ھەددىدىن ئاشقاندا، تەبىئەتمۇ ئۇلارنى جازالايدۇ. چۈنكى، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى ياغ بىلەن گۆشنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ.ئادەم ئانىدىن تۇغۇلغاندىن باشلاپ تا ئۆلگۈچە تەبىئەت قوينىدىكى سۇ، ھاۋا، تۇپراق، ھەرخىل ئوت ـ چۆپ، دەل ـ دەرەخ ۋە جانلىقلار ئارقىلىق ھاياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئادەملەردىكى ئۆزگىرىش ئۆز نۆۋىتىدە تەبىئەتكە تەسىر

كۆرستىدۇ. خانلىقتا ئادەملەر ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى تەبىئەتنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. پۈتۈن يايلاق قۇرۇپ، ئۆلگەننىڭ ئۇستىگە تەپمەك دېگەندەك، قۇرۇغان يايلاقنى سېرىق چېكەتكە بېسىپ، مال - چارۋىلار ئاچ قالدى. مال - چارۋىلار ئاچ قالغاندىكىن سۈتسىزلەشتى. قوزىلار، موزايلار، بوتىلاقلار ئەي بولماي ئۆلدى. ئاسماندىن يامغۇر ئورنىغا قۇم - توپا ياغدى. يامغۇر بولمىغاچقا، زىرائەتلەر سۇسىز قېلىپ يەرلەردىن هوسۇل چىقمىدى، قوناق شادا بولمىدى، بۇغدايلار پاخال - سامان بولۇشقىمۇ يارىماي قالدى. خەلقىئالەم ئاش - نانسىز، گۆشسىز، سۈتسىز قالدى. مۇشۇنداق شارائىتتا، خانلىق ئېغىر ئۇرۇش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن شاۋاز پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلىدى.

ئاسخان باخشى هۇجرىسىدا ئاغىچا ئانىنى سوراق قىلماقتا ئىدى.

— دېگىنە، جاهىل موماي ... مەلىكىنى سەن قاچۇرۇۋەتتىڭ، شۇنداقمۇ؟ راست گەپ قىل.

ئاغىچا ئانا ئالدىرىماستىن چۈشەندۈردى:

— يېنىش - يېنىشلاپ دېدىم، يەنە دېسەم شۇنى دەيمەن. مەلىكە ئالىيلىرى ئەركىلەپ ئاغىچا ئانا، سىلىگە بىرنەرسە كۆرسىتىمەن، سىلىنى تۇيۇقسىز خۇش قىلىمىشىتىمەن، شۇڭا كۆزلىرىنى تېڭىپ قوياي، ئاندىن ئۇ نەرسىنى ئەكىرىپ تېڭىقنى ئېلىۋېتىمەن، دېدى. راستىمىكىن دەپتىمەن. كۆزۈمنى تېڭىپ بولۇپ، قولۇمنى باغلاپ، ئاغزىمغا سەگازنى قاپلاپ ...

ئاغىچا ئانىنىڭ گەپلىرىگە ئاسخان قىلچە ئىشەنمىدى.

— يالغان ... مېنى ئالدايمەن دېمە. مەلىكە هەرگىز ئۆزىگە ئاق سۈت بېرىپ باققان ئانىسىنى باغلىمايدۇ ... ئۇنى سەن جەددال قاچۇرۇۋەتتىڭ! ئېيتە نەگە قاچۇردۇڭ؟

ئاغىچا ئانا زۇۋان سۈرمىدى.

شاھ هۇجرىسىدا قاتتىق قىزىپ، جۆيلۈپ ياتاتتى.

— كەتتى ... كەل ... يېقىن كەل ... ياق ... ئات ... ئات ... ئاتنى توقۇ ... قىزىم ... ماڭا يېقىن كەل ...

مېھرىبانۇ باشلىق بارلىق خانىش، توقال، دېدەكلەر شاھنىڭ ئەتراپىدا مىشىلداپ يىغلىشىپ تۇرۇشتى. ۋەزىر ـ ئەمىرلەر باشلىرىنى سىلىپ جىممىدە تۇرۇشاتتى. كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان شاۋاز چىشلىرى كىرىشكەن ھالدا توختىماي ئەستاغپۇرۇللا، دەپ ساقىلىنى تۇتاملاپ يۇلغۇدەك بولۇپ، كالپۇكلىرىنى چىشلىدى.

ئىمادىدىن قەشقەرى شاھنىڭ تومۇرىنى تۇتتى ـ دە، قول ھەم ساقاللىرى دىرىلدەپ تىترەپ، كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا يەر تېگىدىن شاۋازغا قارىدى. شاھ يەنە جۆيلۈدى:

— پۇتۇم توڭلاپ كەتتى ... پۇتۇمنى يۆگەڭلار ... ئۇرۇشقا... ئاتلىنىڭلار ...

مۇھەممەددىن قاراقاش شاھنىڭ قاپىقىنى قايرىپ كۆزىگە قارىغاندىن كېيىن جىددىيلىشىپ كەتتى:

— جانابىي ۋەزىرئەزەم ... شاھ ئالىيلىرىنىڭ تىلىنىڭ ئاستىدىكى كۆك تومۇرىدىن قان ئالماق لازىم ... ھايالشىشقا بولمايدۇ ...

— ئالىيلىرىغا تەگكەن ئۇچۇق قايتا سەۋدا پەيدا قىلىپ، قان قېيىشتىن بەزگەككە ئۆرۈلگەندەك تۇرىدۇ، ۋەزىر جانابلىرى، — دېدى ئىمادىدىن قەشقەرىمۇ ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ.

— قانداق قىلساڭلار داۋاسىنى قىلىپ شاھ ئالىيلىرىنى ساقايتمايدىغان بولساڭلار، مەن ئىككىڭلارنى دارغا ئاسىمەن. مۇھەممەددىن، سەن قىلىدىغان ئىشىڭنى دەرھال قىل! ئىمادىدىن سەن بۇياقتا چىق! — دەپ شاۋاز سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئىمادىدىن قەشقەرى ئورنىدىن تۇردىيۇ، قورققىنىدىن پۇت ـ قولى قېتىپ قالغاندەك ماڭالماي قالدى. ئىككى چاكار ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ سىرتقا ئاچىقىپ كەتتى. مۇھەممەددىن قاراقاش بىسلىق ئالتۇن تەڭگىنى ئوتتا قىزىتقاچ دېدى:

— مېھرىبانۇ خانىش ئايىم، ئالىيلىرىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ

تىلىنى چىقىرىشقا ئۆزلىرى ياردەملەشمىسىلە بولمايدۇ.

— مەن ... مەن قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، ئۇنداق قىلىشقا يۈرىكىم چىدىمايدۇ جەرراھ ھەزرەتلىرى، — دېدى مېھرىبانۇ خانىش.

مۇھىددىن قاراقاش يەنە چۈشەندۈردى:

— بۇ يەردە شاھنىڭ ئاغزىنى ئاچقۇزۇشقا ئۆزلىرىدىن باشقا لايىق ئادەم يوق. ئەگەر تىلىدىن ۋاقتىدا قان ئالمىساق، شاھ كېكەچ بولۇپ قېلىشى، ھەتتا تىلىدىن قېلىشى مۇمكىن ...

— نېمە دەيدىغانلا، جەرراھ ھەزرەتلىرى؟

— غەيرەت قىلسىلا، سىلى ماڭا ياردەملەشسىلە، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە تۈگەيدۇ.

مېھرىبانۇ خانىش تىترەپ تۇرۇپ شاھقا يېقىنلاشتى.

شاھ كۆتۈپخانىسىدا شاۋاز شاھنىڭ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ ئىمادىدىن قەشقەرىگە سۆزلىمەكتە ئىدى. ئىمادىدىن قەشقەرى ئۇنىڭ ئالدىدا كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆككىنىچە يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى.

— شاھنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرگەن سەن قېرى.

— مەن قېرىپ پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەم. شاھقا زىيانلىق ئىش قىلىدىغانغا بېشىم ئونمۇ، جانابىي ۋەزىرئەزەم؟ ماڭا رەھىم قىلسىلا، قېرى جېنىمغا رەھىم قىلسىلا.

— ھۆربانۇنى ئېلىپ قاچقان ئايشە دەللە بىلەن سەن جوھۇتنىڭ تىلى بىر ...

— يوقسۇ ... يوقسۇ ... ماڭا ئۇۋال قىلمىسىلا جانابىي ۋەزىرئەزەم، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئايشە مەن بەرگەن دورىنى ھۆربانۇغا ئىچۈرمەستىنلا، ئۇنى شاھ بىلەن قوندۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن پېقىرنىڭ قىلچە خەۋىرى يوق، ئالىيلىرى ... ئايشە بىزنى ئالداپتۇ. ئالىيلىرى، مەن بۇ دۇنيادىكى ھەممە راھەت، پاراغەتنى سىلىنىڭ ھەممەتلىرىدە كۆردۈم. ئۆمۈر بويى سىلىدىن دىلىم سۇ ئىچىپ، ئەمدى سىلىگە ئاسىيلىق قىلىپ،

نېمە تاپارمەن؟ بۇ ئىشتا مەن گۇناھسىز، ئالىيلىرى ... ماڭا ئىشەنسىلە، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا.

شاۋاز ئىمادىدىن قەشقەرىگە ھومىيىپ قويدى ـ دە، پېشىنى قېقىپ چىقىپ كەتتى.

قۇرۇق تاغ ئارىسىدىكى سايلىقتا يالغۇز دەرەخ تۈۋىدىكى بۇلاقتىن چىققان سۈپسۈزۈك سۇ كىچىك ئېقىن ياساپ شىرىلداپ ئېقىۋاتاتتى. سۇ بويلىرىنى يېشىل ئوت ـ چۆپلەر، رەڭگارەڭ ئېچىلغان ياۋا گۈللەر قاپلىغانىدى. سەنەملەرنىڭ مەپىلىك، ئاتلىق كارۋىنى بۇلاق بويىغا كېلىپ توختىدى. ھەممەيلەن مەپە، ئاتلىرىدىن چۈشۈپ يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ، قانغۇدەك سۇ ئىچىشتى. سەنەم بۇلاق بېشىدىكى دەرەخكە ئېسىپ قويۇلغان نوگاينى ئېلىپ سۇ ئەكېلىپ مەپىدە ياتقان غېرىبقا ئىچۈرمەكچى بولدى. غېرىب ئورنىدا ئولتۇرۇپ سەنەمنىڭ قولىدىن نوگاينى ئېلىپ سۇنى ئۆزى ئىچتى. سەنەم غېرىبنىڭ سۇ ئىچىشىگە ھەۋەس بىلەن قارىدى.

چاھارباغ، چوڭ راۋاقتا شاۋاز بىلەن غەزنەۋىلەر ئەلچىسى زەينىددىن بومىيانى داستىخاندىكى ھەر خىل مېۋىلەرگە ئېغىز تەگكەچ سۆھبەتلەشمەكتە.

— جانابىي ۋەزىر ئەزەم، شاھى ئابباس ئالىيلىرى بىزنىڭ قىنىقىمىزغا كېلەي دەۋاتامدۇ؟

— ئەلچى جانابلىرى، شاھ بۇرۇنقى ئەلپازىدىن خېلى يۇمشىدى.

— ئۇنداقتا، بىزگە مەلىكىنى بېرەمدۇ ياكى بەلخنىمۇ؟

— مەلىكىنى ھامان ياتلىق قىلىدىغان بولغاندىكىن، مەن شۇنىڭغا كۆچەۋاتىمەن.

— ئىشقىلىپ، مەن بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇپ كەتسەم ئىش چىگىشلىشىپ كېتەرمىكىن. مېنىڭ بالدۇرراق سۇلتانغا بۇ ئىشنىڭ غاز ـ ئۆردىكىنى ئايرىپ مەلۇمات بېرىشىم زۆرۈردۇر، — دېدى زەينىددىن بومىيانى.

— شاھى ئابباس مەلىكىنى ياتلىق قىلىشقا قوشۇلدى. ھازىر ئۇلار توي مەرىكىسىنى قايسى يوسۇندا ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا كېڭەش قىلىۋاتىدۇ. مەن پات پۇرسەتتە شاھنىڭ ئاخىرقى جاۋابىنى ئېلىپ بارىمەن، دەپ مەلۇمات ماڭدۇرماملا.

شاۋازنىڭ تەكلىپىگە زەينىدىن بومىيانى ماقۇل بولۇپ:

— ئېلىڭلەرگە كەلگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە جانابلىرىنىڭ لەۋزىنى ياندۇرمىدىم. ماقۇل، بۇمۇ ئوبدان گەپ بولدى. مەن بۇگۈنلا سۇلتان ئالىيلىرىغا شۇنداق مەلۇمات يوللاي، — دېدى.

— بىزنىڭ ئەلنىڭ تۈزى ئېغىر. كەلمەك ئۆزلىرىدىن، كەتمەك بىزدىن - دە، — دېدى شاۋاز يەنە خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن.

— سىلەرنىڭ مۇقام، ناخشا، ساز، ئۇسسۇلۇڭلار مېنى مەپتۇن قىلدى. بۇگۈن يەنە كۈي - نەغمە قىلىشقا مۇمكىن بولارمۇ؟ ھەرقاچان كۈي ئاڭلاپ، ئۇسسۇل كۆرۈپ قانمايمەن.

سازەندە - ئۇسسۇلچىلار كېلىپ ئۇسسۇل - نەغمىسىنى باشلىدى.

نەپسىگەر يالماپ كۆڭگەندىن خۇدا بەرگەي پاناھ،
بۇ زامان مەككارىسىدىن خۇدا بەرگەي پاناھ.
جۇلدۇر كېپەن بولۇۋېلىپ، روھى ناكاھلىق،
سوپىنىڭ كۆز - كۆز رىياسىدىن خۇدا بەرگەي پاناھ.
كۇلاھ كىيىپ، مەللە كىيىپ، قىلغان ئىشى ھىيلە - مىكىر،
شەيخى قاچقان خانىقادىن خۇدا بەرگەي پاناھ.
ئۆزلەرى كامىل سۈپەت، سۆزلىرى ھەققانىيەت،
يۇرتنى ساتقان سوپى دۇئاسىدىن خۇدا بەرگەي پاناھ.
مەرد لەشكەر يوسۇندا قولىغا ياراغ ئېلىپ،
ئەگەشكەننى ساتقاندىن خۇدا بەرگەي پاناھ.

www.uyghurkitap.com

ئابدۇللا شاتىرى ھاممامدا تاش سۇپا ئۈستىدە دۈم ياتاتتى. ئۇنىڭ دۈمبە، بويۇنلىرىنى ھاممام مۇلازىمى تۇتۇپ ئۇۋۇلىماقتا. ئەينىدىن سەرۋاز كىلىپ ئۇخلاۋاتقاندەك ياتقان ئابدۇللانىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— سەردار جانابلىرى ... مەلىكە ... پالەچ غېرىبنى ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ.

ئابدۇللا شاتىرى شارتتىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ سورىدى:

— نەگە؟

— نەگە قاچقىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. قوغلاپ كەتكەنلەردىن تېخىچە ئۇچۇر يوق.

— كۆرە تاماشانى ... ئاتام بىچارىنىڭ تاماشىسىنى كۆرىدىغان چاغ ئەمدى كەپتۇ. بولسا تاپالمىغىيدى ... مەلىكىنى خوتۇنلۇققا ئېلىش ئالۋىنىدىن بىر ئازاد بولسام ... — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

بۇ چاغدا، سايدىكى بۇلاق بويىدا قورساق تويغۇزۇشقان غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ ساۋاقداشلىرى ھەر تەرەپتە سوزۇلۇشۇپ ياتاتتى. بۇلاق بويىدا بۇلاققا قاراپ خىيالغا چۆمگەن سەنەم ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى:

— تۇرۇڭلار ئورنۇڭلاردىن، قوزغىلايلى!

— يەنە بىردەم ياتامدۇق؟ — دېدى ساۋاقدىشى نازىم.

— ئەمدى يەنە غەپلەت بېسىپ يېتىۋەرسەك بولمايدۇ. ساۋاقداشلىرىم، ئەمدى سىلەر قايتىڭلار، كېيىنكى يولنى ئۆزىمىز ماڭىمىز.

— شۇنداق قىلىڭلار، سىلەر ئەمدى بولدى قىلىڭلار، — دېدى غېرىبمۇ.

— بولىدۇ، بىز قايتساق قايتايلى. لېكىن بىز يەنە دىدارلاشقۇچە كەم بار، كەم يوق. غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ بىردىن ناخشىسىنى ئاڭلىۋېتىپ ئاندىن ھەرقايسىمىز ئۆز يولىمىزغا ماڭايلى.

نازىمنىڭ گېپىگە ئۆلاپىلا تۇرسۇنتايمۇ:

— كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭ. غېرىب ئادىشىم، تەمبۇرۇڭنى چالە. ئاخىرقى قېتىم ئاڭلىۋالايلى، — دېدى.

غېرىب يېنىدا تۇرغان تەمبۇرنى ئېلىپ تەڭشىدى. ئانىسى نىگارئايىم يېپەك ياغلىق بىلەن ئۇنىڭ پېشانە، يۈزلىرىدىكى تەرنى سۈرتتى. گۈلجامالمۇ ئانىسىنى دوراپ ئېتىكى بىلەن ئاكىسىنىڭ بويىنىدىكى تەرنى سۈرتتى. غېرىب تەمبۇرنى سايرىتىپ ناخشا ئېيتتى.

غېرىبتۇرمەن، يول ئاداشتىم،
خۇدا ئۈچۈن يولغا سالغىن.
مەجنۇن كەبى هەددىدىن ئاشتىم،
قۇشلار ئۈچماس كۆلگە سالغىن.

يولدا قالغان بىناۋامەن،
گاھ كۆيۈپ، گاھ يانارمەن.
يار يانىمدا، مەن گادايمەن،
كېڭەش بىلەن يولغا سالغىن.

ساڭا ئېيتاي كۆڭۈل داغىن،
يېقىن قىلغىن يول يىراغىن.
كۆرسەتكىل بۇلبۇللار باغىن،
بۇلبۇلغا ئوخشاش يولغا سالغىن.

غېرىب دەرلەر بۇ ئاتىمنى،
ئىزهار ئېتەر مۇرادىمنى.
ئىشتكىل ئەرز - هالىمنى،
مەن غېرىبنى يولغا سالغىن.

سەنەم ئۆلاپىلا بۇ ناخشىنى ئېيتتى:

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

قابا پەلەكنىڭ دەردىدىن،
يۈرەكىمدە داغلار قالدى.
بۇلبۇللار ئايرىلدى باغدىن،
بىنەپشىلىك باغلار قالدى.

ئاسان ئەيلە بۇ مۇشكۇلنى،
يېقىن ئەيلە بۇ مەنزىلنى.
ئۇچۇردى شەيدا بۇلبۇلنى،
باغ ئىچىدە زاغلار قالدى.

ئاغىچا ئانام قالدى جانىم،
پەلەك بۇزدى مېنىڭ شانىم.
خانىش ئانام مېھرىبانىم،
يۈرىكىمگە داغلار سالدى.

ناخشا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ساۋاقداشلار ئايرىلىشقا چىداشماي، كۆز يېشى قىلىشىپ خوشلىشىپ، ئىككى تەرەپكە يول ئالدى.

قۇملۇق چۆلدە ئوسمان باشلىغان ئۈچ ئاتلىق قويۇق توغراقلار ئارىسىدىن ئاتلىرىنى ئالدىرىماستىن ماڭغۇزۇپ ئېگىز قۇم تاغدىن پەستىكى جىلغىغا چۈشتى. لېكىن، ئاتلىرىنىڭ باش بېغىنى قوللىرىنىڭ بېغىشىغا باغلاپ، سوزۇلۇشۇپ يېتىپ ئارام ئېلىۋاتقان توختى سەرۋازنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئوسمان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاتلىرىنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇراپ بولغۇچە توختى سەرۋاز ئاتقان ئوق ئوسماننىڭ دۈمبىسىگە سانجىلىپ ئاتتىن يىقىلدى. قالغان ئۈچەيلەن ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئوسماننى يۆلەپ بولغۇچە لەشكەرلەر يىراقتا قورشاپ تۇرۇپ ئوقيا ئېتىپ ھەممىسىنى

يىقىتتى.

شاۋازنىڭ خانىسى. ئۇ ئەينىدىن سەرۋاز، توختى سەرۋاز، ئابلىز شەيتانلارنى تىك تۇرغۇزۇپ قويۇپ سۆزلىمەكتە ئىدى:

— بۇ قېتىم توختى دېگەن يېرىمىدىن چىقتى. مەلىكىنىڭ غېرىبنى ئېلىپ قاچقانلىقىنى خان جەمەتىدىكىلەر بىلەن ئوردا مۇھاپىزەتچى لەشكەرلىرىدىن باشقا ئىنس - جىن بىلمىسۇن. چۈنكى، غەزنەۋىلەرنىڭ ئۈچ يۈز مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى بىزنى چەيلەشكە تەييار تۇرىدۇ، بىزنىڭ ئۇرۇش قىلغۇدەك ھالىمىز يوق. ئۈچ يىلدىن بېرىقى قۇرغاقچىلىق، ۋابا بېلىمىزنى ئوشتۇپ، مادارىمىزنى كەتكۈزۈۋەتتى. خەلق نامرات، قوشۇنلارغا ئاش - ئوزۇق يېتىشمەيدۇ. مۇنداق شارائىتتا دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشقىنىمىزدىن كۆرە، سۈلھى قىلغىنىمىز ئاقىلانىلىك. بىزدە ياتلارغا قىز بېرىش ئادىتى بولمىسىمۇ، ئەمما خانلىقىمىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئەلنىڭ ئامان - ئېسەنلىكى ئۈچۈن، دۈشمەنىنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداشقا مەجبۇرمىز. مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى ئەل - جامائەت ئارىسىغا تارقىلىپ كېتىدىغان بولسا، ئۇرۇشمايمىز دېسەكمۇ ئامال يوق ئۇرۇشىمىز. شۇڭا، سىلەر مەلىكىنى قاچۇرغانلارنىڭ بىرىنىمۇ تىرىك قالدۇرماڭلار، ئۇلار مەلىكە بىلەن تەڭ غايىب بولسۇن.

توختى سەرۋاز باشلىق نۆكەرلەر قۇللۇق بىلدۈرۈشتى. شاۋاز سۆزىنى تۈگىتىپ شاھنىڭ قېشىغا ماڭدى. شاھ ھۇجرىسىدا ئۆلۈكتەك جىممىدە ياتاتتى. ئورۇقلاپ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى. مۇھىددىن جەرراھ شاھنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ شاۋازغا قاراپ دېدى:

— جانابىي ۋەزىرئەزەم، كېسەلنىڭ ئۆزىدىن ئۇزۇكى يامان دەيدىغان گەپ بار. بۇ ئىش بىزنىڭ بېشىمىزغا كەپتۇ. شاھ ئالىيلىرىنىڭ كېسىلى يامانغا ئۆرۈلگەندەك تۇرىدۇ.

— قانداق يامان؟ — سورىدى شاۋاز.

www.uyghurkitap.com

— شاھ ئالىيلىرىنىڭ كېسىلى قارا كېزىككە ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ؟ — دەپ جاۋاب بەردى مۇھەمددىن جەرراھ.

— نېمە؟ داۋاسىنى قىلىڭلار.

— بىز بار كۈچىمىز بىلەن سەۋەب قىلىمىز، شىپاسىنى ئاللا بېرىدۇ.

— ساقايتىڭلار!

— بۇ ئالدىرىغانغا ساقىيىدىغان كېسەل ئەمەس، ئۇزاق ۋاقىت پەرھىز بىلەن داۋالايمىز، جانابلىرى.

— قانچىلىك ۋاقىتتا ئەسلىگە كېلەر؟

— تېز بولسا ئۈچ ئاي، بولمىسا يەتتە - سەككىز ئايدا ئورنىدىن تۇرالايدۇ.

بالدۇرلا ئۆيگە قايتقان ئىمادىدىن قەشقەرى كۈتۈپخانىسىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قالدى. ئۇشتۇمتۇت تۈگۈلۈكتىن قارا نىقابلىق بىر ئادەم ئارغامچا بىلەن سىيرىلىپ چۈشتى - دە، ئىمادىدىن قەشقەرىنى بوغۇپ ئۆلتۈردى. ئىمادىدىن قەشقەرى كۆزى ئوچۇق يېتىپ قالدى.

شۇ پەيتتە ئاسىخان باخشى ھۇجرىسىدا جىنچىراغ يورۇقىدا ئولتۇرۇپ ئۈنچە - مارجان ساندۇقىدىكى تىللالارنى سانىماقتا ئىدى. تۈگۈلۈكتىن بىر قارا نىقابلىق ئادەم نەيچە ئارقىلىق زەھەرلىك تىكەن پۈۋلىدى. تىكەن ئاسىخان باخشىنىڭ چوققىسىغا سانجىلدى - دە، يىقىلىپ ۋارقىراپ كەتتى.

— ۋايجان، بېشىمنى چايان چاقتى ... قېنى سەن گۈلئەندان ... ۋاي بېشىمغا بىرى بىگىز تىقتى ...

تاشقىرى ئۆيدىن گۈلئەندان ئېتىلىپ كىرگەندە، ئاسىخان باخشى ئالتۇن ساندۇقتا بېشىنى قويۇپ، شالى ساندۇقتىكى ئالتۇنلارغا ئاققان ھالدا كۆزى ئوچۇق ياتاتتى. گۈلئەندان ئاسىخاننىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىۋىدى، يەنە بىر تىكەن كېلىپ ئۇنىڭ بوينىغا سانجىلدى، ئۇمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ تۈگۈلۈككە قاراپلا زوۋان سۇرەلمەي يىقىلدى.

خانىقادا باخشىلار گۇلخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ يوغان قاپاق چىلىمدا نەشە چەكمەكتە ئىدى. ئىشىك ئېچىلىپ بىر توپ نىقابلىق ئادەم كىرىپ ئۇلارنى ئوقياغا تۇتتى. ئوقيا ئوقلىرى ئۇلارغا ئۇستى - ئۇستىلەپ سانجىلىپ ھەممىسى ئىزىغا يىقىلدى.

مەسچىت مۇنارى قارىيىپ كۆرۈندى. مەزىنئاخۇنۇم بامداتقا ئەزان توۋلىدى. مۇھەممەددىن قاراقاش ھۇجرىسىدىن ساپال ئىۋرىقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ھويلىسىدىكى ئەنجۈر تۈۋىدە تاھارەت ئېلىشقا تۇتۇندى. ئۇ ئاغزىغا سۇ ئېلىپ غۇرتۇلدىتىۋاتقاندا، ئەنجۈر كەينىدىن بىر قارا نىقابلىق ئادەم چىقىپ دۈمبىسىگە پىچاق ئۇردى. ئارقىدىن يەنە ئىككى نىقابلىق كېلىپ مۇھەممەددىن قاراقاشنى تاغارغا سېلىپ كۆتۈردى - دە، ھويلا دەرۋازىسىنى پەم بىلەن ئېچىپ سىرتقا چىقىپ دەرۋازىنى يېپىپ قويدى.

زىندانغا ئوخشاش يەر ئاستى زالدا شاۋازنىڭ يېنىدا ئىككى نۆكەر مەشئەل تۇتۇپ تۇراتتى. شاۋاز ھەربىر تاغارنىڭ يېنىغا كەلگەندە، نىقابلىقلار تاغارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ شاۋازغا كۆرسىتەتتى. شاۋاز ئىمادىدىن قەشقەرى، ئابدۇلغەپۇر داموللا، ئاسىخان باخشى، گۇلئەندان، ئاغىچا ئانا، مۇھەممەددىن قاراقاش ھەم بىرمۇنچە كېنىزەك، چاكار، دېدەكلەرنىڭ چىرايىنى كۆردى.

— ھەممىسى ھوشىدىن كېتىپتۇ. تاراق - تۇرۇقلار بولمىغاندۇ؟

— ياق ئالىيلىرى، ھەممە ئىش ئۈنسىز پۈتتى، — دېدى ئەينىدىن سەرۋاز جاۋاب بېرىپ:

— بۇلارنى ھېلىقى مەڭگۈ خاتىرجەم ئۇخلايدىغان جايغا ئاپىرىڭلار، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتسۇن، — دەپ بۇيرۇق قىلدى شاۋاز.

— خوپ!

نىقابلىق ئادەملەر تاغارلارنى يۈدۈپ ئۇزۇن ئۆڭكۈرنى بويلاپ ماڭدى. بىر يەرگە بارغاندا ھەممەيلەن لەخمىگە گۇلدۈرلەپ

www.uyghurkitap.com

چۇشۇپ كەتتى. بىردەملىك ۋاي ـ دادتىن كېيىن جىمىپ قالدى. شاۋاز ئىككى نۆكىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا لەخمە بېشىغا كېلىپ تۆمۈر قوزۇقلارغا زىخلىنىپ جىمىمىدە ياتقانلارغا قاراپ ئۇ ئىككىيلەنگە دېدى:

— ئۇلارنى كۆردۈڭلارمۇ؟

— ياق ئالىيلىرى، كۆرمىدۇق. بىز قەسەم بەرگەن، سىلى كۆر دېگەننى كۆرىمىز، كۆرمە دېگەننى كۆزىمىزگە تىقسىمۇ كۆرمەيمىز، — دەپ جاۋاب بەردى ئىككى نۆكەر.

— ئۇلارنى مەنمۇ كۆرمىدىم، ھېچكىم كۆرمىدى.

شاۋاز سۆزلەۋېتىپ تورۇستىكى يوغان بىر ياغاچ كالتەكنىڭ ئۇچىنى تارتتى. شۇئان تورۇس گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ، لەخمە توپا بىلەن تىنىپ كەتتى.

مېھربانۇ خانىش ھۇجرىسىدا جايناماز ئۈستىدە تەسۋى سىيرىپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. شاۋاز يۈزىنى پەرەنجە بىلەن يۆگىگەن بىر قىزنى باشلاپ كىرىپ خانىشقا سالام بەردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مېھربانۇ خانىش ئايىم. قارىسىلا، مەن كىمنى ئەكەلدىم؟

خانىش ئايىم ئالدىرىماستىن دۇئا قىلىپ يۈزىدىكى ياشلىرىنى سۈرتتى ـ دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ زوۋان سۈرمەستىن شاۋازغا قارىدى. شاۋاز يېنىدىكى قىزنىڭ بېشىدىكى چۈمبەلنى ئېلىۋەتتى.

— خانىش ئالىيلىرى، مەلىكە ئالىيلىرىنى قايتۇرۇپ كەلدۇق، — دېدى شاۋاز.

خانىش ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، قىزنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ باردى.

— ئوبدان قىزىم، كەلدىڭىزمۇ؟

خانىش قىزىنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— باغرىلىرىغا باسسىلا، خانىش ئايىم، سىلى زارىقىپ

كۆتكەن قىزلىرى مۇشۇ. مەلىكە ئالىيلىرىنى نېمىشقا باغرىلىرىغا باسمايدىلا، ئوخشىمامدىكەن؟ — دېدى شاۋاز.

— راست ئوخشايدىكەن، تېرىسىنى كىيدۈرۈپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن. ئەمما، مېنىڭ سىلى بىلەن ئويۇن ئوينىغۇدەك هالىم يوق، ۋەزىرئەزەم، مېنى ئارامىمدا قويسىلا.

— مېنىڭمۇ سىلى بىلەن ئويۇن ئوينايدىغانغا ۋاقتىم يوق. ئاڭلاپ قويسىلا، مەلىكە ئالىيلىرىنى قاچقان يېرىدىن تۇتۇپ كەلدۇق. ئەمما، غېرىب دېگەن لەقۋا هارۋىسى تاغدىن يۇملاپ كېتىپ ئۆلدى. ئاڭلىدىلىمۇ؟ شاھ ئالىيلىرىنىڭ بالدۇرراق سەللىمازا ساقىيىشى، خانىدانلىقىمىزنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن مەلىكە ئالىيلىرىنى غەزنەۋىلەر سۇلتانىغا ياتلىق قىلىشقا قوشۇلدۇق. مانا مەلىكە ئالىيلىرىمۇ شاھىمىزنىڭ ئامانلىقى، خانلىقىمىزنىڭ تىنچلىقى، خەلقنى ئۇرۇش ئاپىتىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ياتلارغا ياتلىق بولۇشقا قوشۇلدى. شۇنداقمۇ، مەلىكە ئالىيلىرى.

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى يالغان مەلىكە.

خانىش ئاغزىنى كامارەدەك ئېچىپ قاراپ قالدى.

ئەمدى گەپنى سەنەمدىن ئاڭلايلى. قۇرۇق تاغ جىلغىسىدا سەنەملەرنى ئۇزىتىپ قايتقان نازىم باشلىق ساۋاقداشلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار تار بوغۇزغا كەلگەندە، تاغ تۆپىسىدىن غايەت زور چاچما تور چۈشۈپ، تورغا ئىلىنىپ قالدى. ئۇلار تورنى قىلىچلاپ چىقىپ بولغۇچە، قارا نىقابلىق كىشىلەر يامغۇردەك ئوقيا ئوقى ياغدۇرۇپ ھەممىسىنى تىنچىتتى.

قۇرۇق تاغ باغرىدىكى سۇلۇق جىلغا بويى. دەرەخلەر ئارىسىدىكى بىر كونا ئۆيدە سەنەملەر ئارام ئېلىپ قاتار ياتاتتى. سەنەم بىردىنلا قاتتىق چۆچۈپ، ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. يېنىدا ياتقان نىگارئايىم، گۇلجامال، ئاندىن غېرىبمۇ ئويغاندى.

www.uyghurkitap.com

— قىزىم ... مەلىكەم ... قارا باستىمۇ؟ — سورىدى نىگارئايىم.

— مېنىمۇ قارا باستى ... — دېگىنىچە گۈلجامالمۇ ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلدى.

— ئەجەبمۇ ... ئەجەبمۇ ... بىر ... قورقۇنچلۇق چۈش كۆردۈما ...

— بۇ ئۆيدە ئۇزاقتىن بېرى ئادەم تۇرماي قارا بېسىپ قالغان ئوخشايدۇ، قىزىم.

— مەنمۇ ئاجايىپ - غارايىپ قورقۇنچلۇق چۈش كۆردۈم ... لېكىن بىرىنىمۇ يادىمغا ئالالمايۋاتىمەن، — دېدى غېرىبىمۇ.

— ئارقىمىزدىن لەشكەرلەر قوغلاپ كېلىپ تۇتىۋالارمۇ دەيدىغان ئەندىشىمۇ بار، بالام. ئادەم ئۆزىنىڭ غەم - قايغۇسىنىمۇ چۈشەيدۇ.

— مەن سىرتقا چىقىپ ئاتلارنى بىر يوقلاپ كىرەي.

سەنەمنىڭ گېپىگە نىگارئايىم ئۇنىماي:

— يالغۇز چىقسىڭىز بولمايدۇ، قىزىم، مەن بىللە چىقاي، — دەپ تۇرۇۋالدى. گۈلجامالمۇ چىقىمەن دەپ ئورنىدىن تۇرۇۋېدى، نىگارئايىم:

— سىز ئاكىڭىزغا ھەمراھ بولۇپ يېتىڭ. بىز چىقىپلا كىرىمىز، — دەپ گۈلجامالنى قالدۇرۇپ قويدى. گۈلجامال:

— ئەمىسە مەن قورققۇسى كەلسە ئوقۇيدىغان ئايەتنى ئوقۇپ يېتىپ تۇراي، — دېدى.

بۇ ئۆينىڭ ئالدىدا ئىككى ئات مەپە ئوقۇرىغا تۆكۈپ بېرىلگەن بوغۇزلارنى خاتىرجەم يېمەكتە. سەنەم قىلىچ تۇتقان ھالدا نىگارئايىم بىلەن چىقىپ ئەتراپقا زەن سېلىپ قارىدى. جىلغا سۈيىنىڭ شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئاۋازىدىن باشقا ھېچبىر ئاۋاز ئاڭلانمىدى.

— ئەجەبمۇ سۈرلۈك يەر ئىكەن بۇ، ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنگۈدەك، — دېدى نىگارئايىم.

— لېكىن بۇ يەر بەكمۇ تىنچ، ئالدىراپ ئادەمزات ئاياغ باسمايدىغان يەر، — دېدى سەنەم.
— بۇ يەرنى قانداق بىلىسىز، قىزىم؟
— بۇ ئاغىچا ئانام تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان يەر. ئۇ مېنى كىچىك چېغىمدا ئەكېلىپ بۇ يەردە ھەپتە تۇرغۇزغان.
— ئەمىسە، خان ئالىيلىرى بىلمىگەن يەر ئىكەنغۇ؟ — دېدى نىگارئايىم.
— بۇ يەرنى شاھ ئاتاممۇ، خانىش ئاناممۇ بىلمەيدۇ. بىزگە شۇ چاغدا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن سەركەردە - ياساۋۇل، دېدەك، چاكارلار نەگە يوقالدىكىن، ھازىر بىرىمۇ يوق، ھازىرقىلار بىلمەيدۇ.
— پەرۋەردىگار بىزنى پاناھىدا ساقلار، قىزىم.
— بۇ يەرنىڭ يوللىرى ئەگرى - توقاي، ئادەم ئاسان ئېزىپ باشقا يەرگە كېتىپ قالىدۇ، — دېدى سەنەم.
— ھازىرچۇ، سىز قانداق بىلدىڭىز؟
— ئاغىچا ئانا دەرەخلەرنى بەلگە قىلىپ مېڭىپ چوڭ بولغانىكەن. ئۇ ماڭا ھەممىنى دەپ بەرگەن.
— ئاغىچا ئانىنى ئېلىۋالغان بولساقمۇ ... — دېدى نىگارئايىم.
— ئىككىمىزنىڭ بىر - بىرىمىزدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلغۇمىز يوق ئىدى. ئەمما ئۇ بىچارە ئون يىل سەرگەردانلىقتا يۈرۈپ، يۈرىكى ئېزىلىپ كېتىپتۇ. ھامان قايتىپ كېلىسىلەر، مەن سىلەرنى مەشەدە كۈتەي، دەپ زادىلا ماڭغىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئامالسىز تاشلاپ ماڭدىم.
— نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقاندۇ؟ — دەپ ئەپسۇسلاندى نىگارئايىم.
بۇ چاغدا شاۋازنىڭ ھۇجرىسىدا ئاپئاق ساقاللىق سەئىد پارىل ئالدىغا قويۇۋالغان يوغان كىتابقا سىنچىلاپ قاراپ سۆزلىمەكتە

www.uyghurkitap.com

ئىدى:

— جانابىي ۋەزىرئەزەم، بۇ ئەجدادىمىزدىن مىراس قالغان پالنامە. بىز ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ مۇشۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدۇق.

— ھەزرەتلىرىنىڭ داڭقىنى ئۇزاقتىن بېرى ئاڭلاپ كېلىۋاتقاچقا، ئاتايىن ئۆزلىرىنى كەشمىردىن تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدۇق. سالغان پاللىرى راست چىقامدۇ، قېنى كۆرىمىز، — دېدى شاۋاز.

— بىز ھەزرىتى دانىيال ئەلەيھىسسالامنىڭ پالىنى سالىمىز. ھەر ھۈنەر ـ كەسىپنىڭ پىر ـ كالانى بولغاندەك، پالچىلىقنىڭمۇ پىرى بار. ھەممىنى بىلگۈچى ئاۋۋال خۇدادۇر، بەندە بىلىپ بولمايدۇ. ئاتا ـ بوۋىمىزدا پالغا ئىشەنمە، پالسىزمۇ يۈرمە دەيدىغان گەپ بار، — دېدى سەئىد پازىل.

— ھەرھالدا ئاڭلاپ باقاي دەيمەن، — دېدى شاۋاز.

سەئىد پازىل كىتابنى ۋاراقلاشقا باشلىدى.

كىچىك بىر بازاردا قارا پەرەنجە كىيىپ يۈزىنى يۆگىۋالغان ئايشە بىلەن ھۆربانۇ بازار ئارىلىماقتا. چىرايلىق تىزىلغان چىلگىنى كۆرگەن ھۆربانۇ ئايشەنىڭ پېشىنى تارتتى.

— ماۋۇ چىلگىدىن يېگۈم كېلىۋاتىدۇ. بۇرنۇمغا بەك پۇراپ كەتتى.

— تازا بىر ئاچ پاقا شاھزادىدىن بىرنى تۇغامىلا نېمە؟! ... ھە ... ياق. ھۆربانۇ ئايىم ... نېمىنى كۆرسىلە شۇنى يەيمەن دەيدىكەنلا ... بوپتۇ ئالايلى.

ئۇلار چىلگىدىن بىرنى ئالدى. ھۆربانۇ يەنە:

— توخۇ گۆشىگە كۆڭلۈم تارتىۋاتىدۇ، — دېۋىدى، ئايشە:

— توخۇ كۆرگەن ئوخشىمامىلا؟ — دەپ سورىدى ۋە ئارقىسىغا قاراپ بىر بوۋاينىڭ توخۇنى پۇتىدىن باغلاپ قويۇپ، يەردە ئولتۇرۇپ چىلىم تارتىۋاتقىنىنى كۆردى.

— بالام قىز بولۇپ قالمىغىيدى، ئايشە. نېمانداق نېمىنى

كۆرسەم شۇنىڭغا كۆڭلۇم تارتىدۇ.
— خۇدايىم ساقلار، خۇدايىم ئوغۇل بەرگىيدى. چۈشۈمدە شاھ ئالىيلىرى ئۆزلىرىگە بىر شەمشەرنى بېرىپ چۈش كۆردۈم. قىلىچ ـ شەمشەر دېگەن ئوغۇل بالىنىڭ سۈرى.
— خۇدايىم كۆرگەن چۈشىڭ چۈش بولغاي، خىزىر ئەلەيھىسسالام يار بولغاي.
ئۇلار بوۋايدىن بىر خورازنى ئالدى.
— كوچا ـ كويدا ئۇزاق تۇرمايلى، پايلاقچى بولسا تۇتۇۋالىدۇ. دەرھال ئۆيگە كېتەيلى، — دېدى ئايشە.
ھۆربانۇ رەنجىپ:
— ئەمدى تالاغا چىقىپ بولغۇچە شۇنداق دەپ تۇرۇۋالىدىكەنسەن، ئايشە. ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىپ زېرىكتىم، — دېدى.
تاغ تۇرا ئەتراپى. تاغ باغرىدىكى ئېتىزلىقتا قوغۇنلار ئوخشىغان، قوغۇنچى بوۋاي چىرايلىق پىشقان بىر قوغۇننى ئۈزۈپ كېلىپ ساتمىدا ئولتۇرغان شەيخ جالالىدىن، سادىق بىلال، ئىلياسلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ تىلدى. ھەممەيلەن قوغۇنغا ئېغىز تېگىشتى.
— ۋاھ، ئەجەبمۇ تاتلىق ئىكەن بۇ قوغۇن، — دېدى ئىلياس.
— غېرىب بىلەن سەنەمدىن ھېچقاندىق ئۇچۇر ئالالمىدۇق، — دېدى سادىق بىلال بىردىنلا.
— ئوردابالىقتا بېرىپ ساۋاقداشلاردىن بولسىمۇ ئەھۋال ئۇقۇپ كېلەيلى بولمىسا، — دېدى ئىلياس. شەيخ جالالىدىن بۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇۋالدى، ئاندىن:
— ئوردا ئىچى جىمىپ كەتكەنگە قارىغاندا ئۇ يەردە چوقۇم بىر ئىش بولدى، — دېدى.
ھەممەيلەننى بىر تۇرلۇك ئەندىشە باستى.
شاھ ھۇجرىسى. شاھ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ جىممىدە

ياتاتتى. شاۋاز شاھقا تەزىم قىلىپ دېدى:

— ئالەم پاناھ، ئىمادىدىن قەشقەرى بىلەن مۇھەممەددىن قاراقاش ئۆزلىرىنى داۋالاشتا نائۇستىلىقىنى چاندۇرۇپ قويغىنى ئۈچۈن ئۇلارنى ئوردا تېۋىپلىقىدىن قالدۇرۇپ، قاغىلىقتىن ئىمامنىياز قارلۇقنى ئەكەلدۇردۇم. ئۇ ئۆزلىرىگە باش شىپاگەر بولۇپ تەيىنلەندى.

يېشى ئەللىكتىن ئاشقان، چار ساقال، قىزىل يۈزلۈك، سېرىق سەللە ئورىغان ئىمامنىياز قولىنى كۆكسىگە قويۇپ شاھقا تەزىم قىلدى. شاھ ئۇندىمەستىن مۆلدۈرلەپ قاراپ ياتاتتى.

— ئابدۇلغەپۇر داموللامنى دۆلەت ئۇستازلىقتىن بوشىتىپ ھەرەمگە يولغا سالدىم، ئورنىغا كۇچادىن جاروپ مەۋلەۋىنى شەيخۇلئىسلام قىلىپ تەيىنلىدىم، — دېدى يەنە شاۋاز.

قىرىپ مۈكچىيىپ قالغان جاروپ مەۋلەۋى ئىككى چاكارنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىشى بىلەن كېلىپ شاھقا سالام بەردى.

— يەنە ۋەزىر - ئەمىرلەردىن ... — شاۋاز شۇنداق دېيىشىگە شاھ ئۇنى گېپىدىن توختىتىپ:

— بولدى قىل، شاۋاز ... نېمە قىلساڭ قىلغاچ تۇر، ھېرىپ ھالىم قالمىدى، مېنى ئارامىمدا قوي ... — دېدى.

— خوش ئالىيلىرى ... ئىمامنىياز قارلۇقنىڭ شىپالىق قولى ئۆزلىرىنى پاتراق شىپا تاپقۇزغاي ...

شاۋاز يېنىدا تۇرغان ئابلىز شەيتانغا دېدى :

— سەن ھازىردىن باشلاپ شاھنىڭ ھەم ئوردىنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا غوجىدارلىق قىلىسەن. باش ئىشىكئاغىسى بولدۇڭ. بارلىق چاكار، مۇلازىم، چۆرە - دېدەكلەرنى يەڭگۈشلەپ يېڭىدىن تەيىنلە.

— خوپ ئالىيلىرى، باش ئۈستىگە، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— خانىش، توقاللارغا تۇران ئايلا غوجىدارلىق قىلىدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى يەنە شاۋاز. شۇئان ئاران ماڭىدىغان بىر سېمىز خوتۇن كىرىپ سالام بەردى. شاھ تەتۈر قاراپ

ھەممەيلەننى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى.

تاغ ئارىسىدىكى دەرەخلىك مەھەللە. شارقىراپ ئېقىۋاتقان جىلغا سۈيى بويىدا ھەر خىل ياۋا گۈللەر، يېشىل ئوتلار ئۆسكەندى. سەنەم شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇغا غېرىبنى يۆلەپ ئاستا كىردى. سۇ ئوشۇقتىن ئاشمايتتى. غېرىبنى سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوقچىيىپ تۇرغان تاشقا ئولتۇرغۇزۇپ ئوچۇمىدا سۇ ئېلىپ ئۇنىڭ ئاغزىنى چايقىتىپ، باش ـ كۆزىنى پاكىز يۇدى. غېرىبتىن ئەنسىرەپ ئۆيدىن قولى خېمىر يۇقى چىقىپ كەلگەن نىگارئايىم بۇ ھالنى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە يەنە خۇشال ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— ۋاي ـ ۋۇي، ئەجەب مۇزدەك سۇ ئىكەن، ئەندىكتۇرۇۋەت-تىڭىز، — دېدى غېرىب.

— ھە ... مۇشۇنداق دائىم ئەندىكىپ تۇرسىڭىز قانلار ئوبدان يۈرۈشۈپ، ئۇيۇشقان ئۇگىلىرىڭىز، بەنتى ـ بېغىشلىرىڭىز ئەسلىگە كېلىدۇ.

— ئەمدى ئۆزۈم يۇياي، كىچىك بالىڭىزغا ئوخشاپ قالدىم ئالدىڭىزدا. ئانامۇ ئۇنداق قىلمايدۇ. ئۇياتتىن يەرگە كىرىپ كېتەي دەۋاتىمەن.

— سىز ھازىر كىچىك بالا، بوۋاق دەڭە، غەلۋىسى تولا بوۋاق. مەن ئانىڭىز، ئانىڭىز قىلالمايدىغان، قىلسا بولمايدىغان ئىشنى قىلىدىغان ئانىڭىز.

— مېنى خىجىللىقتىن ئۆلتۈرەمسىز، سەنەم؟

— مەن ئارىمىزدىكى بارلىق ياتسىراشنى تۈگەتمەكچى، ئارىمىزدىكى تامنى ئۆرۈۋېتىپ بىر تەن، بىر جان بولماقچى، — دېدى سەنەم.

— ياق، نىكاھسىز ئۇنداق قىلساق، نامەھرەم بولىدۇ.

— مەن سىزنى بوۋاقنى باققاندەك بېقىپ ئايىغىڭىزنى چىقىرىمەن. مەن سىزنى بۇ يەرگە شۇڭا ئەكەلدىم.

— بۇ گېپىڭىزگە قوشۇلىمەن.

— ئەمىسە سىز بوۋاق، مەن بالا باققۇچى بولغاندىكىن، نېمە دېسەم شۇنىڭغا ماقۇل دەيسىز.

سەنەم شۇنداق دەپ غېرىبنىڭ بېشىدىن سەللىسىنى ئېلىپ، كۆڭلىكىنى سالدۇردى.

— ياق، ئۇنداق قىلماڭ. سىز دېگەن قىز بالا، يەنە كېلىپ پادىشاھنىڭ قىزى، مەلىكە.

— بوش گەپ قىلىڭ، ئانام ئاڭلاپ قالىدۇ.

سەنەم غېرىبنىڭ كۆڭلىكىنىڭ بىر يېڭىنى سالدۇرۇپ بولدى. غېرىب تارتىنىپ ئۇنىمىدى، ئىككىسى تارتقۇشلاۋېرىپ غېرىبنىڭ كۆڭلىكى يىرتىلىپ كەتتى.

— ئۆلسەم ئۆلىمەنكى، بۇنداق قىلىشىڭىزغا يول قويمايمەن.

— ئىسسىقتا يول بويى يېتىۋېرىپ تەر پۇراپ كېتىپسىز.

— ئۇنداق بولسا ئۆزۈم يۇيۇنىمەن، سىز كېتىڭ.

— ياق، ئۆزۈم يۇيىمەن، سىز يۇيۇنالمايسىز.

— ياق.

— كېلىڭ، ئوماق بوۋىقىم، ئاچىڭىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاڭ.

سەنەم شۇنداق دەپلا غېرىبنى بىر تارتىپ سۇغا باستى.

— ئانا ...

سەنەم چاققانلىق بىلەن غېرىبنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالدى.

— ۋارقىرىسىڭىزمۇ ئانام ھەرگىز چىقمايدۇ، — دېدى سەنەم.

— پۇتۇم كىرەككە كەلمىگەن بىلەن سىزگە قولۇمنىڭ ماغدۇرى يېتىدۇ. بىكار قولىڭىزنى قايرىپ سالىمەن. ئانام بىلەن سىز بار يەردە ئۆلسەممۇ كىيىمىمنى سالمايمەن.

— ئانامنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بار. ئانامنى ماقۇل كەلتۈرۈپ بولغان. ماقۇل دېمەڭ، ئانام ھەرگىز چىقمايدۇ ... ۋارقىرىسىڭىزمۇ بىكار.

سەنەم شۇنداق دەپ غېرىبنىڭ ئىشتىنىنى ئېسىلدى. غېرىب ئىشتىنىنى چىڭ تۇتۇۋالدى.

— مېنى نومۇستىن ئۆلتۈرگۈچە، قىلچىتا ئۆلتۈرمەمسىز؟

— جاھىللىق قىلماڭ. سىز مەندىن نومۇس قىلغان بولسىڭىز، بولدى، مەنلا نومۇسسىز بولاي!

سەنەم شۇنداق دەپلا غېرىبنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ كىيىمىنى يېشىشكە باشلىدى. غېرىبنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. سەنەمنىڭ كۆزلىرىدىن ئۈنچىدەك ياشلار تۆكۈلدى.

— بولدى ... بولدى ... سىز سالدۇرماڭ، ئۆزۈم سالاي ...

غېرىب سەنەمنى قولىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى. سەنەم غېرىبنى بوينىدىن قۇچاقلاپ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

بۇ چاغدا مېھرىبانۇ خانىش قەسرىدە سولغۇن ئولتۇراتتى. شاۋاز يېنىدىكى تۇران ئايالنى مېھرىبانۇ خانىشقا كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى:

— خانىش ئايىم، ئايشە جەددال بىزگە ئاسىيلىق قىلىپ، بىزنى ناھايىتى ئېغىر غەم - دەردكە مۇپتىلا قىلدى. شۇڭا، ئوردىدىكى ئۇ ئىشلەتكەن بارلىق چاكار - دېدەك، كېنىزەكلەر يەڭگۈشلەندى. بۇ تۇران ئايلا، يەتتىسۇ تەۋەسىدىن ناھايىتى قاتتىق تاللاشتىن ئۆتكۈزۈپ ئەكەلدۇق. ئۇ ئايشەنىڭ ئورنىدا ئوردىدىكى بارلىق خانىش، توقال، كېنىزەك، چاكار، مۇلازىملارغا غوجىدارلىق قىلىدۇ.

— ۋەزىرئەزەم، ئۆزلىرىنىڭ ئىشنى ناھايىتى پۇختا ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقلىرىغا ئىشىنىمەن. تۇران ئايالنى ئىش بېشى قىلىپ ئوبدان قىپتىلا. ئەمما، مەن ئامراق، كۆنگەن چۆرە - دېدەكلەر تۇرۇۋەرسە بولاتتى، ۋەزىرئەزەم جانابلىرى، — دېدى خانىش.

— شۇنداق دەيدىغانلىقلىرىنى بىلەتتىم، خانىش ئايىم. غېرىب، سەنەم، ئايشە، ھۆربانۇنىڭ قېچىپ كېتىشى خانىدانىمىز، شاھ ئالىيلىرى ھەم ئۆزلىرىگە ھاقارەت ئېلىپ كەلدى. غەزنەۋىلەر تەھدىت سېلىۋاتقان مۇشۇنداق خەتەرلىك پەيتتە، مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى، خان

ئالىيلىرىنىڭ ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقى سىرتقا تارىلىپ كېتىدىغان بولسا لىڭشىپ قالغان خانىدانلىقىمىزنى باھانە تاپالماي ئاران تۇرغان ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەنلىرىمىز ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. خانىدانلىقىمىزنىڭ ھايات ـ ماماتىغا تاقىلىدىغان بۇ ئىشنىڭ سىرتقا تاراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن شۇنداق قىلماي باشقا ياخشى چارە يوق.

مېھرىبانۇ خانىش كۆڭلى بۇزۇلۇپ دېدى:

— ئەمدى مەن بۇ ئۆمرۈمدە قىزىمنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇممۇ؟ سىلى شاھ ئالىيلىرى بىلەن مېنى يورۇق دۇنيادا بۇنچىۋالا ئازابلاپ نېمە قىلىلا؟ شاھ ئالىيلىرى بىلەن ئىككىمىز سىلىگە نېمە يامانلىق قىلدۇق؟ بىز پۈتۈن خانلىقتىكى سىلىنىڭ كۆزلىرىگە سىغمىغان بارلىق ئىشلار، نى ـ نى ئادەملەرنى تەرك ئەتتۇق، ۋاز كەچتۇق. مەلىكەمنى سىلىگە كېلىن قىلىپ بەرمەكچى، ئوغۇللىرى ئابدۇللانى تەخت ۋارىسى قىلماقچى بولدۇق. بىزدە ئەمدى يەنە نېمە نېمە ھەققىلىرى قالدى؟ قىزىمىزنى بىزدىن ئايرىمىسىلا، ۋەزىرئەزەم، مەن سىلىنىڭ تاپانلىرىنى سۆيەي. شاھ بىلەن مېنى پەقەت بىرلا باللىق قىلغانلىرى سىلىگە ئاز كەلدىمۇ، ۋەزىرئەزەم، بىزنىڭ ئۆلۈكتىن نېمە پەرقىمىز قالدى؟

خانىش شۇنداق دەپ شاۋازنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى.

— ئۇنداق قىلمىسىلا، خانىش ئايىم، ئۆزلىرىنى ئايىسىلا. مەن تەرەپ ـ تەرەپكە مەخپىي ئادەم ماڭغۇزدۇم. مەلىكە ئالىيلىرىنى چوقۇم تاپتۇرۇپ كېلىپ، قوللىرىغا ساق ـ سالامەت تاپشۇرىمەن.

مېھرىبانۇ خانىش زۇۋان سۈرمىدى. شاۋاز بىلمىنەر ـ بىلىنمەس خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

قايناق بازاردىكى چايخانىدا ھەر خىل ياشتىكى ئادەملەر سۇپا، كارىۋات، يەرلەرگە سېلىنغان پالاستا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشمەكتە. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دېھقان سىياقىدا كىيىنىۋالغان

ئىلياس بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھى لۇتپۇللامۇ بار ئىدى. بىر بوۋاي ساتار بىلەن نەزم ئورۇنداۋاتاتتى:

ئىشق ئارا بىچارە ئەيلەپ، ناتەۋان قىلغان فەلەك،
ھەجرىدىن نەشتەر ئۇرۇپ، ئازارى جان قىلغان فەلەك.
مۇپتىلا ئەيلەپ بىراۋ ئىشقى بىلەن مەن زارىنى،
پۇرقەتىدە كۆپ بالاغا تەۋئامان قىلغان فەلەك.
ئەقلى ھوشۇمدىن جۇدا ئەيلەپ، قىلىپ دىۋانىدەك،
ئوقلىرى بالايى كۇلپەتكە نىشان قىلغان فەلەك.
كۆرسىتىپ ئوتلۇق يۈزىنى ئۆرتەبان جانۇ كۆڭۈل،
ئۆز ماكانىمدىن سۇرۇپ، سەرسان ـ گەدا قىلغان فەلەك.
ياخشىلىق يوق بۇ فەلەكتە غەمدىن تولا زۇلۇمى،
قان چىقارماي جان ئالىپ، باغرىم ئەدا قىلغان فەلەك.

غەزەل ئېيتىلىپ شۇ يەرگە كەلگەندە، خاننىڭ جاكارچىسى بىر توپ لەشكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا دۇمباق ئۇرۇپ خاننىڭ پەرمانىنى جاكارلاپ ئۆتتى.

ــ ئەييۇھەنناس، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، ئاۋامۇ خاس! خان ئالىيلىرى شۇنداق پەرمان جاكارلايدۇكى، يۇرت تىنچلىقى، ئەل ئامانلىقى ئۈچۈن غەزنەۋىلەر خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش پەرمانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇڭا، ئالدىنقى دورام ئېلان قىلىنغان بىر جانغا بەش تەڭگە، سەككىز باغ بېدە، ئۈچ چارەك يەم ـ بوغۇز تاپشۇرۇش، بىر ئائىلىدىن بىردىن ئادەم لەشكەرلىككە بېرىش ئالۋىڭى بىكار قىلىندى!

ئولتۇرغان جامائەت خۇشاللىقتىن ئورنىدىن تۇرۇپ، تۇماقلىرىنى ئاسمانغا ئېتىپ تەنتەنە قىلىشتى:

ــ بارىكاللا، خان ئالىيلىرى ياشىسۇن! خان ئالىيلىرى ياشىسۇن، تۈمەن مىڭ يىللار ياشىسۇن!

جاكارچى يەنە قاتتىق دۇمباق ئۇردى. سەكرىشىپ

www.uyghurkitap.com

تۇۋلاۋاتقانلار جىم بولۇشتى.

ــــ خان ئالىيلىرى يەنە شۇنداق جاكارلايدۇكى، پۇقرالارنىڭ ئۇرۇش ئالۋىنىدىن ئازاد بولۇشى، خوتۇنلار تۇل قېلىپ، بالىلار يېتىم بولماسلىقى ئۈچۈن، غەزنەۋىلەر خانلىقىنىڭ تەلىپى بويىچە مەلىكە سەنەمنى غەزنەۋىلەر سۇلتانى مەھمۇد غەزنەۋىگە ياتلىق قىلىش ئارقىلىق بۇ ئىككى خانلىق ئارىسىدىكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىش قارار تاپتى. شۇڭا، بارلىق پۇقرالارنىڭ خان ئالىيلىرىنىڭ پۇقراپەرۋەرلىكىگە تەھسىن ئوقۇماقلىرى پەرمان قىلىندى.

سەكرىشىپ تەبرىكلەشكەنلەر جىمىپ قالدى. چاي ئىچىپ ئولتۇرغانلار ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىشتى. بىر يىگىت قولىدىكى پىيالىنى يەرگە قاتتىق ئۇرۇپ ۋارقىراپ كەتتى:

ــــ قانداق قاملاشمىغان ئىش بۇ ! بۇنداق خورلۇق، هاقارەتكە چىداپ ياشىغۇچە ئۇرۇشساق بولمامدۇ؟ ناهايىتى كەلسە ئۆلىمىزغۇ شۇ !

ــــ ئەر كىشى دېگەن جەڭگە يارالغان، هامان بىر ئۆلۈم، توشقاندەك يۈز يىل ياشىغۇچە يولۋاستەك بىر كۈن ياشىسا نىمە بوپتۇ؟ ــــ دېدى يەنە بىر يىگىت.

ــــ غەزنەۋىلەرگە قىز بېرىش بەدىلىگە ئۇرۇشمايدىغان بولدۇق دەپزە خوتۇننىڭ ئوچىقىغا ئوت قالاپ ئولتۇرىدىكەنمىز ـ دە، ــــ دېدى يەنە بىر يىگىت.

ئارىدىن بىر بوۋاي ساقىلىنى تۇتاملاپ تۇرۇپ دېدى:

ــــ بۇنداق خان پەرمانىنى ئاغزىمغا چىش چىققانىنىڭىياقى ئاڭلاپ باقمىغان.

ياندا تۇرغان ۋىجىك بوۋايمۇ:

ــــ ئەلىمىساقتىن تارتىپ بىزدە بۇنداق نومۇسسىز ئىش بولغان ئەمەس. يا پەرۋەردىگار، نىمە كارامەت بۇ؟! ــــ دېدى.

ــــ مەلىكە ئالىيلىرىنى خەققە بېرىپ، خوتۇن خەقنىڭ

ئىشتىنىنىڭ سايىسىدە جان ساقلاپ، بوزەك بولۇپ ياشىغۇچە ھامان ئۆلىدىغان بولغاندىكىن ئۇرۇشۇپ ئۆلسەك بولمامدۇ؟ — دېدى تەمبەل يىگىت.

— ئالدىنقى دورام خاننىڭ خېلى ئەركەكتەك چىقارغان پەرمانىنى ئاڭلاپتىكەنمىز. ھەپتە ـ ئون كۈن ئۆتمەي خان ئالىيلىرىنىڭ يۈرىكى كىچىكلەپ قالدىمۇ نېمە؟ ھا ... ھا ... ھا ... — دېدى يەنە بىر يىگىت.

— سىلەر قان قىزىقلىق قىلىپ ئۇنداق دېگىنىڭلار بىلەن، ئۇرۇش بولسا نۇرغۇن ئادەم ئۇرۇشتا ئۆلۈپ، باللار يېتىم، خوتۇنلار تۇل بولۇپ، يەرلەر تېرىقسىز قالىدۇ. مىڭلىغان ئائىلە ئۇرۇش ئالۋىنىنى تۆلەپ بولالماي قەرزدارچىلىقتا ۋەيران بولىدۇ. نۇرغۇن كىشىنىڭ قېنى بىھۇدە تۆكۈلىدۇ. ئۇرۇش دېگەن ئارزۇلايدىغان ئىشمۇ؟ — ئۇزۇنتۇرا ئوتتۇرا ياش بىر كىشى شۇنداق دېۋىدى، تەمبەل بىر يىگىت رەددىيە بېرىپ:

— ئاكاۋا، بىر ئۆمۈر ئۆيدىن چىقماي يىپ ئېگىرىپ ئۆتكەن يىپچى خوتۇندەك گەپ قىلىدىكەنسەن! ئۇنداقتا سەن بېشىڭغا خوتۇنۇڭنىڭ ياغلىقىنى سېلىپ ئۆيدە ئولتۇر. ئادەم دېگەندە ۋىجدان، غۇرۇر بولمىسا ھايۋاندىن نېمە پەرقى؟ ساڭا ئوخشاش قورساق بېقىپلا ياشىماققۇ ئاسان، — دېدى.

— ئاغزىڭنى چايقاپ گەپ قىل. يىپچى خوتۇنمۇ، ئەر كىشىمۇ كۆرسىتىپ قويماي يەنە. سېنىڭ جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىمىغان بىلەن مېنىڭ ئاغرىيدۇ، مېنىڭ ياشىغۇم بار، — دېدى ئۇزۇنتۇرا .

— نوچى بولساڭ چىقە مەيدانغا، لامزەللە. بىز ئۇرۇشمىز، قىزىمىزنى ئالدىغا چىقىرىپ بېرىپ ئوڭدا يېتىپ قالغۇچە ئېتىپ قالىمىز. ساڭا، ئوخشاش پايتىمىدەك سۆرىلىپ ياشاپ نېمە كەپتۇ؟ — دېدى تەمبەل يىگىت.

— چىقسام چىقتىم، ماڭىمۇ ئانام شۇمەك سالغان، ئوغۇل بالا، — دېدى ئۇزۇنتۇرا.

www.uyghurkitap.com

ھەر ئىككىسى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇشتى. باشقىلار ئۇلارنى ھاي ـ ھايلاپ تۇتۇۋالدى. ساتارچى بوۋاي قولىدىكى چاينى قويۇپ دېدى:

ــ مېنىڭچە، بۇ ئۇرۇشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. غەزنەۋىلەرنىڭ قىز سورىغىنى ھەرگىز قۇدا بولايلى دېگىنى ئەمەس، زېمىن سورىغىنى، شەھەر سورىغىنى.

ــ ئۇنداقتا بۇگۇن ئۇنىڭغا ماقۇل دېسەك، ئەتە يەنە سورايدۇ. بىرىنى بەرسەك بىزدە نېمە قالىدۇ؟ نېمىنى بېرىمىز؟ ــ دېدى ۋىجىك بوۋاي.

ــ ئالدىنقى دورام خانىمىزنىڭ ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ئىكەندۇق. بۇ ھەپتە كاللىسى ئۆتمەس بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، ــ دېدى زىلۋا بىر يىگىت.

ــ ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، مەن جېنىمنى تىكىپ قويدۇم. مەلىكىنى يۆتكىگىلى كەلگەندە يالغۇز بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئۇرۇشىمەن، ــ دېدى يەنە تەمبەل يىگىت.

ئۇلار خېلىغىچە دەتالاش قىلىشتى.

شاۋازنىڭ خانىسى. شاۋاز سەئىد پازىلنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە كۆزىنى يۇمۇپ قېلىن كىتابتىكى بىر ئىسىمغا بارمىقىنى باستى. سەئىد پازىل شۇ ئىسىم بويىچە كىتابنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ دېدى:

ــ ۋەزىرئەزەمگە مەلۇم بولغايكى، ئايشە بىلەن ھۆربانۇ ئوردابالىقتىن سەككىز كۈنلۈك يىراقلىقتىكى بىر تاغلىق ئارىسىدا ياشاۋېتىپتۇ. ھۆربانۇ خان جەمەتى ئائىلىسىدە چوڭ بولغاچقا، تاغدىكى پۇقراچە تۇرمۇشقا كۆنەلمەپتۇ، قاچقانغا پۇشايمان قىلىدىكەن. ئەمما، ئايشە دېگەن خوتۇن ئۇنى تەسەللى بېرىپ بەزلەيدىكەن.

ــ ھۆربانۇنىڭ ھامىلىدار ئىكەنلىكى راستمۇ، قۇرئەنداز جانابلىرى؟ ــ دەپ سورىدى شاۋاز.

ــ ھامىلىدارلىقى راست ئىكەن. ئۇ ھامىلىدار بولغىلى ئۈچ

ئاي بوپتۇ.

شاۋازنىڭ ساقاللىرى تىترەپ، بوغۇق ئاۋازدا سورىدى:

— ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالا ئوغۇلمۇ، قىزمۇ؟

— جانابلىرى، قورساقتىكى بالىنىڭ ئوغۇل ياكى قىز ئىكەنلىكىنى پەقەت بىرلا ئاللا بىلىدۇ.

— بىز ئۇنى تۇتالامدىكەنمىز؟

— سىلى ئەۋەتكەن ئادەملەر ئۇلارنى ھەدەپ ئىزدەۋېتىپتۇ. تۇتۇشنى ئويلايدىكەنۇ، ئەمما يەنە تۇتۇپ ئالدىلىرىغا ئەكېلىشتىنمۇ قورقىدىكەن.

— نېمىشقا؟

— ئۆزلىرىمۇ ئېنىق بىلمەيدىكەن. ئۇلارنى بىر زىددىيەتلىك ۋەھىمە چىرمىۋاپتۇ. ھۆربانۇ بىلەن ئايشەنى تۇتۇشتىن قورقىدىكەن، — دېدى سەئىد پازىل.

— تەقسىر، كېسىپ دېسىلە. مەن ئۇلارنى تۇتالامدىكەنمەن - يوق.

— ئۇلار ئۆزلىرى ئالدىلىرىغا كېلىدىكەن.

— بۇ راستمۇ؟

— بۇ بىر پال، بۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ. ئۆزلىرى تەقەززا بولغاچقا سالدۇق.

— ھە ... ئالدىمغا كېلىدىكەن دېسىلە، — دېگىنىچە خىيالغا پاتتى شاۋاز.

ئەمدى گەپنى ھۆربانۇدىن ئاڭلايلى. مەسچىت ئالدىدىكى يىپ بازىرىدا خوتۇن - قىزلار چاقلىرىدا يىپ ئېگىرگەچ يىپ ساتماقتا. بۆزچىلەر دۇكانلىرىدا خام، سەگاز توقۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى. بوۋايلار پاختا، يۇڭ ساتماقتا ئىدى. يىپچى خوتۇنلار ئارىسىدا پەرەنجە كىيىپ، كۆزىنىلا ئوچۇق قويۇپ، يۈزلىرىنى يۆگىۋالغان ئايشە بىلەن ھۆربانۇ بىردىن چاقتا يىپ ئېگىرمەكتە. ھۆربانۇ تۈزۈك قاملاشتۇرۇپ ئېگىرەلمەي يىپنى ئۈزۈۋەتتى. ئايشە ئىنچىكە ئۆگەتسىمۇ ھۆربانۇ يەنە

قاملاشتۇرالمىدى.

— بۇ ئىشنى قاملاشتۇرالمىسىلا باشقا ئىش تېپىپ قىلامدۇقىيا؟ — سورىدى ئايشە.

— نېمە ئىش قىلىمىز؟

— باققاللىق قىلىمىز.

— ئۇ ئىشنى قىلغۇم يوق، — دەپ ئۇنىمىدى ھۆربانۇ.

— ئەمىسە بۇرۇنقىدەك ئۆيدە ئولتۇرامدۇق؟

— ياق، ياق. ئۆيدە بىكار ئولتۇرۇشتىن تويدۇم. يەنىلا مۇشۇ ئىشنى قىلايلى.

— شۇنچە قىلساممۇ قوللىرى يىپ ئېگىرىشكە كېلەي دېمەيدۇ.

— مەن كۆڭلۈل قويسام چوقۇم يىپ ئېگىرىشنى ئۆگىنىۋالىمەن.

ئايشە بىلەن ھۆربانۇ سۆزلىشىۋاتقاندا، قارا سەللە ئورىغان قاملاشقان بىر يىگىت ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى:

— يۇڭ ئالامسىلەر؟

ئۇ ھۆربانۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى.

— ياق، ياق، يۇڭ ئالمايمىز. يۇڭىمىز بار، — دەپ جاۋاب بەردى ئايشە.

— ئەرزان بېرىمەن، — دېدى يىگىت يەنە.

— ياق، بىكارغا بەرسىڭىزمۇ ئالمايمىز. يۇڭىمىز يېتىپ ئاشىدۇ.

ئايشە شۇنداق دەپ ئالمان ـ تالمان ھۆربانۇنىڭ چۈمبىلىنى چۈشۈرۈپ كۆزلىرىنىمۇ يۆگىۋەتتى. يىگىت قولىدىكى قامچىنىڭ دەستىسى بىلەن ھۆربانۇنىڭ چۈمبىلىنى قايرىماقچى بولدى. ئايشە يىگىتنىڭ قامچىسىنى قېقىۋېتىپ ئالدىنى توسۇۋېلىپ دېدى:

— ھەي ھاياسىز بالا، ئاتا ـ ئانائىڭ ساڭا شەرئەت دېگەننى ئۆگەتمىگەنمۇ، نامەھرەم دېگەننى بىلمەمسەن؟

يىگىت كۈلدى.

— بىلمەيمەن. قىزلىرىنىڭ قاش - كۆزلىرى بەك چىرايلىق ئىكەن. باغرىلىرى تاش ئىكەن، مۇشۇنداق چىرايلىق قىزنىمۇ ...

— ئۇ دېگەن بىر قېرى ئايال، — دېدى ئايشە قوپاللىق بىلەن.

— بۇ بازاردا مەن بىلمەيدىغان ئادەم يوق. ئۆزلىرى كىم، قىزلىرى كىمنىڭ خوتۇنى؟ بىلىۋالاي.

— ئىشىڭنى قىل، خەقنىڭ تېگى - تەكتىنى ئېنىقلايدىغان پايلاقچى بولمىغاندىكىن.

ياندا چاق ئېگىرىۋاتقان موماي گەپكە ئارىلاشتى:

— ئۇ مۇشۇ بازارنىڭ باجگىرى. تالاشمىسىلا قوشنام. بولدى قىلسىلا، باجگىر غوجام، بۇ ئانا - بالا يېڭى كەلگەن، ئۆزلىرىنى بىلمەيدۇ. بولدى قىلسىلا.

— بىلمەيتىمىز غوجام، بىزنى ئەپۇ قىلسىلا، — دېدى ئايشە.

— سىلەر بۇ يۇرتقا مۇساپىر ئوخشايسىلەر. بوپتۇ، سىلەرگە رەھىم قىلاي.

— شاپائەتلىرىگە رەھمەت، غوجام، ئاق كۆڭۈل ئىكەنلا. خۇدايىم چىققان دۆڭلىرىنى تېخىمۇ ئېگىز قىلغاي، — دېدى ئايشە.

— مەن سىلەرنىڭ گېپىڭلارغا ماقۇل بولغاندىكىن، سىلەرمۇ مېنىڭ گېپىمگە ماقۇل بولۇڭلار.

— بىز باج تۆلەشكە قارشى ئەمەس، قانچە ئالىمەن دېسىلە بېرىمىز، غوجام.

— ئۇلار بازارغا تېخى بۈگۈنلا چىقتى، غوجام بالام، باجنى دەسلەپ قىلغاندىراق ئالسىلا، — دېدى ھېلىقى موماي.

— مەن ھازىر باج ئالمايمەن. قىزنىڭ يۈزىنى كۆرۈۋالاي، بۇ مېنىڭ خىزمىتىم، — دېدى باجگىر.

— بەرھەق، بۇ قائىدە. باجگىرلار ھەممە ئادەمنى كۆرۈپ تونۇۋالمىسا بولمايدۇ، بولمىسا كېيىن باج ئالغاندا خاتالىشىپ

www.uyghurkitap.com

قالىدۇ، خانلىرىم، ــ دېدى موماي.

ــ مانا مېنى كۆرگەندەكىن بولدى. قىزىم يىپ ئېگىرمەيدۇ، مەن ئېگىرىمەن.

ــ تولا گەپ يورغىلاتمىسىلا، سىلى بىلەن تالاشقىلى چولام يوق مېنىڭ. بىر ئادەم پەقەت بىرلا چاقتا يىپ ئېگىرىدۇ. سىلى قانداقسىگە ئىككى چاقتا يىپ ئېگىرىلا. قىزلىرىمۇ يىپچى. تولا گەپ قىلماي ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرسەتسىلە، ــ دېدى باجگىر.

ــ ئۇ بوگۇن مەندىن ئېگىرىشنى ئۆگەنگىلى چىققان. ئىشەنمىسىلە بۇ چوڭ ئانامدىن سورىسىلا.

ــ راست، بۇ قىز چاققا يېقىن كېلىپ باققان ئەمەس ئىكەن، غوجام، ــ دېدى موماي.

ــ مەن بىر ئادەمگە بىر چاق ھېسابلايمەن، كۆرگىنىم كۆرگەن، ــ دېدى باجگىر.

ئايشە ھۆربانۇنىڭ ئالدىدىكى چاقنى بىر تېپىپ سۇندۇرۇۋېتىپ دېدى:

ــ مانا بىر چاق يوق بولدى. قىزىمىنىڭ يۈزىنى كۆرسەتمەيمەن.

ــ ماۋۇ قېرىنىڭ ئاچچىقىنى كۆر. ماڭە، مەھكىمە شەرىئىتىگە بارىمىز!

باجگىر ئايشەنىڭ قولىدىن سۆرىدى. ئايشە تىركەشتى. بازار ئەھلى ئىشلىرىنى تاشلاپ ئولىشىپ كەلدى.

موماي يەنە ئارىغا كىرىپ دېدى:

ــ ھاي ... ھاي ... ھاي غوجام، ھاي ... ھاي ... بولدى قىلىڭلار، تالاشماڭلار، تۇگمىدەك ئىشنى تۆگىدەك قىلىپ نېمە قىلىسىلەر؟ شۇنچىلىك ئىشقا قازىنىڭ ئالدىغا بېرىش كېتەمدۇ؟ بۇ ئىشنى مەنلا ساقلايتاي. كەلسىلە، غوجام، بۇ چوكان بالامنىڭ يۈزىنى مەنلا كۆرسىتەي. باجگىر كۆرسە نامەھرەم بولمايدۇ. ئاللانىڭ جازاسىدىن رەھمىتى كۆپ.

موماي ھۆربانۇنىڭ يۈزىنى ئېچىشقا قولىنى سوزۇشىغا ئايشە

مومايىنىمۇ توستى.

— قىزىمنىڭ يۈزىنى سەن باجگىرغا ھەرگىز كۆرسەتمەيمەن. بېجىڭنى قانچە كىشىلىك ئالساڭ ئال.

— بۇ قىزنىڭ يۈزىنى كۆرگىنىم كۆرگەن، بۈگۈن باج ئالمايمەن. كېلىڭلار!

باجگىرنىڭ ئىككى ياساۋۇلى ئايشەنى ئىككى قولىدىن تۇتۇۋالدى. ئايشە بىر سىلكىش بىلەنلا ئۇلارنى ئەسكى چاپاننى چۆرۈگەندەك چۆرۈۋەتتى. خەقلەر پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ياساۋۇللار قىلىچلىرىنى سۇغۇرۇپ كېلىشىگە، ھۆربانۇ يۈزىنى ئېچىۋەتتى.

— مانا باجگىر غوجام، كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ كۆزۈمنىڭ بالىخانىسىغىچە ئوبدان كۆرۈۋالسىلا.

باجگىر ئاغزىنى كاماردەك ئېچىپ قاراپ قالدى. ئايشە دەرھال ھۆربانۇنىڭ يۈزىنى يېپىپ قولىدىن سۆرەپ ئېلىپ كەتتى. ئەتراپتىكىلەر پاراقلاپ كۈلۈشتى.

مومای ئۇلارنىڭ كەينىدىن ۋارقىرىدى:

— ھەي پاتىمخان! ماۋۇ چاق، يۇڭ، يىپلىرىنى ئالسىلا!

— يا پەرۋەردىگار، ئۇ قىز پەرىزاتمۇ، ئادەم ئەۋلادىمۇ؟ مۇشۇنداق چىرايلىق چوكانمۇ يىپ ئېگىرەمدۇ؟ — دېدى باجگىر.

— ئېرى تازا بىر لاتاغىلاپ بىرنېمە ئوخشايدۇ. مۇشۇنداق چىرايلىق خوتۇنىنىمۇ باقالماي يىپ بازىرىغا چىقىرىپ قويامدۇ؟ — دېدى ياندا تۇرغان ياساۋۇل.

— مېنىڭ مۇنداق چىرايلىق خوتۇنۇم بولىدىغان بولسا، تەكچىگە ئېلىپ قويۇپ پۈۋلەپ قاراپ ئولتۇرۇپ خوتۇن قىلىمەن، — دېدى باجگىر.

— ئوھۇش، خۇددى مېكىيانىنىڭ تۇخۇملىرىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولغىنىدەك خوتۇن خەقنىڭ ھەممىسى ئوخشاش. ماۋۇ سويمەكلەرنى كۆرۈڭ، ئەتىگەندە ئادەمنى بازار قىلغىلى

قويمىدى. بىچارىلەر بىرمۇنچە نەرسىسىنى تاشلاپ كەتتى، تېخى بۇگۈنلا بازارغا چىقىپتىكەن. بازاردا بىر دۇكاننى ئۆلتۈردۈك، خانىنىڭ خەزىنىسىگە بىر كىشىلىك باجنى زىيان سالدىڭ، كاساپەتلەر. ئۇ بىچارىلەرنىڭ چاقى بىلەن يۇڭىنى ساقلاپ قوياي، ئەتە چىقسا بېرەرمەن.

ئەمدى گەپنى شاھتىن ئاڭلايلى. ھۇجرىسىدا ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ، ئىسكىلىتقا ئوخشاپ قالغان شاھنى ئۈچ كېنىزەك يۆلەپ تەستە ئولتۇرغۇزۇپ تۇتۇپ تۇرۇشتى. شاھ بېشىنى تىك تۇتۇپ تۇرالمىدى. شاۋاز ئىشارەت قىلمۇىدى، يەنە بىر كېنىزەك شاھنىڭ بېشىنى تىك قىلىپ تۇتۇپ تۇردى. شاۋاز قولىدىكى خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى:

*«بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ چەكسىز شاپائىتى بىلەن مەنكى سۇلتان قۇتلۇق بۇغرا قاراخان ئەۋلادى شاھى ئابباس شۇنداق پەرمان جاكارلايمەنكى، بۇگۈندىن ئېتىبارەن ئوڭ قول ۋەزىر شاۋاز جانابلىرى خانلىقنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى تولۇق ھوقۇقلۇق سالاھىيەت بىلەن بېجىرىدۇ. ھىلالىدىن ئابدۇلئەزىز سول قول ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىپ ۋەزىرئەزەمگە ھەمدەمدە بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئابدۇللا شاتىرى بەگ بۇرۇنقىدەك ھەربىي باش ۋەزىر، سالاھىدىن ئەتتارى قوشۇنلارنىڭ ئالىي سەردارى، جارۇپ مەۋلەۋى خانلىقنىڭ شەيخۇلئىسلامى، قۇربانىنياز داموللا خانىدانلىقنىڭ باش قازىسى، مەڭلىك غىياس باش جېسەكچى قىلىپ تەيىنلەندى، ئۇلارغا دەستەك بېرىلسۇن.»*

مەنسەپكە تەيىنلەنگەنلەر شاۋاز باشچىلىقىدا شاھقا تەزىم قىلدى. شاھ ئىپادىسىز قاراپ ئولتۇردى. شاۋازنىڭ ئىشارىتى

بىلەن دېدەكلەر شاھنى جايىغا ياتقۇزۇپ قويدى.

تاغ تۇرا. شەيخ جالالىدىن ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ قولىدىكى كۆندۈرۈلگەن قارچىغىنى توشقانغا قويۇۋەتتى. قارچىغا ئۇچۇپ بېرىپ توشقاننى باستى. شۇ چاغدا سادىق بىلال بىلەن ئىلياس ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ ئاتتىن چۈشتى، ئىلياس دېدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاتا، غېرىب بىلەن سەنەمدىن يېڭى خەۋەر ...



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

# ئون بىرىنچى باب

ئامالسىزلىقتىن يۇرتىدىن، ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ چىقىپ خەقنىڭ يۇرتىدا، كىشىنىڭ مەھەللىسىدە سەرگەردان بولغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي ! شاھ بولۇپ بېشى كۆككە تاقاشسۇن، باي بولۇپ ئىشىكلىرىنى ئالتۇن ـ يامبۇدا ياساتسۇن، ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە، كۆڭلىدە بىر كەمتۈكلۈك باركى، ئۇنى پۇل بىلەنمۇ، ھوقۇق بىلەنمۇ، شان ـ شەرەپ بىلەنمۇ تولدۇرغىلى بولمايدۇ. مانا بۇ كەمتۈكلۈك شۇ بىچارە مۇساپىرنىڭ چىرايىغا چىقىۋالىدۇ. چىرايىدىكى سۇنۇقلۇقنى ھەرقانچە قىلىپمۇ يوشۇرالمايدۇ. يۈرىكىدىكى كەمتۈكلۈك ئۇنى بىرئۆمۈر غەمكىن، سۇنۇق، مىسكىن قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئەڭ چىرايلىق كىيىملەرنى كىيسىمۇ، شۇ يەرلىك جۇلدۇر كىيپەن قەلەندەرچىلىك ئۆزىنى خاتىرجەم ھېس قىلمايدۇ. ئەكسىچە، ئىسسىت، مۇشۇ ئېسىل نەرسىلىرىم ۋەتىنىمدە، يۇرتۇمدا بولسا خۇشلۇقتا، توقلۇقتا، شوخلۇقتا بېشىم كۆككە يەتمەسمىدى، دەپ ھەسرەت چېكىدۇ. ئۆزى ياخشى ياشىسا تېخى ئىچكى ئازابتا پۇچۇلىنىدۇ. ئېغىر كۈندە قالسا تېخى بۇ يەرگە مەن مۇشۇ ئىتتىنىڭ كۈنىنى كۆرگىلى كەلگۈچە، يۇرتۇمدا ياماق يامىسامىمۇ، ھامماللىق قىلسامىمۇ بولماسمىدى، دەپ نالە ـ پەرياد چېكىدۇ. مانا بۇ ھەم ئوتنىڭ تېشىدا كۆيۈپ پۇچۇلىنىش، ھەم ئىچىدە كۆيۈپ ئۆرتىنىش بولۇپ، مۇساپىر ئادەم بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق ئىچىدىن زەردىگۆش بولۇپ، يوقالمايدىغان، چۈشمەيدىغان، ئېرىمەيدىغان بىر نادامەت تېشىدا بېسىلىپ ياشايدۇ. ئەي بىچارە ئىنسان، يۇرت، ۋەتەندە ئېغىرچىلىقتا قالغاندا بەخت، راھەت ئىزدەپ ئۆزگە يۇرتقا بېرىپ قېقىنىدى ـ سوقۇندى بولۇپ

ئۆرتەندىڭ، نادامەت تېشىدا يانجىلدىڭ. سەندە تۇرماس بۇ ئامەت، مەندە تۇرماس بۇ ئاپەت. يۇرتۇڭدىكى ئېغىرچىلىقلار، تارچىلىقلار ئۇخشىلىپ ساڭا ئامەت قۇچاق ئاچقاندا يەنە قايتىپ كېلەرسەنمۇ؟ چۈنكى، جاھاننىڭ چاقى ئايلىنىپ، پەلەكنىڭ گەردىشى ئۆزگەرگەندە، يۇرتۇڭدىكى مەينەتلەر كېتىپ، ئامەتلەر كەلمەي قالمايدۇ. شۇڭا، يۇرت - ۋەتەننى تاشلىماسلىق كېرەك ئىدى.

بازاردىكى تار كوچا. ھۆربانۇ تار كوچىدا ئالاقزادە بولغان ھالدا پات - پات كەينىگە قاراپ قوياتتى. كوچىدا ئاندا - ساندا كىشىلەر ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ ئايشە بىلەن بىر كىيىم دۇكىنىغا كىرىپ كەتتى.

ئارقىسىدىن چاندۇرماي ئەگىشىپ كەلگەن باجگىر تامنىڭ دالدىسىغا مۆكۈنۈپ تۇرۇپ، ئۇلارنى كۆزەتتى.

دۇكان ئىچىدە كىيىم ساتىدىغان بوۋاي ئايشەگە يېشىل پەرەنجە بىلەن بوز چۈمبەل ئېلىپ بەردى. ئايشە بىلەن ھۆربانۇ دۇكاننىڭ كىيىم يەڭگۈشلەيدىغان بالىخانا ئۆيىگە كىردى - دە، بىردەمدە يېشىل پەرەنجە، بوز چۈمبەلگە پۈركىنىپ، بوۋايغا پۇل بېرىپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار چىقىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، باجگىر دۇكانغا كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم تۇراخۇن ھاجىمكا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋەلى بايۋەچچە، مېنى ئۇنتۇپ قالغانىدىلە، مەندىن بىرەر سەۋەنلىك ... — دېدى تۇراخۇن ھاجىم سالام قايتۇرۇپ.

— يوقسۇ، ھاجىمكا، سىلىنى ئۇنتۇمىدىم. ھازىر دۇكانلىرىغا كىرگەن قارا پەرەنجىلىك ئىككى ئايال... — دېدى ۋەلى بايۋەچچە.

— مەن ھەرەمنى تاۋاپ قىلىپ گۇناھتىن پاكىزلانغان، تۆت كۇنلۇكۇم قالغان ئادەممەن. بۇ دۇنيانىڭ پاسكىنا ئىشلىرى بىلەن ئۆزۈمنى بۇلغاپ گۇناھكار بولغۇم يوق. مېنى ئۇنداق كۆز - قۇلاق بولۇشقا ئۇندىمىسىلە، پاكىز ئۆلگىلى قويسىلا، بايۋەچچە

غوجام.

— دۇرۇس گەپ قىلىسىلا، ھاجىمكا. ئۇ ئاياللار سىلىدىن يېشىل پەرەنجە، بوز رومال ئالدىغۇ دەيمەن، — دېدى ۋەلى بايۋەچچە.

— مەن يىللىق باجنى ئالدىن تۆلەپ بولغان. يەنە قانچە يىللىقنى ئالىمەن دېسىلە بېرەي. بايۋەچچە غوجام، مېنى پاكىز دۇكاندارلىق قىلغىلى قويسىلا، — دېدى تۇراخۇن ھاجىم.

ۋەلى بايۋەچچە دۇكاننىڭ بالىخانا ئۆيىگە كىرىپ قارا پەرەنجە بىلەن قارا رومالنى كۆتۈرۈپ چىقىپ تۇراخۇن ھاجىمنىڭ كۆزىگە تەڭلىدى. تۇراخۇن ھاجىم كۆزىنى يۇمۇپ دۇرۇت ئوقۇپ تۇرۇۋالدى. ۋەلى بايۋەچچە پەرەنجە ـ رومالارنى تاشلاپ دۇكاندىن ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

مەلىكە سەنەمنىڭ ھۇجرىسى. تۇران ئايلا يېڭى سەنەمنىڭ چاچلىرىنى تاراپ پەرداز قىلماقتا. دېدەك كىرىپ تەزىم بىلەن مەلۇم قىلدى:

— مەلىكە ئالىيلىرى، مېھرىبانۇ خانىش ئايىم بىلەن ۋەزىرئەزەم جانابلىرى قەدەم تەشرىپ قىلدى.

«مەلىكە» بىلەن تۇران ئايلا ئالاقزادە بولۇشۇپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قول باغلاپ تۇرۇشتى. مېھرىبانۇ خانىش بىلەن شاۋاز كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالام خانىش ئايىم، ۋەزىرئەزەم.

تۇران ئايلامۇ «مەلىكە»نىڭ سۆزىنى تەكرارلىدى. مېھرىبانۇ خانىش سەنەمگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان قىزغا قىزىقىش، ياتسىراش، پەرۋاسىزلىق ئارىلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ بىر تۇيغۇ ئىچىدە قاراپ ئۇندىمىدى.

— مەلىكە ئالىيلىرى... خانىش ئايىم ئۆز ئانىلىرى. ئۇنىڭغا بۇنداق قورۇنۇش، تارتىنىش بىلەن سالام بەرسىلە، يات ئادەمدەكلا تۇرىدىكەن. ئەركىلەپ بويىنىغا ئېسىلىپ قۇچاقلاپ كۆرۈشكەيلا... خانىش ئايىم ئالىيلىرى، ئۆزلىرىمۇ باغرى تاشلىق

قىلىپ قاپاقلىرىدىن مۇز ياغدۇرۇپ تۇرماي، ئۇنىڭغا مېھرىبانلارچە قۇچاق ئاچقايلا. ئانا ـ بالا ئىككىڭلارنىڭ بىر ـ بىرىڭلارغا مېھرىبان بولغىنىڭلار، شاھ ئالىيلىرىغا، خانىدانلىقىمىزغا مېھرىبان بولغىنىڭلار ... — دېدى شاۋاز مەككارلىق بىلەن.

— مېنى ئەپۇ قىلغايلا، ۋەزىرئەزەم، ئۆزۈمگە مەلۇك قېتىم ۋەدە قىلغانىدىم. ئەمما، خانىش ئانامنى كۆرۈپلا ئۆزۈمنى قۇچىقىغا ئاتاي دېسەم، قورقىدىكەنمەن، پۇت ـ قولۇمدا جان قالمىدى، — دەپ چۈشەندۈردى «مەلىكە».

— ھەممە ئىشتا مەن ئەيىبلىك. ئىشنى مەن ئوبدان قاملاشتۇرالمىدىم، جانابىي ۋەزىرئەزەم، رەھىم قىلغايلا، — دېدى تۇران ئايلامۇ ئەپۇ سوراپ.

— مەن سىلەرنى ئۆزۈڭلارنى ئەيىبلەڭلار دېمىدىم. ئىشنى ئوبدان قىلىڭلار، — شاۋاز سۆزلەۋېتىپ مېھرىبانۇ خانىشقا تەزىم قىلىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا يەۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا تىكتى، ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — مېھرىبانۇ خانىش ئايىم، بۇ ئىشلاردا ئۆزلىرى بۇرۇنقىدەك خۇش پېئىل، مېھرى ئىسسىق، مۇلايىم ئانا بولغايلا. بولمىسا ھەممىمىز بېشىمىزنى يەيمىز.

— مېنىڭ ئۆلۈك بىلەن پەرقىم قالمىدى، ۋەزىرئەزەم.

شاۋاز خانىشنىڭ قۇلىقىغا تەھدىت ئارىلاش پىچىرلىدى:

— ئۆز قىزىمنى ساق ـ سالامەت كۆرەي، يېنىمدا تۇرسۇن دەيدىغان بولسىلا، بۇ ئىشنى مەن دېگەندەك قىلسىلا. يەنە مۇشۇنداق قىلىدىغان بولسىلا، مېنىڭمۇ باشقا ئامالىم يوق. بۇ ئۆز قىزلىرى، سىلى، شاھ ئالىيلىرى، خانىدانلىقىمىز ئۇچۇن ئوينىلىۋاتقان ئازابلىق ئويۇن، بىلدىلىمۇ؟ بىغەرەزلىك قىلماي، ئەقىللىقراق بولغايلا. بولمىسا مەن يەنە سىلىگە ئوخشايدىغان خانىش ئىزدەشكە مەجبۇر بولىمەن.

خانىشنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

تاغ ئارىسىدىكى خىلۋەت مەھەللە. سەنەم غېرىبنىڭ بىلىكىنى ئۆزىنىڭ بويىنىغا ئۆتكۈزۈپ تىك تۇرغۇزدى. لېكىن، غېرىبنىڭ پۇتلىرى جانسىز سۆرىلىپ كېرەككە كەلمىدى.

— بولدى، مەن بەك ئېغىر، كۆتۈرەلمەيسىز.

— قاراڭ، ئاۋۇ ئاسمان ـ پەلەك تاغ سىز بولسىڭىز، مەن ئۇنىمۇ كۆتۈرىمەن، — سەنەم شۇنداق دېۋىدى، نىگارئايىم دېدى:

— قىزىم مەنمۇ ھەمدەم بولاي، بۇ تەرەپتىن مەن كۆتۈرۈپ ...

سەنەم نىگارئايىمغا يېقىن كەلمەسلىكنى ئىشارەت قىلىپ، غېرىبنى ئۆزىنىڭ ماڭدۇرىدىغانلىقىنى دېدى.

گۈلجامالمۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ تاتلىققىنە:

— مەلىكە ئالىيلىرى، مەنمۇ ئاكامنى ماڭدۇرۇشنى بىلىمەن، — دېۋىدى، سەنەم ئۇنىڭغا:

— گۈلجامال سىڭلىم، ئاكىڭىزنى ئۆزۈملا ماڭغۇزىمەن. سىز ئانىڭىز بىلەن بازارغا بېرىپ، ئۆيگە نەرسە ـ كېرەك ئەكېلىڭلار، — دەپلا غېرىبنى ئىشىك ئالدىدىكى كونا ياغاچ كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن ئۆيگە كىرىپ بىر ھەميان ئاچىقتى ـ دە، نىگارئايىمغا بەردى.

— ئانا، بۇ ھەمياندىكى پۇلغا ئۇن، گۈرۈچ، ماي، ئاندىن يوتقان ـ كۆرپە، كىگىز، قازان ـ قومۇچ دېگەندەك نەرسىلەرنى ئالسىلا.

— بېرىشنىغۇ بارارمەن. كەلگۈچە ئېزىپمۇ قالارمەنمۇ؟ — دېدى نىگارئايىم ئەنسىرەش بىلەن.

— مەن دەپ بەرگەن بويىچە ئوڭ قولدىكى بېسىپ مېڭىۋەرسىلە. دەرەخلەردىكى چاناقلارنى يېتتۇرۇۋەتمىسىلە ئازمايلا. كەچ قالسىلا مەن تاغ چوققىسىغا چىراغ ياقىمەن. شۇنىڭغا قاراپ ماڭغايلا، — دېدى سەنەم.

نىگارئايىم مەيگە ئاتنى قوشتى، گۈلجامالنى مەيگە سېلىپ بازارغا ماڭدى. نىگارئايىمنى ئۇزىتىپ بولغاندىن كېيىن، سەنەم

غېرىبنى كارۋاتتىن ئۆرە تۇرۇشنى مەشىق قىلدۇردى. غېرىب يەرگە دەسسىيەلمەي قالسا قايتا دەسسەتتى، يەنە دەسسىيەلمىسە، يەنە دەسسەتتى. سەنەم غېرىبنى مەشىقلەندۈرگەچ ناخشا ئېيتتى:

مەجنۇن بولۇپ چۆللىستاندا يۈرگەنتىم،
بەختىم كۈلۈپ ئابادىغا يېتىشتىم.
قانچە زەمان ھەسرەت بىلەن قان يىغلاپ،
تىكەن ئاشتىم، گۈلىستانغا يېتىشتىم.

ئەقلىمنى لال ئەتتى شېرىن زەبانى،
شېكەردىن ھەم شېرىن ئېرۇر كامالى.
ئۆز يارىمنىڭ تۇرقى شېرىن مىسالى،
ئارسلاندەك يانار كۆزگە يېتىشتىم.

غېرىبمۇ ناخشا ئېيتتى:

كۆڭۈل ۋۇجۇدىنى بۇزغان ئۆزۈڭگە نالە قىلاي،
باشىمنى سەجدىگە قويۇپ خۇداغا نالە قىلاي.
ماڭا بۇ غەمنى سالىپ رەقىبلەرنى شاد ئەتكەن،
قولۇمغا خەنجەر ئالىپ بۇ يۈرەكنى پارە قىلاي.

سېنىڭ ئۇچۇن نە بەلا، مېھنەتۇ ئەلەم كۆردۈم،
رەقىب رىزاسىغە باقساڭكى، مەن نە چارە قىلاي؟
ماڭ ئەمدى غېرىب، دەسسىگەن ئاشىقنى رازى قىل،
سەنەمنى قىلما ئاۋارە، يەنە كىمگە نالە قىلاي؟

سەنەم غېرىبقا بىردەم ھەيرانلىقتا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئاندىن ئاسمان ـ پەلەك ئېگىز تاغ چوققىسىغا قاراپ ئۇھ تارتىپ ئولتۇردى. بىرئازدىن كېيىن سۇ بويىدا زوڭ ئولتۇرۇپ بۇقۇلداپ يىغلىدى، يەنە ئۆزى يىغىدىن

توختاپ، سوٴكوٴتكه پىتىپ ئولتۇردى. ئاندىن ئەسكى كارىۋاتتا ئولتۇرغان غېرىبنىڭ يېنىغا كەلدى.

— غېرىبجان، ناخشىڭىزدىن قارىغاندا، مەن سىزنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ خاتا قىلغان ئوخشىمامدىم؟

— سىزگە بولغان ئاشىقلىق سەۋداسىغا چىدىيالىغان بولسام، بۇ يەرگە كەلمەس ئىدىم، — دېدى غېرىب.

— نېمىشقا؟

— پالەچ بولساممۇ، مەن بىر ئوغۇل بالا، مەندە ئەركەككە خاس غۇرۇر بار.

— مەن ئۆزۈمچە ئاشىق بولغان يايرىمنى ئەسلىدىكىدەك بېجىرىم ئەر قىلىپ ساقايتىپ، ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى ئاتىمەن. ئۇنىڭ بىلەن بىر تەن، بىر جان بولۇپ، مۇرادىمغا يېتىمەن. ئۇ چاغدا شاھ ئاتام، خانىش ئانام، شاۋاز، ئابدۇللا شاتىرىلارنىڭ تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشۈپ، ئامالسىز بۇ ئىشلارنى تەن ئالىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم، — دېدى سەنەم.

— ئەمما، مەن هازىر خەلقئالەم ئالدىدا هېچنېمىگە يارىمايدىغان كېسەل كۆرپىسى، ئالدىڭىزدا بوۋاقتىلا ئوخشاپ قالدىم.

— ئورداباللىقتا تۇرغان بولساق هالىمىز خەتەرلىك ئىدى. ئۇلار سىز بىلەن مېنى ئايرىۋەتمەكچى، هەتتا بۇ مەقسىتىگە يېتەلمىسە سىزنى ئۆلتۈرمەكچى ئىدى.

— ئەسلىدە مەن سىزنى ئېلىپ قاچقان بولسام، ئوغۇل بالىغا لايىق ئىش بولاتتى، مانا ئەمدى سىز مېنى ئېلىپ قېچىپ، ئۆزۈمنى هاقارەتكە قالغاندەك هېس قىلىۋاتىمەن.

— گېپىڭىزگە قارىغاندا، مەن سىزنى هاقارەتلەپتىمەن - دە؟

— توغرا، سىز مېنى كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئاھانەتكە قويدىڭىز.

— ئۇنداقتا سىز نېمىشقا بۇ يەرگە ماڭغاندىلا قارشى تۇرمايسىز؟

— مەن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغۇچە بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم. ئانام بىلەنلا پۈتۈشۈپ مېنى بۇ خورلۇق چۆلگە ئەكېلىپ تاشلىدىڭىز، — دېدى غېرىب.

— ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى يالغان ئىكەن، بىزنى ئالداپتۇ. بىزنىڭ ئۇ يەردە ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتقىنىمىزدىن، قاچقىنىمىز تۈزۈك ئەمەسمۇ؟

— نومۇسقا قېلىپ ياشىغۇچە، ئۆلگەن خوپ.

سەنەم يېنىدىن شەمشەرنى چىقىرىپ غېرىبقا بەردى.

— مانا ئېلىڭ، ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئاندىن ئۆزىڭىزنى ئۆلتۈرۈۋېلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز مەنمۇ ئازابتىن قۇتۇلىمەن، سىزمۇ ھاقارەتتىن قۇتۇلىسىز.

— مەن ئاللىقاچان نومۇسسىزلىق پاتقىقىغا پېتىپ بولدۇم. ئەمدى ئۆلگىنىمنىڭ نېمە پايدىسى؟

— شاھ ئاتام، خانىش ئانام، ئاغىچا ئانىلار شۇ تاپتا نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقاندۇ؟ مېنىڭ سىز ئۈچۈن ھەممىدىن كەچكىنىمنىڭ جاۋابى شۇمۇ؟

— بولدى، بولدى ... ئەسلىي مەن بۇ گەپلەرنى دېمەي دېگەنىدىم. بولدى، بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەيلى، — دېدى غېرىب.

— ئىچىڭىزنى بوشىتىۋالدىڭىز - ھە؟ سىز ئۈچۈن بۇنچىۋالا قۇربانلىق بېرىپ، سۆيۈشىڭىزگە ئېرىشىش ئەمەس، نەپرىتىڭىزگە قالغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى ئىكەن ....

سەنەم شارتتىدە ئارقىغا ئۆرۈلۈپ بار ئاۋازى بىلەن ئۈن سېلىپ يىغلىغىنىچە يۈگۈردى، شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇنى كېچىپ ئۆتتى. غېرىب ئىزىدا ئولتۇرالماي، جىددىيلىشىپ ۋارقىرىدى:

— سەنەم !... سەنەم !... نەگە بارىسىز؟! ...

سەنەم ئارقىسىغا قارىماستىن يۈگۈرگىنىچە ۋارقىرىدى:

— مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن !... مەن ئاشۇ ئېگىز تاغ

چوققىسىغا چىقىپ ئۆزۈمنى ھاڭغا تاشلاپ ئۆلىمەن!...

— مەلىكە ... سەنەم ... ساراڭلىق قىلماڭ!

غېرىب جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىرايتتى:

— ساراڭلىق قىلماڭ! سىزنى تۇتۇۋالسام ... ھە ... سەنەم ... قاراڭ ... ماڭا قاراڭ ... مەن ... مەن ... مېنىڭ تېنىمەن!

يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان سەنەم بىردىنلا توختاپ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. ئۆزىگە قاراپ يۈتىنى سۆرەپ كېلىۋاتقان غېرىبنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى:

— ھە!... سىز ... سىز ... راست ئورنىڭىزدىن تۇرۇپسىز ... مېڭىپسىزغۇ ...

سەنەم يۈگۈرۈپ سۇدىن ئۆتۈۋاتقاندا، تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى. غېرىبمۇ ئالدىغا يەنە بىرقانچە قەدەم مېڭىپ يىقىلىپ چۈشتى. سەنەم ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، كىيىملىرى چىلىق - چىلىق ھالەتتە يۈگۈرۈپ كېلىپ، تىرەجەپ قايتا ئورنىدىن تۇرغان غېرىبنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئىككى ئاشىق - مەشۇق بىر - بىرىنى چىڭ قۇچاقلاپ خۇشاللىقتىن يىغلاشتى.

ئەمدى شاھ ئوردىسىغا كېلەيلى. ئىسكىلىتتەك ئورۇقلاپ كەتكەن شاھقا تېۋىپ ئىمامنىياز پەيزۇللا ئۆز قولى بىلەن دورا ئىچۈرمەكتە. ئىككى دېدەك شاھنىڭ كۆڭلىكىنى قايرىپ، ياغاچتەك بەدىنىگە ماي سۈركىمەكتە. ھۇجرىغا كۆزلىرى ياش يۇقى، زورىغا كۈلۈمسىرىگەن خانىش مېھرىبانۇ كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم شاھى جاھانىم، قارىسىلا، كىم كەلدى؟

ھۇجرىغا ئاۋۋال سەنەم بىلەن ئاغىچا ئانىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان يېڭى «مەلىكە»، «ئاغىچا ئانا»، ئاندىن شاۋاز، تۇران ئايلا كىرىپ كەلدى. شاھ پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرىنى ئەستە «مەلىكە»گە تىكتى.



www.uyghurkitap.com

خانىش «مەلىكە» گە شاھ ئاتىسىغا سالام بېرىشنى ئېيتتى.

— ئەسسالام شاھ ئاتا، ئەقىلسىز قىزلىرى قايتىپ كەلدى، مېنى ئەپۇ قىلغايلا، — دېدى «مەلىكە».

شاھنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى بىردىنلا نۇرلىنىپ، چېھرىگە خۇشاللىق يۇگۇرۇپ، گەپ قىلمىشقا ئاغزىنى ئۆمەللىدى، قوللىرىنى كۆتۈرمەك بولدى. دېدەكلەر شاھنىڭ تىترەۋاتقان جانسىز قوللىرىنى كۆتۈرۈشكە ياردەملەشتى. خانىش بۇنىڭدىن خۇشاللىنىپ، جانلىنىپ دېدى:

— قاراڭلار، شاھ قىزىمىزنى كۆرۈپ باشقىچە ياخشىلاندى ... ساقايغاندەك بولدى. قىزىم، بېرىڭ، شاھ ئاتىڭىزنى قۇچاقلاڭ. ئۇ يۈزىڭىزنى سىلاپ، سىزنى يۇراپ قېنىۋالسۇن. ئۇ سىزنى كۆرۈپ ساقايدى.

«مەلىكە» قورۇنۇپ ئالدىغا بىرقانچە قەدەم مېڭىشىغا، شاۋاز ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ دېدى:

— شاھ ئالىيلىرى، سىلىگە تەگكەن قارا كېزىك يوقۇملۇق بولغاچقا، ئەتىۋار مەلىكىمىزگە كېسەللىرى يوقۇپ قالسا، يەنە كۆڭۈلسىز ئىش بولمىسۇن. ئۆزلىرىنىمۇ، مەلىكە ئالىيلىرىنىمۇ ئايىغايلا...

ئۇمىدلەنگەن شاھ سەل بىئارام بولدى، كۆزلىرىدىن ياش سىرغىپ چۈشۈپ ساقال - بۇرۇتلىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. ئۇ خانىشقا قاراپ رازىمەنلىك بىلەن تەبەسسۇم قىلدى. خانىش - ئايىم خۇشاللىقتا بۇقۇلداپ يىغلاپ دېدى:

— ئالىيلىرى، مەنمۇ مەلىكىگە كۆيۈنىمەن، ئەمما بۇ جەھەتتە سىلىگە يەتمەيدىكەنمەن. قىزىمىزنى يوقىتىپ يىقىلغانىدىلە، مانا ئەمدى ئۇنى كۆرۈپ ساقىيىپ كەتتىلە.

— قىز بالىغا ئاتىسى بەك ئامراق بولىدۇ. ئاتىنىڭ قىزىغا بولغان مېھرىنى ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ، — دېدى ئىمامنىياز پەيزۇللا.

— ئۆزلىرىگە قارىغاندا خانىش ئايىم چىداملىق ئىكەن، شاھ

ئالىيلىرى. خانىش ئايىم يىقىلماي ئوبدان تۇردى، — دېدى شاۋاز.

— خۇداغا يۈز مىڭ قەتلە شۈكۈر، ئالىيلىرى، خۇدايىم مۇبارەك تەنلىرىگە شىپالىق بەرگەي، — دېدى خانىش.

— مۇبارەك بولغاي، شاھ ئالىيلىرى، مەلىكە ئالىيلىرى سىلىگە ئاجايىپ كاتتا شىپا بولدى، — دېدى تۇران ئايلا.

— شاھ ئاتا، سىلىنىڭ بۇنچىۋالا ئاغرىيدىغانلىرىنى بىلگەن بولسام، ھەرگىز ... ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتىم ... مېنى كەچۈرگەيلا، — دېدى «مەلىكە».

— مەلىكە ئالىيلىرى ئەقىلگە كەپتۇ، ئالەم پاناھ. بۇنى ئاڭلىسىلا تېخىمۇ شىپا تاپىدىغان ئوخشايلا. ئۇ ھېلىقى تۇزكور غېرىبقا بولغان سەۋدايىلىق كېسىلىدىن شىپا تېپىپتۇ، ئۇنىڭدىن رايى قايتىپتۇ، — دېدى شاۋاز.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ شاھ جانلىنىپ سەنەمگە قارىدى.

— گەپ قىلىڭ، قىزىم.

— راست، شاھ ئاتا ... مەن گۆدەكلىك قىلىپ ئۆزلىرىنى، خانىش ئانامنى خاپا قىلغاننىڭ تاشايىنىدا ۋەزىرئەزەم باشلىق ئوردا ئەھلىنىمۇ ناھايىتى كۆپ بىسەرەمجان قىپتىمەن. مېنى كەچۈرگەيلا. ئەمدى سىلىنىڭ گەپلىرىدىن چىقمايمەن، خان ئاتا ... — دېدى «سەنەم».

شاھنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى تۆكۈلۈپ، ئاغزى ئۈمچىيىپ، كالپۇكلىرى تىترىدى. ئۇ بىر نەرسىلەرنى دېمەكچى بولاتتىيۇ، ئۇنى چىقمايتتى.

— شاھ ئالىيلىرى ئۈچۈن بۇ خۇشاللىق يېتىپ ئاشىدۇ. يەنە كۆچەنسە ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، شاھنى ئايايلى، — دېدى ئىمامنىياز پەيزۇللا.

— بولىدۇ، ئالەم پاناھ، بۈگۈن بىز ئۈچۈن زور خۇشاللىق بولدى.

شاۋازنىڭ ئىشارىتى بىلەن ھەممىسى چىقىپ كېتىشتى.

تاغ تۇرادىكى شەيخ جالالىدىننىڭ كەپىسى. شەيخ جالالىدىن، سادىق بىلال، ئىلياسلار سۆھبەتلىشىۋاتاتتى.

— غەزنەۋىلەردىن مەلىكە سەنەمنى كىچىك خوتۇنلۇققا سوراپ ئەلچى كەلگىنى خانىدانلىقىمىز ئۈچۈن ھاقارەت. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلغىنى خانىدانلىقىمىزنى كۆزگە ئىلمىغىنى، — دېدى سادىق بىلال.

— ئۇلارنىڭ مەقسىتى مەلىكىگە ئېرىشىش ئەمەس، بەلكى خانىدانلىقىمىز مۇشۇنداق زەئىپلەشكەن پەيتتە قەستەن سۈركىلىپ ئۇرۇش قوزغاپ، زېمىنىمىزنى بېسىۋېلىش، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— شاھى ئابباس ھەپتە بۇرۇن پۈتۈن خەلقنى ئۇرۇشقا چاقىرىپتىكەن. مانا ئەمدى بۇ پەرمانىدىن يېنىۋېلىپ، سەنەمنى غەزنەۋىلەرگە بەرمەكچى بولۇپتۇ. مۇشۇ ئارقىلىق ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچىكەن، — دېدى ئىلياس.

— قانداق دېگەن بىقارارلىق بۇ؟ پادىشاھمۇ مۇشۇنداق يەڭگىلتەك، تۇتۇرۇقسىز بولامدۇ؟ — دېدى سادىق بىلال.

— ئالدىنقىسى شاھى ئابباسنىڭ قارارى، كېيىنكىسى بولسا قورقۇنچاق، قارا نىيەت شاۋازنىڭ قارارى، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— بۇ ئاقىلانە چارە ئەمەس، غەزنەۋىلەرنىڭ نىيىتى ئاللىبۇرۇن بۇزۇلغان. نەدىمۇ بىر سۇلتان يەنە بىر پادىشاھلىقنىڭ قىزىنى كىچىك خوتۇنلۇققا تەلەپ قىلىدىغان ئىش بولسۇن؟! — دېدى سادىق بىلال.

ئارىنى سۈكۈت باستى، ئۈچىلىسى چوڭقۇر ئويغا پاتقانىدى.

كىچىك بازارنىڭ خالتا كوچىسىدا يېشىل پەرەنجە كىيىپ، بوز رومال ئارتقان ئايشە بىلەن ھۆربانۇ ئالاقزادە بولغان ھالدا تۆت ئەتراپقا ئوغرى مۈشۈكتەك قاراپ مېڭىپ بىر كونا ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئىشىكنى ئېچىپ ئىچىگە كىرىپ،

ئىشىكنى ناھايىتى تېزلىكتە ياپتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن چاندۇرماي پايلاپ كەلگەن باجگىر ۋەلى بايۋەچچە ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن مارىلاپ ھېچنېمىنى كۆرەلمەي قۇلىقىنى ئىشىككە يېقىپ تىڭشىدى.

ھۆربانۇ بىلەن ئايشە ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ چۈمبەل ـ پەرەنجىلىرىنى سېلىپ تاشلىدى.

ــ سېنىڭ ئارقاڭغا كىرىپ ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن يەرلەردە تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرۈۋاتىمەن. مۇشۇمۇ كۈن بولدىمۇ ئەمدى؟ ــ دېدى ھۆربانۇ قاقشاپ.

ــ شاھتىن ھامىلدار بولغانلىقلىرى شاۋازنىڭ قۇلىقىغا يەتسە، جانلىرىدىن ئايرىلاتتىلا، ــ دېدى ئايشە.

ــ ئۇ سېنىڭ مېنى قورقۇتۇش ئۈچۈن توقۇۋالغان يالغان ـ ياۋىداق گېپىڭ.

ــ مېنىڭ كەينىمگە كىرىپ جانلىرى ئامان قالغانغا، يەنە شاھتىن بالىلىق بولۇۋالغانلىقلىرىغا خۇشال بولسىلا ! ــ دېدى ئايشە.

ــ ھەئە. مانا ھازىر خۇشاللىقتىن ناغرا ـ سۇناي چېلىپ ساما سالغۇدەك بولدۇق.

ــ زۇۋانلىرىنى باسسىلا. ئۆگزىدە بىر كىم مېڭىۋاتىدۇ.

ھەر ئىككىسى جىممىدە بولۇپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۆگزىنى تىڭشىدى. ئۆگزە جىمجىت، بىر چاغدا بىر مۈشۈك تۆگلۈكتىن ماراپ مىياڭلىدى.

ــ ئۇھ، قورقۇتۇپ ئۆلتۈرىدىغان ئوخشايسەن. ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى، ــ دېدى ھۆربانۇ.

ــ قورققۇدەك ئىش بولۇۋاتىدۇ، ــ دېدى ئايشە.

ــ ئەمدى يىپ بازىرىغىمۇ چىقىپ بولدۇق، يىپ بازىرى كۆزۈمگە خىلى سىڭىپ قالغانىدى، ــ دېدى ھۆربانۇ.

ــ بازارلىرىنى قويسىلا، بۇ يەردىن ھازىرلا كەتمىسەك، بىزگە بۇ يۇرتنىڭ نېنىمۇ ھارام بولدى، ــ دېدى ئايشە.

— ياق، ئەمدى ھېچ يەرگە بارمايمەن. ئۆلسەممۇ ماڭمايمەن، — دەپ جاھىللىق قىلدى ھۆربانۇ.

ئايشە ھېلىقى باجگىرنىڭ ئۆزلىرىنى بوش قويمايدىغانلىقىنى ئېيتسىمۇ، ھۆربانۇ يەنىلا بازارغا چىقمىساقلا ئۇ بىزنى تاپالمايدۇ دەپ مېڭىشقا زادىلا ئۇنىمىدى.

— سىلى ئۇردا ئىچىدە ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك چوڭ بولغان، جاھاننى چۈشەنمەيلا. ئۇنىڭ بايىقى گېپىنى ئاڭلىدىلىغۇ، باجگىر دېگەن خۇددى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ھەممە قۇشنىڭ تىلىنى بىلگەندەك بازاردىكىلەرنى بەش قولدەك بىلىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى ئايشە.

— بۇ بازار كىچىك بولغان بىلەن خالتا كوچىلىرى ئۈمۈچۈك تورىدەك تەرەپ - تەرەپكە كېتىدىكەن. قولۇم - قوشنىلار بىر - بىرىنى تونۇمايدىكەن، — دېدى ھۆربانۇ.

— شۇ سەۋەبتىن، مەن بۇ يەرنى بىزگە ئەڭ ئوبدان پاناھ جاي بولىدىكەن دەپ تاللىغان. ئەمما، بىز ئاشۇ خالتا كوچىلارنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە بىلمىدىغان يامان قۇرغۇيىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالدۇق. بۇ يەردىن كەتمىسەك زادى بولمايدۇ.

— ئۇ دېگەن ناھايىتى كەلسە بىر باجگىر، نېمە قىلالايتتى؟ پەقەت بولمىسا ئۇنىڭدىن قولىغا پۇل بېرىپ قۇتۇلارمىز، — دېدى ھۆربانۇ.

— ئۇ بىزنىڭ پۇلىمىزغا ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ چىرايلىق رۇخسارلىرىغا خۇشتار بولدى.

— ھىم، بېرىپ - بېرىپ ئەمدى كالا تېزىكى دەسسەپ ماڭىدىغان باجگىرغا قالامدىم، ۋاي قۇۋۇرغام.

— بۇ ئۇردا ئەمەس، ئۆزلىرىنى تاختا بېشىغا ئالمىسىلا، تېز بولسىلا، يولغا چىقايلى، — دېدى ئايشە.

— ئەمدى يەنە نەگە بارىمىز؟

— ھازىر مەنمۇ بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ، بۇ يەردىن دەرھال كەتمىسەك بولمايدۇ.

— ھېچبولمىسا، نەگە بېرىشىمىزنى دېيىشىۋالايلى، — دېدى ھۆربانۇ.

— ماڭغاچ دېيىشىمىز.

— ئاڭلاپ قوي، ئايشە، ئۆزۈڭ قورسىقىمدىكى بالىنى ئوبدان ئاسرىمىساق بولمايدۇ دەيسەن. ھامىلىگە ئۈچ ئايلىق بولغاندا دېگەن ئىغىر - يېنىك ئىشلاردىن، كالتە - كۆسەي يولدىن ھەزەر قىلىدىغان گەپ. مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق ئۇزاق سەپەرگە چىقىپ باقمىغان. سەن مۇشۇنداق قىلىپ، بالىدىن زىيان تارتساق، سەن، بىزنىڭ قىلغان شۇنچە ئەجرىمىز يوققا چىقمامدۇ؟ سەن، بىزنى ياخشى كۈنىنىڭ يامىنىدا تۇتۇۋالسا، شاھ دارغا ئاسىدۇ ياكى تاش - بوران قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ. سەن بۇنى ئويلىدىڭمۇ؟

ھۆربانۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ئايشە ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— ئۇيانغا تارتسا كالا ئۆلىدىغان، بۇياققا تارتسا ھارۋا سۇنىدىغان ئىش بولدىغۇ بۇ. يوق يەپ يىپ بازىرىغا چىققان بولغىيمىدۇق؟ — دېدى ئايشە.

— ماقۇل، سەنمۇ مېنى دەپ مۇشۇ بالاغا قالدىڭ، ماڭساقمۇ ماڭايلى، بىرقانچە كۈن ئوبدان جابدۇنۇپ ئاندىن يولغا چىقايلى، — دېدى ھۆربانۇ.

— راست دەيلا، ئەرەنچە كىيىملىرىمىزغۇ بار، ئەمما مىنىدىغان ئۇلاغ يوق، — دېدى ئايشە.

— سەن ئەنسىرىسەڭ، بولمىسا نەچچە كۈنلۈك بولسىمۇ باشقا ئۆيگە يۆتكىلەيلى.

— راست دەيدىلا. بايا ئارقىمىزدىنغۇ ھېچ شەپە كەلگەندەك قىلمىدى. ئەمما، كوزا كۈندە سۇنمايدۇ، كۈندە سۇنىدۇ، دەپ ھازىر شاۋازنىڭ مەخپىي پايلاقچىلىرى، كۆز - قۇلاقلىرى ھەممە يەردە پۇراپ، ئىس قويۇپ يۈرگەندۇ، شۇلارغا تۇتۇلۇپ قالساق جېنىمىزدىن ئايرىلىمىز. مەن چىقىپ ئۆينىڭ ئامالىنى قىلاي.

— پات كەل، قورقمەن، — دېدى ھۆربانۇ.
— ئەلۋەتتە، مەنمۇ سىلىدىن ئەنسىرەيمەن.
— ئەڭ ياخشىسى، سەن ئەمدى ئەرەنچە كىيىن.
— ماقۇل، دېگەنلىرىدەك قىلاي.

ئىككىسى بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ھۆربانۇ ئۇھ دەپ ئۆزىنى تاشلاپ سوزۇلۇپ ياتتى. ئايشە كىيىم يەڭگۈشلەش بىلەن بولدى. بۇ چاغدا تۇڭلۇكتىن ۋەلى بايۋەچچىنىڭ چاندۇرماي مارىغانلىقىنى بۇلار تۇيمىدى.

مەشىق مەيدانىدا لەشكەرلەر تۈرلۈك ھەربىي مەشىقلەرنى قىلماقتا. ئابدۇللا شاتىرىمۇ ئات ئۈستىدە قىلىچۋازلىق قىلماقتا. مەيدانغا سالاھىدىن ئەتتارى بىرقانچە نۆكىرى بىلەن كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ئابدۇللا شاتىرى ئۇلارنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، ئېتىنى ئۇياقتىن ـ بۇياققا يوگۇرتۇپ، قارانچۇقلارغا قىلىچ ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى. سالاھىدىن ئەتتارى قاپىقى تۈرۈلۈپ يېنىدىكى نۆكىرىگە ئىشارەت قىلدى. نۆكەر ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئابدۇللا شاتىرىغا يېتىشىپ كېلىپ دېدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەزىر جانابلىرى، سالاھىدىن سەردار جانابلىرى مۇھىم ئىش بىلەن ئۆزلىرىگە سالامغا كەلدى.

— كىم ئۇ مەشقىمگە دەخلى قىلغان؟

ئابدۇللا شۇنداق دەپلا نۆكەرگە قىلىچ چاپتى. نۆكەر چاققانلىق بىلەن ئات ئۈستىدە ئوڭدا يېتىۋېلىپ ئۇنىڭ قىلىچىنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئابدۇللا يەنە قايتا قىلىچ ئۇرماقچى بولغاندا سالاھىدىن ئەتتارى ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ئۇنىڭ قىلىچىنى تۆمۈر چوماقنىڭ زەنجىرىگە يۆگىۋالدى. ئابدۇللا شاتىرى شۇندىلا سالاھىدىن ئەتتارىغا بۇرۇلۇپ قارىدى. ھەر ئىككىسى پەيلىدىن يېنىپ ياراغلىرىنى ئاجراتتى. سالاھىدىن ئەتتارى دېدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم باشبۇغ جانابلىرى، پېقىرنىڭ بىئەدەپلىكىنى كەچۈرگەيلا. بىر نۆكەرنى تەربىيىلەپ ۋايىغە يەتكۈزمەك تاغ يۆتكىگەندەك تەس ئىش بولغاچقا، نۆكىرىم بىھۇدە

ئۆلمىسۇن دەپ ئۆزلىرىگە توغرا بولۇپ قالدىم.

— ھە، ئەتتارى جانابلىرى، ھېچقىسى يوق، مەنمۇ ئۆزلىرىگە چاپارمەن ئەۋەتەي دەپ تۇرغان. بۇ نۆكەرلىرى شامالدەك چاققانىكەن، — دېدى ئابدۇللا.

— شامالدەك بولمىسا دۈشمەن قارا بوراندەك ھۇجۇم قىلغاندا غازاتتىدەك ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا سىلى بىلەن بۇنداق دىدارلىشىش نېسىپ بولماي قالىدۇ، تەقسىر، — دېدى سالاھىددىن.

— ئۆزلىرى خاندانلىقىمىزنىڭ مۆتىۋەر سەردارى، ئاتام ئورنىدىكى بۇزرۇكۋار، شۇڭا مېنى ئوغۇللىرى قاتارىدا كۆرگەيلا، مېنى تەقسىر دېمىسىلە، — دېدى ئابدۇللا.

— خانىنىڭ ئەمرى ۋاجىپتۇر، باشبوغ جانابلىرى. بىز لەشكەر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن پادىشاھ ئائىلىلىرى بىر تال تاياقنى باشبوغ قىلىسىمۇ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىمىز.

ئابدۇللا شاتىرىنىڭ تەبەسسۇم پارلاپ تۇرغان يۈزى غەزەپتىن تارتىشىپ ئۆڭۈپ كەتتى.

— ھەرھالدا ئاتىدارچىلىق قىلدىلا، ئۆزلىرى تۇرشاۋۇل قوشۇنلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە چىگرا ۋىلايەتلىرىگە كەتكەن. مۇھىم ئىش بولمىسا بۇنداق تېز قايتىپ كەلمەيتتىلە.

— ئەقىللىرىگە بارىكاللا، باشبوغ جانابلىرى، ناھايىتى مۇھىم ئىش بار، — دېدى سالاھىددىن.

— ئۇرۇش پارتلىمىغاندۇ؟

— لېكىن، ئۇرۇش پارتلاشنىڭ ھەممە مۇمكىنچىلىكى پەيدا بولدى، جانابلىرى.

— قانداقىسىگە؟

— غەزنەۋىلەرنىڭ تۇرشاۋۇل لەشكەرلىرى ئاتلىرىنى بىزنىڭ يايلاقلىرىمىزدا يايلىتىپ، سۈت، قىمىز، گۆشىنى بىزنىڭ چارۋىچىلاردىن بۇلاپ يەپ - ئىچىپ ئۆتۈۋېتىپتۇ. ۋەزىرئەزەم ھەم باشبوغ ھەزرەتلىرىنىڭ قارشىلىق قىلماسلىق پەرمانى

بولغاچقا، بىز ئۇلارنى كۆرسەكمۇ كۆرمەسكە، پۇقرالارنىڭ نالە ـ پەريادىنى ئاڭلىساقمۇ ئاڭلىماسقا سېلىپ قايتىپ كەلدۇق، — دېدى سالاھىدىن.

— ھەر كۈنى ئەۋەتكەن مەلۇماتلىرى بىزگە يېتىپ تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ ئىشلاردىن خەۋىرىمىز بار.

— ئۇلار ئۈچ تاغدىكى سەكسەن پەرسەخ يايلاقنى يۇتۇۋالدى. بۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىغاچقا، چارۋىچىلىرىمىز مەجبۇرىي ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ كەتتى. خالىمىغانلار يايلاق، ماللىرىدىن ئايرىلىپ، ۋەيرانە، سەرسان بولۇپ بىز تەرەپكە قېچىپ كەلدى. بەلخنىڭ يايلىقى بارغانچە كىچىكلەۋاتىدۇ، — دېدى يەنە سالاھىدىن.

— بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋىرىمىز بار. ھەممىسى كونا گەپلەر، — دېدى ئابدۇللا.

— مۇشۇنداق بېپەرۋالىقىمىز تۈپەيلىدىن نۇرغۇن يەرلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالمىساق بولاتتىغۇ، جانابلىرى.

— ئۆزلىرى ئالىي سەركەردە تۇرۇپ بەلخ ئاشۇنداق خەتەر ئىچىدە تۇرۇۋاتسا نېمىدەپ قوشۇننى تاشلاپ ئوردابالىققا كەلدىلە؟ كەلگەنلىرى خاتا، — دېدى ئابدۇللا.

— ئەۋەتكەن چاپارمەن، مەلۇماتچىلىرىم قۇدۇقتا چۆشكەن تاشتەك يوقاپ كېتىۋەرگەندىن كېيىن، بىزنىڭ پادىشاھ زادى بارمۇ ـ يوق، ۋەزىرئەزەم، باشبۇغ ھەزرەتلىرى نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ يۈزمۇيۈز سۆزلىشىپ كېلەي دەپ كېچىلەپ كەلدىم، — دېدى سالاھىدىن.

— مانا كۆردىلە، تەقسىر. بىز ئوبدان تۇرۇۋاتىمىز، ئاتام ۋەزىرئەزەممۇ سىلى بىلەن ماڭا ئوخشاشلا ئامان ـ ئېسەن تۇرۇۋاتىدۇ. سىلى ھازىرلا ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ بەلخكە قايتىپ، قوشۇنلارنى سەپراس قىلىپ پەرمان كۈتۈپ تۇرسىلا، — دېدى ئابدۇللا.

— ۋەزىرئەزەم ۋە پادىشاھ ئالىيلىرى بىلەن يۈزمۇيۈز

سۆزلەشمىسەم بولمايدۇ، باشبۇغ ھەزرەتلىرى، — دېدى سالاھىدىن.

— ھەددىلىرىدىن ئاشمىسىلا، تەقسىر! لەشكىرىي قانۇنىمىز بويىچە جىددىي پەيتتە قوشۇنلارنى، قورشاۋدىكى شەھەرنى تاشلاپ كەلگەن سەركەردە ـ سەرۋازلار دارغا ئېسىلىدۇ.

— قولدا ياراغ تۇرۇپ دۈشمەنىنىڭ خورلۇقىغا قالغۇچە ئۆز خاقانىمىزنىڭ دارىدا ئۆلگىنىمىز خوپ جانابىي باشبۇغ جانابلىرى.

سالاھىدىن شۇنداق دەپلا ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ كېتىپ قالدى. ئابدۇللا شاتىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەرگە تۈكۈردى.

— ھۇ ئۆلگۈر تەلۋە قېرى، پەيمانىڭ توشۇپ بېشىڭنى يېگىلى كېلىپسەن ـ دە ... ئالدىنقى سەپتە جەڭدە ئۆلەر دېسەم يەنە ساقال غېرىچلىغىلى كېلىپسەن. لەشكىرىي ئىشلار بىلەن بولماي خانلىقنىڭ چوڭ ئىشىغا ئارىلىششىنى كىم قويىدى ساڭا؟

چاھار باغ. ھەشەمەتلىك داستىخان راسلانغان راۋاقتا بەزمە ـ باراۋەت قاينىماقتا. شاۋاز بىلەن زەينىددىن بومىيانى خۇشال ـ خۇرام ھالدا كۈمۈش قەدەھلەرنى سوقۇشتۇرۇپ خۇش كەيپ ھالدا شاراب ئىچىشمەكتە.

— قېنى دوستلۇقىمىز، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئىناق قوشنا، ئۇرۇق ـ تۇغقان بولۇشىمىز ئۈچۈن ئىچەيلى، — دېدى شاۋاز.

— جانابىي ۋەزىرئەزەم، مەن نۇرغۇن ئەللەرگە، ئەلچى بولۇپ بارغانمەن. نۇرغۇن سۇلتان، پادىشاھ، ۋەزىر ـ ئەمىرلەر بىلەن سۆھبەتلەرنى قىلغانمەن. ئەمما، ئۆزلىرىدەك دانا، ئىستېداتلىق، تەدبىرلىك، شاھنى دېگەن سىزىقىغا كەلتۈرەلەيدىغان، سۆزى شەمشەردەك ئۆتكۈر ۋەزىرنى كۆرمەپتىكەنمەن، — دېدى زەينىددىن بومىيانى قەدەھ سوقۇشتۇرغاچ.

— ئاشۇرۇۋەتتىلە، ھەزرەتلىرى، بۇمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھىممەتلىرىدىن بولدى، — دېدى شاۋاز.

— مەلىكە ئالىيلىرىنى سۇلتانىمىزغا ياتلىق قىلىشقا پادىشاھنى كۆندۈرگەنلىكلىرى ئالەمدە كەم كۆرۈلىدىغان كاتتا

ئىش بولدى، — دېدى زەينىدىن بومىيانى.

— بۇ ئەلچى ھەزرەتلىرىنىڭ پېقىرغا ھەمدەمدە بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

— قارىسىلا، ۋەزىرئەزەم، بۇگۈن مۇقام قولىقىمغا تېخمۇ يېقىملىق ئاڭلىنىپ، قىزلارنىڭ تال چىۋىقتەك بەللىرىنى تولغاپ ئۇسسۇل ئوينىشلىرى كۆزۈمگە تېخمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈۋاتىدۇ، — دېدى زەينىدىن بومىيانى.

ئىككىسى چىلىم شورىغاچ مۇقام بىلەن قىزلارنىڭ ئۇسسۇلىغا مەپتۇن بولۇپ، يانپاشلاپ يېتىشتى. مۇقام، ئۇسسۇل ئەۋجىگە چىقتى.

بىر چاغدا مەلۇماتچى ئاستا كېلىپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ يانپاشلاپ ياتقان شاۋازنىڭ قولىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى. شاۋاز كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ مەلۇماتچىغا يەۋېتىدىغان ئەلپازدا چەكچەيدى. مەلۇماتچى قورقۇنچتا غالىلداپ تىترەپ ئاستا ئارقىسىغا ياندى.

ئەمدى ھۆربانۇغا كېلەيلى. ئايشە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ھۆربانۇ ئىشىكنى ئېچىدىن تاقاپ، سۇپىدىكى كۆرپىدە سوزۇلۇپ يېتىپ ئۆز - ئۆزىگە دېدى:

— ياتسام ياتقۇم كېلىدۇ، قىز تۇغامدىمەن قانداق ؟ ... ياق ... ياق ... ئۆيدىن تولا زېرىكىمەن، تالا - تۈزگە چىققۇم كېلىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئوغۇل تۇغىدىغان ئوخشايمەن. ئۇلۇغ خۇدا، تارتقان جاپا، قىلغان ئەجرىمىزگە يارىشا پاقلاندەك بىر ئوغۇل ئاتا قىلسا، ئۇنى شاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارساق، شاھ ئالىيلىرى ئوغلىنى كۆرسە چوقۇم خۇش بولىدۇ، ئۇنى تەخت ۋارىسى قىلىدۇ.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، تۈڭلۈكتىن باجگىر ۋەلى بايۋەچچە ئارغامچا بىلەن سىيرىلىپ چۈشتى. ھۆربانۇ چىرقىرىغىنىچە ياتقان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— پاھ ! ھەقىقەتەن ئاي دېسە ئاينى، كۈن دېسە كۈننى خىجىل

www.uyghurkitap.com

قىلىدىغان ساھىبجامال ئىكەنسىز، يېقىنراق كېلىڭە، گۈزەل جامالىڭىزنى بىر تاماشا قىلاي !

ۋەلى بايۋەچچىنىڭ سۆزلىرىدىن ھۆربانۇ قاتتىق قورقتى، بىرئازدىن كېيىن سەل ئۆزىگە كېلىپ توۋلىدى:

— نېمە قىلماقچى سەن؟ ! يوقال بۇ ئۆيدىن !

— بىر كۆرۈپلا، ئىچىمگە ئوتىڭىز چۈشتى. ئادەم دېگەن ھۆل نەرسە بولغاچقا، كۆل بولمىدىم، كاۋاپ بولدۇم، — دېدى ۋەلى بايۋەچچە.

— ماڭا يېقىن كەلمە !

— ئاتايىن يېيىڭىزگە چۈشۈپ، تۆكۈلۈكتىن چۈشكەنگە يارىشا، سىزنى باغرىمغا بىر باسمىسام قانداق بولىدۇ؟ تازا باغرى تاش جۇۋان ئىكەنسىز جۇمۇ.

ھۆربانۇ يېنىدىن خەنجىرىنى چىقاردى، ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلگەن ۋەلى بايۋەچچە توختاپ كۈلۈپ كەتتى.

— يېقىن يولىغۇچى بولما، يېقىن كەلسەڭ قارنىڭنى چۇۋۇۋېتىمەن !

ھۆربانۇنىڭ گەپلىرىگە ۋەلى بايۋەچچە يەنە كۈلۈپ قويۇپ دېدى:

— قەيسەر، ۋىجدانلىق چوكان، يەنە تېخى ئەركەكلەردەك خەنجەر ئېسىپ يۈرۈيمەن دەڭ. بۇ بازاردا مەندەك قاملاشقان ئەرنى كۆرگەن ھەرقانداق چوكاننىڭ پۇت - قولى خېمىردەك بوشاپ كېتەتتى. ئەجەبا مەن سىزگە شۇنچە كۆيسەم، سىزنىڭ بىر يەرلىرىڭىز پىژژىدە قىلمىدىمۇ؟

— مەن ئېرى بار ئايالمەن، قورسىقىمدا بىر نارەسىدە بالا بار، سېنىڭمۇ ئايالىڭ، ئاچا - سىڭلىڭ باردۇ؟ سەندە ئىمان، ئىنساپ بولسا، خۇدادىن قورقساڭ، مەندەك بىر ئاجىزەگە چېقىلما ! بوزەك قىلساڭ، قىساسىنى تارتىپ قالىسەن، — دېدى ھۆربانۇ.

— ئېرى بار ئايال بولساڭ قېنى ئېرىڭ؟ ئۇ لەشكەرلىككە

تۇتۇلدىمۇ ياكى ھاشارغا تۇتۇلدىمۇ؟ ئۇنى نەگە تاشلاپ قويۇپ بۇ يەرگە قاچتىڭ؟ ئەجەبا سېنىڭ قىلغىنىڭ گۇناھ ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ قىساسى سېنى تۇتمامدۇ؟ — ۋەلى بايۋەچچە بىردىنلا ھۆربانۇنى «سەن»لەپ سۆزلەپ كەتتى.

— قانچىلىك ئالتۇن دېسەڭ شۇنچىلىك بېرەي، ماڭا چېقىلما.

— ماڭا سېنىڭ ئالتۇنۇڭ كېرەك ئەمەس، ئۆزۈڭ كېرەك. سەن دېگەن ئاق ئالتۇن، سېنى ئالتۇندىن تۆۋەن كۆرگەن ئادەم ئەخمەق. سېنى ئالغۇم بار، كەل جېنىم.

ۋەلى بايۋەچچە شۇنداق دەپ كېلىپ ھۆربانۇنى قۇچاقلىۋېلىپ، قولىدىكى خەنجەرگە ئېسىلدى. ھۆربانۇ چاققانلىق بىلەن قولىنى تارتىۋېلىپ خەنجەرنى پەسكە شىلتىدى. خەنجەر ۋەلى بايۋەچچىنىڭ يانپېشىغا سانجىلدى. ۋەلى بايۋەچچە ۋايجانلاپ يانپېشىنى تۇتۇپ بولغۇچە ھۆربانۇ ئۇنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىۋالدى ـ دە، ئىشىككە ئۆزىنى ئاتتى. ۋەلى بايۋەچچە ئۇنىڭ كۆڭلىكىدىن تۇتۇۋالدى. ھۆربانۇ خەنجەرنى يەنە بىر شىلتىپ ۋەلى بايۋەچچىنىڭ كۆڭلىكىنى تۇتۇۋالغان قولىنى تىلىۋەتتى. ئۇنىڭ قولىدىن كۆڭلەك ئاجراپ كەتتى. ھۆربانۇ ئىشىكنى ئېچىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ۋەلى بايۋەچچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پۇتىنى سۆرەپ، قان تامچىلاۋاتقان بىلىكىنى تۇتۇپ، كالپۇكىنى چىشلىگەن ھالدا چىقتى. ئۇچىسىدا ئىچ كۆڭلەكلا قالغان، يالاڭ باش، يالاڭ ئاياغ ھۆربانۇ خالتا كوچىدا قاچماقتا ئىدى. كوچىدا ئۇيان ـ بۇيان ئۆتۈشۈۋاتقان كىشىلەر ھۆربانۇغا قاراپ سالغىنىغا پۇشايمان قىلىپ تەتۈر قارىشىۋالدى ھەمدە توۋا دەپ ياقىسىنى تۇتۇشتى. ۋەلى بايۋەچچە بىرقانچە قەدەم ئاقساپ ماڭغاندىن كېيىن، بولالماي تامغا يۆلىنىپ قالدى.

تۇراخۇن ھاجىم دۇكىنىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان تاشتا ئولتۇرۇپ، كىچىك چەينەككە چاي سېلىپ چاي دەملىمەكتە. ئۇ يىراقتىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ھۆربانۇنى كۆرۈپ «يا سۇبھانى

ئاللا، كۆزۈم كۆرمىدى» دەپ يانغا قارىۋىلىپ بولۇپ يەنە دەرھال قارىدى. ئۇ ئارقىسىغا قاراپ ـ قاراپ ئالاقزادە بولۇپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ھۆربانۇنىڭ قولىدىكى قان يۇقى خەنجەرنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ھۆربانۇ يېقىنلاپ كەلگەندە، تۇراخۇن ھاجىم كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ ئىككى قولىنى كېرىپ تۇردى.

— ئالدىمنى توسما، قېرى، ھېلى بىكار قارنىڭنى چۇۋۇۋېتىمەن! بۇ يەردە دىيانەتلىك مۇسۇلمان يوقمۇ؟ ھەممىڭ ئاجىزنى بوزەك قىلىشامسەن، خۇدادىن قورقمامسەن؟ — دېدى ھۆربانۇ.

— بۇ ھالدا قېچىپ ئۇزاققا بارالمايسىز قىزىم. سىزگە ھازىر ئەڭ ئوبدان پاناھ جاي مېنىڭ دۇكىنىم، — دېدى تۇراخۇن ھاجىم.

— مەن ساڭا قانداق ئىشىنىمەن؟

— سىزنى باجگىر ۋەلى كاززاپ ئاۋارە قىپتۇ. ئۇنىڭ بىر تال مويىنى يۇلىۋالغان بولسىڭىزمۇ جەننەتكە كىرىسىز. بۇ شەھەردە يۈزنى يۆگىمەي كوچىغا چىققان خوتۇننى ھەرقانداق ئادەم تۇتۇپ قازىخانىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. يۈرۈڭ، دۇكىنىمغا كىرىڭ.

بوۋاي شۇنداق دەپ دۇكىنىغا كىرىپ كەتتى. ھۆربانۇ يۈگۈرۈپ دۇكاندىن بەش ـ ئالتە قەدەم ئۆتۈپ كېتىپ بولۇپ، ئىزىدا تاق توختىدى ـ دە، كەينىگە يېنىپ دۇكانغا قورقۇمسىراپ كىردى.

ئۆيگە ئالدىراپ يېنىپ كەلگەن ئايشە ھويلا ئىشىكىنىڭ ئوچۇق تۇرغىنىنى كۆرۈپ، يۈرىكى ئەنسىز سوققان ھالدا ھويلىغا كىردى. شۇئان بەش ـ ئالتە لەشكەر ئىشىك ئارقىسىدىن چىقىپ ئۇنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى. ئايشە بىر سىلكىنىپلا ئۇلارنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى، كەلگىنىنى بىردىن مۇشت قويۇپ ئوڭدا چۈشۈردى. بىر قانچىسىنى شۇنداق موللاق ئاتقۇزغاندىن كېيىن، بىر ئەر ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىن يۇلغۇن چوماق بىلەن بېشىغا ئۇرۇۋىدى، ئايشە دەلدۈگۈنۈپ ئىزىغا

ئولتۇرۇپ قالدى. بىرنەچچە ئەر يۆلەپ كېلىپ ئۇنى يۆملاقلاپ بىسۋالدى.

تۇراخۇن ھاجىم دۆكىنى ئالدىدا تاشتا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىۋاتاتتى. تۆت ـ بەش لەشكەر كالتەكلىرىنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈپ كېلىپ تۇراخۇن ھاجىمدىن سورىدى:

— ھاجىمكا، بۇ يەردىن بىر ئايال ئۆتتىمۇ؟

— توۋا قىلدىم، خۇدايىم، ئاخىر زامان بولغان ئوخشايدۇ. يېرىم يالىڭاچ، قولىدا قان يۇقى خەنجەر تۇتقان بىر ئايال بايىلا ئالدىمدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى. ئاخىرقى زاماندا ئاياللار يېرىم يالىڭاچ بولۇپ پىچاق كۆتۈرۈپ كوچىغا چىقىپ ئەرلەرنى قوغلايدۇ، دەپ ئاڭلايتتۇق. نامەھرەم بولمىسۇن دەپ تامغا قارىۋالدىم. يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن تېخى بىرەر ئۇششاق بالا ئۆتسە، ناۋات بېرىپ قازىخانىغا خەۋەر قىلاي دەپ تۇرغان. ئوبدان خەۋەر تېپىپسىلەر، ئۇ ئەقلىدىن ئازغان خوتۇننى دەرھال قازىخانىغا سولاپ يۈز دەررە ئۇرۇڭلار ...

لەشكەرلەر تۇراخۇن ھاجىمنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىماستىن يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى. .

تاغ ئارىسىدىكى سۈلۈق جىلغا بويىدىكى مەھەللە. سەنەم غېرىبنىڭ بىلىكىنى بويىنىغا سېلىپ ماڭغۇزماقتا. غېرىب پۇتىنى تەستە يۆتكەپ ماڭاتتى. ئۇلارنىڭ پېشانىسىدىن قويۇلغان تەر بىلەن خۇشاللىق ياشلىرى ئارىلىشىپ كەتكەندى.

— بەك ھېرىپ كەتتىم. سىزمۇ مېنىڭدىنمۇ بەك ھېرىپ كەتتىڭىز، بىردەم ئولتۇرۇۋالايلى، — دېدى غېرىب.

— ماقۇل، سىز ئولتۇرۇڭ ...

سەنەم غېرىبنى كونا كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، تەڭنىگە لاي ئۇسۇپ شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقتى.

— نېمە قىلىسىز؟ — سورىدى غېرىب.

— ئۆگزىنىڭ تۈپىسىنى شامال يالاپ، تۆشۈك قىلىۋېتىپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى سەنەم.

— راست، ئاخشام ئۆگزىدىكى تۆشۈكلەردىن يۇلتۇز كۆرۈندى، — دېدى غېرىب.

— تاغ ھاۋاسى سوغۇق ھەم تولا يامغۇر ياغىدۇ. لاي سېلىپ تۆشۈكلەرنى ئېتىۋەتمىسەم، ئۆي ئىسسىمايدۇ.

سەنەمنىڭ گەپلىرىدىن غېرىب خىجىللىق ھېس قىلىپ:

— مەن قاچانمۇ كېرەككە كەلگۈدەك بولارمەن؟ — دېدى.

— چىداڭ، ئاز قالدى. خۇشاللىقتىن يۈرىكىم يېرىلاي دەۋاتىدۇ. ئۇزۇنغا قالماي بۇرۇنقى بەردەم ھالىڭىزغا كېلىسىز، — دېدى سەنەم غېرىبنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

— پادىشاھنىڭ ئەتىۋارلىق مەلىكىسى بىر پالەچنى بېقىپ ئەسكى ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە لاي سېلىۋاتىدۇ، دېسە كىم ئىشىنىدۇ؟

— مەن ئىشىنىمەن، — دېدى سەنەم.

— مەن سىزگە بىر ئەر ئىش قىلىپ بېرىشكە يارىسام بولاتتى، — دېدى غېرىب.

سەنەم ئۆگزىدە لاينى يېپىستقاچ سۆزلەيتتى. غېرىب ئورنىدىن تۇرۇپ، لاي ئالغۇدەك بىرنەرسە ئىزدەپ ئۇياق - بۇياققا تەلمۈردى. سەنەم كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا غېرىبنى كۆزەتتى. غېرىب ئۇياق - بۇياققا قاراپ تۇرۇپا ئاستىدا قالغان بىر كونا ئاياقنى تاپتى. ئۇنى ئېلىپ سۇ بويىغا قاراپ بىرقانچە قەدەم مېڭىپ دۈم چۈشتى. سەنەم «ۋاي جېنىم» دەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، شوتىدىن چۈشكۈچە يىقىلىپ كەتتى. ئۇنىڭغىچە غېرىب ئورنىدىن ئۆمىلەپ تۇرۇپ بولدى. سەنەم ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كېلىپ ئۇنىڭ تۇپىسىنى قېقىشتۇردى، يۈز، پېشانە، بۇرۇن، قاڭشارلىرىدىكى تەرگە چاپلاشقان تۇپىلارنى رومىلى بىلەن سۈرتكەچ يۈز - كۆزلىرىگە سۆيۈپ، كىچىك بالىنى ئەركىلەتكەندەك سۆزلەپ كەتتى:

— ۋاي جېنىم، ۋاي جىگەر پارەم، قورقۇپ يۈرىكىم چىقىپ كەتتى، قەيېرىڭىز ئاغرىدى؟

— ھېچ يېرىم ئاغرىمىدى.

سەنەم توختىماي غېرىبنىڭ ئېڭىكىنى سىلايتتى، ئۇ يەر - بۇ يېرىنى تۇتاتتى، كۆزلىرىدىن بولسا تارامىلاپ ياش ئاقاتتى. ئۇ غېرىبنى يۆلەپ سۇ بويىغا ئاپاردى. يۈزىنى يۇماقچى بولۇپ چاڭگىلىدا سۇ ئېلىۋېتىپ ئۆزىنىڭ قولىنىڭ لاي ئىكەنلىكىنى كۆردى - دە، غېرىبقا سەپسېلىپ قاراپ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتى. غېرىبنىڭ يۈز - كۆزلىرىمۇ لاي يۇقى ئىدى. سەنەم قولىنى يۇيۇۋېتىپ ئۇيگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىردى - دە، ئەينەكنى ئاچىقىپ غېرىبقا ئۆزىنى كۆرسەتتى. غېرىبمۇ ئۆزىنى ئەينەكتە كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. سەنەممۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي غېرىبقا ئۆزىنى تاشلىدى. ئىككىسى سۇ بويىدا يومىلاقلىشىپ كىيىملىرى لاي، ئاياغلىرى ھۆل بولۇپ كەتتى.

بۇ چاغدا نىگارئايىم قايناق بازاردا ئاتلىق مەپىنى ھارۋا ھەم ئۇلاغ بىلەن توشۇپ كەتكەن دەڭگە ئەكىرىپ غوجىدارغا تاپشۇردى. غوجىدار بۇ ئاتلىق مەپىنى دەڭنىڭ كەڭ سەيناسىغا ئېلىپ كىردى. دەڭ چايخانىسىنىڭ پېشايۋىنى ئاستىدىكى سۇپىدا چاي ئىچىشىپ ئولتۇرغان ئادەملەر گۈلجامالنى يېتىلەپ ماڭغان چۈمبەللىك نىگارئايىمغا دىققەت قىلىشتى. نىگارئايىم دەرھال گۈلجامالنى يېتىلەپ دەڭدىن چىقىپ كەتتى.

ئەمدى شاۋازدىن سۆز ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ. شاۋاز بىلەن سالاھىدىن ئەتتارى چاھارباغدىكى راۋاقتا سۆھبەتلىشىۋاتاتتى. شاۋاز سالاھىدىنغا قوللىرىنى شىلتىپ قايىنىماقتا.

— مەن غەزنەۋىلەر ئەلچىسى بىلەن مۇشۇ ئىش ئۈستىدە جىددىي سۆھبەتلىشىۋاتسام، سىلى ئۇرۇش ۋەھىمىسىدە قالغان بەلخ شەھىرىنى تاشلاپ نېمىشقا كەلدىلە، قانچىلىك ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكلىرىنى بىلەمدىلا؟

— غەزنەۋىلەر ھەر كۈنى يايلاقلىرىمىزغا بەش پەرسەخ ئەتراپىدا ئىچكىرىلەپ كىرىپ بەلخنى قورشاپ بولدى. بىزنىڭ توختىماي ئەۋەتكەن مەلۇماتلىرىمىزغا سىلى چېكىنىڭلار،

ئۇرۇشتىن ساقلىنىڭلار دېگەن جاۋابنى بېرىۋەردىلە، — دېدى سالاھىدىن.

— پادىشاھ ئالىيلىرى بىلەن بىز يىراقنى ئويلايمىز، سىلى ئاشۇ ئۇرۇشنىلا ئويلايدىلا. قالغان ئىشنى نېمە بىلىدىلا؟ سىلى خان بىلەن مېنىڭ پەرمانىمنى ئىجرا قىلىشنى بىلسىلە، — دېدى شاۋاز.

— ئۇلارغا تاقابىل تۇرماي ئالدىغىنىڭ شۇمۇ دەپ چېكىنىۋېرىدىغان ئىش بولسا، ئۇ يەردە مېنىڭ تۇرغىنىمنىڭ، لەشكەر تۇرغۇزغانىنىڭ نېمە پايدىسى؟ قايتىپ كەلگىنىم بوپتۇغۇ مانا، — دېدى سالاھىدىن.

— سىلى پېشقەدەم سەركەردىلىك نوپۇزلىرىنى پەش قىلىپ خان پەرمانىغا قارشى چىقماقچىمۇ؟ سىلى مەن چەت ئەل ئەلچىسىنى كۈتۈۋاتقان دۆلەت چاھارباغىغا باستۇرۇپ كىرىپ مېنى ئوسال قىلدىلا. بۇنىڭ قانداق جىنايەت ئىكەنلىكىنى بىلەمدىلا؟

شاۋازنىڭ بۇ گەپلىرىدىن ئىچى قايناپ كەتكەن سالاھىدىن يەنە ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— سىلى كوچا ـ كويلاردا چەلپەكچى موللا بولۇپ ئېشەك مىنىپ يۈرگەن چاغدا بۇ چاھارباغنى مانا مەن بىنا قىلدۇرغان. ئەجەبا، مەن ئۆزۈم بىنا قىلدۇرغان باغقا كىرسەم بولمامدىكەن؟ سىلى خاندانىمىزنىڭ شۇنچە تاغ ـ دەريا، يايلاقلىرىنى ياتلار بېسىۋالسا، ئۇرۇشسىز چېكىنىشكە پەرمان چۈشۈرۈپ، ۋەتەن زېمىنىنى ئۇلارغا بىكارغا بېرىۋېتىپ، يەنە بۇ يەردە باسمىچىلارنىڭ ئەلچىسىگە تەخسە كۆتۈرۈپ، غالچىلىق قىلسىلا، ئەيش ـ ئىشرەت قىلىپ خاندانلىقىمىزغا ئاسىيلىق قىلسىلا، سىلى گۇناھكار بولماي، مەن گۇناھكار بولامدىمەن؟

شاۋاز چىداپ تۇرالماستىن سالاھىدىن ئەتتارىنى كاچاتلاش ئۈچۈن قولىنى كۆتۈردى، سالاھىدىن ئەتتارى ئۇنىڭ قولىنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدى.

— كېلىڭلار!

شاۋازنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىر توپ ياساۋۇل ئەتراپنى قورشىدى. سالاھىدىننىڭ نۆكەرلىرى قىلىچلىرىنى قىنىدىن چىقىرىپ تۇرۇشتى.

— جەڭدە قىلىچ تۇتۇپ باقمىغان قول قىلىچ تۇتقان قولدىن گال بولىدۇ، ۋەزىرئەزەم، سىلىنىڭ بۇ قولىرىدىن شۇملۇق كېلىدۇ. قىلىچ ـ نەيزە ئويىنىتىش كەلمەيدۇ. ئەجەپ بۇ نازۇك قوللىرىنى ئۆزلىرىنى چاغلىماي ئەر كىشى قىلىدىغان ئىشقا شىلتىپ قالدىلىغۇ، — دېدى سالاھىدىن.

— بولدى قىلىش، يوقىلىش، خەققە تاماشا قىلىپ بەرمەي.

شاۋازنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن ياساۋۇللار تارقالدى. شاۋاز سالاھىدىننىڭ قولىدىن قولىنى تارتىۋېلىپ دېدى:

— سەن قېرى مۇتتەھەم بىلەن بۇ يەردە ھېسابلاشقىلى چولام يوق. بۇ يەردىن دەرھال يوقال !

— كەچكىچە يا ئۇرۇش قىلىدىغان، يا خوتۇنلىرىنىڭ رومىلىنى ئارتىپ شەھىرى بەلخنى ياتلارغا ئىككى قوللاپ تۇتۇپ بېرىدىغان قارارنى چىقىرىپ، ئاندىن مېنى چاقىرارلا. ئەتىدىن قالسا مەن شەھىرى بەلخكە قايتىپ، ئۆز قارارىم بويىچە ئىش قىلىمەن، — دېدى سالاھىدىن. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ گۈس ـ گۈس دەسسەپ باغدىن چىقىپ كەتتى. شاۋاز شالاڭ ساقىلىنى تۇتاملاپ قالدى.

ۋەلى بايۋەچچىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى قېرى ئۈجمە دەرىخىگە باغلاپ قويۇلغان يۈز ـ كۆزى تاياقتىن ئىششىپ كۆكەرگەن، قانىغان، كىيىملىرى قامچا دەستىدىن تىتىلىپ كەتكەن ئايشەنى ئىككى لەشكەر توختىماي قامچىلىماقتا. قولىنى بويىنغا ئاسقان، يانپېشىنى تېڭىپ ئۈستىدىن ئوغلاق تېرىسى يۆگىگەن، بىر تال قولتۇق تايىقى تايىنىۋالغان ۋەلى بايۋەچچە ۋارقىرىدى:

— دېگىنە، قېرى، سەن زادى كىم؟ !

— دېدىمغۇ، ئېتىم پاتەمخان، ئۆزۈم گۇمىدىن، — دېدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايشە جاۋاب بېرىپ.

— ھېلىقى بوزوقچۇ؟

— ئۇ مېنىڭ قىزىم، ئېتى نىساخان، لېكىن بوزوق ئەمەس.

— يالغان ! سەن تېخى تاياقتا تويماپسەن.

— ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلارمۇ دەيدىغىنىم شۇ.

— ھۇ جاھىل قېرى، بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ؟ ! — سورىدى يەنە ۋەلى بايۋەچچە.

— قىزىمنى ئېرى تولا كۇنلەپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويای دېدى، شۇڭا قېچىپ چىقتۇق.

— قىزىڭ قېنى؟

— سەن دېگۈچە مەن دەي دەپ بۇنى مەندىن سورايسىلەرغۇ؟ بىر ئوبدان ئۆيدە قالغان قىزىمنى نېمە قىلدىڭلار؟ سىلەر مەندىن تەتۈر ھېساب ئالماقچىمۇ؟ — دېدى ئايشە بوي بەرمەستىن.

— ھۇ جادۇگەر! ئۇرۇڭلار بۇ تاياق قېپى جادۇگەرنى !

لەشكەرلەر ئايشەنى يەنە قامچىلاشقا باشلىدى. شۇ چاغدا بىر جېسەكچى كىرىپ دېدى:

— غوجام، نىياز ھاكىم ئۆزلىرىنى دەرھال كەلسۇن دەپ چاپارمەن ئەۋەتىپتۇ.

— ھۇ نەس باسقۇر ... — دېدى - دە، ۋەلى بايۋەچچە سىرتقا ماڭدى.

تاغ ئارىسىدىكى خىلۋەت مەھەللە. پاكىز كىيىملەرنى كىيگەن غېرىب بىلەن سەنەم ئۆيدىن چىقتى. سەنەم غېرىبنى يېتىلەپ ئەكېلىپ كارىۋاتتا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى - دە، ئۆيگە كىرىپ ئىككىسىنىڭ يېڭى يۇغان كىيىملىرىنى ئاچىقىپ دەرەخ شاخلىرىغا يايدى. ئاندىن ئۆگزىدىن ياغاچ تەگنىنى ئېلىپ چۈشۈپ يەنە لاي ئۇستى.

— مەن ساقىياي دەپ قالدىم. سىز بۇ ئىشلارنى قىلىشقا لايىق ئەمەس، ساقايغاندا ئۆزۈم قىلاي، — دېدى غېرىب.

— سىزگە لايىق ئىش بار، سىزمۇ بىكار قالمايسىز.
— نېمە ئىش؟
— سىز ئاشۇ يەردە ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتىپ بەرسىڭىز مەن ناخشىڭىزنى ئاڭلىغاچ بۇ ئىشلارنى بىردەمدە قىلىپ بولىمەن. ئاندىن سىزگە غىزا ئېتىپ بېرىمەن، — دېدى سەنەم.
— سىز تەييار تاماق يەپ كۆنگەن ئەركە مەلىكە تۇرۇقلۇق تاماق ئېتىشنى قانداق بىلىسىز؟
— مەن تاماق ئېتىشنى ئاغىچا ئانامدىن ئۆگەنگەن. ئاغىچا ئانام ھەمىشە قىز بالا تاماق ئېتىشنى بىلمىسە بولمايدۇ، دەيتتى.
— نېمە تاماق ئېتەلەيسىز؟
— ھەممىنى، نېمە يەيسىز؟
— لەڭمەن.
— ۋاي ئېسىم قۇرۇسۇن، تاماق ئېتىدىغانغا ھېچ نەرسە يوق. ئانام بازاردىن ئەكەلگەندە بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى سەنەم.
— ئۆيدە ھېچ نەرسە بولمىسىمۇ ئانام مېنى ئاچ قويمايتتى. ئانام چوقۇم قورسىقىمىز ئېچىشىغا ئۈلگۈرۈپ كېلىدۇ، — دېدى غېرىب.
— راست دەيسىز، ئۇنى مەنمۇ بىلىمەن. قېنى سىز ناخشىڭىزنى باشلاڭ، سىزنىڭ ناخشىڭىز كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ، مەنمۇ ئىشىمنى پات تۈگىتەي، — دېدى سەنەم.
غېرىب سەنەمنىڭ چاققان ھەرىكەتلىرىگە زوقلىنىپ قاراپ، تامنى تۇتۇپ پۇتلىرىنى سۆرەپ مېڭىپ ئۆيگە كىردى، تەمبۇرنى ئاچىقىپ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ سازلاپ چالدى. سەنەم تەمبۇرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىشىنى تاشلاپ ئۆگزىدىن ئېڭىشىپ دېدى:
— تەمبۇرنى ئۆيدىن ئاچىقالىدىڭىزمۇ؟
— بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى؟
— پاھ، ئەتە - ئۆگۈن ھەرقاچان ھەممىنى شۇنداق دەيسىز!
— خۇدا بۇيرۇسا نەچچە كۈنگە قالماي ئاتقا مىنىپ بىرىپ ئاخۇنۇمدىن بىرنى تېپىپ كېلىپ، سىزنى نىكاھىمغا

www.uyghurkitap.com

ئالدىغاندەك تۇرىمەن.

— ئەسكى ... خۇدايىم دېگىنىڭىز كەلگەي!

غېرىب تەمبۇر چېلىپ ناخشا ئېيتتى.

شاھ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا قوراللىق ياساۋۇللار سالاھىدىن ئەتتارنى توسۇۋېلىپ كىرگۈزمىدى.

— مەن خانلىقنىڭ ئالىي سەردارى، مېنىڭ پادىشاھ ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشىدىغان ناھايىتى مۇھىم ئىشىم بار، مېنى توسۇماڭلار، — سالاھىدىن شۇنداق چۈشەندۈرسىمۇ ياساۋۇل:

— كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ۋەزىرئەزەمنىڭ رۇخسىتىسىز شاھ ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشكە رۇخسەت يوق، — دەپ كىرگۈزمىدى.

سالاھىدىنىنىڭ نۆكىرى قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئالدىغا ئۆتتى. ئاسماندىن چۈشكەندەك بىرەر يۈزچە لەشكەر پەيدا بولۇپ، ئۇلارنى قاتمۇقات قورشىۋالدى. سالاھىدىن ئىلاجسىز كەينىگە ياندى.

بۇ چاغدا شاھ قەسرىنىڭ پېشايۋىنىدىن ئالدىراپ چىققان شاۋاز ئابدۇللا شاتىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— ئاتا، ئۆزلىرىگە دەيدىغان مۇھىم گەپ بار ئىدى، — دېدى ئابدۇللا.

— ھازىر سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلايدىغانغا ۋاقتىم يوق.

— ئاتا، سالاھىدىن دېگەن ئالجىغان قېرى ئالدىنقى سەپتىن قايتىپ كەپتۇ.

— خەۋىرىم بار.

— ئۇ دۆيۈز پەرمانغا خىلاپلىق قىلدى، ھەتتا سېنىمۇ ھاقارەتلىدى. ئۇ بىزنى قىلچە كۆزگە ئىلمايدىكەن.

— ئىشىڭنى قىل، بۇ ئىشقا سەن ئارىلاشما.

— مەن دېگەن ھەربىي ۋەزىر، ئۇ مېنىڭ قول ئاستىمدىكى ئادەم، ئۇ ماڭا بويسۇنۇشى كېرەك.

— ئۇنى باشقۇرۇشنى ماڭا قويۇپ، سەن ئۆزۈڭنى باشقۇر.

ئابدۇللا يۇگۇرۇپ ئاتىسىنىڭ ئالدىنى توسۇپ دېدى:

— مەن ئۇنى خانىدانلىقنىڭ ھەربىي قانۇنى بويىچە زىندانغا تاشلايمەن.

— ئىشىڭنى قىل، بەتبەخت، ئۇ ئىشنى مەن ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن! — شاۋاز خاپا بولۇپ ۋارقىرىدى.

— سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە مەن مەڭگۈ تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ ئوينايدىغان بالىمۇ؟

— يولۇمنى توسما، ھېلى بىكار يېتىڭدىن چۈشۈپ ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى بىلىپ قالىسەن.

نىياز ھاكىمنىڭ مەھكىمىسى. ياشانغان نىياز ھاكىم پەي ياستۇققا يۆلىنىپ مۈگدەپ ئولتۇراتتى. دېدەكلەر مۈرىسىنى يېنىك مۇشتلاپ تۇردى. بەگ ـ تۆرىلەر ئۇنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە قول باغلاپ ئولتۇرۇشتى. ھاكىم بەتبەشىرە ھالەتتە قولتۇق تاياقنى تايىنىپ تۇرغان ۋەلى بايۋەچچىگە پەرۋاسىز قاراپ دېدى:

— سەن نېمە بولدۇڭ، ۋەلى باي؟

— ھاكىم جانابلىرىغا مەلۇم بولغاي. مېنى باج تاپشۇرۇشقا قارشى چىققان بىر توپ ياقا يۇرتلۇق سودىگەرلەر مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى، — دېدى ۋەلى بايۋەچچە.

— خەزىنىگە كىرىم كىرمىسە، دۆلەت قانداق ئۆرە تۇرىدۇ؟ ئۇنداق ياۋايى سودىگەرلەرنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزلىرىنى زىندانغا تاشلاپ، يىت ـ بۆرىگە يەم قىلىپ ئۆلتۈرۈش لازىم. قېنى ئۇلار؟ — دېدى ھاكىم.

— ئۇلارغا بىزنىڭ بازارنىڭ ياساۋۇللىرى قوغلاپ تەڭ كېلەلمەي، مەھكىمىدىن ھاكىم جانابلىرىنىڭ جېسەكچىلىرى ياردەمگە باردى.

— ھە، بۇ گەپ شۇنىڭ بىلەن تامام، — دېدى ھاكىم يېڭى ئىشلارنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولۇپ، ئاندىن پەستە قول باغلاپ تۇرغانلارغا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، گېپىنى

www.uyghurkitap.com

داۋاملاشتۇردى، — ۋەزىرئەزەمدىن ناھايىتى جىددىي ھەم مەخپىي پەرمان كەلدى. مۇشۇ يەردە ئولتۇرغانلار ئۇلۇڭ قۇلاق، شول قۇلاقلىرىڭلارنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاڭلار. بۇ مۇشۇ يەردىكىلەرلا بىلىدىغان، كىم خوتۇن ـ بالىلىرىغا تىنىپ سالسا كاللىسى كېتىدىغان مەخپىيەتلىك. بەزىبىرلەر دائىم مەخپىي قارارنى ئۆيىدىكى خوتۇن ـ بالىلىرىغا دەپ قويۇپ كوچىغا تارىتىۋېتىدۇ. بۇ قېتىم ھەممىڭلارنىڭ پېيىدە مېنىڭ مەخپىي كۆز ـ قۇلاقلىرىم بار. كىمدەكىم بۇ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويىدىكەن، ئۇنىڭ ئەسلى ـ ۋەسلىنى قۇرۇتىۋېتىمەن. ۋەزىرئەزەمنىڭ مەخپىي پەرمانىدا دېيىلىشىچە، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ بىر توقالى غوجىدار خوتۇن بىلەن ئوردىدىن قېچىپ چىقىپتۇ. توقال ھامىلىدارمىش. ئۇنى كىم، قەيەردە چېلىقتۇرسا دەرھال تۇتۇپ مەھكىمىگە تاپشۇرغاي، ئىشلار ئىنتايىن مەخپىي ئېلىپ بېرىلسۇن. كىمدەكىم بوشاڭلىق، ھاڭۋاقتىلىق قىلسا كاللىسى ئېلىنىدۇ. ئاگاھ ھەم دانا بولۇڭلاركى، ۋەزىرئەزەمنىڭ مەخپىي كۆز ـ قۇلاقلىرى ھەممە يەردە بار. كىمدەكىم بۇ ئىشتا بىپەرۋالىق قىلىپ چاتاق چىقارسا ... شۇ بېشىنى يەيدۇ.

پەستە تۇرغانلارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، بولۇپمۇ ۋەلى بايۋەچچە ئېغىر تىنىپ قويدى.

# ئون ئىككىنچى باب

ئۆز نەپسىگە بېرىلگەن ئىنسان ھېچقاچان ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر ـ قانائەت قىلمايدۇ، ئولتۇرسا ـ قوپسا باشقىلارنىڭ رىزق ـ نېسىۋىسىنى ئىگىلىۋېلىشنى ئويلايدۇ. ئۇنىڭغا خەقنىڭكىنى يەۋېلىش ھوزۇر بىلىنىدۇ، خەقنىڭكىنى بىلمىدى دەپ يەۋالسا ھوزۇرلىنىدۇ، كۆرمىدى دەپ يەۋالسا راھەتلىنىدۇ، خەقنى ئالداپ يەۋالسا لەززەتلىنىدۇ. ئۇ بارا ـ بارا خەقنىڭكىنى يەپ ئۆگىنىپ قالىدۇ، ئۆزىنىڭكىنى يېسە ھوزۇرلانمايدىغان، ئازابلىنىدىغان، خەقنىڭكىنى يېسە راھەت بىلىنىدىغان بولىدۇ. ئۇنداق كىشى خەقنىڭكىگە كۆڭەنچە كۆڭلى قارىيىپ، قارانىيەت، ھارام تاماق ئادەمگە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر تىنىقى، ھەربىر ئېغىز گېپىدىن نىيىتىنىڭ قارىلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ، قارانىيەت ئادەم نەدە بولىدىكەن شۇ يەرگە شۇملۇق ياغىدۇ. ئالغان توپىسى ھارام، تۇتقان ئۆيى ھارام، توپلىغان مال ـ دۇنياسى ھارام بولۇپ، ئەتراپىدا ھالال ھەمراھ، ھالال بالا، ھالال خوتۇن، ھالال خىزمەتكار، ھالال چاكار دېگەنلەر بولمايدۇ. ھەممىسى ھارام بولغاچقا، ئەتراپىتىكى مۇھىتمۇ ھارام مۇھىت ھېسابلىنىدۇ. شاۋاز ئىگىلىۋالغان بالاساغۇن ئوردىسى ئەنە شۇنداق ھارام تاماقلار ئوردىسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ھارام چېكىگە يەتكەندە، ئۇ ئاستا كەينىگە يېنىشقا باشلايدۇ. ئاۋۋال ئۇ يەۋالغانلار يانىدۇ، ئاندىن ئۇ تارتىۋالغان خەقنىڭ رىزقى، خەقنىڭ نېسىۋىسى يېنىشقا باشلايدۇ. مانا ئەمدى ھەسەن ۋەزىرنىڭ ۋەزىرلىك ھەققى ئۇنىڭغا يېنىشقا باشلىدى. ھەق بىلەن ناھەق كۈچ سىنىشىپ ئېلىشىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلغانچە شاۋازنىڭ سۇيىقەستى ئەۋج ئالدى. ئۇ سۇيىقەست بىلەن ئۆزىنىڭ

هارام دۇنياسىنى قوغداپ، چىرىپ كەتكەن ئۆلىنى چىڭداشقا ئۇرۇندى. هارام يانىمەن دەيدۇ، شاۋاز سىڭدۈرىمەن دەپ جان قىينايدۇ. ئەمما، هارام يانغان چاغدا ئۇنى سىڭدۈرەلەيدىغان ئادەم بولمايدۇ. شاۋاز ئۆزىنىڭ رىزقىدىن باشقا هەسەن ۋەزىر ۋە شەيخ جالالىدىن باشچىلىقىدىكى هەققانىيەتنى قوغدىغۇچىلارنىڭ هەققىنى يەپ، خانلىقنىڭ چاقىنى پاتقاققا پاتۇرۇپ، هاكىمىيەتنى زەئىپلەشتۈردى. هەتتا غېرىبنىڭ رىزقى ـ نېسىۋىسىنىمۇ يەۋەتمەكچى بولدى. ئىچكى جەھەتتە هەققانىيەتنى بېسىش، تاشقى جەھەتتە شەرمەندىلەرچە ساتقۇنلۇق، تەسلىمچىلىك قىلىش، پۈتۈن دۇنيانى ئۆز نەپسىگە تەڭ قىلماسلىق ئۇنى هالاكەت يولىغا باشلىدى.

خانىش مېهرىبانۇ هۇجرىسىدا سالاهىدىن ئەتتارى بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى.

— خانىش ئالىيلىرى، بەلخ خەۋپ ئىچىدە قالدى. بىز ئۇرۇشمىساق خەق ئۇرۇشىدۇ، بىز تارىخىمىزدا بۇنداق ئېغىر خورلۇقتا قالمىغان. قانداقلا ئامال بولسا، مېنى شاھ ئالىيلىرى بىلەن دىدارلاشتۇرسila.

— ئۆزلىرى ئاتام زامانىسىدىن تارتىپ خاندانىمىز ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلىپ نۇرغۇن جەڭلەرنى قىلىپ، دۈشمەن بىلەن قان كېچىپ ئېلىشىپ، تۆهپە كۆرسەتكەن سەركەردە. ئۆزلىرىگە بىھۆرمەتلىك قىلىش مېنىڭ هەددىم ئەمەس. پادىشاھ ئالىيلىرى بىلەن هەتتا مەنمۇ شاۋازنىڭ پەرمانىسىز كۆرۈشەلمەيمەن. بۇ ئىشقا ئاجىزلىق قىلىمەن. سەردار ئالىيلىرى، ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنى ئاتام ئورنىدا كۆرۈپ بېشىم بىلەن مېڭىپ خىزمەتلىرىدە بولغۇم بار، — دەپ ئۆز كۆڭلىدىكىنى بىلدۈردى خانىش.

سالاهىدىن ئەتتارى چۈشكۈن هالدا چىقىپ كەتتى.

تاغ تۇرا. شەيخ جالالىدىن كەپىسىدە سادىق بىلال بىلەن سۆهبەتلىشىۋاتاتتى.

— سەنەمنى غەزنەۋىلەرگە ياتلىق قىلىشقا قارشى تۇرمىساق، بىزنىڭ كەلگۈسىدە غېرىبنى تەخت ۋارىسى قىلىش پىلانىمىز سۇغا چىلىشىدۇ، — دېدى سادىق بىلال.

— ئوخشاشلا شاۋازنىڭ ئابدۇللانى ۋەلىئەھدى قىلىش پىلانىمۇ يوققا چىقىدۇ. بۇ بەتنىيەتنىڭ ئۇسۇلى بويىچە بولغاندا، مەلىكىنى خەققە ياتلىق قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. ئۇ قارا كۆڭۈل قانداق ھىيلە ـ نەيرەڭ ئويلاۋاتقاندۇ؟ — شەيخ جالالىدىن چوڭقۇر ئويغا پاتتى.

— غېرىب، نىگارئايىملار ئەجەب دېرەكسىز غايىب بولدى. ئۇلارنى قانداق خۇپىيانە جايغا نەزەربەند قىلغاندۇ؟ — دېدى سادىق بىلال.

— بۇ يەردە شاۋاز تېخىمۇ چوڭ بىر ئويۇن ئويناۋاتقاندەك تۇرىدۇ، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— تېخىمۇ سەگەك بولمىساق بولمىدى. غېرىب، نىگارئايىملار بىر غايىب بولغانچە ئۇلارنىڭ نەدىلىكىنى ئەجەب بىلگىلى بولمىدى، — دېدى سادىق بىلال سۆزىنى قايتىلاپ.

ئۇلار يەنە غېرىب، سەنەمنىڭ ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئوردىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى بىلىشتىكى كۆۋرۈك ئىكەنلىكى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولۇپ كەتكەنلىكى، ئوردا توكۇل ئورداباىلقىنىڭمۇ مۇھاپىزىتىنىڭ تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە قاتتىق بولۇپ، ئوردابالىقىقا سىرتتىن بىرمۇ ئادەمنى كىرگۈزمەيۋاتقانلىقى ۋە چىقارمايۋاتقانلىقى، شۇنداقلا ئىلياستىنمۇ تا ھازىرغىچە بىرەر ئۇچۇر بولمايۋاتقانلىقى ئۇچۇن پاراكەندە بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا پاراڭلاشتى.

ۋەلى بايۋەچچە ھۇجرىسىدا پەي ياستۇقنى ئېگىز قويۇپ دۈم يېتىپ خىيال سۇرمەكتە.

«نېمانداق چىرايلىق جۇۋانكىن دېسەم ئەسلىدە خان ئائىلىلىرىنىڭ قېچىپ چىققان توقىلى ئىكەن ئەمەسمۇ. ئۇنى تاپشۇرۇپ بەرسەم ... ياق ... ياق ... ئۇنى خانغا بېرىشكە

چىدىمايمەن. تۆت خوتۇنۇمنىڭ ھەممىسىنى يىغساممۇ ئۇنىڭ تىرنىقىغا تەڭ كەلمەيدۇ. ئۆمرۈمدە نۇرغۇن خوتۇننى كۆرگەن، لېكىن بۇنىڭدەك ئايال زاتىنى كۆرمەپتىكەنمەن، خۇددى ھۆر ـ پەرىنىڭ ئۆزى زادى. ھىم، چىرايلىق خوتۇننىڭ راھىتىنى يالغۇز پادىشاھلا كۆرەمدۇ؟ مەنچۇ، مەن كۆرمەمدىكەنمەن؟ پادىشاھنىڭ خەزىنىسى بولسا مېنىڭمۇ ئۆلگۈچە يېتىپ يېسەم يەتكۈدەك مال ـ دۇنيايىم بار. ھىم، مىڭ يىل ياشامتىم. بۇنداق چىرايلىق خوتۇننى پىنھاندا ئالتۇن ـ يامبۇنى ساقلىغاندەك ساقلاپ ئۆمرۈم ئاخىرىغىچە ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ ھۇزۇرلانسامىمۇ بىر راھەت. خوتۇن كىشى دېگەن ئاللا ئەر كىشىگە بەرگەن نېمەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ كاتتا نېمەت ... جاھاندا ئەر كىشى ئۈچۈن ئايال كىشىنىڭ لەززىتىدىنمۇ ئارتۇق لەززەت يوق. خوتۇن بولمىسا بۇ دۇنيا ياشىمىسىمۇ بولىدىغان، بىر زېرىكىشلىك غەلۋە مەيدانى ... توختا ... »

تۇراخۇن بوۋاينىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ ئايالى پەزىلەتخان موماي قورقۇپ، ياتسىراپ تۇرغان ھۆربانۇغا چاي تۇتتى. ھۆربانۇ تارتىنىپ تۇرۇپ چاينى ئالدى.

— قىزىم، بىزنى يات كۆرمىسىلە. بۇ مېنىڭ قىرىق يىللىق ئايالىم پەزىلەتخان. بىز سىلىنىڭ دادا ـ ئانىلىرىغا ئوخشاش، كۆڭۈللىرىدە نېمە بولسا تارتىنماي دەۋەرسىلە، — دېدى تۇراخۇن ھاجىم ھۆربانۇغا مەدەت بېرىپ.

— ئۆزلىرىنى نېمە دەپ چاقىرسام بولىدۇ، قىزىم؟ — دېدى پەزىلەتخان.

ھۆربانۇ بىرئاز تۇرۇۋېلىپ دېدى:

— ھە ... مېنىڭ ئېتىم ئاينىساخان.

— ئاينىساخان قىزىم، ۋەلى باي دېگەن كاززاپنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسىلا سىلىگە ياخشى كۈن يوق. بۇ دوپپامدەك بازاردا سىلىنى ئۇزاق ساقلاپ بولالمايمىز، — دېدى تۇراخۇن ھاجىم.

— بارىدىغان يەرلىرىنى دېسىلە، سىلىنى كېچىچە يولغا



www.uyghurkitap.com

سىلىپ قويايلى.
پەزىلەتخان ئانىنىڭ گېپىدىن كېيىن ھۆربانۇ يىغلامسىراپ دېدى:
— ئانام مېنى تاپالماي نەلەردە سەرسان بولۇپ يۈرىدىغاندۇ؟
— ئانىلىرى ئاللىقاچان ۋەلى باينىڭ قولىغا چۈشۈپ بولدى، — دېدى تۇراخۇن ھاجىم.
— ئانام بولمىسا مەن ھېچ يەرنى بىلمەيمەن. بارىدىغان يېرىممۇ يوق، ئانامنى تاپمىسام بولمايدۇ.
ھۆربانۇ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆزىنى تۇتالماي ھەدەپ يىغلىغىلى تۇردى.
— ۋەلى باينىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان بولسا ئۇ رودۇپايدىن قۇتۇلماق تەس، — دېدى پەزىلەتخان.
— ئانىلىرى ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلغۇچە مۇشۇ ئۆيدە پاناھلىنىپ تۇرسىلا بولمامدۇ، — تۇراخۇن ھاجىم شۇنداق دېيىشىگە پەزىلەتخان:
— بۇ يەردە تۇرسا، ئاسانلا چېنىپ قالىدۇ. بىزنىڭ سەھرادىكى ئۆيدە تۇرسۇن، — دېدى.
— ھەببەللى، خوتۇن، كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭ. ئۇنداق بولسا، ھازىرلا بۇ يەردىن قوزغىلىپ شۇ ئۆيگە چىقىپ كېتىڭلار، بولمىسا ئىشىمىز چاتاق بولىدۇ، — دېدى تۇراخۇن ھاجىم.
تۇراخۇن ھاجىمنىڭ ھويلىسىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ چاكارلار ھەربىرىگە ئىككىدىن ساندۇق ئارتىلغان ئۈچ ئېشەكنى يېتىلەپ چىقتى. ئاندىن قارا چۈمبەل ئارتقان، پەرەنجە كىيگەن پەزىلەتخاننى يەنە بىر چاكار توقۇلغان ئېشەككە مىندۈردى. چۈمبەل ئارتقان بىر دېدەك پەزىلەتخاننىڭ كەينىدىن يەنە بىر ئېشەككە مىنىپ چىقتى. بىر چاكار ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغداپ چىقىپ كەتتى. تۇراخۇن ھاجىم ئۇلارنىڭ كەينىدىن دۇئا قىلىپ قالدى.
بازارنىڭ قەدىمكى دەرۋازىسىدا قاراۋۇللار پەزىلەتخاننىڭ

ئالدىنى توسىدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن دېدىكىنىڭ يۈزىنى ئاچقۇزۇپ قارىدى. ئاندىن ساندۇقلارنى چاكارلارغا ئاچقۇزدى، ھەرخىل تاۋار ـ يىپەكلەرنى كۆرۈپ ياپتى. ساندۇق ئاختۇرغان ئىككى جېسەكچىگە چاكار بىردىن تەڭگە بەردى. جېسەكچى قاراۋۇللارغا ئىشارەت قىلىپ دەرۋازىنى ئاچقۇزدى. پەزىلەتخانلار دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى.

ئايشە سولاقخانىدا تاياق زەربىسىدىن يېرىم بىھوش ھالسىز سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئىشىك ئېچىلىپ قولى بويىنىغا ئېسىلغان، ھاسا تايانغان ۋەلى باي كىردى. ئاستا دىڭگۇسلاپ كېلىپ ھاسىسىنىڭ ئۇچى بىلەن ئايشەنىڭ تۇمشۇقىنى نوقۇدى. ئايشە ئىششىپ كۆكەرگەن قاپاقلىرىنى يېرىم ئېچىپ يەنە يۇمۇۋالدى. ۋەلى باي ئاستا ئېڭىشىپ، ۋايساپ، ئىڭراپ كەتتى. ئاندىن يەنە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ ئاغزىنى ئايشەنىڭ چولاق قۇلىقىغا يېقىن ئەكېلىپ پەس ئاۋازدا دېدى:

ــ ھەي جادۇگەر قېرى، مەن سىلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭلارنى بىلىپ بولدۇم. ئەمدى مەن سېنى تەزىم قىلىپ تۇرۇپ ناھايىتى ئوبدان كۈتىمەن.

ئايشە كۆزىنى لاپ قىلىپ ئاچتى، ۋەلى باي گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ قانداق، راست بىلىپتىمەنمۇ، مەن سېنىڭ بۇ كىيىملىرىڭنى يەڭگۈشلەي ... ھە.

ۋەلى باي سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئورنىدىن تۇرۇپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ۋارقىرىدى:

ــ ھاي ... ھاي ... چاكارلار، قېنى سىلەر !
ئىككى چاپارمەن يۈگۈرۈپ كىردى ...

تۇراخۇن ھاجىم دۇكىنىنىڭ ئالدىغا پالاس سېلىپ ئۆزى بىلەن دېمەتلىك يەنە بىر بوۋاي بىلەن چاي ئىچكەچ شاھمات ئويناپ ئولتۇراتتى. ئاتقا مىنگەن ۋەلى بايۋەچچە بىر توپ جېسەكچىلەر بىلەن يېتىپ كەلدى.



www.uyghurkitap.com

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھاجىمكا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام بايۋەچچە غوجام، — دەپ تەڭلا سالام قايتۇردى ئىككى بوۋاي.

— ھېلىقى ئايال كەلگەندەك قىلدىمۇ؟ — سورىدى ۋەلى بايۋەچچە.

— ھە ... قايسى ئايالنى دەيدىلا، غوجام؟ — سورىدى تۇراخۇن ھاجىم.

— ئەتىگەن سىلىنىڭ دۇكانغا كىرگەن ھېلىقى ئىككى ئايالنىڭ بىرىچۇ؟

— ئەتىگەندىن بېرى بىرمۇنچە ئەر - ئاياللار بىردىن، ئىككىدىن دۇكانغا كېلىپ مال ئالدىغانلار مال ئېلىپ، ئالمايدىغانلار ئالماي چىقىپ كەتتى.

— خۇپسەنلىك قىلمىسىلا. ھاجىمكا، سىلى بازىرىمىزدىكى بىردىنبىر ئېشەكلىك مېڭىپ ئۈچ يىلدا مەككە مۇكەررەمگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىپ كەلگەن ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم. سەت تۇرىدۇ، بىز سىلىنى ھۆرمەت قىلغانغا لايىق، سۆپەتلىرىگە لايىق ئىش قىلسىلا، بۇ قىلىق سىلىگە ياراشمايدۇ، — دېدى ۋەلى بايۋەچچە.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان بوۋاي سۆز قىستۇردى:

— ھەببەللى، غوجام بالام، دۇكانغا كىرگەن ئاياللار يۈزىنى يۆگەپ كىرىدىغان تۇرسا، تۇراخۇن ھاجىم يا سىلىدەك ئاياللارنىڭ يۈزىنى ئاچقۇزۇپ رەڭلەپ، ئەن سېلىشىپ ئاندىن يولىغا ماڭدىغان باجگىر بولمىسا، بۇ قانداق دېگەنلىرى ئەمدى؟

— سەندىن كىم گەپ سورىدى پوق ساقال؟ ! ھاجىمكا خاپا بولمايلا، سىلىنىڭ دۇكان، ئۆيلىرىنى ئاختۇرىمىز ... ئاختۇرۇڭلار !

ۋەلى باينىڭ بۇيرۇق قىلىشى بىلەن جېسەكچىلەر دۇكانغا قىستىشىپ كىرىپ كېتىشتى.

قويۇق يۇلغۇن، قومۇش، سۆكسۆك باسقان جاڭگالدىكى ھارۋا

يولىدا پەزىلەتخاننىڭ ئىشەكلىك كارۋىنى كېتىۋاتاتتى. چۆلدىكى كىچىك بىر سۇلۇق ئېقىنغا كەلگەندە، پەزىلەتخان ئىشەكلەرنى توختىتىپ، ساندۇقتىن بىرىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئىچىدىن ئاق يىپەك رەختلەر ئارىسىدا قومۇش چىشلەپ، ئۇنىڭ ئۇچىنى ساندۇقنىڭ بۇلۇڭىدىكى تۆشۈككە تىقىپ ياتقان ھۆربانۇنى چىقاردى. ھۆربانۇ تەرلەپ چاچلىرى يۈزىگە، كۆڭلىكى بەدىنىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى. پەزىلەتخان ھۆربانۇغا قارا پەرەنجىنى كىيدۈرۈپ قويدى. ئۇلار ئازراق دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن يولغا چىقىشتى.

نىگارئايىم ئۇن، گۈرۈچ، قاپاقتا ماي، ھەر خىل سەي ـ كۆكتات، ھەرخىل مېۋە، بوغچا ـ بوغچا كىيىم، ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەر بېسىلغان مەپىنى ھەيدەپ دەڭدىن چىقتى. ئەتراپتىكىلەر نىگارئايىم بىلەن گۈلجامالغا قىزىقسىنىپ قاراشتى. دەڭچامۇ ياقىسىنى تۇتۇپ ئۆز ـ ئۆزىگە دېدى:

— ئادەم ئۆلمىسە ھەر ئىشنى كۆرىدىكەن، مۇشۇ كەمگىچە ئاتلىق مەپە ھەيدىگەن ئايالنى كۆرمەپتىم، ئەمدى كۆرۈپتىمەن. بۇ ئەتراپتا بۇنداق ئادەم يوق ئىدى، نەدىن كەلگەندۇ؟ بۇ ئايالنىڭ ئېرى لايغەزەلمۇ يا كېسەلمۇ، خۇدايىم ئۆزى بىلىدۇ.

ۋەلى بايۋەچچە ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئەگرى غاڭزىسىنى شوراپ پۇرقىرىتىپ ئىس چىقىرىپ، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماستىن شاھمات ئويناپ ئولتۇرغان تۇراخۇن ھاجىم بىلەن بوۋايغا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ تۇراتتى. جىيەكچىلەر دۇكاندىن سالپايغان ھالدا يېنىپ چىقىشتى.

— يوق، بېگىم.

— راست يوقمۇ، تۇراخۇن ھاجىمكا؟ — سورىدى ۋەلى بايۋەچچە.

— بۇ گەپنى سىلىنىڭ خىزمەتكارلار دېدى، بايۋەچچە غوجام ... ھوي باللىرىم، دۇكان، ئۆيلىرىنى قالايمىقان قىلىۋەتمىگەنسىلەر؟

خىزمەتكارلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويدى. زەردىسى قايناپ كەتكەن ۋەلى بايۋەچچە ئۇن ـ تىنسىز ھالدا قايتىش ئىشارىتى قىلدى.

مېھرىبانۇ خانىشنىڭ ھۇجرىسى. شاۋاز سۇرلۇك قىياپەتتە خانىشنى سوراق قىلغاندەك سۆزلىمەكتە. مېھرىبانۇ خانىش قورقۇمسىراپ بىچارىلىك بىلەن جاۋاب بەرمەكتە.

ــ سالاھىدىن دېگەن قېرى بۇ يەرگە نېمىدەپ كەپتۇ؟

ــ ئۇ مېنى پادىشاھ ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشتۇرسىلە، مېنىڭ شاھقا يۈز تۇرانە دەيدىغان ناھايىتى مۇھىم ئىشىم بار دەيدۇ، ــ دەپ جاۋاب بەردى مېھرىبانۇ خانىش.

ــ نېمە مۇھىم ئىش دەپ سورىدىلىمۇ؟

ــ يوقسۇ، ھەزرەتلىرى، مەن ئەزەلدىن خانلىقنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى پادىشاھ ئالىيلىرىدىنمۇ سورىمايتتىم ھەم شۇنداق گەپ بولغاندا ئۆزۈمنى چەتكە ئالاتتىم. بۇنى ماڭا رەھمەتلىك ئاتام ئۆگەتكەن. ئاتام رەھمەتلىك ئەر كىشىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماي، ئۆي ئىشى، باللارنىڭ ئىشى بىلەن بول، ئەرگە ئوبدان خوتۇن، بالىغا ئوبدان ئانا بولغىن! بۇ ئىشنى خۇدا شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان دەپ نەسىھەت قىلاتتى.

ــ نېمانداق نەق گەپتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ نەدىكى ئۆتكەن زاماننىڭ گېپىنى يورغىلىتىلا، خانىش ئايىم؟ سالاھىدىن راست باشقا گەپ قىلمىدىمۇ؟

ــ ياق، ۋەزىرئەزەم، باشقا گەپ قىلمىدى. پەقەت پادىشاھ ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشۈشۈمگە ياردەم قىلسىلا دېدى. مەنمۇ پادىشاھ ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشسەم ۋەزىرئەزەمنىڭ رۇخسىتىنى ئالىمەن دېدىم.

ــ سىلى بۇ گەپنى نېمىشقا دەيدىلا؟ بۇ گەپ سىرتقا چىقىپ كەتسە ھەممىمىزگە ياخشى ئەمەس دەپ قانچە قېتىم دېدىم بولمىسا. نېمانداق كالللىرى ئىشلىمەيدۇ سىلىنىڭ، ــ دېدى شاۋاز.

www.uyghurkitap.com

— مەن ئېزىپتىمەن، ئادەم قىزىغانچە كاللىسىدىن كېتىدىكەن. ۋەزىرئەزەم، مېنى كەچۈرگەيلا. قىزىم سەنەمدىن ئايرىلغاندىن بېرى قويغان - تۇتقىنىمنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالدىم.

— كاللىلىرىنى سىلكىۋېتىپ، ھوشيارراق يۈرسىلە، خانىش ئايىم. ئۆزلىرىمۇ پادىشاھ ئالىيلىرىدەك بولۇپ قالمىسىلا يەنە.

— ماڭا رەھىم قىلسىلا، ۋەزىرئەزەم، ماڭا ئىچىلىرى ئاغرىسۇن، — دېدى مېھرىبانۇ بىچارە قىياپەتتە.

— سىلىگە ئىچ ئاغرىتقاچ قىزلىرى سەنەمنى ئەكېلىپ بەردىم. ئۇنداق ئەمەسمۇيا؟!

— شۇنداق، ۋەزىرئەزەم، شۇنداق، ئېسىم قۇرۇسۇن، ئۆزلىرىنىڭ مەلىكە ئالىيلىرىنى ئەكېلىپ بەرگەنلىرىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. مەن ئالجىغان قىزىنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچسىلە.

— يات يېقىندا يېڭى بوغدايغا ئورغاق تېگىشتىن بۇرۇن مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ تويىنى قىلىمىز.

— پادىشاھ ئالىيلىرىغا ئىچىلىرى ئاغرىسۇن. ئۇ بۇنى بىلسە يەنە تۈگىشىپ كېتىدۇ، ۋەزىرئەزەم، — دەپ يالۋۇردى مېھرىبانۇ.

— مەلىكىنى غەزنەۋىلەرگە ياتلىق قىلىدىغانلىقىمىزنى پادىشاھتىن مەخپىي تۇتىمىز، — دېدى شاۋاز.

— كېيىن بىلىپ قالسا يەنە تۈگىشىپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

— توي ۋاقتىغا خېلى بار، ئۇنىڭغىچە شاھ ئالىيلىرىمۇ خېلى ساقىيىپ قالىدۇ. ھەر ئاماللار بىلەن بۇ ئىشنىڭ پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىمىز. ئۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلماي بولمايدۇ.

— پەقەت بولمىغاندا ھەقىقىي ئەھۋالنى شاھقا بىلدۈرەرمىز بولمىسا.

— ھەرگىز باشباشتاقلىق قىلمىسىلا، جانلىرىغا ھېزى بولسىلا. مەن سىلىنىڭ ئۆز ئەجەللىرى بىلەن ئۆلۈشلىرىنى ئارزۇ قىلىمەن، — دېدى شاۋاز تەھدىت ئارىلاش .

— سىلىدىن بىسوراق ئىش قىلمايمەن، ھەزرەتلىرى. مېنىڭ بىردىنبىر ئارزۇيۇم كۆزۈمنىڭ ئوچۇق چېغىدا قىزىمنى كۆرۈۋېلىش.

— تولا ۋالاقلىماي ئىبادەتلىرىنى قىلغاچ مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ تويىغا تەييارلىق قىلسىلا .

شاۋاز سۆزىنى تۈگىتىپ چىقىپ كەتتى.

تاغ ئارىسىدىكى خىلۋەت مەھەللە. سەنەم سۇ بويىغا يېقىلغان گۈلخان ئەتراپىدا يۇلغۇن زىخىغا ئۆتكۈزۈلۈپ ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇلغان توشقان گۆشى بىلەن قىرغاۋۇل گۆشىنى قولىدا تىتىپ غېرىبنىڭ ئۆنىمىغىنىغا قارىماي ئاغزىغا سىلىپ قويۇۋاتاتتى. شۇ چاغدا ئات قاتتىق كىشنەپ مەپە يېتىپ كەلدى.

— ئانا ! ئانا ! — ۋارقىرىدى غېرىب.

— ئېزىپ كەتمەي كېلەلىدىلىمۇ، ئانا ... خۇداغا شۈكۈر، — دېدى سەنەممۇ.

— ئات ... مەلىكە قىزىمىنىڭ ئېتى بىلەن گۈلجامال قىزىم مەندىن ئەقىللىق ئىكەن، — دېدى نىگارئايىم.

غېرىب بىلەن سەنەم تەڭ ئورنىدىن تۇردى. سەنەم ئالدىدا يۈگۈرۈپ كېلىپ نىگارئايىمنى قۇچاقلىدى، غېرىب پۇتىنى سۆرەپ دىڭگۇسلاپ ماڭدى.

— ئانا، ئانا، ئاكام ماڭالايدىغان بوپتۇ، — دېدى گۈلجامال.

— ۋاي نېمە دەيدىغانسەن، قىزىم؟

نىگارئايىم پۇتىنى سۆرەپ كېلىۋاتقان غېرىبنى كۆرۈپ، ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى باغرىغا بېسىپ ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى.

— ۋاي غېرىب ئوغلۇم، تاغدەك يۆلەنچۈكۈم ئوغلۇم، ماڭدىڭمۇ، ئوغلۇم؟ ماڭغىنىڭنى كۆرۈپ خۇشاللىقتا يۈرىكىم

يېرىلدى، ئوغلۇم، مېنى نېمانچە خۇش قىلىسەن، ئوغلۇم؟ مەن ئۆلگەنىدىم، ئوغلۇم ... ئەمدى تىرىلدىم، ئوغلۇم ... بۇ چۈشۈم ئەمەستۇ، ئوغلۇم؟ ... پالەچنىڭ ماڭغىنىنى كۆرمىگەنىدىم، ئوغلۇم، ئاھ خۇداغا زارىم يەتتىمۇ، ئوغلۇم...

بۇ چاغدا تاغ چوققىسىدا بىر قارا نىقابلىق ئادەم ئۇلارنى ماراۋاتاتتى. غېرىب بىلەن سەنەم ئۇنى كۆرمەستىن ئۆز خۇشاللىقى بىلەن بولۇۋەردى. سەنەم مەيدىكى نەرسىلەرنى بىرمۇبىر كۆرۈپ ئۆيگە توشۇدى. نىگارئايىم غېرىبنىڭ يەنە پۇتىنى سۆرەپ ھەم دىڭگۇسلاپ مېڭىشىنى كۆزىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ كۆردى.

ئايشە باشقىچە كۈتۈنۈشكە نائىل بولدى. چىرايلىق ياسالغان ئۆيدە تېۋىپ موماي ئۇستۇبېشى تازىلىنىپ، يېڭى كىيىم كىيدۈرۈلگەن ئايشەنىڭ يۈزىدىكى جاراھەتنى تازىلاپ دورا سۈردى. ۋەلى بايۋەچچە خۇش تەبەسسۇم بىلەن پەگاھتا گۇناھكارلارچە قىياپەتتە قول باغلاپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. تېۋىپ موماي ئىشنى تۈگىتىپ تەزىم قىلىپ بوغچىسىنى يىغىشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى. چاكار ـ دېدەكلەر پايپېتەك بولۇپ داستىخان سېلىپ، مۇراببا، ھۆل ـ قۇرۇق مېۋە، نان، كاۋاپ، ھورى چىقىپ تۇرغان پولۇلارنى تىزدى.

— بىلمەستىن قوپاللىق قىلىپ، كەچۈرگۈسىز گۇناھ قىپتىمەن. پېقىرنىڭ ئەقىلسىزلىقىنى كەچۈرگەيلا. قېنى، غىزاغا ئېغىز تەگسىلە، — دېدى ۋەلى بايۋەچچە.

— قۇرۇق گەپلىرىڭنى قوي، بەتبەخت ئوغرى. ماڭا قىزىمنى كۆرسەت! قىزىمنى كۆرمەي تۇرۇپ گېلىمدىن قانداق غىزا ئۆتىدۇ؟ — دېدى ئايشە.

— ئادەملىرىم ھەممە يەرنى، ھەتتا قۇشقاچ ئۇۋۇسىغا قەدەر ئىزدەۋاتىدۇ. قىزلىرى قايسى كامارغا بېكىنىۋالدى؟ ئىشقىلىپ، مۇشۇ ئەتراپنىڭ بىر يېرىدە بار. ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام دەپتىكەن، سىلى تاماق يەۋاتقۇچە تېپىلامدۇ تېخى، — دېدى ۋەلى

بايۋەچچە.

— ئېغىر بوي قىزىم بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرايدىغان بولسا، سەن رودۇپايغا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن!

— ئۇنداق يامان كۈنلەرنى خۇدايىم هارام قىلغاي! ئادەملىرىم ئۇنى تىنماي ئىزدەۋاتىدۇ، خاتىرىلىرىنى جەم قىلغايلا.

— قىزىمنى ئۆزۈم تاپمىغۇچە، سەن كۆزى ئوچۇق كورلار تېپىشالمايسەن، — دېدى ئايشە.

سالاهىدىن ئەتتارى ئائىلىسىدىكى ئۈچ ئوغۇل، ئۈچ كېلىن، ئون بىر قىز - ئوغۇل نەۋرە، ئايالى قەمبەرخانلار بىلەن داستىخاندا تاماقنى يەپ بولۇپ دۇئا قىلىشتى. دېدەك - چاكارلار داستىخاننى يىغىشتۇردى. نەۋرىلەر سالاهىدىن بىلەن قەمبەرخاننى بىرمۇبىر بويىنىدىن قۇچاقلاپ سۆيۈپ خوشلاشتى. كېلىنلەر تەزىم قىلىپ خوشلاشتى.

— ئاتا، بىزنىڭ ئۆيگە قەدەم تەشرىپ قىلىشقا قاچانلاردا ۋاقتىلىرى چىقار؟ — دەپ سورىدى چوڭ ئوغلى.

— ۋاقتىم چىققاندا ئۆزۈم خەۋەر قىلىمەن، بالام، — دەپ جاۋاب بەردى سالاهىدىن ئەتتارى.

كەينىدىن ئۇلاپ ئوتتۇرانچى ئوغۇلمۇ:

— بىزنىڭ باغنىڭ ئاق ئۆرۈكى پىشىپ ئاخىرى قالدى. سىلىنى كېلىپ قالسىلا ئېغىز تېگەرمىكىن دەپ ساقلىغان. ئەتە بىزنىڭ باغدا غىزالىنايلى، ئاتا، — دېدى.

— بايا يېدىمغۇ؟ — سالاهىدىن شۇنداق دېيىشى، ئوتتۇرانچى ئوغۇلنىڭ ئايالى:

— ئۆز قوللىرى بىلەن شاختىن ئۈزۈپ يېگەنلىرىنىڭ تەمى باشقىچە بولىدۇ، ئاتا، — دېدى.

— ئۆزۈم بارىدىغان چاغدا خەۋەر قىلىمەن، باللىرىم.

سالاهىدىنىڭ گېپىدىن كېيىن قەمبەرخانمۇ باللىرىدىن مەمنۇن بولۇپ:

www.uyghurkitap.com

— بالىلىرىم، مۇشۇ گەپلىرىڭلارنىڭ ئۆزى ئاتاڭلار بىلەن مېنى ئون تۆگە سويۇپ قىچقارغاندەك خۇش قىلدى.

سالاھىدىن ھۇجرا ئۆيىدە تۆشەكتە موماي بىلەن ئۇيقۇسىز يېتىپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى.

— نېمانداق تولا ئاھ ئۇرىدىلا، جاھاننىڭ ئىشلىرىنى سىلى بىر باشقا ئاچچىقىپ بولالامتىلە، سىلى ئىچلىرىنى ئۇۋۇغانغا جاھان تۈزۈلەمتى؟ ... ئىچلىرىنى پۇشۇرمىسىلا، بېگىم، — دېدى قەمبەرخان.

— سەن ئۇقمايسەن، خوتۇن. خانلىقنىڭ ھارۋىسىنى شاۋاز دېگەن مۇناپىق يامان پاتقاقلىق ھاڭغا ھەيدەپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى سالاھىدىن.

— مەن سىلىگە ئون ئۈچ ياشتا خوتۇنلۇققا چۈشكەن، توي بولغان كېچىسى ئەمدى ياستۇققا باش قويار ـ قويماي، خانلىققا يېغىلىق كەلدى دەپ، يېرىم يالىڭاچ قوپۇپ، قىلىچلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ئىدىلە ... مەن شۇنىڭدىن تارتىپ مانا ئەللىك ئۈچ يىل ئامانلىقلىرىنى تىلەپ دۇئا قىلىپ ئاغزىمدا چىشىم قالماي، ئۇپراپ ماكچىيىپ كەتتىم، — دېدى قەمبەرخان.

— نۇرغۇن جەڭلەردىن ساق چىقىپ غازى ئاتىلىشىم سېنىڭ دۇئايىڭدىن ئىكەن ـ دە، خوتۇن، سېنىڭ دۇئالىرىڭ مەقبۇل بوپتۇ.

— بۇ ئاللانىڭ سىلىگە بەرگەن نۇسرىتى. خان ئۈچۈن ئەللىك نەچچە يىل جەڭ قىلىپمۇ بۇ خانلىقنىڭ ئىشىنى بىر باشقا ئاچچىقىپ بولالمىدىلا، تۈگىمەيدىغان خاپىلىقكەن بۇ، — دېدى قەمبەرخان.

— خانلىقنىڭ ئىشى شاۋازغا ئوخشاش كاززاپلارنىڭ ساپ ـ ساپچىلىقى بىلەن راۋاج تاپمايدۇ، خوتۇن. ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە كۆزىنى چىمىلداتماستىن خانلىقىمىز ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىغان ئادەملەر بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ، — دېدى سالاھىدىن.

— بۇگۈن بالىلارغىمۇ شۇنداق قوپال تەگدىلە، تەڭقىسلىقتا

جىنىم تىكىلداپ ئاران تۇردۇم. باللار سىلىنى سېغىنىپ كەلسە ئۇلارغا شۇنداق سوغۇق تېگەمدىلا؟ ئۇلار سىلىنى يوقلاپ كەلگەنگە پۇشايمان قىلىشىپ، كۆڭۈللىرى يېرىم كېتىشتى.
قەمبەرخان شۇنداق دەپ مىشىلداپ يىغلىدى.
— سەن باللارنى، ئۆينى ئويلايسەن، مەن بولسام خانلىقنىڭ ئىشىنى، چوڭ ئائىلىنىڭ بەختىنى ئويلايمەن، خوتۇن، — دېدى سالاھىدىن چۈشەندۈرۈپ.
— ئەمدى بولدى، سىلى قېرىپ مۈكچەيدىلە، ھاللىرىدىن كەتتىلە. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى ياشلارغا تاپشۇرۇپ ئۆزلىرى دەم ئالسىلا، نەۋرىلەرمۇ سىلىدەك بوۋىسىغا قانسۇن. مەسچىت جامائىتىگە قوشۇلسىلا، سىلىدەك بوۋايلار مەسچىت ئالدىدىكى چايخانىلاردا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشىدۇ، — دېدى قەمبەرخان.
— چوڭ ئائىلە ۋەيران بولسا، سېنىڭ بۇ كۆنلىرىڭ نەدە؟ ھەممىمىز ۋەيران بولىمىز، بىغەرەز خوتۇن. خانلىق ئېغىر خەۋپ ئىچىدە قالدى. غەزنەۋىلەر لەشكەرلىرى بىزنى قىرىپ يوقىتىمىز دەۋاتىدۇ.
— خۇدانىڭ بىر ئورۇنلاشتۇرۇشى باردۇ، پېشانىمىزگە نېمە تەقدىر - قىسمەت پۈتۈلگەن بولسا شۇنى كۆرمەي ئامال يوق.
— ياق ... ياق ... ئەقلى يوق خوتۇن، زادى خوتۇن كىشى دېگەننىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا. ئۇنى پۈتۈن ئادەم دېگىلى بولمايدۇ. خوتۇن كىشى دېگەننى خۇدايىم يەر يۈزىدە ئادەملەرنى كۆپەيتىش، ئەرخەقنىڭ زېرىكىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ياراتقان، ئۇ زادى ئەخمەق بىرنېمە. ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ ئادەم ئەلەيھىسسالاممۇ جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، مۇشۇنداق جاپالىق كۆنگە قالغان. بولمىسا ئادەملەر جەننەتتە غەم - قايغۇسىز، ئۇرۇش - جېدەلسىز ئۆتمەمتى؟ سېنىڭ گېپىڭ بويىچە بولغاندا مەن دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرىمنى چۆرۈپ تاشلاپ ئوچىقىڭغا ئوت قالاپ، ساقىلىمغا تۇكۇرۇپ نەۋرە بېقىپ

ئولتۇرسام بولمىدىكەن ــ دە؟ ھىم، ئۇخلاپ چۈشۈك، مېنىڭ بۇ كارىۋاتتا سېسىپ يېتىپ ئۆلگۈم يوق، جەڭگاھتا دۈشمەن بىلەن قان كېچىپ ئۇرۇشۇپ ئۆلگۈم بار.

سالاھىددىن سۆزلىگىنىچە ئۆزىنى باسالماي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، بېشىغا قويغان تەكىيە ئاستىدىن قىلىچىنى ئېلىپ قاتتىق شىلتىدى. قىلىچ تۆمۈر شامدانغا تېگىپ ئوت چاچراش بىلەن تەڭ تاراڭ ــ تۇرۇڭ ئاۋاز چىقىپ شامدان يەرگە چۈشتى.

قەمبەرخان كۆڭلى بۇزۇلۇپ دېدى:

ـــ ماقۇل، ماقۇل، بارسىلا. بۇ جەڭ مەيدانى ئەمەس، ئۆي، ھازىرلا جەڭ مەيدانىغا بارسىلا.

شۇنىڭدىن كېيىن سالاھىددىن بىر ھازا ئۈن ــ تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى.

زەينىددىن بومىيانىنىڭ ھۇجرىسى. شاۋاز بىلەن زەينىددىن بومىيانى تۆت قات تاۋار كۆرپە ئۈستىدە پەي ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ شاراب ئىچىشىپ، چىلىم تارتىشىپ، شوخ قىزلارنىڭ ئۇسسۇلىنى تاماشا قىلماقتا. دېدەك قىزلار ئۇلارنىڭ ئۇچىسىنى تۇتماقتا ئىدى.

بىر مەلۇماتچى چاكار كىرىپ زەينىددىن بومىيانىنىڭ قولىقىغا ئېڭىشىپ پىچىرلىدى، شۇئان بومىيانى تىك ئولتۇردى، شاۋازمۇ سەگەكلىشىپ تىك ئولتۇردى. ئىككەيلەننىڭ كۆزى دوقۇرۇشۇپ قالدى.

ـــ ھۆرمەتلىك ۋەزىر جانابلىرى، ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا، كەمىنىلىرى ماڭدۇرغان چاپارمەن بۈيۈك سۇلتانىمىز مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ جاۋاب مەكتۇپىنى ئېلىپ كەپتۇ.

زەينىددىن بومىيانىنىڭ سۆزى تۈگىشىگىلا شاۋاز چاۋاك ئۇرۇپ، سازەندە، نەغمىچى، ئۇسسۇلچىلارغا چىقىپ كېتىش ئىشارىتى قىلدى. ئۇلار ھەش ــ پەش دېگۈچە چىقىپ كېتىشتى.

ـــ پېقىرنىڭ ئۇياتسىزلىقىنى ئەپۇ قىلغايلا، ئالىيلىرى. بىزنىڭ ئەلنىڭ قائىدە ــ يوسۇنىغا بىنائەن، سۇلتان



www.uyghurkitap.com

ئالىيلىرىنىڭ مەكتۇپىنى ئۆزۈم ئايرىم كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئاندىن ئۆزلىرىگە جاۋاب بەرمەكچىمەن، — دېدى زەينىدىن بومىيانى.

— دۇرۇس، دۇرۇس، بەرھەق گەپ.

شاۋاز ئاغزىدا شۇنداق دەپ كۇلۇۋاتسىمۇ، ئىزا ـ ئاھانەتتىن يىغلاۋاتقاندەك قىياپەتتە تۇزۇك خوشلاشمايلا پېشىنى قېقىپ چىقىپ كەتتى.

كېچە. ئۇيقۇسى قاچقان سالاھىدىن ئەتتارى يالاڭ تونىنى يېپىنچاقلاپ ھويلىغا چىقتى، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ، تەگسىز خىياللارغا بەند بولدى. بىرھازادىن كېيىن ئۇ ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى قېرى ئۇجمىگە يۆلەپ قويۇلغان تاش ئۇستىدە ئولتۇرۇپ ئۇيقۇغا كەتتى. دەل شۇ چاغدا ئۇجمە ئۇستىدىكى شاخلار ئارىسىدا مۆكۈنۈپ ئولتۇرغان قارا نىقابلىق ئادەم نەيچە بىلەن سالاھىدىنغا زەھەرلىك تىكەن پۈۋلىدى. زەھەرلىك تىكەن سالاھىدىنىنىڭ شاپاق دوپپا كىيگەن چوققىسىغا قادالدى، سالاھىدىن ئاستا ئىزىغا يىقىلدى. نىقابلىق ئادەم ئۇجمە شېخىدىن يەم بىلەن ھويلا تېمىغا ساڭگىلاپ چۈشۈپ، تامدىن سىرتقا مۈشۈكتەك سەكرەپ غايىب بولدى.

ھۇجرا ئۆيىدە قەمبەرخان ئېرىنىڭ خېلىغىچە كىرمىگىنىدىن ئەندىشە قىلىپ، پەرەنجىسىنى يېپىنىپ سىرتقا چىقتى.

قەمبەرخان ھويلىدا ھەر تەرەپكە قاراپمۇ ئېرىنى كۆرمىگەندىن كېيىن، جىددىيلىشىپ ئاستا چاقىردى:

— ھوي ... ھەي ... ھوي مۇرەببىم ... سەركەردە !

قەمبەرخانىنىڭ ئاۋازىدىن دەرۋازا ئالدى ۋە ئۆگزىدىكى قاراۋۇللار تىك تۇرۇپ كەتتى، يان ئۆيلەردىن يېرىم يالىڭاچ نۆكەرلەر يۈگۈرۈپ چىقتى.

— خانىم، نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى بىر نۆكەر.

— سەردار ئالىيلىرى ئۇخلىيالماي ھويلىغا سەگىدىگىلى چىقىپ كەتكەن، — دېدى قەمبەرخان.

— مەنمۇ كۆرگەن، سەردار ئالىيلىرى ھويلىدا ئۇيان - بۇيانغا مېڭىپ يۈرگەن، — دېدى يەنە بىر قاراۋۇل.

— مەنمۇ ئۆگزىدە تۇرۇپ كۆرگەن. ئۇجمە تۈۋىدىكى تاشتا ئولتۇراتتى، — دېدى يەنە بىرى. شۇ ئەسنادا قاراۋۇل ۋارقىرىدى:

— مانا ... ئۇجمە تۈۋىدە يىقىلىپ قاپتۇ.

ھەممەيلەن يۈگۈرۈشۈپ باردى.

— ئاھ، مۇرەببىمگە نېمە بولغاندۇ؟

ھەممىسى جىددىيلىشىپ سالاھىددىننى ئولاش - چولاش كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى.

سالاھىددىننىڭ ھۇجرىسى. شام يورۇقىدا سالاھىددىن كۆزى ئوچۇق ھالەتتە تۈپتۈز ياتاتتى، ئاپئاق ساقال - بۇرۇت قاپلىغان جاۋغىيىدىن قان ساقىپ قالغانىدى. ئۇردا تېۋىپى ئىمامنىياز پەيزۇللا كۆرۈپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ دېدى:

— سەردارىمىز جان تەسلىم قىپتۇ، ئەلھۆكمىلىللا.

— نېمە ... نېمە دەيدىلا ... ئەمدى؟ تېخى ھازىرلا ... ساپساق ئادەمتىغۇ بۇ ... ۋاي مۇرەببىم ...

قەمبەرخان ئۆزىنى بوۋايغا تاشلاپ داد - پەرياد كۆتۈردى.

— بۇ قانداق گەپ، بايىلا ساپساق تۇرسا؟ — ھەيرانلىق بىلەن سورىدى نۆكەر.

— جان ھەلقۇمىدا تىلىنى چىشلىۋاپتۇ، ئاغزىدىن ئاققان قان تىلىدىن چىققانىكەن، سەركەردەم، — دېدى ئىمامنىياز پەيزۇللا.

— سەۋەبى نېمە بولدى ئەمدى؟ — دەپ سورىدى يەنە نۆكەر.

— ئاۋۋال ئاللانىڭ ھۆكمى شۇنداقتۇ. سەركەردە جانابلىرى سەكتە بولۇپ مېڭىسىگە قان تەپكەندەك تۇرىدۇ، — دېدى ئىمامنىياز.

— ياق ! — دەپ ۋارقىرىدى قەمبەرخان.

— قۇشناچىم، ئاخشامدىن بېرى سەردار جانابلىرى بىرەر ئىشقا ئاچچىقلانغانمۇ؟ — سورىدى ئىمامنىياز.

قەمبەرخان ئاغزىنى تۇتۇپ ھەممىگە تەكشى قارىدى.

شاھ ھۇجرىسى. بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ، چاچ ـ ساقاللىرى چۇشۇپ شالاڭلاپ، كۆزلىرى پىيالىدەك ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن شاھ ئارىدەك قوللىرىدا ئىشارەت قىلدى. كېنىزەك يېقىن كېلىپ قۇلىقىنى شاھنىڭ ئاغزىغا تەڭلىدى. شاھ ئىنجىقلاپ بىلگىلى بولماس بىرنەرسىلەرنى دېدى. كېنىزەك بىلەلمەي قىينالدى. يەنە بىر كېنىزەك ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ ئاڭلىدى. ئۇمۇ بىلەلمىدى. ئاياغ تەرىپىدە قول باغلاپ تۇرغان ئاغۋات چاكار كېلىپ ئاڭلىدى.

تۇران ئايلا ھۇجرىسىدا تازا خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. كېنىزەك پەم بىلەن دەسسەپ كىرىپ ئۇنى چاقىردى، ئەمما ئويغىتالمىدى، چاقىرىپ ئويغىتالماي يېنىك تۇرتتى، ئۇنىڭدىمۇ ئويغانمىغاندىن كېيىن سىلكىشلىدى. تۇران ئايلا چۆچۈپ ئويغىنىپ، تېرىككىنىدىن كېنىزەكنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى. كېنىزەك يىغلاپ تىزلىنىپ ئەپۇ سورىدى.

بۇ چاغدا، شاۋاز ھۇجرىسىدا سەئىد پازىلغا پال سالدۇرۇۋاتاتتى. شاۋاز سەئىد پازىلنىڭ سۆزى بويىچە كۆزىنى يۇمۇپ كىتابتىكى كاتەكچىلەردىكى خەتتىن بىرىگە بىگىز بارمىقىنى باستى.

ــ ھەزرىتى زىكىرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك نامىغا قول بېسىپتىلا، بۇزرۇكۋارىم، ــ دېدى سەئىد پەيزۇللا.

ــ ھە تاپسىلا، ــ دېدى شاۋاز.

ــ مانا ھازىر چىقىدۇ.

سەئىد پەيزۇللا بارمىقىنى تىلىغا تەگكۈزۈپ قېلىن كونا كىتابنى ۋاراقلاشقا باشلىدى. تەقەززا بولغان شاۋاز ئىچى پۇشۇپ تېرىكتى:

ــ نېمانداق مىسىلدايدىلا، قانداق دېگەن ئەزمە ئادەم سىلى؟ ئايدا، يىلدا بىر ئىش چىقسا ئەزمىلىرىنى ئېزىپ ئولتۇرىدىكەنلا. كىتاب بىلەن ھەپىلىشىدىغان ئادەم مۇشۇنداق

بولامدۇ نېمە؟

چاكار كىرىپ تەزىم قىلىپ دېدى.

— ئالىيلىرى، تۇران ئايلا جىددىي ئىش بىلەن ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كەپتۇ.

— يوقال، يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا نېمە جىددىي ئىش ئىكەن ئۇ؟ ئەتە كەلسۇن، — دېدى شاۋاز.

— خوپ، ئالىيلىرى، — چاكار كەينىگە ياندى.

— توختا ... ئۇنى باشلاپ كىر ...

بىر ئازدىن كېيىن تۇران ئايلا تەزىم قىلىپ كىردى.

— ھە نېمە ئىش؟ — خۇشياقمىغان ھالدا سورىدى شاۋاز.

— شاھ ئالىيلىرى ... — دەپ تىلىنى چايندى تۇران ئايلا.

شاۋاز غەزەپ بىلەن تۇران ئايلانىڭ كاچىتىغا بىر تەستەك سالدى.

— پادىشاھ ئالىيلىرى مەلىكىنى كۆرىمەن، ماڭا مەلىكىنى كۆرستىڭلار دېگەن بولسا كۆرسەتمەمسەن ! مۇشۇ ئىشقىمۇ تۇن تەڭدىن ئاشقاندا مېنى ئىزدەپ كېلەمسەن؟ ھۇ جەددال !

— شاھ ئالىيلىرى مەلىكىنى ئۇسسۇل ئويناپ بەرسۇن دەيدۇ، — دېدى تۇران ئايلا.

— ئۇنداقتا مەلىكە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ بەرسە بولمىدىمۇ؟ — دېدى شاۋاز.

— ئۇ قىز يېتىمچىلىكتە ئۇ تاغىسىنىڭ، بۇ ھاممىسىنىڭ ئۆيىدە چوڭ بولغاچقا ...

تۇران ئايلانىڭ گېپى ئاخىرلاشماستىنلا شاۋاز ئۇنىڭ كاچىتىغا يەنە بىرنى سالدى.

— سەن قايسى قىزنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەن؟

مەلىكە ئالىيلىرى ناخشىنى بۇلبۇلدەك چاڭ كەلتۈرىدۇ، چار يىلاندەك تولغىنىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئەتە ئەتىگەندە مەلىكە شاھ ئالىيلىرىغا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ بەرسۇن، يوقال! — دېدى شاۋاز.

— خوپ ئالىيلىرى، خوش ...

تۇران ئايلا كەينىچە مېڭىپ تەزىم بىلەن چىقىپ كەتمەكچى بولغاندا شاۋاز:

— توختا ... پادىشاھ ئالىيلىرى ئۇخلىغىلى ئۇنىمىسا، ئىمامنىياز پەيزۇللاغا دە، ئۇيقۇ كەلتۈرىدىغان شەربەت ئىچۈرۈپ ئۇخلاتسۇن، — دېدى.

— باش ئۇستىگە، ئالىيلىرى، ھازىرچە ئەلنەغمىچىلەرنى چاقىرارمىز.

— شۇنداق بولسۇن.

تۇران ئايلا چىقىپ كەتتى.

تاغ تۆپىسىدىكى يالغۇز دەرەخنىڭ تۈۋىدىكى بۇلاق بويى. سېيىت ھاجى قاۋان تىمىسقىلاپ كېلىپ بۇلاق بويىدىكى قورام تاشنىڭ كاۋىكىغا تېرە خالتىنى سېلىپ قويدى. ئۇ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇشىغا قارا نىقابلىق بىر ئادەم چويۇن چوماق بىلەن بېشىغا بىرنى سالدى، سېيىت ھاجى قاۋان ئىزىغا دۈم چۈشۈپ ئۆلدى.

چاتقاللىقتا پايلاپ تۇرغان ئىلياسلار بۇنى كۆرۈپ بىر - بىرىگە قاراشتى. نىقابلىق ئادەم تاشنىڭ كاۋىكىدىن تېرە خالتىنى ئېلىپلا تېز غايىب بولدى.

ۋەلى باي ھۇجرىسىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ كەيپ قىلىۋاتاتتى. ئۇ كومزەكتىكى شارابنى ئىشارەت قىلدى، دېدەك قەدەھكە شاراب قۇيۇپ تەزىم بىلەن ۋەلى بايغا تۇتتى. ۋەلى باي شارابنى ساق قولى بىلەن بىرنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋېتىپ، بېشىدىكى دوپپىسىنى ئېلىپ مىجىقلاپ دېدى:

— ھىم ... خوتۇن - توقال، دېدەكلىرىنىڭ سانى يوق پادىشاھقا قېچىپ كەتكەن خوتۇنى كېرەك بولسا، ماڭا كېرەك ئەمەسمىكەن. چىرايلىق خوتۇن دېگەن ماڭمۇ كېرەك ... ھۇ پاسكىنا! قايسى چاشقاننىڭ كامېرىغا كىرىۋېلىپ كىرپىدەك تۈگۈلۈۋالغانسەن؟ مەن سېنى تاپماي قويمايمەن، يەرنىڭ تېگىدە يىلان كۆشىگەننى بىلىدىغان ۋەلى بايمەن ...

www.uyghurkitap.com

شىر كەيپ بولغان ۋەلى باي ئالدىدا قول باغلاپ تۇرغان دېدەكنىڭ قولىقىنى تۇتتى. دېدەك ئاغرىقتىن تولغىنىپ كەتسىمۇ، لېۋىنى چىشلەپ ئۈن چىقارماستىن، قولىقىنى قاياققا سوزسا شۇ ياققا ئۆرۈلدى.

— هازىرقى گەپلىرىمنى ئاڭلىدىڭمۇ، قانجۇق؟ — دېدى ۋەلى باي.

— ياق، بېگىم، قولىقىم پاڭ، ئاڭلىمىدىم، ماڭا ئىشەنسىلە، قولىقىمنى پاڭ قىلىۋەتكىلى ئۇزۇن جاھان بولدى، — دېدى دېدەك قورقىنىدىن غال - غال تىترەپ.

تۇراخۇن هاجىم هوجرىسىدا جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا جايناما زدا ئولتۇرۇپ چىرايلىق ئاۋازدا قۇرئان ئوقۇۋاتاتتى. بىردىنلا ئىشىك قېقىلدى، بوۋاي ئاڭلىماسقا سېلىپ قۇرئاننى ئوقۇۋەردى. ئىشىك كەينى - كەينىدىن تېخىمۇ ئەنسىز قېقىلغاندىن كېيىن چالا ئۇيقۇلۇق چاكار كېلىپ بوۋايغا تەزىم قىلىپ: «ئاچايمۇ؟» دېدى. بوۋاي قۇرئاننىڭ كەلگەن يېرىگە خەتكۈش قىستۇرۇپ قويۇپ، ئېچىشقا ئىشارەت قىلىپ دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۆيگە پەرەنجىلىك ئايشە كىرىپ، يۈزىنى ئاچتى.

تۇراخۇن هاجىمنىڭ كەمپىرى بولسا دېدەك - چاكارلىرىنىڭ هەمراهلىقىدا هۆربانۇنى ئېلىپ ئاللىبۇرۇن توغراقلىق ئارىسىدىكى دەريا بويىغا جايلاشقان ئۆيىگە يېتىپ كەلگەنىدى. پەزىلەتخان دەريا بويىدا هۆربانۇنىڭ چېچىنى تارىماقتا. هۆربانۇ هېلى يۈزىنى، هېلى پاچىقىنى كاچاتلاپ پاشا قورۇماقتا.

— پەزىلەتخان ئانا ... پاشا بەك چېقىپ كەتتى، بولدى قىلساق، ئەتە تارىساق بولمامدۇ؟ ... — دېدى هۆربانۇ.

— چىدىسىلا، قىزىم، ئازنا ئاخشامدا خوتۇن خەق ئېقىن سۇدا چاچ تارىسا بېشىغا كەلگەن بارلىق دەرد - ئەلەم كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ دەيدىغان كونىلاردىن قالغان ئۇدۇم بار، بىردەم چىدىسىلا، — دېدى پەزىلەتخان.

— پاشا بەك يامان ئىكەن.
— ھەي ... قايسىڭلار بار؟
پەزىلەتخاننىڭ چاقىرىشى بىلەن يېنىمدا تۇرغان دېدەك بىلەن چاكار تەڭلا:
— لەببەي، خېنىم ئانا، — دېدى.
— ئەتراپىمىزغا تېزەكتە ئىس سېلىپ پاشىنى قوغلاڭلار، — دېدى پەزىلەتخان.
— خوپ ... مەن بايا شۇنداق قىلاي دېگەن. تېزەكنىڭ سېسىق پۇرىقىدىن خېنىمنىڭ كۆڭلى ئاينىمىسۇن دەپ قىلمىغان، — دېدى چاكار.
— مەيلى ... شۇنداق قىلىۋېرىڭ، — دېدى ھۆربانۇ.
— سىلىگە دۈشمەن قوپقان ۋەلى باي دېگەن كاززاپ پاشىدىن ئون ھەسسە يامان توڭگۇز، چىداپ بەرسىلە، قىزىم. ئۇ تەلۋە باشلىرىغا سالغان دەرد ـ ئەلەمنى مۇشۇ دەريا سۈيى ئېقىتىپ كېتەر دېگەن نىيەتتە شۇنداق قىلىۋاتىمەن، — دېدى پەزىلەتخان مېھرىبانلىق بىلەن.
— سىلىگە كۆپ رەھمەت، ئانا. ھاجىم دادام بىلەن سىلى ماڭا ئۆز ئاتا ـ ئانامدىنمۇ بەك كۆيۈندۈڭلار، ئۆز ئاتا ـ ئانامىمۇ ھەرقانچە قىلسا شۇنچىلىك قىلالار ئىدى. كىچىكىمدىنلا چېچىمنى ئانام تاراپ قويۇپ ئۆگىنىپ قاپتىكەنمەن. سىلىنى شۇنچە ئاۋارە قىلغىنىم يەتمىگەندەك ... بولمىسا سىلى نامازلىرىنى ئوقۇۋەرسىلە، چېچىمنى بۇ قىز تاراپ قويسۇن.
— چاچلىرىنى ئۆز قولۇم بىلەن تاراپ قوياي، قىزىم. مېنىڭمۇ خۇددى ئۆزلىرىدەك چېچىنى ئۆزۈم تاراپ، ئارزۇلاپ بېقىپ چوڭ قىلغان بىر قىزىم بار ئىدى، سىلىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. سىلىنىڭ ئۆمۈرلىرى قىزىمنىڭكىگە ئوخشىمىسۇن، خۇدايىم ....
پەزىلەتخان شۇنداق دەپ ئۆكسۈپ يىغلىدى.
— قىزلىرى ... ئۆلۈپ كەتكەنمۇ؟ — سورىدى ھۆربانۇ

www.uyghurkitap.com

ئېھتىيات بىلەن.

پەزىلەتخان تېخىمۇ ئۆپكىدەپ يىغلاپ ئۆزىنى تۇتالماي، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە ماڭدى. دېدەك ئۇنى قولتۇقلىدى. پەزىلەتخان دېدەكنى ھۆربانۇنىڭ چېچىنى تاراشقا ئىشارەت قىلىپ ئۆزى كىرىپ كەتتى. دېدەك كېلىپ ھەسرەتتە ئۆرە تۇرۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان ھۆربانۇنى بەزلەپ ئولتۇرغۇزدى.

— بىردەم يالغۇز يىغلىۋالسا بېسىقىپ قالىدۇ. بىلەمدىلا، سىلىنى كۆرۈپ ھاجىم ئاتام بىلەن ھاجىم ئانام خۇددى قىزى رەنا تىرىلىپ كەلگەندەك ھەيران قالدى. ئادەم ئادەمگە شۇنداق ئوخشامدۇ؟ سىلى رەنا قىزغا تېرىسىنى كىيگەندەك ئوخشايدىكەنلا، — دېدى دېدەك ھۆربانۇغا.

— ئۇ قىز قانداق بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى؟

— بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن، بىر كۈنى كېچىسى ئۆيىدە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان. ئۇ تېخى ئون بەش ياشتا ئىدى.

— نېمىشقا؟

— نېمىشقىلىقىنى ئېنىق بىلەلمىدۇق. خەقنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىساق، رەنا قىزنى ۋەلى باي بىر جادۇگەر ئارقىلىق ئالداپ ئاپىرىپ ئاياغ ئاستى قىپتىكەن، ئۇ نومۇسقا چىدىماي ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇدەك، — دېدى دېدەك.

— ئۇ مۇناپىقنى مەھكىمە شەرئىيگە ئاپىرىپ تاش - بوران قىلىپ ئۆلتۈرۈش كېرەك ئەمەسمۇ؟

— ئۇ نومۇسچان قىز بۇ توغرۇلۇق ھېچكىمگە بىر ئېغىز تىنمىغاندىكىن، كۆرگەن - بىلگەن ئادەممۇ بولمىغاندىكىن، ئۇنى مەھكىمە شەرئىيگە ئاپارغىلى بولمايدۇ - دە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مۇشۇ بازارنىڭ پادىشاھى تۇرسا، قازىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ قازىلىق قىلىدۇ، — دېدى دېدەك.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھۆربانۇ ئېغىر تىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ئابدۇللا شاتىرى ھۇجرىسىدا بىر توپ قىزلار بىلەن شاراب ئىچىشىپ، بەزمە قىلىپ كۆڭۈل ئاچماقتا. ئۈچ گۈزەل دۇتار

بىلەن ئۇسسۇل پەدىسىگە ناخشا توۋلىماقتا. ئابدۇللا مەستلىكتە بىر توپ قىزلارنىڭ ئارىسىدا ئوڭ ـ تەتۈر دەسسەپ ئۇسسۇل ئويناپ، ھېلى ئۇ قىزغا، ھېلى بۇ قىزغا ئېسىلاتتى. قىزلار بولسا ۋىلىقلاپ كۈلۈشۈپ ئۇنى قونچاق قىلىپ ئوينايتتى.

دۇتارچى قىز ناخشا توۋلايتتى:

ئاقتۇر بىلەكىم ئاقتۇر،
ياردىن تەلىيىم يوقتۇر.
ياردىن تەلىيىم بولسا،
ئۆلسەم ئارمىنىم يوقتۇر.

ئاقتۇر بىلەكىم ئاقتۇر،
بېرىپ رەمچىگە باقتۇر.
رەمچى ئېيتىدۇ نادان،
دەردىڭگە داۋا يوقتۇر.

ئاقتۇر بىلەكىم ئاقتۇر،
يارغا يۈرەكىم پاكتۇر.
رەقىبلەر يامان شۇنچە،
يولۇڭدا هامان ساقتۇر.

باغقا كىرسەم جىنەستە،
يارغا باقتىم ھەۋەستە.
چىم ـ چىم كۆيەر يۈرەكىم،
يار تۇتقاندا گۈلدەستە.

بىر چاغدا ھۇجرىغا ئالاق ـ جالاق بولغان ئابلىز شەيتان كىرىپ، ئىما ـ ئىشارەت قىلىپ بولغۇچە سەپراسى تېشىپ، مىجەزى قوداڭشىپ كەتكەن شاۋاز كىرىپ بولدى. قىزلار ساردىن ئۈركىگەن قۇشقاچتەك ھۇجرىدىن قېچىپ چىقىپ كېتىشتى.

www.uyghurkitap.com

سورۇن ئوتتۇرىسىدا بىر قەدەھ مەينى تۇتۇپ تۇرغان چالا مەست ئابدۇللا شاتىرى سەنتۈرۈلۈپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— جانابىي ... ۋەزىر ئەزەم ئاتا ... سەن دائىم بۇنداق جىددىي ... خاپىغان يۈرسەڭ ... بۇ خانلىقنىڭ ئىشى تۈگەمدۇ؟ سەنمۇ ئانچە - مۇنچە كۆڭلۈڭنى خۇش قىلىپ ياشاپ قوي.

ئابدۇللا شاتىرى شۇنداق دەپ قولىدىكى قەدەھنى شاۋازغا تەڭلىدى. قورقۇپ كەتكەن ئابلىز شەيتان شاۋازنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئابدۇللاغا ئۇنداق قىلما دەپ ئىشارەت قىلىپ ئۇقتۇرالماي كۆتمەك ساقاللىرىنى قوش قوللاپ ئەستاغپۇرۇللا قىلىپ، ئۆزىنى كاچاتلاپ، كۆزىنى يۇمۇپ، قوللىرى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالدى. شاۋاز غەزەپتىن تىترەپ، چىشلىرى كىرىشىپ، ئابدۇللا شاتىرىنىڭ قولىدىكى شارابنى ئېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە چاچتى. ئارقىدىن يېنىدىن قىلىچىنى سۇغۇرۇۋېلىپ تامغا يۆلەپ قويۇلغان دۇتار، تەمبۇرلارنى چېپىپ پارە - پارە قىلىۋەتتى. بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمىغان ئابدۇللا ۋارقىراپ كەتتى:

— قىلغان ئىشىمنىڭ بىرىمۇ كۆزۈڭگە سىغمايدۇ. ئۆزۈڭ مېنى ھەربىي ۋەزىر قىلىپ قويۇپ، چۈمۈلىچىلىك كۆرمەيسەن...مېنى يا ئىش قىلغىلى قويمايسەن، يا ئوينىغىلى قويمايسەن ! مېنى بۇنداق بۇرۇقتۇرما قىلىپ ئىچىمگە قان - زەرداب تولۇشتۇرغۇچە قىلىچىڭنى دۇتارغا چاپماي ماڭىلا چاپمامسەن؟ بۇ دۇنيادا سەنلا ياشا. سەنلا ئەقىللىق، سەنلا ھەممىنى بىلىسەن، ھەممىنى قىلىسەن !

ئابلىز شەيتان يۈگۈرۈپ بېرىپ ئابدۇللا شاتىرىنىڭ ئاغزىنى قولى بىلەن تۇتۇۋالدى. ئابدۇللا شاتىرى ئۇنى بىر پەشۋا بىلەن ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا پۇرلەپ تىقىۋەتتى.

— ئاتام يۇت - قولۇمنى بوغۇشلاپ، ئاغزى - بۇرنۇمنى دۇملەپ، تىنالماس قىلىۋەتكەننى ئاز دەپ، سەن غالچا نەدىن كەلدىڭ ئەمدى؟ ئاتامنىڭ ... ۋەزىر جانابلىرىنىڭ نەزىرىدە مەن سەن غالچىنىڭ تىرنىقچىلىكمۇ يوق. يوقال، ئەبلەخ !

قاراكۆز ئايىم ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يۈگۈرۈپ كىرىپ ئابدۇللانىڭ ئاغزىنى ئەتمەكچى بولدى، شاۋاز خوتۇننى توسۇپ قويدى،

ئاندىن ئابلىز شەيتانغا كايىدى:

— مەن ساڭا قانچە قېتىم دېدىم، لايغەزەل، ئۇ نومۇسنى بىلمەيدىغانغا شاراب ئىچۈرمە، ئايال زاتىنى يېقىن يولاتما دەپ ...

— ئالىيلىرى، مەن ئۆلۈمگە لايىق. بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا ... ئابدۇللا بېگىمنى باشقۇرۇشقا ئاجىز كەلدىم. ھېلىمۇ ئۇ مېنى ئەشەددىي دۈشمىنى قاتارىدا كۆرىدۇ. بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈنى شەمشەر بىلەن قارنىمنى يېرىۋېتەمدىكىن دەپ يۈرىكىم سۇ، — دېدى ئابلىز شەيتان.

قاراكۆزئايىم گەپكە ئارىلىشىپ:

— سىلىمۇ چوپچوڭ بولۇپ قالغان بالىغا سايىدەك ئەگىشىۋېلىپ، ئۇنى قىل، بۇنى قىلما دەپ ئىچىنى بەك سىقىۋەتتىلە، ياش بولغاندىكىن... — دېيىشىگە، شاۋاز:

— ھەممىنى قىلغان سەن كالۋا خوتۇن، ئۇ كىچىك بالا ئەمەس، بىر دۆلەتنىڭ ھەربىي ۋەزىرى. ھە دېسە ئۇنداق بالا، بۇنداق بالا دەپ چاپان يېپىپ، پۈۋلەپ ـ پەپىلەپ، مانا ئەمدى ئۇنى كارغا كەلمەس قىلىپ قويدۇڭ. ئەمدى سەن چاپان ياپما، — دەپ خاپا بولدى.

— ئەمسە ئۆلتۈرۈپ يېسىلە، بالىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتسىلە.

شاۋاز قامچا بىلەن قاراكۆزئايىمنىڭ باش ـ كۆزىگە نەچچىنى سالدى.

ئابدۇللا شاتىرىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

مەلىكە سەنەمنىڭ ھۇجرىسى. تۇران ئايلا ئەلنەغمىچىلەرگە ئىشارەت قىلدى. ئەلنەغمىچىلەر سازلىرىنى سازلاپ چالدى، يالغان سەنەم قولىدىكى قەغەزگە قاراپ ناخشا ئېيتتى، بىراق ئاۋازى قېپىپ كېتىپ ناخشا ئەپلەشمىدى.

— باشتىن، ھە باشتىن باشلاڭلار، — دېدى تۇران ئايلا.

www.uyghurkitap.com

يالغان مەلىكە يەنە باشتىن باشلاپ ئوقۇدى، بىراق ناخشا يەنە ئەپلەشمىدى.

— نېمە بولدى، مەلىكە ئالىيلىرى؟ سىلى ناخشا دېگەننى بۇلبۇللارنى مەست قىلغۇدەك چاڭ كەلتۈرۈۋېتەتتىلە. شاھ ئالىيلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاتىلىرى تۇرسا، ئۇنىڭدىن شۇنداقمۇ تارتىنىپ ھودۇقاملا ئەمدى؟ ئاتىسى قىزىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلايمەن دېگىنى ئوبدان گەپ ئەمەسمۇ؟ ھە ئېيتسىلا، تاڭ ئاتقۇچە ناخشىدىن ئۇچنى، ئۇسسۇلدىن بىرنى ئۆگەنمىسىلە بولمايدۇ، — دېدى تۇران ئايلا.

— مەن ... مەن ... ئۆگىنەلمىسەم قانداقمۇ قىلارمەن؟ — دېدى يالغان سەنەم.

— ئۆگىنەلمىسەم دېگەن گەپنى ئىككىنچىلەپ تىللىرىغا ئالمىسىلا. مەلىكە ئالىيلىرى ئەزەلدىن ناخشا - ئۇسسۇلغا ئۇستا ئىدى، پەقەت ئاتىسىغا ناخشا ئېيتىپ بېرىشتىن ئىزا تارتىپ مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇ، غېرىب دېگەن مەلئۇننىڭ خاپىلىقىدا مۇشۇنداق ناخشا ئېيتالماس بولۇپ قالدى ... — دېدى تۇران ئايلا.

— مەندە ... مەندە ... — دەپ تىلىنى چاينىدى يالغان سەنەم.

— مەلىكەم، غەيرەت قىلسىلا، سازچىلار ھە - ھۇ دېيىشىدۇ. سىلىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلنى ۋايىغە يەتكۈزۈپ ئۆگىنەلەيدىغانلىقلىرىغا ئىشەنچىم كامىل، — تۇران ئايلا گېپىنى تۈگىتىپ ياندىكى خانىغا چىقىپ كەتتى.

تاغلىق ئارىسىدىكى خىلۋەت مەھەللە. ئۆينىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە ياتقان سەنەم ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، پەرەنجىسىنى يېپىنچاقلاپ سىرتقا چىقتى. ئىشىك ئالدىدىكى گۈلخان يورۇقىدا نىگارئايىم يارغۇنچاق چۆرۈۋاتاتتى. يارغۇنچاقتا قويۇلغان بۇغداي يانجىلغاندا غىرس - غىرس ئاۋاز چىقىراتتى. سەنەم ئاستا كېلىپ نىگارئايىمنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى، ئوتنىڭ يورۇقىدا ئۇنىڭ پېشانە، يۈزلىرىدىكى تەر تامچىلىرى پارقىراپ كەتكەندى.

— ئانا، نېمە قىلىۋاتىدىلا؟ — سورىدى سەنەم.
— بازاردىن ئۆن ئالالمىدىم، تۇگمەنگە بارسام خەق باس - باس ئىكەن. ئويلاپ باقسام ئۆيدە بۇ يارغۇنچاقنىڭ بارلىقى ئېسىمگە كېلىپ، بۇغداي ئېلىپ ياندىم. ئەتىگەنلىككە ئاش ئەتكۇدەك ئۇن قىلاي دەيمەن، قىزىم. ھېلىمۇ نەچچە كۈن چۆل - جەزىرىدە يول يۈرۈپ ئاغزىمىزغا تېتىغۇدەك ئىسسىق تاماق يېمەپتۇق، — دېدى نىگارئايىم.
— مەن سىلەرنى جاپاغا سالدىم، ئانا، — دېدى سەنەم.
— ئۇنداق دېمىسىلە، قىزىم. بىزنى گۆر ئاغزىدىن قۇتقۇزدىلا. سىلىنى ئۇخلاتمىدىممۇ؟
— ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە. كۆزۈم ئۇيقۇغا ئىلىنىسىلا شاھ ئاتام بىلەن خانىش ئانام چۈشۈمگە كىرىدۇ، ھازىر يەنە شۇلارنى چۈشەپ قارا بېسىپ قاپتۇ، ئويغىنىپ كەتتىم.
— بىچارىلەرگە قانداق تاڭ ئېتىپ، قانداق كەچ بولۇۋاتقاندۇ؟
— ھىم ... تويسۇن، كىم ئۇلارنى ئامراق قىزىنى خاپا قىلسۇن دەپتۇ. كەلسىلە، يارغۇنچاقنى مەنمۇ چۆرۈشەي.
— بولدى قىزىم، ئەتىۋارلىق شاھ مەلىكىسىنى يارغۇنچاق چۆرۈگىلى سالامدىغان، — ئۇنىمىدى نىگارئايىم.
— كىچىك چېغىمدا ئاغىچا ئانامنىڭ ئانىسى مۇشۇ يارغۇنچاقنى چۆرۈيتتى. مەنمۇ چۆرۈيمەن دەپ قولىغا ئېسىلىۋالسام، مانا ھازىر خۇددى سىلى دېگەندەك دەپ ھەرگىز يېقىن كەلتۈرمەيتتى. مەنمۇ ئۇنىماي يىغلاپ تۇرۇۋالاتتىم. كەلسىلە، مەن ياش بولغاندىكىن، كۈچۈم بار، تەڭ چۆرۈسەك تېز بولىدۇ.
نىگارئايىم ئامالسىز ماقۇل بولدى، ئىككىسى تەڭ چۆرۈۋىدى، يارغۇنچاق ئىلگىرىكىدىن تېز ئايلاندى. نىگارئايىم سەنەمنىڭ چىرايلىق يۈزىگە سىنچىلاپ قاراپ، بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ توختاپ قالدى.

— ئانا ... گەپ قىلسىلا ... گەپلىرىنى نېمىشقا ئىچلىرىگە يۇتۇۋېتىلا ... مېنى ئۆز قىزلىرىدەك، غېرىبجاندەك، گۈلجامالدەك كۆرسىلە. مەن سىلىنى خانىش ئانامدەك، ئاغىچا ئانامدەك كۆرىمەن. سىلى نېمىشقا مېنى يات كۆرىدىلا؟ — دېدى سەنەم.

— ئۇنداق دېمىسىلە، قىزىم، سىلى مېنىڭ ئۆز قىزىمدەك. ئەمما، سىلى ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، شاھ مەلىكىسى. مەن بولسام ئادەتتىكى پۇقرا، پۇقرا بولغاندىمۇ بىقۇۋۇل تۇل خوتۇنمەن. بۇ ئىشلار... شۇنچە ئىشلار بولغان بولسىمۇ، ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. ئىشەنمەي دېسەم بۇ ئىشلار بولۇۋاتىدۇ.

— ئىشەنسىلە، سىلى ھەرگىزمۇ ئاددىي تۇل ئايال ئەمەس، مەرھۇم ۋەزىرئەزەمنىڭ ئايالى، غېرىبجان بولسا ۋەزىرنىڭ ئوغلى. ئاتام بىلەن مەرھۇم ھەسەن ۋەزىرئەزەم غېرىبجان بىلەن مەن تۇغۇلماستا بىزنىڭ تويىمىزنى قىلىشقا ئەھدىلەشكەنىكەن. ئاتام ۋەدىسىدە تۇرمىغان بىلەن ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن سائەت چىقىپ كەتكەنىكەن، خۇدايىم كۆڭلىمىزگە بۇ سەۋدانى سالدى. خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى بەندە ھەرگىز بۇزالمايدۇ. ئاتام تۇرمىغان ۋەدىدە مانا مەن تۇرىمەن. مېنى ھېچبولمىسا كېلىنىم دەپ بىلگەيلا. ياكى سىلىمۇ ئاتامدەك ۋەدىدىن يېنىۋالماقچىمۇ؟ — دېدى سەنەم.

— ياق ... ياق، قىزىم، مەن ھەرگىزمۇ ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس، — دېدى نىگارئايىم.

— ئەگەر سىلىمۇ شۇنداق خىيالدا بولمىغان بولسىلا سىلىنىمۇ مۇشۇ چۆلگە تاشلاپ ئوغۇللىرىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىمەن. ئاتا ـ ئانام تارتىۋاتقان دەردنى سىلىمۇ تارتىپ قالىلا.

— ياق، ياق ... يوقسۇ، قىزىم، يوقسۇ، ئۇنداق كۈنلەرنى خۇدايىم كۆرسەتمىسۇن. بىر تال ئوغلۇمنى چوڭ قىلغۇچە نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدىم. ئوغلۇم مېنىڭ بىردىنبىر ئۈمىد يۇلتۇزۇم، كۆز نۇرۇم، مېنى ھەرگىز ئۇنىڭدىن ئايرىيمەن دېمىسىلە.

ئۇنىڭدىن ئايرىلسام دۇنيادا مېنىڭ ھېچنېمەم قالمايدۇ ...

— سىلىگە چاقچاق قىلدىم، ئانا، مەن ئوغۇللىرىنى سىلىدىن ھەرگىز ئايرىمايمەن. ئۇ ھەر ئىككىمىزنىڭ جاندىن ئەزىز كىشىمىز.

سەنەم كۈلۈپ يىغلاۋاتقان نىگارئايىمنىڭ بوينىدىن قۇچاقلىدى.

— كۆڭۈللىرىدىكىنى دېسىلە، ئانا. ئەگەر دېمىسىلە مەن مېنى ئۆز كۆرمەپتۇ دەپ سىلىدىن رەنجىيمەن، — دېدى سەنەم.

— قىزىم ... قىزىم ... تەس بولسىمۇ دەۋېرەي، كۆڭۈللىرىگە كەلسە، مەن قېرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشىپ قاپتۇ دەپ بىلەرلا.

— ئادەم ئۆز ئانا ـ ئانىسىدىن ھەرگىز رەنجىمەيدۇ، ئانا.

— غېرىبجان بالام پالەچ بولسىمۇ ئۇ بىر ئوغۇل، ئۆزلىرى بولسىلا قىز، بۇنداق كېتىۋەرسەڭلار، خۇدانىڭ ئالدىدا ئېغىر گۇناھكار بولىسىلەر. ئىمانىمىزنىڭ پاك بولۇشى ئۈچۈن مەيلى قانداقلا بولسۇن، ئىككىڭلارغا نىكاھ ئوقۇۋۇۋەتسەم كۆڭلۈمدىكى ئېغىرچىلىق تارقاپ كېتەتتى، قىزىم. بۇ سۆزلەرنى قىلىپ دىلىلىرىغا ئازار بېرىپ قويغان بولسام، مېنى ئەپۇ قىلغايلا، قىزىم، — دېدى نىگارئايىم.

— مېنى يۈزى قېلىن، نومۇسسىز ئىكەن دەپ قالسىلىمۇ مەيلى، مەن دەۋېرەي، مەن بۇ ئىشلارنى ئاللىقاچان ئويلىغان، ئەمما ... ئەمما سىلىگە ئېغىز ئېچىشتىن خىجىل بولۇپ ... بىزدىن چوڭ بولغاندىكىن سىلىنى چوقۇم ئېغىز ئاچىدۇ دەپ تەقەززالىق بىلەن كۈتكەنىدىم، كۈتكىنىم ئاخىر كەلدى. بىزگە نىكاھ ئوقۇتۇپ قويسىلا، ئانا ... غېرىبجان ... غېرىبجان ... ھازىر پالەچ ئەمەس ... ئانا ...

سەنەم شۇنداق دەپلا خىجىل بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ نېرىغا قېچىپ كەتتى.

— نېمە ... شۇنداقمۇ، قىزىم؟ ... مېنى نېمانداق خۇش قىلىسىز؟ ...

www.uyghurkitap.com

سەنەم يىراقتىراق بىر يوغان دەرەخكە قاراپ تۇردى، نىگارئايىم بېرىپ ئۇنى كەينىدىن قۇچاقلىدى. سەنەم ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ نىگارئايىمنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئىككىسى خۇشاللىقتا يىغلاشتى.

— تاڭ ئاتسىلا، مەن شەھەرگە بېرىپ نىكاھ ئوقۇيدىغان موللىدىن بىرنى تېپىپ كېلەي.

— ئۆزلىرى ئوقۇپ قويسىلا بولماسمۇ، ئانا؟

— ياق، قىزىم، ئايال كىشى نىكاھ ئوقۇسا چۈشمەيدۇ، ئەلمىساقتىن ئۇنداق ئىش بولغان ئەمەس.

— شۇنداقمۇ؟ بۇ يەرگە يات بىر ئادەم ئاياغ باسسا بولماسمىكىن، — دېدى سەنەم.

— دۇرۇس، قىزىم، بىز بارارمىز بولمىسا. مەن بۈگۈن بازاردىن مۇشۇ نىيەت بىلەن ئاددىي بولسىمۇ بۇنى ئۆزلىرىگە ئاتاپ ئالغانتىم. قىزىم، ئاددىي كۆرمەي كۆڭلۈمنى قوبۇل قىلارلا، قالغىنىنى خۇدا بۇيرۇسا چوڭ تويۇڭلارنى قىلغاندا راۋۇرۇس قىلارمەن...

نىگارئايىم يېنىدىن بىر ئالتۇن بىلەزۈكنى چىقىرىپ سەنەمنىڭ بىلىكىگە سالدى. دەل شۇ چاغدا ئات قاتتىق كىشنەپ تاراق ـ تۇرۇق بولۇپ كەتتى. سەنەم چۆچۈپ يۈگۈرۈپ بېرىشىغا بىر نىقابلىق ئادەم ئاتنى يايداڭ مىنگىنىچە قېچىپ كەتتى. سەنەم يۈگۈرۈپ يېتىشەلمەي يېنىدىن خەنجەرنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى. ئەمما، خەنجەر ئۇنىڭغا تەگمىدى.

— ئەمدى ئاتتىن ئايرىلىپ، قانتىمىز قايرىلدىمۇ؟ — دەپ يىغلىدى نىگارئايىم.

— بولدى، ئانا. يىغلىمىسىلا ... ئارقىلىرىدىن بىرى پايلاپ كەلگەنمۇ؟

— ياق، ھېچبىرى ئەگەشكەندەك ئەمەس ئىدى.

غېرىب دەلدۈگۈنۈپ چىقتى.

— نېمە ئىش بولدى؟ نېمە گۇلدۇر ـ تاراق بۇ؟ — سورىدى

غىرىب.
بۇ ئىش ئۇلارنى قاتتىق ساراسىمىگە سالدى.
تۇراخۇن بوۋاي ھۇجرا ئۆيىدە ئايشە بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى.
— قۇشناچىم، ئۆزلىرى كىم بولىدىلا؟ يېرىم كېچىدە ئۇخلاتماي ئۆيۈمگە ئۇسۇپ كىرىپتىلا، ئۆيلىرىدە بىر كىم قازا قىلىپ كېپەنلىك ئالغىلى كەلدىلىمۇ؟ — سورىدى تۇراخۇن ھاجىم.
— ئۆزلىرى مېنى تونۇمىدىلىمۇ؟
— يوقسۇ، تونۇمىدىم.
— مەن تۇنۇگۇن قىزىم بىلەن دۇكانلىرىغا كىرىپ، پەرەنجە يەڭگۈشلەپ كەتكەن ھېلىقى ئايال بولىمەن.
ئايشە شۇنداق دەپ يۈزىدىكى چۈمبىلىنى ئېچىۋەتتى. تۇراخۇن ھاجىمۇ، يېنىدا تۇرغان چاكارمۇ يۈزلىرىنى توسۇۋالدى.
— ياپىلا يۈزلىرىنى ... چاپسان ياپسىلا، نامەھرەم بولىدۇ، ئادەمنى گۇناھقا شېرىك قىلاي دەمدىلا، قانداق دېگەن بىھايا خوتۇن سىلى؟
ئايشە چۈمبىلىنى چۈشۈرۈپ دېدى:
— قىزىمنىڭ دەردىدە نېمە بولسام بولدۇم، تەقسىر، نېمە دېسىلە دېسىلە، ماڭا قىزىمنى بەرسىلە.
— كاللىلىرى جايىدىمۇ ياكى ئېلىشىپ قالغان مەزلۇممۇ سىلى؟
— قىزىم بۇ بازاردا بۇ يەردىن باشقا ھېچ يەرنى بىلمەيدۇ. ماڭا ئىچلىرى ئاغرىسۇن، قىزىمنى چوقۇم سىلى يوشۇرۇپ قويدىلا، — دەپ يالۋۇردى ئايشە.
— سۇبھانالللا، ئەي خۇدا، ئۆزۈڭ ئاسانلىق بەرگەيسەن. مەن سىلىنى ياكى قىزلىرىنى تونۇمىسام، قانداقسىگە قىزلىرىنى يوشۇرۇپ قويغۇدەكمەن ھەم قىز بالىنى يوشۇرۇپ نېمە قىلاي؟ سىلى مېنى تونۇملا؟ قىزلىرى مېنى تونۇمدۇ؟
— خۇپسەنلىك قىلماي قىزىمنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرسىلە، مەن

www.uyghurkitap.com

سىلىدىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا خۇش بولۇپ كېتەي. مەن قىزىمدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايمەن ...

ئايشە شۇنداق دەپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى.

— يىغلىمىسىلا، قۇشناچىم، دۇكىنىمغا ھەركۈنى سىلىدەك قىزىنى، كېلىنىنى ئەگەشتۈرگەن نۇرغۇن ئايال كىرىپ ـ چىقىدۇ. مەن سەكسەنگە بېرىپ قالغان ئادەم، قايسىبىرىنى تونۇپ بولاي ...

— قىزىم ئۆيدىن قاچقاندا مۇشۇ كوچىدىن ئۆتكەن بولسا سىلىگە يولۇقتىمىكىن دەيمەن.

تۇراخۇن ھاجىم تۇڭلۇكتىن بىر كۆلەڭگىنى غىل ـ پال كۆرۈپ قالدى.

— خۇدايىم قىزلىرىنى پاختىنىڭ ئارىسىدا چوغنى ساقلىغاندەك ساقلىغاي. ئۇ بەلكىم بىرەر دىيانەتلىك ئەھلى مۇسۇلماننىڭ ئۆيىدە پاناھلىنىۋاتقاندۇ. سىلى سەۋر ـ تاقەت قىلىپ ئۆيلىرىدە ئاللادىن قىزلىرىغا ئامانلىق تىلەپ ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، كىچىك بازاردا بىر ئادەم ئەمەس، يېڭى بىر قۇشقاچ ئۇچۇپ ئۆتسىمۇ ئاسانلا خەقنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قۇلىقىغا ئاڭلىنىدۇ، ئەتىگەنلىككە مەسچىت جامائىتىگە ئۇقتۇرايلى، بىرەرى چېلىقتۇرغان بولسا خەۋىرىنى ئالارمىز.

— رەھمەت، ھاجىمكا، بىزدىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانار، بىز مۇساپىرلارغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويسىلا.

— خۇدايىم ھەممىگە قادىر، خۇدا، دېگەنلىرى كەلگەي !

ئايشە ئاز ـ تولا تەسەللى تېپىپ، تۇراخۇن ھاجىم بىلەن خوشلىشىپ ياندى.

# ئون ئۈچىنچى باب

ئاتا پالاكىتىنىڭ بالىغا مىراس قېلىشى ئىنتايىن ئېغىر ئىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئاتا بولغۇچى ئۇ دۇنياغا قاراپ كېتىۋاتقان ئادەم، بالا بولسا بۇ دۇنيانىڭ بوسۇغىسىدىن ئەمدىلا ئاتلىغان ئادەم. ئاتىلار ئۆز بالىلىرىغا بەخت ـ سائادەت، ئاسايىشلىق باغچىسى قالدۇرماي، ۋەيرانچىلىققا تولغان خارابىلىكنى قالدۇرسا، كېيىنكى ئەۋلادلار جاپا ـ مۇشەققەتتىن قۇتۇلالمايدۇ. ياشلار، ئىز باسارلار كېسەل ئىچىدە، خەتەر ئىچىدە، ھالاكەت ئىچىدە قالسا بۇ ئەۋلادنىڭ يوقىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئاتىدىن قالغان كېسەلنىڭ بالىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشى بۇ دۇنيادىمۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدىغان قەرزدارچىلىق، جاۋابكارلىق ئىدى.

دۇشمەننىڭ ئەڭ يامىنى كېسەل. كېسەلدىن ئۆتە يەڭمەك تەس دۇشمەن يوق. ئىش يامىنىغا ئۆرۈلگەندە ياش ئەۋلادلار ئاتىدىن قالغان قاتمۇقات كېسەلنىڭ قورشاۋىدا قالىدۇ. قوزىچاق بۆرىنىڭ ئۆزىنى يەۋېتىشىنى، تالاپ ئۆلتۈرۈشىنى بىلمەيدۇ، بىلسىمۇ تەبىئىتى ياۋاش، مۇلايىم بولغاچقا ۋەھشىي بۆرىگە يەم بولۇشتىن باشقا يولى يوق. شاھى ئاباسنىڭ زەئىپلىك كېسىلى پۈتۈن دۆلەتنى مانا مۇشۇنداق ھالغا گىرىپتار قىلدى. ياشلار خەۋپ ئىچىدە، ئەل خەۋپ ئىچىدە، ۋەتەن خەۋپ ئىچىدە ئىدى.

شاھىنىڭ ھۇجرىسى. چاچ، ساقال، ھەتتا قاش ـ كىرپىكلىرىگىچە چۈشۈپ شالاڭلىغان، ئورۇقلۇقتىن قورقۇنچلۇق، بەتبەشىرە قىياپەتكە كىرىپ قالغان پادىشاھ دېدەكلەرنىڭ ئىككى يېنىغا پەي ياستۇقلارنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇشى بىلەن ئىسكىلىتتەك ئاران ئولتۇردى.

www.uyghurkitap.com

ئىمامنىياز پەيزۇللا شاھنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، تىرناق، تىللىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن تۇران ئايالغا باش ئىشارىتى قىلدى. تۇران ئايالا چىقىپ كېتىپ يالغان مەلىكە، «ئاغىچا ئانا»، كېنىزەك ـ دېدەكلەرنى باشلاپ كىردى. شاھ تاياقتەك قېتىپ قالغان قوللىرىنى كۆتۈرۈپ باغرىنى ئاچتى. «مەلىكە» ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتماق بولۇپ يىغلاپ ۋارقىراپ يۈگۈردى.

— جېنىم شاھ ئاتا، بارمۇ سىلى؟! ... كۆزۈمگە سۈرگۈدەك بولدۇم سىلىنى...

تۇران ئايالا مەلىكىنى يوغان گەۋدىسى بىلەن توسۇۋالدى، مەلىكە شاھ ئاتىسىغا ئىنتىلدى. تۇران ئايالا ئۇنى قۇچاقلاپ ئارقىسىغا ياندۇرۇپ دېدى:

— مەلىكە ئالىيلىرى، ئۆزلىرىنى ئايىسىلا، پادىشاھ ئالىيلىرىغا چاپلاشقان قارا كېزىك بەك خەتەرلىك، يۇقۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلىسىلە...

— شاھ ئاتامنىڭ كېسىلى ئەجەب سىلەرگە يۇقماي ماڭىلا يۇقامدۇ؟ سىلەر قەستەن مېنى شاھ ئاتام بىلەن كۆرۈشتۇرمەيۋاتىسىلەر...

مەلىكە يىغلاپ تېپىچەكلىدى، تۇران ئايالا ئۇنى بەزلەپ ـ پەپىلەپ، قۇچاقلاپ كەينىگە ياندۇردى. قالغان دېدەك، كېنىزەكلەرمۇ مەلىكىنى ئارقىسىغا تارتىشتۇردى. شاھ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ، ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا قوللىرىنى چۈشۈرۈپ، يېنىدىكى مۇلازىمىنىڭ قولىغا تەستە شىۋىرلاپ:

— بولدى، قىزىمنىڭ دىدارىنى كۆرۈپ قاندىم. ئۇ ماڭا ناخشا ئېيتىپ بەرسۇن، قىزلار ئۇسسۇل ئوينىسۇن، — دەپ ئەمر قىلدى. تۇران ئايالا خۇشال بولۇپ سەنەمگە مەنىلىك كۈلۈپ كۆزىنى قىسىپ قويىدى ھەم چاۋاك ئۇردى. پارپا ئەلنەغمىچىلەرنى باشلاپ كىردى. ئۇلار جايلىشىپ نەغمىسىنى باشلىدى. سەنەم

ناخشا ئېيتتى.

«سەنەم» ناخشىنى خېلىلا قاملاشتۇردى. ناخشىغا ئۇسسۇلچى كېنىزەكلەر ئۇسسۇل ئوينىدى. بۇ ئىش بەك قاملاشقانلىقتىن تۇران ئايلا چاۋاك چېلىپ كەتتى. پارپا خۇشاللىقتا مولىلاق ئاتتى. بىچارە شاھ خۇشاللىقتا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار ئاققۇزدى. تۇران ئايلا مەلىكىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى. نەغمىچىلەر ئۇھ دەپ سازلىرىنى قويدى.

شاۋاز قەسرى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمىر، بەگ، سىپاھلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېتىپ ئولتۇراتتى. زەينىدىن بومىيانى تەزىم قىلغاندىن كېيىن، قوينىدىن مەكتۇپنى چىقىرىپ ئۈنلۈك ئوقۇدى:

*«غەزنەۋىلەرنىڭ بۈيۈك سۇلتانى مەھمۇد غەزنەۋىدىن قاراخانىيلار سۇلتانى شاھى ئابباسقا مىڭلارچە تەشەككۇر ھەم خەير - ئېھسانلار بىلەن بۇ مەكتۇپنى ئەۋەتتىم. ئەۋەتكەن سوۋغاتلىرىمىز ھەم تەلەپلىرىمىزنى مەقبۇل كۆرگىنىڭلاردىن چەكسىز سۆيۈندۇق. جاھاندا تەڭداشسىز گۈزەل مەلىكە ئالىيلىرىنى كىچىك خانىشلىققا ئالسام ئىككى خانىدانلىق ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇق - تۇغقانلىق، قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىپ، ئۆزئارا ئىناق ئۆتكەيمىز. سىلەرنىڭ ئامۇ دەرياسى بويىدىكى شەھىرى قارشىدا قىرىق بىر كېچە - كۈندۈز كاتتا توي مەشرىپى بېرىپ، مەلىكە ئالىيلىرىنى كۆچۈرۈش توغرىسىدىكى تەكلىپىڭلارغا قولىمىزنى كۆكسىمىزگە قويۇپ قوشۇلدۇق. بىزمۇ ساپ ھاۋالىق تاغلىرى، ئاجايىپ شېرىن مېۋىلىرى، گۈل باغلىرى، بار گۈزەل شەھىرى تېرمىزنى بىز تەرەپتە ئۆتكۈزۈلىدىغان قىرىق بىر كېچە - كۈندۈزلۈك توينىڭ ئورنى قىلىپ تاللىدۇق. ئوردا ئەھلىنىڭ ئورتاق كېڭەشىشى بىلەن شەھىرى بەلخنى قىز مېلى سۈپىتىدە خانىدانلىقىمىزغا ھەدىيە قىلىشىڭلارنى قارار تاپتۇق...»*

بۇ گەپ بىلەن تەڭ ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈلۈپ، ئولتۇرغان

ۋەزىر ـ ئەمىرلەر ئۆرتۆپە بولۇپ كەتتى. سول قول ۋەزىر ھىلالىدىن ئابدۇلئەزىز ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى:
— نېمە پوق يەيدۇ بۇ ئەقلىدىن ئازغان غەزنەۋىلەر؟ !... سىلەردە قىزنى ئۇستەك بېرىپ ياتلىق قىلىدىغان ئىش بولغان بىلەن بىزدە ئۇنداق ئىش يوق.
— بۇ دېگەن قىپقىزىل ئۆكتەملىكقۇ، خەققە قىز بېرىمەن دېگەندىكىن گەدەنگە مىنگەن گەپ ، — دېدى نۇرانبەگ ئەمىر.
— مۇشۇنداق نېمە دېسە ماقۇل دەۋەرسەك، ئاغزىڭنى ئاچ، ئىككى كېسەك قويۇپ ھاجەتخانا قىلىمەن دەيدۇ تېخى...
شاۋاز قاتتىق ۋارقىرىدى:
— بولدى بەس ! تېخى مەكتۇپنىڭ ئاخىرى تۈگىمىدى. سىلەر دۆلەتنىڭ ۋەزىر، ئەمىرلىرى تۇرۇپ مۇشۇنداق بىئەدەپلىك قىلىشاڭلار، ئاۋامدىن ئەدەپ كۈتكىلى بولامدۇ؟ !
— خەق شۇنچىۋالا بىئەدەپلىك قىلغان يەردە بىز بۇنچىلىك گەپ قىلىشاق بولمامدىكەن؟ قوي جېنىمدىمۇ قاسساپ بوغۇزلايمەن دېگەندە بىر ـ ئىككىنى مەرەيدۇ ، — دېدى نۇرانبەگ.
— بىز قوي ئەمەس، يولۋاسمىز. يۈسۈپ بالاساغۇنى بىر توپ يولۋاسقا بىر ئىت باش بولسا ھەممە يولۋاس ئىت بولۇپ كېتىدۇ دېگەندەك كۆڭگە قالدۇقۇ ئەمدى ... — ئىمىربايىنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا شاۋاز بۇيرۇق قىلدى:
— جاللات... بۇ تىلى زەھەر يىلاننىڭ بېشىنى كەس !
بىر توپ جاللاتلار ئىمىربايىنى باسماقداپ تۇتتى، ئىمىرباي بولسا توختىماي سۆزلەيتتى:
— بىزنىڭ ئەلدە بۇنداق شەرمەندە ئىش بولغان ئەمەس... پەقەت زەئىپ، قارا قورساق، ئىشرەتخور ئاباس بىلەن سەن چەلپەكچى قەلەندەرنىڭ بېشىغا دۆلەت قۇشى قونغاندىن كېيىنلا... بىز مۇشۇنداق خورلۇققا...
— ئاغزىنى ئەت بۇ ئەدەپسىز ھايۋاننىڭ، ھازىرلا كاللىسىنى كېسىپ كىرىپ ئالدىمغا قوي ! ... — دېدى شاۋاز.



www.uyghurkitap.com

ھىلالىدىن ئابدۇلئەزىز ئارىغا كىرىپ دېدى:

— ھۆرمەتلىك ۋەزىرئەزەم، پىتنىنىڭ ئاچچىقىدا شالۋۇرنى ئوچاققا سالغىلى بولماس. ئىمىرباي بىر ئۆمۈر خانىدانلىقىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان باتۇر سەركەردىلەرنىڭ بىرى، ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچكەيلا. ئۇ قېرىپ قالغان، قېنى قىزىق ئادەم.

بىرمۇنچە ۋەزىر، ئەمىرلەر ئالدىغا چىقىپ تەزىم قىلىپ ئىمىرباي ئۈچۈن ئۆتۈنۈشتى:

— ۋەزىرئەزەم جانابلىرى، ئىمىربايىنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچكەيلا !

— كىمكى پادىشاھ ئالىيلىرىغا تىل تەگكۈزگەن بۇ مەلئۇننى ئاقلايمەن دەيدىكەن، ئۇمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئاقىۋەتكە قالىدۇ. ھەممىڭ جايىڭلارغا بېرىپ تۇرۇش ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى شاۋاز.

ئۇنىڭغىچە جاللات ئىمىربايىنىڭ كاللىسىنى قان ئاققان پېتى ئەكېلىپ شاۋازنىڭ ئايىغىغا تاشلىدى. شاۋاز ئورنىدىن تۇرۇپ كاللىغا دەسسەپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— قېنى كىم يەنە كاللىسىنى دوغا تىكىدۇ؟ !

بىرمۇنچە ئەمىر - ۋەزىرلەر ئاستا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۆز سەپلىرىگە كېلىپ سەپراس تۇرۇشتى. ئارىدىن نۇرانبەگ چىقتى:

— مەن كاللامنى تىكتىم !

— مېنىڭ كاللامنىمۇ ئال ! — دېدى ھىلالىدىن ئابدۇلئەزىز.

— تۇزكور ئاسىيلارنى كۆزۈمدىن يوقات ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى شاۋاز.

جاللاتلار ئۇلارنىمۇ تۇتۇپ سۆرەپ ئاچىقىپ كەتتى.

توغراقلار ئارىسىدىكى خىلۋەت مەھەللە. پەزىلەتخان موماي ئىشىك ئالدىدىكى تونۇرغا نان ياقماقتا. دېدەك خېمىرنى ئۈزۈپ، زوۋۇلا تۇتۇپ ئېچىپ تەييارلىماقتا. ھۆربانۇ خېمىرنى تۇتۇپ

بېقىپ دېدەكتەك تەييارلىيالماي خىجىل بولۇپ دېدى:

— مەن... مەن... ھېچ ئىشنى قىلالمايدىكەنمەن... نان قېقىپى ئىكەنمەن.

پەزىلەتخان تونۇردىن بېشىنى چىقىرىپ پېشانىسىدىكى تەرنى يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ دېدى:

— كىچە ـ كۈندۈز خۇداغا يىغلىسام، ئۇ شەپقەتلىك ئىگەم ئاخىر ماڭا سىزنى يەتكۈزدى. سىزنى ھېچ ئىشقا سالماي باقىمەن، قىزىم، ئۆلگۈچە باقىمەن، ھېچ ئىش قىلماڭ.

— ئانام بىچارە نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقاندۇ؟ — ھۆربانۇ مىشىلداپ يىغلىدى.

— ئانىڭىزغا ھېچ ئىش بولمايدۇ. ۋەلى بايلار بىر مەزگىل خاپا قىلغاندىن كېيىن ئۇنى تاشلىۋېتىدۇ. ئۇلار ئۇنتۇغاندىن كېيىن ئانىڭىزنى يەنە تېپىۋالىمىز، — دېدى پەزىلەتخان.

— ئۇنى تېپىش ئۇنداق ئاسان بولماسمىكىن دەيمەن، — دەپ ئەنسىرىدى ھۆربانۇ.

— خۇدايىمدىن تىلىسەك ھەرقانداق مۇشكۇلاتنى خۇدايىم ئاسان قىلىدۇ، قىزىم، ئۈمىدسىز شەيتان دەپتىكەن.

— خۇدايىم، دېگىنىڭىز كەلگەي. بۇرنۇمغا قوينىڭ بېشى پۇراپ، يېگۈم كېلىپ كەتتى.

— بايا ئىسسىق گىردە يېگۈم كەلدى دېگەنىدىڭىز، ئەمدى قوينىڭ بېشىنى يېگۈڭىز كەلگەن بولسا، قورسىقىڭىزدىكى بالا تولا غەلۋە قىلىدىكەن. ھاي... سەمەت باي، قېنىسەن؟

پەزىلەتخاننىڭ چاقىرىشى بىلەن چاكار پەيدا بولدى.

— لەببەي، خېنىم!

— ئەركەك پاقلاندىن بىرنى تۇتۇپ كېلىپ سويۇپ، دەرھال بېشىنى ماۋۇ تونۇردا ئۆتلەپ پىشۇرغىن ، — دېدى پەزىلەتخان.

— خوپ، مانا ھازىرلا !

— قارا پاقلان بولسا ئوبدان بولاتتى —، دېدى ھۆربانۇ.

— نەچچە مىڭ قوي ئارىسىدا قارا پاقلان بولمامتى، خېنىم؟

قارا پاقلان سىلىدىن ئايلانسۇن ، — دېدى سەمەت باي.
— نېمە يېگۈڭىز كەلسە، مانا مۇشۇنداق مېنى ئۆز ئانىڭىز قاتارىدا كۆرۈپ تارتىنماي دەۋېرىڭ. بۇ جاڭگال بولغان بىلەن توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ. ئۆلسەم گۆرۈمگە ئەكېتەمتىم. بۇ نەرسىلەرنى خۇدايىم قايتا ئاتا قىلغان سىزدەك قىزىمغا بەرمەي؟
ئەمدى غېرىب، سەنەملەردىن گەپ ئاڭلايلى. تاغلىقتىكى خىلۋەت مەھەللىدە نىگارئايىم قاپاقنى ئېقىن سۇغا چۆكۈرۈپ سۇ ئالغاچ كۆز يېشى قىلىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە دېدى:
— ئۇلۇغ خۇدا، بىزگە خاتىرجەملىك يوقمۇ ئەمدى؟ بۇ تاغ ئارىسىدا نەدىن پەيدا بولدى بۇ شۇم ئوغرى؟ بىردىنبىر ئېتىمىزنى ئوغرى ئەكەتتى. بۇ تاغنىڭ ئارىسىدىن ئادەم بار يەرگە پىيادە ماڭسا ئىككى ـ ئۈچ كۈندە ئاران بارغىلى بولار...
نىگارئايىمنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، چېچىنى تارىغاچ گەپلىرىنى ئاڭلىغان سەنەم ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ بوينىدىن قۇچاقلاپ مەڭزىنى يۈزىگە يېقىپ تەسەللى بەردى:
— ئانا، كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، تېنىمىز ئامان بولسا ئات دېگەن تېپىلىدۇ.
خىلىلا ماغدۇرىغا كېلىپ قالغان غېرىب ئۆيدىن چىقىپ دېدى:
— ئاتنى ئوغرى ئالغان بولسا، مانا مېنى ئات قىلىپ مىنمەمسىلەر؟ مەن سىلەرنى بوينۇمغا مىندۈرۈپ نەگە دېسەڭلار، ھەتتا باغداد، مەككە ـ مەدىنەگىمۇ ئاپىرىپ كېلىمەن.
نىگارئايىم بىلەن سەنەم ئارقىسىغا قاراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى
— ۋاي... بالام... يەنە مېڭىپسەن ـ دە...
— غېرىب، بۇ... سىزمۇ؟
غېرىب خىلىلا يەڭگىل دەسسەپ كېلىپ ئىككىسىنى قۇچاقلىدى.

— ئېتىمىزدىن ئايرىلىپ، قانتىمىز قايرىلدى دېسەك، ئېتىمىز بار ئىكەن ئەمەسمۇ! — دېدى نىگارئايىم.

— ئاھ خۇدا... كۈن قاياقتىن چىقتى بۈگۈن؟ مۇشۇ كۈننى كۈتۈپ زارىققانىدۇق. رەھمەت ئاللا ... ئاھ - زارىمىزغا يەتكىنىڭگە مىڭ شۈكۈر.

سەنەم سۆزلەۋاتقاندا، گۈلجامالمۇ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ چىقىپ دېدى:

— مەنمۇ خۇدايىمغا رەھمەت دېسەم بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، قىزىم. كېلىنلار، باللىرىم، بېشىڭلاردىن ياغاچ ئۆشتۈپ ئىسرىق سالايلى، — دېدى نىگارئايىم.

بۇ چاغدا ئوغرى ئۇلارنىڭ ئېتىنى قايناق مال بازىرىغا ئاپىرىپ بولغانىدى. ھايۋانلارنىڭ تۇمشۇقىنى كېرىپ چىشىنى دەڭسىمەكتە. بازار ئىچىدە قارا سەللە ئوراپ، قارا تون كىيگەن ساقاللىق ئىككى ئادەم مال كۆرمەكتە، ئادەملەرگە سىنچىلاپ قارىماقتا. چىرايلىق قارا ئاتنى يايداق مىنگەن قىرىق ياشلاردىكى سايىت ئوغرى دوپپىسىنى سىڭايان كىيىپ، گىدىيىپ كىرىپ كەلدى. بىر مۇنچە ئادەملەر سايىت ئوغرىنىڭ چىرايلىق ئېتىغا ھەۋەس قىلىپ ئەگىشىپ ئات بازىرىغا ماڭدى. ئىككى قارا تونلۇقمۇ بىر - بىرىگە قارىشىۋېلىپ ئاتنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. سايىت ئوغرى ئات بازىرىدا ئاتنى ئۇياق - بۇياققا بىر ئىككى يۈگۈرتۈپ توپ ئارىسىدا توختىدى. ئاتمۇ ياشلارغا بېرىپ قالغان سەلىم بېدەك كىشىلەر ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ ئاغزىنى چاكىلدىتىپ دېدى:

— پاھ... پاھ... خۇدايىم ياراتقان ھايۋانلار ئىچىدە ئاتتەك چىرايلىق ھايۋان يوق جۇمۇ! يەنە كېلىپ ئاتلارنىڭ ئىچىدە مانا ماۋۇ ئاتزە، ئاتلارنىڭ پادىشاھى ئىكەن ئەمەسمۇ! سالما باش، قۇلاقلىرى شىنىدەك، بويىنى كېيىكنىڭكىدەك ئۇزۇن، پاچاقلىرى جەرەننىڭكىدەك ئىنچىكە، كاساپەتنىڭ بەللىرىنىڭ ئىنچىكە،

ئۇزۇنـلـىقـچۇ تېخـى ! قاراشەھەرنـىڭ ئېتـىمۇ بۇ، سـايىتـاخۇن ئۇكام؟

— قاراشــەھەرنىڭـمۇ ياكى بـاشقا يەرنـىڭـمۇ، بـۇ ئاتنـى مـەن باقمىسام نەدىن بىلەي؟ ئاكا، مېۋىنى يە، بېغىنى سورىما دېگـەن گەپ بار، — دېدى سايىت هاكاۋۇرلۇق بىلەن.

— دەيمـىـنـا ئەمدى، ئـاتـنـىڭ ئـەپـتـىدىـن مـۇنداق قارىسـام، ناهايىتى يىراقتىن كەلگەندەك تۆش، بويۇن، تېقىمـلىرى تەرلـەپ لاي، چاڭ - توزان بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى سەلىم باي.

— تولا گەپ قىلـىدىكەنسەن سەلىم باي، كاسىلداپمۇ چىشـىڭ ئۇپراپ تۈگەي دەپتۇ.

— مـەن مۇشۇ ئاغـزىمدىكـى گېپـىـم بىلـەن جـان باقـمـەن ئەمەسمۇ، سايىتاخۇن ئۇكام. بـولمىسـا مەن مال بازىرىغا يا مـال ئـەكـىـرمـەيمەن، يـا پـۇل ئـەكـىـرمـەيمەن، مـۇشـۇ ئـاغزىـمـنـى ئەكىرسەملا، قۇرۇق يانچۇقۇم تۆت تەڭگە بىلـەن ئېغىـرلىشـىـپ چىقىپ كېتىمەن. بـۇ شەھەردە بۇنـداق نەسلى كـاتتا ئات يـوق، ئۇكام. بۇنداق ئات دېگەننى چىرايلىق قىز بـالىنى ئـاسرىغانـدەك ئاسراپ مىنىدىغان گەپ ئەمەسمۇ؟ — دېدى سەلىم باي.

— يائـاللا، ئەتـىـگەندە بـىـسـمىـلـلا دېمەي تـۇرۇپ، قـۇلاق - مېڭەمنى يەيدىغان كاسكاس بـېدىككـە ئۇچرىدىمغۇ زادى ! ماڭـە، باشقا خەقنىڭ كېلىشەلمىگەن سودىسىنى كېلىشتۈرە ! ئېتىمنىڭ يېنىغا هېلى خېرىدار كەلگەندە كېلەرسەن. بۇ ئاتنى مـىنگەنـدەك سېنى بـىـر كېچـە مـىنـىـدىغان بولـسا، سەن ئۇنـىڭدىنـمۇ بەتتـەر بولىسەن ... ها ... ها... ها...

سايىـت ئوغرىـنـىـڭ گەپـلـىرىدىـن ئـەتراپتـا تـۇرغانلارنـىـڭ ھەممىـسى قاقاقـلاپ كۈلۈشۈپ كـەتتى. سايـىت ئوغرى تـېخـىـمـۇ روھلىنىپ دېدى:

— چىرايلـىق قىز بـالا دېگەنـدىـن سەندەك ئـاغـزىدا چىـشـى قالمىغان قېرى بېدىكلەر كۆرۈپ، پۈۋلەپ، ئاسراپ هۇزۇرلانغـان بىلەن، بىزدەك بېلى ئوتتۇندەك قاتقان ئوغۇللار ئۇنى — مانا ماۋۇ

چىرايلىق ئاتنى ئاخشامدىن تاڭ ئاتقۇچە مىنگەنگە ئوخشاش مىنىپ ماڭالماس قىلىۋېتىمىز! ھا... ھا... ھا...

— ھا... ھا... ھا... ئۆلە قېرى بېدىك، سايىت ئۇچقاقتا گەپ قىلغانغا تويدۇڭمۇ؟ ئۆلە ... — دېدى ئارىدىكى بىر تاماشاچى گۇپپاڭچىلىق قىلىپ.

ھەممە ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك تېلىقىپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

سايىت ئوغرى ئاتنى تۇۋرۇككە قاڭتۇرۇپ باغلىۋېتىپ دېدى:

— تۇنۇگۈن چۈشتە غىزالانغانچە تېخى ئاغزىمغا گىياھ سالمىدىم. خېرىدار كېلىپ قالسا چايخانىغا باشلاپ بار، مەن چايخانىدا بار، سەلىم باي. تاپان ھەققىڭنى ئوبدان بېرىمەن.

— ئېتىڭنى خېرىدار تېپىپ سېتىپ بەرگەندىكىن، ئەلۋەتتە خەقتىن ئارتۇق بېرىسەن ـ دە، سەن پېشانەڭ تەرلەپ تەستە تاپمىغاندىكىن بۇ ئاتنى... ھا... ھا... ھا... — دېدى سەلىم باي.

— نوچى بولساڭ ماڭا ئەگەش. تەر پېشانەڭدىن چىقامدۇ، تېقىمىڭدىن چىقامدۇ، كۆرسىتىمەن. مەن بىلەن ماڭساڭ خېلى بېلى قاتقان ئەر كىشىگە ئايلىنىسەن. بۇ بازاردا يىپچى خوتۇندەك كوتۇلداپ خەقنىڭ قولىنى سىلاپ يۈرگەندىن ياخشى.

سايىت ئۇچقاقنىڭ گېپى بىلەن خەقلەر يەنە پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. سايىت كەتتى. سەلىم باي بولسا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىغىنىچە قالدى.

— ھۇ... ئۆلگۈر، بېشىڭنى يەيدىغان ئوغرى، قايسى بىچارىنىڭ ئېتىنى ئوغرىلىغانسەن؟

— ھاي سەلىم باي... بۇ چىرايلىق ئاتنىڭ ئىگىسى بىچارە ئەمەس. ئادەتتىكى ئادەملەر بۇنداق ئېسىل ئاتنى باقالمايدۇ، — دېدى ئارىدىكى بىر قېرى بوۋاي.

يەنە بىر بوۋايمۇ گەپ قىستۇردى:

— ھەق گەپ قىلدىڭ، غۇلام باي. ئوتتۇراھال جان باقىدىغان، ھەتتا يىلدا سەكسەن تاغار دان ئالىدىغان بايمۇ بۇ ئاتنى بۇنداق باقالمايدۇ.

— راست دېدىڭ، ئەۋرا باي. ئادەتتىكى ئادەملەر ئوت - سامان، ئېشەك كەتسە ئارپا - بېدە بىلەن باققان ئات بولسا سامان قورساق، چىۋىن پاچاق، ئوسۈرغاق بولاتتى. قارا، ھېچ يېرىدە ئېۋەن يوق، — دېدى غۇلام باي.
— بۇ ئادەتتىكى باي - غوجاملارنىڭ ئېتىغا ئوخشىمايدۇ. ئاتنىڭ قورسىقىنى بۇنداق تارتىش ئۈچۈن، مەخسۇس تۇخۇم، كەندىر بىلەن باقىدۇ، بولمىسا ئات بۇنداق چىرايلىق بولمايدۇ، — دېدى ئەۋرا بايمۇ.
يەنە بىر بازارچىمۇ:
— ھارۋىغىمۇ قاتمىغان، مەخسۇس ئوغلاققا، جەڭگە سالغان ئاتتەك قىلىدۇ، — دېدى.
— تەكتى يا ئىلىنىڭ، يا قاراشەھەرنىڭكىدەك قىلىدۇ، — دېدى غۇلام باي.
— ياق... ياق... بوينىغا قارا... بۇ ئات قاراشەھەرنىڭمۇ ياكى ئىلىنىڭمۇ ئەمەس، پەرغانە ئارغىمىقىنىڭ ئەۋلادىدەك تۇرىدۇ، — دېدى ئەۋراباي.
— سىنىڭچىزە، بىرەر كاتتا ئەمىر ياكى سەركەردىنىڭ ئېتى ئىكەن - دە؟ — سورىدى غۇلام باي.
— بەلكىم شۇنداقتۇ، — دېدى ئەۋراباي.
— دەپ قويسا ئەزۋەيلەپ كەتكىنىنى. بۇنداق ئات دېگەن بىزنىڭ مىڭبېشى، مىرابلىرىمىزدىمۇ بار، ئوغلاق تارتىشقىلى باقىدۇ شۇ. سەھرادا كالا تېزىكىگە دەسسەپ، كەتمەندە سۇ ئىچىپ چوڭ بولغان سايىت ئوغرى ئەمىر ياكى ۋەزىرنىڭ قەسرىگە كىرىپ ئات ئوغرىلاپ چىقالامدۇ؟ — دېدى غۇلام باي.
— ئوغرى دېگەن ئۆزىگە ئۆزى خان، كۆزىگە كىمنىڭ نېمىسى چىرايلىق كۆرۈنسە، پادىشاھ، گاداي بولامدۇ كارى يوق ئوغرىلاۋېرىدۇ، — دېدى ئەۋراباي.
— ئىشقىلىپ، سايىت ئوغرىدىن مال ئېلىپ پايدا ئالدىم دېگەن ئادەمنى كۆرمىدىم. ئوغرىدىن مال ئالدىڭمۇ، سەنمۇ ئوغرى

www.uyghurkitap.com

دېگەن گەپ، ـــ دېدى ئارىدىكى بىر بوۋاي.

سەلىم باي ئاتىنىڭ چىشىنى كۆرگىلى تۇردى. ئىككى سەللىلىك بىر ـ بىرىگە قارىشىۋالغاندىن كېيىن بىرى دېدى:

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، سەلىم باي ئاكا، بۇ ئاتنى مەن ئالاي. مېنى ئاتنىڭ ئىگىسى بىلەن كۆرۈشتۈرگەن بولسىلا...

سەلىم باي ئۇنىڭ باش ـ ئايىغىغا قاراپ دېدى:

ـــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، نېمىدېگەن سالاپەتلىك مېھمان بۇ! بىزنىڭ بۇ يەردە بۇنداق ئەدەپ ـ قائىدىلىك ئادەم يوق. ئېسىل مالغا دېگەن مانا مۇشۇنداق تەربىيە كۆرگەن، ئېسىل سۈپەت ئادەملەر خېرىدار بولىدۇ. بۇ ئاتمۇ بۇ يەرلىك ئەمەس، ئۆزلىرىمۇ كاتتا شەھەرلەردە، مەسىلەن، ئورداباللىقتا چوڭ بولغاندەك تۇرىلا. بۇ ئات دېگەن نەق سىلىدەك ئېسىل سۈپەت ئەر مىنىدىغان، مىنسە يارىشىدىغان ئات. مەن سىلىنى ئات ئىگىسىنىڭ قېشىغا سەل تۇرۇپ ئاپىراي.

شاۋاز ئۆز قەسرىدە سالپىيىپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى. ئىمامنىياز پەيزۇللا ئۇنىڭ چېكىسىگە زەيتۇن مېيى سۈۋاپ، ئاق يىپەك بىلەن چىلىك تاڭدى.

ـــ نان يېگەنمۇيا، تېۋىپ ھەزرەتلىرى، نېمانداق قوللىرىنىڭ جېنى يوق؟ چىڭراق تاڭسىلا، سۈۋىغان دورىلىرىنىڭ پوقىچىلىك پايدىسى بولمىدى. بېشىمنىڭ ئاغرىقى پەسىيەي دېمەيدۇ، ـــ دېدى شاۋاز.

ـــ خوش تەقسىر، خوش. بۇ دورا تەپىمىگەن بولسا چۆغۇندەكنىڭ تۆكىنى كۆيدۈرۈپ بېسىپ باقاي، ـــ دېدى ئىمامنىياز.

ـــ باياتىن بېرى شۇنداق قىلسىلا بولمامدۇ؟ پايدا قىلمىدىغان دورىلىرىنى ئاياپ ئانىلىرىنىڭ چېكىسىگە تاڭامتىلە؟ ... بولسىلا چاققان! ـــ دېدى شاۋاز زەردە بىلەن.

ـــ خوپ، ھەزرەتلىرى... پېقىرنى كەچۈرگەيلا.

ئىمامنىياز كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى. شاۋاز ئالدىدا قول

باغلاپ تۇرغان دۆلەت ئۇستازى جارۇپ مەۋلىۋىگە دېدى:

— گەپ قىلسىلا، شەيخۇلئىسلام ھەزرەتلىرى. سىلىمۇ ھەرقاچان ماڭا شىپا بولىدىغان ياخشى گەپنى ئەمەس، بېشىمنى تېخىمۇ ئۇماچ قىلىپ قايىنىتىدىغان يامان گەپلەرنى ئېلىپ كەلدىلە.

— ھۆرمەتلىك ۋەزىر ئەزەمگە مەلۇم بولغاي، پېقىر ئاللاغا سادىق، تەقۋادارلىق يولىنى تۇتقان بىر مۆمىن بەندىمەن. ئەل - جامائەت مېنى خالىس ئەلچى قىلىپ تاللاپ ھۇزۇرلىرىغا ئەۋەتتى، — دېدى جارۇپ مەۋلىۋى.

— ئەگەر خانغا ھاقارەت قىلغان ئاسىي مۇناپىقلارنىڭ شەپقەتچىسى بولۇپ كەلگەن بولسىلا، ئاغزىلىرىنى ئېچىپ سالماي ئىززەتلىرى بىلەن ئارقىلىرىغا يانسىلا. خان شەمشىرى قىنىدىن چىقتى، كىمكى مۇشۇ ناكەسلەر ھەققىدە بىر ئېغىز تىنىدىكەن، شۇنىڭ جېنى تېنىدىن جۇدا قىلىنىدۇ، — دېدى شاۋاز.

جارۇپ مەۋلىۋى ئاستا كەينىگە ياندى.

قايناق بازار. چايخانا سۇپىسىدا ئۈز خىلى بىلەن كاللەكلىشىپ ئولتۇرغان ئادەملەر بىر ئەما ئادەمنىڭ ساتار بىلەن ئېيتقان ناخشىسىنى ئاڭلىغاچ چاي ئىچىشمەكتە. سەلىم باي بىلەن ئىككى قارا سەللە، قارا تونلۇق سودىگەر چايخانىغا كىردى. ساتار بىلەن ئورۇندالغان ناخشىغا بېرىلگەن چايخانا ئەھلى ئۇلارغا كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويمىدى. سۇپىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ناننى قايماققا مىلەپ يەپ ئولتۇرغان سايىت ئۇچقاققا سەلىم باي سىرتقا چىقىشقا ئىشارەت قىلدى. سايىت ئۇچقاق ئۇلارغا بىللە چاي ئىچكەچ ناخشا ئاڭلاشقا ئىشارەت قىلدى. سەلىم باي ئىككى سودىگەرگە قارىدى. ئۇلار تالاغا چىق، بولدى قىل دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى. سايىت ئۇچقاق چاي ئىچىپ بولۇپ چىقىمەن دېگەن ئىشارەتنى قىلدى. ئىككى سودىگەر بىلەن سەلىم باي ئامالسىز كەشلىرىنى سېلىپ سۇپىغا چىقىپ سايىت ئۇچقاقنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. چايچى ئۇلارغا پەتنۇستا

www.uyghurkitap.com

نان، پىيالە، چەينەك ئېلىپ كەلدى. ئىككى سودىگەر سەلىم باي تەڭلىگەن چايلارنى قولىغا ئېلىپ ئوتلىغاچ سايىت ئۇچىقاقتا يەر تېگىدىن سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. سايىت ئۇچقاق بولسا ئۇلارغا پەرۋا قىلماستىن ئەمانىڭ ناخشا ـ كۈيلىرىگە مەھلىيا بولۇپ بېشىنى ئۇدارغا كەلتۈرۈپ لىڭشىتىپ ئولتۇردى. بىر چاغدا سامان تىققان تاغاردەك كېلەڭسىز، دەمدەك ئوسما قويغان بىر سەتەڭ ئايال كىرىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. چايخانا قىزىپ كەتتى. ئۇ ئايال تازا قاملاشتۇرۇپ قاش ئېتىپ، خولق ـ ناز چىقىرىپ، قاملاشقان ئەرلەرگە كۆز تاشلىدى. ئولتۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى ئىسقىرتسا، بەزىلىرى ئۇشقىرتىپ چاۋاك چالدى. سايىت ئۇچقاق بۇنىڭغا تېخىمۇ بېرىلدى.

قاشىڭ مېھرابى، ئەي دىلبەر، مېنىڭ بىر قىبلەگاھىمدۇر،
يۈزۈڭ مېھرى كۆڭۈلنى روشەن ئەتمەكلىككە ماھىمدۇر.
بۇ كۆڭلۈم مەيلى قىلسا غەيرىنىڭ يادىنى قىلماققا،
غەمى ئۆرتەپ ئوتىدا ھەرنە قىلسا ئۆز گۇناھىمدۇر.
لېكىن كۆڭلۈم قەبۇل ئەتمەس سېنىڭدىن ئۆزگە دىلبەرنى،
ساچىڭنىڭ ھالقىسى ئول زۇلمىدىن ئارامگاھىمدۇر.
قارا تۇرغان فەلەكتە بۇلۇت ئەمەس ياغقىلى يامغۇر،
مېنىڭ ھالىمغا يىغلار ئول قاراسى دۇدى ئاھىمدۇر.

سېپىل ئۇستىدىكى راۋاقتا شاۋاز پەي ياستۇققا يانپاشلاپ يېتىپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ چىلىم تارتماقتا. ئابلىز شەيتان ئابدۇللا شائىرنى باشلاپ كېلىپ تەزىم قىلىپ ئاستا شاۋازنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى. شاۋاز كۆزىنىمۇ ئاچماستىن ئۇنى كېتىشكە ئىشارەت قىلدى، ئابلىز شەيتان تەزىم قىلىپ كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى. شاۋاز بۇرۇنقى پېتىنى بۇزماستىن ئوغلىغا:

— سېنى نېمىگە چاقىردىم، بىلەمسەن؟ — دېدى

ئابدۇللا شاتىرى بىر خىل خىجىللىق ئىچىدە ئوڭايسىزلىنىپ دېدى:

— مەن... مەن... كەيپچىلىكتە ئوبدان ئىش قىلماپتىمەن، ئاتا... مەن ئېغىر گۇناھ قىلدىم، قالايمىقان گەپ قىلىپ دىللىرىنى رەنجىتتىم، مېنى ئەپۇ قىلغايلا... ئەقىلسىزلىق قىپتىمەن.

ئابدۇللا شاتىرى تىزلىنىپ ئۆزىنى كاچاتلاپ يىغلىدى.

شاۋاز ئورنىدا ئولتۇرۇپ ئۆزىنى كاچاتلاپ قار - يامغۇر يىغلاۋاتقان ئوغلىغا قاراپ، سەل يۇمشاپ قالدى. ئورنىدىن تۇردى - دە، ئوغلىنى قولىنى تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئابدۇللا شاتىرى ئاتىسىنى قۇچاقلاپ ھۆڭرەپ يىغلىدى.

— بولدى قىل، بولدى قىل، كىچىك بالىدەك يىغلاۋەرمە... سەن مېنى ھەرقانچە خاپا قىلساڭمۇ سەن يەنىلا مېنىڭ ئوغلۇم.

— مەن بەك ئەدەپسىزكەنمەن، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىپتىمەن. سىلىگە بەك قوپاللىق قىپتىمەن، ئاتا... مەن ئەقىلسىز ئوغۇللىرىنى ئەپۇ قىلغايلا.

— سېنى ئەپۇ قىلدىم. مېنىڭ ئۆمۈر بويى قىلغان بارلىق ئىشلىرىم سېنى تەخت ئىگىسى قىلىش ئۈچۈن، ئوغلۇم. مەن بىر مازارنىڭ شەيخىنىڭ ئوغلى تۇرۇپ تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئاخىر بىر خانلىقنىڭ باش ۋەزىرى بولدۇم. مەن سېنىڭ مەندىن ئېشىپ پادىشاھ بولۇشۇڭنى، سەندىن باشلانغان ئەۋلادىمنىڭ پادىشاھ ئەۋلادى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن، بالام. مەن مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن مۇسۇلمان بالىسى قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان نۇرغۇن يامان ئىشلارنى قىلدىم. ئىككى قولۇم نۇرغۇن بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ قېنى بىلەن بويالدى، قىيامەت كۈنى جاۋاب بېرىپ بولغۇسىز ئېغىر گۇناھقا پاتتىم. مەن ئەبەدىلئەبەد دوزاختا كۆيسەممۇ سېنىڭ ۋە سېنىڭ ئەۋلادىڭنىڭ پادىشاھ بولۇپ، جاھان سورىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، بالام. سەن مەندىن

ئەپۇ سوراشنىڭ ئورنىغا مېنى ۋە قىلغۇاتقان ئىشىمنى چۈشەنسەڭ، مەن شۇنىڭغا رازى، ئوغلۇم، — دېدى شاۋاز.

— مەن بىلمەيتىمەن، ئاتا. سىلىنىڭ ماڭا كۆيۈنگەنلىرىنى، مەن ئۇچۇن جان پىدا قىلىۋاتقانلىرىنى بىلمەيتىمەن. ئاتام مېنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ماڭا ئۆچ، قاتتىق قوللۇق، رەھىمسىزلىك قىلىدۇ دەپتىمەن. ئەسلىدە سىلى ھەممىنى مەن ئۈچۈن ياخشى بولسۇن دەپ قىلىدىكەنلا، ئاتا. ئەقىلسىزلىكىمنى كەچۈرسىلە.

— ئەتراپىمىدىكى ھەممە ئادەم، ھەتتا ئاناڭمۇ مەن ئۈچۈن يات، پەقەت سەنلا مېنىڭ بىردىنبىر تۇغقىنىم، ئەڭ يېقىن ئادىمىم، ئوغلۇم. ئەتراپىمىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مەن بىلەن ئەمەس، مېنىڭ ھوقۇقۇم، شان - شەرىپىم بىلەن دوست. ئەگەر مەن نوپۇزۇمدىن ئايرىلسام يېنىمدا ھېچكىم قالمايدۇ، ھەتتا ئاناڭمۇ مېنى تاشلاپ كېتىدۇ. بەلكىم مېنىڭ دۆلىتىمنى كۆرگەن، تۇزۇمنى يېگەنلەر مەندىن تەتۈر ھېساب ئېلىپ مېنى ئۆلتۈرۈشىمۇ مۇمكىن. ھايات قالسام ئاتام رەھمەتلىكتەك مازارنىڭ چىراغچى شەيخى بولۇپ، بىر تاۋاق ئۇماچ، بىر توغرام زاغرىغا زار بولۇشۇم مۇمكىن. ئەنە شۇ چاغدىمۇ مېنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدىم، تۇغقىنىم يەنىلا سەن. پەقەت سەنلا مېنى تاشلاپ كەتمەيسەن، مەندىن تانمايسەن، مەندىن تەتۈر ھېساب ئالمايسەن، چۈنكى سېنىڭ تومۇرۇڭدا ئېقىۋاتقىنى مېنىڭ قېنىم...

— ئاتا... ئازغۇن ئوغۇللىرى ئەمدى سىلىنى ھەرگىز خاپا قىلمايدۇ... ھەرگىز ... — دېدى ئابدۇللا.

— مېنىڭ سەندىن باشقا بالام يوق. مەن ئاناڭنىڭ ئۈستىگە خوتۇن ئالسام، نۇرغۇن خوتۇنلۇق، نۇرغۇن بالىلىق بولسام تامامەن بولاتتى، ئەمما مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سەن بىر تالla ئوغلۇم ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىغان، ئوغلۇم. ساڭا شېرىك چىقىشىنى خالىمىدىم. سېنى ئۆمۈر بويى مەندەك باش ئاغرىقى تارتىپ، بىردەممۇ ئارامخۇدا ياشىيالمايدىغان بولۇپ

قالمىسۇن دېدىم، — دېدى شاۋاز.

— ئاتا... مەن سىلىنى راستلا چۈشەنمەپتىمەن. سىلىگە ياخشى ئىش قىلىپ بەردىم دەپ نۇرغۇن خاتا ئىشلارنى قىپتىمەن، سىلىگە دىشۋارچىلىق تېپىپ بېرىپتىمەن، ئاتا.

— ھە... ئەمدى ئەقلىڭگە كەپسەن. مەن سېنىڭ مۇشۇ كۈنۈڭنى، مۇشۇنداق ئەقلىڭگە كېلىشىڭنى كۈتكەنمەن، ئوغلۇم. سەن ئەمدى چوڭ بوپسەن. ھەرقانداق ئىشنىڭ ۋاقىت ـ سائىتى بولىدۇ. مانا ئەمدى ئۆزۈڭنىمۇ، ئاتاڭنىمۇ چۈشىنىپسەن. مەن ئەمدى سەندىن خاتىرجەم بولدۇم، ئوغلۇم.

— بۇنىڭدىن كېيىن سىلى سىزغان سىزىقتىن ھەرگىز چىقمايمەن، سىلى دېگەن ئىشنى قىلىمەن، ئاتا، تىرىشىپ ۋايىغە يەتكۈزۈپ قىلىمەن.

— ھازىر سېنىڭ قىلىدىغان بىردىنبىر جىددىي ئىشىڭ غېرىب بىلەن سەنەمنى ئىنىس ـ جىنغا تۇيدۇرماي تېپىش. مېنىڭ بىردىنبىر مەقسىتىم سەنەمنى ساڭا ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق سېنى تەختكە چىقىرىپ پادشاھ قىلىش. سەن سەنەمنى نىكاھىڭغا ئالمىساڭ، ھەرقانداق قىلىپمۇ بۇ نىشانغا يەتكىلى بولمايدۇ. سېنىڭ قانۇنلۇق تەختكە چىقىشىڭ سەنەمگە باغلىق.

— ئادەملىرىم ھەممە يەرنى، ھەتتا چاشقان كامېرىغىچە تىنتىپمۇ غېرىب بىلەن سەنەمنى تاپالمايۋاتىدۇ.

— ئاسمانغا چىقسا تاپىنىدىن، يەرگە كىرىپ كەتسە كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ تارتىمىز. مەن قوشنا مەملىكەتلەرگىمۇ پايلاقچى ئەۋەتتىم. ئۇلارنى شۇ يەردە بولسىمۇ تۇتۇپ كەلمەي بولمايدۇ، — دېدى شاۋاز.

— مەن ئۇلارنى تاغ ئوغرىلىرىنىڭ يېنىغا پاناھلىنىپ بېرىۋالغانمىكىن دەپ، تاغدىكى سېيىت ھاجى قاۋان ئارقىلىق ئۇقسام، ئۇلار ئۇ يەرگىمۇ بارماپتۇ. سېيىت ھاجى قاۋان ئاشكارا بولۇپ قاپتىكەن، ئۇنى يىغىشتۇرۇۋەتتىم.

— ئوبدان قىپسەن، ئەتراپىمىزدىكى ئادەملەرنى ئادەم ئەمەس، قوينىڭ ئورنىدا كۆرمىكىمىز لازىمدۇر. بىزگە ئۇلارنىڭ تىرىكى كېرەك بولسا تىرىكىدىن، ئۆلۈكى كېرەك بولسا ئۆلۈكىدىن، تېرىسى كېرەك بولسا تېرىسىدىن پايدىلىنىمىز. پايدىلىنىپ بولساقلا ئىش تامام، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى ئۇنتۇپ كېتىمىز، ھەتتا ئالدىمىزدىكى ئىشلارغا كاشىلا پەيدا قىلىدىغان بولسا ئۇلارنى كۆزدىن يوقىتىمىز ، — دېدى شاۋاز.

— تۇتقان يەردىلا غېرىبنى جايلىۋەتسەك مەلىكە قاقشاپ ـ قاقشاپ جىم بولاتتى، ئاتا ، — دېدى ئابدۇللا.

— يەنىلا بالا سەن، سەن ئۇ ساراڭ قىيتىش مەلىكىنى چۈشەنمەيسەن. غېرىبنى يوقاتساڭ، ئۇنىڭدىنمۇ ھايالشىماي قۇرۇق قالىسەن، ئۇنى ئاستا ـ ئاستا كۆندۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن غېرىبتىن رايىنى ياندۇرۇپ ئىندەككە كەلتۈرىمىز. بىزنىڭ مەقسىتىمىز قىز ئېلىش ئەمەس، پادىشاھلىق تەختىنى ئېلىش، بىلدىڭمۇ؟ سېنىڭ ۋەزىپەڭ سەنەملەرنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ ئوردىغا ساق ئەكېلىش. بىز سەنەمدىن ئايرىلىپ قالساق پادىشاھنىڭ بارلىق تۇغقانلىرى تەخت دەۋاسى قىلىپ ئۆز ئۈرۈق ـ ئايماقلىرى بىلەن قوزغىلىپ، ئۈۋىسىغا سۇ كىرىپ كەتكەن چۈمۈلىدەك چۇۋۇلۇپ چىقىدۇ. پۈتۈن خانلىق قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالىدۇ. بىسلىپ ياتقان ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەنلەر قوزغىلىدۇ. ئۇ چاغدا سەن تەكلىماكان قۇملۇقىدا ئېزىپ قالغان ئوۋچىدەك نېمە قىلارىڭنى، نەگە بارارىڭنى بىلمەي ھالاك بولىسەن، — دېدى شاۋاز.

— ئاتام غېرىب دېگەن بۇ يېتىمەككە نېمىشقا يۇمشاق قوللۇق قىلىدىغاندۇ دەپ ئىچىم پۇشاتتى، — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

— ساڭا يەنە بىر تەخت كۆشەندىسى قوشۇلدى، ئۇ بولسىمۇ ئايشە دېگەن جەددال ئەپقاچقان ھامىلىدار كىچىك خانىش ھۆربانۇ. ئەگەر ئۇ خانىش ئوغۇل تۇغۇپ قالىدىغان بولسا سەن

سەنەمنى نىكاھىڭغا ئالغىنىڭ بىلەنمۇ ئىشىمىز سۇغا چىلىشىدۇ. ئۇ ئالۋاستىلارنى تۇتۇپ ئۇجۇقتۇرۇشمۇ كۆز ئالدىمىزدا تەخىرسىز ئىش بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— ماقۇل، ئاتا، — دېدى ئابدۇللا شاتىرى، — مەن تېزدىن ئۇلارنى تۇتۇپ، ئىشنى توغرىلاي، — شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە ئاللىقانداق ۋەدىلەرنى بېرىپ چىقىپ كەتتى.

ئات بازىرىدا سايىت ئۇچقاق ئاتنى مىنىپ ئۇياقتىن - بۇياققا ئىككى نۆۋەت چاپتۇردى، بازارچىلار ھەۋەس بىلەن كۆرۈشتى. سەلىم باي بولسا ئاتنى توختىماي داڭلاپ سۆزلەيتتى:

— قانداق، قالتىس ئاتمىكەن؟ ماڭسا يورغىلايدۇ، سەل ئىتتىكلىسە بۆرە يورغىسىدا ماڭىدۇ، چاپىدىغان بولسا ھەزرىتى ئەلىنىڭ دۇلدۇلىدەك ئۇچىدۇ. قاراڭلار، سايىت ئۇچقاق راستتىنلا بۇلۇتقا مىنىپ ئۇچۇۋاتقاندەك كېتىۋاتامدۇ؟ بۇ ئاتنى ئالغان ئادەم ئات ئالدىم دېمەي بۇلۇتقا مىندىم دېسە بولىدۇ. بۇ دېگەن پادىشاھنىڭ جەڭ مەيدانىدا توققۇز چارەك گورزە ئوينىتىدىغان باھادىر سەركەردە مىنىدىغان ئات ئىكەن. بىر كېچە تاڭ ئاتقۇچە يۈگۈرۈپمۇ يەنە چېپىۋاتامدۇ...

— ئاتنىڭ نەرخى قانچە؟

سايىت ئۇچقاق ئاتنى تازا چاپتۇرۇپ سودىگەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزگەندە، تاقەتسىزلىنىپ كەتكەن سودىگەر سورىدى. سايىت ئۇچقاق ئاتنىڭ تىزگىنىنى قاتتىق تارتتى. تۇيۇقسىز يۈگەنلەنگەن ئات قاتتىق كىشنەپ، ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تېپىچەكلەپ توختىدى. بازارچىلار ئۇھ تارتىپ ئۇشقىرتىپ كەتتى. سايىت ئۇچقاق تېخىمۇ مەغرۇرلانغان ھالدا دېدى:

— مەن بۇ ئاتنى ئاسماندىن، ئاۋۇ ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ئارىسىدىن ئەپچۇشتۇم. بۇ ئاتقا مىنگەن ئادەم بۇلۇتقا مىنگەندەك بولىدۇ. ئەسلىي بۇ ساتىدىغان ئات ئەمەس ئىدى، ئەمما پۇل زۆرۈر.

— دېمەمسەن، قولۇڭغا زادى نەچچە پۇل نەق تەگسە بولىدۇ؟ — دېدى سودىگەر.

— شاخار تەڭگىسىدىن بىرى كەم ئەمەس مىڭ تەڭگە، چىدىساڭلار ئېلىڭلار، بولمىسا مەيلى. مېنى خەق سايىت ئۆچقاق دەپ ئاتاپ كەلدى. ئۆچقىنىمنى بىلمەيتتىم، مانا ئەمدى مۇشۇ ئاتقا مىنىپ، بۇلۇتقا مىنىپ ئۇچۇۋاتقاندەك بولۇۋاتىمەن، ساتمايمەن، — دېدى سايىت ئۆچقاق.

بازارچىلارنىڭ ھەممىسى يەنە ئىچىگە تارتىشىپ چۇرقىرىشىپ كەتتى.

— ھەي سارالڭ ئۆچقاق، كاللاڭنى قاغا چوقۇۋالمىغاندۇ؟ بۇ ئېتىڭ ھەرقانچە ئەرشىئەلادىن چۈشكەن دۇلدۇل بولسىمۇ، سىغىدىغان گەپ قىلمامسەن؟ — دېدى سەلىم باي.

ئارىدىكى بىر بازارچى بوۋايمۇ:

— ئالىمەن دېگەنگە تويە دېگەندەك، ئاز كەم يۈز ئاتنىڭ نەرخىنى دەيدىغۇ بۇ كاللىسىنى قاغا چوقۇۋالغان ئۆچقاق، — دېدى.

— بەرمەس قىزنىڭ تويلۇقى ئېغىر دېگەن شۇ - دە، سايىت ئۆچقاق بۇ سودىگەرنىڭ ئاتقا كۆيۈپ قالغىنىنى بىلىۋالدى. نەدىن ئوغرىلاپ كەلگەندۇ بۇ ئاتنى، بۇ كاساپەت؟ — دېدى يەنە بىر بوۋاي.

— ئاتقا چىدىمىدى، ساتقۇسى كەلمىدى، پۇلى بار ئوغۇل بالا ساتىدىغان ئات ئەمەس ئىكەن بۇ، ئوغۇل بالىنىڭ قانىتى دېگەن مۇشۇ، — دېدى بىر بازارچى.

بازاردىكىلەر ئارقا - ئارقىدىن ئاتنىڭ باھاسى ئۈستىدە مۇنازىرە قىلىشىۋاتقاندا سودىگەر:

— ھېساب، ئالدىم، — دېۋىدى، ھەممە ھەيران قېلىشتى.

— يا پەرۋەردىگار، ئاغزىمغا چىش چىقىپ بىر ئاتنى مىڭ تەڭگىگە ئالغان، ساتقاننى كۆرۈش تۇگۇل ئاڭلاپمۇ باقمىغان، — دېدى سەلىم باي.

— بۈگۈن ساتارمەن سارالڭ، ئالارمەن كور بازار بولدىغۇ، — دېدى بوۋاي.

— ئەكېلىڭلار قولۇڭلارنى، باغلىشىڭلار، — دەپ سەلىم باي سودىگەر بىلەن ئاتتىن چۈشمەي تۇرغان سايىت ئۇچاقنىڭ قولىنى باغلاشتۇردى.

— يېنىمدا مىلڭ تەڭگە يوق، پۇلنى سارايغا بېرىپ ئالسەن، — دېدى سودىگەر.

— يېنىڭلاردا بىر تەڭگە بولسىمۇ بېرىڭلار، سودا سودا بولسۇن، — دېدى سەلىم باي.

— مانا ئون تەڭگە.

سودىگەر يېنىدىن بىر تېرە خالتىنى ئېلىپ ئىچىدىن ئون تەڭگە چىقاردى. سەلىم باي تەڭگىلەرنى ئېلىپ سايىت ئۇچاققا بەرگۈچە ئىككىنى ئايرىۋېلىپ ھجايدى.

— ئىنساپ قىل، بىرنى ئال، — دېدى سايىت ئۇچاق.

— بۇ كاتتا سودىدا ھېلىمۇ ئىنساپ قىلدىم، بولمىسا جىق ئالاتتىم، بولدى قىل، — دېدى سەلىم باي.

— مانا ئۈچ تەڭگە، — دېدى سودىگەر.

— بەشنى بېرەرلا، — دېدى سەلىم باي.

— ئىنساپ قىلسىلا. ھېلىمۇ مىنىمگەن تايدىن بىرى كېلىدىغان پۇل بەردۇق.

يەنە بىر سودىگەر قوينىدىن كۆن خالتىنى چىقىرىپ سەلىم بايغا ئۈچ تەڭگە بېرىپ قالغان تەڭگىلەرنى خالايىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا چېچىپ:

— كۆز ھەققى... سودىمىز سودا بولسۇن، — دېدى.

خالايىقلار تەڭلا ۋارقىراشتى:

— ۋاي، سوداڭلار سودا بولغاي!... مىلىڭلار قۇت تاپقاي.

بازارچىلار تەڭگىلەرنى تېرىمىز دەپ بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ دۈم چۈشتى. سەلىم بايمۇ يىقىلغانلار ئارىسىغا كىرىپ تەڭگە تالىشىشقا چۈشۈپ كەتتى.

— يۇرۇڭلار، كەتتۇق ! — دېدى سودىگەر.
— نەگە؟ — سورىدى سايىت ئۇچقاق.
— ياڭاق سارايغا.
— كەتتۇق ئەمىسە، — دەپ ماڭدى سايىت ئۇچقاق.
توغراقلىق جاڭگالدىكى خىلۋەت مەھەللە. پەزىلەتخان چاقنى يىپ ئېگىرىۋاتاتتى. ھۆربانۇ بولسا ئۇنىڭدىن يىپ ئېگىرىشنى ئۆگەنمەكتە ئىدى. چاكار ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ سالام بەردى:
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خېنىم ئانا، ھاجىم ئاتامدىن سالام... ئاي خېنىمنىڭ ئانىسىنى ۋەلى بايۋەچچىلەر تۇتۇۋاپتىكەن، قويۇۋېتىپتۇ.
— ئالغاچ كەلسىڭىزچۇ، — دېدى ھۆربانۇ جىددىي تەلەپپۇزدا.
— ھاجىم ئاتام ھازىر پېيىدە ئادەم بار، ۋەلى باينىڭ ئۆيكىسى بېسىققۇچە ساقلاپ تۇرۇپ ئاندىن ئەۋەتىمەن، خاتىرجەم بولسۇن، ھالىدىن ئۇبدان خەۋەر ئالىمەن دەيدۇ، — دېدى چاكار.
— دۇرۇس گەپ، قىزىم. ۋەلى باي كاززاپلىقتا شەيتانغا دەرس بېرىدۇ. جاھاندىكى ھەممە ئادەمنى شەيتان ئازدۇرسا، ۋەلى باي شەيتاننى ئازدۇرىدۇ، — دېدى پەزىلەتخان.
شاھ ھۇجرىسى. دېدەك، چاكارلار پادىشاھنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. شاۋاز قولىدىكى شاھ پەرمانىنى ئوقۇدى:

*«خانغا قارشى قوتراتقۇلۇق قىلىپ، خاننى ھاقارەتلىگەن، ئاسىي گۇناھكار ھىلالىدىن ئابدۇلئەزىز بىلەن نۇرانبەگ تۆرە دارغا ئېسىلىپ، ئەلگە ئىبرەت قىلىنسۇن ! دارغا ئېسىشتىن ئىلگىرى كىمكى خانغا قارشى چىقىدىكەن، ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ دەپ، خالايىققا سازايى قىلىنسۇن !»*

شاۋاز ئوقۇپ بولغان يارلىقنى يېنىدىكى نۆكەرگە بەردى. نۆكەر ئاپىرىپ خاننىڭ مۇلازىمىغا تۇتقۇزدى. مۇلازىم پەي

قەلەمنى سىياھقا چىلاپ خانغا تۇتقۇزدى. خان ئالدىغا قويۇلغان يارلىققا ئىمزا قويغۇزماقچى بولدى، ئەمما قوللىرى تىترەپ قولاشماي قالدى. مۇلازىم خاننىڭ كىرەككە كەلمەيۋاتقان قوللىرىنى تۇتۇپ، يارلىققا مەجبۇرىي قول قويدۇردى. شاھنىڭ پىيالىدەك كۆزلىرى يۇمۇلۇپ تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

جازا مەيدانىدا خالايىق جىممىدە قاراپ تۇرۇشتى. يۈزىگە قارا سۈرتۈلۈپ ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈلگەن، قوللىرى چەمبەرچاس باغلانغان، ئاغزىغا يۈگەن سېلىپ قويۇلغان ھىلالىدىن ئابدۇلئەزىز بىلەن نۇرانىبەگنى قاتمۇقات لەشكەر قورشاپ دار ئالدىغا ئەكېلىپ ئېشەكتىن چۈشۈردى. شاۋاز، شەيخۇلئىسلام باشچىلىقىدىكى پۈتۈن دۆلەت ئەمىرلىرى، سۈرلۈك قېتىپ تۇرۇشتى. قۇربان نىياز قازى ئالدىدىكى توقماقنى ئۇردى، جاللاتلار سىرتماقنى گۇناھكارلارنىڭ بوينىغا سالدى. شەيخۇلئىسلام كۆزىنى يۇمۇپ دۇرۇت ئوقۇدى. بىرمۇنچە ئەمىر، ۋەزىرلەر باشقا تەرەپكە قارىۋالدى، شاۋاز گېلىنى قىرىپ قاتتىق يۆتەلدى. شۇئان شەيخۇلئىسلام قورقۇنچتا كۆزلىرىنى پىيالىدەك چەكچەيتىپ تۇردى. يانغا قارىۋالغانلار قورقۇپ تىك تۇرۇشتى. جاكارچى ئۈنلۈك ئاۋازدا دېدى:

— خالايىق، خانغا قارشى چىققانلارنىڭ ئاقىۋىتى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ! بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالغايسىلەر!

مەھبۇسلار دارغا ئېسىلدى، خالايىق ئارىسىدا يىغا ـ زار، داد ـ پەرياد كۆتۈرۈلدى.

ئەمدى گەپنى ئايشەدىن ئاڭلايلى. تۇراخۇن ھاجىم دۇكاننىڭ تورۇسىغا ئېسىپ قويغان قەپەستىكى تورغاينىڭ سايرىشىغا قاراپ خىيال سۈرگەچ چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى. دۇكانغا پەرەنجىگە ئورالغان ئايشە كىرىپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھاجىمكا، تىنىچ ـ ئامان تۇرۇۋاتامدىلا؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام بۇۋىم، ئىنشائاللا، — دەپ سالام

www.uyghurkitap.com

قايتۇردى تۇراخۇن ھاجىم.

— قىزىمدىن بىرەر ئۇچۇر بارمۇ؟

— نېمە بالاغا قالدىمەن؟ سىلەرگە ساتقىنىم ئىككى پەرەنجە بىلەن ئىككى رومال. ئۇ كېلىپمۇ سورايدۇ، بۇ كېلىپمۇ سورايدۇ. قىزلىرىنى ماڭا باققىلى بەرگەندەك نېمانداق كېلىۋېرىلا؟ سىلى مېنى ئىزدەپ كېلىۋەرسىلە خەق مەندىن گۇمانلىنىدىكەن. مەسچىت جامائىتىگە ئىمامئاخۇنۇم ئارقىلىق بىلدۇردۇق. قىزلىرىنىڭ خەۋىرى بولۇپ قالسا مەن خەققە ئەمەس، ئۆزلىرىگە يەتكۈزىمەن، — دېدى تۇراخۇن ھاجىم ئۈنلۈك قىلىپ.

— مەن بىچارە ئەقلىسىزنى ئەپۇ قىلغايلا، تەقسىر. مەن بۇ يەرگە مۇساپىر بولغاندىكىن گېلىمدىن غىزا ئۆتمەي، قولۇم ئىشقا بارماي، بېشىم قېيىپ قالسا ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كېلىپ قالىدىكەنمەن، — دېدى ئايشە.

— ئەمدى مېنى ئىزدەپ كەلمىسىلە! قېرىپ پۇت - قولۇم گۆرگە ساڭگىلىغاندا خەقنىڭ قىزىنى ئۆيۈمگە تىقىۋېلىپ نېمە كەپتۇ ماڭا؟ يا مېنىڭ ئۆيلەپ قويىدىغان بالام يوق، — دېدى تۇراخۇن ھاجىم.

— خاپا بولمىسىلا، چېچىلمىسىلا، ھەزرىتىم، مەن ئېزىپتىمەن.

ئايشە شۇنداق دەپ مىشىلداپ چىقىپ كەتتى.

شاۋاز قەسرىدە سەيراس ئولتۇرغان ۋەزىر - ئەمىرلەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ سۆزلىمەكتە ئىدى:

— دىندىمۇ، پەندىمۇ ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئوقۇغان، بېشىدىن كۆپ ئىسسىق - سوغۇق ئۆتكەن ئەللامە جارۇللا بۇخارى ھەزرەتلىرىنى سول قول ۋەزىرلىككە، سىدىق بەگ قارلۇقنى چاپاۋۇل قوشۇنىنىڭ باش ئەمىر بەگلىكىگە، رەھمىتۇللا يەركەندىنى باسقاق بەگلىكىگە تەيىنلىدۇق... ئۇلار خانىدانلىقىمىزغا ھەم پادىشاھ ئالىيلىرىغا سادىق بولۇپ، دۆلەت

ئىشلىرى ئۈچۈن جان تەسەددۇق ئەيلەپ خىزمەت قىلغاي. بۇكى، شاھى ئاباس قۇتلۇق بۇغرانىڭ پەرمانى.

ئەمەلگە تەيىنلەنگەنلەر ئالدىغا چىقىپ، تىزلىنىپ باش ئېگىپ تۇرۇپ دېدى:

— پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىگە ھەشقاللا! خان ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى مۇقەددەستۇر، ئەمرىنى بەجا كەلتۈرمەك بىز ئۈچۈن ۋاجىپتۇر. خان ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن خەستە جېنىمىز پىدادۇر!

بارلىق ئەمىر، ۋەزىرلەر ئۇلارنى قۇتلۇقلىدى:

— مۇبارەك بولغاي، يېڭى ۋەزىر - ئەمىرلەرنى قۇتلۇقلايمىز!

مۇراسىم قىسقىلا داۋام قىلدى.

قايناق بازاردىكى كاتتا مەسچىت ئالدى. چۈمبەلگە پۈركەنگەن نىگارئايىم بىلەن سەنەم ساپايى سوقۇپ ئولتۇرغان بوۋاينىڭ ئالدىغا كەلدى. نىگارئايىم ئۇنىڭ ئالدىغا بىر تەڭگە تاشلىدى. بوۋاي ساپايى سوقۇشنى توختىتىپ تەڭگىنى ئېلىپ قوينىغا سالدى - دە، دۇئاغا قول كۆتۈردى.

— ئامىن، ماڭا بىرنى بەرگەن قولىڭىزغا خۇدايىم مىڭنى بېرەر، باسقان ئىزىڭىزدىن قىزىل گۈل ئۈنەر. توپا ئالسىڭىز ئالتۇن، كۈل ئالسىڭىز كۈمۈش بولغاي!

— بوۋا، ئۆزلىرىگە بىر ھاجىتىم بار ئىدى، — دېدى نىگارئايىم.

— مەن بىر ئەتىگەنلىكىمگە تاپسام، كەچلىكىمگە يوق كۆك ئۈچەي، تاپىنى تۆشۈك قەلەندەرمەن. ئۆزلىرىدەك سېخىي، ئېسىلزادە خېنىمنىڭ ماڭا نېمە ھاجەتلىرى باركىن، خېنىم بالام؟

— ئوغلۇم بىلەن كېلىنىمنىڭ نىكاھىغا سەل شەك چۈشۈپ قاپتىكەن. شۇلارنىڭ نىكاھىنى يېڭىلاپ ئوقۇپ چىقىشتۇۋالايلى دېگەن، نىكاھ ئوقۇپ بەرگەن بولسىلا، — دېدى نىگارئايىم.

— ئۆزلىرىگە راست گەپ قىلمىسام بولمايدۇ، خېنىم بالام.

مەن بۇ يەردە ساپايى سوقۇپ ئولتۇرۇپ ھەركۈنى ئۈچ تەڭگىدىن بەش تەڭگىگىچە پۇل تاپىمەن. ئۆزلىرىمۇ بىلىلا، ئۈچ تەڭگىگە بەش ـ ئالتە چارەك قوناق، بەش تەڭگىگە بىر قورلۇق قوي كېلىدۇ. مەن بۇ دەسمايىسىز دۇكاننى تاشلاپ كەتسەم بولمايدۇ، ــ دېدى قەلەندەر.

ــ ئون تەڭگە بەرسەم بولامدۇ؟ ــ سورىدى نىگارئايىم.

ــ يەنە ئىككى تەڭگە قوشسىلا، ئەنە ئاۋۇ كوچىدىن ئارغىماقتىن بىرى كېلىۋاتىدۇ. ئۇنداقنى مەن قەلەندەر مىنسەممۇ يارىشىدۇ، ــ دېدى قەلەندەر.

نىگارئايىم بىلەن سەنەم ئارقىسىغا قاراپلا بىر ـ بىرىگە قاراپ ئۇھ تارتتى. سايىت ئۇچقاق ئاتنى مىنىپ مەغرۇر كەلمەكتە ئىدى.

ــ ئانا... ئاۋۇ ئوغرىنى قارىسىلا، كۈپكۈندۈزدە ئىزا تارتماي بىزنىڭ ئاتنى مىنىۋاپتۇ، ــ دېدى سەنەم.

ــ راست شۇ ئىكەن، بىزنىڭ ئات، ھۇ رەسۋا ئوغرى!

نىگارئايىم شۇنداق دەپلا ئاتنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.

ــ ئانا، بولدى بارمىسىلا...

سەنەمنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چۇشۇپ بولغۇچە نىگارئايىم ئاتنىڭ چۇلۋۇرىغا ئېسىلىپ بولدى.

ــ ھۇ داپ يۈز، مۇناپىق ئوغرى، چۈشە ئاتتىن، بىر تۇل خوتۇننىڭ ئېتىنى ئوغرىلىغۇچە ئىشتان بېغىڭغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالساڭچۇ، ــ دېدى نىگارئايىم.

سايىت ئۇچقاق چۆچۈپ كەتتى.

ــ ھۇ... ھەي... ساراڭ خوتۇن، كىم سېنىڭ ئېتىڭنى ئوغرىلاپتۇ؟ ئۇششۇق قېرى، نېرى تۇر... قامچامنىڭ كۆزى يوق، بىكار قامچا يەيسەن.

ــ ياخشىلىقچە چۈش ئاتتىن، ئاتنى ماڭا بېرىپ قاچ، ھېلى رەسۋا بولىسەن! ــ دەپ ۋارقىراپ سۆزلىدى نىگارئايىم.

ــ نېرى تۇر، قېرى!...



www.uyghurkitap.com

سايىت ئۇچقاق ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا قىستۇرۇۋالغان قامچا بىلەن نىگارئايىمنىڭ بېشىغا سالدى. نىگارئايىم ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قويۇۋەتمىدى. سايىت ئۇچقاق يەنە ئۇنى قامچا بىلەن ئۇرۇش ئۈچۈن قولىنى كۆتۈرۈشىگە، سەنەم ئاتقان خەنجەر بېغىشىغا سانجىلدى. سايىت ئۇچقاق ۋايجانلاپ ئاتتىن قىيسايدى. بۇ يەرگە ئۇلاشقان خالايىق پاراقلاپ كۈلۈشتى. كىرا مەپىسى بىلەن يېتىپ كەلگەن ئىككى سودىگەر خالايىقنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ كىرىۋاتقاندا، سەنەم ۋايساپ خەنجەر قادالغان بېغىشىنى تۇتۇپ قالغان سايىت ئۇچقاقنى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈردى ـ دە، نىگارئايىمنى كۆتۈرۈپلا ئاتقا مىندۈرۈپ، ئۆزىمۇ نىگارئايىمنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشتى. خالايىق پاراقلاپ كۈلۈشۈپ دېيىشتى:

— ئۆلە، سايىت ئۇچقاق، تايىنلىقكەنسەنغۇ. خوتۇن خەقتىن پاخشە بولدۇڭ... ھا... ھا ...

خالايىق ئارىسىدىن تەستە قىستىلىپ ئۆتكەن سودىگەر ئاتنىڭ چۇلۋۇرىغا ئېسىلىپ ۋارقىرىدى:

— نېمە ئىش بولدى؟ ! كىم سەن؟ !

— بۇ بىزنىڭ ئات، بۇ ئوغرى ئېتىمىزنى ئوغرىلىدى. نېرى تۇر، — دېدى نىگارئايىم.

— ناھايىتى ئوبدان بولدى، بىزمۇ دەل مۇشۇ ئاتنىڭ ئىگىسىنى ئىزدەپ يۈرەتتۇق، — دېدى سودىگەر.

گەپنىڭ ئاخىرى چۈشۈپ بولغۇچە سەنەم ئاتقا قامچا سالدى. ئات بىر سەكرەپلا ئارىغا ئېلىنىۋالغان خالايىقنىڭ ئۈستىدىن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى. بازارچىلارنىڭ قاچقانلىرى قېچىپ، ئۆلگۈرەلمىگەنلىرى ئىزىغا ئولتۇرۇپ يىقىلىپ دېگەندەك قاچە ـ قاچ بولۇپ كەتتى.

— ئوغرى قاچتى ! ئوغرى ... قوغلاڭلار !

سودىگەر تۆت تەرەپكە قاراپ ۋارقىرىشى بىلەن بىرمۇنچە جېسەكچى، ئاتلىق چارلاپ يۈرگەن نۆكەرلەر سەنەملەرنىڭ

ئارقىسىدىن قوغلاپ كېتىشتى. ئىككى سودىگەردىن بىرى سايىت ئۇچقاقنى تۇتۇۋېلىپ، يەنە بىرى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەي ئاتلىق يېتىپ كەلگەن جېسەكچىنى ئاتتىن چۈشۈرۈۋېتىپ، ئاتقا مىنىپ سەنەمنى قوغلاپ كەتتى. ئاتتىن يىقىلغان جېسەكچى يەردىن يۇمىلاپ قوپۇپ توپىغا مىلەنگەن تەلپىكىنى ئېلىپ كىيىپ، يېنىدىن خەنجەرنى ئېلىپ ئېتىنى مىنىپ ماڭغان سودىگەرنىڭ كەينىدىن ئاتماقچى بولدى. سايىت ئۇچقاقنى تۇتۇپ تۇرغان سودىگەر جېسەكچىنى ئېڭىكىگە مۇشت بىلەن بىر قويۇپ ئۇڭدا چۈشۈرۈۋەتتى. قاراپ تۇرغانلار يەنە پاراقلاپ كۈلۈشتى. جېسەكچى ئورنىدىن تۇرۇپ قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ئېتىلىپ كەلدى. سودىگەر چاققانلىق بىلەن قويىنىدىن خاننىڭ مۆھۈرى بېسىلغان بۆرە باشلىق تۆمۈر دەستەكنى چىقاردى. جېسەكچى شۇئان توختاپ سودىگەرگە تىزلىنىپ تەزىم قىلدى. خالايىق يەنە پاراقلاپ كۈلۈشتى. سودىگەر جېسەكچىنىڭ كۆتىگە تېپىپ ۋارقىرىدى:

— قوغلا، هارام تاماق!

پىيادە قالغان جېسەكچى مەڭدەپ قالدى.

شاۋاز قەسرىدە سۇرلۇك قىيتىپ ئولتۇراتتى، زەينىدىن بومىيانى ئېگىلىپ سالام قىلدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ۋەزىر ئەزەم، چاقىرتقانلىرىغا بىنائەن پېقىر ئالاھىدە سالامغا كەلدىم.

شاۋاز ئىككى تەرەپتە سەپراس بولۇپ تۇرغان ۋەزىر، ئەمىر، سەركەردىلەرگە بىرقۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن دېدى:

— ئەسلىدە بۇ خان ئالىيلىرى شەخسەن ئۆزى ئۇقتۇرىدىغان پەرمان ئىدى. بىراق، خان ئالىيلىرى بىتاب بولۇپ يېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ پەرماننى مېنىڭ غەزنەۋىلەر ئەلچىسىگە يەتكۈزۈشۈمگە ھاۋالە قىلدى.

— غەزنەۋىلەر ئەلچىسى، خان پەرماننى قوبۇل قىلغاي! — دېدى جاكارچى.

زەيندىن بومىيانى يەك تىزلىق بولۇپ يۆكۈندى.

تاغ تۇرا. شەيخ جالالىدىن كەپىسىدە جايىنامازدا ئولتۇرۇپ قۇرئان تىلاۋەت قىلماقتا. كەپىگە سادىق بىلال بىلەن ئىلىياس جىددىيلەشكەن ھالدا كىرىپ كەلدى. شەيخ جالالىدىن قۇرئاننى ئوقۇپ كەلگەن يېرىگە خەتكۈچ قىستۇرۇپ يېپىپ، پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ ئېھتىرام بىلەن تەكچىگە قويۇپ دۇئا قىلدى، ئاندىن كىرگەن ئىككىيلەنگە يۈزلىنىپ سورىدى:

— يېڭى ئات ـ ئۇچۇر بارمۇ، بالىلىرىم؟

— ھەزرىتىم، ئوردابالىقتىن شۇم خەۋەر كەلدى، — دېدى سادىق بىلال.

— غېرىبنى ئۆلتۈرۈپتىمۇ؟ — سورىدى شەيخ جالالىدىن.

— غېرىبتىن خەۋەر يوق، ئەمما مەلىكە سەنەمنى غەزنەۋىلەر سۇلتانى مەھمۇد غەزنەۋىگە ياتلىق قىلىدىغان بوپتۇ، — دېدى سادىق بىلال.

— تېخى شەھىرى بەلخنى ئۇستەك بىرىدىكەنمىز، — دەپ قوشۇپ قويدى ئىلىياس.

— غېرىبنىڭ خەۋىرىنى ئالالىدىڭلارمۇ؟ — سورىدى شەيخ جالالىدىن.

— غېرىب تۇگۈل، ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىدىنمۇ بىرىنى ئۇچرىتالماپتۇ، — دېدى سادىق بىلال.

ئىلىياسمۇ غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ ساۋاقداشلىرى ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولغاندىن بۇيان سەنەم بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— بۇ قانداق بولغىنى، بىرمۇنچە باللار نەگە غايىب بولدى؟ — دەپ ئەجەبلەندى شەيخ جالالىدىن.

— غېرىب پالەچ بولغاندىكىن زىنداندا بەند قىلىنغان بولسا... — دېدى سادىق بىلال.

— شاۋاز ساۋاقداشلارنىمۇ، نىگارئايىمنىمۇ زىندانغا تاشلاپ، بىزنىڭ بارلىق يوللىرىمىزنى ئۈزۈۋەتكەنمىكىن دەيمەن، — دېدى

www.uyghurkitap.com

ئىلياس.

— شاۋازنى بۇنى قىلمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— زىندانلارنىڭ مۇداپىئەسى تۇگۇل ئوردابالىقنىڭ مۇداپىئەسىنىمۇ شامال ئۆتمىگۇدەك قىلىپ چىڭىتىۋېتىپتۇ. شەھەردىكى پۈتۈن دۇكان، ھەتتا جىگدە، گازىر ساتىدىغان چار بازارلارغىچە مەخپىي ئايغاقچىلار قويۇلۇپتۇ. بىر ئېغىز خاتا گەپ قىلغان، بىر قەدەمنى خاتا باسقانلارنىمۇ كەپتەرنى بوغقۇچىلىغاندەك تۇتىدىكەن، — دېدى سادىق بىلال.

— غەزنەۋىلەر ئەلچىسى مۇشۇ بىرقانچە كۈن ئىچىدە يولغا چىقىدىكەن، — دېدى ئىلياس.

— ئون كۈنلەردىن كېيىن شاۋاز باشچىلىقىدىكى ئوردا ئەھلى مەلىكە سەنەمنى ئېلىپ شەھەرى قارشىغا قاراپ يولغا چىقىدىكەن، — دېدى سادىق بىلالمۇ.

— بۇغداي خامىنى مەزگىلىدە شەھەرى قارشىدا قىرىق بىر كېچە - كۈندۈز توي بولۇپ غەزنەۋىلەر مەلىكىنى تېرمىزغا يۆتكەيدىكەن.

— شاھى ئاباسچۇ؟ — دېدى شەيخ جالالىدىن.

سادىق بىلال شاھنىڭ ئېغىر قارا كېزىك بولۇپ ئورنىدا مىدىرلىماي يېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. شەيخ جالالىدىن بۇ ھادىسىلەردىن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى شاۋازنىڭ بىر قوللۇق تەۋرىتىپ قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

— بۇ توي قىلىش ئەمەس، بوزەك قىلىش، خورلۇقتا قېلىش دەپ قارشى چىققان سەردار سالاھىدىن ئەتتارى قەستلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. ھىلالىدىن ئابدۇلئەزىز، نۇرانبەگ قاتارلىق ۋەزىر - ئەمىرلەر خانلىققا قارشى چىقتى دېيىلىپ دارغا ئېسىلىپتۇ، — دېدى ئىلياس.

شەيخ جالالىدىننىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى. شۇ تاپتا ئۇ نەچچە ئون يىل مەسلەكداش بولۇپ يېقىن ئۆتكەن بۇرادەرلىرى

ھەلالىدىن ئابدۇلئەزىز، نۇرانىبەگلەرنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرۇۋاتاتتى.

— دادا، ئىشلار مۇشۇنداق كېتىۋېرەمدۇ؟ — دەپ سورىدى ئىلياس.

— شاۋازنىڭ دېگىنى دېگەن بولۇۋېرەمدۇ؟ — دېدى سادىق بىلالمۇ.

— شاۋازنىڭ دېگىنى دېگەن بولمايدۇ، خۇدانىڭ دېگىنى دېگەن بولىدۇ... ئىسىت، قالتىس ئىستىبداتلىق، تالانتلىق سەركەردە، ۋەزىرلەر شاۋازنىڭ نەيرەڭلىرىنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى شەيخ جالالىدىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ.

— شاۋازنىڭ ياخشىلارنىڭ ھەممىسىنى ئوردىدىن يوقىتىشتىكى مەقسىتى مەلىكىنى ئوغلى ئابدۇللاغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئىدى. ئەجەبا، ئەمدى مەلىكىنى غەزنەۋىلەرگە ياتلىق قىلىشقا قوشۇلۇپتۇغۇ؟ — دېدى سادىق بىلال.

— ئابدۇللا مەلىكە سەنەمنى ئەمىرگە ئالالمىسا قانداق تەخت ۋارىسى بولالايدۇ؟ — دېدى ئىلياسمۇ.

— توخۇ يۈرەك شاۋاز غەزنەۋىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن قورقۇپ، مەلىكىنى ئۇلارنىڭ سۇلتانىغا ياتلىق قىلىپ تاشقى دۈشمەندىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئوغلىنى تەختكە چىقىرىشنىڭ ئىشىغا كىرىشەي دېدىمىكىن، — دېدى سادىق بىلال.

— تادان تۈلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنىپتۇ دېگەندەك، شاۋاز ناھايىتى قىيىن بىر تاللاشقا دۈچ كەپتۇ، ئەمما ئۇ ئوغلىنى تەختكە چىقىرىشتىن بۇنداق ئاسان ۋاز كەچمەيدۇ. بۇ يەردە سىرلىق بىر ھىيلە ـ مىكىرلىك ئويۇن باردەك تۇرىدۇ، — دېدى شەيخ جالالىدىن ئويچان ھالدا.

دەريا بويىدىكى قېيىنزارلىق. غېرىب قېيىنغا يۆلىنىپ تۇرۇپ ئوقيانى خاتىرجەم ئوتلاپ يۈرگەن كېيىككە قارىتىپ ئاتتى. كېيىك يىقىلدى. گۈلجامال خۇشاللىقتىن چاۋاك چېلىپ

سۇنايلىنىپ ياتقان كېيىككە قاراپ يۈگۈردى، غېرىبمۇ بىر پۇتىنى سەل سۆرەپ يۈگۈردى.

— ھەي... ھەي... ئاتام بىلەن سەنەم ئاچام قايتىپ كەلگۈچە قازاندا گۆش قايناپ ئېزىلىپ كېتىدىغان بولدى، — دېدى گۈلجامال.

— تەلىيىمىز بار ئىكەن، بۈگۈن بىر كېيىكنى ئېتىۋالدۇق، — دېدى غېرىب.

— ھەئە، بەك ياخشى بولدى. بۇ كېيىكنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ خاتىرجەم ئولتۇرۇپ تائام ئېتىپ يېسەك بولمامدۇ، غېرىب ئاكا؟ — دېدى گۈلجامال چوچۇك تىللىرى بىلەن.

— ھېلىمۇ خاتىرجەم بولۇڭ، سىڭلىم. بۇ پاناھ جايىمىزنى ياتلار بىلمەيدۇ، — دېدى غېرىب.

— بىزنىڭ بۇ پاناھ جايىمىزنى ھېلىقى ئات ئوغرىسى قانداق بىلىۋالغاندۇ؟

— شۇنى دېمەمسەن، ئۇ بۇ يەرنى قانداق بىلىۋالغاندۇ؟ — دېدى غېرىب.

بۇ چاغدا تاقىر سايدا سەنەم بىلەن نىگارئايىم مىنگەن ئات شىددەت بىلەن يۈگۈرمەكتە. بىر سودىگەر بىلەن ئۈچ ئاتلىق لەشكەر ئۇلارنى خېلى يىراقتا قوغلاپ كەلمەكتە. نىگارئايىم ئاتتا ئولتۇرۇپ بولالماي:

— مەن بولالماي قالدىم، قىزىم، مېنى تاشلىۋەتسىلە، ئاتمۇ يەڭگىللەيدۇ، — دېدى.

— بەرداشلىق بەرسىلە، ئانا، چىدىسىلا، — دېدى سەنەم.

— ھەر ئىككىمىز تۇتۇلۇپ قالغۇچە مېنى تاشلىۋەتسىلە، ئات ھازىرقىدىن بەكرەك يۈگۈرىدۇ. مەن يەيدىغاننى يەپ بولغان قېرى. ئىككىڭلار مۇرادىڭلارغا يېتىپ ياشىساڭلار مەن شۇنىڭغا خۇش، سىلەردىن ئۇ دۇنيا ــ بۇ دۇنيا رازى، ماڭا تارتىشماڭ، قىزىم، — دېدى نىگارئايىم.

— ياق، چىدىسىلا، ئۇنداق گەپنى ھەرگىز ئېغىزلىرىغا

ئالمىسىلا، مەن سىلىنى تاشلاپ غېرىبىنىڭ ئالدىغا ئۆزۈم يالغۇز بارمايمەن، ــــ دېدى سەنەم.

ــــ تۇتۇلۇپ قالساق شۇنچە جاپا چېكىپ قىلغان ئەجرىمىز كۆيۈپ كېتىدۇ، قىزىم.

ــــ قارىسىلا، ئالدىمىزغا قارىسىلا، ئەنە ئاشۇ چاتقاللىقتا ئۇلىشىۋالساقلا ئۇلار ھەرگىز بىزنى تۇتالمايدۇ.

يىراقتىن قويۇق چاتقاللىق ئورمان كۆرۈندى. ئۇلارنى قوغلاۋاتقان ئاتلىقلاردىن قارا سەللىلىك سودىگەر بار كۈچى بىلەن ئېتىنى قامچىلاپ سەنەملەرگە خېلىلا يېقىنلاپ كەلدى. سەنەم يېنىدىن كامالەكنى ئېلىپ ياڭاقتەك تاشنى كۆن قىناققا قىستۇرۇپ بەلچىنى تازا سوزۇپ قويۇۋەتتى. تاش قاڭشىرىغا تېگىپ، سودىگەر ئاتتىن ئوڭدىسىغا ۋايجانلاپ ئۇچۇپ كەتتى. سەنەم ئاتنى شىددەت بىلەن چاپتۇرۇپ ئورمانلىققا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. خېلى ئارقىدا قوغلاپ كەلگەن ئۈچ لەشكەر ئورمانلىققا كىرىپ قاياققا مېڭىشنى بىلمەي ئاتلىرىدىن چۈشۈپ كونا غازاڭلار ئارىسىدىن ئىز ئىزدىدى. ئىز تاپالماي تەمتىلەپ يۈرگەندە، بىرىنىڭ غولىغا خەنجەر سانجىلىپ ۋايجانلاپ يىقىلدى. بۇنى كۆرگەن ئىككىسى ئاتلىرىغا مىنىپ دەرھال كەينىگە قاچتى. ئادەمسىز قالغان ئاتمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ كەتتى.

سەنەم نىگارئايىمغا قاراپ كۈلدى. نىگارئايىم سەنەمگە ئىچى كۆيۈپ، ئۇنىڭ تەر باسقان مەڭزىگە سۆيۈپ مەڭزىنى ياقتى. سەنەم ئاتنى چاپتۇرۇپ ئورمانلىق ئىچىگە شۇڭغۇدى.

سايدا ھوشسىز سوزۇلۇپ ياتقان سودىگەرنى ئارقىدىن بىر توپ ئاتلىق لەشكەرنى ئەگەشتۇرۇپ كەلگەن لەشكەر بېشى ئاتتىن چۈشۈپ يۆلىدى، ئاندىن سىلكىشلەپ، يۈزىنى كاچاتلاپ ئېسىگە كەلتۈردى.


ــــ نەگە قاچتى؟... چاققان گەپ قىل، نەگە قاچتى دەۋاتىمەن! ــــ دەپ ۋارقىرىدى لەشكەر بېشى.

ئاران ئېسىگە كەلگەن سودىگەر ئورمانلىق تەرەپنى ئىشارەت

قىلدى. لەشكەر بېشى ئۇنى تاشلاپ ئېتىغا سەكرەپ مىنىپ لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئورمانلىققا قاراپ ماڭدى. بىر دەمدە قېچىپ كېلىۋاتقان ئىككى ئاتلىق لەشكەرگە يولۇقتى. ئۇلار ئېتىنى توختىتىپ ئۇ ئىككىيلەندىن سەنەمنىڭ قايسى تەرەپكە ماڭغانلىقىنى ئاسماقچىلاپ سورىدى. ئۇلار كەينى تەرەپنى كۆرسەتتى. لەشكەر بېشى ئۇلارنى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلاپ، ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئورمانلىققا قاراپ ئات چاپتۇردى.

ئورمانلىق چېتىدىكى دەريا بويىدا غېرىب گۈلخان يورۇقىدا يۈلغۈن زىخىغا ئۆتكۈزگەن كېيىك گۆشىنى كاۋاپ قىلماقتا. ئۇ كاۋاپ پىشۇرغاچ ناخشا ئېيتتى.

سەنەمنىڭ ئېتى ئورمانلىقنىڭ چېتىدىكى ئېگىز يار بېشىغا كەلگەندە يولى ئۈزۈلۈپ قالدى. سەنەم ئاتنىڭ بېشىنى يانغا بۇراپ يول ئىزدىدى، چوڭقۇر يارنىڭ ئاستىدا دەريا سۈيى شارقىراپ ئاقماقتا ئىدى. سەنەم ئاتنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇرىدى. يىراقتىن ئۇلارنى قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ئاڭلاندى.



# ئون تۆتىنچى باب

ئۇيغۇرلار ئىسلامىي تۇرمۇشقا قەدەم قويۇپ، بارلىق پائالىيەتلىرىگە ئىسلام ئېڭىنى يېتەكچى قىلغاندىن كېيىن ئۈچ نەرسىنىڭ ئىنساننىڭ بىلىش، باشقۇرۇش دائىرىسى ئىچىدە ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر بىلىپ يەتتى. ئۇنىڭ بىرى، دىدارلىششىنىڭ غايىبتىن بولىدىغانلىقى، يەنى ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ قاچان، كىم ـ كىملەر بىلەن قەيەردە كۆرۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ. كۆرۈشۈشكە ئاتايىن ۋەدىلىشىپ قويغانلار بۇنىڭ سىرتىدا. لېكىن، بەزىدە كۆرۈشۈشكە قارارلاشقانلارمۇ ئۆزئارا دىدارلىشالمايدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ. شۇڭا، تولا ئۇيغۇرلار كىم بىلەن قەيەردە، قايسى يوسۇن، قايسى تەرزدە كۆرۈشۈشنىڭ تەقدىرى مۇتلەق ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىدۇ. يەنە بىرى، رىزقنىڭ غايىبتىن بولىدىغانلىقى، يەنى كىشى قاچان، نەدە، نېمە تاماقلارغا ئېغىز تېگىدىغانلىقى، قانداق كىيىملەرنى كىيىدىغانلىقى، قانداق سوۋغاتلارغا نائىل بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ. ئادەم بىر نەرسىنى يېيىشنى ئويلاپ باقماي يەپ قالىدىغان، بىر يەرلەرگە بېرىشنى ئويلىماي بېرىپ قالىدىغان، بىر نەرسىلەرگە ئېرىششنى ئويلىماي ئېرىشىپ قالىدىغان ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. مەن قىلارمەن ئوتتۇز، خۇدايىم قىلار توققۇز دەپ، ئادەم بەزىدە بىر نەرسىلەرگە ئېرىششنى ئارزۇلاپ، غايە قىلىپ، جان ـ جەھلى بىلەن ئۇرۇنسىمۇ ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەي، ئويلىمىغان، ئارزۇ قىلمىغان نەرسىگە ئېرىشىپ قالىدۇ. بۇ غايىبتىن بولغان ئىشلاردىن بەزىلىرى تىلىسەڭ تاپارسەن، تېرىساڭ ئورارسەنگە كېتىپ قالىدىغانلارمۇ بار. ئەمما، ئۇمۇ ئادەم كۈتكەن چاغدا ئەمەس،

www.uyghurkitap.com

كۆتمىگەن چاغدا بولىدۇ. ئۇچىنچىسى، نىكاھ غايىبتۇر. كۆپ چاغلاردا كىشىلەر ئويلىمىغان يەردىن ئويلىمىغان ئادەم بىلەن نىكاھى قوشۇلۇپ، ئەر ـ ئايالغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شاۋاز سەنەمنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىشكە ئۇرۇنۇپ، ئويلىمىغان ھىيلە، قۇرمىغان قىلتاق، تۇزاق، قاپقان قالمىدى. ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلەتكەنچە ئۆزى تېخىمۇ زور ھىيلە ـ نەيرەڭلەر دۇنياسىغا چىرمىلىپ قالدى. ئىشلارنى ئېلىشتۇرۇپ مۇرەككەپلەشتۇرگەنچە ئۆزى تېخىمۇ مۇرەككەپ، باش ـ ئۇچى يوق تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغاندەك بولدى. ئېزىتقۇ جاڭگىلىدا قېيىپ، چىقىدىغان يول تاپالماي تېخىمۇ غالجىرلاشتى، تېخىمۇ سەۋدايىلاشتى. ئۆزىگە تەئەللۇق بولمىغان نەرسىگە ئېرىشمەن دېگەن، خەقنىڭكىنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالىمەن دېگەن ئادەم مانا مۇشۇنداق خاپىچىلىققا قېلىپ، خاتىرجەملىكتىندىن مەھرۇم بولۇپ، خەققە قاپقان قۇرغانچە ئۆزى قاپقانلار ئارىسىدا قالىدۇ، پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭغا قاپقان بولۇپ قۇرۇلىدۇ؛ خەققە ئورا كولىغانچە ئۆزىنىڭ بارغانچە جىق ئورىلارغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، پۈتۈن جاھاننىڭ ئۆزىگە ئورا بولۇپ كولانغانلىقىنى بىلمەي قالىدۇ.

شاۋاز مېھرىبانۇ خانىشنىڭ ھۇجرىسىدا خانىشقا تەھدىت ئارىلاش دېدى:

— ئىشنى چاندۇرماسلىق ئۇچۈن ئۆزلىرى مەلىكە ئالىيلىرىنى ئۇزىتىپ قويۇشقا بارمىسىلا بولمايدۇ.

— ھۆرمەتلىك ۋەزىرئەزەم، بۇ تويغا مېنىڭ بېرىش ـ بارماسلىقىم مۇھىم ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى شاھ ئالىيلىرىنىڭ كېسىلى. ئەگەر ئۇ مەلىكىنى غەزنەۋىلەرگە ياتلىق قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلسە يەنە قان تېپەر بولۇپ، مېڭىسىگە قان قويۇلۇشى مۇمكىن، — دېدى مېھرىبانۇ.

— بىز ئىككىمىزنىڭ بىرىنى تاللاشقا مەجبۇرمىز: بىرى، ھەقىقىي ئەھۋالنى شاھ ئالىيلىرىغا بىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەلىكە ئەمەسلىكىنى خۇپىيانە چۈشەندۈرۈش؛ يەنە بىرى بولسا،

بۇ تويىنى خان ئالىيلىرىغا ساقايغۇچە بىلدۈرمەسلىك، — دېدى شاۋاز.

— مەيلى بىلدۈرەيلى، مەيلى بىلدۈرمەيلى، ئالىيلىرى بۇنداق ئېغىر ئەھۋالدا تۇرغاندا مەن ئۇنى تاشلاپ توي تارتىپ قارشىغا كەتسەم بولمايدۇ.

— بولىدۇ، بولمايدۇ دېگەننى مەن قارار قىلسام ئەڭ جايىدا بولىدۇ. ھازىر شاھنىڭ كېسىلىدىن خاندانلىقنىڭ ئەھۋالى ئېغىر دېسەك بولىدۇ. شاھنى ھەرھالدا ئۇزاق مۇددەت داۋالاش ئارقىلىق قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولىدۇ، ئەمما خاندانلىقىمىزنى جىددىي قۇتقۇزمىساق، بىراقلا ھالاك بولىدۇ، — دېدى شاۋاز.

— ئەمدى دېمىسەم بولمىدى، جانابىي ۋەزىرئەزەم، سىلىنىڭ خاندانلىقنى قۇتقۇزۇشتىكى بۇ چارىلىرى ئاقىلانە ئەمەس. بۇ ئىش چاندىغان بولسا خانلىق تېخىمۇ چوڭقۇر ھاڭغا غۇلايدۇ. بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالسا، غەزنەۋىلەرنىڭ غەزىپىنى سىلىنىڭ ھەرقانداق خۇشامەتلىرى ياندۇرالمايدۇ. سىلى ئۇرۇشتىن قورقۇپ خاندانلىقىمىزنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاللىقاچان چاندۇرۇپ بولدىلا، — دېدى مېھرىبانۇ.

— سىلى خانلىققا قارشى چىقماقچىمۇ؟

— سىلى ماڭا تەھدىت سالمىسىلا. مەن شاھنىڭ ئايىغىدا ئۆلۈشكە رازىمەنكى، ئۇنىڭدىن بىر قەدەم ئايرىلمايمەن.

— شاھنىڭ ھاياتى مۇھىممۇ، خاندانلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىمۇ؟

— بىر ئايال ئۈچۈن ئۆز مۇرەببەسىدىن ئارتۇق نەرسە بولمايدۇ. خان ئالىيلىرىنىڭ ھايات - ماماتى خاندانلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش - تۇرماسلىقىنى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر ھازىر خان ئالىيلىرى قازا قىلىدىغان بولسا، خان جەمەتىدىكىلەر ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىگە ئاتلىنىپ، مەملىكەتتە ئىچكى ئۇرۇش پارتلايدۇ. تاشقى دۈشمەننى زېمىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتسەكلا، ئۇلاردىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ. بىر تۈغ ئاستىغا ئۇيۇشقان ئاۋام پارتلايدىغان بولسا،

ئۇلارنى تىنچىتىش مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا خان ئائىلىسىنىڭ ھاياتى ھەممىدىن مۇھىم.

مېھرىبانۇنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەستىنلا شاۋاز ۋارقىراپ كەتتى:

— بولدى بەس! ھە دەپ قويسام ۋالاقلاپ ئاغزىلىرى ئېچىلىپ كەتتى. مېنىڭ سىلى بىلەن تالاشقۇم يوق. يەنىلا مەن دېگەندەك تويىنىڭ سەپەر جابدۇقىنى قىلغانلىرى تۈزۈك. سىلى كەتكەنگە خاننىڭ جېنى چىقىپ كەتمەيدۇ.

— مەلىكىنى كۆرۈپ خان ئائىلىلىرى باشقىدىن ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. ئەگەر بۇ ئىش خانغا ئاشكارا بولسا ياكى خان مەلىكىنى ئۇزاققىچە كۆرمىسە، ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ تېخىمۇ يامان كۈنگە قالىمىز.

— بولدى، ماڭا ئۈگىتىمەن دەۋەرمىسىلە. ئەمدى يەنە گەپ قىلىدىغان بولسىلا يۈز - خاتىر قىلمايمەن! — دېدى شاۋاز زەردە بىلەن.

— ئاپاپ مۇشۇ يەرگىچە كەلدىم. ئەمدى ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىمىسام يار بېشىغا كېلىپ قالغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى مېھرىبانۇ خانىشمۇ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ.

ئەمدى سەنەملەرنى قوغلاۋاتقانلاردىن سۆز ئاچايلى. سودىگەر باشلىق لەشكەرلەر ئورمانلىقتا ئۇشقىرتىپ ئات چاپتۇرۇپ سەنەملەرنى قوغلاپ كەلمەكتە. سەنەم بىلەن نىگارئايىم ئۇلارنى يىراقتىن كۆردى. سەنەم ئاتىنىڭ بېشىنى يەنە ئارقىغا بۇراپ قاچتى. ئات ئېگىز يار بېشىغا كەلگەندە، سەنەم بىلەن نىگارئايىم ئۆزلىرىنى ئاتتىن يەرگە ئېتىشتى، ئات بولسا ئېگىز ياردىن ئۇنىڭ ئاستىدا بۇلدۇقلاپ ئېقىۋاتقان چوڭقۇر سۇغا چۈشۈپ كەتتى. سەنەم بىلەن نىگارئايىم قارا پەرەنجە - چۈمبەللىرىنى سۇغا تاشلاپ، ئۆزلىرى يارنىڭ بەل قىسمىدىكى قويۇق ھەم ئېگىز ئۆسكەن چۆپلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالدى. ئات سۇنىڭ ئېقىش يۆنىلىشى بويىچە ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن

قارا چومبەل - پەرەنجىلەر لەيلەپ ئاقتى. ئاتلىق يېتىپ كەلگەن سودىگەر ھەم لەشكەرلەر يار بېشىدا سوغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.
سوراقخانىدا سودىگەر تاياقنى تويغۇچە يەپ، باش - كۆزى يېرىلغان، ھالى قالمىغان سايىت ئۈچقاقنى سوراق قىلماقتا.
— بوپتۇ، ئاتنى بىز ئالغانمۇ بولايلى، مېنىڭ تەڭگەڭنىمۇ بېرەيلى. ئەمما، بىزنى ئاشۇ ئاتنى ئوغرىلاپ كەلگەن يېرىڭگە باشلاپ بارىسەن؟
— مۇددىئايىڭلارنى ماڭا ئوچۇق ئېيتمىساڭلار، مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلارمۇ، سىلەرنى ئۇ يەرگە ھەرگىزمۇ باشلاپ بارمايمەن. مەن بىكاردىن خەقنىڭ ئېتىنى ئوغرىلاپ، ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىدىغان نامەرد ئادەم ئەمەس ... — دېدى سايىت ئۈچقاق.
— سېنىڭ بىزگە شەرت قويۇشقا نېمە ھەددىڭ؟ — دېدى سودىگەر.
— سىلەر ئات ئالغاندىكىن، ئېتىڭلار بىلەن بولماي، ئاتنىڭ ئىگىسىنى قانداق قىلاتتىڭلار؟
— ئاڭلا، خوجىپەر! ئۇلار خانغا قارشى چىققان ئىسيانچىلار. بىز ئۇلارنى ئىزدەپ ئوردابالىقتىن كەلدۇق. ھېلىقى ئات پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ جەڭ ئېتى. بىز ئاتنىمۇ، ئۇ ئىسيانكارلارنىمۇ قولغا چۈشۈرمىسەك بولمايدۇ، — دېدى سودىگەر.
— ھە ... ئەمدى بولدى. ئاشۇ ئىككى مەزلۇم خانغا قارشى چىقالىغاندىكىن مەندەك ئەردىن مىڭ ياخشىكەن. مەن ئاشۇ ئىككى خوتۇننى سىلەرگە تۇتۇپ بېرىپ مىڭ تەڭگە تاپقۇچە سىلەرنىڭ تايىقىڭلاردا ئۆلگىنىم خوپكەن، ئۇرۇڭلار.
سايىت ئۈچقاق شۇنداق دېيىشىگە گوندىپايلار سايىت ئۈچقاقنى قامچا بىلەن ئايىماي سالدى.
ئېگىز تاغ ئارىسىدىكى خىلۋەت مەھەللە. سەنەملەر كەلمىگەنسېرى غېرىبنىڭ ئەندىشىسى كۈچىيىشكە باشلىدى. غېرىب گۈلجامالنى يېتىلەپ ئېگىز چوققىغا چىقىپ يىراقلارغا

www.uyghurkitap.com

تەقەززالىق بىلەن قارىدى:

— غېرىبجان ئاكا ... ئانام بىلەن ئاچام ئېزىپ قالغانمىدۇ؟ — سورىدى گۈلجامال.

— ئۇلار ئازمايدۇ، ئىشلارنى تۈگىتىپ بولالماي ياكى مىنگۈدەك ئات ئالالماي ...

غېرىب سۆزىنىڭ داۋامىنى قىلىپ بولالماستىنلا گۈلجامال ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى:

— ئۇلاغ ئالالمىغان بولسا موللامنىڭ ئېشىكىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ كېلىۋاتامدىغاندۇ يا؟

— ھۇ جىنتەك، سىز بىلمەيدىغان گەپمۇ بارمۇ؟

شۇ چاغدا دەريانىڭ تۇزلەڭ يېرىدە سەنەم بىلەن نىگارئايىم پەم بىلەن ئېقىننى بويلاپ، ئاستا كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ھارغىنلىقتىن ئاران ماڭاتتى. ئورمانلىقتىن بۆرە، يولۋاسنىڭ ھۇۋلىغان، ھۆركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ھەر ئىككىسى سۈر بېسىپ ئاران ماڭدى. بىردىنلا ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى كەلدى. سەنەم بىلەن نىگارئايىم توختاپ بىر - بىرىگە قارىدى.

— ئانا ... ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ... — دېدى سەنەم.

— ئاڭلىدىم، قىزىم، ئاڭلىدىم. راست ئاتنىڭ كىشنىگەن ئۈننى ئاڭلىدىم.

شۇ گەپ بولۇۋاتقاندا ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى، سەنەم ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراپ ئىسقىرتتى. ئۇلارنىڭ ئېتى دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدىكى ئورمانلىقتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ دەريا قىرغىقىدا قۇلاقلىرىنى شىڭگىتىپ قاراپ تۇردى.

— ئانا ... قارىسىلا، بىزنىڭ ئات تىرىككەن، ئۇ بىزنى ئىزدەپتۇ، — دېدى سەنەم.

ئات يەنە كىشنىدى، سەنەم ئاتقا قاراپ ئىسقىرتتى. ئات ئىزدا تۇرۇپ كىشنەپ يەرنى بىرقانچە قېتىم تاتىلاپ چاپچىغاندىن كېيىن دەرياغا ئاستا كىرىپ، سەنەم تەرەپكە قاراپ

ئۆزۈپ كېلىشكە باشلىدى. سەنەم بىلەن نىگارئايىم خۇشاللىقتا بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ يىغلىشىپ كەتتى.

ئوردىنىڭ كاتتا زىياپەتخانىسى. شاۋاز باشچىلىقىدىكى ئوردا كاتتىلىرى غەزنەۋىلەرنىڭ زەيىنىدىن بومىيانى باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئۆزىتىش زىياپىتى بەرمەكتە. چاكار، دېدەكلەر ھەر خىل كاتتا نازۇنېمەتلەرنى ئەكىرىپ داستىخانغا قويۇپ، يېيىلمىگەن، چالا يېيىلگەن يېمەكلىكلەرنى ئاچىقماقتا. ئەمىر، ۋەزىرلەر قات - قات كۆرپىلەر ئۈستىدە پەي ياستۇقلارغا يانپاشلاپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ - بۇنىڭدىن ئالغاچ ئۆزئارا مۇڭدىشىپ، مۇقام ئاڭلاپ، ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ نازۇكەرەشمىلىك ئۇسسۇلىنى كۆرمەكتە.

مۇقام ئاخىرلىشىپ، ئۇسسۇلچىلار تەزىم بىلەن سورۇندىن چىقىپ كەتكەندە، شاۋاز چاۋاك چېلىپ ھەممىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى.

— بۈگۈن بۇ قۇتلۇق پەيتتە بىز بۈيۈك غەزنەۋىلەر خانىدانلىقىنىڭ ھۆرمەتلىك ئەلچىسى زەيىنىدىن ئابىد بومىيانى ھەزرەتلىرى ھەم ئۇنىڭ يارەنلىرىنى خانىدانلىقىمىزنىڭ ئالىي ئېھتىرامى ھەم خۇش خەۋىرىنى ئېلىپ ئۆز ئېلىگە يېنىش ئالدىدا ھەمداستىخان بولۇپ ئۇزىتىۋاتىمىز. مەن بۈيۈك خاقانىمىز بىلەن خانىدانلىقىمىز نامىدىن ئەلچى جانابلىرىنىڭ جاپالىق ھەم خەتەرلىك بولغان بۇ ئەلچىلىك سەپىرىگە باتۇرلۇق كەمىرىنى باغلاپ قەدەم باسقانلىقىغا، قىممەتلىك ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئىككى بۈيۈك خانلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئارازلىق، دۈشمەنلىكنى دوستلۇققا، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىققا ئايلاندۇرۇش يولىدىكى ھارماس - تالماس قەيسىرانە روھىغا ئاپىرىن ئېيتىمەن ... ئەلچى جانابلىرى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا كۆپتىن - كۆپ تەشەككۈر بىلدۈرىمەن...

شاۋازنىڭ گېپى تۈگىشىگە ھەممە ئاۋاز قوشۇپ :

— ئەلچى جانابلىرىنىڭ سەپىرى قۇتلۇق بولغاي، ئىزلىرىدىن

www.uyghurkitap.com

قىزىلگۈللەر ئۈنگەي ... — دېيىشتى.

— ئاپىرىن - تەھسىنلەر بولغايكى، ۋەزىرئەزەم، ئاشۇرۇۋەتتىلە، ئەگەر جانابلىرىنىڭ دانا تەدبىرلىرى، كامالەتكە يەتكەن ئەقىل - پاراسەت ھەم شىجائەتلىرى بولمىغان بولسا، پېقىرنىڭ ئاجىزانە ھەرىكەتلىرى بوراندا قالغان پاخالدەك ئۇچۇپ كەتكەن بولار ئىدى. بۈگۈنكىدەك ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق رىشتىسى باغلانمىغان بولاتتى. بۇنداق خەير - بەرىكەتلىك، خۇشاللىققا تولغان دەقىقىلەرنىڭ ئاپىرىدە بولۇشى ئاۋۋال ئاللانىڭ رەھمەت قىلغانلىقى، ئاندىن قالسا جانابىي ۋەزىرئەزەمنىڭ زور ھىممەت كۆرسەتكەنلىكى، شۇنداقلا مۇشۇ سورۇنغا ئىشتىراك قىلغان ھۆرمەتلىك ۋەزىر، ئەمىرلەر، سەردار - سەركەردە جانابلارنىڭ ھەمدەمدە بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر، — دېدى زەينىددىن بومىيانى.

— بۇ ئالتۇنغا بەرگۈسىز مۇبارەك سۆزلىرىگە كۆپتىن - كۆپ ھەشقاللا... — دېيىشىپ كەتتى ھەممەيلەن.

— باش ئەلچى جانابلىرى، سىلىنىڭ مۇشۇ يولدا چەككەن رەنج - مۇشەققەتلىرىگە تەشەككۇر بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن خانلىق نامىدىن ئىنئام قىلىنغان تون - سەرپاي، ئالتۇن شەمشەر، ئۈنچە - مەرۋايىت قاتارلىق سوۋغىلارنى ئاددىي كۆرمەي قوبۇل قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى شاۋاز.

چاكار - دېدەكلەر پەتنۇسلاردا سوۋغا - سالاملارنى ئەكىلىپ زەينىددىن بومىيانىغا تەزىم بىلەن تەڭلىدى. زەينىددىن بومىيانى ئورنىدىن تۇرۇپ سوۋغىلارنى تەزىم بىلەن قوبۇل قىلدى. چاكار - دېدەكلەر تون - سەرپاي، سەللىلەرنى زەينىددىن بومىيانىغا كىيدۈرۈپ، بېلىنى ئالتۇن كەمەر بىلەن باغلاپ، ئالتۇن شەمشەرنى ئېسىپ قويدى. زەينىددىن بومىيانى خۇشال ھالدا قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ شاۋاز ھەم بارلىق ۋەزىر، ئەمىرلەرگە تەزىم قىلدى.

— ئىلتىپاتىڭلارغا كۆپتىن - كۆپ ھەشقاللا، بەك كايىپ

كىيتىپسىلەر، پىقىر بۇنچىۋالا ئىززەت ـ ھۆرمەت تاپقىنىمدىن بېشىم كۆككە يەتتى. كۆپ خۇرسەن ھەم بەختلىكمەن، — دېدى زەينىدىن بومىيانى.

ھەممەيلەن زەينىدىن بومىياننى مۇبارەكلەشتى.

— ئەمدى بۈيۈك غەزنەۋىلەر خانلىقىنىڭ شۆھرەتلىك سۇلتانى مەھمۇد غەزنەۋى ئالىيلىرىغا تەييارلانغان سوۋغا ـ سالاملار تەقدىم قىلىنىسۇن! — دەپ بۇيرۇق قىلدى شاۋاز.

ناغرا ـ سۇنايلار چېلىنىپ ئالدىدا دېدەكلەر زۇمرەت كۆز قويۇلغان ئالتۇن تاج، ئالماس كۆز قويۇلغان ئالتۇن كەمەر، دەستىسىگە ياقۇت كۆز قويۇلۇپ ئالتۇن يالىتىلغان قىلىچ، زەر تۇتۇلغان تون قويۇلغان پەتنۇسلارنى قاتار ئەكىرىپ كۆتۈرۈپ تۇردى. ئاندىن مۇلازىم، چاكارلار ساندۇق ـ ساندۇقتا ئالتۇن ـ يامبۇ، ئۈنچە ـ مارجان، يىپەك قاتارلىقلارنى ئەكىردى.

جاكارچى ئۈنلۈك دېدى:

— شۆھرەتلىك سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ئالىيلىرىغا زۇمرەت كۆزلۈك ئالتۇن تاج، ئالماس كۆزلۈك ئالتۇن كەمەر، بىرلىيانت كۆزلۈك ئالتۇن قىلىچ، زەرلىك تون ـ سەرپاي، بۈيۈك چىننىڭ خاڭجۇ يىپەكلىرىدىن توقسان توپ، خوتەننىڭ يىپەك ئەتلىسىدىن توقسان توپ، قاشتېشىدىن بىر ساندۇق، ئۈنچە ـ مارجاندىن توققۇز ساندۇق، خوتەن گىلىمىدىن توققۇز، خوتەن قەغىزىدىن توقسان توپ، ئىلى ئارغىمىقىدىن توققۇز تۇياق، قاراشەھەر ئارغىمىقىدىن توققۇز تۇياق ھەدىيە قىلىنىدى. سوۋغات قوبۇل قىلىنغاي!

— رەھمەت ـ ھەشقاللا ... بارىكاللا ... — دەپ زەينىدىن بومىياننىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى.

ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قۇتلۇقلاپ، شەيخۇلئىسلام جارۇپ مەۋلىۋى باشچىلىقىدا قوللىرىنى كۆتۈرۈپ پاتىھە ئوقۇدى.

تاغ ئارىسىدىكى خىلۋەت مەھەللە. سۇ بويىدىكى گۈلخان

يورۇقىدا غېرىب سىڭلىسىنى قۇچىقىدا تۇتۇپ ئۇلتۇراتتى. ئۇ ئۇخلاپ قالغان سىڭلىسىغا قاراپ بوش ئاۋازدا مۇڭ بىلەن ناخشا ئېيتتى:

چىقتى يارىم كېچە، يول ئەزمىن قىلىپ باغرى تاش،
بەس ئەجايىبتۇر، كېچەسى كۆك ئۇزە چىقسە قۇياش.
گەر قۇياشقا ئەل نەزەر قىلسە كۆزىگە تولە ياش،
ئول قۇياش پاتقاچ يۇرەككە، كۆزلەرىمگە تولدى ياش.
زەخمىدىن كۆپ قانسىراشتىن تالدى چاك بولغان كۆڭۈل،
زەئفەران بولدى چىرايىم، كەلمەدى ئول ئەگمە قاش.
فۇرقەتىڭدىن يىغلارەم، سەندىن ۋىسال ئىزدەيمەن،
گاھ ساچارمەن باشقا تۇپراق، گاھ قويۇپ يۇرەككە باش.

غېرىب ئاتىنىڭ كىشنىگەن ئاۋازىدىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەينىگە قارىدى. ھېرىپ - چارچاپ ھالى قالمىغان نىگار ئايىم بىلەن سەنەم ئاتتىن سىيرىلىپ چۈشۈپ ئىزىغا يىقىلدى. غېرىب سىڭلىسىنى قۇچىقىدا تۇتقان پېتى پۇتىنى يەڭگىل سۆرەپ ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى.

گۇندىخانىدا سايىت ئۇچقاق قاتتىق قىيناقتا ئىلىندى. بىرى ئۇنىڭ بېشىنى ياغاچ تۇگدىكى سۇغا تىقتى. سۇ بۇلدۇقلاپ، سايىت ئۇچقاق تېپىرلاپ، بېشىنى سۇدىن چىقاردى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندى. ئىككى گۇندىپاي ئۇنى سۆرەپ ئەكېلىپ ئىگىز كۆتەك ئالدىغا يۈكۈندۈرۈپ، سول قولىنى كۆتەك ئۈستىگە قويدى. سودىگەر قىلىچنى سايىت ئۇچقاقنىڭ قولىنىڭ بېغىشىغا قويدى:

— بىزنى ئۇ يەرگە باشلاپ بارامسەن ياكى ماۋۇ قولۇڭدىن كېچەمسەن؟

سايىت ئۇچقاق كۆزىنى يۇمۇۋالدى. سودىگەر سايىت ئۇچقاقنىڭ قولىنى بېغىشىدىن توغرىۋەتتى. سايىت ئۇچقاق بىر ئۇنى ئاسماندا، بىر ئۇنى يەردە قاقشاپ، دادلاپ كەتتى:



www.uyghurkitap.com

— ھــــۇ قــارانــيــــەت خــۇنــپەر ! ... ۋاي قــولــۇم ! ... خــەپ بەتبەخت ... بىر كۈنى جاجاڭنى يەرسەن !

— بىزنى ھېلىقى يەرگە بــاشلاپ بارمــىساڭ، پۇت ـ قولــۇڭ، قۇلاق، بۇرنۇڭغىچە بىر ـ بىــرلەپ كېســىپ، سېنــى مانا مۇشــۇ كۆتەكــكە ئوخشــاش قىلىــپ چۆلگە تــاشلايمەن، ئــەبلەخ، قــاغــا ـ قۇزغۇنلار بىر ـ بىرلــەپ چوقۇلاپ جېــنىڭنــى ئالىدۇ، — دېــدى سودىگەر.

سايىت ئۇچقاق پەس تىنىپ قالدى.

ئايشەنىڭ ئۆيى. ئايشە جاينامازدا ئولتۇرۇپ خۇداغا نالە قىلىپ يىغلىماقتا.

— ئــى ئــۇلــۇغ، پاك پــەرۋەردىــگــار، ئۆمــۈر بــويــى قــىــلــغــان گۇناھلىرىمنى مەغــپىرەت قىــلغايســەن، توۋا قىــلــدىم، يۈز مــىــڭ تــوۋا. شــۇ دۈشــمــەنــلــەر ئــارىــســـدا مــېــنــى رەســۋا، خــارۇزار قــىــلمىغــايســەن. دۈشمــەنــلەرنى تــىــلــىكــىــگە يەتكــۈزمەي، مېــنــى مەقــســەت ـ مۇرادىــمغــا يەتكــۈزگــەيسەن، ئــالــلا ... مەن ئــاجــىــز بەندەڭنى بۇنداق خارۇزارلىقتىن قۇتقۇزغايسەن.

ئــىشــىك بــىــلــىــنەر ـ بــىــلــىنــمــەس چېكــىــلدى. يــىــغــلاپ ـ قاقشــاۋاتقان ئــايشە شۈئــان توختاپ، ئــىشــىــكــكە قۇلاق ســالــدى، ئىشىك يەنە چېكىلدى. ئايشە ئالدىراپ ـ تېنەپ دۇئا قىلىپ پــەم بىلەن دەسسەپ ئىشىككە يېقىن كەلدى. ئىشىك يەنە چــېكىلــدى. ئايشە پەس ئاۋازدا سورىدى:

— كىم؟

— مەن ... ئىشىكنى ئېچىڭ، — دېدى سىرتتىن بىرى پــەس ئاۋازدا.

ئايشە پەم بىلەن ئىشىكنى قىيا ئېچىۋىدى، بىر يــاش يىگــىت كۆرۈندى.

— مــەن ھاجىم دادامــىنىڭ چاكــىرى بولــمەن، ھاجــىم دادام ناماز بامداتنىڭ بىرىنچى ئەزىنى چىققاندا بىزنىڭ ئۆيگە بارسۇن دەيدۇ، — دېدى چاكار.

— خوپ ... ئوبدان ... خوپ ... — دېدى ئايشە.

يىگىت شۇنداق دەپلا كەينىگە ياندى. خۇشاللىقتا ئايشەنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ كەتتى. ئۇ يۈزىنى تۇتۇۋېلىپ بۇقۇلداپ يىغلىدى.

غېرىب، سەنەم، نىگارئايىملار گۈلخان يورۇقىدا چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى.

— بالىلىرىم، بۇرنۇمغا بىر شۇملۇق پۇراۋاتىدۇ، ھايالشىماي بۇ يەردىن كېتەيلى، — دېدى نىگارئايىم.

— ئانا بەك قورقۇپ كېتىپسىز، بىر كىمنىڭ بۇ يەرنى تاپمىقى ئاسان ئەمەس، — دېدى غېرىب.

— قانىتى بولسىمۇ ھازىرلا ئۇچۇپ كېلەلمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بىزنى ھاڭدىن چۈشۈپ ئۆلدى دەپ بۇ يەرگە ئىزدەپ كەلمەسمىكىن دەيمەن، — دېدى سەنەم.

— ئاشۇ ئات ئوغرىسى بۇ ئىنس - جىن بىلمەيدىغان يەرنى تېپىپ ئاتنى ئوغرىلىغان يەردە...

— ئات ئوغرىسى ئەسلىدە بازاردىلا ئاتقا كۆزى چۈشۈپ ئۆزلىرىگە ئەگەشكەن گەپ. ئۇنداق بولمىسا بۇ يەرنى قانداق تاپىدۇ؟ خۇدايىمنىڭ كارامىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆردۈڭلارمۇ، بۇ ئاتنى سىلەرگە ئۇچراشتۇرغىنىنى ... ئاتنى ئوغرىغا ئەمەس، بىزگە نېسىپ قىلغانىكەن، — دېدى غېرىب.

— ئات ئوغرىسى ئۇلارنى باشلاپ كېلەلىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئەتە چاشكا بىلەن كېلەلىشى مۇمكىن. تاڭ ئاتقۇچە ئاتمۇ، بىزمۇ دەم ئېلىۋېلىپ ماڭساقمۇ كېچىكمەيمىز، — دېدى سەنەم.

— ئىككىڭلارنى ھاڭدىن چۈشۈپ ئۆلدى دېگەن تەقدىردە مېنى ئىزدەپ نېمە قىلار؟ — دېدى غېرىب.

ئۇلار تۈرلۈك قىياسلارنى قىلىشتى.

ھاكىم مەھكىمىسىنىڭ مېھمانخانىسى. قېرى ھاكىم قادىر سەرۋازنىڭ ئالدىغا ھەر خىل نازۇنېمەتلەرنى قويۇپ، ئۇنى خۇشامەت بىلەن ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى. قادىر سەرۋاز ئۇنىڭ

خۇشامەتلىرىگە پەرۋا قىلماي، داستىخانغىمۇ نەزەر كۆزىنى سالماي غادىيىپ ئولتۇردى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ سودىگەر سىياقىدىكى ئىككى ئادىمى بىلەن ھاكىمنىڭ لەشكەر بېشى كىرىپ ئۇلارغا سالام قىلدى. قادىر سەرۋاز ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. سەنەم، نىگارئايىملارنى قوغلاپ بارغان سودىگەر دېدى:

— ئىككىسى ھاڭدىن چوڭقۇر سۇغا سەكرەپ ئۆلدى.

— ئۆلدى، ئۆلگىنىنى كۆردۇڭمۇ؟ — سورىدى قادىر سەرۋاز بۇ گەپلەرگە ئىشەنمەي.

— كۆردۇم، — دەپ جاۋاب بەردى سودىگەر.

— ئۆلۈكىنى كۆردۇڭمۇ؟ — يەنە سورىدى قادىر سەرۋاز.

— سۇغا بىر سەكرىگەنچە ئۆلۈك - تىرىكىنى كۆرمىدۇق، بېگىم.

— ھۇ لايغەزەل، ئۆلۈكىنى كۆرمىگەن ئادەم ئۇنى قانداق ئۆلدىگە چىقىرالايسەن؟ ! — ئاچچىقلاپ ۋارقىرىدى قادىر سەرۋاز.

— پېقىرنىڭ كالتە پەملىكىنى كەچۈرگەيلا، بېگىم، — دېدى سودىگەر.

— بىزگە تىرىكى بولسا تىرىكى، ئۆلۈكى بولسا ئۆلۈكى كېرەك، — دېدى قادىر سەرۋاز.

— بېگىم، ئەگەر ئۇلار ئۆلمىگەن بولسا غېرىبنىڭ يېنىغا بارىدۇ، — دېدى يەنە بىر سودىگەر.

— ئۇلار ئۇ يەرگە بارمىغان ھالەتتىمۇ، بىز غېرىبنى قولغا چۈشۈرسەك، سەنەم ھاياتلا بولسا بوينى قىلدا باغلىنىپ ئۆز ئايىغى بىلەن بىزنى ئىزدەپ كېلىدۇ، — دېدى قادىر سەرۋاز.

شاھنىڭ ھۇجرىسى. شاۋاز شاھنىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق چاكار - دېدەكلەرنى چىقىرىۋېتىپ شاھ بىلەن يالغۇز قالدى. شاۋاز ئوڭدىسىغا مۇردىدەك ياتقان شاھنىڭ قۇلىقىغا ئېگىلىشىپ پىچىرلىدى:

— ئالەم پاناھ، بىزدە خەق بىلەن ئۇرۇشقۇدەك مادار

بولمىغاندىكىن، ھازىرچە دۈشمەنىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپ سۈلھى قىلىپ، خاندانلىقىمىزنى ساقلاپ قالماقتىن باشقا ئامال يوق.

شاھى ئابباسنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ چەكچىيىپ جايىدەك بولۇپ، ئۇققىلى بولمايدىغان بىرنەرسىلەرنى دېدى.

— ئالىيلىرى، گەپلىرىنى ئۇقمىغان بولسامۇ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكلىرىنى بىلەلمەن. بىزنىڭ مەلىكىنى غەزنەۋىلەرگە ياتلىق قىلماي ئامالىمىز يوق.

شۇ گەپ بىلەن تەڭ شاھى ئابباسنىڭ ھاسىدەك قوللىرى شاۋازنىڭ ياقىسىدىن بوغدى. شاۋاز ئۆزىنى قاچۇردى، شاھنىڭ جانسىز قوللىرى شاۋازنىڭ ياقىسىنى قويۇۋەتمەي سۆرىلىپ باردى. شاھ ئولتۇرۇپ تىترەپ، خارقىراپ، بىلگىلى بولماس بىرنېمىلەرنى دەپلا كەتتى، غەزەپتىن شالاڭلاپ كەتكەن ساقاللىرى دىرىلداپ تىترەيتتى.

— ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا ... ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا، ئالىيلىرى ... مەقسەتلىرىنى بىلدىم، ياقامنى قويۇۋەتسىلە ... ئۆزلىرىنى ئايىسىلا ... بىزنىڭ غەزنەۋىلەرگە ياتلىق قىلىدىغىنىمىز راست مەلىكە ئەمەس، يالغان مەلىكە ... بىز يالغان مەلىكىنى ياتلىق قىلىمىز. راست مەلىكىنى ھەرگىز بەرمەيمىز، ئۇ سىلىنىڭ يانلىرىدىن مەڭگۈ ئايرىلمايدۇ، ئۇ ھەم مېنىڭ قىزىم، ئۇنى ھەرگىز بەرمەيمىز، — دەپ چۈشەندۈردى شاۋاز.

شاھى ئابباس ئۇنىڭغا ئىشەنمەستىن، غەزەپتىن چەكچەيگەن كۆزلىرىنى گۇمان بىلەن تىكىپ، قولىقىنى ئاغزىغا يېقىن ئەكېلىشكە ئىشارەت قىلدى. شاۋاز قورقۇمسىراپ قولىقىنى شاھنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئەكەلدى.

— ھە ... ئىشەنمەيۋاتىمەنلا، شاھ ئالىيلىرى. ئۇنداق بولسا خانىش مېھرىبانۇ بىلەن يالغان مەلىكىنى ھازىرلا يانلىرىغا ئەكېلەي، — دېدى شاۋاز يەنە.

گۈندىخاندا چولاق قولى تېڭىلغان سايىت ئۇچقاق ھۆڭ-

ھۆكۈ يىغلاپ قولىغا قاراپ دېدى:
— بەتنىيەتلەر ... قارايۈزلەر ... مېنىڭ ساق قولۇمنى بىكاردىن ـ بىكار چولاق قىلدىڭلار. خەپ، بۇ دۇنيادا قىساسىمنى ئالالمايدىغان بولسام ... قىيامەت كۈنى خۇدا قازى ... پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شاپائەتچى بولغاندا قىزىل تىرنىقىم كانىيىڭلاردا بولىدۇ ... بەتبەخت ... قارا نىيەتلەر...
— سەن چولاق، قولۇڭغا ئىچ ئاغرىتمۇەرمە، ئۇلۇڭ قولۇڭدىن ئايرىلمىغانغا شۈكۈر قىل، — دېدى قادىر سەرۋاز.
— سەنلەر قولۇمنى كېسىپ مېنى كاردىن چىقارساڭ شۈكۈر دەمدىمەن، مۇناپىقلار؟! مېنى بۇنداق قىينىغۇچە ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار.
— ئۇنداق ئاسان ئۆلسەڭ سەنمۇ، بىزمۇ پۇخادىن چىقمايمىز، قورساقتا غۇم قالىدۇ، — دېدى قادىر سەرۋاز.
— گۇناھنى مەن قىلغاندىكىن كاللامنى ئالساڭلار بولمامدۇ، قولۇمدا نېمە گۇناھ؟ — دېدى سايىت ئۇچقاق يىغلاپ.
— سېنىڭ قولۇڭنىڭ گۇناھى ناھايىتى ئېغىر، كاللا ئىشلىمىسە پۇت ـ قولغا ئارام يوق دېگەن شۇ. شەرىئەت ھۆكمى بويىچە سەن ئوغرىنىڭ قولىنى بۇرۇنلا كېسىش كېرەك ئىدى، — دېدى قادىر سەرۋاز.
— مېنى قولۇمنى كېسىپ تىلەمچى قىلدىڭلار. ساق ئادەمنى مېيىپ قىلىپ تىلەمچىلىك قىلىشقا مەجبۇر قىلغان قازى ۋەيلۇن دوزاختا كۆيىدۇ ... ئەڭ يامان دوزاختا كۆيىدۇ ... سەنلەرمۇ شۇ، خۇنپەرلەر.
— ئوغرى بىلەن تىلەمچىنىڭ پەرقى يوق. بار دېيىلسە، تىلەمچى ئوغرىدىن ياخشىراق، ئۇنىڭدا يۈز بولمىغان بىلەن خەق بەرگەننى ئالىدۇ، ئوغرى خەقنى قاقشىتىدۇ. بولدى، سەن بىلەن تالاشقۇم يوق. بىزنى ئۇ يەرگە باشلاپ بارساڭ، كېسىلگەن سول قولۇڭ ئۇچۇن ئون قوي، بەش كالا، ئوتتۇز پەرسەخ ئېكىن يەر بېرىمىز. بولمىسا سېنى ئۇڭ قولۇڭ، قولاق ـ بۇرنۇڭ،

پۇتلىرىڭنى كېسىپ چۈلگە تاشلىۋېتىمىز، قاغا ـ قۇزغۇنلار كۆزۈڭدىن باشلاپ بىر ـ بىرلەپ چوقۇپ مەززە قىلىپ يەپ ھۇزۇرلىنىدۇ. سەن ئىتنىڭ كۈنىدە قىينىلىپ ئۆلىسەن. يا باشلاپ بارىمەن دە، يا ياق، ئىككىنىڭ بىرىگە تۇر ...

قادىر سەرۋاز شۇنداق دەپلا ئىشىككە ماڭدى. گۇندىپايلار كۆتەك ياردىغان يوغان پالتىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، سايىت ئۇچقاقنىڭ ئوڭ قولىنى كۆتەك ئۈستىگە قويدى.

شاھ ھۇجرىسىدا دېدەك ـ كېنىزەكلەرنىڭ يۆلىشىدە ئولتۇراتتى. ھۇجرىغا مېھرىبانۇ خانىش، يالغان سەنەم، تۇران ئايلا كىرىپ كەلدى. ئۇلار تەزىم قىلىشۋاتقاندا، شاھ بېشىنى تەستە بۇراپ ئۆزىگە تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇرغان شاۋازغا قارىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم شاھ ئاتا ... بىزنى سېغىنىدىلىمۇ ... بىزمۇ سىلىنى خوپ سېغىندۇق.

«سەنەم» شۇنداق دەپ سالام بېرىپ ئاتىسىغا يېقىن كېلىشىگە، تۇران ئايلا ئۇنى توسۇۋالدى.

— مەلىكە ئالىيلىرى، ئۆزلىرىنىمۇ، ئالىيلىرىنىمۇ ئايىغايلا.

شاھ چۈشىنىكسىز بىرنەرسىلەرنى دەپ قولىنى شىلتىپ توسما دېگەن ئىشارەتنى قىلدى. تۇران ئايلا شاۋازغا قارىدى، شاۋاز بولدى قويۇۋەت دېگەن ئىشارەتنى بەردى. «سەنەم» كېلىپ شاھنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى. شاھنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ مېھرىبانۇغا قارىدى، مېھرىبانۇ يەرگە قارىۋالدى. شاۋاز بارلىق دېدەك ـ چاكارلارنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى. ھۇجرىدا شاۋاز، مېھرىبانۇ، «سەنەم»، تۇران ئايلا قالدى. شاھ بويىنىنى قۇچاقلاپ تۇرغان «سەنەم» دىن ئۆزىنى ئاجرىتىشقا ھەرىكەت قىلدى. شاۋاز «سەنەم» نىڭ دولىسىغا يەڭگىل ئۇرۇپ دېدى:

— مەلىكە ئالىيلىرى، بولدى قىلسىلا، شاھ ئالىيلىرى



www.uyghurkitap.com

ئۆزلىرىنى يېقىندىن سىنچىلاپ تۇيغۇدەك كۆرۈۋالسۇن. سىلەر شاھ ئالىيلىرىنى يۆلەڭلار ... خانىش ئايىم خاپا بولماي ئۆزلىرىمۇ شاھنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىشىپ بەرسىلە.

مېھرىبانۇ خانىش بىلەن تۇران ئايلا شاھنىڭ ئىككى تەرىپىدىن يۆلەپ يېنىدا ئولتۇرۇشتى. «سەنەم» شاھنى قويۇۋېتىپ سەل داجىپ باش ئېگىپ تۇردى.

— مەلىكەم ... باشلىرىنى ئۇستۇن قىلىپ شاھ ئاتىلىرىغا قاراپ تۇرسىلا، شاھ ئالىيلىرى ئۆزلىرىنى قانغۇدەك كۆرۈۋالسۇن، — دېدى شاۋاز.

شاھ «سەنەم» گە بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغاندەك سىنچىلاپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق قارىدى، قولىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، يۈزىنى تۇتماقچى بولۇۋىدى، قولى يەتمىدى.

— مەلىكە ئالىيلىرى، شاھ ئاتىلىرى ئالدىدا تىزلىنىپ، باشلىرىنى يېقىن تۇتسىلا، ئالىيلىرى يۈزلىرىنى سىلاپ كۆرۈپ قانسۇن، — دېدى شاۋاز.

يالغان مەلىكىنىڭ بايىقى جۈرئىتى قالمىغان بولۇپ، قورقۇنچتىن ھودۇقۇپ تىترەپ شاۋازغا قارىدى.

— قورقمىسىلا، مەلىكە ئالىيلىرى، ئاتىلىرىغا يېقىن كەلسىلە، — دېدى يەنە شاۋاز.

يالغان مەلىكە تىزلىنىپ بېشىنى شاھقا يېقىن ئەكەلدى. شاھ ئارىدەك قولاشمىغان قوللىرى بىلەن «سەنەم» نىڭ يۈز - كۆزلىرىنى سىلىدى. سىلاۋېتىپ ئاغزىنى مېھرىبانۇ خانىشنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكەلدى. خانىشمۇ قۇلىقىنى شاھقا يېقىن ئەكەلدى، شاھ پىچىرلىدى، مېھرىبانۇ بېشىنى لىڭشىتىپ دېدى:

— شۇنداق ئالىيلىرى، ۋەزىر ئەزەمنىڭ دېگەنلىرى بەرھەق، ئىشەنسىلە بولىدۇ.

شاھ يەنە مېھرىبانۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

— شۇنداق، ئالىيلىرى، مەن بىلگەنىدىم. ئۆزلىرىنىڭ پاتراق شىپا تېپىشلىرى ئۈچۈن قىزىمىز خاسىيەتلىك دورا بولدى، —

دېدى مېھربانۇ خانىش.

شاھى ئاباسنىڭ كۆزىگە سەنەمنىڭ بوۋاق چېغىدىكى بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى چۆرگىلىمىچى، چۆرگىلىمەچ ئوتتۇرىسىدىكى تەڭگىدەك قىزىل خالى كۆرۈندى. شاھ جانلىنىپ مېھربانۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، مېھربانۇ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ تەبەسسۇم بىلەن باش لىڭشىتتى:

— شۇنداق، شاھ ئالىيلىرى، ئەس - ھوشلىرى بەكمۇ جايىدا، تازىمۇ سەگەك ئىكەنلا، شۇنداق، دەل شۇنداق، كۆرسىلە.

شاھ «مەلىكە» نىڭ بېشىنى سىلاپ، ئالتۇن تاجلىق دوپپىسى، لېچەكلىرىنى ئېلىۋېتىپ چىرايلىق تارالغان چاچلىرىنى ئارىلىدى، مېھربانۇ خانىشمۇ بىللە قاراشتى. قوش چۆرگىلىمەچ بىلەن تەڭگىدەك قىزىل خال چاچ ئاستىدىن كۆرۈنمىدى. شاھ مادارسىزلىنىپ مېھربانۇ خانىشنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. مېھربانۇ خانىشمۇ ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇراتتى، ئۆزىنى قويۇۋېتىپ شاھنى قۇچاقلاپ ئۆكسۈپ يىغلىدى. شاۋاز تۇران ئايلا، يالغان سەنەملەرنى ئىشارەت بىلەن چىقىرىۋېتىپ دېدى:

— مانا ئەمدى خاتىرجەم بولدىلىمۇ، ئالىيلىرى؟ بىزنىڭ غەزنەۋىلەرگە ياتلىق قىلىدىغىنىمىز مانا مۇشۇ مەلىكە، ئالىيلىرى.

شاھ شاۋازغا غەزەپ بىلەن قاراپ مېھربانۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ئەمىسە مېنىڭ راست قىزىم قېنى؟ ئۇنى نەگە يوشۇردۇڭ دەيدۇ، — دېدى مېھربانۇ خانىش.

— ئالىيلىرى، مەلىكىمىزنى مەن يوشۇرمىدىم، ئۆزى يوشۇرۇنۇپ يۈرۈۋاتىدۇ. تالاي ئادەملىرىمىز داۋراڭ سالماي دېڭىز ئاستىدىن يىڭنە ئاختۇرغاندەك ئۇلارنى ئىزدەۋاتىدۇ.

شاۋاز گېپىم سىرتقا ئاڭلانمىسۇن دېگەندەك ئىشىك - دېرىزە تەرەپلەرگە يەم بىلەن بېرىپ تىڭشاپ، تېخىمۇ پەس

ئاۋازدا دېدى:

— ئالامەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، مەلىكە ئالىيلىرى پالەچ غېرىب بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىنى مەپىگە سېلىپ قاراشەھەر، باشئەگىم تەرەپلەردە يۆتكىلىپ يۈرۈۋېتىپتۇ ... پالەچ غېرىبتىن خاتىرجەممىز، ئالىيلىرى، ئۇ يەنىلا ئورنىدىن مىدىرلىماي، بەرسە يەيدىكەن، بولمىسا كۆزىنى پارقىرىتىپ ياتىدىكەن ...

— ۋاي ئىسىت، بىچارە قىزىم ... شاھىنىڭ ئەتىۋارلىق مەلىكىسى تۇرۇپ، تارتىۋاتقان كۈنلىرىنى ... دېدەك - چاكارلارمۇ ئۇنىڭدىن ئوبدان ياشاۋاتامدۇ؟ ...

مېھرىبانۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. شاھمۇ ئۆپكىدەپ يىغلاپ، غەلىتە ئاۋاز چىقىرىپ يۆتىلىپ كەتتى.

— قىزىمىز كۆز ئالدىمىزدا تۇرسا پالەچ غېرىبنى باقسىمۇ باقمامدۇ... ھۆرمەتلىك ۋەزىرئەزەم، نېمە قىلساڭلا قىلسىلا، بىز سىلىنىڭ ھەرقانداق ئىشلىرىغا ئەزەلدىن قارشى چىقمىغان، مۇشۇ بىر ئىشتا سىلىدىن ئۆتۈنەيلى، قىزىمىزغا ھەم ئۇ بىچارە پالەچ غېرىبقا يول قويسىلا. ئاشۇ بىر تال مەلىكىمىزنىڭ كۆڭلى ئاشۇ پالەچ غېرىبنى بېقىپ ئارام تاپىدىغان ئىش بولسا، مەيلىگە قويۇۋېتەيلى، ماقۇل كۆرسىلە، — دېدى مېھرىبانۇ خانىش.

— ئۆمۈرلىرىدە مانا مۇشۇ بىر قېتىم توغرا گەپ قىلدىلا، خانىش ئالىيلىرى. مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىلا. مەن سىلىدىن بۇنچىلىك گەپ چىقار دەپ ئويلىمىغان.

شاھ شاۋازنىڭ قۇلىقىغا گەپ قىلىمەن دېگەن ئىشارەتنى قىلدى. شاۋاز قۇلىقىنى شاھنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئەكېلىۋىدى، شاھ ئۇنىڭ قۇلىقىنى چىشلىۋالدى. شاۋاز ئاغرىقتىن ۋايساپ جان ئاچچىقىدا چىچاڭشىپ شاھنى سىلكىپ ئاران ئاجرىدى.

خىلۋەت مەھەللە. ئۆي ئىچىدە سەنەم چۆچۈپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ ۋارقىرىشىدىن ھەممە ئويغىنىپ كەتتى. نىگارئايىم جىنچىراغنى ياقتى.

www.uyghurkitap.com

— ئىت، بىر توپ ئىتنىڭ ئارىسىدا قالدۇق ... ئىتلار بىزنى قورشىۋېلىپ ئېتىلىپ كەلدى، — دېدى سەنەم.

— ئەندىشىلىك خىياللار بىلەن ئۇخلىغاچقا ...

غېرىبنىڭ گېپى ئاخىرلاشماستىنلا گۈلجامال گەپنى بۆلدى:

— پارچە ناننى بېشىڭىزدىن ئۆرۈپ دىۋانىگە سەدىقە بېرىۋەتسەك ئىتلار شۇنىڭ بىلەن كېتەتتى ...

سەنەم ئۇندىمەستىن ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى، غېرىبمۇ سەنەمنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ سىرتقا چىقتى.

— ۋاي رەھىم - شەپقەت دېگەننى بىلمەيدىغان ئىمانسىزلار، ئادەمنى ۋىجدانى، غۇرۇرى بىلەن ياشاپ پاكىز ئۆلگىلى قويمايدىغان ئىپلاس رودۇپايلار!

تاڭ سەھەر. تار كوچىدىكى مەسچىت گۈمبىزىنىڭ يېنىدىكى كىچىك سەيناغا چىققان مەزىن تار كوچىدا پەرەنجە بىلەن ئالدىراش كېتىۋاتقان ئېگىز ئايالغا قاراپ: «ئەستاغپۇرۇللا شەيتان» دەپ قويۇپ قىبلىگە قاراپ قولاق قېقىپ ئەزان توۋلىدى. ئايشە غىپىلداپ مېڭىپ بېرىپ تۇراخۇن ھاجىمنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپلا ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۆگزىدىن - ئۆگزىگە مۈشۈكتەك سەكرەپ پايلاپ يۈرگەن پايلاقچى ئۆگزىدە دۈم يېتىپ تۇرۇپ ئۇنى كۆردى. ئايشە ئۆيگە كىرىپ كېتىشى بىلەنلا تۇراخۇن ھاجىم دۇرۇت ئوقۇغىنىچە تون - سەللىسىنى كىيىپ تۈزەشتۈرۈپ مەسچىتكە ماڭدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىككى ئەر ئەگىشىپ چىقىپ ئارىلىق قالدۇرۇپ مەسچىتكە ماڭدى. پايلاقچى بېشىنى كۆتۈرۈپ گاڭگىراپ قالدى. ئاندىن ئاستا تار كوچىنىڭ ئۈستىدىن تۇراخۇن ھاجىمنىڭ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە مۈشۈكتەك سەكرەپ ئۆتۈپ ئۆيىنىڭ تۈڭلۈكىدىن مارىلىدى.

مەسچىت تۈنەكخانىسىدىن چىققان جامائەت مەسچىت ھويلىسىدا مېيىت نامىزى ئوقۇشقا تۇرۇشتى. تۇراخۇن ھاجىم، ئەرەنچە كىيىنىپ ساقال - بۇرۇت تاقاپ، سەللە يۆگىگەن ئايشە، تۇراخۇن ھاجىمنىڭ چاكىرى بىر سەپ بولۇپ نامازغا تۇردى.

بۇ چاغدا بىرقانچە نىقابلىق ئادەم تۇراخۇن ھاجىمنىڭ ئۆيىنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ، ساندۇقلاردىكى كىيىم ـ رەختلەرنى چۇۋۇپ تاشلىدى. بۇغداي، قوناق قاچىلانغان يوغان كات ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ بۇغداي، قوناقلارغا قىلىچلىرىنى پاتۇردى. بىرى ئوچاقنىڭ مورىسىغا بېشىنى تىقىپ قاراپ باقتى.

مەسچىت دەرۋازىسىدىن مېيىت ئېگىلىرى يىغا ـ زار بىلەن جىنازىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. جامائەت جىنازىغا ئەگىشىپ سەپ تارتىپ كوچا بويلاپ مېڭىشتى. مېيىتنى ئۆزىتىپ چىققان جامائەت شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلمەي تۇرۇپ قاراۋۇللار دەرۋازىنى يوغان ئېچىۋېتىشتى، جامائەت دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلگەن ۋەلى باينىڭ ئادەملىرىنى قاراۋۇللار دەرۋازىنى تاقىۋېلىپ، شەھەر سىرتىغا چىقارماي قويدى. دەرۋازىنىڭ سىرتىدا ئوتۇن، سامان باسقان ھارۋىلىرىنى، تاغار ئارتقان ئېشەكلىرىنى تۇتۇپ، دەرۋازىدىن كىرمەكچى بولۇپ كۈتۈپ تۇرغانلارنى قاراۋۇللار بازار دەرۋازىسى ئېچىلىدىغان ۋاقىت بولمىدى، دەپ كىرگۈزمىدى. تۇراخۇن ھاجىم مېيىت ئۇزاتقۇچىلار سېپىدە ئايشەگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ تەبەسسۇم قىلىپ قويدى.

ۋەلى باي پىغانى ئۆرلىگىنىچە مەپىسىدە ئولتۇراتتى. ئۇ ئالدىغا كەلگەن قاراۋۇلنىڭ كاچىتىغا تەستەك بىلەن بىرنى سالدى، قاراۋۇل تەزىم قىلىپ يۈگۈرۈپ بېرىپ دەرۋازىنى ئېچىپ بەردى. ۋەلى باينىڭ چاپارمەنلىرى ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ئۇنىڭ مەپىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار چىقىپ كېتىشىگە قاراۋۇللار دەرۋازىنى يەنە تاقىۋالدى.

ئۇپۇق قىزارغانىدى، ئېگىز تاغ چوققىسىمۇ ئۇپۇق بىلەن رەڭداش كۆرۈنەتتى. سايت ئۇچقاق چولاق قولى بوينىغا ئېسىلغان ھالەتتە تاغ چوققىسىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ خىلۋەت مەھەللىدىكى يالغۇز ئۆينى كۆرسەتتى. بىرقانچە مېكىياننى

www.uyghurkitap.com

ئەگەشتۈرۈپ مەھەللىدە خاتىرجەم دانلاۋاتقان خوراز قاناتلىرىنى كېرىپ، قىقىرىپ چىللىدى. قادىر سەرۋاز قولىنى شىلتىپ ۋارقىرىدى:

— ئاشۇ ئۆينى قورشاپ ئادەملەرنى تۇتۇڭلار، ھېچكىمگە دەخلى ـ تەرۇز قىلماڭلار، كىمنىڭ بىر تال مويى زىيانغا ئۇچرىسا، تېرىسىنى تەتۈر سويىمەن.

لەشكەرلەر قارا چۇمۇلىلەردەك تاغ ئارىسىدىن چىقىپ پەم بىلەن ھەر تەرەپتىن غېرىبلارنىڭ ئۆينى قورشاپ كەلدى. ئۇلار ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇپ، ئۆگزىلىرىگىچە چىقىۋالغانىدى. قادىر سەرۋاز ئۆينىڭ مورا بېشىدا پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان ساپال چىراغنى غەزەپ بىلەن بىر قامچا ئۇرۇپ يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى. ساپال چىراغ يەرگە يانتۇ چۈشۈپ يەنە پىلدىرلاپ يېنىپ تۇردى. چىراغنىڭ ئوتى سۇپا ئۇستىدىكى بورىغا تۇتىشىپ ئوت ئاستا ئۇلغايدى.

— مەپىنىڭ ئىزىنى بويلاپ قوغلايلى! — دېدى قادىر سەرۋاز.

ھەممىسى ئۆرتۆپە بولۇشۇپ تېزلىكتە ئاتلىرىغا مىنىشىپ ئورمان ئارىسىدىكى ھارۋا يولىنى بويلاپ مېڭىپ كەتتى.

كۈن قىزىل بولغان چاغ ئىدى. قويۇق قەدىمىي توغراق، يۇلغۇنلار، قومۇشلار باسقان سۇرلۇك مازاردا بىر توپ ئادەم پەيدا بولدى. قەبرىلەرنىڭ بېشىغا قادالغان ھەر خىل رەڭلەردىكى تۇغ ـ ئەلەم، مۇڭگۈزلەر يۆگىشىپ كەتكەن ئارقار، قوچقار، تېكىلەرنىڭ قۇرۇق چوققىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. جامائەت قويۇق قومۇشلار ئارىسىدىكى يېڭى كولانغان قەبرە بېشىدا سۈكۈت بىلەن تۇرغاندا، تۇراخۇن ھاجىم چاكىرغا ئىما قىلىپ قويدى. چاكار يېنىدىكى ئايشەنىڭ يېڭنى تارتىپ قويۇپ جامائەت ئارىسىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، قويۇق قومۇشلار ئارىسىغا شۇڭغۇپ، ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى.

قويۇق قومۇش باسقان دۆڭنىڭ كەينىدىكى قېرى توغراققا بىر ئات باغلاپ قويۇلغانىدى. ئايشە بىلەن چاكار تەييار ئاتنى

يېشىپ مىندى ـ دە، قومۇشلۇق ئارىسىغا چاپتۇرۇپ كىرىپ كەتتى.

مازارلىقتا مېيىتنى يەرلىكىدە قويۇپ بولغان جامائەت يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئاخۇنۇمنىڭ قۇرئان تىلاۋىتىنى ئەستايىدىل ئاڭلىماقتا. بوراندەك يېتىپ كەلگەن ۋەلى باينىڭ چاپارمەنلىرى ئاتلىرىدىن چۈشۈپ جامائەتنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلار قىرائەت ئاڭلىغاچ جامائەت ئارىسىغا تېزلىكتە كۆز يۈگۈرتۈپ تۇراخۇن ھاجىمغا كەلگەندە توختىدى. ۋەلى باينىڭ مەپىسى كەلگەندە جامائەت دۇئاغا قول كۆتۈردى. قولىنى بويىنىغا ئېسىپ، بىر قولىدا قولتۇق تايىقىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان ۋەلى باي بىر قولىدا دۇئا قىلدى، چۇۋۇلۇپ قوپقان جامائەت ئارىسىدىن تۇراخۇن ھاجىمنى ئىزدەشتۇرۇپ كۆرەلمەي، بويىنىنى سوزۇپ ھەر تەرەپكە قارىدى.

قۇرۇق تاغ ئارىسىدىكى يول. غېرىب، سەنەم، نىگارئايىم، گۈلجامالّلار ئولتۇرغان مەپە توپا توزىتىپ شىددەت بىلەن كېتىۋاتماقتا. غېرىب قامچىسىدىن قاس چىقىرىپ مەپىنى تېز ھەيدىمەكتە. ئەنسىز ھالدا پات ـ پات كەينىگە قاراپ قويۇۋاتقان سەنەم غېرىبنىڭ بېجىرىم ئولتۇرۇپ ھارۋا ھەيدەشلىرىگە قاراپ سۆيۈنۈپ، زوقلاندى، ئاندىن نىگارئايىمغا خۇشال قاراپ، ئۇنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويدى.

ئوردابالىقنىڭ ھەيۋەتلىك سېپىل دەرۋازىسىنىڭ پەشتىقىدا سۇرلۇك بۇرغا ـ سۇنايلار چېلىنىپ، دەرۋازا ھەيۋەت بىلەن ئېچىلدى. دەرۋازا ئالدىدىكى يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا پۇقرالار پاتماي قىستا ـ قىستاڭ بولۇپ تۇرۇشتى. باللار دەرەخكە چىقىۋالدى، يولغا قىزىل پاياندا سېلىندى، توزدەك ياسانغان قىز ـ يىگىتلەر ناغرا ـ سۇناي بىلەن ئورۇندالغان شادىيان كۈيگە كەلتۇرۇپ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئۇسسۇلغا چۈشتى. شاۋاز باشچىلىقىدىكى ئوردا ئەركانلىرى بايراملىق ـ ئايەملىك، سۆلەتلىك تون ـ سەرپايلىرىنى كىيىشىپ غەزنەۋىلەرنىڭ

زەيىندىن بومىيانى باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى دەرۋازىدىن ئۇزىتىپ چىقتى.

— خاندانلىقىمىزنىڭ قۇتلۇق سالامى بىلەن بىھىش پۇرايدىغان ئىسىل نازۇنېمەتلىرىنى ساق - سالامەت ئېلىپ بېرىپ بۈيۈك سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ئالىيلىرىغا يەتكۈزگەيلا ! — دېدى شاۋاز.

— ئىنشائاللا ... خان ئالىيلىرى، ھەزرەتلىرى، شۇنداقلا خاندانىڭلاردىكى بارلىق ئۇلۇغ - ئۇششاقلارنىڭ سالامىنى ئېلىپ بېرىپ بۈيۈك سۇلتانىمىزغا يەتكۈزىمەن. پېقىرنى كاتتا ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن بېشىڭلاردا كۆتۈرۈپ، كاتتا ئىلتىپات كۆرسەتكىنىڭلارنى سۇلتان ئالىيلىرى ئاڭلىسا جەزمەن خۇرسەن بولىدۇ، — دېدى زەيىندىن بومىيانى.

— لايىقلىرىدا كۈتەلمىگەن بولساقمۇ تىرىشىپ - تىرماشتۇق. ئۆزلىرىنىڭ ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، ئىناقلىق، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق، قېرىنداشلىق رىشتىنى ئۈزۈلمەس قىلىپ باغلايدىغانلىقلىرىغا ئىشەنچىمىز كامىل، — دېدى شاۋاز.

— ئىنشائاللا، دېگەنلىرى كەلگەي. كۆزگى بوغداي پىششىقىدا ئامۇ دەرياسى بويىدىكى قارشى شەھىرىدە مانا مۇشۇنداق شادىيانە ناغرا - سۇناي ساداسى ئىچىدە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، كاتتا توينى ئويىنىغىلى نېسىپ بولغاي ! — دېدى زەيىندىن بومىيانى.

شەيخۇلئىسلام جارۇپ مەۋلەۋى قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا باشلىدى:

— ئۆزلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇردۇق، ئامىن !

ھەممەيلەن دۇئا قىلىپ خوشلاشتى. زەيىندىن بومىيانى ھەم ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاتلىرىغا مىنىپ يەنە بىر تەزىم قىلىشىپ ھەيۋەت بىلەن غادىيىپ ماڭدى.

— ھەزرەتلىرى، ئەسلىدە ئۆزلىرىنى ئۈچ كۈنلۈك يولغىچە

ئۆزاتسام ئوشۇقلۇق قىلمايتتى. خان ئالىيلىرى بىتاب بولۇپ قالغاچقا، خانلىقنىڭ بارلىق ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ئىشلىرى پېقىرنىڭ گەدىنىگە يۈكلەندى. شۇ سەۋەبتىن، ئۆزىتىپ بېرىشقا ئىلاجىسىزمەن. باش جېسەكچىمىز مەڭلىك غىياس بەش يۈز لەشكەر بىلەن ئۆزلىرىنى خانلىق چېگرىمىزغىچە ئۆزىتىپ بارىدۇ، ــ دېدى شاۋاز.

ــ ئىلتىپاتلىرىغا تەشەككۈر، ئالىيلىرى، ئامان بولغايلا ...

زەيىنىدىن بۇميانى شۇنداق دەپ قوزغالدى. كەينىدىن ساندۇق ـ يۈكلەر ئارتىلغان قاتار تۆگە كارۋىنى، ئۇنىڭ كەينىدىن مەڭلىك غىياسنىڭ تولۇق قوراللانغان ئاتلىق قوشۇنى سۈر ـ ھەيۋە بىلەن ماڭدى.

تۇپراق بېشىدىن چاپارمەنلەرنىڭ كۆزلىرىنى غەلەت قىلىپ يېنىپ كەلگەن تۇراخۇن ھاجىم دۇكاننىڭ تەكچىسىدە توختىماي ئۇنلەۋاتقان بىر جۈپ دەمدەرگە قاراپ چاي ئىچكەچ ئولتۇراتتى. دۇكانغا سول قولىنى بويىنغا ئاسقان، بىر تال قولتۇق تايىقنى تايانغان ۋەلى باي چاپارمەنلىرىنىڭ ياردىمىدە كىرىپ كەلدى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھاجىمكا ...

تۇراخۇن ھاجىم كەيپى ئۇچقان ھالدا سالام قايتۇردى:

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋەلى باي، ئۇنتۇلۇپ قالغان باج بارمىكەن؟

ــ يوقسۇ، ھاجىمكا ... ھېلىقى خوتۇنىنى قەيەرگە قاچۇرۇۋەتتىلە؟ ــ دېدى ۋەلى باي ئۇدۇللا.

ــ كېچىچە تەتۈر بېسىپ يېتىپ قالمىغانلا، گەپلىرىنى بىلەلمىدىمغۇ؟ ــ دېدى تۇراخۇن ھاجىم.

ــ تولا خۇپسەنلىك قىلمىسىلا، ئىشنىڭ چىرايلىق بولغىنى ئوبدان، ــ دېدى ۋەلى باي.

ــ مەن خۇپسەنلىك قىلىپ سىلىگە قەرزىم يوق، قايسى ئىش سەت بولماقچى؟ ــ دېدى تۇراخۇن ھاجىم ئۆڭۈپ.

ــ بامداتقا ئەرەنچە ياساپ ئاپىرىپ ھازىدارلار قاتارىدا بازار

www.uyghurkitap.com

دەرۋازىسىدىن چىقىرىپ قاچۇرۇۋەتكەن خوتۇننى دەيمەن. ئۇنى نەگە قاچۇردىلا دەيمەن؟

— مېنىڭ بۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈشكە ھەپسىلەم يوق. ماقۇل، سىلى دېگەندەك بولسا سىلىنىڭ نېمە كارلىرى؟ سىلە باجگىرمۇ ياكى جېسەكچىمۇ؟ ھەركىم ئۆز ھۈنىرىنى قىلغىنى خوپ، — دېدى تۇراخۇن ھاجىم.

— ئەمدى ئۆزۈمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىمنى تونۇتۇپ قويىدىغان ۋاقىت كەلگەندەك تۇرىدۇ، — دېدى ۋەلى باي.

شۇئان تۇراخۇن ھاجىمنى ۋەلى باينىڭ چاپارمەنلىرى ئىككى قولىدىن تۇتۇۋېلىپ كەينىگە قايرىدى، تۇراخۇن ھاجىم ئاغرىقتىن ئېڭىشىپ قېلىپ دېدى:

— مەيلى ئۇ قەلەندەرنىڭ خوتۇنى ياكى پادىشاھنىڭ توقىلى بولسۇن، ئىشقىلىپ، ئۇ سېنىڭ ھېچنېمەڭ ئەمەس. سەن ئادەم بوزەك قىلىپ كۆڭەن كۆڭلى قارا مەلئۇن، خەقنىڭ رىزق - نېسىۋىسىنى ھارامدىن يەۋېرىپ تۇرغان - پۈتكىنىڭ ھارام بىلەن تىنىپ كەتكەن لالما ئىتنىڭ ئۆزى! مېنىڭ بىر تال نارەسىدە قىزىمنىڭ بېشىغا چىققان سەن مۇناپىقتىكى دەردىم ئۈچۈن ئۇ كىمنىڭ قىزى ياكى خوتۇنى بولسۇن، شۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرسەم بېرىمەنكى، ساڭا بەرمەيمەن. ئۇ ھەرگىزمۇ سېنىڭ ھەققىڭ ئەمەس، ھالال ئىگىسىنىڭ ھەققى.

— ھە، ماڭا بەرمەيسەن، ئىگىسىگە بېرىسەن، شۇ ئارقىلىق مەندىن قىزىڭنىڭ قىساسىنى ئالىسەن، قىزىڭنى سېغىنىدىڭمۇ؟ قىزىڭنىڭ يېنىغا چاپسان بار ... ھىم ... سەن دەپ بەرمىسەڭ، مەن ئۇ پاسكىنىنى تاپالمامدىمەن؟ سەن مەندىن قىساس ئالىمەن دېمەي، قىزىڭغا ئوخشاش دەردىڭنى ئۆزۈڭدىن ئالساڭ ئەڭ جايىدا ئىش قىلغان بولىسەن، — دېدى ۋەلى باي.

غالجىرلاشقان ۋەلى باي تۇراخۇن ھاجىمنى ئۆيىنىڭ تورۇسىغا ئاستۇردى...

غېرىب - سەنەملەرنىڭ مەپىسى كۆز يەتمەس قۇملۇقتا كېتىۋاتاتتى. ئات قاتتىق ھېرىپ - چارچاپ، تەردىن پۈتۈن

بەدەنلىرى ھۆل بولۇپ، قەدەملىرى ئاستىلىدى.

قادىر سەرۋازنىڭ قوغلاپ كەلگەن ئاتلىق قوشۇنى شىددەت بىلەن چېپىپ، بارغانچە يېقىنلاپ كەلمەكتە. قادىر سەرۋاز مەيىگە يېقىنلاشقانچە خۇشاللىقتىن ئۆزىچە كۈلۈمسىرەپ كۆزلىرىگە شاۋازنىڭ خۇشاللىقتا تىللا، تون ـ سەرپاي ئىنئام قىلغان كۆرۈنۈشلىرى كۆرۈنۈپ، پادىشاھنىڭ ئۆزىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ دەستەك بەرگەن ھالەتلىرى نامايان بولدى. ئۇ ئېتىنى تېخىمۇ قامچىلىدى.

قادىر سەرۋازنىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرى مەيىنى قورشاپ كەلدى. ھارغان ئاتنى ئاتلىق لەشكەرلەر ئىككى تەرىپىدىن قىستاپ كېلىپ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ توختاتتى، مەيىدىكى ئات توختاپلا ھارغانلىقىدىن ئىزىغا يىقىلدى. لەشكەرلەر ھارۋىدىكى تىك تۇرغۇزۇلغان ئىككى قارا پەرەنجىنى ئاچتى. پەرەنجە ئاستىدىن ئەپلەپ قويۇلغان ئىككى يوتقان ـ كۆرپە، ئۇلارنى تىرەپ تۇرغان كالتەك چىقتى. قادىر سەرۋاز ئاچچىقىدا ياتقان ئاتنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ كەتتى. ئات كۆزى ئوچۇق ھالەتتە جىمجىت ياتاتتى. بىچارە جانىۋارنىڭ جېنى ئاللىقاچان چىقىپ بولغانىدى.

قاتمۇقات ھەيۋەتلىك قورۇق تاغلار ئارىسىدىكى كىچىك جىلغا ئىچىدە شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئېقىننى بويلاپ غېرىب، سەنەم، نىگارئايىم، گۈلجاماللار قىيىنىلىپ، ھېرىپ ـ چارچاپ ماڭماقتا. غېرىب بىر پۇتىنى سەل ئاياپ سۆرەپىرەك روھلۇق، خۇشال كېتىۋاتاتتى. گۈلجامالنى نىگارئايىم ھاپاش قىلىۋالدى.

ئەلچىلەر ــ زەيىندىن بومىيانىلار تاغ ئارىسىدىكى كەڭرەك بىر جىلغىدىكى سۇ بويىغا چېدىرلارنى تىكىپ ئارام ئالماقتا. ئۇ يەر ـ بۇ يەردە گۈلخانلار يېقىلغان. لەشكەرلەر، كارۋانلار گۈلخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ مۇڭداشقاچ كاۋاپ پىشۇرۇپ يېمەكتە. بىر بوۋاي راۋاب چېلىپ ناخشا ئېيتماقتا. قاراۋۇللارمۇ قاراۋۇللۇقتا

تۇرۇپ، بوۋاينىڭ ناخشىسىغا مەپتۇن بولۇپ ئاڭلىماقتا.

دەرەخ بولسا ئېگىز بولسا،
ئېگىلمەس بولسا.
ئۇنىڭ كۆپكۆك يوپۇرمىقى
تۆكۈلمەس بولسا.
ياخشى ئادەم يامانلارنى دورىماس بولسا،
بىر ياخشىغا بىر يامانىنى بۇيرۇماس بولسا.
قارا قۇشقاچىنىڭ بالىلىرى
سايرىشىپ تۇرسا.
ئىككى ئاشىق بىر ـ بىرىگە
قارىشىپ تۇرسا.
ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا،
قېشىدا تۇرسا.
غىجىم رومال شۇ يارىمنىڭ
بېشىدا تۇرسا.

ناخشا شۇ يەرگە كەلگەندە بىر قاراۋۇل ۋارقىراپ:
— قاراقچى ! ... قاراقچى كەلدى ! ... — دېدى.
ھەممەيلەن ئۆرىتۆپە بولۇشۇپ قالايمىقان ۋارقىرىشىپ ھەر تەرەپكە يۈگۈردى. ئىلياس باشچىلىقىدىكى بىر توپ ئاتلىقلار باستۇرۇپ كەلدى. ئۇلار كەلگەنچە چېدىر ـ چېدىرلارغا ئوت قويۇپ ماڭدى. زەينىدىن بومىيانى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن ئويغىنىپ ئۆمىلەپ قوپۇپ تون ـ سەرپايلىرىنى كىيىپ بولغۇچە چېدىرغا ئوت تاشلىنىپ ئوت كەتتى. ئۇ ئۆزىنى مەڭلىك غىياسنىڭ قۇچىقىغا تاشلىدى، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ تۇرغان مەڭلىك غىياس دېدى:
— ھودۇقمىسىلا، باش ئەلچى جانابلىرى، تۆت توك ـ توك



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاراقچى ھېچ ئىش قىلالمايدۇ.

زەينىدىن بومىيانى دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ رەنجىپ تاپا ـ تەنە قىلدى:

— ھە ... ھە ... ھېچقىسى يوق. بىراق، سەركەردە، تۆت توك ـ توك قاراقچى دەيلا، سىلى باشلاپ كەلگەن، مېنى قوغدايدىغان بەش يۈز لەشكەر نەدە، نېمىنى قوغداۋاتىدۇ؟ قاراقچىلار مېنىڭ چېدىرىمغا بېسىپ كېلىپ ئوت قويغۇچە بەش يۈز لەشكەر نەدە مانتا يەپ قالدى؟

— بىپەرۋالىقىمنى ئەپۇ قىلغايلا، جانابلىرى، — دېدى مەڭلىك غىياس.

ئوت ئىچىدە ئاتلىق قاراقچىلار بىلەن يېرىم يالىڭاچ لەشكەرلەر قىلىچۋازلىق قىلىشماقتا. قىيا ـ چىيا، ئۇرۇش ـ تالاشلار، ئۇياقتىن ـ بۇياققا قوغلاشماق بولۇۋاتقان ئوت ئىچىدىن بىر سەرۋاز يۈگۈرۈپ كېلىپ مەلۇم قىلدى:

— سەركەردەم ... سەركەردەم ... قاراقچىلار مال ئارتقان تۆگىلەرنى ھەيدەپ ماڭدى.

— ھە ... ۋاي ... مېنىڭ ئەلچىلىكىم تۈگەپتۇ ... تۈگىشىپتۇ ! — دېدى زەينىدىن بومىيانى.

— خاتىرجەم بولسىلا، ئەلچى ھەزرەتلىرى ! ئۇلار ئەپقاچالمايدۇ ... سىلەر باش ئەلچى جانابلىرىنى قوغداڭلار ... قالغانلار يۈرۈڭلار، قاراقچىلارنى قوغلاڭلار !

مەڭلىك غىياس شۇنداق دېگىنىچە بىر توپ لەشكەرلەر بىلەن ئاتقا مىنىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. زەينىدىن بومىيانى كۆيۈۋاتقان چېدىرغا قاراپ ئۆزىنى كاچاتلىدى.

دەريا بويىدىكى قويۇق توغراقلىق مەھەللە. چاكارنىڭ يول باشلىشىدا يېتىپ كەلگەن ئايشە ھۆربانۇ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئىككىلىسى ھۆكرەپ يىغلاپ كېتىشتى. پەزىلەتخان بۇلارنى كۆرۈپ خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ياغاچ ئوشتۇپ، ئىسرىق سالدى.

www.uyghurkitap.com

كېچىدە پەزىلەتخان ئۇخلاۋاتقان جايىدىن قارا بېسىپ ئويغىنىپ كەتتى. يېنىدا ياتقان ئايشە بىلەن ھۆربانۇمۇ ئويغاندى.

— پەزىلەتخان ئاچا ... قارا باستىمۇ؟ — سورىدى ئايشە.

— ئۆينىڭ تورۇسى بېسىپ چۈشۈپ كۆرۈپ قالدىم، — دېدى پەزىلەتخان.

— قارا باسقان ئوخشايدۇ، — دېدى ھۆربانۇ.

— كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇۋاتىدۇ. مەن ھازىرلا يولغا چىقاي ... سىلەر خاتىرجەم تۇرۇۋېرىڭلار. يەيدىغان، ئىچىدىغاننىڭ ھەممىسى بار، بۇ يەرگە ھېچكىم كەلمەيدۇ، — دېدى پەزىلەتخان.

— تاڭ ئاتقاندىراق ماڭسىلا بولارمۇ؟ جاڭگال يولى خەتەرلىكمىكىن؟ — دېدى ئايشە.

— يېنىمدا ئىككى چاكار بولغاندىكىن تاڭ ئاتقۇچە ئۆيگە بېرىۋالاي ... ئەمدى ئۇخلىسامۇ ئۇيقۇم كەلمەيدۇ.

پەزىلەتخان شۇنداق دەپ جىددىي كىيىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى، ئايشە بىلەن ھۆربانۇمۇ ئەگىشىپ سىرتقا چىقتى.

— بىزمۇ بىللە بارساق بولارمۇ؟ — دېدى ھۆربانۇ.

— سىلەرگە مۇشۇ يەردىن ئوبدان پاناھ جاي يوق، سىلەر ھېچ يەرگە بارماڭلار، ھەر ئىش بولسا خۇدايىم ئاسان قىلار. ھاي ... ھاي ... ئويغىنىڭلار ... ئويغىنىڭلار! ...

دېدەك ـ چاكارلار كەينى ـ كەينىدىن ئالدىراپ ئۆيلىرىدىن چىقىشتى.

— تۇرغۇن باي، ئەيسا باي، ئىككىڭلار ئاتنى توقۇپ مەن بىلەن يولغا چىقىڭلار! مۆمىناخۇن، نىساخان، بۇ ئىككى مەزلۇمنى سىلەرگە تاپشۇردۇم. ئاسمان ئۆرۈلۈپ كەتسىمۇ ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىڭلار! جەمىلە، سەن كېچە ـ كۈندۈز بۇ ئىككى ئاچاڭنىڭ خىزمىتىدە بول، — دېدى پەزىلەتخان.

— خوپ، خېنىم ئانا ... — دەپ قول باغلاپ تەزىم قىلىشتى ھەممىسى.

تۇرغۇن بىلەن ئەيسا ھەش - پەش دېگۈچە ئۈچ ئاتنى توقۇپ تەييار قىلدى. پەزىلەتخان ھەممىسى بىلەن خوشلىشىپ، چاكار تۇرغۇننىڭ مۇرىسىگە دەسسەپ دېدەك جەمىلەنىڭ ياردىمىدە ئاتقا مىندى.

— پەزىلەتخان ئانا ... مەن سىلىنى قۇچاقلاپ سۆيۈۋالاي، — ھۆربانۇ شۇنداق دېگىنىچە يىغلاپ بېرىپ ئات ئۈستىدىكى پەزىلەتخاننىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلدى، پەزىلەتخان ئېگىلىپ ھۆربانۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى، ھۆربانۇ پەزىلەتخاننىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ ھۆكرەپ يىغلىدى.

— ھەممىڭىزنى ئاللا پاناھىدا ساقلىغاي، قىزىم، خوش، — دېدى پەزىلەتخان.

ئايشە بىلەن جەمىلە ھۆربانۇنى يۆلەشتۇرۇپ تۇتۇۋالدى، پەزىلەتخانلار يۇرۇپ كەتتى.

قۇرۇق تاغنىڭ ئۆڭكۈرىدە گۈلخان يېقىلغان، گۈلخان يورۇقىدا نىگارئايىم گۈلجامالنى قۇچىقىدا تۇتۇپ ئولتۇراتتى. غېرىب بىلەن سەنەم توشقان، كەكلىكلەرنى كۆتۈرۈپ خۇشال كىرىپ كەلدى.

— شۇ چاغقىچە نەلەرگە يوقاپ كەتتىڭلار، باللىرىم؟ ئەجەبمۇ ئەنسىرەتتىڭلار، — دېدى نىگارئايىم رەنجىش بىلەن.

— بۇ قۇرۇق تاغدا ئوۋ تاپقىلى بولمايدىكەن، ئانا. ئۇنىڭ ئۇستىگە ماڭالىغىنىمىزنىڭ خۇشاللىقىدا قانات چىقىقاندەك بولۇپ كېتىۋېرىپتىمەن، — دېدى غېرىب.

— ئاقسىمىسا قانچىلىك ماڭار بولغىيتىكىن، ساق تۇرۇپ يېتىشەلمەي ئۆلۈمنى كۆردۇم دېسىلە، ئانا، — دېدى سەنەم.

— مىڭ مەرگەن، باتۇر بولغىنى بىلەن يەنىلا ئۆزىنىڭ مەلىكىلىكىنى چاندۇردى، ئانا. يانغان چېغىمىزدا ھېرىپ قالدىم دەپ ماڭغىلى ئۇنىماي يۇدۇپ ئەكەلدىم ... — دېدى غېرىب.

— قارىڭا، ئەسكى ... ئۇياتسىزلىقىڭىزنى. ئادەمنى شۇنداقمۇ ئىزا تارتقۇزامسىز؟

— ئانام يات ئادەم بولمىسا ... ئەجەب سىز مېنى يۈدۈپ ماڭىسىڭىز ... ھە ...

سەنەم چاقچاقلىق بىلەن غېرىبنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالدى. نىگارئايىم كۈلۈپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— مەن ئۇنداق دېمىدىم، ئانا ... ئۆزى پۇتىڭىز قاپىرىپ كېتىپتۇ، بۇرۇنقى كۈچۈم بارمۇ - يوق، سىناپ باقاي، سىزنى بىردەم يۈدۈۋالاي دەپ ئۇنىمىسام ئۇنىماي...

— ھەرنېمە بولسا تىنچ - ئامان كەپسىلەر، بالىلىرىم. بىز مۇسۇلمان ئەۋلادى بولغاندىكىن ئىككىڭلارنىڭ نىكاھىنى قىلىۋەتسەك ئوبدان بولاتتى ... ئەجەبمۇ ئىش ئۆتكىنى بەرمەيۋاتىدۇ، — دېدى نىگارئايىم.

— بىزنىڭ بۇ قىسمەتلىرىمىزنى ئاللا ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغان بولغاندىكىن، ئۇ زاتىنىڭ جازاسىدىن رەھمىتى تولا، ئۆزىمىزمۇ مەدرىسىدە ئوقۇغان قارى ئادەملەر، شۇڭا ئاللاغا تەۋەككۈل قىلىپ ئۆزىڭىزلا نىكاھ ئوقۇپ قويامسىز، ئانا؟ — دېدى غېرىب.

— نېمانداق كىچىك بالىدەكلا گەپ قىلىسەن، بالام؟ خوتۇن كىشى نىكاھ ئوقۇغاننى نەدە كۆرگەن، ئۇنداق قىلساق نىكاھ چۈشەمدۇ؟ سەۋر قىلىڭلار، بالىلىرىم، ئالدىمىزدا ئوبدان ئادەملەر ئۇچرىسا نىكاھىڭلارنى راۋۇرۇس، مۇستەھكەم ئوقۇتىمىز ... قانداق دېدىم، قىزىم؟ — دېدى نىگارئايىم.

سەنەم خىجىل بولۇپ يەرگە قاراپ پەس ئاۋازدا ئاران ئاڭلىغۇدەك قىلىپ دېدى:

— ئۆزلىرى نېمە دېسىلە شۇ، ئانا ... ئۆزلىرىنىڭ دېگەنلىرىدەك بولغاي...

سەنەم گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي، ئېسەدەپ يىغلاپ سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

— بالام غېرىب، سارائىلىق قىلىپ شەيتاننىڭ دېيىغا ئۇسسۇل ئوينىمىغانسەن ـ ھە؟ — دېدى نىگارئايىم.

— ئادەمنى ئىزا تارتقۇزماڭا، ئانا. ھەرقانچە بولساقمۇ ئىمانىمىز خېلى مۇستەھكەم، ھالال، ھارامنى بىلىمىز، — دېدى غېرىب.

— ئەمىسە مەندەك بىر خوتۇن كىشىنى نېمىدەپ نىكاھ ئوقۇ دەيسەن؟ — سورىدى نىگارئايىم.

— سىزنى نېمە دەيدىكىن دەپ بولمامدۇ.

— ئاناڭغىمۇ شۇنداق دەمسەن؟ سەن مۇسۇلماننىڭ پۇشتىسەن. بەدىنىڭگە زىغىردەك ھارام لاي چاپلاشسىمۇ، گېلىڭدىن قارىمۇق چاغلىق ھارام غىزا ئۆتۈپ كەتسىمۇ ساڭا سىڭمەيدۇ. ھارام يۇققان يېرىڭدە قاپلىق يىرىڭلىق يارا پەيدا قىلىدۇ. گېلىڭدىن ئۆتۈپ كەتكەن قارىمۇقچىلىك ھارام غىزا سېنى ئۈچەيلىرىڭ ئۇزۇلگۇدەك قۇستۇرىدۇ. سەن ھارام نەرسىلەرگە يېقىن يولىماي، ئۆزۈڭنى پاكىز تۇتقاچقا، پالەچ بولۇپ تۇرۇپمۇ ساقايدىڭ. بۇ ئاللانىڭ ساڭا بەرگەن ئىنئامى. سەن مۇشۇنچىلىك بولغىنىڭغا شۈكۈر قىلىپ، قاغجىراپ ئۆلسەڭ ئۆلكى، ھارام يولغا قەدەم باسقۇچى بولما. ئۆمرۈمدە پالەچ بولغان ئادەمنىڭ ماڭغىنىنى كۆرۈش تۇگۇل ئاڭلاپ باقمىغانمەن. سېنىڭ ساقىيىشىڭ ئاللانىڭ بىزگە قىلغان ئاجايىپ زور رەھمەت، شاپائىتى ھەم ئاگاھلاندۇرۇشى، ئوغلۇم. مەن بۇگۇن كېچىچە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ ئاللادىن تىلەيمەن. ئەتە بىزگە چوقۇم خىزىر سۈپەت ئىنسىل ئادەمدىن بىرنى ئۇچراشتۇرىدۇ، — دېدى نىگار ئايىم.

سەنەم ئۆڭكۈرگە كىرىۋېتىپ ئىختىيارسىز دېدى:

— خۇدايىم دېگىنىڭىز كەلگەي، مەنمۇ ئېتىكاپتا ئولتۇرىمەن ...

سەنەم ئۆزىنىڭ سۆزىدىن ئۇيالدى ـ دە، يۈزىنى تۇتۇۋېلىپ يەنە كەينىگە يېنىپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

جىلغىدىكى گۇلخان يورۇقىدا قورقۇنچتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئەديالغا يۆگىنىپ ئولتۇرغان زەينىدىن بومىيانى ھەر تەرەپكە ئەنسىز قارايتتى. ئەتراپىدا ئۆزىنىڭ قورۇقچىلىرىدىن باشقا، پىيادە، ئاتلىق لەشكەرلەر قويۇق قورشاپ ھەر تەرەپكە ئەنسىزلىك بىلەن قارىشىپ تۇراتتى. ئەنسىرەپ ئولتۇرغان زەينىدىن بومىيانى كۆزلىرىنى پات - پات يۇمۇپ، يەنە ئۆزىدىن ئۆزى چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ تېرىكىپ تۇرۇپ بېشىنى قاتتىق سىلكىپ، كۆزىنى ئۇۋۇلاپ ئالدىدىكى قاپاقتىن سۇ تۆكۈپ يۈزىنى يۇدى. يەنە ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قالدى. ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان لەشكەرلەر كۈلكىسى قىستاپ پىخىلداشتى. زەينىدىن بومىيانىنىڭ ئادەملىرى كۈلگەن لەشكەرنىڭ ئالدىغا قىلىچىنى چىقىرىپ دېۋەيلەپ باردى. شۇ چاغدا لەشكەرلەر كۈلكىسىنى يىغىشتۇرۇپ تىك تۇردى. غىياسىدىن مەڭلىك خۇشال ئات چاپتۇرۇپ قايتىپ كېلىپ دېدى:

— دېمىدىممۇ، ئەلچى ھەزرەتلىرى، قاراقچىلار تۆگىلەرنى تاشلاپ بەدەر تىكىۋەتتى، ھەممىنى ساق - سالامەت ...

گەپنىڭ ئاخىرىغا چاپارمەن ھاسىراپ كېلىپ دېدى:

— ھەزرىتىم ... ساندۇقتىكى ئالتۇن تاج يوق تۇرىدۇ.

زەينىدىن بومىيانى: «ھە ! ...» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

# ئون بەشىنچى باب

ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ بەختلىك، خۇشال چاغلار ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى چىقىپ، ئۆزىنى ئۆزى باقالىغان، خالىغان نەرسىنى يەپ، خالىغان نەرسىنى ئىچىپ، خالىغان يەرگە بېرىپ، خالىغان يەردە تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىك قەدىر ـ قىممىتىنى ساقلىيالىغان چاغلاردۇر. بۇ ئىنساننىڭ ھۆرمەتلىك، ئەزىز، كۈچلۈك چاغلىرى، ياشاش ئىقتىدارى مۇكەممەل چاغلىرى، ھاياتىنىڭ مەنىلىك چاغلىرى. ئىنساننىڭ بەختسىز، ئازابلىق چاغلىرى بولسا خارلىققا مەھكۇم بولغان چاغلىرىدۇر. بەندە تۇرۇپ بەندىنىڭ قولىغا قاراپ قېلىش، ئۇ بەندە مەيلى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسى، بالىسى، تۇغقىنى، قېرىندىشى بولسۇن، ئاشۇنىڭ قولىغا قاراشلىق بولۇپ، بەرسە يېيىش، بەرمىسە تەلمۈرۈپ بويۇن قىسىپ قېلىش ـــ ئاجىزلىق، پېقىرلىق، كېسەللىك، قېرىلىقتۇر. ئىنسان بالىسىنىڭ ئىنساننىڭ قولىغا، ھەتتا ئاتىنىڭ بالىنىڭ قولىغا قاراپ تەلمۈرۈپ قالىدىغان كۈنگە قالغىنى ئۇنىڭ بەختسىزلىكىنىڭ باشلانغانلىقىدۇر. شۇڭا، بەندىنى بەك قېرىپ كېتىشتىن، كېسەل بولۇپ قېلىشتىن، قايسى بالام نېمە بېرەر دەپ تەلمۈرۈپ قېلىشتىن، ئىشقىلىپ، ھاجەتمەن بولۇپ قېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن. بىر جۈپ ئاتا ـ ئانا ئون بالىنى نامراتلىق ئىچىدە بولسىمۇ ئۆزلىرى يېمەي ـ ئىچمەي بېقىپ چوڭ قىلغان بىلەن، ئون بالا شۇ ئاتا ـ ئانىسىنى بېقىشتا ھامان خارلىق كۆرۈلىدۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ قورسىقى توق، تۇرمۇشى باياشات بولسا، مەنىۋى، مېھىر ـ مۇھەببەت جەھەتتە خارلىق ھېس قىلىدۇ. يەنى بالىلار ئاتا ـ ئانىسىغا خوتۇن ـ بالىلىرىغا كۆيگەندەك كۆيمەيدۇ، خوتۇنىغا، بالىسىغا قىلغان

ئامراقلىقىنى ئاتا ـ ئانىسىغا قىلالمايدۇ. مانا بۇ ئازابلىق تاللاش، ئازابلىق ئىچكى خارلىق، قەلبىنى زېدە قىلىدىغان، يۈرەكنى مورلايدىغان خارلىق. چۈنكى، ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببەت بەرىكەت سەھرادىن شەھەرگە كىرىۋالغاندەك خوتۇن ـ بالىغا كۆچۈۋالغان بولىدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانا ھۆرمەت ئىچىدە خارلىقتا، ئەزىزلىك ئىچىدە قەدىر ـ قىممەتسىزلىكتە دۇچار بولىدۇ. شاھى ئابباس خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپمۇ خارلىق ئىچىدە قالدى. كېسەللىك، زەئىپلىك ئۇنى خارلىقتا دۇچار قىلدى. ئەتراپىدا چىۋىندەك يۈرىدىغان قول ـ دېدەكلەرمۇ ئۇنى ھۆرمەتلەپ تۇرۇپ خارلايدىغان، خىزمىتىنى قىلىپ تۇرۇپ مەسخىرە قىلىدىغان، قورقۇپ تۇرۇپ قورقمايدىغان ھالەتكە چۈشتى. مانا بۇ شاھى ئابباسنىڭ خان تۇرۇپ خارلىقتا قېلىشى ئىدى. ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر ئازاب خارلىق ئىدى. خۇدا بەندىسىنى خارلىق ئازابىغا مۇپتىلا قىلمىسۇن.

شاھ ھۇجرىسىدا ئۇخلىيالماي مۇلازىمنى يېنىغا كېلىشكە ئىشارەت قىلدى. مۇلازىم قۇلىقىنى شاھنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئەكەلدى، شاھ پىچىرلاپ بىر نېمىلەرنى دېدى، مۇلازىم ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى، ئاندىن چىلىم يېنىدا تۈگۈلۈپ ئۇخلاپ قالغان پارپىنى سىلكىپ ئويغاتتى. پارپا چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ھەم مەڭدەپ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ مۆڭگۈشلەپ ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئويغاتقان مۇلازىمنىڭ چاترىقىدىن ئۆتۈپ كېتىپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭ كاسىسىغا ئۇردى:

— نېمە دەيسەن ئادەمنى ئۇخلاتماي؟

مۇلازىم تېرىكىپ كەينىگە ئۆرۈلدى ـ دە، پارپىنىڭ قۇلىقىدىن تۇتتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ شاھنىڭ ئەتراپىدا قول باغلاپ تۇرغان دېدەكلەر پىخىلدىشىپ كۈلۈشتى.

— ھەي يەر مەدىكى، شاھ ئالىيلىرى ئۇخلىيالمىدىم، ساز ـ مۇزىكا ئاڭلىتىڭلار، تىڭشاپ ياتسام ئۇخلايمەن دەيدۇ، — دېدى مۇلازىم.

— ھۇ دوزاخ شوتىسى كالۋا، شاھ ناخشا - سازدىن ھۇزۇرلانغاچ چىلىم تارتمىسا، يەنە ئۇخلىيالماي سەن - بىزگە ئارامىلىق يوق. مەن نەغمىچىلەرنى ئويغىتىپ چىققۇچە سەن چىلىمنىڭ سۈيىنى يەڭگۈشلەپ، نەشىنى تەييارلىغاچ تۇر، — دېدى پارپا.

— ھەي پىستەك، ئىمامنىياز پەيزۇللا شاھقا نەشە چەككۈزگىنىمىزنى بىلىپ قالىدىغان بولسا يەنە ئۆتكەنكىدەك ھاجەتخانىغا پۈتىمىزدىن بىر كۈن ئېسىپ قويىدۇ، — دېدى مۇلازىم.

— شاھ نەشە چېكىپ ئۇخلىسا تاڭ ئاتقۇچە پۇراقلىرىنى دېدەكلەر يەلپۈپ تۈگىلۈك - دېرىزىلەردىن چىقىرىپ بولىدۇ. ھۇجرىنىڭ ھەممە يېرىگە سوغىلاردا سۇ قۇيۇپ، ئادراسمانىدا ئىسرىق سالساق، تاڭ ئېتىپ، ئۇ تېۋىپ كالىچىنىڭ سۇڭغا دەسسەپ كېلىپ بولغۇچە نەشىنىڭ ئىس - بۇسى پۈتۈنلەي يوقايدۇ، — دېدى پارپا.

— ھۇ مەرەز، ئاخىر مېنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپ بېشىمنى يەيدىغان ئوخشايسەن. شاھنىڭ تېنى بەك زەئىپلىشىپ كەتتى، نەشە چەكسە كۆتۈرەلمەيدۇ. شاھنى نەشىگە يېقىن كەلتۈرمەڭلار دەپ مىڭ دېسە، سەن يەنە ئادەمنى بالاغا تىقىدىغان ئەقىلنى كۆرسىتىسەن.

— تېۋىپنىڭ دورىسى شاھنى ئۇخلىتالمىسا، شاھ چىلىم تارتمىغۇچە ئۇخلىمىسا، شۇنداق قىلماي نېمە ئامال؟ ئۇ يوغان بۆيرۈقنى سوقۇپ قويۇپ، ئون تۆت ياشلىق كىچىك خوتۇنىنىڭ قۇچىقىدا ئۇخلىغان بىلەن مۇشۇنداق بار بالاغا بىز قالىمىز، — دېدى پارپا.

— ھە بولە چاققان، كاس - كاس، — دېدى مۇلازىم.

پارپا چىقىپ كېتىپ ھەش - پەش دېگۈچە ئۇيقۇسىغا قانماي گاراڭدەك بولۇپ قالغان نەغمىچىلەر بىلەن ئۇسسۇلچى قىزلارنى ھەيدەپ كىردى. مۇلازىمنىڭ چىلىمنىڭ سۈيىنى يەڭگۈشلەپ،

سەيخانىسىنى تازىلاۋاتقىنىنى كۆرگەن شاھ پىيالىدەك ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ، جانسىز قولىنىڭ باشمالتىقىنى تەستە چىقىرىپ ئۇنى ماختىدى. مۇلازىم يىغلامسىرىغاندەك كۈلدى. ئەلنەغمىچىلەر سازلىرىنى تەڭشەپ چالدى، ئۇسسۇلچى قىزلار چالا ئۇيقۇلۇقتا بىر ـ بىرىگە يۆلىنىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. پارپا نەغمىچىلەر ئارىسىغا يىقىلىپلا ئۇيقۇغا كەتتى. مۇلازىم پارپىنى تاپالماي، ئامالسىز نەشىنى ئۆزى ئارىلاشتۇرۇپ چىلىمغا بېسىپ، چىلىمنى ئۆزى شوراپ ئوت تۇتاشتۇردى. شاھ چىلىمغا تەقەززا بولغىنىدىن ئەكەل دەپ تولا شەرەتلەپ بولالماي قالدى. مۇلازىم يېقىن كەلگەندە قولىقىدىن تارتىپ، ئۇنى تولغاشتۇرۇۋەتتى. مۇلازىم چىرايى پۈرۈشۈپ، قىيسىيىپ تۇرۇپ، چىلىمنىڭ جوغىسىنى شاھنىڭ ئاغزىغا تەگكۈزدى. شاھ ياتقان پېتى قولى مۇلازىمنىڭ قولىقىنى تۇتقان ھالدا چىلىمنى شوراپ، بىرقانچىنى يۇتىلىپ، ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ ئۇسسۇلىغا قارىدى.

جىلۋە ئەيلەپ، بەزمە ئىچرە قىلدىلار جەۋلان ئۇسسۇل،
كۆڭلۈم ئۆرتەر، ئەيلەگەيمەن ئاپەتى دەۋران ئۇسسۇل.
گۈل مەسەللىك گۈل چېغى گۈلگۈن يېنىپ گۈلشەن ئارا،
ئەيلەدى كۆڭلۈم قۇشىن بۇلبۇل كەبى نالان ئۇسسۇل.
خەستەئى غەمكىن كۆڭۈلگە بۇ ئۇسسۇل نە ياقماغاي،
كۆرمەگەي ئالەم ئەھلى مۇنداق يەنە چاققان ئۇسسۇل.
بۇ ئۇسسۇل ۋەسفىنى ئەيلەي قايسى تىل بىرلە ئادا،
ئەي فۇتۇھى، بۇ ئۇسسۇل ئېرمىش شەھى شاھان ئۇسسۇل.

شاھ ئاغزىدىن چىلىمنىڭ جوغىسىنى چىقىرىۋېتىپ يېنىك خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئاران تۇرغان نەغمىچىلەرنى مۇلازىم توختىتىپ چىقىپ كېتىڭلار دەپ ئىشارەت قىلدى.

ئۇسسۇلچى ـ نەغمىچىلەر خۇشال بولۇشقىنىچە پەم بىلەن دەسسەپ چىقىپ كېتىشىگە، شاھ يەنە كۆزىنى پاللىدە ئېچىپ، مۇلازىمغا قارىدى. مۇلازىم يىغلامسىراپ ئۆزىنى كاچاتلاپ بارغىنىچە قېتىپ ئۇخلاپ ياتقان پارپىنى تېپىپ ئويغاتتى. پارپا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئاچچىقىدا مۇلازىمنىڭ پۇتىغا يېپىشىپ ئۇنىڭ تىزىنى چىشلىۋالدى. مۇلازىم ۋايساپ تېپىچەكلەپ كەتسىمۇ پارپا ئاجرىمىدى. ئۇ پۇتىنى سۆرەپ كېلىپ چىلىمغا ئوت ياقمىدىغان تارىشا گۇگۇتنى چاقماق تاشقا سۈركەپ ياندۇرۇپ پارپىنىڭ كاسىسىغا ياقتى. پارپا چىچاڭشىپ كاسىسىدىكى ئوتنى شاپىلاقلاپ ئۆچۈرەلمەي، يەردە ئولتۇردى، چاچراپ قوپۇپ، يەنە يەردە ئولتۇرۇپ ۋايجانلاپ كەتتى. ئۇنىڭ كاسىسىنىڭ كۆيگەن يېرىدىن ئىككى تەرەپتىن ئىككى تۆشۈك ئېچىلىپ قىزىرىپ كەتكەن كاسىسى كۆرۈنۈپ قالدى. ئۇدۇلىدىكى ئەينەكتىن ئېچىلىپ قالغان كاسىسىنى كۆرگەن پارپا كاسىسىنى ئىككى قولىدا تۇتقىنىچە چىچاڭشىپ چىقىپ كەتتى. بارلىق دېدەك، مۇلازىملار، كېسەل ياتقان پادىشاھمۇ كۈلۈپ قېقىلىپ كەتتى. بۇلارنى كۆرۈپ ئاچچىقىدا تۇرغان مۇلازىممۇ كۆپچىلىككە ئەگىشىپ يىغلامسىرىغاندەك كۈلدى. ئۇ كۈلۈشىگە قولىدىكى ئۇزۇن تارىشا گۇگۇتنىڭ كۆيۈپ ئاخىرىغا كېلىپ قالغان يېرى قولىنى كۆيدۈردى. مۇلازىم ۋايساپ قولىنى سىلكىپ ئاغزىغا تىقتى، بۇنى كۆرگەن باشقا مۇلازىم، دېدەكلەر تېخىمۇ تېلىقىپ كۈلۈشتى. ياتقان پادىشاھمۇ كۈلۈپ كۆزىدىن ياش چىقىپ يۆتىلىپ كەتتى. دېدەكلەر شاھنىڭ يۆتىلىنى توختىتىش ئۈچۈن ئۇنى يۆلەپ مەيدىسىنى ھەم دۈمبىسىنى سىلاپ يەڭگىل شاپىلاقلىدى. ئۇنىڭغىچە چوڭ ئادەمنىڭ يەكتىكىنى كىيىپ كاسىسىنى ياپقان پارپا ئەلنەغمىچى، ئۇسسۇلچىلارنى باشلاپ كىردى. ئۇ يەكتەكنىڭ سۆرىلىپ قالغان پېشىگە دەسسىۋېلىپ دۈم چۈشۈپ، چاپانغا يۆگىشىپ كۆرۈنمەي قالدى. سالپىيىپ كەتكەن ئارتىسلارمۇ كۈلدى، شاھ كۈلۈشكە

مادارى يەتمەي تېخىچە كۆيدۈرۈۋالغان قولىنى ئاغزىغا تىقىپ تۇرغان مۇلازىمغا قۇلىقىنى يېقىن ئەكېلىشكە ئىشارەت قىلدى. مۇلازىم قورقۇپ قۇلىقىنى قولىدا تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ شاھنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئەكەلدى. شاھ ئاچچىقى كېلىپ ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ يېنىدىكى دېدەكنىڭ قۇلىقىغا گەپ قىلدى. دېدەك چۈشىنىپ مۇلازىمغا دېدى:

— شاھ ئالىيلىرى ماڭا مەلىكە سەنەم ناخشا ئېيتىپ بەرسۇن دەيدۇ.

— خوپ ئالىيلىرى، — دېدى مۇلازىم.

مۇلازىم تېخىچە يوغان يەكتەك ئىچىدىن تېپىرلاپ چىقىپ بولالمايۋاتقان پارپىنى يەكتەك بىلەنلا كۆتۈردى. پارپا يەكتەك ئىچىدىن چالما تۆكۈلگەندەك تۆكۈلۈپ يەرگە چۈشتى ـ دە، ئىككى كاسىسىنى قولىدا ئەتكىنىچە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ مۇلازىمنىڭ يەنە بىر تىزىنى قۇچاقلاپ كۈچەپ چىشلىدى. بۇ چاغدا پارپىنىڭ كاسىسى يەنە ئېچىلىپ قالدى. مۇلازىم جان ئاچچىقىدا يەكتەكنى تاشلاپ پارپىنى تىزىدىن تارتىپ ئاجراتتى. پارپا ئاجراپلا مۇلازىم تاشلىغان يەكتەكتە كاسىسىنى يۆگىۋالدى.

— ھۇ ... چاققان بول، مەلىكە ئالىيلىرىنى ئويغىتىپ كەل، شاھ ئالىيلىرى مەلىكىنىڭ غەزىلىنى ئاڭلايدىكەن، — دېدى مۇلازىم.

— ھېلى بىكار ھېلىقى ئاختاڭنى، كاردىن چىققان نېمەڭنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىمەن ...

پارپا شۇنداق دەپ ئېتىلىشىغا مۇلازىم قورقۇپ چاتىرىقىنى چاڭگاللاپ كەينىگە داجىپ ئوڭدا چۈشتى. يەنە ھەممەيلەن پاراقلاپ كۈلۈشتى. پارپا يەكتەكتە كاسىسىنى ئەتكىنىچە يەكتەكنىڭ پېشىنى سۆرەپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

بۇ چاغدا سەنەمنىڭ ھۇجرىسىدا يالغان سەنەم تاتلىق ئۇخلىماقتا ئىدى. يالغان ئاغىچا ئانا ئالدىراپ چىراغنى يېقىپ «سەنەم»نى يۈزىنى سىلاپ ئويغاتتى.

— مەلىكەم ... قىزىم، كۆزلىرىنى ئاچسىلا ... كۆزلىرىنى ئاچسىلا ... — دېدى ئاغىچا ئانا.

«سەنەم» چۆچۈپ كۆزىنى ئېچىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ سورىدى:

— نېمە ئىش بولدى؟

ئاغىچا ئانىنىڭ كەينىدە ئەسنەپ تۇرغان تۇران ئايلا كۆزىنى ئۇۋۇلاپ دېدى:

— شاھ ئالىيلىرى ئۆزلىرىنى ناخشا ئېيتىپ بەرسۇن دەپ پارپىنى ئەۋەتىپتۇ، ئالىيلىرى.

— هازىر نە ۋاق بولدى، هازىرمۇ؟

— شۇنداق هازىرلا، چاپسان ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا، مەلىكەم !

ئەلنەغمىچىلەر نەغمە توۋلاپ، ئۇسسۇلچىلار ئۇسسۇل ئويناۋاتسىمۇ شاھنىڭ تەقەززا بولغان كۆزلىرى ئىشىكتىن ئۈزۈلمىدى. ئىشىكتىن توزدەك ياسانغان يالغان سەنەم، تۇران ئايلا، «ئاغىچا ئانا» ھەم بىرمۇنچە دېدەك، كېنىزەكلەر كىرىپ كەلدى. «سەنەم» شاھنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. شاھ قولىنى كۆتۈرۈپ يېقىن كەلمەك دېگەن ئىشارەتنى قىلدى، «سەنەم» يېرىم يولدا توختاپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم قىلدى. شاھ ئۇنىڭ چىرايى، تەقى - تۇرقىغا تويماستىن زەن سېلىپ قارىدى ۋە «ئاغىچا ئانا»غا يېنىغا كېلىشكە ئىشارەت قىلدى. «ئاغىچا ئانا» يېقىن كېلىپ قۇلىقىنى شاھقا يېقىن تۇتتى. شاھ «ئاغىچا ئانا»نىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

— شۇنداق، ئالىيلىرى ... ئادەم ئادەمگە شۇنداق ئوخشايدۇ، راست ئەمەس، ئالىيلىرى ... راستتىنلا ئەمەس، ئالىيلىرى ...

شاھ يەنە كۆزىنى سەنەمدىن ئۈزمەستىن ناخشا ئېيتىشقا ئىشارەت قىلدى. سازچىلار يېڭى پەدىگە چالدى، «سەنەم» ناخشا ئېيتتى. قىزلار ئۇسسۇل ئوينىدى.

www.uyghurkitap.com

بۇ بېشىمغا كۈن چۈشتى يارۇ جانانىم،
بىر دەردكە قالدىممەن، داۋا ئەيلىگىن.
مېنىڭ مۈشكۈل ئىشىمنى قىل ئۆزۈڭ ئاسان،
قايدىسەن، ماڭا ئەمدى پاناھ ئەيلىگىن.

كۆككە ئۈچاي دېسەم يوقتۇر قاناتىم،
يەرگە كىرەي دېسەم يوقتۇر نىجاتىم.
ئۆلەي دېسەم تامام بولماي ھاياتىم،
ئەمدى ماڭا سەبرى ئاتا ئەيلىگىن.

دۈشمەنلەرنىڭ مەزھىپى شۇنداق بولارمۇ؟
قىز ئاتاغا، ئېيتىڭلارچۇ، راۋا بولۇرمۇ؟
قالغان ئۆمرۈم كۆيۈپ يېنىپ ئۆتەرمۇ؟
بۇ دەردىمگە ئۆزۈڭ داۋا ئەيلىگىن.

مەن بىر ئاجىز بىقۇۋۇل بەندە،
قىلما مېنى ئەل ئىچىدە شەرمەندە.
تىرىلدۈرۈپ خالايىقنى مەھشەر كۈندە،
دۈشمەنلەرنىڭ يۈزىنى قارا ئەيلىگىن.

پادىشاھ ئالىقاچان خورۇلداپ ئۇيقۇغا كەتكەندى. تۇران ئايلا چىراغنى ئۆچۈرۈشكە ئىشارەت قىلدى. چىراغ ئۆچۈرۈلۈپ، ھەممەيلەن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ شاھ ھۇجرىسىدىن چىقىپ كەتتى.

تاغ تۇرا. كەپىنىڭ ئالدىدىكى گۈلخان ئەتراپىدا شەيخ جالالىدىن، سادىق بىلال ۋە چوڭ ياشلىق بىرقانچە مويسىپىت سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغانىنىڭ ئۈستىگە قارا تەر باسقان ئىلياس بىرقانچە يىگىتى بىلەن يېتىپ كەلدى. بېشىغا ئالتۇن تاجنى كىيىۋالغان، قولىدا ئالتۇن قىلىچ كۆتۈرۈۋالغان ئىلياس:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بىز كەلدۇق، — دېدى.

— خاننىڭ تاجىنى كىيىۋالدىڭمۇ نېمە؟ — سورىدى سادىق بىلال.

— ئىشىمىز ئوڭدىن كېلىپ شاۋاز مەھمۇد غەزنەۋىگە ئەۋەتكەن ئالتۇن تاج بىلەن ئالتۇن قىلىچنى ئەكەلدۇق، — دېدى ئىلياس.

— مەيلى خان تاجى بولسۇن ياكى ئاددىي تەلپەك بولسۇن، بىر خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانى يەنە بىر خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئۇنى بەرمەسلىكى لازىمدۇر، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— ئۇستازىم، شاۋاز بۇنى بىلمەمدىكىن؟ — دېدى سادىق بىلال.

— ئۇ بىر نەسلى - نەسەبىنىڭ تايىنى يوق، تېگى - تەكتى نائېنىق كەلگۈندى، تېگى پەس قەلەندەرنىڭ پۇشتى. شۇڭا، ئۇنىڭدا بۇنداق كاللا يوق، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— بۇ خان تاجىنى قانداق قىلىمىز، ئاتا؟ — سورىدى ئىلياس.

— بۇ تاج بىزنىڭ پاك، ئالىي نەسەبتىن بولغان ھەسەن ۋەزىرىمىز ھەم ئۇنىڭ ئەۋلادىغا خاستۇر، — دېدى شەيخ جالالىدىن ۋەزمىن ئاھاڭدا.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى يەنە ئىلياس.

— چۈنكى، مەرھۇم ھەسەن ۋەزىرنىڭ جەمەتى يىراق ئۇرخۇن بويىدىكى بۈيۈك ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىن تارتىپ تاكى خاندانلىقىمىز قۇرۇلغانغا قەدەر خان ئەۋلادى قاتارىدا سانىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئەسلىي نەسەبى بۇغراخانلاردۇر، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— ئەمىسە نېمە دەپ بۈگۈنكى دەۋردە ئۇ خان ئەۋلادى ئاتالماي، ۋەزىرلىك ئورنىغا چۈشۈپ قالىدۇ؟

— بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە خانلىقنىڭ ھوقۇقى سۇلتاننىڭ ئۆز قەبىلىسىدىن ئەمەس، يانداش قەبىلىدىن، يەنى چىگىل

قەبىلىسىدىن ئالغان كىچىك خانىشىدىن ئاپىرىدە بولغان ئوغلىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئەسلىدىكى غول ئۇرۇقنىڭ قولىدىن يات ئۇرۇقنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىن خانلىقنىڭ ئامىتى كېتىپ زاۋال تاپاي دەۋاتىدۇ، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— بۇ تاجنى ئەسلىي ئىگىسىگە كىيدۈرسەك، خانلىقنى قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولىدۇ دېمەكچىمۇ سىلى، ئۇستاز؟ — دېدى سادىق بىلال.

— ھەببەللى، بىز خانلىق تەختىگە بۇ خانلىقنى قۇرغان ياغمىلارنىڭ ئەۋلادىنى چىقارمىساق، بۇ ھالەتتىن قۇتۇلالمايمىز، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— ئەمىسە بۇ ئالتۇن تاجنى كىيىشكە ئەڭ لايىق ئادەم بىزنىڭ غېرىب ئىكەن-دە؟ — سورىدى ئىلياس.

— بۇ ئالتۇن تاجنى غېرىب بېشىغا كىيىپ خانلىق تەختىگە ئولتۇرمىغۇچە بىزگە نۇسرەت يۈزلەنمەيدۇ، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— ئۇنداقتا بىز بۇ ئالتۇن تاج بىلەن ئالتۇن قىلىچنى مۇقەددەس ئامانەت سۈپىتىدە ساقلايلى، مۆرتى كەلگەندە، بىر قۇتلۇق كۈننى تاللاپ بۇ ئالتۇن تاجنى غېرىبقا كىيدۈرۈپ، بۇ ئالتۇن قىلىچنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزايلى. شۇنداق قىلساق خاندانلىقىمىز قايتىدىن روناق تاپقۇدەك، — دېدى سادىق بىلال.

— خانلىق ھارۋىسىنى پەسەندە ھايۋانغا سۆرەتسەك، ئۇ ھارۋىنى ئۆز تەبىئىتى بويىچە پاتقاققا سۆرەپ، لاي-لاتقىغا پاتۇرۇپ قويىدۇ؛ نەسەبى ئالىيغا سۆرەتسەك داغدام يولغا تارتىدۇ. بىز ھىممەت كەمىرىنى چىڭ باغلاپ، غېرىبنى تەختكە چىقارساق خانلىق ھارۋىسىنى پاتقاقتىن تارتىپ چىقارغان بولىمىز، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— مەلىكە سەنەمنىڭ غېرىبقا ئەقىدە قىلىشى ئىشىمىزدا ئۈمىد بارلىقىنى كۆرسەتمەمدۇ؟ — سورىدى سادىق بىلال.

— ئاللانىڭ بۇ ئوتنى ئۇ ئىككى ياشنىڭ دىلىغا سېلىشى بىزگە قىلغۇاتقان رەھمەت، ئىنايىتىنىڭ بېشارىتى، نۇسرەتنىڭ بىزگە يۈزلەنگىنى، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

بۇ چاغدا جىلغىدىكى ئېقىن سۇ بويىدا زەينىدىن بومىيانى مەخلىك غىياسنىڭ پېشانىسىگە نوقۇپ ۋارقىرىدى:

— ئۇ دېگەن شاھىڭلار سۇلتانىمىزغا ئالاھىدە ئەۋەتكەن شاھانە سوۋغا ! مەن ئۇنى يولدا قاراقچى بۇلىۋالدى، دەپ سۇلتانىمىزنىڭ ئالدىغا قانداق بارىمەن؟! ئۇنى قولۇمغا ئالمىغۇچە ھەرگىز يولغا چىقمايمەن.

— خاپا بولمىسىلا، ئەلچى جانابلىرى. پېقىر ئۇنى قاراقچىلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ ئۆز قوللىرىغا تەگكۈزىمەن، — دېدى مەخلىك غىياس.

— مەن بۇ ئىشنى ھازىرلا چاپارمەن ئارقىلىق خاندانلىقىڭلارغا مەلۇم قىلىپ، ئۇلاردىن سىلىدەك ناقابىل سەركەردىنى، سىلىنى جازالاشنى تەلەپ قىلىمەن، — دەپ قاتتىق تۇردى زەينىدىن بومىيانى.

— ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە. پېقىرنى كۆڭلىنىڭ سېرىقىنى كۆرگىلى قويغايلا، ھەزرەتلىرى، ماڭا ئىچىلىرى ئاغرىغاي، مەن ئۇنى ھازىرلا قايتۇرۇپ كېلىمەن، — دېدى مەخلىك غىياس.

— بۇ دېگەن بۈيۈك غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى بىلەن خانلىقىڭلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق رىشتىسىنى باغلايدىغان شاھانە سوۋغات. سىلى بۇ ئىشقا ئېتىبارسىز قارىغاچقا، بۇ شاھانە سوۋغىنى تۆت توك ـ توك قاراقچى بۇلاپ كەتتى. ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىسا، ئۇنىڭ سەۋەبچىسى ئۆزلىرى بولىدىلا، — دېدى زەينىدىن بومىيانى تەھدىت بىلەن.

مەخلىك غىياس ئىزىغا تىزلىنىپ ئۆزىنى كاچاتلاپ يىغلاپ يالۋۇردى:

— مەن گۇناھكار، مەن ئەيىبلىك ! ئەلچى ھەزرىتىم، مەن ھەرقانچە گۇناھكار بولسامۇ، بۇنچىۋالا ئېغىر ئاقىۋەتنىڭ

سەۋەبكارى بولۇپ قالسام ماڭا ئۇۋال بولىدۇ، ماڭا رەھىم قىلغايلا...

— بەش يۈز لەشكەر بىلەن مېنى تۆت تەرەپتىن قاراقچىدىن قوغدىيالمىغان سىلىدەك يارامسىز سەركەردىگە قانداق رەھىم قىلغىلى بولىدۇ؟ سىلى ئەسلىدە سەركەردە بولماي رەۋەندە بولسىلا بوپتىكەن. سىلى خانلىقنىڭ بۇنداق كاتتا ھوقۇقىنى قانداق قولغا چۈشۈرگەن، ۋەزىر ئەزەمگە كېچە ـ كۈندۈز خىزمەت قىلىپمۇ؟ ئەگەر مەن ۋەزىر ئەزەم ئورنىدا بولغان بولسام سىلىنى خانلىققا يېقىن كەلتۈرمەيتتىم، ھەتتا باغ باققىلىمۇ قويمايتتىم، — دېدى زەينىدىن بومىيانى.

مەڭلىك غىياس توختىماي كەچۈرۈم سورىدى:

— ماڭا رەھىم قىلغايلا، جانابلىرى، رەھىم قىلغايلا ...

— خەيرىيەت، بوپتۇ، مەن سىلىگە تاڭ ئاتقۇچە مۆھلەت بېرەي. ئەگەر شۇ چاغقىچە خان تاجى بىلەن خان شەمشىرىنى قايتۇرۇپ كېلەلمىسىلە، ھەممىنى ئۆزلىرىدىن كۆرسىلە، — دېدى زەينىدىن بومىيانى.

— شەپقەتلىرىگە ھەشقالىلا، ھەزرەتلىرى، كۆپ ئىلتىپات قىلدىلا، — دېدى مەڭلىك غىياس.

ئاندىن ئۇ جامال سەرۋازنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا لەشكەرلەرنى سەپراس قىلىشنى بۇيرۇدى.

بازارنىڭ سېپىل دەرۋازىسى ئالدى. پەزىلەتخان بىلەن ئۇنىڭ ئىككى چاكىرى دەرۋازا ئالدىغا كەلدى. ھۈنەرۋەن، بازارچى، ئوتۇنچى، رەۋەندە دېگەنلەر ھارۋا، ئات، ئېشەك، قوي، كالا دېگەنلەرنى تۇتۇپ دەرۋازا ئالدىدا ئۆچىرەتتە تۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. پەزىلەتخان تۇرغۇن باي بىلەن ئەيسا باينىڭ پوش ـ پوشلىشى بىلەن دەرۋازىنىڭ ئېچىلىشىنى ساقلاپ تۇرغان خالايىقنىڭ ئارىسىدىن تەستە ئالدىغا ئۆتتى. تۇرغۇن باي دەرۋازىنى ئۇردى. دەرۋازىنىڭ كىچىك تۆشۈكى ئېچىلىپ قاراۋۇل قارىدى، ئاندىن تۆشۈكنى ئېتىۋېتىپ دېدى:

— دەرۋازا ئېچىلىدىغان ۋاقىت بولمىدى.
— بىز ئەنجان رەستىدىكى تۇراخۇن ھاجىمنىڭ ئائىلىسى، ھاجىم دادام بىتاب بولۇپ قېلىپ، يىراق يەردىن كېچىچە سەپەر قىلىپ كەلدۇق. بىزگە ئىلتىپات قىلساڭلار ئۆيگە پاتىراق بېرىۋالساق، — دېدى تۇرغۇن باي.
قاراۋۇل بىرئاز تۇرۇۋېلىپ:
— تۇرۇپ تۇر، سوراپ چىقاي؟ — دەپ ياتىقىغا كىرىپ كەتتى.
جېسەكچىلەر ياتىقىدا ۋەلى باي خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. قاراۋۇل ۋەلى باينى ئاستا تۇرتۇپ ئويغاتتى. ۋەلى باي كۆزىنى ئاچماستىن ئىنجىقلاپ سورىدى:
— ھە ... نېمە دەيسەن؟
— تۇراخۇن ھاجىم ئائىلىسىدىكىلەر كەلدى، — دېدى قاراۋۇل.
— ئۇلارنى كىرگۈزۈۋەت، پېيىگە چۈشۈپ ئوبدان كۆزىتىڭلار!
— خوپ !
قاراۋۇل سىرتقا چىقىپ دەرۋازىنى قىيا ئېچىپ پەزىلەتخان بىلەن ئىككى چاكارنى كىرگۈزۈپ دەرۋازىنى يەنە تاقىۋالدى. كۆزەتچىلەر ئىككى چاكارنىڭ يانلىرىنى، ئاتقا ئارتىلغان خۇرجۇن، يۈك ـ تاقلارنى ئاختۇردى. پەزىلەتخان چۈمبىلىنى قايرىپ كۆزەتچىگە يۈزىنى كۆرسىتىپ يەنە ياپتى. شۇ چاغدا، جېسەكچىلەر ياتىقىنىڭ كامىرىدىن ماراپ تۇرغان ۋەلى باي ئۇلارنى كۆرۈپ تۇردى. جېسەكچىلەر ئۇلارنى قويۇۋەتتى. پەزىلەتخانلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ بازار ئىچكىرىسىگە كىرىپ كەتتى. پايلاقچىلار ئۇلارغا ئەگەشتى.
پەزىلەتخان، تۇرغۇن باي، ئەيسا بايلار ئۆيگە يېتىپ كەلدى. پەزىلەتخان ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىشىگە تورۇسقا ئېسىلغان سىرتماقتا ئاللىقاچان جېنى چىقىپ كەتكەن تۇراخۇن

هاجىم بىلەن چاكىرى سەمىتاخۇننىڭ ساڭگىلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— ۋاي مۇرەببىم ...

پەزىلەتخان تۇراخۇن هاجىمنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان پۇتىغا ئېسىلدى ـ دە، هوشىدىن كەتتى.

تاغ تۇرا. كەپە ئالدىدىكى گۈلخان ئەتراپىدا شەيخ جالالىدىن باشلىق سۆھبەتداشلار مۇڭدىشىپ ئولتۇرغان سورۇنغا بىر قاراۋۇل هاسىراپ ـ هۆمۈدەپ كېلىپ مەلۇم قىلدى:

— خان لەشكەرلىرى ... خان لەشكەرلىرى قارا چۇمۇلىدەك بېسىپ كەلدى ...

ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن چاچراپ تۇرۇشتى.

— ئاتلىنىڭلار ! مەڭلىك غىياسنىڭ بۈگۈن ئەجىلى توشقان ئوخشايدۇ.

سادىق بىلالنىڭ بۇيرۇق قىلىشى بىلەن ھەممەيلەن شۇئان ئاتلاندى. شەيخ جالالىدىن ئىلياسنىڭ ياردىمى بىلەن ئاتقا مىنىپ دېدى:

— مېنىڭچە، بۇ تاغنى ئۇلارغا تاشلاپ بېرەيلى !

— چېكىنەمدۇق؟ — سورىدى ئىلياس.

— بىھۇدە ئۇرۇشتىن ساقلانغۇلۇق. تاغنىڭ كەينىدە تاغ بار ئەمەسمۇ؟ — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— مەڭلىك غىياس بىلەن بىر تۇتۇشقۇم بار ئىدى، ئۇستازىم، مەدرىسىدە بىللە ئوقۇغاندا ئۇ جەڭ ئىلمىنىڭ ھېچقايسىسىدا ئۇتۇپ چىقالمايدىغان، بىر پەشۋاغا يارىمايدىغان قۇرۇق سۆلەت نېمە ئىدى، — دېدى سادىق بىلال.

— قۇرۇق سۆلەت سەركەردە بۇ قۇرۇق تاغنى ئالسۇن، قىلىچنى پوققا چېپىش ساراڭنىڭ قىلىقى ... قىلىدىغان ئىشىمىز نۇرغۇن، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

يەنە بىر نۆكەر ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ دېدى:

— سادىق خەلپەم، بىز نۇرغۇن لەشكەرنىڭ قورشاۋىدا

قاپتۇق !

شۇ گەپ بىلەن تەڭ پەستىن قىر - چاپ ساداسى بارغانچە يېقىنلاپ كەلدى. ھەممەيلەن قىرغا كېلىپ ھەر تەرەپتىن پەسكە قارىدى. تاغ باغرىدا ساناقسىز مەشئەل سوزۇلۇپ سادا ئىچىدە يۇقىرىغا ئۆرلىمەكتە.

— ئوتتۇرىدىن بۆسۈپ چىقىپ كېتەيلى، — دېدى ئىلياس.

— ئۈچ تەرەپتىن بۆسۈپ چۈشۈپ قورشاپ كەلگەنلەرنىڭ سېپىنى قالايمىقان قىلىۋېتەيلى، — دېدى سادىق بىلال.

— مەن يۈز ئادەم بىلەن ئوڭ قول تەرەپتىن بۆسۈپ يول ئاچاي، — دېدى ئىلياس.

— سەپەر باي، سەن يۈز ئادەمنى باشلاپ سول تەرەپتىن بۆسۈپ يول ئاچقىن. ئاخىرقى ئۇچرىشىدىغان جايىمىز ئۈچ تاغنىڭ كەينىدىكى قارا بۇغرا چوققىسى بولسۇن ! ئاتلىنىڭلار، مەن ئۇستازنى قوغداپ ئوتتۇرا يولدىن بۆسۈپ ماڭىمەن ! — دېدى سادىق بىلال.

— ئىلياس، سەپەر باي، سىلەر ئاۋۋال ئاتلىنىڭلار! ئۇلارنىڭ دىققىتى ئىككى چەتكە چېچىلسۇن. چۈنكى، مال - ۋاران، يۈك - تاقلىرىمىز بىز بىلەن ماڭىدۇ. بىز ئۇلارغا قۇرۇق كەپىلەر بىلەن ئۆڭكۈرلەرنى قالدۇرىمىز، بىر تال دانىنىمۇ بەرمەيمىز، ئامىن !

شەيخ جالالىدىننىڭ گېپىدىن كېيىن ھەممىسى تەكبىر ئېيتىشتى:

— ئاللاھۇئەكبەر، بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلغايسەن، ئاللاھۇ ئەكبەر !

ئىلياس بىر توپ ئادەملەر بىلەن ئوڭ تەرەپتىن پەسكە چۇقان سېلىپ چۈشۈپ كەتتى. سەپەر باي بىر توپ ئادەم بىلەن سول تەرەپتىن پەسكە چۇقان سېلىپ، ئات چاپتۇرۇپ چۈشۈپ كەتتى.

— سىلەر ئوتتۇز يىگىت، ئۇستازنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ئارقامدىن قالماي ماڭىسىلەر، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغان ئىش بولسىمۇ يېنىمدىن بىر قەدەم ئايرىلمايسىلەر ! — دېدى سادىق

بىلال.

يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ماقۇللۇق بىلدۈرۈشتى.

— ئوغلۇم سادىق، بىز پەسكە چۈشۈشكە ئالدىرىمايلى، ئادەملەر ئۈچ توپقا بۆلۈنسۇن. بىر توپ ئادەم دۈشمەن يېقىنلاپ چىققاندا تاش يۇمىلاتسۇن، بىر توپ ئادەم بارلىق ھايۋانلارنىڭ بېشىغا مەشئەل باغلاپ ئوت ياقسۇن، مۈڭگۈزى بار كالا، قوي، ئۆچكىلەرگە ئىككىدىن مەشئەل باغلىسۇن. تاشنى يۇمىلىتىپ بولغاندىن كېيىن چاپاۋۇل يىگىتلەر پىتىراپ بېشى ئايلانغان، سېپى قالايمىقانلاشقان دۈشمەننىڭ ئۈستىگە چۇقان سېلىپ باستۇرۇپ چۈشسە، بىز ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مەشئەل كۆتۈرگەن مال ـ چارۋىمىزنى ئالدىرىماي ھەيدەپ چۈشۈپ كەتمەمدۇق، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى، سادىق بىلالمۇ گەدىنىنى تاتىلاپ كۈلۈپ دېدى:

— تازا بىر پۇخادىن چىققۇدەك جەڭ قىلماي قولىمىز قىچىشىپ، ئاتلىرىمىزنىڭ تۇيىقى قىزىپ تۇراتتى. بۇ جەڭنى ئۇستازىم ئويۇنغا ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان بولدى ـ دە. بوپتۇ، ئۇستاز دېگەندەك بولسۇن. شۇنداق قىلىڭلار!

شاۋازنىڭ ھۇجرىسى. ئۇ يوتقاندا تاتلىق ئۇيقۇدا ياتاتتى. ئابلىز شەيتان پەم بىلەن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كېلىپ شاۋازنى ئاستا چاقىردى. شاۋاز ئويغانمىدى. ئابلىز شەيتان ئۇنى ئاستا تۇرتۇش ئۈچۈن قولىنى تەڭلەپ بولۇپ يەنە تارتىۋالدى. ئاخىر بولماي قولىنى يەنە تەڭلىگەندە شاۋاز چۆچۈپ ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، تەكيە ئاستىدىن شەمشەرنى ئېلىپ ئابلىز شەيتانغا شىلتىدى. ئابلىز شەيتان يانغا ئۆتۈۋېلىپ:

— مەن ... مەن ... پېقىر قۇللىرى ئابلىز ... ئابلىز ... ۋەزىرئەزەم، — دېدى يىغلامسىراپ.

— بېشىمدا نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

قاراكۆز ئايىممۇ مەڭدەپ قوپۇپ يوتقانىنى بېشىغا يۆركەپ



www.uyghurkitap.com

يېتىۋالدى.

ئابلىز شەيتان ئۆزىنىڭ جىددىي مەلۇمات ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— ئەمىسە نېمىشقا چىراغ يېقىپ كىرمەيسەن، هۇ ئۆلگۈر؟!

شاۋاز شۇنداق دەپ ئابلىز شەيتاننىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى.

— مەن كالۋا، مەن ئۆلۈمگە لايىق، مەن هاماقەت، مېنى كەچۈرسىلە، ۋەزىرئەزەم، — دەپ كەچۈرۈم سورىدى ئابلىز شەيتان.

— هە، نېمە جىددىي مەلۇمات، غەزنەۋىلەر هۇجۇم قىپتىمۇ؟ — سورىدى شاۋاز.

— ياق ... ياق ... ياق ... قاراقچىلار غەزنەۋىلەر ئەلچىسىگە هۇجۇم قىلىپ، خان تاجى بىلەن ئالتۇن شەمشەرنى بۇلاپ كېتىپتۇ، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— مەڭلىك غىياس دېگەن پوق تەڭلىسى نېمە قىپتۇ؟ بىر كىمنىڭ بېلىنى تۇتۇپتىمۇ؟ خەپ، سەن قىپچاقنىڭ سېسىق كاللىسىدا ئىتقا يالاق ياساپ بەرمەيدىغان بولسام.

شاۋاز ئاچچىقىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان ئابلىز شەيتاننى بىرنى تېپىپ ئوڭدا چۈشۈرۈۋەتتى.

تاغ تۇرا تەرەپتە مەڭلىك غىياس باشلىغان قوشۇن مەشئەل كۆتۈرۈپ چۇقان سېلىپ، ئاتلىرىنى قامچىلاپ تاغ تۆپىسىگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. تاغنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئىلياس باشلىغان ئاتلىق تاغلىقلار، سول تەرىپىدىن سەپەرباي باشلىغان ئاتلىقلار چۇقان سېلىپ بوراندەك چۈشتى. خان لەشكەرلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى، ئىككى يانغا ئۆزلىرىنى ئېلىشتى. ئىككى باتۇرنىڭ ئالدىدا ئىككى يول ئېچىلدى، مەڭلىك غىياس ۋارقىرىدى:

— قورقماڭلار ... توسۇڭلار! تاغ ئوغرىلىرى قاچماقچى، توسۇڭلار ... ئېتىڭلار !

لەشكەرلەر ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ بولغۇچە تاغ چوققىسىدىن تاشلار مۆلدۈردەك ياغدى. نۇرغۇن لەشكەرلەرنى تاش سوقۇپ، تاش بېسىپ يىقىتتى. خان لەشكەرلىرى تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ، يا ئالدىغا مېڭىشنى، يا ئارقىغا يېنىشنى بىلىپ بولالماي ھەر تەرەپكە پىتىراپ قېچىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن تاغ تۆپىسىدىن تېخىمۇ زور قوشۇن چۇقان سېلىپ، ئات چاپتۇرۇپ داقا ـ دۇمباق، ناغرا ـ سۇناي بىلەن باستۇرۇپ چۈشتى. ئالەمنى مالەم قىلىپ ھەر تەرەپتىن داقا ـ دۇمباق ئاۋازى ئاڭلاندى. چۇقان سېلىپ باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئارقىسىدىن ساناقسىز مەشئەل كۆتۈرگەن زور پىيادىلەر قوشۇنى تاغ تۆپىسىدىن يۇلتۇزلار ئېقىپ چۈشۈۋاتقاندەك كۆرۈندى. بۇنى كۆرگەن خان لەشكەرلىرى تېخىمۇ ئالاقزادە بولۇپ تەرەپ ـ تەرەپكە ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي قاچتى. قاچمەن دەپ بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ يۆتىلىشىپ تۆپە ـ تۆپە بولۇپ كەتتى. مەڭلىك غىياس بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى:

ــ قاچماڭلار ! قاچماڭلار ! بۇ قاراقچىلارنىڭ ھىيلىسى ! قاراقچىلار ئۇنداق جىق ئەمەس ...

پەسكە قاراپ قاچقان خان لەشكەرلىرى يەنە ئالاقزادە بولۇپ نائىلاج يۇقىرىغا قاراپ ماڭدى. چۈنكى، ئالدىدا بۆسۈپ چۈشۈپ كەتكەن ئىلياس بىلەن سەپەر باينىڭ ئىككى توپ چاپاۋۇل يىگىتلىرى يەنە ئارقىسىغا يېنىپ ھەر تەرەپكە پىتىراپ قېچىۋاتقانلارنى قىر ـ چاپ قىلىۋاتاتتى. مەڭلىك غىياس تازا سەپرا بولۇپ ئالدىغىمۇ، ئارقىغىمۇ ماڭالماي تۇرغاندا، سادىق بىلال ئوقتەك ئېتىلىپ كەلگىنىچە ئۇزۇن نەيزە بىلەن بىر ھەملە قىلىپ، نەيزىنى بوغۇزىغا سانجىپ مەڭلىك غىياسنى ئات ئۈستىدىن ئوڭدا چۈشۈرۈۋەتتى. شەيخ جالالىدىن بىر توپ قورۇقچى يىگىتلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالدىدىكى مۇڭگۈزلىرىگە قوشلاپ مەشئەل باغلانغان كالا، قوي، ئۆچكە پادىلىرىنى تاغ ئۈستىدىن ھەيدەپ ئاتلىق ئاستا چۈشمەكتە ئىدى. ناغرىچى،



www.uyghurkitap.com

دۇمباقچى يىگىتلەر، سۇنايچى بوۋايلار ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېشەككە مىنىشىپ بەس ـ بەس بىلەن ناغرا ـ سۇناي چېلىشىپ ماڭاتتى.

شۇ چاغدا جىلغىدىكى ئېقىن بويىدا زەينىدىن بومىيانى تەقەززالىق بىلەن يىراقتىكى تاغ باغرى ھەم تاغ تۆۋىنىدىكى قالايمىقان چۇقان ـ سۈرەن ئىچىدە ئىلگىرىلەۋاتقان ساناقسىز مەشئەللەرگە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ تۇراتتى. بىرمۇنچە خان لەشكەرلىرى ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپ ئۇلارنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئۆتۈپ كەتتى. قىرىق ياشلاردىكى جامال سەرۋاز ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ، ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ زەينىدىن بومىيانغا مەلۇمات يەتكۈزدى:

— داد، ئەلچى ھەزرەتلىرى، سەردارىمىز مەڭلىك غىياس جەڭدە شېھىت بولدى، سان ـ ساناقسىز قاراقچىلار باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

— بىزنىڭ قوشۇنچۇ؟ — دېدى زەينىدىن بومىيانى.

— ھەر تەرەپكە قېچىپ پىتىراپ كەتتى. ھېچكىم گەپ ئاڭلىمايدۇ. قاچە ـ قاچ بولدى. جېنىمىزنى ياقىغا ئالمىساق بولمىدى ... — دېدى جامال سەرۋاز يىغلامسىراپ.

— مەن قاچمايمەن، جەڭدىن قاچقان ئەر ئەمەس، قېچىپ ئۆلگەندىن ئېتىپ ئۆلىمەن.

زەينىدىن بومىيانى شۇنداق دېگىنىچە قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپ ۋارقىرىدى:

— قېنى ئېتىمنى ئەكەل، ماڭا ئەگىشىدىغانلار ئەگىشىڭلار!

جامال سەرۋاز ئۇلارنى توسماقچى بولۇپ دېدى:

— ھەزرىتىم، ئۆزلىرى ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدىكى تاغدىن ئېغىر يۈكنى زىممىلىرىگە ئالغان ئەلچى. بەلكىم ئۇرۇشالا. بىراق، تاغ قاراقچىلىرىنىڭ ھەممىسى داردىن قاچقان، جاندىن تويغان قانخور قاتىللار. سىلى بۇنداق ئەرزىمەس جەڭدە شېھىت بولسىلا، ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدا تۈگىمەس ئۇرۇش

www.uyghurkitap.com

پارتلاپ ھەر ئىككى تەرەپتىن سان ـ ساناقسىز ئادەم بىھۇدە ئۆلۈپ، دەريا ـ دەريا قانلار ئېقىپ، تۇمەنلىگەن تۇل خوتۇن، يېتىم باللار ۋەيرانچىلىق، سەرسانچىلىقتا قالىدۇ. ئاشۇلارنىڭ قىساسى سىلىنىڭ زىممىلىرىگە يۈكلىنىدۇ. قىيامەت كۈنى خۇدانىڭ ئالدىدا بۇنداق ئېغىر گۇناھنىڭ جاۋابىنى بېرىپ بولالمايدىلا، پەيلىلىرىدىن يانسىلا !

زەينىدىن بومىيانى ئېتىغا مىنىپ بولۇپ جامال سەرۋازنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئەللىكلەرگە تاقاپ قالغان ياردەمچىسى پاسار بەگ زەينىدىن بومىيانىغا يېقىنلىشىپ دېدى:

— ھەزرىتىم، بۇ سەرۋازنىڭ گەپلىرى ئورۇنلۇق. ئۆزلىرى يېگىلمەس بۈيۈك غەزنەۋىلەرنىڭ ئەلچىسى، بۇ تاغ قاراقچىلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ يېڭىلىپ سۇلتان ئالدىغا بارسىلا سەت ئەمەسمۇ؟ بۇ ئەرزىمەس داشقاللار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۆلۈشمۇ يۈزلىرىگە سەت. ئەڭ يامىنى غەزنەۋىلەر خانلىقىنىڭ شانۇشەۋكىتىگە يۈيۈپ بولماس داغ چۈشىدۇ. ئالدىغىنىڭ شۇمۇ دەپ، ئۇ نەرسىلەرنى تاشلاپ بېرىپ شاۋاز ۋەزىرئەزەمنىڭ يېنىغا بارغىنىمىز تۈزۈك. چۈنكى، بىز ئۇرۇشقىلى ئەمەس، ئەلچىلىككە كەلگەنمىز، ئۇلارنىڭ بىزنى ئۆز تەۋەسىدىن ساق ـ سالامەت ئۆزىتىپ، چېگراسىدىن تىنچ ئۆتكۈزۈپ قويۇش بۇرچى بار. نېمىشقا ئۇلار قىلىدىغان ئۇرۇشنى بىز بويىنىمىزغا ئالىمىز؟ بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى جېدىلى، بىز ئارىلاشمايلى.

زەينىدىن بومىيانى غەزەپتىن چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، دەقىقە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن قىلىچىنى قىنىغا سېلىپ:

— ئەمىسە كەينىمىزگە يانايلى، — دېدى.

— تۆگە كارۋىنى، يۈك ـ تاقلارغا ...

پاسار بەگنىڭ گېپى ئاخىرلاشماستىنلا زەينىدىن بومىيانى غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئۇلار بىلەن كارىمىز بولمىسۇن! بىز قاچىدىغان بولغاندىكىن قاچايلى! ئۇلارنى پۈتىمىزغا ئىشكەل قىلىپ سۆرەپ قېچىپ قۇتۇلالامدۇق؟ جاننى ئېلىپلا ماڭايلى. قاراخانىيلاردا ئالتۇن، مال تولا.

زەينىددىن بومىيانى شۇنداق دەپ ئېتىغا قامچا سالدى. ئۇنىڭ يارەنلىرى، قوغداپ ماڭغان خان لەشكەرلىرى جامال سەرۋازنىڭ باشچىلىقىدا ئەگىشىپ ئات سالدى. كارۋانلارمۇ قېچىشقا باشلىدى. بەزى ئاچ كۆز كارۋانلار، قوغداۋاتقان قاراۋۇللار تۆگىلەردىكى ساندۇقلارنىڭ قۇلۇپىنى چېقىپ ئالتۇن، ماللارنى بۇلاشقا چۈشتى.

ئېگىز سېپىل بىلەن ئورالغان ئوردا دەرۋازىسىدىن دۇبۇلغا - ساۋۇت كىيگەن شاۋاز، ئابدۇللا شاتىرى ھەم بىرمۇنچە سەركەردە، ياساۋۇللار تولۇق قوراللانغان، سەپراس ھالەتتە، ھەيۋەت بىلەن ئات چاپتۇرۇپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن سان - ساناقسىز لەشكەر ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سەپ تۈزۈپ چىقىپ كەلدى. سېپىل دەرۋازىسى ئۈستىدىكى راۋاقتىن بۇرغا، ناغرا - سۇنايلارنىڭ ساداسى ياڭراپ، سۈر - ھەيۋە پەيدا قىلدى.

زەينىددىن بومىيانلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ تاغنىڭ تار بوغۇزىغا كەلگەندە شەيخ جالالىددىن، سادىق بىلال، سەپەر بايلار ۋە يولغا پاتماي قاپساپ تۇرغان زور «قاراقچىلار توپى» بىلەن دوقۇرۇشتى. زەينىددىن بومىيانلار ئاتلىرىنى قاتتىق يۈگەنلەپ تەستە توختىتىپ، قىلىچلىرىنى قىنىدىن چىقىرىپ ئارقىسىغا قارىدى. ئارقا تەرەپتىمۇ مەشئەل كۆتۈرگەن بىرمۇنچە ئاتلىقلار يەردىن ئۈنگەندەك پەيدا بولدى، ئىككى تاغ تۆپىسىدىمۇ ئاتلىق «قاراقچىلار» سەپ - سەپ بولۇپ مەشئەل تۇتۇپ تۇراتتى. زەينىددىن بومىيانى ئۈنلۈك ئاۋازدا دېدى:

— ھەي ... شەيخ جالالىددىن بۇخارى! سەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۇنياسىدا شۆھرەت قازانغان دانىشمەن ئالىم، قاراخانىيلار ئوردىسىدا كاتتا دۆلەت ئۇستازى بولغان ھۆرمەتلىك زات ئىدىڭ،

پۈتۈك گۆرگە ساڭگىلىغاندا بىر ئۆرۈلۈپلا تاغ قاراقچىسىنىڭ ئاتامانى بولۇۋاپسەن. بۇ مۇناپىقلىقىڭ ئۈچۈن ئۆمۈر بويى قىلغان ئىبادەت، كاتتا ساۋابلىرىڭ كۆيۈپ قىيامەت كۈنى تىلىڭ چوغدا يۈگەنلىنىپ ۋەيلۈن دوزاخقا تاشلىنىسەن، قېنى ئۆلتۈرە !...

بومىيانىنى قوغداۋاتقانلار قىلىچلىرىنى قىنىدىن چىقىرىپ، ئوقيالىرىنى بەتلەپ، ھازىرلا ئېتىلىدىغاندەك دېۋەيلەپ تۇردى. ئىلياس ئوقيانى بەتلەپ كىرىچىنى تارتتى. شەيخ جالالىدىن ئىلياسنى توسۇپ دېدى:

— باغدادتا ئىلىم تەھسىل قىلغان پازىل ئالىم زەينىدىن بومىيانى ھەزرەتلىرى، مەن ئۇزاقتىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ نامۇ شۆھرەتلىرىنى ئاڭلاپ سىلىگە غايىبانە ھۆرمەت قىلىپ كەلگەنىدىم. ئۇ دۇنياغا بارغاندا كىمنىڭ تىلى چوغدا يۈگەنلىنىپ دوزاخنىڭ ئوتلىرىدا كۆيىدۇ، بۇنى ئاللا ھۆكۈم قىلىدۇ. پەقەت ئاللا ئەڭ توغرا، ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر. سىلى ھەرقانچە كاتتا، پازىل ئۆلىما بولسىلىمۇ دوزاخ بىلەن جەننەت سىلىنىڭ باشقۇرۇشلىرىدا ئەمەس،. ئۇلار ئاللانىڭ شېرىكسىز، يەككە ـ يېگانە باشقۇرۇشىدىكى ئاجايىپ مۆجىزىلىك جايلاردۇر. سىلى پەقەت ئەقىلسىزلىك، مۇتتەھەملىكتە پىرئەۋنگە يېتىشكە تىرىشىۋاتقان، ئۆزىنى بىلمەس كالۋا، زالىم سۇلتاننىڭ ئەلچىسى، خالاس. ھەزرەتلىرى مەيلى كىمنىڭ ئەلچىسى بولسۇن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى بويىچە ئەلچىنى ئۆلتۈرمەيمىز ھەم بۇلىمايمىز. تاشلاپ قاچقان ماللىرىنى ساناپ ئېلىۋېلىپ كەتسىلە. ئەمما، بىز خان تاجى بىلەن خان شەمشىرىنى بەرمەيمىز، ئۇ بىزنىڭ مۇقەددەس نەرسىمىز. ئۇلار پەقەت ئۆزىمىزنىڭ سۇلتانىغىلا تالىقتۇر. قالغان ماللىرىنى ئېلىپ كەتسىلە. ئەمما، ئۆزلىرى ئەلچى بولغاندىكىن، بەتنىيەت شاۋازىنىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرىگە جاۋابەن بىزنىڭ ئوغلانلىرىمىزنىڭ مۇنداق يۈرەك سۆزىنى ئالغاچ كەتسىلە: بىز غەزنەۋىلەرگە قىز بەرمەيمىز، غېرىچ يەر

بەرمەيمىز. ئالىمەن دەيدىكەنسىلەر جان ئالىمىز، گەپ شۇ. بۇ گەپنى سۇلتانلىرىغىمۇ بىرىنى قالدۇرماي دېسىلە، نەگە بېرىپ دېسىلە يەنە بولىۋېرىدۇ. سىلىگە ئاقىۋول تىلەيمىز، قاياقىقا مېڭىشنى ئىختىيار قىلسىلا شۇ ياققا ماڭسىلا، يول ئوچۇق.

شەيخ جالالىدىن گەپلىرىنى دەپ بولۇپ ئىتنىڭ بېشىنى بۇراپ تاغقا قاراپ كەتتى. تاغلىقلار قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا، يەنە شۇنداق تېز غايىب بولدى. زەيىنىدىن بومىيانى ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن تۆگە كارۋىنىغا قاراپ يا ئالدىغا مېڭىشنى، يا كەينىگە يېنىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

كېچە، سۈتتەك ئايدىڭ. گىرەلىشىپ كەتكەن قېرى توغراق، يۇلغۇن، قومۇشلۇق بىلەن قاپلانغان مازارلىق. يېڭى قەبرە بېشىدا ئاق لېچەك ئۈستىدىن قارا مەخمەل دوپپىنى باستۇرۇپ كىيگەن، قارا تون كىيگەن، بېلىگە ئاق باغلىغان هازىدار پەزىلەتخان يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ هەسرەت - نادامەت بىلەن توختىماي ياش تۆكمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا قارىلىق كىيىم كىيگەن ئىككى دېدەك، ئارقىسىدا تۇرغۇن باي بىلەن ئەيسا بايلار يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. هەممىسىنىڭ ئالدىدا بىر مويسىپىت موللا خەتمىقۇرئان قىلىۋاتاتتى.

ۋەلى باي قولتۇق تايىقىنى تايانغان، قولى بويىنىغا ئېسىلغان هالەتتە بەش چاپارمىنىنىڭ هەمراھلىقىدا ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ قاراپ تۇردى.

خەتمىقۇرئان ئاخىرلىشىپ دۇئا قىلىنغاندىن كېيىن دېدەكلەر يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزغان پەزىلەتخان كەينىگە ئۆرۈلۈپ يولدا توغرا تۇرغان ۋەلى بايلارنى كۆردى.

— بىزنى قورقۇپ قالمىسۇن دەپ ئەگىشىپ كەلدىلىمۇ، تەقسىر؟ — دېدى پەزىلەتخان.

— سىلىنى كېچىدە تولا يول مېڭىپ دائىم ئېزىپ - تېزىپ يۈرىدۇ، ئازغان يولىدىن قايتۇرۇۋالاي دەپ كەلدىم، — دېدى ۋەلى باي.

— بەك جۇۋاپ كېتىپلا، باي غوجام، بىزگە بەكمۇ كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدىلا. مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ قەبرىستانلىقتا كۈندۈزى چىقىشى مەنئى قىلىنغان. ئايال كىشى كۈندۈزدە قەبرىستانلىقتا چىقسا ئۆلگۈچىنىڭ روھى ئازاب تارتىدۇ. ئىسلامدىكى بۇنچىلىك ئاددىي ساۋاتنى ئۆزلىرى بىلمەيدىكەنلا - دە؟ — دېدى پەزىلەتخان.

— ئۆزلىرى كېچىسى يول يۈرسىلە، تولا باشقا ياققا كېتىپ قالىلا، باشقا تەرەپكە بارسا بىزنىمۇ بىللە ئالغاچ بارامدىكىن دەپ ئەگىشىپ چىقىشىم، — دېدى ۋەلى باي.

— ماڭا ئەگەشسىلە، مانا مەن مۇشۇنداق ئۆلۈم يولىغا ماڭغان ئايالمەن، قەبرىستانغا باشلايمەن.

— سەۋر - تاقەتنىڭ چېكى بار. ئەمدى سىلى نەگە ماڭسىلا مەنمۇ شۇ يەرگە بارىمەن. خۇددى ماۋۇ دېدەك - چاكارلىرىغا ئوخشاش.

— ماڭا ئەگەشسىلە، ئۇدۇل مازارلىقتا ماڭىدىلا.

— تولا گەپ يورغىلاتماي مېنى ھېلىقى مۆكتۈرۈپ قويغان پاسكىناڭنىڭ يېنىغا باشلاپ بار. قېرى خوتۇن بىلەن ئۇزاق سۆزلەشسەم ئۆزۈمنى قېرىپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ قالىمەن. ھەر ئىشنىڭ چىرايلىق، ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن بولغىنى ياخشى، — دېدى ۋەلى باي قوپاللىق بىلەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ۋەلى باي چاپارمەنلىرىنى بۇيرۇپ، پەزىلەتخانلارنى ھەيدەپ ماڭدى.

تاغ ئارىسىدىكى يولدا زەيىنىدىن بومىيانى لاسىدە بوشىشىپ ئاتتىن چۈشۈپ دېدى:

— ئەجەب نەس كۈن بولدىغۇ بۈگۈن. مەشەگە چېدىر تىكىڭلار! مەشەدە تۈنەپ ئارام ئېلىپ، قايانغا ماڭساق، ئەتە بامداتتىن كېيىن ماڭايلى. ھېرىپ - چارچاپ ھالىم قالمىدى.

ھەممىسى ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ھەر تەرەپكە چېدىر تىكىپ گۈلخان يېقىشقا باشلىدى. چاكارلار تۇشمۇتۇشتىن زەيىندىن

بومیانىنىڭ چېدىرىنى، يوتقان ـ تۆشەكلىرىنى ھازىرلاپ بەردى.
زەينىدىن بومیانی يېتىپلا خورۇلداپ ئۇيقۇغا كەتتى.

پايانسىز چىرايلىق يايلاقنىڭ ئۇيەر ـ بۇ يېرىدە چېدىرلار كۆزگە چېلىقىدۇ. يايلاقتا مال ـ چارۋا، يىلقىلار يايلاپ يۈرۈشمەكتە ئىدى.

غېرىب، سەنەملەر خېلى يول يۈردى. ھېرىپ ـ ئېچىپ بىر تاقىر چوققىدىن ئاشقاندىن كېيىن بىر يايلاققا چىقىپ قالدى. غېرىب بىلەن سەنەم ئۆزلىرىنى يېشىل چۆپلەر ئۈستىگە ئوڭدا تاشلاپ ھارغانلىقتىن لايدەك يېتىشىپ كەتتى. گۈلجامالمۇ ئۇلارنى دوراپ سوزۇلۇپ ياتتى. ئاران جېنى قالغان نىگارئايىم بىر قورام تاشقا يۆلىنىپ بالىلىرىغا ھالسىز زوقلىنىپ قاراپ ئولتۇرۇپ كۆزلىرىنى يۇمدى. ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازىدىن ھەممىسى چۆچۈپ كۆزلىرىنى ئېچىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كەتتى. بىر پادىچى بوۋاي بىلەن بىر قىز ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇلارغا سىنچىلاپ قارىدى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بوۋا، بىز تېنەپ قالغان مۇساپىرلارمىز، بۇ قەيەر ئۆزى؟ ــ دەپ سورىدى غېرىب.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئوغلۇم، مېنىڭ ئېتىم مۇسا قويچى، بۇ مېنىڭ نەۋرە قىزىم ئاينۇر، خەق مېنى مۇسا تورپاقمۇ دەيدۇ. بۇ يەر يۈلتۈز يايلىقى، بىز ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ مالچى، يايلاق ئادەملىرىمىز. قاڭقىپ چىققان غېرىب ـ بىچارىلەرگە ئىشىكىمىز ئوچۇق، ئېتىكىمىز كەڭرى. داستىخىنىمىز مۇشۇ يايلاقتا ئوخشاش سۈت، قېتىق، قىمىز، گۆش بىلەن تولغان. سىلەر بىزگە خۇدالىق مېھمان، ئۆزى كەلگەن مېھمان خۇدا بەرگەن مېھمان دەيدىغان گەپ بار، ــ دېدى بوۋاي.

نىگارئايىم بىلەن سەنەم كۆزىنىلا ئوچۇق قويۇپ يۈزلىرىگە چۈمبەلنى تارتىپ ئۇلگۇردى. غېرىب تونۇشتۇردى:

ــ بۇ مېنىڭ ئانام خەلىچىخان، يېنىدىكى ئا ... يالىم

سائادەتخان، بۇ سىڭلىم گۈلجامال.

— شەھەرلىك خوتۇن – قىزلار يۈزۈڭلارنى يۆگەيسىلەر. بۇ قىلغىنىڭلاردىن شەھەرلىك ئىكەنلىكىڭلارنى بىلدىم. بىز تاغلىقلار ئانچە قىلىپ كەتمەيمىز. خۇدا يەنىلا سىلەر شەھەرلىكلەردىن بىزگە يېقىن. سىلەر تىرىشىپ – تىرمىشىپ قىلمىغىنىڭلار قالمايدۇ. يەر تېرىيدىغانلارنىڭغۇ جېنىغا ۋاي. بىزگە خۇدايىم ئاسماندىن يامغۇر بېرىدۇ، يەردىن مىڭ خىل گۈل – گىياھ، چۆپ ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ. مال – چارۋىلىرىمىز ئۈنى يەپ سۈت، قېتىق، قىمىز، گۆش ئاتا قىلىدۇ. يايلىقىمىزدا سۈت بىلەن ھەسەل ئاقىدۇ. بىر تۈپ دەرەخ سالمايمىز، ساناقسىز دەل – دەرەخىمىز بار. بىر تۈپ گۈل تېرىمايمىز، ئايىغىمىزدا تۈمەن خىل گۈل بار. بىر كەتمەن چاپمايمىز، گۆش لازىم بولغانلار بىزگە ئاشلىق بېرىپ خۇدا بەرگەن مالنىڭ گۆش، تېرە يۇڭلىرىغىچە ئەكېتىدۇ. بىرنى ئەكەتسە، مىلىمىز مىڭ بولىدۇ. ئۆستەڭ چاپمايمىز، دەريا – سۇلارنى بىزدىن ئاشسا سىلەر ئىچىسىلەر. تاغلىقلارنى خۇدايىم جەننەتتە باقىدۇ. قانداق، تاغ، يايلاقلىرىمىز جەننەتتەك ئوبدانمىكەن؟ ھا ... ھا ... ھا ... ھە راست بالام، سەن ئات – ئۇچۇرۇڭنى دېمىدىڭغۇ؟ — دېدى مۇسا قويچى.

— ھە ... مېنىڭ ئېتىم قاسىمتاي، — دەپ جاۋاب بەردى غېرىب.

— يۈرۈڭلار، قاسىمتاي بالام، ياخشى ئادەم تاماققا دەپ، بىزنىڭ قەبىلىدە بۈگۈن توي بولۇۋاتىدۇ. بىز تويغا كېتىۋاتقان. بىزنىڭ ئىتىنىڭ بۇرنى ئۈچ تاغنىڭ ئۇ چېتىدىكى يات پۇراقنى بىلىۋالىدۇ. ئۇ تولا قاۋاپ بىزنى يېنىڭلارغا باشلاپ كەلدى. بىزنىڭ تاغنىڭ توي مەشرىپىنى كۆرۈڭلار. بىزنىڭ قەبىلىدە كىمنىڭ تويىغا خۇدالىق مېھمان كېلىپ قالسا، تويى بولغان قىز – يىگىتنى بەخت – تەلەيلىك، ئامەتلىك بىر جۈپلەر دەپ ئون كالا بىلەن تارتۇقلاپ، قەبىلە باشلىقلىرى بىردىن ئات

مىندۇرۇپ تون ياپىدىغان ئادەت بار. مەن سىلەرنى تويغا باشلاپ بارسام، ماڭىمۇ بىر ئات، بىر تۆگە ئىنئام قىلىدۇ. بۈگۈن قاغا جۇپ قىچقارغانتى. ماڭا نەدىن پايدىلىق ئىش باركىن دېسەم خۇدالىق مېھمان باركەن ئەمەسمۇ، — دېدى مۇسا قويچى.

— بىز ئات سېتىۋالماقچىدۇق. ئات ئالغىلى بولارمۇ؟ — دەپ سورىدى غېرىب.

مۇسا قويچى جاۋاب بېرىپ:

— تاغ - تاغلاردىن، يايلاق - يايلاقلاردىن تويغا كەلگەنلەر سەرخىل ئاتلارغا مىنىپ كېلىدۇ. چۈنكى، تويدا ئوغلاق تارتىشمىسا، بەيگە قىلمىسا، قانداق يايلاق تويى دېگىلى بولسۇن، بىزنىڭ توي سىلەرنىڭ شەھەرلىكلەرنىڭ تويىغا ئوخشىمايدۇ، ئات دېگەن تولا، — دېدى.

— بالام، جىق ئادەم يىغىلغان يەردىن ھەزەر قىلمىساق بولمايدۇ. بىز بارمايلى، — دەپ ئۈنىمىدى نىگارئايىم. سەنەممۇ ئانىسىنىڭ دېگىنىنى قوللىدى.

— تويغا مەنلا باراي، ئانام بىلەن ئايالىم بەك ھېرىپ ھالىدىن كەتتى، — دېدى غېرىب.

ئەمما، مۇسا قويچى ئۇنىماي:

— نەدىمۇ ئۇنداق گەپ بولسۇن، ھارغان بولسا چېدىردىن بىرنى راستلاپ بېرىمىز، شۇ يەردە ئۇخلاپ ئارام ئالىدۇ. بۇ يەردە يالغۇز تاشلاپ كەتسەك بۆرە يەيدۇ. بىزنىڭ تاغدا بۆرە، يولۋاس، ئېيىق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بار. بىز بايا ئىت قارغىش قىلسا، بىرەرسىنىڭ نارەسىدە بالىسى بۆرە - يولۋاسقا ئۇچراپ قالدىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ كەلگەنىدۇق. بۇلارنى يالغۇز تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ، — دەپ تۇرۇۋالدى.

نىگارئايىم بىلەن سەنەم بىر - بىرىگە ئەنسىز قاراشتى.

قۇرۇق تاغ ئارىسىدىكى كىچىك چېدىردا تازا خورۇلداپ ئۇخلاۋاتقان زەينىدىن بومىيانىنى پاسار بەگ تۇرتۇپ ئويغاتتى. زەينىدىن بومىيانى چۆچۈپ تەكىينىڭ ئاستىدىن قىلىچىنى

www.uyghurkitap.com

سۇغۇرۇۋېلىپ مەڭدەپ قوپتى.

— ھە ... نېمە ئىش ... قاراقچى كەلدىمۇ؟

— يوقسۇ، ھەزرەتلىرى، قاراقچى ئەمەس. ۋەزىرئەزەم شەخسەن ئۆزى قوشۇن تارتىپ يېتىپ كەپتۇ، — دېدى پاسار بەگ.

— قېنى؟

— ئىشىك ئالدىدا ئۆزلىرىنى ساقلاپ تۇرىدۇ.

— سەت بوپتۇ ... ھە ... سەت بوپتۇ.

زەينىددىن بومىيانى چېدىردىن چىقىپ جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ سەپراس تۇرغان شاۋاز، يېڭى سول قول ۋەزىر جارۇللا بۇخارى، ئابدۇللا شاتىرى، سىددىقبەگ قارلۇق، رەھمەتۇللا يەركەندى قاتارلىق ۋەزىر، ئەمىرلەرنى كۆرۈپ دەرھال ئەھۋال سورىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ... ۋەزىرئەزەم ... سىلىنىڭ خانلىقلىرىنىڭ چېگراسى ئىچىدە قاراقچىغا ئۇچرىدۇق ...

زەينىددىن بومىيانى گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى.

— ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا، باش ئەلچى ھەزرىتىم، ئالدىلىرىدا تولىمۇ ئۆزرىلىكمەن. خانلىقىمىز تەۋەسىدە بۇنداق پېشكەللىككە ئۇچرىغانلىقلىرىغا ئىنتايىن خىجىلمەن، — دېدى شاۋاز.

— نۇرغۇن ئەللەرگە ئەلچى بولۇپ بارغانمەن. ھېچقانداق خانلىقتا بۇ دورەمدىكىدەك خورلۇق، ھاقارەتكە ئۇچرىمىغانمەن، نېمىدېگەن نومۇسلۇق ئىش بۇ ! — دېدى زەينىددىن بومىيانى.

— پېقىر ئۆزلىرىنىڭ خۇددى تۇنۇگۈن كۆرۈشكىنىمىزدەك بىر ئوبدان، ساق ـ سالامەت تۇرغانلىقلىرىنى كۆرۈپ ئالەمچە خۇشال بولدۇم، — دەپ ھىجايدى شاۋاز.

— تېشىم يارا بولمىغان بىلەن ئىچىم زەردىگۈش بولدى، يۈرىكىم لەختە ـ لەختە بولۇپ كەتتى، تەقسىر. سىلىنىڭ تىلى زەھەر پۇقرالىرى ئىچىمدىن قان كەتكۈزدى. سىلىدە بۇقىنى

چىمداپ ئۆلتۇرۇش، ھاڭگا ئېشەكنى بوغاز قىلىش دەيدىغان بەدۆۋى گەپلەر بارلىقىنى ئاڭلاپ ئاجايىپ گەپلەر ئىكەن دېگەنىدىم. ئۇنداق گەپلەرنىڭ دەلىلىنى بۇرۇن تاغ ئايلىنىپ كۆرەتتۇق. مانا مەن باغ ئايلىنىپ كۆردۇم. ئاغرىق ئىچىمگە ئۆتۈپ كەتتى.

— ئەلھەمدۇلىللا شۈكۈرىكىم، ھەزرىتىم، ئۆزلىرىنىڭ بۇنداق ئامان - ئېسەن تۇرغانلىقلىرى ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئامان - ئېسەنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. پېقىر تاغ قاراقچىلىرىغا سەل قاراپتىمەن. بۇ تاغ قاراقچىلىرىنى بىزنىڭ جەڭ كۆرۈپ پىشقان خىل لەشكەرلىرىمىزنىڭ مويىغا تېگەلمەس دەپ ئويلاپ قاپتىمەن، يېڭىلىشىپتىمەن، بىزنى كەچۈرگەيلا. مەن سىلىنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ ئالەمچە خۇش بولۇپ، بېشىم كۆككە يەتكەندەك بولدۇم.

— گەپ لەشكەردە ئەمەس، لەشكەر بېشىدا. سىلەرنىڭ بۈيۈك دۆلەت ئۇستازىڭلار يۈسۈپ بالاساغۇنى «يولۋاس ئىتلارغا باش بولسا ھەممە ئىت يولۋاسقا ئايلىنىدۇ. بىر توپ يولۋاسقا بىر ئىت باش بولسا ھەممە يولۋاس ئىت بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى قىلغانىكەن، بۈگۈن شۇنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆردۇم. سىلىنىڭ مەڭلىك غىياسلىرى سەردار ئەمەس، خانلىقنىڭ خامىنىنى بېقىشقىمۇ يارىمايدىكەن. شەيخ جالالىدىن دېگەن قېرىنىڭ ئېلىۋەتكەن تىرنىقىغىمۇ تەڭ ئەمەس ئىكەن. مەن شەيخ جالالىدىننى مەدرىسىدىن چىقمىغان قۇرۇق سۆلەت موللا دېسەم، ئۇ جەڭ كۆرگەن سەركەردىدەك تۇرمامدۇ. ئۇ پوشكالچى موللىلارغا ھەرگىز ئوخشىمايدىكەن ... — دېدى زەيىندىن بومىيانى.

— بولدى ھەزرىتىم، ئۇ تۇزكور، ئاسىي بەندىنى ئاسمانغا چىقىرىۋەتتىلە. ئۇ ئالىملىقىدىن ئەمەس، تاسادىپىي ئىزىپ - تېزىپ كېلىپ قالغان ئامەتتىن نۇسرەت قازىنىپ قاپتۇ، — دېدى شاۋاز.

— ئۇ موللا خان تاجى بىلەن ئالتۇن شەمشەرنى بۇلاپ كەتتى.

مەن سۇلتاننىڭ ئالدىغا نېمىدەپ، قايسى يۈزۈم بىلەن بارىمەن؟

— خاتىرىلىرىنى جەم قىلغايلا، ھەزرىتىم. ئۇلار بىچارە مەڭلىك غىياستىن ئۇ قىممەتلىك سوۋغاتنى ئەپقاچقان بىلەن پېقىرغا بوينىغا قارا ئارغامچا سېلىپ بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي دەپ بېشىدا مېڭىپ كېلىپ تاپشۇرىدۇ، — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

شاۋاز بۇيرۇق قىلدى:

— ھازىرلا ئاتلىنىڭلار، شاھانە سوۋغات پەقەت سۇلتان ئالىيلىرىغا خاس، ئۇنىڭ قاراقچىلارنىڭ قولىدا تۇرۇشى بىزگە ھاقارەت.

— خوپ، تەقسىرلىرىم، خاتىرىلىرىنى جەم قىلىشقايلا. ئاتلىنىڭلار!

ئابدۇللا شاتىرى شۇنداق دەپلا تەزىم بىلەن خوشلىشىپ، زور قوشۇننى باشلاپ ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى. زەينىدىن بومىيانى ساقلىنى تۇتۇپ ئىشەنمەسلىك بىلەن قاراپ قالدى. سەزگۈر شاۋاز بومىيانىغا قاراپلا كۆڭلىدىكىنى پەملىدى.

— ھەزرىتىم، خاتىرىلىرىنى جەم قىلغايلا. دالا مەشرىپىدە بىز بىلەن ھەمداستىخان بولۇش تەقدىرى قىسمەتلىرىگە پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى رىزقلىرىنى تېخى يەپ تۈگىتىپ بولالماپلا. بىز بىر كۈن مەشرىپىمىزنى خاتىرجەم ئويناپ ئولتۇرۇپ بولغۇچە قىممەتلىك شاھانە سوۋغات ئالدىلىرىغا تەق بولغۇسى. ئاندىن يەنە خۇشال ـ خۇرام يولنى داۋاملاشتۇرغايلا. كېلىڭلار، كاتتا مەشرەپ سورۇنى ھازىرلانسۇن! — دېدى شاۋاز.

چەكسىز چۆلدە ۋەلى باينىڭ مەپىسى كېتىۋاتماقتا. مەپىدە ۋەلى باي، پەزىلەتخان، پەزىلەتخاننىڭ دېدىكى ئولتۇراتتى. ۋەلى باينىڭ سەككىز چاپارمىنى، پەزىلەتخاننىڭ ئەيسا، تۇرغۇن دېگەن چاكارلىرى مەپىنىڭ كەينى ۋە يېنىدا ئاتلىق ياندىشىپ ماڭماقتا. چۆل ئاپتىپىنىڭ قىزىقىدا ئاتلار قاتتىق ھارغان ھەم ئۇسسىغان، سالپايغانىدى. ئۇسسۇزلۇقتىن ھەممىسىنىڭ

كالپۇكلىرى قۇرۇپ يېرىلغانىدى. ئۇلار تەشنالىقتىن يىراقلارغا — قۇرۇق تاغ، قاغجىرىغان سايلىققا قاراشتى. ئاپتاپ تەپتىنىڭ يامانلىقىدىن تاقىر سايلىقتا ئوت يالقۇنىدەك ئالۋۇن لەيلەپ يۈرەتتى. يىراقتا ئەينەكتەك ئاق پارقىرىغان نەرسىنىڭ قېشىغا ۋەلى باينىڭ ئىككى چاپارمىنى ئاتنى بولۇشىغا قامچىلاپ چاپتۇرۇپ بېرىپ قايتىپ كەلدى. كېلىپلا بىر چاپارمەننىڭ ئېتى يىقىلىپ ئۆلدى. چاپارمەننىڭ پۇتى ئاتنىڭ ئاستىدا قېلىپ سۇندى. چاپارمەنلەر ۋايساپ بولالماي قالغان چاپارمەننى كۆتۈر - كۆتۈر قىلىپ مەپىگە ياتقۇزدى. ۋەلى باينىڭ سەپراسى تۇتۇپ ۋارقىرىدى:

— ئاز قالدۇق، ئازلا قالدۇق دەيلا، سىلىنىڭ ئۇ جاڭگالدىكى قورۇققا قاچان بارىمىز؟!

— مۇشۇ مېڭىشىمىزدا خۇدا سالامەت قىلسا تۈن تەڭگە يەتكىلى بولار.

پەزىلەتخان شۇنداق دەپ دېدەككە قولىنى تەڭلىدى. دېدەك خۇرجۇندىن كىچىك سەپەر قاپىقىنى ئېلىپ ئاۋايلاپ پەزىلەتخانغا بەردى. پەزىلەتخان قاپاقنى چۆمبەل ئىچىگە كىرگۈزۈپ غۇرتۇلدىتىپ سۇ ئىچتى. سۇنىڭ چولتۇكلىغان ئاۋازى ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ھەممىسى چۆمبەل ئىچىنى كۆرەلمەي تەلمۈردى.

— ئۆزلىرىنى ئۇبدان جۆندەپ سەپەرگە چىقىپتىكەنلا. نېمىشقا يولدا ئۆتەك ياكى بۇلاق سۈيى يوق، سۇ ئېلىۋېلىڭلار دېمەيدىلا؟ — دېدى ۋەلى باي.

— سىلى ھەممىنى بىلىدىغان كاتتا كىشى. مەن سىلىنىڭ بىز بىلەن سەپەر قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلمىسەم، — دېدى پەزىلەتخان جاۋابەن.

— سىلى مەھەللىدىكى مازارلىققىمۇ بىر قاپاق سۇ ئېلىپ ماڭامدىلا؟

— مېنىڭ گېلىم قۇرۇيدىغان كېسىلىم بار. ئۆيدىن بوسۇغا

www.uyghurkitap.com

ئاتلاپ چىقساملا بىر قاپاق سوغۇق چاينى بۇ قىزىم كەينىمدىن ئېلىپ ماڭىدۇ.

پەزىلەتخان سۆزلەۋېتىپ بارمىقىدىكى ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكىنىڭ ياقۇت قاپقىسىنى ئېچىپ ئاق ئۇنغا ئوخشاش زەھەرنى قاپاقنىڭ ئاغزىدىن ئىچىگە تۆكۈپ، قاپاقنى چالغۇتتى. چۈمبەل ئىچىدە بولغاچقا ئەتراپتىكىلەر كۆرەلمىدى. سۈنىڭ چولتۇكلىغان ئاۋازىدىن ھەممىسى تۇكۇرۇكلىرىنى يۇتۇپ، كالپۇكلىرىنى يالىدى. ۋەلى باي چىدىماستىن سورىدى:

— ئەكەلمەملا قاپاقلىرىنى، چىداپ بولغىلى بولمىدى بۇ تەشنالىققا، ئاغزىمنى نەمدىۋالاي.

— ئەر كىشى يات خوتۇننىڭ نەرسىسىنى ئالسا ئۆز خوتۇنىغا گېپى ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ دەيدىغان نەقىل بار. بولمىسىغۇ بايا تەڭلەي دېۋىدىم.

— ئۇنىڭغۇ مەنمۇ بىلىمەن. شۇڭا، مىڭ قېتىم تەمشىلىپ ئاخىر بولالماي دېدىم. چۆلدە ئامالسىز قالغاندىكىن نېمە چارە؟ قېنى ئەكەلسىلە!

— ئەر كىشى بولغاندىكىن چىدىسىلا. بۇ سۇدىن ئايرىلسام گېلىم قۇرۇپ، تىنالماي قالىمەن.

— خۇدايىم سەۋر - تاقەت بېرەر. ئاغزىمنى نەمدىۋالساملا بولىدۇ.

ۋەلى باي سۆزلەۋېتىپ ساق قولىنى تەڭلىدى. پەزىلەتخان قاپاقنى دېدەككە بەردى. دېدەك قاپاقتا قولىنى سوزۇپ بولغۇچە ۋەلى باي قاپاقنى يۇلۇپ دېگۈدەك ئېلىپ ئاغزىنى ئېچىپ غۇرتۇلدىتىپ سۇ ئىچتى.

— بۇنداق ئىچسىلە قالمايدۇ، — دېدى پەزىلەتخان.

ۋەلى باي سۇنى تازا تىنماي ئىچىپ، ھاسىراپ ئۇھ دەپ ھېجىيىپ تۇرۇپ دېدى.

— مېنىڭ ئەزىمەتلىرىم ئۇسسۇزلۇقتىن مادارىدىن كەتسە، سىلىنىڭ چاكارلىرىغا كۈچى يەتمەي قالىدۇ، شۇڭا ئۇلارمۇ

ئىچىپ ماغدۇرىغا كېلىۋالسۇن.

— ئىنساپسىزلىق قىلمىسىلا. مەن ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلسەم، سىلىنى ھېلىقى يەرگە كىم باشلاپ بارىدۇ؟ — دېدى پەزىلەتخان.

— سىلىنىڭ ماۋۇ قارىقۇمچاق دېدەكلىرى بىلەن چاكارلىرى بار ئەمەسمۇ؟

ۋەلى باي قاپاقنى ياندىشىپ كېتىۋاتقان ئاتلىق چاپارمەنگە بەردى.

— بەتنىيەتنىڭ قازىنى تۆشۈك، مېنىڭ جېنىم چىققۇچە خۇدا نىيىتى يامانلارنىڭ جېنىنى ئالغاي، — دېدى پەزىلەتخان.

— ئىنساپ بىلەن ھەممىڭلار يەتكۈزۈپ ئىچىڭلار، تالاشماڭلار.

— ما يەردە مەنمۇ بار، مېنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، مەن سىلەرگە سۇ تاپىمەن دەپ مۇشۇ ھالغا قالدىم، — دېدى پۇتى سۇنۇق چاپارمەن.

چاپارمەنلەرنىڭ ھەممىسى قاپاقتىكى سۇنى تالىشىپ ئىچتى. ئاخىرىدا بىرى قاپاقنى چالغىتىپ تىڭشاپ بېقىپ سۇدىن ئۆزى ئىچىۋېلىپ، ياتقان پۇتى سۇنۇق چاپارمەنگە بەردى.

— ساڭا سۇدىن كۆپ قالمىسىمۇ، ھەرھالدا لېۋىڭنى نەمدىگۈدەك قالدى، ئىشقىلىپ، قانىسەن.

قاپاقنىڭ تېگىدە قالغان تۆت ـ بەش يۇتۇم سۇنى پۇتى سۇنۇق چاپارمەن ئىچىپ تۈگەتتى. سەل ماڭغاندىن كېيىن ۋەلى باي ۋايجانلاپ قورسىقىنى تۇتۇپ ۋارقىرىدى:

— ۋايجان، ۋاي قورسىقىم ... ھۇ ... قېرى قانجۇق، بىزگە نېمە ئىچكۈزدۈڭ؟!

ۋەلى باي ۋايساپ ساق قولىدا پەزىلەتخانغا ئېسىلدى. يانداپ كېلىۋاتقان تۇرغۇن باي چاققانلىق بىلەن ۋەلى باينىڭ قولىغا قامچا بىلەن ئۇردى. ۋەلى باي ئايانچلىق ۋارقىرىۋەتتى ـ دە، ئاغزىدىن قان ئېتىلىپ چىقتى، ئاندىن ھارۋىدىن يەرگە دۈملاپ چۈشتى. قالغان چاپارمەنلەر تۇرغۇن بايغا ئېسىلىپ بولغۇچە

ئۆزلىرىمۇ قورسىقىنى چاڭگاللاپ ئاتتىن چالمىدەك پوكولداپ چۈشتى. هارۋىكەش هارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ تىزلىنىپ يالۋۇردى:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسەڭلار، مېنىڭ توققۇز بالام بار، مۆمىن ئادەممەن. مەن پەقەت هارۋىكەش، ماڭا رەھىم قىلىڭلار.

— بوپتۇ توققۇز بالاڭنىڭ هۆرمىتى، بىز سېنى كۆرمىدۇق، سەنمۇ بىزنى كۆرمىدىڭ، — دېدى پەزىلەتخان.



## ئون ئالتىنچى باب

تاغ ئارىسىدىكى گۈزەل يايلاق. قاتار چۆرگىلىتىپ تىكىلگەن چېدىرلار ئوتتۇرىسىدىكى مەيداندا توي تەنتەنىسىگە چۈمگەن باللار خۇشاللىقتا بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئوينىماقتا. ياش يىگىتلەر بىر - بىرىدىن ئېسىل ئاتلارغا مىنىۋالغان بولۇپ، يات - يات ئۇياقتىن - بۇياققا بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئويناپ، قىلىچۋازلىق، خەنجەرۋازلىق قىلىشاتتى، ئوقيا ئېتىشاتتى. تۇزدەك ياسانغان قىزلار قاتار ئاق كىگىز ئۆيلەردە تاۋار كۆرپىدە ئولتۇرۇشقان چوڭلار، مويسىپىت بوۋاي - مومايلارنىڭ ئالدىدىكى داستىخانغا سۈت، قىمىز، قېتىق، پولۇ، گۆش، كاۋاپ، نان دېگەنلەرنى تىزىش، چاي قۇيۇش ئىشلىرىنى قىلماقتا. بىكار بولۇپ قالغان قىزلار ئۇ يەر - بۇ يەردە توپلىشىپ ئولتۇرۇشۇپ گۈل تىككەن ياغلىقلىرىنى، ئىشلىگەن رېشىلىيەلىرىنى، توقۇغان ماتا - چەكمەنلىرىنى، تىككەن ھەر خىل ئەرەنچە، ئايالچە دوپپىلىرىنى بىر - بىرىگە كۆرسىتىشىپ ماختىنىشماقتا. بەزى قىزلار مومايلارغا ياردەملىشىپ كالا، تۆگە، ئاتلارنى ساغسا، يەنە بەزىلىرى ياغاچ سوغىلاردا ئايران سۈزمەكتە. سورۇننىڭ پەگاھ تەرىپىدە ئەلنەغمىچىلەر ناغرا - سۇناي بىلەن نەغمە قىلسا، ئوتتۇرىسىدا يىگىت - قىزلار ئۇسسۇل ئويناماقتا.

كۆڭلۈمنى بەردىم بىر بىۋاپاغا،
كۆيدى يۈرىكىم جەبرۇ جاپاغا.
ئەي نازىنىن، رەھىم ئەيلىگەيسەن،
قالدىم سېنى دەپ يۈز مىڭ بالاغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئەتىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تارتتىم جاپانى راھەت كۆرەي دەپ،
قىلساڭ جاپالار، يىغلاي خۇداغا.
بىمارە ئاشىقىڭ بولدۇم نېتەرمەن،
سەبرى بالاغا، رازى قازاغا.

كىرپىك ئوقلىرىڭ ئۆتتى يۈرەكتىن،
ناگاھ سوغۇق سۆز چۈشتى ئاراغا.
ئاشىق سېنى دەپ كەچتى جاھاندىن،
رەھىم ئەيلىمەمسەن سۇنغان گاداغا.

سورۇن تازا قىزىۋاتقاندا مۇسا قويچى غېرىب، سەنەم، نىگارئايىملارنى باشلاپ كىرىپ، سورۇننىڭ تۆرىدە مويسىپىتلەر ئارىسىدا ئولتۇرۇپ پۈتۈن پىشۇرۇلغان تونۇر كاۋىپىنىڭ خالىغان يېرىدىن كېسىپ ئەتراپىدىكىلەرگە بېرىپ، ئۆزىمۇ يەپ، ئالدىدىكى تەڭنىدىن نوگايدا جامغا قىمىز قۇيۇپ ئىچىپ ئولتۇرغان ئەللىك ياشلاردىكى تازا سىمىز قەبىلە باشلىقى قاراقاپلان بەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قاراقاپلان بەگ باشلىق بارلىق قېرىنداشلار!

غېرىب باشلىق يېڭى كەلگەنلەر ئولتۇرغان جامائەتكە ئېگىلىپ سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مۇسا تورپاق، كېچىككەن بولساڭمۇ خۇدالىق مېھمان باشلاپ كەپسەن، ئالدىڭ ئوچۇق، پېشانەڭ ھەم ئوچۇق، باشلاپ كەلگەن مېھمانلىرىڭنىڭ ئايىغى ياراشقاي! — دېدى قاراقاپلان بەگ.

ساھىبخان مومايلار غېرىبلارنىڭ بېشىدىن ياغاچ ئوشتۇپ ئادراسمانىدا ئىسرىق سېلىپ باش - ئايىغىدىن ئۆرۈدى. دەسسىگەن ئىزلىرىدىن توپا ئېلىپ پېشانىسىگە سۈرتتى. ئولتۇرغان توي ئەھلى نىگارئايىم، سەنەملەرنىڭ قارا

چۈمبەللىرىگە قاراپ ھەيرانۇھەس بولۇپ، بىر ـ بىرىگە ئىما ـ ئىشارەت قىلىشىپ كۇسۇرلاشتى، ھەممىنىڭ كۆزى ئۇلارغا تىكىلدى. قاراقاپلان بەگ ئورنىدىن تۇرۇپ سۆز باشلىدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم توي ئەھلى، بۈگۈن تويىمىزغا ئۇلۇغ تەڭرىم ئاسماندىن چۈشۈرگەندەكلا مېھمان ئەۋەتتى. قائىدە ـ يوسۇنىمىز بويىچە، تويى بولغان قىز ـ يىگىتىمىزنىڭ بەخت ـ تەلەي يۇلتۇزى ئوڭ بۇرجىدىكەن، مەن ئۆز مىلىمدىن تويى بولغان يىگىت ـ قىزغا ئون كالا، بىردىن يۇلتۇز ئارغىمىقى ئىنئام قىلدىم. مۇسا تورپاققىمۇ بىر تۆگە، بىر ئات ھەدىيە قىلدىم، تويغا كەلگەن ھەربىر مېھمانغا بىردىن ئات ھەدىيە قىلدىم.

پۈتۈن توي ئەھلى ئورنىدىن تۇرۇپ تويلاشقان قىز ـ يىگىتنى تەبرىكلەپ يەنە ئىزىغا ئولتۇرۇپ ۋارقىراشتى:

— مۇبارەك بولغاي! قۇت ئاتقاي! قۇت ئاتقاي!

نىكاھى پۈتۈپ تۆردە ئولتۇرغان بىر جۈپ قىز ـ يىگىت ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، قەبىلە باشلىقىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ قولىغا سۆيدى. قەبىلە باشلىقى خەنجەر بىلەن پىشۇرۇلغان قوينىڭ قۇيرۇقىدىن ئىككى پارچە كېسىپ ئاۋۋال يىگىتنىڭ، ئاندىن قىزنىڭ ئاغزىغا سالدى. قىز يۈزىنى ياپقان قىزىل چۈمبەلنى قايرىپ ئاتامان ئاغزىغا سالغان قۇيرۇقنى چايناپ يۇتتى. قارا پاقلان بەگ مۇسا قويچى باشلىق مېھمانلارغىمۇ شۇنداق قىلىپ بىر جامدىن قىمىز بېرىۋىدى، ئۇلار قىمىزنى ئىچىشتى.

قاراقاپلان بەگ يەنە قەبىلىنىڭ قائىدىسىنى چۈشەندۈرۈپ:

— ھۆرمەتلىك مېھمانلار، قەبىلىمىزنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى بويىچە ئۆزۈكلارنىڭ ئات ـ ئۇچۇرىنى، نەدىن كەلگەنلىكىڭلارنى دېگەيسىلەر. خوتۇنلار، ئۆزۈڭلارنى قەبىلە جامائىتىمىزگە تونۇشتۇرغاندا يۈزۈڭلار ئوچۇق بولسۇن، ئۇلار كۆرگەندىن كېيىن ياپساڭلار بولىدۇ، — دېدى.

مۇسا قويچى پەس ئاۋازدا نىگارئايىملارغا بۇ قەبىلىنىڭ قائىدىسىنى ھېچكىم بۇزالمايدىغانلىقىنى، ھەتتا قەبىلە باشلىقى بىرەر قائىدىنى بۇزسىمۇ لايىقىدا جازالىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلاپ نىگارئايىم بىلەن سەنەم تېپىرلاپ ئەندىشىگە چۈشتى.

قاراقاپلان بەگ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىز ئەھلى مۇسۇلمان، لېكىن ئاتا ـ بوۋىمىزدىن قالغان ئۇدۇم بويىچە، بىزنىڭ تۇپراققا قەدەم باسقان، تۇزىمىزغا ئېغىز تەگكەنلەرنىڭ قىياپەت ـ بەشىرىسىنى كۆرمىسەك، بەرگەن تۇزىمىزنى هارام دەپ بىلىمىز. بىز مېھماننى كۆرۈپ بىلىمىز، مېھمانمۇ بىزنى كۆرۈپ بىلىدۇ.

غېرىب جامائەتكە قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بېرىپ دېدى:

— مېنىڭ ئېتىم قاسىمتاي، بۇ مېنىڭ ئانام خەلىچخان، — غېرىب تونۇشتۇرغاندا نىگارئايىم يۈزىنى ئېچىپ خالايىققا باش ئېگىپ سالام بەردى، سەنەممۇ ئۆزىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغاندا خۇددى شۇنداق قىلدى.

— ئاۋۇ مېنىڭ ئايالىم سائادەتخان، بۇ مېنىڭ سىڭلىم گۈلجامال. بىزنىڭ يۇرتىمىز ئوغۇزساقتا كەلكۈن كېلىپ، ئۆي ـ يەرلىرىمىزنى يۇتۇپ كەتكەچكە، ئالتۇنتاغدىكى تاغاملارنى پاناھ تارتىپ كېتىۋاتىمىز.

سەنەمنىڭ جامالىنى كۆرۈپ، بارلىق توي ئەھلى — قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئايال ھەممىسى ئىچىگە تارتىپ، ئاغزىلىرىنى كاماردەك ئېچىپ ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى. ھەممىدىن بەك ھەيران قالغىنى قاراقاپلان بەگ بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدىكى گۆش كېسىدىغان خەنجەر چۈشۈپ كەتتى. سەنەم دەرھال يۈزىنى يېپىۋالدى.

قۇرۇق تاغ ئارىسىدىكى يول بويى. شاۋازنىڭ بەزمە ـ مەشرىپى قىزىماقتا. سايغا سېلىنغان ئاق كىگىز، تاۋار



www.uyghurkitap.com

كۆرپىلەردە ئولتۇرۇپ داستىخاندىكى كاتتا نازۇنېمەت، گۆش ـ كاۋاپلارنى يەپ، قىمىز ـ شارابلارنى ئىچىشىپ، شىركەيپ بولغان شاۋاز بىلەن زەيىنىدىن بومىيانى چىلىم تارتىشىپ، پەي ياستۇقلارغا يۆلىنىپ يانپاشلاپ يېتىپ ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ نازۇكەرەشمىلىك ئۇسسۇلىنى كۆرمەكتە. باشقا ئەمىر، ۋەزىرلەرمۇ گۆش ـ كاۋاپلارنى ئۆزئارا زورلاپ يېيىشىپ، شاراب ـ قىمىزلارنى خۇشال ـ خۇرام بىر ـ بىرىگە تەڭلىشىپ ئىچىشمەكتە. سايدا تەرەپ ـ تەرەپلەرگە داش قازانلار ئېسىلىپ، گۆش، پولۇ، مانتا پىشۇرۇلماقتا. ئاشپەز ـ چاكارلار كاۋاپدانلاردا زىخ كاۋاپلارنى، گۇلخانلاردا پۈتۈن كاۋاپلارنى ئالدىراش پىشۇرۇپ، ئەمىر، ۋەزىرلەرنىڭ سورۇنىغا ھەم لەشكەرلەرنىڭ داستىخىنىغا توشۇپ ئۈلگۈرتەلمەي چېپىپ يۈرۈشەتتى.

شاۋاز ئەدەپ سوراپ سورۇندىن يىراققا — بىر قورام تاشنىڭ دالدىسىغا باردى. ئۇ سايىدەك ئەگىشىپ بارغان ئىشىكئاغىسى ئابلىز شەيتانغا دېدى:

— سەن ھازىرلا چاپارمەن ماڭدۇر. بارلىق زەرگەر، تۆمۈرچى ئۇستىلارنى يىغىپ، ئەسلىدىكىدىن قىلچە چانمىغۇدەك خان تاجى بىلەن ئالتۇن شەمشەر سوقتۇرۇپ ئەتە سەھەرگىچە تەييار قىلسۇن! ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈڭ بار، چاپسان ماڭ.

ئابلىز شەيتان بىرنېمىلەرنى دېمەكچى بولۇپ:

— قاراقچىلاردىن ... ئابدۇللا جانابلىرى ... — دېيىشىگە شاۋاز:

— ساقلىمىنى غىرىچلىما، يارىماس ئوغلۇمنى ئۆزۈم بىلىمەن، — دەپ گېپىنى بۆلدى.

— خوپ، بىلدىم، — دەپ يۈرۈپ كەتتى ئابلىز شەيتان.

پەزىلەتخانلار چاكار ـ دېدەكلىرى بىلەن مەپىلىك توغراقلىق دەريا بويىدىكى مەھەللىگە يېتىپ كەلدى. بويى ئېغىرلاشقان ھۆربانۇ، ئايشە، مۆمىن باي ۋە باشقا چاكار ـ دېدەكلەر پەزىلەتخانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ قارىلىق كىيىم كىيىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ يىغا ـ زار قىلىشىپ كېتىشتى.

www.uyghurkitap.com

هۆربانۇ پەزىلەتخاننى قۇچاقلاپ يىغلاپ نالە قىلدى:

— قازا يەتتىمۇ ... ئانىجان ... ۋاي ئانىجان!

— مۇرەببىمدىن ئايرىلغان بولسامۇ ... ئۇنىڭ، قىزىمىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ... سىلىنىڭ باشلىرىغا قارا كۆلپەتنى سالغان مۇناپىقتىن ئەنتىمنى ئېلىپ كەلدىم، قىزىم ... ئەمدى ئۆلسەممۇ كۆزۈم ئوچۇق كەتمەيدىغان بولدۇم... مۇشۇ پۇرسەتلەرنى بەرگەن ئۇلۇغ ئاللاھقا يۈزمىڭ شۈكۈر! — پەزىلەتخان ئانا شۇنداق دەپ رومىلى بىلەن هۆربانۇنىڭ يېشىنى سۈرتتى.

ئايشە پەزىلەتخاننىڭ گەپلىرىدىن ۋەلى باينىڭ تەقدىرىنى قىياس قىلىپ ئۆلگۈردى.

— مەن بارسام ئۇ لەنتى مۇرەببىيم تۇراخۇن هاجىمنىڭ جېنىنى ئاپتىكەن، مەنمۇ ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويدۇم. قاغا - قۇزغۇنلار يەپ، ئۇستىخانلىرىنى بۆرە چايناپ پۈركىدى هەرقاچان... — دەپ پەزىلەتخان بولغان ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى.

— ئەمسە بىزنىڭ بۇ يەردىن كەتمىگىمىز لازىمدۇر پەزىلەتخان، — دېدى ئايشە، ئاندىن بىرئاز تۇرۇۋېلىپ هازىرچە مۇشۇ يەردە تۇرۇۋەرسە بولىدىغانلىقىنى، قالغان ئىشلارنى كېيىنچە ئويلىشىپ بىر ئىش قىلسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدا قېرى تۆمۈرچى شاگىرتلىرى بىلەن كېسەك ئالتۇننى ئوتتا ئېرىتىپ ئۇزۇن شەمشەر قېلىپىغا قۇيماقتا، بىر توپ لەشكەر ئۇلارنىڭ بېشىدا سۈر - هەيۋە بىلەن تۇراتتى.

زەرگەرخانىدا قېرى زەرگەر بىلەن شاگىرتلىرى خان تاجىغا ياقۇت هەم جاۋاھىراتلارنى پەم بىلەن بېكىتمەكتە.

خان لەشكەرلىرى بولسا تاغ تۇرادىكى بوش قالغان گەمە ۋە قورۇق كەپىلەرنى تىنتىپ ئاختۇرماقتا. گەمىدە پاخال، بورىلار چېچىلغان، تامغا ياغلىق قاپاق ئېسىلغان، قورۇق ئوچاقتىن كۆل

توزۇپ تۇراتتى. ئابدۇللا شاتىرى يىراقتىكى قارىغاي بىلەن قاپلانغان تاغلارغا قاراپ ئېغىنىي خەپلەپ ئىزىدا تېپىرلاپ تۇرالمايۋاتقاندا، قادىر سەرۋاز كېلىپ مەلۇم قىلدى:

— سەردار جانابلىرى، ئەسكى كەپە بىلەن قورۇق گەمە قاپتۇ. ھېچبىر ئىنس - جىن يوقكەن.

ئابدۇللا شاتىرى غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— تاغمۇتاغ ئىزىغا چۈشۈپ قوغلاڭلار! بۇ سېسىق ئۆۋنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى كۆككە سورۇڭلار!

— خوپ، سەردار جانابلىرى، — دېدى قادىر سەرۋاز.

لەشكەرلەر ياغاچ كەپە، پاخال تاشلانغان گەمىلەرگە ئوت قويدى.

ئەمدى غېرىبلاردىن سۆز ئاچايلى. گۈزەل يايلاقتا بولۇۋاتقان تويدا قاراقاپلان بەگ غېرىبنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ ئۇنىڭغا توختىماي قىمىزنى زورلاپ ئىچكۈزگەچ دېدى:

— سىنىڭ پۇتۇڭنىڭ ئازراق دەردى بارمۇ، بالامىوي؟ سەل سۆرەيدىكەنسەن.

— ھەئە، كىچىكىمدە تام بېسىۋالغان، — دەپ جاۋاب بەردى غېرىب.

— ئاسماندىكى ئايدەك گۈزەل قىز سەندەك ئاقساپ ماڭىدىغان تۇكۇر يىگىتكە تېگىپتۇ، كۆرمەمدىغان ما ئىشنى، — دېدى قاراقاپلان بەگ.

— گەپ پۇتتا ئەمەس ئاقساقال، ماغدۇردا.

غېرىبنىڭ گەپلىرىدىن ئولتۇرغان ھەممە پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ھا ... ھا ... ھا ... گېپىڭ يوغانغۇ سىنىڭ ... ئېتىڭ نېمىدى؟ — قاراقاپلان بەگمۇ كۈلكىسىنى تەستە توختىتىپ سورىغىدى، غېرىب جاۋاب بەرگۈچە مۇسا تورپاق:

— قاسىمتاي! — دەپ ۋارقىرىدى. قاراقاپلان بەگ يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— قاسىمتاي ... يوغان گەپ قىلغىنىڭ بىلەن جايىدا گەپ قىلدىڭ. بىز تاغلىقلارنىڭ گېپى ئوچۇق... مانا مۇشۇ يايلاقتەك، يايلاقنىڭ ئاسمىنىدەك باغرىمىزدا بارنىڭ ھەممىسى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. كۆڭلۈمگە كەلگەن گەپنى ساڭا ئوچۇق دەۋېرەي. راست گەپ قىلسام خوتۇنۇڭنى بىر كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭ گۈزەل جامالىغا كۆيۈپ قالدىم ...

قاراقاپلان بەگنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چۈشۈپ بولغىچە غېرىب يېنىدىن قىلىچىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ كېكىردىكىگە تىرەپ تۇرۇپ دېدى:

— تاغلىقلارنىڭ ئىمانى سۇس كېلىدۇ دەپ ئاڭلايتتىم، راست ئىمانسىز كەنلا، قەبىلە باشلىقى. ئاتا ئورنىدا كۆرۈپ گەپلىرىنى ئاڭلىمىغان بولاي، بولمىسا قارنىلىرىنى چۇۋۇپ تاشلايتتىم.

ئولتۇرغانلار ھەم قەبىلە باشلىقىنىڭ قورۇقچىلىرىمۇ قىلىچ - نەيزىلىرىنى غېرىبقا تىرەپ تۇردى. قاراقاپلان بەگ قاقاقلاپ كۈلۈپ، غېرىبنىڭ قىلىچىنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن يانغا ئىتتەردى. يىراقتا ئاياللار سورۇنىدا ئولتۇرغان سەنەم بىلەن نىگارئايىممۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. قاراقاپلان بەگ يەنە دېدى:

— راست، ئاقساق بولغىنىڭ بىلەن ئەركەك تۈكۈڭ بار ئىكەن، جىگىرىڭ بار ئىكەن، ئاقساق تۇرۇپ تىغدەك جېنىڭنى تىكمۇۋاتىسەن. شەھەرلىكلەر زىل، خوتۇن مىجەز كېلىدىغان، سەن تاغلىقلارغا ئوخشايدىغاندەك تۇرىسەن. مۇنداق ئويلاۋاتىمەن: ئاتمىشقا يېقىنلاپ قالدىم، ھازىرغىچە مېنىڭ بېلىمنى ئېگىپ، دولامنى يەرگە تەگكۈزگەن ئەر چىقمىغان، سەن بىلەن بىر بەل تۇتۇشقۇم بار. سەن مېنى باسساڭ قەبىلەمدىكى خالىغان قىزدىن ئوننى تاللىۋال، بىرگە ئون بولسۇن، مەن سېنى باسسام خو ...

غېرىب غىلىپىغا سالغان قىلىچىنى يەنە سۇغۇرۇۋالدى.

— سەن قېرى، قەبىلە باشلىقى بولغىنىڭ بىلەن نىيىتىڭ... بۇپتۇ، گەپىڭنىڭ ئاخىرىنى دېمەي، ئەمما سەنمۇ ... — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

www.uyghurkitap.com

— بولدى، ھېساب... مېنىڭ سەن بىلەن بىر بەل تۇتۇشقۇم بار، مەن باسسامـمۇ، سەن باسساڭمۇ سېنىڭ خالىغىنىڭچە بولسۇن. قەبىلەمگە كەلگەن مېھمانغا نامەردلىك قىلغۇم يوق.

— بولدى ھېساب ! كۆزۈڭگە نېمە كۆرۈنۈپ قالدىم، قەبىلە باشلىقى ؟ — دېدى غىرىب.

نىگارئايىم بىلەن سەنەم ئەنسىرەپ ئالدىغا ئىنتىلدى، ئاياللار ئۇلارنى توسۇۋالدى. ئارىدىن بىر موماي سۆز قىستۇردى:

— قاراقاپلان بەگنىڭ غەلىتە مىجەزى بار. ئۇ يىگىتكە يامانلىق قىلمايدۇ، مەرەز ئەمەس، ئەنسىرىمەڭلار.

نىگارئايىم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئەندىشە بىلەن دېدى:

— قانداق قىلارمەن، ئوغلۇم تېخى يېڭى كېسەلدىن قوپقان. ئۇنىڭ ئۇستىگە قەبىلە باشلىقىڭلار تاغدەك، ئوغلۇم ئۇنىڭ جەينىكىدەك تۇرسا. خۇدايىم، ئوغلۇمنى پاناھىڭدا ساقلىغايسەن !

— ھەببەللى، خۇدا ساقلىسىلا، قارا قاپلان بەگ ھەرقانچە يوغان بولسىمۇ نۇسرەت خۇدانىڭ ئىلكىدە، — دېدى موماي.

ئەمدى شاۋاز تەرەپكە بېرىپ باقايلى. تاغ ئارىسىدىكى يول بويىدا مەشرەپ داۋام قىلماقتا. زەينىدىن بومىيانىنىڭ يىراقتىكى تاغ ئارىسىغا تولا قاراپ كۆزى تېشىلگۇدەك بولدى. ئۇنىڭ ئىچى تىتىلداپ ئولتۇرالماي گېلىنى قىردى. قورۇق يۆتىلىپ، زورۇقۇپ قېقىلىپ كەتتى. بۇنىڭغا ئولتۇرغانلار پەرۋا قىلماستىن ئۆز كېپى، ئۆز ھالى بىلەن بولىۋەردى. شاۋاز ئويغانماي ئۇخلاۋەردى. ئەتراپتىكى ئەمەلدار - بەگلەر مەست - كەيپ بولۇپ، ھەر خىل قىيسىيىشىپ يېتىپ خورەك تارتىشتى. زەينىدىن بومىيانى يۆتەلدى، شاۋاز بىلمىگەن بولۇپ مۆگدەۋەردى. تېرىككەن زەينىدىن بومىيانى چاقىردى:

— ۋەزىرئەزەم، ۋەزىرئەزەم ...

شاۋاز چۆچۈپ ئويغانغان بولۇپ، مەڭدەپ ھەر تەرەپكە ئۆزىنى ئۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، يەنە ئولتۇرۇپ كۆزىنى ئۇۋۇلىدى. بېشىنى سىلكىپ ئەسنەپ، كۆزىنى ئېچىپ چۆچۈپ

سورىدى:

— ئەلچى ھەزرىتىم، كەچۈرگەيلا، كېچىچە يول يۈرۈپ كۆزۈم ئۇيقۇغا ئىلىنىپ قاپتۇ.

— ئۆزلىرىنى كۆپ جاپاغا سالغىنىمدىن ئىنتايىن خىجىلمەن، — دېدى زەينىدىن بومىيانى.

— ئۆزلىرىنى جاپاغا سېلىپ قويغىنىمىزدىن بىز خىجىل بولۇشقا تېگىشلىك، ھەزرىتىم. خىجىل بولىدىغان ئادەم بىز. ئەسلىدە بىز خانلىقتىن يۈز ئۆرگەن تاغ قاراقچىلىرىنى ئوبدان ئەدەپلەپ، ئۇلارنى تاغقا بۇنداق ئەركىن ـ ئازادە قويۇپ بېرىپ ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋېلىشىغا، خانلىقنى قالايمىقان قىلىشىغا يول بەرمەسلىكىمىز كېرەك ئىدى، — دېدى شاۋاز.

— ئالىيلىرى، سەردارىمىز سەھەردىلا قاراقچىلارنى قوغلاپ كەتكەن، كەچ بوپتۇ، ھېچ قارىسى كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دېدى زەينىدىن بومىيانى.

— تاغلار ئېگىز، يول يامان، تەقسىر. ھەرقاچان قاراقچىلارنى قوغلاپ تاغمۇتاغ يۈرگەندۇ. خاتىرىلىرىنى جەم قىلغايلا، قايتىپ كېلىدۇ، — دېدى شاۋاز.

— بۇ ئاي دالادا ئۇزاق تۇرمىسام بولاتتى، ئالىيلىرى. سۇلتان ئالىيلىرىغا ۋاقتىدا خوش خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ تەقەززا ھەم تەشنالىقتىن ئۆرتەنگەن قەلبىگە شىپالىق سالاملىرىنى ۋاقتىدا يەتكۈزسەم ھەر ئىككى ئەل ئۈچۈن ئەمىنلىك بولاتتى، — دېدى زەينىدىن بومىيانى.

— ئۆزلىرى ئۈچۈن كاتتا چېدىر تىكتۈرۈپ قويدۇم. كىرىپ بىرەر ـ يېرىم دەم ئۇخلىغايلا.

— كەچ بولسىمۇ، بىردەم ئات مىنىپ شىكار قىلسام، ئىچىمدىكى ۋەسۋەسە بېسىلامدىكىن دەيمەن، — دېدى زەينىدىن بومىيانى.

— ئىنتايىن بەلەن گەپ قىلدىلا، تەقسىر. تاغلىرىمىزدا ئوۋ تولا. بەھۇزۇر شىكار قىلغايلا. كېلىڭلار، ھەزرىتىمگە ئېسىل

www.uyghurkitap.com

قورالـلاردىن تەقلـەپ، ئالغـۇر بـۇركۇت، قارچـىغا تـەيـيـارلاپ، شىكـارنىڭ ھۇزۇرىـنى سۈرگۈزۈپ، شـىكەسـتـىلەنگـەن دىلـىغا ئارامـلـىـق بېرىـڭـلار. شىكـار ئـارقىلـىـق خۇشاللـىـق تاپـسۇن. ئارغـىماقىقا مـىندۈرۈپ تـاغـلىرىـمـىزدا ئوبـدان ئـوۋ تاماشـاسـى قىلدۇرۇڭلار، — دېدى شاۋاز.

— خوپ، ئالىيلىرى، — قۇللۇق بىلدۇردى ياساۋۇل.

— ئىنتايـىن ئۆزرىلـىكمەن، جـانابلـىرى، ئەسلـىـدە مېنـىـڭ سىلىگە مـىـڭ مەرتەم ھەمـراھ بولۇپ شـىكار قىلـغۇم بار ئىـدى. كېچىچە ئۇخلىماي، ئەنسىز سەپەر قىلىپ ھاردۇق يېتىپ قاپتـۇ. بىردەم كۆزۈمنىڭ ئاچچـىقىنى چـىقىرىـۋېلىپ، بـەزى ئىشلارنـى كۆڭلۈمدە مولجاللاپ، ئۇلارنى قـايسى يولـغا سېلـىشنى دىلـىمغا پۈكۈۋالاي. ئىشلارنى يـالغـۇز يېتىپ ئۇخلىغاندەك ھالەتتە ئوبدان دىتلايمەن، — دېدى شاۋاز.

— ھەممەتـلـىرىگـە ھەشقالـلا، ھەزرەتلـىـرى ھەر ئىككىمـىـز دىلىمىزغا سىغقاننى قىلىپ ئۆز ھالىمىزنى تەڭشىگەيمىز.

زەيـنىـدىن بـومـيانى شـۇنداق دەپ ئورنـىـدىن تۇرۇپ شـاۋازغـا تەزىـم قىلدى، شـاۋازمۇ ئورنـىـدىن تۇرۇپ ئـۇنـى ئەدەپ بىـلـەن ئۇزاتتـى. زەيىنىدـىن بومىيانـى نۆكەرلەر تـوقۇپ كەلگـەن ئېسـىـل ئارغىماقىقا ياش بالىلاردەك چاققانلىق بىلەن سەكرەپ مىندى. ئات ئۇستـىـدە ئۆزىـنـى ئوڭشاپ، مـۇلازىمنـىـڭ قولـىـدىـن ئوقيـا ھـەم ساداقـنى يۇلـۇپ دېگۈدەك ئېلـىـپ، ئاتـنـى قاتتـىـق قامچـىـلاپ چاپـتۇرۇپ كـەتتـى. ئۇنىڭ ئـارقـىسـىـدىن بىر تـوپ لەشكـەر ئـات سېلىپ ئەگەشتى.

ئەمدى يايلاقـقـا كېلەيـلى. تاغدەك بـەستلـىـك، دېۋىدەك يوغـان قاراقـاپلان بىـلـەن غـېرىـب بـەل تـۇتۇشـۇپ ئـۇيـاق - بۇيـاقـقـا ئىتتـىرشـىـپ، سۆرشـىـپ، مۇرىدىشـىپ، بىـر - بىـرىـنـىـڭ بەلۋېغىنـى قوللـىـرىغا ئولـغاپ - تولغـاپ كۈچەپ يۇلـقۇنۇشـتـى. ئىنجىقلاپ بەللىرىـنى ئېگـىشكە، قاتـلاشقا ئۇرۇنـۇپ تۇرتۇشـتـى. قاراقاپلان بەگنىڭ قۇچىقىدا غېرىب كىچىك بالىدەك كۆرۈنـدى.

نىگارئايىم بىلەن سەنەم ئەنسىرەشتىن ئۆلتۈرالماي قالدى. نىگارئايىم ئۆكسۈپ يىغلاپ ئالладىن ئوغلىغا مەدەت ھەم نۇسرەت تىلەپ دۇئا قىلدى، سەنەممۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دۇئا قىلدى. كىچىككىنە گۈلجامالمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ دۇئا قىلدى. مومايلار، ياش خوتۇن ـ قىزلارمۇ ئىختىيارسىز دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ نېمە دېيىشلىرىنى بىلىشمەي بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— ئۇلۇغ تەڭرىم، غېرىبجان ئاكامغا مەدەت، كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىپ، بۇ تاغدەك ئادەمنى يىقىتىپ بەرگەيسەن، — دەپ دۇئا قىلدى گۈلجامال.

دۇئاغا قول كۆتۈرگەن ئاياللار قوللىرىنى تاشلاپ كۈلۈشتى.

قارا قاپلان بەگ بىلەن غېرىب بىردىنلا توختاشتى.

— ئوھوي، بالام قاسىمتاي، قىمىزنىڭ كەيپىدە كۆزۈمگە نېمە كۆرۈندىڭ سەن؟ تۆل خوتۇننىڭ بىر بوغۇم سۈپۈرگىسىدەك تۇرسەنا! سەن بىلەن نېمىدەپ بەل تۇتۇشقاندىمەن؟ — دېدى قاراقاپلان بەگ.

غېرىبمۇ ئويلىغانلىرىنى ئېيتتى:

— پۇشايمان قىلغان بولسىلا بولدى قىلامدۇق؟ مەن ئۆزلىرىنىڭ بەل تۇتۇشۇپ چېلىشقۇدەك خىللىرى ئەمەس، يۇرتقا پاتماي قاڭقىپ چىققان مۇساپىرمەن. مېنى يىقىتسىلىمۇ بەرىبىر زور شان ـ شەرەپكە مۇيەسسەر بولالمايدىلا، خەق كۆڭلىدە ئەمىسە سىلىنى بۇنچىلىك بالىنى باسالماپتى دەيدۇ.

— ھەر ئىككىمىز ئانىمىز شۇمەك سالغان ئەركەكلەردىن بولغاندىكىن، گېپىمىزدىن يانمايلى. بولمىسا ئەل ـ جامائەت ئارىسىدا كۈلكىگە قالىمىز، سېنى ئاتسام تېخى بولمايدۇ، ئاتمىسام تېخى. ئەمما، سېنى بىر يېرىڭنى ئاغرىتماي پەم بىلەن يىقىتاي، خاتىرجەم بول، سېنىڭ ئەنسىرىگەن نەرسەڭنى تالاشمايمەن.

قاراقاپلان بەگ شۇنداق دەپ غېرىبقا قۇچىقىنى ئېچىپ

ئۆزىنى قۇچاقلاپ بەلۋېغىدىن تۇتۇشقا ئىشارەت قىلدى. غېرىب ئەيمىنىپ، تەستە قاراقاپلان بەگنىڭ بېلىدىن، بەلۋېغىدىن تۇتتى، كىچىك بالا يوغان دەرەخكە غۇلاچ يايغاندەك بولدى. قاراقاپلان بەگ شۇئان غېرىبنى بەلۋېغىدىن تۇتۇپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ پىرقىرىتىشقا باشلىدى. غېرىب بېلىقتەك پىلتىڭلاپ قالدى. سورۇندا كۈلكە - چۇقان كۆتۈرۈلدى. يىگىتلەر بۆكلىرىنى ئاسمانغا ئېتىپ، ئاسمانغا توپا چېچىپ، ئىسقىرتىپ ئۇشقىرتتى. خالايىق ئارىسىدىن چۇقان كۆتۈرۈلۈپ ۋارقىراش - جارقىراش پەللىگە چىقتى:

— يەرگە باس ... باسە قاراقاپلان بەگ ... بېشىڭغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ يەرگە باس ! چاپلىۋەت، يەرگە چاپلىۋەت !

قاراقاپلان بەگ بىردەم ئايلانغاندىن كېيىن، قىممىزنىڭ كەيپىدىن بېشى قېيىپ پۈتى سەل كالامپايلىشىپ، ئىزىدا ئازراق تۇرۇۋېلىپ غېرىبنى يەرگە تاشلىدى. غېرىب يەرگە يىقىلماي مىختەك دەسسەپ چۈشتى - دە، قاراقاپلان بەگ يوغان گەۋدىسىنى ئوڭشاپ بولغۇچە ئۇنىڭ بوينىغا گىرە، پۇتىغا چىرماق سېلىپ چىرمىشىۋالدى. بىراق، قارا قاپلان بەگ كۈچلۈك قوللىرىدا غېرىبنىڭ گەۋدىسىنى سۆرەپ، بېلىنى ئۆزىگە چاپلاپ ئېگىپ غىرىسلىتىۋەتتى. غېرىب ئۇنى گېلىغا جەينىكىنى تىرەپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويدى. قاراقاپلان بەگ تىنالماي غېرىبنىڭ قولىنى بوشىتىش ئۈچۈن بېلىنى قويۇۋەتكەندە، غېرىب ئۇنى يانپاشقا ئېلىپ بوينىنى قايرىدى. كۈتمىگەن يەردىن قاراقاپلان بەگ يوغان دەرەخ ئۆرۈلگەندەك ئوڭدا يىقىلدى، غېرىب ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشتى.

سورۇن سۈرلۈك جىمجىتلىققا چۆكتى. تازا سەكرىشىۋاتقانلار داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ھەيرانلىقتىن ئۆرە تۇرغانلار شۈكلەپ ئىزىغا ئولتۇرۇپ قالدى. ئولتۇرغانلار ئىختىيارسىز ئاغزىنى، ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. گۈلجامال ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ چاۋاك چالدى.

www.uyghurkitap.com

ــــ هوي ... هوي ... ئاكام يەڭدى.

نىگارئايىم بىلەن سەنەمنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ چىھرىدە مەمنۇنىيەت كۇلكىسى جىلۋىلەندى.

قاتمۇقات تاغ ئارىسى. مەشئەل كۆتۈرگەن ساناقسىز ئاتلىق، پىيادە خان لەشكەرلىرى تاغ ئارىسىدا هارغان ـ ئاچقان، سالپايغان هالدا چۇمۇلىدەك مىدىرلىشىپ يۈرەتتى. هارغىنلىق، ئاچلىقتىن سالپىيىپ كەتكەن ئابدۇللا شاتىرى ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ نۆكىرى بەرگەن قۇرۇق ناننى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى ـ دە، چايناپ يۇتۇشقا ئالدىراپ يۇتالماي قىقىلىپ، يۆتىلىپ تولۇق چاينالمىغان ناننى پۇرقۇۋەتتى. نۆكەر دەرهال تۇلۇمنى ئاغزىنى ئېچىپ تەڭلىدى. ئابدۇللا شاتىرى تۇلۇمدىن غورتۇلدىتىپ سۇ ئىچتى، جاۋغىيىدىن ئاققان سۇنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن سۇرتۇپ، ئۆزىچە قاقشىدى:

ــــ جىنىدىن كەچكەن ئوغرىلار، نوچى بولساڭ مەيدانغا چىقىشمامسەن، جىن ـ شاياتۇنلاردەك كامار ـ كامارغا كىرىۋالماي ... قىلىقلىرىڭنىڭ مەستۇرە خوتۇنلارنىڭكىدىن نىمە پەرقى؟ پەرەنجىگە ئورىنىۋالغان بۇۋىملەرگە ئوخشاپ قىلىشتىڭ. چىقىشمامسەن، چىقە بۇياققا، بىز بىلەن يۈزمۇيۈز تۇتۇشمامسەن؟ سەنلەرنىڭ نەرىڭنى ئەركەك دېگىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇش قىلىمەن دېگۈچە هەممىڭ بېشىڭغا خوتۇن خەقنىڭ رومىلىنى سېلىۋېلىش...

بۇ چاغدا شاۋاز خاس چېدىرىدا جىممىدە كۆزىنى يۇمۇپ چىلىم تارتىپ يانپاشلاپ ياتاتتى. چېدىرغا قارا تەرگە چۆمگەن ئابلىز شەيتان كىرىپ دېدى:

ــــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەزىرئەزەم، سىلى بۇيرۇغان مەخپىي ئىشنى كەم ـ كۇتىسىز دېگەن قەرەللىرىدە پۇتكۇزدۇم. ئاندىن كۆزۈمنى ئۇيقۇدىن، قارنىمنى غىزادىن تەرك قىلىپ بىر كۈن تىنماستىن يول يۈرۈپ يانلىرىغا ئۇندۇم، ئالىيلىرى.

شاۋاز كۆزىنى پاللىدە ئېچىپ يەنە سورىدى:

— ھېلىقى نەرسىلەرنى پۈتتۈردۈڭمۇ؟
— شۇنداق ئالىيلىرى، پۈتتۈردۈم. ئەسلىدىكىدىن قىلچە پەرقى يوق، چانمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئابلىز شەيتان.
— ئاچە، مەن بىر كۆرەي.
— مانا، ھەزرىتىم.
ئابلىز شەيتان يوغان قىل خۇرجۇننىڭ ئىزمىسىنى ئېچىپ، بىر تەرىپىدىن چۆرىلىرى تىۋىتلىق ئاق يىپەككە ئورالغان ئالتۇن شەمشەرنى چىقاردى. شەمشەرنىڭ غىلاپىغىمۇ ياقۇت كۆزلەر قويۇلغانىدى. ئاندىن خۇرجۇننىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن ۋالىلداپ تۇرغان خان تاجىنى ئالدى. شاۋاز تەقەززالىق بىلەن خان تاجىدىكى لەئەل - ياقۇت، جاۋاھىرات، زۇمرەت تاشلارنى، ئالتۇن شەمشەرنىڭ دەستىسىدىكى ياقۇت كۆزلەرنى كۆرۈپ، خۇشاللىقتىن كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.
— يا ئاللا، خۇداغا يۈزمىڭ رەھمەت. ئاللاغا ئەرزىگۈدەك قىلغان - ئەتكەنلىرىم باركەن. مېنى رەسۋاچىلىقتىن، خانىدانلىقىمنى ۋەيرانچىلىقتىن، پۇقرالىرىمنى ئۇرۇش سەرسانچىلىقىدىن ساقلايدىغان بۇ قىممەتلىك شاھانە سوۋغات ئۈچۈن ئاللاغا يۈزمىڭ مەرتەم شۈكۈر. سەن مۇشۇ بىر قېتىم دېگەن ئىشىمنى كۆڭۈلدىكىدەك پۈتكۈزۈپ مېنى خۇش قىلدىڭ، — دېدى شاۋاز ئابلىز شەيتانغا.
تاغ ئارىسى. خان لەشكەرلىرى يەنىلا مەشئەل كۆتۈرۈپ تاغنىڭ ھەممە يېرىدە ئىمىسقلاپ يۈرمەكتە. ئابدۇللا شاتىرى گۈلخاننىڭ يورۇقىدا تونىنى يېپىپ ئۇخلاۋاتاتتى، قاراۋۇللار ئەتراپىدا كۆزىتىپ تۇراتتى. ئابلىز شەيتان كېلىپ ئاتتىن چۈشۈشكە تەمشەلگەندە، قاراۋۇللار ئۇنى تونۇماستىن قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ قورشاپ كېلىپ قىلىچ ئۇردى. ئابلىز شەيتان چاققان كېلىپ قىلىچ بىلەن ئۇلارنىڭ قىلىچىنى توسۇپ تۇرۇپ ۋارقىراپ ئىسمىنى مەلۇم قىلدى. قاراۋۇللار دەرھال كەينىگە يېنىشتى. ئۇ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئابدۇللا

www.uyghurkitap.com

شاتىرىغا تەزىم قىلدى، ئاندىن ئېڭىشىپ قولىقىغا پىچىرلىدى. ئابدۇللا شاتىرى كۆزىنى لاپپىدە ئېچىپ ئىزىدا ئولتۇردى.

ئابلىز شەيتان ئاتنىڭ ئۈستىدىن قىل خۇرجۇننى ئەكىلىپ ئابدۇللا شاتىرىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— نېمە بۇ؟ ماڭا نېمە ئەكەلدىڭ؟ — سورىدى ئابدۇللا شاتىرى.

ئابلىز شەيتان ئاستاغىنا ئابدۇللا شاتىرىنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى، ئابدۇللا شاتىرى بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ، ئويلىنىپ قالدى.

— كۆرۈپ باقسىلا، بۇ يەردە جان قىيناپ نېمە قىلىلا؟ ئۇلار يا سىلى بىلەن جەڭگە چۈشەلمىسە، — دېدى ئابلىز شەيتان.

ئابدۇللا شاتىرى قىن ـ قىنىغا سىغمىغان ھالدا ئالدىراپ قىل خۇرجۇننىڭ ئاغزىنى ئاچتى.

زەينىدىن بومىيانى خاس چېدىرىدا تاۋار يوتقاننى يېپىنىپ ئۇخلاۋاتاتتى. پاسار بەگ جىددىي كىرىپ ئۇنى ئويغاتتى. زەينىدىن بومىيانى كۆزىنى ئېچىپلا سورىدى:

— خان تاجى بىلەن ئالتۇن شەمشەردىن خەۋەر بارمۇ؟ ئۇلار قاراقچىلارنى يېڭىپتىمۇ ياكى مەڭلىك غىياستەك رەسۋايى ئەزەم بولۇپ قېچىپ تىرىپىرەن بوپتىمۇ؟ خان تاجى بىلەن ئالتۇن شەمشەر قېنى؟ ئابدۇللا شاتىرى كەلدىمۇ؟

پاسار بەگ جاۋاب بېرىپ ئۇلارنىڭ تېخى كەلمىگەنلىكىنى، سۇلتان ئالىيلىرىدىن چاپارمەن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— قېنى؟ — سورىدى زەينىدىن بومىيانى.

— ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرىدۇ.

زەينىدىن بومىيانى پاسار بەگكە ئۇلارنى باشلاپ كىرىشنى ئېيتتى.

تاغ ئارىسىدىكى چېدىر ئالدى. شاۋاز چېدىر ئالدىدا قولىنى كەينىگە تۇتۇپ تۇراتتى. ئابدۇللا شاتىرى ئېتىنى ئاستا ماڭدۇرۇپ مەيۈسلەنگەن، تېرىككىنىدىن كۆزلىرى ياش يۇقى ھەم قىزارغان، مەغرۇرلۇقىدىن ئەسەر يوق، سالپايغان ھالدا ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئاتتىن چۈشۈپ سالام بەردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئاتا، تۇزكور ئوغرىلار قايسى پاقىنىڭ كامپىرىغا كىرىۋالدىكىن؟

— ئۇلار قەيەرگە كىرىۋېلىشىدىن قەتئىينەزەر، قىممەتلىك شاھانە سوۋغاتنى قايتۇرۇپ كەلگىنىڭنىڭ ئۆزى كارامەت زور غەلىبە بولدى، — دېدى شاۋاز.

— مېنى ماختىمىغان بولسىلا، ئاتا، بۇنداق ماختىسىلا مەن ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالمايدىكەنمەن، — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

— دائىم مەندىن قۇسۇر ئىزدەيلا، قىلغان ئىشىمنى ياراتمايلا دەپ ئاغرىناتتىڭغۇ، ئوغلۇم. كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. ئۇ ناكەسلەرنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوق قىلىشنىڭ ۋاقىت ـ سائىتى تېخى كەلمىدى. ئاتاڭ ھايات بولسىلا ئۇ كۇنلەرمۇ كېلىپ قالار.

— ئاتا، مېنى بۇنداق ...

— ياق ... ياق ... ئوغلۇم، سەن ماڭا چۈشەندۇرمەن دېمە، ئىشلارنى كەينىگە سۆرەۋەرسەك بىزگە پايدىسى يوق. ھېلىمۇ جىق سۆرىلىپ كەتتى. بىز ئىشلارنى ئالدىمىزغا سېلىۋالمىساق ئىشلار بىزنى بۇنداق ئالدىغا سېلىۋالسا ئۇلگۇرۇپ بولالمايمىز، ئىش سۆرەلگەنچە مېزى چۈۋۈلۈپ چىقىدىغان گەپ.

شۇ ئارىدا نۆكەر كېلىپ باش ئەلچى زەيىنىدىن بومىيانى ھەزرەتلىرىنىڭ شاۋاز ۋەزىر بىلەن جىددىي كۆرۈشكىلى كېلىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. شاۋاز ئۇنىڭغا زەيىنىدىن بومىيانىنى چېدىرغا باشلاشنى بۇيرۇدى.

چېدىر ئىچىدە زەيىنىدىن بومىيانى جىددىي ھالەتتە

سۆزلىمەكتە:

— سۇلتانىمىزدىن چاپارمەن كەلدى، مەكتۇپ ئەۋەتىپتۇ. تۈي ۋاقتىنى جىددىي ئالدىغا سۈرۈشنى، بۇغداي ئورۇمىدىن بۇرۇن تويىنى قىلىپ ئىشلارنى تۈگىتىشىمىزنى ئالاھىدە تىلغا ئاپتۇ. سىلەرگە شەھىرى بەلخنى مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە غەزنەۋىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشىڭلار كېرەكلىكىنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى، چاپارمەن كەلگەن هامان مېنىڭ شۇ دەقىقىدە يولغا چىقىشىمنى بۇيرۇپتۇ. شۇڭا، پېقىرنىڭ مۇشۇ مىنۇتتا هايالشىماي سەپەرگە ئاتلانمىقىم پەرز نامازدەك مۇهىم بولۇپ قالدى. جانابىي ۋەزىرئەزەم، ئۆزلىرىنىڭ مېنى مۇشۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە ئۇزىتىپ قويۇشلىرىنى ئالاھىدە ئىلتىجا قىلىمەن. هازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئاتلىنىپ يولغا چىقماقچىمەن. قاراقچىلار بۇلاپ كەتكەن قىممەتلىك شاھانە سوۋغاتنى قايتۇرۇپ ئالسىلا چاپارمەنلەر ئارقىلىق ئارقامدىن ئەۋەتەلا. مەن ئۆز ئاستانەمگە بارغۇچە يەتكۈزەلمەي قالسىلا ھەقىقىي ئەھۋالنى سۇلتان ئالىيلىرىغا يەتكۈزمەي ئامالىم يوق.

شاۋاز خىرىلداپ كۈلۈپ دېدى:

— يېڭىلىشتىلا، تەقسىر، ئاللا بىزنى ئالدىلىرىدا رەسۋا بولۇشتىن ساقلىدى. بىز قاراقچىلارغا ھەم ھەرقانداق دۈشمەنلىرىمىزگە ئاجىزلىق قىلمايمىز، نۇسرەت ـ ئامەت يەنىلا بىزنى ئەگىپ يۈرىدۇ. بىز ئىككى تال قاراقچى ئالدىدا ئاجىزلىق قىلىپ پۇتۇشكەن ئىشىمىزنى قىلالمىساق، خوتۇنىمىزنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالىساق بولىدۇ. ئەمما، بىز ئۇنداق قىلمايمىز، بىزنىڭ ئەزىمەتلىرىمىز ئالىلىقاچان قاراقچىلارنى تىرىپىرەن قىلىپ بۇلاپ كەتكەن قىممەتلىك سوۋغاتلارنى قايتۇرۇپ كەلدى.

ھەيرانلىقتىن زەيىنىدىن بومياننىڭ كۆزلىرى جامدەك ئېچىلدى:

— ھە ... قايتۇرۇپ كەلدىمۇ؟ نېمىدەپ ماڭا خەۋەر قىلمايدىلا؟

— لەشكەرلەر تېخى بايىلا، سىلى كېلىشتىن سەل بۇرۇن قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزلىرىنىڭ تاتلىق ئۇيقۇلىرىنى بۇزۇشنى راۋا كۆرمىدۇق. سەپەرگە چىقماقچى بولغان ئادەم بامداتقىچە خاتىرجەم ئۇخلاپ، بامدات نامىزدىن كېيىن خۇشال ـ خۇرام يولغا چىقسا، سەپىرى ناھايىتى كۆڭۈللۈك باشلىنىپ، كەچكىچە قانچىلىك يول ماڭغىنىنى، سەپەرنىڭ ئاچچىق ئازابىنى بىلمەي قالار. شۇڭا، ئەتىگەنلىككە خەۋەر قىلايلى دېگەن نىيەتتە ئىدۇق، — دېدى شاۋاز.

زەينىدىن بومىيانى شەيخ جالالىدىننىڭ تۇتۇلغان ـ تۇتۇلمىغانلىقىنى سورىۋىدى، شاۋاز:

— قاراقچىلار ھەممە نەرسىنى تاشلاپ، ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپتۇ، ھەر تەرەپكە پىتىراپ كېتىپتۇ، — دېدى.

— ئەگەر ئۇ شەيخ قولغا چۈشۈپ قالسا، ئۆلتۈرۈشكە ئالدىرىمىغۇلۇق. ئۇ پايدىلىق دۈشمەن ئىكەن. ئۇنىڭدەك ئىستېداتلىق بىر ئۆلىما كىشىنىڭ مەيلى سىلەردە ياكى بىزدە بولسۇن يېتىشىپ چىقمىقى ئاسان ئەمەس. سەركەردە، ئەمىر، ۋەزىرلەرنى يېتىشتۈرمەك ئاسان. ئەمما، بىر ئالىمنى يېتىشتۈرمەك بەسى مۈشكۈل، — دېدى زەينىدىن بومىيانى.

— دېگەنلىرى بەرھەق، شۇڭا بىزنىڭ يىراقنى كۆرەر دانا خانىمىز شەيخ جالالىدىن شۇنچىۋالا ئېغىر گۇناھ قىلسىمۇ، ئۇنى يولۋاسنى تاغقا قويۇپ بەرگەندەك چىرايلىق ھەجگە يولغا سالغان. لېكىن، بۇ تۈزكور شەيخ ئادەمگە كەمدىن ـ كەم نېسىپ بولىدىغان ئالتۇندەك پۇرسەتتىن كېچىپ، ئىززىتىنى بىلمەي تاغدا قارىغۇ چاشقاندەك قېچىپ يۈرۈۋاتىدۇ. بىزنىڭمۇ ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇپ، ھالاك قىلىش نىيىتىمىز يوق. ئەمما، ئۇ ئۆزىنى بىلەلمەستىن خانلىققا قارشى چىقىپ، شاھ ئالىيلىرى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇردى. مانا مۇشۇنداق بىر توپ قاراقچىلارنى ئەگەشتۈرۈپ، بىزنى ئاۋارە قىلىپ يۈرۈۋاتىدۇ، — دېدى شاۋاز.

— قېنى شاھانە سوۋغاتنى كۆرەيچۇ، — دېدى زەيىندىن بومىيانى.

نۆكەر قىل خۇرجۇننى ئەكېلىپ زەيىندىن بومىيانىنىڭ ئالدىغا قويدى. زەيىندىن بومىيانى ئالتۇن تاج بىلەن ئالتۇن شەمشەرنى قولىغا ئېلىپ سىنچىلاپ كۆرۈپ خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ دېدى:

— ئىنشائاللا، خۇداغا يۈزمىڭ قەتلە شۈكۈر. كارامەت قالتىس ئىش بوپتۇ. ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، ھەزرەتلىرى. بۇنداق بولارنى ئويلىماپتىكەنمەن، ئۈمىدىمنى ئۈزگەنىدىم.

— ئالدىراپ ئۈمىدنى ئۈزۈۋەتكەن بىلەن چوڭ ئىشلارغا دەخلى - تەرۇز يېتىدۇ، — دېدى شاۋاز.

— بۇ شاھانە سوۋغاتلار ھېچ يېرى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىماي شۇ پېتى تۇرۇپتۇ، بۇلارنى قايتۇرۇۋېلىشقا كۆزۈم يەتمىگەن، ئۈمىدنى ئۈزگەنىدىم. ئۆزلىرى ناھايىتىمۇ ئىستېداتلىق باتۇر ئوغلان تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپتىلا. باتۇر ئوغۇللىرىدىن پەخىرلەنسىلە، — دېدى زەيىندىن بومىيانى.

— ماختىغانلىرىغا رەھمەت، ھەزرىتىم. بىز ئەزەلدىن پەرزەنتلىرىمىزنى قەلەم ھەم ئەلەمدە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى ئۆزىمىزنىڭ ئاتىلىق پەرز ھەم قەرزىمىز بىلىپ كەلدۇق. مەيلى قەلەمدە بولسۇن ياكى ئەلەمدە بولسۇن، ئۇنى پىشىپ ۋايىغە يەتكۈچە تەربىيىلەپ ئاندىن ئىشقا قويدۇق. باتۇر ئوغۇل ئاتىنىڭ قانىتى ئەمەسمۇ.

شاۋاز بالىسىنى ماختاۋاتقاندا ئابدۇللا شاتىرى كۆزىنى يۇمۇپ ئاسمانغا قارىۋالدى.

زەيىندىن بومىيانى كېلىپ ئابدۇللا شاتىرىنى قۇچاقلاپ دېدى:

— سىلىگە كۆز تەگمىسۇن، باتۇر سەركەردە، ئاللا سىلىگە تېخىمۇ كاتتا نۇسرەتلەرنى ئاتا قىلغاي، ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدىكى قىممەتلىك كۆۋرۈكنى قۇتقۇزۇشتا كاتتا ھىممەت كۆرسەتتىلە. ئۆزلىرىنىڭ شىجائەتلىرى تىللاردا داستان

بولغۇدەك مۆجىزە بولىدى. قاراقچىلارنىڭ خورىكى بەك ئۆسۈپ كېتىپتىكەن، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، خانلىققا زور تۆھپە كۆرسەتتىلە.

— ئەمدى سىلىنى باتۇر ئوغلانىم چېگرىغىچە بىللە ھەمراھ بولۇپ بېرىپ ئۇزىتىپ قويىدۇ، — دېدى شاۋاز.

— خىزىردەك دانىشمەن ئىكەنلا، ۋەزىرىئەزەم، مۇشۇ گەپ تىلىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ ئېيتىشقا تىلىم كۆيۈپ بوغۇزۇمغا يۇتقانىدىم. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، خۇشاللىقتا بېشىم كۆككە تاقىشىپ، يول بويى خاتىرجەم ئۇخلاپ، دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى خاتىرجەم مۇتالىئە قىلىپ ماڭغان بولار ئىدىم. قاراقچىلارنى قوغلاپ، سۈر - توقاي قىلىپ ۋەتۈەرىكىنى چىقىرىۋەتكەن بولسىلىمۇ، ئۇلار يەنە ھايات. ئۇلارنى نومۇسسىزلىقىنى يەنە قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. مانا بەك ئوبدان بولدى. خاتىرجەم ئۇخلاپ بارىدىغان بولدۇم. كۆڭلۈمگە نېمە كەلسە ھەزرەتلىرىنىڭ ئاغزىدىن شۇ چىقىدۇ. ماڭا سىلىدە ئىنسانىنىڭ دىلىنى كۆرەلەيدىغان ئۆتكۈر كۆز باردەك تۇيۇلىدۇ، كەرەملىك ھەزرەت، — دېدى زەينىدىن بومىيانى.

— دەقىقە غەپلەتتە قالساق خانلىق ئىشلىرى ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ، ئەلچى ھەزرەتلىرى، — دېدى شاۋاز.

— ئەگەر خانلىق تىزگىنى ۋەزىرىئەزەمنىڭ قولىدا بولمىغان بولسا، — دەپ ماختىدى زەينىدىن بومىيانى، — ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدا بۈگۈنكىدەك ئىناقلىق، دوستانىلىك بولمىغان بولاتتى. ئىككى نادان ئوتتۇرىسىدا ئىناقلىق بولماس، ئىككى ئاقىل ئوتتۇرىسىدا قىل ئۈزۈلمەس دېگەن مانا شۇ - دە. جانابلىرىنى ئاللا بىزگە ئەۋەتىپتۇ.

— ئۇچۇق - يورۇق، لەۋزى ھالاللىقلىرى ئۈچۈن ھەشقاللا، جانابلىرى، — دېدى شاۋاز.

— رۇخسەت قىلغايلا، سۇلتانىمىزنىڭ پەرمانى بويىچە ھازىرنىڭ ئۆزىدە سەپەرگە ئاتلانمىقىم زۆرۈردۇر. يولغا چىققانى

يولدىن تۇتما دەيدىغان ئاتىلار سۆزى بار. شۇتاپتا، ناھايىتى تېز يول يۈرۈپ بېرىپ بۇ كاتتا يۇرتنىڭ ئەھۋالىنى سۇلتان ئالىيلىرىغا يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇشنى ئويلاپ يۈرىكىم تىنىمسىز سوقماقتا. ھازىرلا سەپەرگە ئاتلىنىشىم كېرەك، ھەزرىتىم، — دېدى زەينىددىن بومىيانى.

— يول ئۇچۇق، سىلىگە ئاقيول تىلەيمىز، تەقسىر. سۇلتان ئالىيلىرىغا يەتكۈزگەيلا، بىز سۇلتانىنىڭ تەلىپىنى بېشىمىز بىلەن مېڭىپ ئورۇنداشقا تەييار. سۇلتان ئالىيلىرى توينىڭ ۋاقتىنى ئېلگىرى سۈرگەن بولسا بەجانىدىل ئورۇندايمىز. سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ شەھىرى بەلخنى بالدۇرراق پەتھى قىلىپ مۇبارەك تۇغىنى ئۇ يەردە جەۋلان قىلدۇرۇش ئارزۇسى بولسا پېقىرنىڭ ئۇنىڭ مۇبارەك ئارزۇسىغا مۇخالىپ ئىش قىلىشقا ھەددىم ئەمەس. بالدۇر بولسىمۇ، كېيىن بولسىمۇ شەھىرى بەلخنى ھامان تاپشۇرىدىغان ئىش بولغاندىكىن، سۇلتان ئالىيلىرى ئۆزى تاللىغان قۇتلۇق كۈنلەردە ئۇ شەھەرنى قولغا ئالسا بولىدۇ. مەن شەھەر ھاكىمىغا سۇلتان ئالىيلىرى پەرمان قىلغان كۈنى ناغرا - سۇناي بىلەن ئالدىغا چىقىپ ئۇنىڭغا شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىنى قوش قوللاپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدا پەرمان يوللايمەن، — دېدى شاۋاز.

— بۇ دانا سالامىلىرىنى سۇلتان ئالىيلىرى ئاڭلايدىغان بولسا چوقۇم خۇش بولىدۇ، خانىدانلىقىڭلاردا جانابلىرىدەك دانا ۋەزىرنىڭ بولغانلىقىدىن سۇلتان ئالىيلىرى ھەيرانۇھەس بولماي قالمايدۇ، — دېدى زەينىددىن بومىيانى.

ئاندىن ئابدۇللا شاتىرنىڭ ئىككى مىڭ كىشىلىك لەشكىرىنىڭ ھىمايىسىدە زەينىددىن بومىيانى ئۆز ئېلىغا قاراپ يولغا چىقتى ...

ھەيۋەتلىك غەزنەۋىلەر ئوردىسىدىكى ئالتۇن كۇرستا ئەللىك بەش ياشلاردىكى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى بېشىغا ئون ئىككى ئىمامىغا خاتىرە قىلىنغان ئون ئىككى يۆگەملىك قارا سەللە



www.uyghurkitap.com

ئورىغان ھالدا سۇر ـ ھەيۋە بىلەن قېتىپ ئولتۇراتتى. سەللىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئالتۇن گىرۋەكلىك تۇخۇمدەك يېشىل گۆھەر ئورنىتىلغانىدى. سۇلتان مەھمۇد چار ھەم قويۇق كالتە ساقاللىرىنى سىلاپ سۇرلۇك چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى.

— ئەلچىلىك ۋاقتىنى ئۇزارتىۋەتكەن بولسىلىمۇ، ئالغان ئولجىلىرى بەسى كۆپ بوپتۇ. بىزنىڭ ئۈچ يۈزمىڭ ئاتلىق بوز يىگىتلىرىمىز قان دەرياسىنى كېچىپ ئالماق بولغان شەھىرى بەلخنى ئۆزلىرى بىر تال يا ئوقى ئاتماي ئېلىپ كەلدىلە. يەنە تېخى قاراخانىيلار مەلىكىسىمۇ بار. ئۆزلىرى غەزنەۋىلەرنىڭ ئون ئىككى ئىمامىنىڭ مۇبارەك شېھىتلىك مۇقامىغا يەتكەن غازى بولۇشقا مۇناسىپ. كېلىڭلار، زەيىنىدىن بومىيانى ھەزرەتلىرىگە شاھانە تون ـ سەرىپاي ئىنئام قىلىنسۇن!

بارلىق ۋەزىر ـ ۋۇزرالار زەيىنىدىن بومىيانىنى قۇتلۇقلىدى. زەيىنىدىن بومىيانى يەرگە يىقىلىپ سۇلتاننىڭ ئايىغىنى سۆيۈپ، ئۇ ئىنئام قىلغان شاھانە توننى كىيىپ، كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى.

گۈزەل يايلاقتىكى توي سورۇنى. قاراقاپلان بەگ يەرگە چۈشكەن تەلپىكىنى ئالماقچى بولۇپ ئېگىلىشتى. غېرىب پۇتىنىڭ ئۇچىدا تۇرغان تەلپەكنى ئېلىپ قاراقاپلان بەگكە تەڭلىدى. قاراقاپلان بەگ تەلپەكنى غېرىبنىڭ قولىدىن يۇلۇپ ئېلىپ، ئۇنىڭغا يەۋېتىدىغاندەك قارىدى.

— خىجىلمەن، ئاقساقال، ئۆزلىرىنى يىقىتالىشىمغا ئىشەنمەيتتىم. ھازىرمۇ ئىشەنمەيۋاتىمەن، سەت بولدى، — دېدى غېرىب.

— سەن بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىشىمەن، — دېدى قاراقاپلان بەگ.

— ياق ...ياق ... بېگىم، مەن قىلىچۋازلىق قىلالمايمەن.

— قىلىسەن، ئاله قىلىچىڭنى!

— بوپتۇ مەن يېڭىلگەن بولاي، — دېدى غېرىب.

— مىنى ھاقارەتلەشكە قانداق پېتىندىڭ؟ ئەگەر يەنە شۇنداق گەپ قىلىدىغان بولساڭ، قارنىڭنى چۇۋۇپ تاشلايمەن.
— قىلىچۋازلىق قىلىمەن، ئەمما ئۆزلىرىنى يەڭمەيمەن.
— ئەگەر مىنى يەڭمەي قەستەن يېڭىلىپ بېرىدىغان بولساڭ، يەنىلا قارنىڭنى چۇۋۇپ تاشلاپ، چىرايلىق خوتۇنۇڭنى توقاللىققا ئالىمەن، — دېدى قاراقاپلان بەگ ھۆرپىيىپ.
— قانداق مۇتتەھەم كىشى سىلى، قانداق قىلسام قۇتۇلىمەن سىلىدىن؟
— مەن بولدى دېگۈچە مىنى يەڭسەڭ، ئاندىن مەندىن قۇتۇلىسەن.
— بولمىسىچۇ؟ — سورىدى غېرىب.
— بولمىسا تاكى مىنى ھەممىدە يەڭگۈچە مېنىڭ قەبىلەمدە تۇرىسەن، — دەپ شەرت قويدى قارا قاپلان بەگ.
— مىنى ئەسىر قىلماقچىمۇ؟
— ياق، سەن ئەسىر ئەمەس، ئەزىز مېھمان، بىزنىڭ قەبىلىنىڭ ئەزىز مېھمىنى.
— ئۇنداق قىلماي مېھمان بولسام بولمامدۇ؟
— ياق، مەن بىلەن ئېلىشمىساڭ سىنى ئەسىرگە ئالىمەن، ئەسىرگە ئالسام خوتۇنۇڭ مېنىڭ بولىدۇ.
قاراقاپلان بەگنىڭ گەپلىرىدىن دەرغەزەپكە كەلگەن سەنەم ئورنىدىن تۇرۇپ ۋارقىرىدى:
— قورقماي مەيدانغا چۇشۇڭ، يېتىمنىڭ ئىگىسى خۇدايىم، مۇتتەھەمنىڭ جاجىسىنى خۇدايىم بېرىدۇ.
سورۇندا چۇقان كۆتۈرۈلدى، ھەممىسى ۋارقىراشتى.
— قارا، خوتۇنۇڭ سەندىن يۈرەكلىككەن، خوتۇنۇڭنىڭ ماڭا كۆڭلى چۈشۈپ قالدىمۇيا؟ — دېدى قاراقاپلان بەگ.
— ئۆزۈڭگە ھېزى بول، ئىززىتىنى بىلمەيدىغان ياۋايى بەگ.
غېرىب قىلىچىنى ئېلىپ قاراقاپلان بەگكە ئېتىلدى، قاراقاپلان بەگمۇ قىلىچىنى ئېلىپ ئۇلگۈردى. ئىككىسى

قىلىچلاشتى. بىرھازا قىلىچلاشقاندىن كېيىن، قاراقاپلان بەگ قاتتىق ئۇرغان قىلىچ بىلەن غېرىبنىڭ قولىدىن قىلىچ ئاجراپ چىقىپ، قاڭقىپ يىراققا ئۇچۇپ كەتتى.
— سەن يەڭدىڭ قاراقاپلان بەگ، — دېدى غېرىب.
— ياق، قىلىچنى قولۇڭغا ئال، بۇ يېڭىلگەنگە ھېساب ئەمەس، — دېدى قاراقاپلان بەگ.
— سېنىڭ قىلىچۋازلىقىڭنىڭ يېڭىلمىدىغان چېكى نېمە؟ — سورىدى غېرىب.
— سەن مېنىڭ قولۇمدىن قىلىچنى چۈشۈرگەندە، — دەپ جاۋاب بەردى قاراقاپلان بەگ.
— ئەمىسە سەن ھازىر مېنى يېڭىپسەنغۇ؟
— خوتۇنۇڭدىن كەچمەكچىمۇ سەن؟
— سەن جېنىڭدىن كەچمەكچىمۇ؟
— قاسىمتايغا قىلىچ بەر !
قاراقاپلان بەگنىڭ نۆكىرى غېرىبنىڭ قىلىچىنى ئەكېلىپ بەردى. قاراقاپلان بەگ بىلەن غېرىب يەنە قىلىچۋازلىققا چۈشتى.
غېرىب بىر قىلىچ ئۇرۇشى بىلەن قاراقاپلان بەگنىڭ قىلىچى ئوتتۇرىدىن سۇنۇپ كەتتى. قاراقاپلان بەگ قاقاقلاپ كۈلۈپ دېدى:
— ھا ... ھا ... ھا ... سېنىڭ قىلىچىڭ مېنىڭكىدىن قاتتىق ئىكەن، سەن يەڭدىڭ ... مەرتەم - مەرتەم ئۈچ مەرتەم دەپ ئۈچ قېتىم ئېلىشىمىز. ئۈچىنچى قېتىمدا يېڭىۋالساڭ، مەن سەن بىلەن ئىككىنچى ئېلىشمايمەن.
نىگارئايىم ئوتتۇرىغا چۈشۈپ تەزىم قىلىپ ئۆتۈنۈپ دېدى:
— ئاقساقال ھەزرىتىم، ئوغلۇم يېڭى كېسەلدىن قوپقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە يول ئازابى گۆر ئازابى دەپ، سەپەردىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەندە، ئۆزلىرى بىلەن بۇنداق تۇتۇشۇشقا رەسە بولماس، ئوغلۇمغا رەھىم قىلغايلا ...
— ھە شۇنداقمۇ؟ ئوغۇللىرى ناھايىتى باھادىر يىگىتكەن،

www.uyghurkitap.com

بوپتۇ. هازىر ئارام ئالسۇن، بىردەمدىن كېيىن ئوغلاق تارتىشىمىز ... هازىر بەھۇزۇر ئارام ئال، قاسىمتاي، سەن بىلەن ھېلى ئوغلاق تارتىشىمىز، — دېدى قاراقاپلان بەگ.

شاۋاز ئوردابالىقتا يېتىپ كەلگەنىدى. شاھ ھۇجرىسىدا بۇرۇنقىدىن سەل ياخشىلانغان، ئىمزىدا ئولتۇرالايدىغان ھالەتكە كەلگەنىدى. شاھنىڭ ئالدىدا يالغان مەلىكە، «ئاغىچا ئانا»، مېھرىبانۇ خانىشلار بولۇپ، شاۋاز سۆزلەۋاتاتتى:

— شاھ ئالىيلىرى، ئۆزلىرى بىتاب بولۇپ قالغانلىقلىرى ئۈچۈن مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ توينى ئۆزۈم ئاتا بولۇپ قىلىپ كېلىشنى قارار تاپتىم، شۇڭا دۇئا قىلىپ، رازىلىق بەرسىلە.

شاھى ئابباس «مەلىكە» گە بىردەم قارىغاندىن كېيىن، شاۋازغا مىختەك تىكىلىپ قارىدى. مېھرىبانۇ خانىش دېدى:

— شاھ ئالىيلىرى، مەن يانلىرىدىن ئايرىلسام بولمايدۇ ...

— خانىش ئايىم، شاھ ئالىيلىرى شەھىرى قارشىغا تويغا بارالمىغان شارائىتتا ئۆزلىرى بارمىسىلا، قاملاشمىغان ئىش بولىدۇ. قىزنىڭ ئاتىسىمۇ، ئانىسىمۇ تويغا بارمىسا غەزنەۋىلەرگە ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. شاھ ئالىيلىرىنىغۇ ئېغىر كېسەل دېدۇق. ئۆزلىرىنى نېمە دەيمىز؟ — دېدى شاۋاز چۈشەندۈرۈپ.

— مېنىڭمۇ ئۇزاق سەپەرگە چىدىغۇدەك ھالىم يوق. ماڭا ئىچىلىرى ئاغرىسۇن، — دېدى مېھرىبانۇ.

— رازىلىق، دۇئا بەرسىلە، ئالەمپاناھ.

شاۋاز شۇنداق دەپلا شاھنىڭ ئىككى يېنىدىكى چاكارغا ئىشارەت قىلدى. ئۇلار شاھنىڭ قولىنى دۇئاغا كۆتۈرگۈزۈپ، قولاشمىغان ھالەتتە دۇئا قىلغان شەكىلنى چىقىرىپ قويدى.

يايلاقتا ئوغلاق تارتىش باشلاندى. قاراقاپلان بەگ باشلىق ئەرلەر يايلاقتا شىددەت بىلەن ئات چاپتۇرۇپ ئوغلاق تارتىشماقتا. ئوغلاقچىلار ئارىسىدا غېرىبمۇ ئات چاپتۇرۇپ ئوغلاق قوغلاپ ماڭماقتا. قاراقاپلان بەگ شىددەت بىلەن ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ئوغلاقنى ئەپقاچقان يىگىتنىڭ قولىدىن

تارتىۋالدى. بىر توپ ئوغلاقچىلار قاراقاپلان بەگكە ئۇلىشىپ ئۇنى ماڭدۇرماي ھەر تەرەپتىن ئۇنىڭ قولىدىكى ئوغلاققا ئېسىلدى. قاراقاپلان بەگ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئېتىنى قامچىلاپ بۆسۈپ چىقىپ ئوغلاقنى ئەپقېچىپ يىراق تۆپىلىكتىكى تۇغ قىلىپ تىكلەپ قويۇلغان ھارۋىنىڭ چاقىغا تاشلىدى. غېرىب قاراقاپلان بەگنى تاپ باستۇرۇپ قوغلاپ باردى. قاراقاپلان بەگ ئاتقان ئوغلاق ھارۋىنىڭ چاقىغا چۈشۈپ بولۇپ، يەنە سىيرىلىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. غېرىب چاققانلىق بىلەن ئاتتىن ئوغلاق ئۈستىگە يىلاندەك سوزۇلۇپ چۈشۈپ، ئوغلاقنى يەردىن يۇلۇۋېلىپلا قاچتى. قاراقاپلان بەگ باشلىق ئاتلىقلار غېرىبنى شىددەت بىلەن قوغلىدى، ھەتتا، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. غېرىب ئوغلاقنى تېقىمىغا باستۇرۇپ، ئاتنىڭ ئۈستىدە دۈم يېتىۋېلىپ ھېچكىمگە ئوغلاقنى تارتىۋالغۇدەك ئىمكانىيەت قويمىدى. ھەركىم تارتسا قولىغا ئوغلاقنىڭ تۈكى يۇلۇنۇپ چىقتى. قاراقاپلان بەگ ئوغلاقنىڭ ئالدى بىر پۇتىنى كۈچەپ تارتىپ تازا تىرەجەۋاتقاندا، غېرىب ئاتنىڭ بېشىنى بىردىنلا تەتۈر بۇرىدى. شىددەت بىلەن كېتىۋاتقان ئات بىردىنلا توختىغاندىن كېيىن، قاراقاپلان بەگنىڭ ئېتى ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپ قاراقاپلان بەگنىڭ قولىغا ئوغلاقنىڭ پۇتى ئۈزۈلۈپ چىقتى. غېرىب ئېتىنى ئارقىغا بۇرىدى ــ دە، قۇيۇندەك چاپتۇرۇپ كېلىپ، توي قىزىۋاتقان سورۇندىكى يىگىت ــ قىزنىڭ ئالاھىدە بېزەپ، ئىشىككە قىزىل تاۋاردا پەردە تارتىپ قويۇلغان ئاق كىگىز ئۆيىنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. توي ئەھلى چۇقان كۆتۈردى. بۇ چاغدا بىر توپ قارا تونلۇق ئاتلىق مېھمانلار يىراقتىن بۇ يەرنى كۆزلەپ كەلمەكتە ئىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئون يەتتىنچى باب

ئېگىز سېپىل بىلەن قورشالغان ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ھەيۋەتلىك يېشىل گۈمبىزى يېنىدىكى كۆككە بوي سوزغان مۇنارلار يېنىدا بايراملىق كىيىملىرىنى كىيگەن بۇرغىچىلار قاتار تىزىلىپ بۇرغا تارتماقتا ئىدى. بىر كەمدە ناغرا ـ سۇنايلار بايرام تەنتەنىسىگە چېلىنىپ، ئوردا دەرۋازىسى ئېچىلىشى بىلەن تۇغ ـ ئەلەملەرنى كۆتۈرگەن ئاق ئاتلىق ھۆرمەت قاراۋۇللىرى ئاتلىرىنى قىزىل پايانداز ئۈستىگە دەسسىتىپ چىقىپ كەلدى. يولنىڭ ئىككى چېتىدە يىگىت ـ قىزلار ئۇسسۇل ئوينىدى. يولنىڭ سىرتىدا خالايىقلار قىستىلىشىپ تاماشا كۆرەتتى. قاراۋۇللار قەدەمدە بىردىن تىزىلىپ خالايىقنىڭ يولنى قىستاپ تارايتىۋېتىشىدىن مۇداپىئە كۆردى. ھۆرمەت قاراۋۇللىرى ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن جاكارچى جەز ئورۇپ خاننىڭ پەرمانىنى جاكارلىدى:

ـــ ئەييۇھەنناس، ئىشتىمىدىم دېمەڭلار، ئاۋامۇ خاس! شاھى ئابباسنىڭ پەرمانى بىلەن مەلىكىنى غەزنەۋىلار سۇلتانى مەھمۇد غەزنەۋى ئالىيلىرىغا ياتلىق قىلماقچى. توي مەۋلۇت ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى ـــ بەخت ـ تەلەي يۇلتۇزى ئوڭ بۇرجىدا پارلىغان كۈنى شەھىرى قارشىدا بولماقچى. شاھى ئابباس ئالىيلىرى بىتاب بولغىنى ئۈچۈن ۋەزىرئەزەم ئاتا بولۇپ بۇ مۇبارەك تويىنى ئۆتكۈزمەكچى! ... بۇ توي ... مەلىكە سەنەم ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدا قانلىق ئۇرۇش يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كەڭ ۋەتەنداش پۇقرالارنى ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىدىن ساقلاپ قېلىش، قېرىنداشلارنىڭ تىنچ ـ ئامان تىرىكچىلىك قىلىشى ھېسابىغا ئۆزىنى بەخشەندە قىلىشتەك

ئالىيجاناب خىسلىتى بىلەن رازىلىق بەرگەنلىكى ئۈچۈن قارار تاپتى. كەڭ خالايىق مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ ئەلنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشتەك ئۇلۇغۋار روھىغا ئاپىرىن ھەم تەھسىنلەر ئوقۇغاي.

پەرمان جاكارلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئوردىدىن شاھانە تون - سەرپايلارنى كىيگەن شاۋاز، جارۇپ مەۋلەۋى، جارۇللا بۇخارى، سىدىق بەگ قارلۇق، ئابدۇللا شاتىرى، سەئىد پازىل قاتارلىق ئوردىنىڭ بارلىق ۋەزىر، ئەمىرلىرى سەپ تۈزۈپ چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن «مەلىكە»، مېھرىبانۇ خانىش، «ئاغىچا ئانا»لار ئولتۇرغان، ئەتراپى رەڭدار تاۋار - ئەتلەس شايىلاردا چۈمكىلىپ، ئېسىل ئاتلار قوشۇلغان ھارۋا، مەپىلەر چىقتى. ئۇلارنى سەپراس بولغان ئاتلىق نۆكەرلەر قوغداپ ماڭغانىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ساندۇقلار، يۈكلەر ئارتىلغان تۆگىلەرنى يېتىلىگەنلەر، سەپراس ئاتلىق لەشكەرلەر ئۆتتى.

نەچە كۆيگەي، بۇ يانار ئوتقا زەئىپ جانىم مېنىڭ،
قالمىدى سەبرى ئەتكىلى بىر زەررە ئىمكانىم مېنىڭ.
كەس بېشىمنى توپ قىلىپ، تاشلا ئېتىڭنىڭ ئاستىغا،
قويما سەرگەردان مېنى، ئەي زۇلفى چەۋگانىم مېنىڭ.
يوللىرىڭغا چاچقىلى يۈزدىن بۆلەك يوق ئالتۇنۇم،
بار ۋەلى كۆز بەھرىدە كۆپ ئۈنچە - مارجانىم مېنىڭ.
ئايۇ كۈن، يۇلتۇز تېكىن يەرگە ئۆزىن سالماق تىلەر،
چىقسا چادىردىن بىرەر ئۇل ماھى تابانىم مېنىڭ.

بېشىدا ئاق لېچەك سالغان مومايلار «مەلىكە»نىڭ مەپىسىنىڭ ئۈستىدىن ئىسرىق سېلىپ ياغاچ ئۇشتۇدى. غەلۋىرلەردە ئالتۇن تەڭگىلەرنى كۆتۈرگەن بوۋايلار تەڭگىلەرنى «مەلىكە» ئولتۇرغان مەپىنىڭ ئۈستىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئىككى چەتتە تۇرغان خالايىقلار ئارىسىغا چاچتى. خالايىقلار ئالتۇن چاچقۇلارنى باس -

باس بولۇپ تېرىشتى.

ئوردىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى قەدىمىي مەسچىت ئالدىدا چايخانا بار ئىدى. شاھانە كارۋان ئۇنىڭ ئالدىدىن دەبدەبە، ھەيۋەت بىلەن ئۆتتى. نەغمىچىلەر سازلىرىدىن شادىيانە كۈي ياڭراتتى، قىز - يىگىتلەر ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۇسسۇل ئويناشتى. چايخانا سۇپىسىدا چاي ئىچىشىپ ئولتۇرغان بوۋايلار بۇلارغا قاراپ ئېغىز ئېچىشتى.

— شۇنداق قىلىپ مەلىكىنى غەزنەۋىلەرگە ياتلىق قىلىپ ئەلنى قۇتقۇزماقچى بوپتۇ دەڭ، — دېدى بوۋايلاردىن بىرى.

— شاۋاز مەلىكىنى ئابدۇللا شاتىرىغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، غېرىب بىچارىنى كۆزدىن يوقاتتى دېيىشىۋاتاتتى. بۇ گەپلەر نەدە قالدى ئەمدى؟ — دېدى يەنە بىر بوۋاي.

— ئاجىز غېرىبنى يوقاتقان شاۋاز كۈچلۈك دۈشمەنگە غېرىبتىن تارتىۋالغان مەلىكىنى بەرگۈچە، سەپ تارتىپ چىقىپ دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشسا، ئۇنىمۇ يەڭسە بولماسمىدى؟ — دېدى ھەممىنىڭ كەينىدە تۇرغان بوۋاي.

— غېرىب ئاجىز، بىچارە بولغان بىلەن مەھمۇد غەزنەۋى بىچارە ئەمەس - دە، — دېدى ئالدىدا سۆزلىگەن بوۋاي.

— ھەي، شاھ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىدى - دە، يامان بولدى.

شۇ يەردە چاي ئىچىشىپ ئولتۇرغان ئۈچ ئادەم بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ بوۋايلارنى تۇتۇپ باغلىدى - دە، ئاغزىغا لاتا تىقىپ، بېشىغا تاغار كىيدۈرۈپ ئېلىپ كېتىشتى.

گۈزەل يايلاقتا توي مەشرىپى قىزىماقتا. قاراقاپلان بەگ غېرىبنى يېنىدا ئولتۇرغۇزغان بولۇپ، پۇتۇن پىشۇرۇلغان قوي گۆشىگە سانجىلغان خەنجەر بىلەن گۆشتىن بىر پارچە كېسىپ غېرىبقا بېرىپ دېدى:

— ئالە، يە يىگىت، سەن شەھەرنىڭ كالتە پەم يىگىتلىرىگە ئوخشىمايدىكەنسەن، ئاتاڭ كاتتا ئادەم چىغى. سەن كاتتا ئائىلىنىڭ پەرزەنتىكەنسەن. ئات مىنىش، چېلىشىش،

قىلىچۋازلىق ماھارەتلىرىڭدىن قارىغاندا سەن ئوغۇل بالا ئۆگىنىشكە تېگىشلىك جەڭ ماھارەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى پۇختا ئۆگىنىپسەن. ئادەتتىكى كۆك نامرات شەھەرلىكنىڭ بالىسى بولغان بولساڭ، بۇنچىلىك بولمايتتىڭ، چوڭ بولساڭ يىپەك ساتىدىغان يۇمشاق دۇكاندار بولاتتىڭ. ئۆزۈڭ شەھەرلىك بولغان بىلەن تاغدا چوڭ بولغان چەۋەنداز يىگىتلەردەك ئەركەك مىجەز ئادەم بوپسەن ... يارايسەن، مەن ياش ۋاقتىمدا خۇددى سەندەك كۈچلۈك يىگىت ئىدىم، قەبىلەمدە ئالدىمغا ئۆتىدىغان ئەر چىقماي مەن قەبىلە باشلىقى بولغان ... ماقۇل كۆرسەڭ ساڭا قىزىمنى كىچىك خوتۇنلۇققا بېرىپ، قەبىلە باشلىقلىقىنى ئۈستەك بېرىمەن. قەبىلىمىزدىكى كىمنىڭ قىزىغا كۆزۈڭ چۈشسە نىكاھلاپ ئېلىۋەر ... ھا ... ھا ... ھا ... بۇنداق زاتى ئېسىل ئەرنىڭ ئەۋلادى كۆپ بولمىقى لازىم. بولمىسا قەبىلىدە جەڭگە يارايدىغان ئەرنىڭ سانى كەملەپ، تەبىئىتى سۇس، مەزلۇم مىجەز ئەرلەر كۆپىيىپ كەتسە، قەبىلىنىڭ ماللىرى ئازلاپ، يايلاقلىرىمىزنى كۈچلۈك قەبىلىلەر تارتىۋالىدۇ. خەقتىن ئاشقان يايلاقتا مال باققان بىلەن سۈت - گۆش كەملەيدۇ، مال ئاينىمايدۇ، قەبىلە ئاينىمايدۇ. ئۇمچى يوق مازاردىن شەيخ قاچقاندەك، قەبىلىدىكى ئادەملەر ئاجىز، نامرات قەبىلىدىن كۈچلۈك، يايلىقى كەڭ قەبىلىگە قاچىدۇ. شۇڭا، نەسلى - زاتى كۈچلۈك، جەڭگە يارايدىغان سەندەك يىگىتلەر بىزنىڭ قەبىلىنىڭ قىزلىرىنى ئېلىپ جەڭگە يارايدىغان ئەۋلادلارنى قالدۇرۇشى كېرەك، قانداق دېدىم؟ سېنىڭ ئاسماندىن چۈشكەن پەرىزاتتەك خوتۇنۇڭ بولسىمۇ، بىر خوتۇنغا قاراپ ئۆزۈڭنى، ئەرلىكىڭنى ئىسراپ قىلساڭ، زايە كەتسەڭ بولمايدۇ.

غېرىب قاراقاپلان بەگنىڭ گەپلىرىدىن ئۆزىنىڭ خىجىل بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدۇردى.

— خىجىل بولماي دەۋەر، تويدا ئولتۇرغان بوتىلاقتەك قىزلار ئىچىدىن تاللا، ھەر كۈنى بىرنى ئالساڭمۇ ئېلىپ

بىرىمەن، پۈلۈك بولمىسا ئەنسىرىمە، پۈتۈن توققۇز تاغ، يەتتە يايلاق، ئۈچ دەريا مېنىڭ قەبىلەمنىڭ. قەبىلە مېنىڭ، مەن نېمە دېسەم شۇ بولىدۇ. سەن ئۈچۈن قەبىلەمدىكى ھەممە نەرسىنى ئايىمايمەن، — دېدى قاراقاپلان بەگ.

— مەن يەڭگەندىن كېيىن نېمە دېسەم شۇنى بېرىدىغان بولغاندىلە، — دېدى غېرىب.

— تاغلىقلارنىڭ لەۋزى پۈتۈن كېلىدۇ. تاغدىكىلەر جەڭدە، قىلىچتا، تاشنىڭ ئۈستىدە ئۆلىدۇ. مەن قاراقاپلان بەگ گېپىدىن يانغان ئوغۇل بالا ئەمەس. گېپىم گەپ. ئارقىغا يانغان مالنىڭ گۆشىنى يېمەيمەن، سۈتىنى ئىچمەيمەن. ئۇنىڭ خوي - پەيلى ماڭا يۇقۇپ قالمىسۇن دەيمەن.

— ئۇنداق بولسا مەن ئۈچ ئات تاللىۋالسام، مېنى يولغا سېلىپ قويغان بولسىلا، — دېدى غېرىب.

— مەن سېنى مۇشۇ تاغ، مۇشۇ يايلاقتا تۇتۇپ قالاي دېسەم، كېتىمەن دەيسەن. ئەگەر قويۇۋەتسەم، ھازىرلا كېتەمسەن؟ — دېدى قاراقاپلان بەگ.

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى غېرىب.

قاراقاپلان بەگ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— ھېچبولمىسا سېنى بىر كېچە قوندۇرماي يولغا سالمايمەن. بولمىسا، يايلىقىمدا كەلگەن ئامەت توختىماي كېتىپ قالىدىغان بولۇپ قالىدۇ. مېھمان بىر كېچە يەرلەنمىسە يايلاق قۇرۇپ كېتىدۇ، بۇ يايلىقىمىزنىڭ ئۆدۆمى. سەن بىر كېچە قونماي يولغا چىقىمەن دەپ خام خىيال قىلما. سەن تويغا كەلگەن چىرايلىق قىزدىن كەم دېگەندە ئۈچىنى تاللا. نىكاھىڭنى ئۆزۈم قىلىپ قويىمەن. ھەربىرىنىڭ مېھرى ھەققى ئۈچۈن توقسان ئۆكۈز، توققۇز تۆگە، توققۇز ئات بېرىمەن. تەلىيىمىز بولسا سەندىن قەبىلىمىزگە ھېچبولمىسا بىر ئوغۇل قېلىپ قالسا، سەندەك باھادىر يىگىت بولۇپ چوڭ بولسا قەبىلىمىزنىڭ بەختى. ساڭا نەسىھەتىم شۇكى، سەن تاغدا، يايلاقتا ياشا، يولۋاس،

بۇركۈتتەك بولسەن، — دېدى.
— مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، — دېدى غېرىب.
— ھە مەيلىڭ، كېتىمەن، نەدە ياشايمەن دېسەڭ ئىختىيارىڭ. لېكىن، بۇ يەردە بىر كېچە قون. كونا خوتۇنۇڭ ئاناڭ بىلەن تۇنەيدۇ، مەن سېنى ئۆزۈم ئۆيلەيمەن، — دېدى قاراقاپلان بەگ.
— بەگ ئاتا، مېنى قىستىمىسىلا، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، — دېدى غېرىب.
— خوتۇنۇڭدىن قورقامسەن؟ تاغدا بولساڭ ئۇنداق بولمايتتىڭ. تاغنىڭ ئەركەك سۈيى، ئەركەك پاقلان گۆشى، تۆگە قىمىزى ئەرلىكىڭنى قىنىڭغا سىغماس قىلىپ دولقۇنلىتىپ تۇرىدۇ، — دېدى قاراقاپلان بەگ.
شۇ ئارىدا مۇلازىم كېلىپ دېدى:
— ئاقساقال بېگىم، خانلىقتىن بىر توپ مېھمان كەپتۇ.
— نېمە؟، پادىشاھنىڭ يېنىدىن كەپتۇمۇ؟ — دەپ سورىدى قاراقاپلان بەگ چۆچۈپ.
— شۇنداق، — جاۋاب بەردى مۇلازىم.
— ھە ... بوپتۇ، بۈگۈن قەبىلەمنىڭ ئامەتى كەلگەن ئوخشايدۇ. توي قىلساقلا بىر - بىرىدىن كاتتا مېھمان كېلەمدۇ؟ ئۇلارنى يېنىمغا باشلاپ كەل. تۆردىن ئورۇن بېرىمىز، — دېدى قاراقاپلان بەگ.
— ئۇلار خاننىڭ سىپاھلىرى بولغاچقا، ئۆزلىرى ئالدىغا چىقمىسىلا ئاتتىن چۈشمەيدىكەن.
مۇلازىمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ غېرىب جىددىيلىشىپ ئولتۇرالماي قالدى.
— ھىم، ئۇلار خاننىڭ سىپاھلىرى بولسا، ئۇ ئوقۇرى ئۇستۇنلەرگە دە، مەن بۇ تاغنىڭ پادىشاھى، ئىززىتىنى بىلىپ ئۆزلىرى ئالدىمغا كەلسە تۆردە ئولتۇرىدۇ، بولمىسا ئۇ ئوردابالىقنىڭ بوينىنىڭ سۆڭىكى يوق سىپاھلىرىنى ئىتلىرىمغا تالىتىپ قوغلىۋېتىمەن.

— ماڭا رۇخسەت قىلسىلا، ئاقساقال بېگىم. مەن ئۇ سىپاھلار بىلەن ... — غېرىب شۇنداق دېيىشىگە، قاراقاپلان بەگ گەپنى بۆلدى:

— ھە، ئولتۇرۇۋەر. بۈگۈن سەن قەبىلىمىزنىڭ ئەڭ ئەزىز مېھمىنى. ئۇلار ھەرقانچە بېشى كۆككە تاقاشقان ئەۋلىيالار بولسىمۇ، مەن سېنى ئۇلاردىن ئەتىۋار كۆرىمەن.

— دېمىسەم بولمىدى، ئۇلار مېنى قوغلاپ كەلگەنلەر، — دېدى غېرىب.

— ئەسلىدە سەن خاننىڭ دۈشمىنى ئىكەنسەن - دە، ھە، ئولتۇر. سەن خاننىڭ دۈشمىنى بولساڭ، مېنىڭ مېھمىنىم.

قاراقاپلان بەگ شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، قادىر سەرۋاز باشلىق بەش سىپاھ كىلىپ غېرىب بىلەن يۈزمۇيۈز دوقۇرۇشۇپ قالدى. غېرىب ئورنىدىن تۇرۇپ قىلىچىنى سۇغۇرۇۋالدى.

چەكسىز قۇملۇق يولىدا شاۋاز، ئابدۇللا شاتىرى قاتارلىقلار باشلىغان خاننىڭ ئۇزاقتىن - ئۇزاققا سوزۇلغان كارۋىنى ھەيۋەت بىلەن ماڭماقتا. قۇمغا كۆمۈلۈپ ياتقان ئىلىياسلار قۇمدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كارۋانلار سېپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇي ھارۋىسىغا قاراپ چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈپ ئات سالدى. شاۋاز ئابدۇللا شاتىرىغا ئىشارەت قىلدى، ئابدۇللا شاتىرىمۇ خانلىق لەشكەرلىرىنى باشلاپ قاراقچىلارغا قاراپ ئات سالدى. ئابدۇللا شاتىرى باشلىغان خان لەشكەرلىرى يېقىنلاپ كەلگەندە، ئىلياسلار ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ ئارقىسىغا قاچتى. ئابدۇللا شاتىرلار ئۇلارنى سۈر - ھەيۋە كۆرسىتىپ قوغلىدى.

— قوغلاڭلار يىگىتلەر، شۇنچە ئىزدەپ قارىسىنى تاپالمىغان قاراقچىلارنىڭ ئەجىلى بۈگۈن توشۇپتۇ. ئۇلارنى مۇشۇ قۇملۇقتا تۇخۇمىغىچە قۇرۇتايلى!

ئابدۇللا شاتىرى قىلىچىنى توختىماي پۇلاڭلىتىپ قوغلىدى. لەشكەرلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ قوغلاشتى، ئۇلار چاڭ - توزان توزۇتۇپ ئېگىز - پەس قۇملۇقتا

كۆزگە كۆرۈنمەي قالدى. شاۋاز ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈنغا سەپ تارتىپ تۇرغان لەشكەرلەرگە قاراپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرلەشكە ئىشارەت قىلىپ دېدى:

— سىدىق بەگ قارلۇق، لەشكىرىي ئىشلار ئۆزلىرىگە قالدى، پەخەس بولسىلا.

شاۋازنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چۈشمەيلا سادىق بىلال باشلىغان زور تاغلىقلار قوشۇنى قىيقاس ـ چۇقان توۋلاپ ئاتلىق ھۇجۇم قىلىپ كەلدى.

— ۋەزىرئەزەم، ئوردا كارۋىنى ئۆزلىرىگە قالدى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا مەن چىقاي، — دېدى سىدىق بەگ قارلۇق.

— قاراقچىلار ئويۇن ئويناۋاتقاندەك قىلىدۇ، دامىغا چۈشۈپ كەتمەيلى، — دېدى شاۋاز.

— سادىق بىلالنىڭ داڭقىنى تولا ئاڭلاپ كەتتىم، ئۇنىڭ بىلەن بىر تۇتۇشۇپ پۇخادىن چىقاي، ۋەزىرئەزەم.

سىدىق بەگ قارلۇق شۇنداق دەپ، بىر بۆلەك لەشكەرنى باشلاپ شىددەت بىلەن ئات چاپتۇرۇپ ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان قاراقچىلار سېپىگە ئات سالدى.

— خاتىرجەم ئىلگىرىلەڭلار، بۇ سۈسىز چۆلدە ئۇزاق توختاشقا بولمايدۇ.

شاۋازنىڭ چوڭ قوشۇنى مېڭىشنى داۋام قىلدى.

گۈزەل يايلاقتىكى توي سورۇنى. قادىر سەرۋاز:

— ھە، ئاخىر قولۇمغا چۈشتۈڭمۇ، سولتەك؟ — دېدى غېرىبقا.

قادىر سەرۋازنىڭ لەشكەرلىرى توي ئەھلىنى قورشاپ، قىلىچ نەيزىلەرنى تەڭلىشىپ تۇرۇشتى، قاراقاپلان بەگ قەبىلىسىدىكى ئەرلەرمۇ شۇئان قىلىچلىرىنى چىقىرىپ خان لەشكەرلىرى بىلەن تىغمۇتىغ بولۇپ تۇرۇشتى. تازا قىزىپ توي ئويناۋاتقانلار جىممىدە بولۇشتى.

— ھوي، نېمە ئادەمسەن، قەبىلەمنىڭ بىر ئوبدان بولۇۋاتقان

تويىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئادەمنى ئاۋارە قىلىدىغان؟ — دېدى قاراقاپلان بەگ تەرىنى تۇرۇپ.

— بىز خان لەشكەرلىرى، ماۋۇ قاچقۇنىنى قوغلاپ يۈرۈۋاتقىنىمىزغا يېرىم يىل بولدى. بىز ئۇنى ئاخىر بۇ يەردىن تاپتۇق، — دېدى قادىر سەرۋاز.

سەنەم بىلەن نىگارئايىم توي داستىخىنىنى دەسسەپ سورۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن توغرا ئۆتۈپ، غېرىبنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇردى، بۇنى كۆرگەن قاراقاپلان بەگ خاپا بولۇپ دېدى:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ ئاغزىمغا چىش چىقىپ داستىخىنىمنى پېتىقلىغان ئادەمنى كۆرمىگەنمەن. بىزنىڭ چارۋىلار چېغىدىمۇ ئۇنداق قىلمايدۇ.

— بىئەدەپلىكىمىزنى كەچۈرگەيلا، بېگىم، بىز بەك قورقۇپ كېتىپ ... — دەپ ئەپۇ سورىدى نىگارئايىم.

— قورقماڭلار، سىلەر خاننىڭ دۈشمىنى بولغىنىڭلار بىلەن مېنىڭ مېھمىنىم، بۇ يايلاقنىڭ ئىگىسى مانا مەن، — دېدى قارا قاپلان بەگ سەنەملەرگە، ئاندىن خان لەشكەرلىرىگە دېدى، — ھەي مۆتتەھەملەر، تويغا كەلگەن بولساڭ چىرايلىق مېھمان بولۇپ ئولتۇرۇش، بولمىسا توينى قالايمىقان قىلماي بۇ يەردىن تېز يوقىلىش! ھە راست، داستىخىنىمنى بۇلغىغىنىڭلار ئۈچۈن، مەن سەنلەرنىڭ ئېتىڭلارنى تارتىۋېلىشقا ھەقلىق.

— ھەددىلىرىدىن ئاشمىسىلا، ئاقساقال، بىز خان لەشكەرلىرى. بىزگە چېقىلغانلىق خانلىققا قارشى چىققانلىق. بىزنىڭ ئۆزلىرىگە مېھمان بولغۇدەك ۋاقتىمىز يوق، — دېدى قادىر سەرۋاز.

— بۇ مەلئۇنلارنى ئەدەپلەڭلار! — دېدى قاراقاپلان بەگ.

قادىر سەرۋاز قىلىچىنى چىقىرىپ كۆتۈرۈپ بولغۇچە قاراقاپلان بەگ ئۇنىڭ قىلىچ تۇتقان قولىنىڭ بېغىشىنى تۇتۇپ تولغىدى. شۇئان گىرەلەشمە جەڭ باشلاندى، تويدا ئولتۇرغان - قويقان ئەر - ئايال، قېرى - ياش ھەممىسى خان

لەشكەرلىرىنى قورشىۋېلىپ ئۇرۇپ، قىلىچلاپ، كەينى - كەينىدىن ئاتتىن يىقىتتى. قادىر سەرۋازنىڭ قولى تولغىشىپ قىلىچ قولىدىن چۈشۈپ كېتىپ ۋايساپ كەتتى. قاراقاپلان بەگ دېدى:

— سەن ئۆزۈڭچە مەن خاننىڭ نۆكىرى دەپ مەنمەنچىلىك قىلىپ قەبىلەمنى ۋەيران قىلماقچىمۇ، مېھمىنىمنى تۇتماقچىمۇ؟ مېنىڭ مېھمىنىمنى مېنىڭ يايلىقىمدا تۇتۇشنى ساڭا كىم قويىدى؟ ھۇ خۇنپەر، شۇنچىلىك ھالىڭغا ماڭا يوغانچىلىق قىلامسەن؟ ئىست، سەندەك لامزەللە، يارىماس ئادەملەر خاننىڭ ئەمىر لەشكەرلىرى بولغاچقا، خانلىق بارغانچە خارابلىققا يۈزلىنىۋاتىدۇ. خاننىڭ ئەقلى بولسا سەندەكلەرنى ئەمىر لەشكەرلىككە ئەمەس، ئوتۇنچىلىققا سالاتتى

قەبىلىدىكىلەر قادىر سەرۋاز باشلىق نۆكەرلەرنى بىر دەمدىلا بويسۇندۇردى.

بۇ چاغدا قۇملۇق يولىدا شاۋاز باشلىغان خانلىق كارۋان ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. قۇملۇقتا بوران - قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ، بەش قولنى كۆرگۈسىز توپا - توزان پەيدا بولۇپ، كارۋانلار كۆزلىرىنى ئاچالماي قالدى. شاۋاز نۇرغۇن لەشكەرنى «مەلىكە»نىڭ ھارۋىسىنىڭ ئەتراپىنى قاتمۇقات قوغداپ مېڭىشقا بۇيرۇق قىلدى. ئەمىر لەشكەر سېلىم بەگ قۇم بوران ئىچىدە كۆزلىرىنى ئاچالمىسىمۇ نۆكەرلەرنىڭ ھىمايىسىدە ئېتىنى چاپتۇرۇپ كارۋاننىڭ ئالدى - كەينىنى قوغداپ يۈرمەكتە ئىدى. «مەلىكە»نىڭ مەپىسىنى قوغداپ ماڭغان لەشكەرلەر ئارىسىدىن بىرى ئاتتىن سوزۇلۇپ ئەتلەس بىلەن چۈمكەلگەن مەپىگە چۈشۈپ يۈزىدىكى نىقابنى ئاچتى. «مەلىكە» بىلەن «ئاغىچا ئانا» تەڭلا چىرقىراپ كەتتى، ئىلياس چاققانلىق بىلەن ھەر ئىككىسىنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋېلىپ دېدى:

— قورقماڭلار، مەن ئىلياس، مېنى تونۇمىدىڭلارمۇ؟ سەنەم، مەن ئىلياس، ساۋاقدىشىڭىز ئىلياس.

www.uyghurkitap.com

ئېلىياس «سەنەم»نىڭ ئاغزىنى قويۇۋەتتى.

— ياق، ياق ... مەن سىزنى تونۇمايمەن، — دېدى «سەنەم».

— سىز بىلەن تالاشقىلى ۋاقتىم يوق، — دېدى ئېلىياس.

ئۇنىڭغىچە يەنە بىرى هارۋىغا چىقتى، ئىككىسى تۇشمۇتۇشتىن «ئاغىچا ئانا» بىلەن «سەنەم»نى ئاغزىغا لاتا تىقىپ باغلاپ تاغارغا سالدى ھەمدە يەنە مەيدىن پەملەپ ئاتلىرىغا مىنىپ تاغارنى ئالدىغا تارتىۋالدى. ھەممە لەشكەرلەر سەللىسىنىڭ پەتلىسى بىلەن يۈز ـ كۆزلىرىنى چۈمكىۋالغان بولۇپ، ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. ئېلىياس بىلەن ھەمراھى يەنە بىر توپ ئاتلىق ئادەملەر بىلەن ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كارۋاننىڭ ئاياغ تەرىپىگە ئۆتۈپ قۇم ـ توزان ئارىسىدا غايىب بولدى.

يايلاقتىكى توي بولۇۋاتقان سورۇندىن سەل يىراق تاغ باغرىدىكى قارىغايلىق. قادىر سەرۋاز باشلىق خان لەشكەرلىرىنىڭ ھەر بىرى بىردىن قارىغايغا باغلىۋېتىلگەنىدى. غېرىب، سەنەم، نىگارئايىملار بىردىن ياخشى ئاتقا مىندى.

— رەھمەت ئۆزلىرىگە، قاراقاپلان بەگ ئاتا، بىزگە قىلغان ياخشىلىقلىرى بىزدىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانار، — دېدى غېرىب.

قادىر سەرۋاز باغلاقتا تىركىشىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— ئۇ دېگەن خانلىققا قارشى ئىسيانچىلارنىڭ شېرىكى. خان ئالىيلىرىنىڭ مەلىكىسىنى ئازدۇرۇپ ئەپقاچقان قاچقۇن. ئۇ ئۆلۈمگە لايىق. قەبىلە باشلىقى قاراقاپلان بەگ، سەن كاللاڭنى سىلكىۋەت! ئۇلارنى راستىنىلا قاچۇرۇۋەتسەڭ، خان ئالىيلىرى ئىسيانچىلار قاتارىدا سېنىڭمۇ كاللاڭنى ئالىدۇ. ئۇنى يوشۇرغىنىڭنى ئاز دەپ، قاچۇرۇۋەتسەڭ خان ئالىيلىرى سېنى ھەم پۈتۈن قەبىلەڭنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈپ ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. ئۆزۈڭگە ھېزى بول!

— ھەي كالۋا، ھاڭۋاقتىلار! ماۋۇ ۋاتىلداق ھارامزەدىنىڭ زۇۋاننى دارغا تارتماي نېمانداق قاراپ تۇرىسىلەر؟

قاراقاپلان بەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇنىڭ بوز يىگىتلىرى قادىر سەرۋازنىڭ قورسىقىغا مۇشت بىلەن سالدى، ئاغزىغا لاتا قاپلاپ قويدى.

قاراقاپلان بەگ غېرىبلارغا:

— ھە، نېمانداق باھادىر ئەزىمەتكىن دېسەم، سەن مەرھۇم دىلكىشىم ھەسەن ۋەزىرنىڭ پۇشتى ئىكەنسەن ئەمەسمۇ. پەس ئادەملەردىن بۇنداق قورقۇمسىز ئەزىمەت چىقمايدۇ. يارايسەن بالام، ئاتاڭنى تارتىپسەن. ئوغۇل بالا دېگەن مانا مۇشۇنداق قورقۇمسىز بولۇشى كېرەك. بۈركۈتنىڭ بالىسى بۈركۈت بولىدۇ. سەندە زالىم پادىشاھنىڭ مەلىكىسىنى ئەپقاچقۇدەك جۈرئەت بولغاندىكىن، سېنى ئاتاڭنىڭ بالىسى دەيمىز، — دېدى.

— بىزنى قۇتقۇزىمەن دەپ ئۆزلىرىگە بالا تېپىۋالدىغان بولدىلا، ئاقساقال. مەن مەلىكىنى ئەمەس، مەلىكە مېنى ئەپقاچتى، — دېدى غېرىب.

— ھە، مەلىكە ئەقىللىقكەن. سەندەك باھادىر يىگىتنى — زاتى ئېسىل، پاك يىگىتنى تونۇپ ئەپقاچقىنى مەلىكىنىڭ ئەقىللىق ھەم يۈرەكلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. سىلەرنىڭ بالاڭلار قورقۇمسىز، جىگەرلىك، ھىممەتلىك ئەزىمەت بولىدۇ. پادىشاھ دېگەن قورقۇمسىز، ئادىل بولغاندىلا ئەل ئۇنىڭغا قايىل بولىدۇ. ئىككىڭلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئەنە شۇنداق كاتتا نەسىللىك شاھزادىنى كۆرۈۋاتىمەن، سىلەرنى ئاللاغا تاپشۇردۇم، — دېدى قاراقاپلان بەگ.

— ئۆزلىرىگە ئوبدان ھېزى بولغايلا، شاۋازنىڭ توخۇ يوقىلىرىنى ئۆزلىرىگە زىيانكەشلىك قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى سەنەم.

قاراقاپلان بەگ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن يەنە دېدى:

— مەندىن ئەنسىرىمەڭلار، مېنىڭ ئىتلىرىم گۆشتىن باشقىسىنى يېمەيدۇ، بۇ ھارام تاماق گۆش خالتىلىرى دېگىنىمگە

كۆنسە كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرىدۇ، نىيىتىنى يامان قىلسا ئىتلىرىمغا بىر ۋاخ غىزا بولىدۇ. يولغا چىقىڭلار، سىلەرنى مەڭگۈ قوغلاپ يېتەلمەيدىغان يەرگە بارغۇچە ئۇلار مۇشۇ قارىغايىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر بېشىڭلارنى تىققۇدەك كامار، پۇتۇڭلارنى باسقۇدەك يەر تېپىلمىسا، قەبىلەمنىڭ يېرى كەڭرى، ئىشىكىمىز سىلەرگە ئوچۇق. خانىنىڭ كۈچى بوز يىگىتلىرىمگە يەتسە، تىغى ماڭا ئۆتسە، جېنىمنى ئالالىسا سىلەرنى ئەكېتەر. تىنىقىملا بولسا سىلەرنى قانىتىم ئاستىدا باقىمەن. سىلەر بىزنىڭ ئۈمىدىمىز. بىز سىلەرنى ھىمايە قىلىمىز، مېڭىڭلار!

غېرىبلار ئاتلىرىغا قامچا سىلىپ بىردەمدە كۆزدىن غايىب بولدى، قادىر سەرۋازنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ بېشىنى قارىغايغا ئۇرۇپ تېپىرلاپ كەتتى.

— بۇلارغا ئىتلار ھېزى بولسۇن، يۈرۈڭلار بىز تويىمىزنى ئوينايمىز.

قاراقاپلان بەگ شۇنداق دېگىنىچە يىگىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ توي سورۇنىغا كەتتى. ھەر چۇپۇرلۇق، بىر ـ بىرىدىن يوغان ئىتلار قادىر سەرۋازلارغا قاراپ ھاسىرىشىپ تىللىرىنى چىقىرىپ ياتتى. قادىر سەرۋاز بېشىنى قارىغايغا ئۇرۇپ يېرىۋالدى، كۆزلىرىدىن ياشلار چىقىپ كەتتى. باشقا لەشكەرلەر باغلاقتا تۇرۇپ قورقۇنچلۇق ئىتلارغا قاراپ ۋۇجۇدىنى سۇر بېسىپ جىمىدە تۇردى.

قۇملۇق چۆلدە بوران شىددەتلىك چىقىپ، توپا ـ تۇماننىڭ يامانلىقىدىن ھېچكىم ھېچنېمىنى كۆرەلمەيتتى. شاۋاز پۇتۇن كارۋاننى يۈرۈشتىن توختىتىپ، لەشكەرلەرنى ئاتلارنىڭ، چۆككەن تۆگىلەرنىڭ دالدىسىدا پاناھلىنىشقا پەرمان قىلدى، ئۆزى بولسا بورانغا قارشى ناھايىتى تەستە ئارقىسىغا يېنىپ «مەلىكە» بىلەن ئاغىچا ئانىنىڭ مەپىسىگە يېقىنلاشتى. مەپىنىڭ ئەتلەس يوپۇقىنى قايرىپ كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك چۆچۈپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دەرھال مېھرىبانۇ خانىش بار مەيىنىڭ يوپۇقىنى قايرىدى. مېھرىبانۇ خانىش مەيدە ئولتۇرۇپ تەسۋى سىيرىپ دۇرۇت ئوقۇماقتا ئىدى. ئىككى دېدەك خانىشنىڭ ئۇچىسىنى تۇتۇپ، پۇتلىرىنى ئۇۋۇلىماقتا ئىدى.

— خانىش ئايىم، مەلىكە قېنى؟

شاۋازنىڭ سورىشىدىن خانىش ھەيران قېلىپ:

— ئۆزىنىڭ مەيىسىدىدۇ؟ — دەپ جاۋاب بەردى.

— سىلىنىڭ مەيىلىرىگە چىقمىدىمۇ؟

— ياق.

شاۋاز دەرھال مەيىنى قوغداۋاتقان لەشكەرلەرگە ۋارقىرىدى:

— قېنى سەن سەرلەشكەر، جامال سەرلەشكەر.

— مانا مەن ۋەزىرىئەزەم ! — دەپ تەييار تۇردى جامال سەرلەشكەر.

— مەلىكە قېنى؟ — سورىدى شاۋاز.

— مەيدە بارغۇ.

شاۋاز شۇئان شاپىلاق بىلەن جامال سەرلەشكەرنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى.

— قايسى مەيدە، يەتمىش پۇشتۇڭنىڭ هارۋىسىدىمۇ؟

جامال سەرلەشكەر مەيىنىڭ يوپۇقىنى قايرىپ قاراپ دېدى:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، ۋەزىرىئەزەم. مەيدىن ھېچكىم چۈشمىدى.

— تەرەتكە چۈشتىمۇيا؟ — سورىدى يەنە شاۋاز.

— ياق، جانابىي ۋەزىرىئەزەم، مەيدىن چۈشكەندەك قىلمىدى، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، مۇشۇ ...

— سەن پەسەندىنىڭ بىر قوشۇق قېنى نېمىگە ھېساب؟

شاۋاز شۇنداق دېگىنىچە بىر قىلىچ بىلەنلا جامال سەر لەشكەرنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. كاللا قوم ئۈستىگە دومىلاپ چۈشتى.

— ئەتراپنى ئىزدەڭلار! چاپسان ئىزدەڭلار!

شاۋاز ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى لەشكەرنى قامچىلاپ قوغلىدى. قۇم ـ بورانلىق تۇماندا لەشكەرلەر ھەر تەرەپكە پىتىراپ كۆرۈنمەي قالدى. شاۋاز جان ئاچچىقىدا ئۆزىنى كاچاتلاپ ساقىلىنى يۇلدى، ئابلىز شەيتان قورقۇنچتا ئىزىغا تىزلاندى.

قۇرۇق تاغ ئارىسىدىكى ئۆڭكۈر. شەيخ جالالىدىن، سادىق بىلال، ئىلياس ۋە تاغ تۇرانىنىڭ غوللۇق سەركەردىلىرى ئۆڭكۈرنىڭ كەڭ سەيناسىغا سېلىنغان كىگىز، كۆرپىلەردە قاتار ئولتۇرۇشتى. سەينا ئوتتۇرىسىغا گۈلخان يېقىلغانىدى. تۆردە ئەتلەس كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرغان شەيخ جالالىدىن سادىق بىلال بىلەن كۆز بېقىشىۋالغاندىن كېيىن ئىلياسقا ئىشارەت قىلدى. ئىلياس ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى تەرىپىدە تۇرغان ياساۋۇلغا ئىشارەت قىلدى. ياساۋۇل سىرتقا چىقىپ كېتىپ قورقۇنچتىن لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان «مەلىكە سەنەم» بىلەن «ئاغىچا ئانا»نى باشلاپ كىردى.

— سەنەم قىزىم، ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتەر ـ ئۆتمەي شۇنچىۋالا ياتلىشىپ كەتتىڭىزمۇ؟ نېمىدىن قورقىسىز، نېمىشقا تارتىنىسىز؟ — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— باخشى ـ جىنكەشلەرنىڭ ئەپسۇنلىرى سىزنى بىردىنلا بىزگە ئۆچ قىلىۋەتتىمۇيا، مەلىكە؟ — دېدى ئىلياس.

— قىزىم، نېمانچىۋالا يات ھەم ناتونۇش بولۇپ كەتتىڭىز؟ مېنى دائىم سىلى ئۇستازىم بولغان بىلەن ئۆز ئاتامدىن يېقىن كۆرىمەن، ئاتامدىن قورۇنىمەن، تارتىنىمەن، ئۆزلىرىدىن ھېچقانداق ياتسىراش ھېس قىلمايمەن، گويا شاھ ئاتام ئەمەس، ئۆزلىرى ئاتامدەك دەيتتىڭىز. قېنى سىزنىڭ ئۆز قىزىمدەك قىلىقلىرىڭىز؟ — دېدى يەنە شەيخ جالالىدىن.

— مېنى ئۆلتۈرمەڭلار، مەن بىر يېتىم قىز، مېنى ئۆلتۈرمەڭلار، مەن خوش بولۇپ قالاي. تاماق ئېتىشكە، كىر ـ قات يۇيۇشقا قولۇم ئەپلىك، ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭلار ...

«مەلىكە»نىڭ گېپىگە ئۇلاپلا «ئاغىچا ئانا»مۇ يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— مەنمۇ بىر بىچارە، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا، تەقسىر، ئۆزلىرى مويسىپىت، موللا ـ ئۆلىما كىشىكەنلا، بىز بىچارىلەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلغايلا.

«ئاغىچا ئانا» شەيخ جالالىدىنغا تەزىم قىلىپ يىغلىدى.

شەيخ جالالىدىن ھەيران بولغىنىچە دېدى:

— بۇ نېمە ئىش، ئوغۇممۇ ـ چۈشۈممۇ؟ سىلەر كاللاڭلاردىن كېتىپ قالدىڭلارمۇ ياكى مەنمۇ، بۇ قانداق گەپ؟ شۇنداقمۇ ياتلىشىپ كېتەمدۇق ئەمدى؟ بار بالام، ئۇلارنى يۆلە.

ئىلياس يۇگۇرۇپ كېلىپ «مەلىكە» بىلەن «ئاغىچا ئانا»نى يۆلەشتۇردى. ئەمما، ئۇلار ئىزىدىن تۇرغىلى ئۇنىماي يەنە تەزىم قىلىپ تۇرۇۋالدى.

— ئۇلار بىزدىن بەك قورقۇپ كاللىسىدىن كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ. سىلى، بىزنى قەتئىي تونۇمىدى، ئاتا. ئۇلار ئۆزلىرىنى قانداق ئادەملەرنىڭ بۇلاپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قورقۇنچتا شۇنداق بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. ئۇلارنى بىرقانچە كۈن ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ ئارام ئالدۇرساق، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا ئېسىگە كېلەرمىكىن، — دېدى ئىلياس.

— بوپتۇ، خوتۇن خەقنى بىرنېمە دەپ بولمايدۇ. بۇلارنى ياخشى جايلاشتۇرۇپ، ئوبدان كۈتۈڭلار، قاتتىق ھېيى بولۇڭلار، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

ئىلياس ۋە ئۇنىڭ ياساۋۇللىرى ئۇلارنى يۆلەشتۇرۇپ ئاچىقىپ كەتتى. شەيخ جالالىدىن ساقىلىنى تۇتاملاپ خىيالغا پاتتى.

— ئۇستاز، ئۇلاردىن غېرىبىنىڭ ئات ـ ئۇچۇرىنى سورىمىدىلىغۇ؟ — سورىدى سادىق بىلال.

— ئادەملەر نەق ئۆزى شۇ، ئەمما مەيلى مەلىكە بولسۇن ياكى ئاغىچا ئانا بولسۇن، ئۇلار ئۇمرىدە كۆرۈپ باقمىغاندەك بىزنى تونۇمىدى. سادىق بالام، سەن دەپ باقە، مەن تونۇغۇسىز

ئۆزگىرىپ كەتتىممۇ ياكى بۇرۇنقىغا ئوخشامدىمەن؟ — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— قىلچە ئۆزگەرگەنلىرى يوق، ھەزرىتىم. تاغ ـ دالا ئاپتىپى يۈزلىرىنى كۆيدۈرۈپ سەل قارايتىۋەتكەندىن باشقا ئۆزلىرىدە قىلچە ئۆزگىرىش يوق، — دېدى سادىق بىلال.

— مەلىكە ئالىيلىرى ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، تەپ تارتماس، ئوغۇل بالا مىجەز قىز ئىدى. ھېلىقى خارەزىمدىن ئەكەلگەن جادۇگەر خوتۇننىڭ سېھىر ـ ئەپسۇنى ئۇنى شۇنچىۋالا ئۆزگەرتىۋەتكەنمىدۇ؟ سېھىر ـ ئەپسۇن شۇنچىۋالا يامان بولامدۇ؟ ياق ... ياق ... ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

چەكسىز كەتكەن قۇرۇق تاغ ئارىسىدىكى قاقاس ساي. غېرىب، سەنەملەر ئاتلىرىنى مېڭىشقا قويۇۋېتىپ تەشنالىقتىن قىينالغان ھالدا كېتىۋاتاتتى. گۈلجامال نىگارئايىمنىڭ ئالدىدا ئاتتا ئولتۇرۇپ مۈگدەۋاتاتتى. غېرىب ئېتىنى ئېگىز بىر تۆپىلىككە قارىتىپ ماڭدى. تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىۋىدى، يىراقتىكى سايىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېشىل بوستانلىق كۆرۈندى.

— ئانا، بۇياققا كېلىڭلار، ئاۋۇ تەرەپتە بىر بوستانلىق بار ئىكەن، — دېدى غېرىب.

سەنەم ئېتىنى چاپتۇرۇپ تۆپىلىككە چىقتى. يىراقتىكى بوستانلىق ئارىسىدىن سۇس تۇتۇن كۆرۈندى.

قاتمۇقات قۇرۇق تاغ باغرىدا ساناقسىز خان لەشكەرلىرى سەپ تارتىپ تۇرماقتا. شاۋاز ئۆكسۈلى ئۆچكەن، چىشلىرى غۇچۇرلىغان ھالدا تاغنى كۆزەتمەكتە. ئۇنىڭ ئارقىسىدا جارۇللا بۇخارى، جارۇپ مەۋلەۋى، ئابدۇللا شاتىرى، سىدىق بەگ قارلۇق قاتارلىق ۋەزىر، ئەمىرلەر ھەم بىرمۇنچە سەردار ـ سەركەردىلەر ئاتلىرىنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرۇشاتتى. شاۋاز سورىدى:

— مەلئۇن قاراقچىلارنىڭ ئۇۋىسىنىڭ مۇشۇ تاغ ئىچىدە

ئىكەنلىكى ئېنىق بولدى، شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق، ۋەزىرئەزەم، ئۇلار ھازىر مەشەدە پاناھلىنىۋې-
تىپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى سىدىق بەگ قارلۇق.
— ئابدۇللا، سەن بەش مىڭ ئاتلىق لەشكەر بىلەن ئوڭ تەرەپتىن قورشا، سىدىق بەگ قارلۇق، سىلى سول تەرەپتىن قورشىسىلا، مەن ئۇدۇل تەرەپتىن قورشاي. جارۇللا بۇخارى ئون مىڭ پىيادە لەشكەر بىلەن ئەتراپقا پىستىرما قۇرۇپ، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرسۇن، ئاتلىنىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى شاۋاز.
ھەممىسى ھەر تەرەپكە چېچىلدى. شاۋاز ئېتىنى دېۋىتىپ ئالدىغا ماڭدى. پۈتۈن قوشۇن داقا - دۇمباق، ناغرا - سۇناي ياڭرىتىپ، تاغ چوققىسىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى، جارۇپ مەۋلەۋى دۇئا قىلىپ قالدى.
قۇرۇق تاغ ئارىسىدىكى قېرى تېرەك، قېرى سۆگەتلەر قاپلىغان دۆڭدە بىر يېشىل گۈمبەزلىك يالغۇز قەبرە، قەبرە ئەتراپىدا نۇرغۇن توغ - ئەلەملەر يەلپۈنۈپ تۇراتتى. قەبرىنىڭ سەل تۆۋىنىدىكى قېرى سۆگەتنىڭ تۈۋىدە بىر بۇلاق بار بولۇپ، سۈيى ئەتراپتىكى دەرەخلەر، گۈل - چىمەنلەر ئارىسىغا سىڭىپ كېتەتتى. ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي بۇلاق بويىدا ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇماقتا. غېرىب - سەنەملەر ئاتلىرىنى يېتىلەپ ئاستا يېقىنلاپ كېلىپ بوۋايغا سالام بەردى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئاتا.
بوۋاي ئاستا قۇرئاننى سۆيۈپ، پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ قويۇپ، دۇئا قىلىپ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى.
ئۇ مۇشۇ گۈمبەزلىك مازارنىڭ شەيخى ئىدى. بىر ئازدىن كېيىن غېرىبلار گۈمبەزلىك مازار شەيخىنىڭ ئۆيىدە يوڭ پالاس ئۈستىگە سېلىنغان تاۋار كۆرپىدە قاتار ئولتۇرۇپ داستىخاندىكى زاغرىنى ھېجىرلارغا سالدى. شەيخنىڭ بالا شاگىرتى كوزىدىكى قېتىقنى ھېجىرلارغا ياغاچ چۆمۈچتە ئۇسۇپ بەردى. غېرىب

بىلەن گۈلجامال زاغرا چىلانغان قىتىقنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئىچتى. سەنەم بىلەن نىگارئايىم چۆمبەل ئىچىگە ئەكىرىپ ئىچىشتى. شەيخ تەسۋى سىيرىپ، دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە زەن سالدى.

— ئەجەب بەلەن قىتىقكەن، ماۋۇ زاغرىنىڭ مەززىلىكلىكىنى. رەھمەت، شەيخ ئاتا. ئېغىزىمىزغا گىياھ سالمىغىلى ساق ئىككى كۈن بولغانىدى، بۇ قىتىق بىلەن زاغرا جىنىمىزغا شىپا بولدى، — دېدى غېرىب.

— ئۇلۇغ ھۆكۈما ھەزرىتى لوقمان ھېكىم قىتىق جاننى ياشارتىدۇ، قىتىق ئىچكەن ئادەم ئۆلۈم سائىتى توشقان دەقىقىدىمۇ ياش ھالەتتە بولىدۇ دېگەن، — دېدى شەيخ.

— شەيخ ئاتا، ئۆزلىرىنىڭ چاچ - ساقاللىرى سۈتتەك ئاقىرىپ كەتسىمۇ، چىشلىرىنىڭ ساپمۇساق تۇرغىنى شۇنىڭدىنمۇ؟ — دەپ سورىدى سەنەم.

— ئاللانىڭ رەھمىتى بىلەندۇر، قىزىم. ئەمما، ئەقلىمگە كەلسەم قولۇمدا بىر ھېچىر قىتىقنى ئىچىپ ئولتۇرغىنىم ئېسىمدە، — دەپ جاۋاب بەردى شەيخ.

— ھازىر قانچە ياشقا كىرگەنلا؟ — سورىدى غېرىب.

— مىڭ يىل ياشىغاندەك ھېس قىلىمەن. ئەمما، مانا بۇ يىل كۈزدە بوز كۆكچە يېرىلغاندا توقسان بىر ياشقا كىرىمەن.

— ئۆزلىرى ئەسلى ... — سەنەم گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېگۈچە شەيخ سۆز ئېلىپ:

— مەن مۇشۇ مازارنىڭ ئالتىنچى ئەۋلاد شەيخى، ئەسلى يۇرتىمىز ھېرات ئىكەن. ئەڭ چوڭ بوۋىمىز مانا مۇشۇ قۇرمىشئاتامغا قول بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن بۇ يەرگە ئىسلام ئاچقىلى كەلگەنىكەن. قۇرمىشئاتام ئىسلام مۇرىتلىرىنى باشلاپ، بۇددىستلار بىلەن جەڭ قىلىپ مانا مۇشۇ تاغ ئارىسىدا شېھىت بولغاندىن باشلاپ، بوۋىمىز مۇشۇ مازاردا شەيخ بولۇپ قاپتىكەن. بىز ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قۇرمىشئاتام مازىرىنىڭ چىرىغىنى

يېقىپ كەلگەن شەيخلەر ئەۋلادىمىز، — دېدى.

— ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك ئىسمى - زاتلىرى كىم بولىدىكىن؟ — دەپ سورىدى غېرىب.

— مېنى خەق خوجا ئەسرار شەيخ دېيىشىدۇ، ئاغزىغا كەلمىگەنلەر خوجا ئەسكىمۇ دەيدۇ.

— ھۆرمەتلىك خوجا ئەسرار شەيخ ھەزرىتىم، بۈگۈنكى دەقىقىلەرنى ئۇلۇغ ئاللا پېشانىمىزگە غايىب رىزىق قىلىپ پۈتكەن ئوخشايدۇ. مالال كەلمىسە بىزنىڭ ئۆزلىرىگە كىچىككىنە ھاجىتىمىز بار ئىدى، — دېدى نىگارئايىم.

— بارلىق چوڭ - كىچىك ھاجەتلەردىن چىققۇچى ئاللادۇر. ئەگەر ئاللا سىلەرنىڭ ھاجىتىڭلارنى مېنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ راۋا قىلىشنى ئىرادە قىلغان بولسا، ئاللانىڭ ئەمرىنى تۇتۇش ماڭا بۇرچتۇر، — دېدى شەيخ خوجا ئەسرار.

— ئىلاھىم شۇنداق بولغاي! ئوغلۇم بىلەن كېلىنىمنىڭ نىكاھىنى ئۆزلىرىدەك خىزىر سۈپەت شەيخ ئاتىمىز ئوقۇپ قويغان بولسا، بۇ نىكاھنىڭ ھاللىقى ھەم مۇستەھكەملىكى بىلەن بۇلار مۇشۇ قۇرمىشئاتا مازىرىدىكى تېرەك ھەم سۆگەتلەردەك تەڭ ياشاپ، تەڭ قېرىغان بولار ئىدى، — دېدى نىگارئايىم.

— شاھنىڭ مەلىكىسى بىلەن مەرھۇم ۋەزىرئەزەمنىڭ ئوغلىنىڭ نىكاھىنى ئوقۇش مۇشۇ غېرىبانە مازارنىڭ مەندەك شەيخىگە نېسىپ بولغىنى ئاللانىڭ ماڭا چەكسىز ئىنايەت ئاتا قىلغانلىقىدۇر.

خوجا ئەسرار شۇنداق دېيىشىگە غېرىب ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. سەنەمنىڭ قولىدىن ھېجىر چۈشۈپ كەتتى.

— شەيخ خوجا ئەسرار ئاتا، بىزنى قانداق بىلدىلە؟ — سورىدى غېرىب.

— يۈز ياشتىن ئاشقۇچە ئىپتىكاپتا ئولتۇرۇپ ھالال ھەم خالىس نىيەت بىلەن قىلغان ئىبادىتىم ئاللاغا ئەرزىگەن چېغى.

www.uyghurkitap.com

مەن يولۇقىدىغان ئىشلار چۈشۈمدە ئەينەن زاھىر بولىدۇ. مەن سىلەرنى سەھەردە چۈشۈمدە كۆرگەن. چۈشۈمدە قۇرمىشتاتام ئاق ئاتلىق يېشىل گۈمبەزدىن چىقىپ كېلىپ، قولىدىكى زەيتۇن دەرىخىدىن قىلىنغان ھاسىنى ماڭا نوقۇپ تۇرۇپ: «شاھى ئاباسنىڭ مەلىكىسى بىلەن ۋەزىر ھەسەننىڭ ئوغلى ئانىسى ۋە سىڭلىسىنى ئېلىپ ئالدىڭغا كېلىدۇ. سەن ئۇلارنىڭ ھالال نىكاھىنى ئوقۇپ قوي. ئوبدان كۈت، ئۇلارغا قېتىق بەر. ئۆزۈڭ تونۇرغا كۆمۈپ يەيدىغان كاۋىدا مېھمان قىل. ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بول» دېدى. كاۋىنى تونۇرغا كۆمۈپ، سىلەرنى ساقلاپ ئولتۇرغان، كاۋا ھازىر كىرىدۇ. قېتىقنى ئىچىڭلار، كاۋىنى ئەمدى يەيسىلەر ... ھوي ئابدۇبەسىر بالام، كاۋا غاجاقنى ئەكىر ... — دېدى خوجا ئەسرار.

بالا يوغان ياغاچ لېگەندە ھورى چىقىپ تۇرغان كاۋىنى كۆتۈرۈپ كىردى. غېرىب ـ سەنەملەر داڭ قېتىپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قالدى.

قارىغايلىق تاغدا قادىر سەرۋاز ئېگىشىپ قاراقاپلان بەگنىڭ قولىنى سۆيۈپ ئارقىچە يېنىپ كېلىپ ئېتىغا مىندى، ئۇنىڭ لەشكەرلىرىمۇ ئېتىغا مىنىشتى.

— ئاقساقال، سالاملىرىنى شاھ ئالىيلىرىغا ھەم شاۋاز ۋەزىرئەزەمگە يەتكۈزىمەن، — دېدى قادىر سەرۋاز.

— شاۋازغا ئەۋەتىدىغان دۇئايى سالامىم يوق. شاھى ئاباسقا دەپ قوي، ئەر كىشى دېگەن لەۋزىدە تۇرماقلىق بىلەن ئەر كىشى. ئۇ مەرھۇم ھەسەن ۋەزىر بىلەن قىلىشقان ئەھدىسىدە تۇرۇپ، باللارنىڭ توينى چىرايلىق قىلىپ قويسۇن. بولمىسا مېنىڭ قەبىلەم باج ـ ئالۋان تاپشۇرۇشتىن باش تارتىدۇ. سەن قانچىلىك ئادەم باشلاپ مېھمان بولۇپ كەلسەڭ قولىمىز كۆكسىمىزدە، ئىززەتلەپ مېھمان قىلىمىز. ئەمما، بۇ دورەمدىكىدەك قەبىلەمگە كەلگەن مېھماننى تۇتقىلى كەلسەڭ، ئۇ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلغان ساتقىن بولمىسىلا ھەرگىز يول قويمايمەن، ھەتتا ئوغرى

بولسىمۇ مېنىڭ مېھمىنىم، بىلدىڭمۇ؟ ئۆزۈڭگە ھېزى بول. شاھقا ئەينەن دە، مەلىكە بىلەن غېرىبنى مەن ساڭا تاپشۇرماي قاچۇرۇۋەتتىم. ساڭا دىشۋارچىلىق سالدىم، — دېدى قاراقاپلان بەگ.

— خوپ، ئاقساقال، ئوچۇق - يورۇق، مەرد ئادەمكەنلا. مەن ھەرقانچە كالۋا بولسامۇ قولۇمنى يۇيۇپ نان يەيمەن. بۇ ئەھۋاللارنى دېسەم ئاۋۋال بالاغا قالىدىغىنى مەن. شۇڭا، مەن ئۇلارنى بۇ يەردە كۆرمىدىم.

قادىر سەرۋاز ئادەملىرىنى باشلاپ يۇرۇپ كەتتى.

تاغ ئۆڭكۈرىدىكى ئايرىم كەپىدە «ئاغىچا ئانا» بىلەن يالغان مەلىكە بۇلۇڭدا دۈگدىيىپ تىترەپ ئولتۇرماقتا. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى داستىخان نان، كاۋاپ، سۈت، قايماق، ھەسەل دېگەنلەر بىلەن تولۇپ كەتكەندى. ئۇلار بۇلارنىڭ بىرەرىگىمۇ ئېغىز تەگمىگەن، ئەينەن ھالەتتە ئىدى. كەپىگە شەيخ جالالىدىن كىرىپ كەلدى. «ئاغىچا ئانا» بىلەن «مەلىكە» دەرھال شەيخنىڭ پۇتىغا سۆيۈپ، يىغلاپ يالۋۇردى:

— بىزنى ئۆلتۈرمىسىلە، بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچكەن بولسىلا. بىز بىچارە مەزلۇملار، — دېدى «ئاغىچا ئانا».

— ھەزرىتىم ئاتا، مەن بىر يېتىم، خەقنىڭ ئۆيىدە يۇندىپۇرۇشلۇق قىلىدىغان دېدەك. مەن مەلىكە ئەمەس، سەنەم ئەمەس. بۇ ئانامۇ ئاغىچا ئانا ئەمەس، مەن ئۇنى بۇرۇن تونۇمايتتىم. بىر كۈنى بىزنى تۇيۇقسىز ئوردىغا ئەكېلىپ مېنى مەلىكە سەنەم، بۇ ئانامنى ئاغىچا ئانا قىلدى، — دېدى «مەلىكە».

— مەلىكەم راست ئېيتتى ... ياق ... مەلىكە ئەمەس، ئېتىنى مەنمۇ بىلمەيمەن. مەن يەركەنتلىك كېپەك يۇزبېشىنىڭ توقىلى، ئېتىم مارجان بۈۋى. مېنى بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا خان ئوردىسىغا بارىسەن دەپ تالاق قىلىپ لەشكەرلەرگە قوشۇپ قويدى. مەن نېمە ئىشلىقىنى ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن بىلدىم، — دېدى «ئاغىچا ئانا».

www.uyghurkitap.com

— مېنىڭ ئەسلىي ئېتىم نۇرجاھان، ئاتا - ئانامنىڭ كىملىكىنىمۇ بىلمەيمەن. مەن ئوشتىكى تىللا باي دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدە بالا باقىدىغان دېدەك ... مەن مەلىكە ئەمەس، — دېدى «مەلىكە».

شەيخ جالالىدىن ئۇلارغا قاراپ ساقىلىنى تۇتقىنىچە بىر دەم داڭ قېتىپ قاراپ قالدى - دە، دېدى:

— ھە ... ئەسلىدە مەلىكە ئەمەسكەنسىز - دە. ياپەرۋەردىگار، يەر يۈزىدە تۈمەنلەپ ئادەم ياشايدۇ، ئۇلارنى بىر - بىرىگە ئوخشاتماي يارىتىسەن. ئەمما، بۇلارنى سەنەم بىلەن ئاغىچا ئانىغا نېمانچە ئوخشاش يارىتقانسەن؟

شۇ چاغدا كەپكە ئىلياس ئالدىراش كىرىپ كەلدى - دە:

— ئاتا ... شاۋازلار تاغقا ھۇجۇم باشلىدى، — دېدى.

شەيخ جالالىدىن ئىلياس بىلەن تالاغا ماڭدى.

شاۋازلار تاغ ئۆڭكۈرىگە باستۇرۇپ كىردى، ئادەمسىز ئۆڭكۈردە گۈلخان تۈتەپ كۆيۈۋاتاتتى. قارا تەرگە چۈمگەن ئابدۇللا شاتىرى بىلەن سىدىق بەگ قارلۇق كەينى - كەينىدىن كىرىپ كەلدى.

— ئاتا، بۇ تاغدا قاراقچىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. قاراقچى تۈگۈل، ئىنس - جىنمۇ ئۇچرىمىدى، — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

— جىن - شاياتۇندەك غايىب بولىدىغۇ بۇ مۇتتەھەملەر، يەر يۇتۇپ كەتمىگەندۇ؟ — دېدى سىدىق بەگ قارلۇقمۇ.

شاۋاز غەزەپ بىلەن ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ دېدى:

— ئەستاغپۇرۇللا ... بۇ خۇنپەرلەر بىلەن بۇ جىن ئۇرغان تاغلىقتا مۆكۈمۆكىلەك ئوينىغىلى ۋاقتىمىز يوق ئىدى. تاغ - تاغلارنى ئالا قويماي تىنتىپ ئاختۇرۇڭلار. ئۇلار جىن - شەيتان ئەمەس، ئادەم. ئۇلار ئۇچارغا قانىتى بولمىسا نەگە كېتىدۇ؟ بىزنىڭ قورشاۋىمىزدا كاۋاك قالغان يەر بار ياكى بىز بىكار يەرنى قورشىساق، ئۇلار باشقا تاغدا بەخىرامان يۈرگەن گەپ.

بىر نۆكەر ئۆڭكۈرگە ھاسىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ كىرىپ

كەلدى.

— مەلۇم بولغاي، ۋەزىرئەزەم، قاراقچىلار بىزنىڭ پەستە قالغان كارۋانلىرىمىزنى قورشىۋاپتۇ.

— ئۇنداق بولسا بېشىنى يەيدۇ، كارۋاننى قوغداۋاتقان لەشكەرلەرمۇ ئاز ئەمەس، جارۇللا بۇخارىنىڭ پىستىرمىسىمۇ بار تېخى. يۈرۈڭلار چۇشەيلى!

شاۋاز شۇنداق دېگىنىچە خۇشال هالدا قوللىرىنى چاۋاكلاپ ئۆڭكۈردىن ئالدىراپ چىقتى. ئاندىن خاس نۆكەر تۇتۇپ تۇرغان ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىغا ئېلىپ، يەڭ تىز ئولتۇرۇپ بەرگەن نۆكەرنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ ئېتىغا مىندى. ھەممىسى شاۋازنىڭ كەينىدىن ئات سالدى.

تاغ ئارىسىدىكى جىلغىدا كارۋانلارنى قوغداۋاتقان لەشكەرلەر بىلەن تاغلىقلار گىرەلەشمە بولۇپ ئېلىشىماقتا. ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇرۇشقا نەزەر سېلىۋاتقان جارۇللا بۇخارىنىڭ يېنىدىكى خاس نۆكەرلەرگە بىرلا ۋاقىتتا خەنجەرلەر ئۇچۇپ كېلىپ قادىلىپ ئاتتىن پوكۇلداپ يىقىلدى. جارۇللا بۇخارى يانغا قاراپ بولغۇچە سىرتماق ئۇچۇپ كېلىپ بوينىغا چۇشۇپ ئاتتىن يۇمىلاپ چۇشتى. چۆچۈگەن ئات ئۇنى سۆرەپ بەش - ئون قەدەم مېڭىپ توختىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە ئىككى تاغلىق يىگىت ئۇنى باسماقداپ تۇتۇپ ئات ئۈستىدە بەخىرامان ئولتۇرغان شەيخ جالالىدىنىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بۇخارى ھەزرەتلىرى، ئەسلىي بۇنداق كۆرۈشمىسەك بولاتتى، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— مېنىڭ ئۆزلىرى بىلەن سۆزلەشكۈدەك ئاغزىممۇ، سۆزۈممۇ يوق. ئەڭ ياخشىسى كاللامنى ئېلىۋەتسىلە، — دېدى جارۇللا بۇخارى.

— قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدا قىرغىنچىلىق بولماسلىقى كېرەك. بىز ئۇرۇشساق پايدا ئالىدىغىنى بىزنىڭ ئورتاق دۈشمىنىمىز. ئىككى قۇشقاچ دان تالىشىپ چوقۇلاشسا تۈلكىگە

www.uyghurkitap.com

ئۇلجا بوپتۇ دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ سىلى؟ — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— مېنى مۇنداق خەلقئالەم ئالدىدا شەرمىسار قىلغۇچە نۆكەرلىرىمگە ئاتقان خەنجەرلىرىدىن بىرنى يۈرىكىمگە قارىتىپ ئاتسىلا بولمامدۇ؟ ماڭا ئەمدى ياشاشنىڭ قارىمۇقچىلىك زۆرۈرىيىتى قالمىدى، — دېدى جارۇللا بۇخارى.

— سىلىدەك نومۇسلۇق، غۇرۇرلۇق ئادەملەر ئازىيىپ كېتىۋاتقاندا سىلىنى بىھۇدە ئۆلتۈرۈش زور گۇناھتۇر. ئاللا كەچمەيدىغان گۇناھ قېرىنداشلارنىڭ ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشى. سىلى بىر ئېغىز گەپ قىلسىلا، ئۇرۇش توختىسۇن، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— مېنى ئۆلتۈرۈشكە ۋەدە قىلسىلا ئۇرۇشنى توختىتىمەن، — دېدى جارۇللا بۇخارى.

— نۇرغۇن ئادەمنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆلۈمنى ئۆزلىرىگە راۋا كۆرسىلە ئامالىمىز يوق، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— قېنى سەن بۇرغىچى، ئۇرۇشنى توختىتىشقا بۇرغا چال.

جارۇللا بۇخارىنىڭ بۇرغۇچىسى ئۇرۇشنى توختىتىشقا بۇرغا چالدى، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا تاغلىقلارنىڭ بۇرغىچىسىمۇ ئۇرۇش توختىتىش بۇرغىسى چالدى. گىرەلەشمە جەڭ قىلىۋاتقانلار توختىدى.

— قېنى لەۋزىلىرىدە تۇرۇپ كاللامنى ئالسىلا، — دېدى جارۇللا بۇخارى.

— زورلاپ ئۆلگۈچى مەڭگۈ جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈشكە، خارلاشقا بولمايدۇ دېگەن. بىز سىلىنى ئۆلتۈرگىلى ئەمەس، سۆزلەشكىلى تۇتتۇق، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— مېنىڭ سىلى بىلەن سۆزلىشىدىغان ئاغزىم يوق ...

جارۇللا بۇخارى ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرغان ئىككى نۆكەرنىڭ

قولىرىدىن بىر ۋارقىراپلا يۇلقۇنۇپ چىقتى ـ دە، ئۇلارنى بىردىن مۇشت قويۇپ يىقىتتى، ئاندىن ئۇنىڭ تەرىپىدە ياتقان نۆكەرنىڭ قىلىچىنى ئېلىپ ئۇنى بىر قىلىچتا ئۆلتۈرۈپ، شەيخ جالالىدىنغا قاراپ ئېتىلدى. بىر توپ نۆكەرلەر ئۇنى قورشىۋالدى. ئۇ ئۇلار بىلەن قىلىچۋازلىق قىلدى.

— تەنتەكلىك قىلمىغايلا، بۇخارى تەقسىر، سىلى بىرلا ئادەم ئۆلۈپ قۇتۇلغان بىلەن مىڭلىغان ئادەمنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدىلا. سىلى بوينىلىرىدىكى زور ئىشتىن ئۆلۈپلا قۇتۇلماقچىمۇ؟ ...

شەيخ جالالىدىنىنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چۈشۈپ بولغۇچە جارۇللا بۇخارى قورشاۋدىكىلەرنىڭ قىلىچىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ قىلىچقا سانجىلىپ قالدى. شۇ پەيتتە ئىلياس كېلىپ دېدى:

— مېھرىبانۇ خانىش ئايىم كۆرۈشكىلى كەلدى، ئاتا.

كاتتا بېزەلگەن مەپە نۆكەرلەرنىڭ قوغدىشىدا كەلدى، شەيخ جالالىدىن دەرھال ئاتتىن چۈشتى. مەپىنىڭ يوپۇقى ئېچىلىپ دېدەك ـ چۆرىلەرنىڭ قولتۇقلاپ يۆلەشلىرى بىلەن خانىش يەرگە چۈشتى. خانىش يۈزىدىكى پەرەنجىنى قايرىپ شەيخ جالالىدىنغا سالام بەردى. شەيخ جالالىدىنمۇ ئۇنىڭغا قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بەردى.

— ئەسسالام شەيخ ھەزرىتىم، كاللامنى ئالماقچى بولسىلا ئالدىلىرىغا كەلدىم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، خانىش ئايىم، ھەددىمىز ئەمەس. سىلى بىلەن دىدارلاشقىنىمىدىن ئىنتايىن خۇرسەنمەن ھەم ئالدىلىرىدا خىجىلمەن.

— بېشىمىزغا سالغان كۈلپەتلىرى ئاز ئەمەس، تەقسىر، بىز سىلىگە نېمە يامانلىقلارنى قىلغاندىمىز؟ — دېدى خانىش ئاچچىقلىنىپ.

— ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە، خانىش ئايىم. ئىشنىڭ ھەقىقىتى سىلى ئويلىغاندەك ئەمەس. قېنى، تۇرالغۇدا

سۆزلىشەيلى، مەرھەمەت!

ئۇلار خانىشنى باشلاپ تۇرالغۇغا ماڭدى.

توغراقلىق مەھەللىدىكى دەريا بويى. ئېغىر بويىنى سوزۇپ ماڭالماي قالغان ھۆربانۇنى پەزىلەتخان بىلەن ئايشە ئىككى تەرىپىدىن يۆلەپ ماڭغۇزماقتا. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىككى دېدەك ياغاچ پەتنۇستا يېلىم چۆچىكى، سۇزگۇچ، تارغاقنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. ئۇلار دەريا بويىدىكى سۆگەتلەر سايە تاشلاپ تۇرغان، ئەتراپىنى قىياقلار، چىرايلىق ياۋا گۈللەر قاپلىغان سۈيى سۈزۈك كۆل بويىغا كېلىپ گىلەم سېلىنغان سۇپا ئۈستىگە ئولتۇردى. دېدەكلەر ئەكەلگەن تەڭنىدىكى سۈزۈك سۇغا ئۆرە تىنىپ قالغان ھۆربانۇنىڭ پۇتىنى چىلاپ يۇدى. ئاندىن دېدەكلەر يەنە بىر تەڭنە قويۇپ، كۆلدىن بىر قاپاق سۈزۈك سۇ ئەكېلىپ، ھۆربانۇنىڭ بېشىغا ئەپلەپ سۇ قۇيدى. پەزىلەتخان ئەپچىللىك بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى توقاچ سوپۇندا يۇدى. ئايشە ھۆربانۇنى ئاۋايلاپ تۇتۇشۇپ بەردى.

— پەزىلەتخان ئانا، بولدى يۇمايلى، تىنالماي قىينىلىپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى ھۆربانۇ.

— ئاي - كۈنىڭىز توشۇپ قالدى، قىزىم. تۇغۇت ئىچىدە چېچىڭىزنى يۇيۇپ، تاراشقا ئىمكان بولمايدۇ. تۇغۇتىڭىز پاكىز ھەم ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، سىزنى ئوبدان يۇيۇپ - تاراپ جابدۇۋالمىساق بولمايدۇ، — دېدى پەزىلەتخان ئانا.

— پەزىلەتخان ئاچام راست دەيدۇ، — دېدى ئايشە.

— ۋايجان ... ۋاي قورسىقىم تولغاپ ئاغرىپ كەتتى! — دەپ ۋارقىرىدى ھۆربانۇ بىردىنلا.

— ھىم، تولغاق باشلاندى، چاققان بولۇڭلار، چاچلىرىنى غاچ - غۇچ تارىۋالايلى ... — دېدى پەزىلەتخان ئانا.

ئۇلار ھۆربانۇنىڭ چېچىنى ئەپچىللىك بىلەن ئىتتىك تارىدى.

ھۆربانۇ تولغاق ئازابىدىن قىينىلىپ ئايشەنىڭ بىلىكىنى



www.uyghurkitap.com

[General Information]
书名=艾里甫与赛乃姆　1　维吾尔文
SS号=40282218